زوردۇن سابىر

# قەرزدار



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

6

قەرزدار

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى



1. ئانا يۇرت ① (تارىخىي رومان)
2. ئانا يۇرت ② (تارىخىي رومان)
3. ئانا يۇرت ③ (تارىخىي رومان)
4. ئانا (رومان)
5. گۈلەمخان (پوۋېستلار)
6. قەرزدار (ھېكايىلەر)

ISBN 7-5371-3519-3

9 787537 135191 >

ISBN7 - 5371 - 3519 - 3
I·1341(民文)定价 :24.80元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر

# قەرزدار

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئىبادەت ياسىن
ۋەلى زەيدىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : شادىيە ھاشىم

# قەرزدار

(ھېكايە)

ئاپتورى : زوردۇن سابىر

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ : 830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 18.25
1999 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7—5371—3519—3/I・1341
سانى : 1—5000
قاتتىق مۇقاۋىلىقنىڭ باھاسى : 24.80 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز .

www.uyghurkitap.com
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

سىزىق ئادەملەرگىلا ........ 1
ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان ........ 15
ئىنساپ ........ 51
ھاجىم توغرىسىدىكى ئىغۋالار ........ 75
باش - ئاخىرى يوق خەتلەر ........ 109
ياۋروپاغا سەپەر ........ 128
ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ........ 217
ئېھ، توپىلىق يول ........ 283
جىگدىلەر پىچىرلايدۇ ........ 315
بۇركۇت ........ 338
قەرزدار ........ 351
ئامەت ........ 384
ئايدىڭ كېچە ........ 415
قوبۇلخانىدا ........ 442
ھېكايىلەر ........ 452
چايخورلار ........ 499
دولقۇنلار ساداسى ........ 525
قۇياش ۋەھىمىسى ........ 548

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سىزىق ئادەملەرگىلا

تۈن، جىمجىت.
جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان «بېرلىن چېگرا تېمى» نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاپتاقىر بوشلۇقتا قورالىنى چىڭ تۇتقان، سەگەك، چەبدەس قاراۋۇل مېڭىپ يۈرىدۇ. شەرقتىكى تامغا ياندىشقان ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى. شەرقىي تامنىڭ تۈۋىدە ئۇزۇن كۆلەڭگىلەر پەيدا بولدى. جەڭچى كۆلەڭ-گىلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ قويۇپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، قۇشلارغا چېگرا تېمى يوق، ئۇلار ئەركىن، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشمەكتە. ئۇ ئىككى ياقتىكى دەرەخلەرگە قارىدى. دەرەخلەر ئوخشاش لىڭشىماقتا. شامالغا چېگرا تېمى يوق. بۇ تام پەقەت ئادەملەرگىلا. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنمۇ، ئىككى ياقتىكى ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويغانمۇ ئادەملەر ئۆزلە-رى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەردىن ھوشيار بولۇش كېرەك.

— توختا! — جەڭچى كەينىگە بۇرۇلۇپ، قورالىنى تام-دىن سىيرىلىپ چۈشكەن قارا گەۋدىگە توغرىلىدى. لېكىن تام-دىن چۈشكۈچى خۇددى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك غەربىي تامغا قاراپ ماڭدى.

— توختا! — دېدى جەڭچى، لېكىن قارا گەۋدە قاراپمۇ قويمىدى، ئەكسىچە جەڭچىنى مەنسىتمەستىن غەربىي تامغا قا-راپ ئىتتىك ماڭدى.

— توختا! — جەڭچى ئۇنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوق

ئاتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا توختىمىدى. جەڭچى غەزەپكە كەلدى.
ئەمدى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ يامىشىپ، تام ئۈستىگە
چىقىۋالسىلا ئۇنىڭغا ئوق ئاتقىلى بولمايدۇ ـ دە.
— توختا! — دېدى جەڭچى يەنە ئۇنىڭ بېشىدىن ئارتىلـ
دۇرۇپ ئوق ئېتىپ. لېكىن ئۇ يەنە پەرۋا قىلمىدى. جەڭچى
قورالىنى ئۇنىڭ گەۋدىسىگە توغرىلاپ غەزەپ بىلەن ئوق ياغدۇرـ
دى. گەۋدە دۈم چۈشتى، كېيىن ئۆرۈلۈپ ئوڭدا بولدى.
جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ يىقىلغۇچىغا قارىدى.
— پېتا! بۇ سەنغۇ؟ — دېدى ئۇ كەينىگە داجىپ.
ئۇ پېتانىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئۇنىڭ تونۇش كۆزلىرى پارـ
قىراپ تۇراتتى. «ئاھ، بۇ ئىشنى! — دېدى جەڭچى ئەلەم
بىلەن، — مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلدۈڭمۇ دوستۇم؟» خىيال چېگـ
را سىزىقىنى ئېتىراپ قىلمىغىنىغا ئوخشاش، مۇھەببەتمۇ ھېچـ
قانداق سىزىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ
كۈچ، ناۋادا ئۇنىڭ يۈرەر يولىغا سىز توك ئۇلانغان سىمدىن
توسۇق ياساپ سىزىق پەيدا قىلىپ قويسىڭىزمۇ، ئۇ ھامان
ئۆزىنى تەھدىتسىز، بىخەتەر ھېس قىلىدۇ ـ دە، كىشىلەر
تەرىپىدىن قويۇلغان ھەرقانداق چەك ـ چېگرا سىزىقلىرىنى ئۆز
كۈچى بىلەن بىكار قىلالايدۇ.
بىزنىڭ ھېكايىمىز مانا مۇشۇ خىل مامات سىزىقى ئۈستىدە
سادىر بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى چېگرا ھېسابلانغان پاكىز، يۇمـ
شاق تۇپراقلىق، ھەيدەلگەن يەر ئۈستىدە ئىككى سوتكا ياتتى.
رېئاللىق بىلەن رومانتىكا ئارىلاشمىسىنى ئۆزىنىڭ جانسىز گەۋـ
دىسى ئاستىغا بېسىپ ياتقان بۇ نەۋقىران يىگىت بۇ يەرنىڭ ئۆلۈم
سىزىقى ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندۇ ـ ھە؟
— سىز تونۇيمەن دېۋىدىڭىزغۇ؟ — دېدى چېگرا قاراۋۇل
قىسىملىرىنىڭ باشلىقى — ياش ئوفىتسېر يەرگە قاراپ، مىلـ
تىقىنىڭ ستۋولىنى يەرگە قارىتىپ تۇرغان چېگرا مۇداپىئە

جەڭچىسىگە ئەلەم بىلەن قادىلىپ، — ئېيتىڭا، بۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى كىم، نېمىشقا جەسەتنى تېخىچە ئەكەتمەيدۇ؟

— ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك؟ — دېدى كۆزلىرى قىزارغان، ناسۋال رەڭ ھەربىيچە ئۇستىۋاش كىيگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن دۆلەت گېربى قادالغان قىزىل جىيەكلىك، كەڭ قاسقانلىق شەپكىسىنى سېرىق قاشلىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزىنى جەسەتتىن ئۈزمەستىن سۆزلەپ، — بىز پېتانىڭ ئاتىسىغا خەۋەر قىلمىدۇق.

— پېتا؟ ئۇنىڭ ئاتىسى كىم، ئۇنىڭ ئادرېسى قانداق؟

— پېتا مۇشۇ بېرلىنلىق كىلاۋس توكچىنىڭ ئوغلى.

— بۇ قانداق جاۋاب؟ بېرلىنلىق توكچى دېگەنمۇ بىر كىشىنىڭ ئادرېسى بولالامدۇ؟ بىزنىڭ بۇ چوڭ شەھىرىمىزدە كىلاۋس ئىسىملىك كىشىلەر كۆپقۇ؟

— شۇنداق. لېكىن پېتانىڭ دادىسى كىلاۋس پۈتۈن بېرلىندا بىرلا. ئۇ سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى. ئۇنى ئادرېس، ئىزاھاتسىزلا ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، شۇنداق قىلىپ سىز، يولداش چېگرا قاراۋۇلى، بىزنىڭ ئەمگەك قەھرىمانىمىز كىلاۋسنىڭ ئوغلى پېتانى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردىڭىز - دە؟

— يولداش كاپىتان، مېنىڭ ئوقۇم دۆلەت قانۇنى، سىز-نىڭ بۇيرۇقىڭىزدىن ھېچقاچان ئۈستۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستى-گە ئوق ئېتىش زۆرۈر بولغاندىلا ئوق ئاتتىم. پېتا مېنىڭ دوستۇم ئىدى، مەن چېگرىدىن قېچىپ ئۆتكۈچى پېتا ئىكەنلى-كىنى بىلمەيلا ئوق ئاتتىم، بىلگەن بولساممۇ...

ئۇنىڭ بولاقتەك قايناق ياشلىرى كۆكرىكىگە تېمىپ تۇراتتى.

— چۈشىنىشلىك. سىز ۋەزىپە ئىجرا قىلدىڭىز، چېگرى-

دىن ئۆتكۈچى سىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭىزغا پىسەنت قىلمىغاندا، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرسىز. لېكىن، لېكىن پېتا نېمىشقا قاچتى؟

— ئۇ قاچمىدى، قاراملىق بىلەن چېگرىدىن ئۆتمەكچى بولدى!

— قاراملىق بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈش جىنايىتى؟ بۇ قانداق جىنايەت؟ بۇ ئاتالغۇنى نەدىن تاپتىڭىز؟

— پېتانى «قاچتى» دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، يولداش كاپىتان. ئۇنىڭ بىلەن مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىللە ئوقۇغانمەن. ئۇ كانكى، چاڭغا تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش ماھىرى ئىدى. بىز فىنلاندىيىگە بىللە چاڭغا تېيىلغىلى بارغان. ئۇ شۇ چاغدا بىر قىز بىلەن تونۇشقان. ئۇ قىزنىڭ ئېتى دېتا ئىدى. ئۇ لۆبەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق بىر دوختۇرنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى ئاۋۇ غەربىي بېرلىندىكى كوپىستىندام كوچىسىدا ئۆي تۇتۇشقان. پېتا پات - پات ئۇ يەرگە باراتتى. مەن ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا پېتانى كۆرگەن. بىز بىللە پىۋا ئىچىپ پاراڭلاشقان. بىلىدىغىنىم مۇشۇنچىلىك...

— ئۇ سىزنىڭ مۇشۇ ئاخشىمى ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىمۇ؟

— مەن بۇ توغرىدا گەپ قىلمىغان.

— سىلەر نېمە توغرىدا پاراڭلاشقانىدىڭلار ئەمىسە؟

— ئۇ دېتانىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى، بالىنى كىم ئالىدۇ دېگەن مەسىلىدە دائىم تالىشىدىغانلىقىنى، دېتاغا رەسمىي توي قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قويغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

— ئۇنداقتا، سىز، دېتانىڭ قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىنىمۇ سورىغانمۇ؟

— سورىغان. دېتا پېتانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان.

— مۇنداق دەڭ. ئىككى يىل بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇپ، بىر بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرىدىكەنۇ، توي قىلىشقا قوشۇلمايدىكەن. غەلىتە قىزكىنا؟ سىزچە مۇنۇ پاجىئەنىڭ بۇ پىشمىغان نىكاھ بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟

— تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولىدۇ.

جەڭچى پېتانىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. پېتانىڭ قاۋۇل قوللىرى قان ئۇيۇپ قالغان كۆكرىكىدە. ئۇ خۇددى جانسىز گەۋدىسىدىن كۆڭۈل سىرلىرى سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆكرىكىنى مۇجۇپ تۇتۇۋالغان؛ ئۇنىڭ نۇرسىز، تىنىق كۆك كۆزلىرى كىچىك ۋاقتىدا چىگىش ھېساب ئەمەللىرىگە باش قاتۇرۇۋاتقىنىدەك بىر نۇقتىغا تىكىلگەن. جەڭچى بىردەملىك دۈشمىنى مەڭگۈلۈك دوستى بولغان بۇ مۇردىغا ياش بىلەن غۇۋالاشقان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ، پېتا بىلەن دېتانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىدى.

... دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇقتا سۇنايلىنىپ ياتقان، سېرىق چاچ، ھەتتا كىرپىكلىرىمۇ ئالتۇندەك سېرىق، بۇرنى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ بۇ يىگىت بىلەن قارا چاچ، قارا قاش، قارا كۆز، بۇرۇن ـ ئېغىزلىرى تولىمۇ گۈزەل قىز چۆچەكلەردىكى بىر جۈپلەرگە زادى ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئىككى خىل ئۆڭ، ئىككى خىل چىرايغا بۆلۈنىدىغان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەدەبىيات ئاتالمىسى بىلەن ئاتىساق، ئۇلار «تىپىك نېمىس». لېكىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى، روھىچۇ؟ ئۇلار بىر مىللەت بولغىنى بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ ئادىمى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىختىيارىي تېپىشقان، ئىككى يىل بىر ئۆيدە بىللە ياشىغان، بىر دەۋرنىڭ ياشلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد، تەشەببۇسلىرى ئوخشاش ئەمەس. پېتانى ئالساق، ئۇ كوممۇنىست ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى فاشىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ۋەتىنىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، ئوكرائىنا ئورمانلىقلىرىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن. ئۇلار ئۆز ئوغلىغا ئۆز غايىلىرىنى ئانا سۈتى بىلەن بىللە سىڭدۈرگەن. پېتا — پىئونېر، كومسومول تەشكىلاتلىرىنى ئۆز جېنىدەك سۆيۈپ يېتىلگەن. ئۇ يەنە ئۆز خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كېلىدىغان خېيىمخەتەر، ۋەھىمىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىغان. دېتاچۇ؟ مەن ئۇنى زادى بىلمەيمەن. دادىسى غەربىي گېرمانىيە قەد كۆتۈرگەندىن كېيىنلا ئامېرىكىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگىنىگە قارىغاندا، دېتا راھەت - پاراغەتنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان. بۇ شۈبھىسىز. لېكىن ئۇ قانداقلارچە غايە - ئەقىدىسى ئۆزىگە ياقمايدىغان، چىرايىدا قىزلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك ھېچبىر ئالامىتى بولمىغان يوچۇن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇر - ھە؟ ئۇلار ئىككى دۆلەت، ئىككى تۈزۈم توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشماستىن قانداقمۇ بىرنەچچە يىل بىللە ياشاشقاندۇ - ھە؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ ياق. ئۇلار جەزمەن تالاشقان، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن مۇشۇ سەۋەبتىن دۈشمەنلەشكەن بولۇشى مۇمكىن! ...

جەڭچى پېتانىڭ يانچۇقىدىن تېشى كۆك، يوللۇق، كىچىككىنە خاتىرە دەپتەرنى ئالدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خاتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. خاتىرە قىسقا - قىسقا جۈملە، سوئاللار، ۋەقەلەر بىلەن تولغان. بۇ بىر ياخشى يېزىلمىغان كۈندىلىك خاتىرە ئىدى.

جەڭچى بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ چىقتى. خاتىرىنى ئوقۇپ بولۇپ يېنىدا سۇنايلىنىپ ياتقان يىگىتنىڭ سېرىق، گادىرماچ چاچلىرىنى سىلىدى. ئۇ كۆڭلىدە خەتتىكى گەپلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق بىر مۇھەببەت سىزىقى پەيدا بولدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىنىق بويى — قۇملۇقتا ئۆلار بىر - بىرىگە ياندىشىپ كۆك ئاسمانغا قاراپ يېتىشاتتى. ئاچ چايكىلار ئۆلارنىڭ يېنىدا چۆرقىرىشىپ ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى، ھەتتا بەزىدە كېلىپ ئۆلارنىڭ بەدىنىگە قونۇشاتتى. يىراقتىكى يەلكەنلىك كېمىلەر خۇددى داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزدا توختاپ قالغاندەك جىمجىت كۆرۈنەتتى.

— خاتىرجەملىك، — دېدى چىرايلىق قىز لېپتىك، سۇ ئۈزۈش تورىسىكىسىدىن باشقا كىيىم يوق، كۆندە سەل قارايغان، تولۇق بەدىنىگە بىر قولىدا ئىسسىق قۇم چېچىپ، — لېكىن كۆڭۈللەر خاتىرجەم ئەمەس، ئۇ شاۋقۇنسىز داۋالغۇيدۇ، ۋاڭ - چۇڭسىز ماجىرالىشىدۇ، ئېيتىڭا، سىز راستىنىلا مەن بىلەن نىكاھلانماقچىمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن سىز دېموكراتىك گېرمانىيە پۇقراسى بولۇشىڭىز شەرت.

— بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىسام، ئەكسىچە سىزنى ئىتتىپاق گېرمانىيىگە پۇقرا بولۇشقا مەجبۇرلىسامچۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇ چاغدا مېنى ياخشى كۆرۈشتىن توختاپ قالامسىز؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇھەببەت دۆلەتكە ئەمەس، ئىنسانغا تەئەللۇق نەرسە.

— ئىنسان دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەن، مىللەتلەرگە بۆلۈنگەن. مۇھەببەتنى چەكلەيدىغان سىزىقلار تولىمۇ جىق. مىسالى، بىز بىر مىللەت، لېكىن ئىككى دۆلەت. شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا سىزىقى بىزنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىمىزگە چەك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— سىزگە شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك، لېكىن مېنىڭچە، مۇھەببەتنى چەكلەيدىغان سىزىق دۇنيادا يوق.

— ئىدېئولوگىيىچۇ؟ بۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان

چېگرا سىزنىقى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن تولىمۇ قورقۇنچلۇق. سىزنىڭ تەشەببۇسلىرىڭىزنى ئاڭلىسام سىزنى بىر تۇرۇپ ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايمەن، بىر تۇرۇپ قاتتىق زەھەرلەنگەن بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئېيتىڭا، «كوللېكتىپ»، «ئومۇمىي خەلق» دېگەننىڭلار سىلەرگە قانچىلىك پايدا يەتكۈزىدۇ زادى؟

— بۇ توغرىدا سىز بىلەن يەتكۈدەك مۇنازىرىلەشتۇق. ئەمدى سىزگە دېگۈدەك يېڭى گەپ قالمىدى.

— تۇغۇلغۇسى بالىمىز سىزچە كىمنى ياقلاپ سۆزلەيدۇ، بۇنى ئالدىن مۆلچەرلەپ بېقىڭا؟

— كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولسا شۇنى ياقلايدۇ - دە.

— بۇنىسى ئېنىق، ئۇ مېنىڭ تەربىيەمدە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھازىر مانا، مېنىڭ بەدىنىمدە.

قىز قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، پېتا ئايرودرومدىكى شوپۇر دوستىنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەن غەربىي بېرلىنغا ئۆتتى. دېتانىڭ ئۆيىنىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، ئىشىكتىن دېتانىڭ ئەمەس، بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىز بۈگۈن چۈشنىڭ پويىزى بىلەن ھامبورگقا بارماقچى، — دېدى نامەلۇم ئەر كىشى ئالدىراپ سۆزلەپ، — دېتا يۇيۇنۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن بىسوراق سىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرەلمەيمەن.

پېتا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىرلا ئىنژۋانوك بىلەن ئېچىلىدىغان ئىشىككە، بەش قەۋەتلىك بىنا، قارىغاي - ئارچىلار بىلەن قاراڭغۇلاشقان بۇ ئېگىز بىنالار ئارىسىدىكى ھويلىغا كۆڭۈلسىز قاراپ خېلىغىچە تۇردى. دېتانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىشىك كۇنۇپكىسى يېنىدىكى كىچىك تورلۇق تۆشۈكتىن «پېتامۇ سەن، قېنى پات كىرگىن» دېگەن تونۇش ئاۋاز چىقىدۇ ۋە قېلىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەينەكتىن قىلىنغان ئىغىر ئىشىك ھازىرلا ئىچىلىدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن تۆشۈكتىن ئاۋاز چىقمىدى، ئىشىكمۇ ئىچىلمىدى.

پىتا كوچىغا چىقتى. يول بويىدىكى پاكار، مەخسۇس سۇپىلاردا سانسىزلىغان پىكاپلار خۇددى قوتاندا ياتقان قويلاردەك زىچ تۇرۇپتۇ. پىتا ئۆزلىرى دائىم چۈشۈپ تاماشا قىلىدىغان قىزىل رەڭلىك پىكاپنى ئىزدىدى. پىكاپ يولنىڭ نېرىسىدا، ئەنە، ئالدى ئەينىكىگە ئىسىلغان ئوغۇل قونچاق كۆلۈپ، كۆك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپتۇ. دىتا دائىم: بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزنىڭ ھەيكىلى، دەپ چاقچاق قىلاتتى. پىتا پىكاپنىڭ يېنىغا باردى ۋە قونچاققا قاراپ كۆلۈپ قويدى. ئۇ دائىم ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئالدىدىكى ئورۇنغا قارىدى. ئەنە، ئۇنىڭغا تونۇش قارا، پارقىراق بىخەتەرلىك بەلۋېغى، ئەنە، ئۇ تېخى ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەن «يارامسىز ئەر» ناملىق رومان. ئاۋستىرىيە شائىرى موزىللانىڭ شېئىرلىرى پىتانىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن، لېكىن مۇنۇ داڭلىق رومانى ئۇنىڭغا شېئىرلىرىدەك تەسىر قىلمىغانىدى. «بىز بالىلىق بولغىلىۋاتىمىز، مەن ئۇنى ھېلىھەم كانكى مەيداندا تېپىشقان ھېلىقى چاغلاردىكىدەك ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنمىدۇ ـ ھە؟ مېنىڭ دوستلىرىمغا ماختىنىپ: مەن بىر ماگنىت، قىزلار تۆمۈر كېپىكى، ماڭا چاپلاشتىمۇ، بولدى، ئۇ ماڭا ئەسىر بولىدۇ، دېگەنلىرىم ئەمدى مەنىسىز چوڭ گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ مەن يەنە دېتا بىلەن: مۇھەببەت سىياسىي ئەقىدە، دۆلەت، مىللەت دېگەنلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىككى خىل تۈزۈم پەيدا قىلغان ئىختىلاپ بىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىمىزگە قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ، دەپ تالاشقان ئەمەسمىدىم. ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىكەنۇ، مەن مەغلۇپ بولغىنىمنى ئىسپاتلىغۇدەكمەن. ياق، مەن ‹يارامسىز ئەر› ئەمەس،

مەن مەغلۇبىيەت ئىگىسى ئەمەس. پېتا ھەممە ئىشتا يەڭگۈچى، ئىمتىھانلار، مۇسابىقىلەر، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقى-لىرى، كومسومول چاقىرىقلىرى، لېنىنچە يەكشەنبىلىك... مەن قايسى ئىشتا يەڭگۈچى ئەمەس؟»

ھويلىدىن دېتا بىر يىگىت بىلەن چىقىپ كەلدى. پېتا تېلېفون بوتكىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ دېتانىڭ كۆزلىرى مېنى ئىزدەيدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن دېتا ئەتراپقا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ يېنىدىكى ساقاللىق، قولىقىدا ھالقىسى بار، قارا بۇدۇر چاچلىق يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان؛ ئۇلار كۈلۈشمەكتە، بىر-بىرىگە سۈركىلىشمەكتە. دېتا ئاۋۇالقىدەك پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، يىگىتنى پېتانىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىخەتەرلىك بەلۋېغىنى ئۆز قولى بىلەن تارتىپ قويدى. ئۆزى رول تۇتۇپ ئولتۇردى - دە، ئادىتى بويىچە ئوغۇل قونچاقنى ئەركىلىتىپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلدى...

پېتا ئۆزىگە قىلىنىدىغان ئىلتىپاتلارنىڭ باشقا بىرىگە قى-لىنغىنىنى، ھەتتا ساقاللىق يىگىتنىڭ «يارامسىز ئەر» ناملىق رومانىنى پىكاپىنىڭ كەينىگە چۆرۈگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى...

جەڭچىنىڭ خىيالى بۇ يەرگە كەلگەندە، دوستىنىڭ قاتمال، يوغان قوللىرىنى سىلىدى. بۇ ئوڭدا ياتقان جەسەت مەغلۇبىيەت ئىگىسىگە ھېچ ئوخشاشمايتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى نەق يېرىم كېچىدە شەرقىي تامدىن ئۆزۈن بىر گەۋدىنىڭ سىيرىلىپ چۈش-كىنىنى، يۈز مېتىر كېلىدىغان، ھەيدەلگەن چېگرا بوشلۇقى ئۈستىدە لوڭ - لوڭ مېڭىپ غەربىي تامغا قاراپ ماڭغىنىنى كۆردى.

«توختا!» ئۇ توختىمىدى، ھاۋاغا ئوق ئاتتى، ئۇ يەنە توختىمىدى، يەنە ئاتتى، ئۇ تېزرەك ماڭدى. جەڭچى ئۆزۈن گەۋدىنىڭ كۆكرىكىنى چەنلىدى ... ئۇ شۇ ئاخشمى پېتانى

تونۇغان بولسچۇ؟ ئۇ دوستىنىڭ كۆكرىكىنى ئەمەس، بەلكى پۇتىنى،… ياق، ئۇ دۆلەت چېگرا سىزىقىنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇ چاغدا ئۇ قارا گەۋدە، جەڭچىگە دۇنيادىكى ئەڭ يىرگىنچلىك نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. بۇ مۇقەددەس سىزىق، بۇ دەخلى ـ تەرۇزسىز سىزىقنى قوغداۋاتقان جەڭچى ئۈچۈن باشقا خىياللار. نىڭ ھەممىسى يات، ئۇ گۇناھ، جىنايەت…

جەڭچىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە پېشانىسىدىن تەر چىقتى. پېتا نېمىشقا قاراملىق قىلغاندۇ؟ ئۇ كېچىسى قاراملىقى بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى، «مۇھەببەت دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن» دەيدىغان نېمىنى ئىسپاتلىماقچىمۇ يا؟

جەڭچى دەپتەردىكى خاتىرىلەردىن بايا ئۈزۈلۈپ قالغان ئەس. لىمىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

پېتا ئۈچ كۈنگىچە غەربىي بېرلىندا ھېلىقى ئۆينى چۆرگى. لەپ يۈردى، ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە پىۋىخانىلاردا يۈر. دى، چۈنكى ئۇ دائىم دېتا بىلەن پىۋىخانىغا كىرىپ ئازادە ئورۇن. دا پىۋا ئىچكەچ مۇڭدىشاتتى.

ئۇ كۈندۈزلىرى «تېز تاماق» رېستورانلىرىغا كىرىۋېلىپ، بېشىغا ئالا ـ بۇلىماچ ئىسپانكا كىيگەن كۈتكۈچى قىزلارنىڭ شوخ ستودېنتلارنى ئەرزان تۇخۇم پوشكىلىغا ئورالغان سالاتا بىلەن قىزغىن كۈتۈشلىرىنى مەقسەتسىزلا كۆزىتىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە كوپىستىندام كوچىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىنا ھېسابلانغان «ياۋروپا سودا مەركىزى» نىڭ ئۈستىگە لىفت بىلەن چىقىۋېلىپ پۈتۈن بېرلىننى كۆزىتەتتى. «بېرلىن چېگرا تېمى» نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قاتار ئۈچ ـ تۆت قەۋەت. لىك كۈل رەڭ بىنالار ئارىسىدا پېتالارنىڭ ئۆيى بار. شۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قارىغاندا دېتا ئىككىسىنىڭ مۇنۇ بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ چىرىغى كۆرۈنەتتى. ئۇ «ياۋروپا سودا مەر. كىزى» نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەرقىي بېرلىن بىلەن غەربىي

بېرلىننى سېلىشتۇردى، بۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بىر شەھەرنىڭ ھېچنەرى ئۇنىڭغا يات، چۈشىنىكسىز بىلىنمىدى. ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ قوينىدا چوڭ بولدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ بۇ شەھەر ئىككىگە بۆلۈكلۈك ئىكەن. پېتا ئوقۇغۇچى چاغلىردىلا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى تاملارغا ھەيران ئىدى، باشقا تاملارغا ياماشسا ھېچكىمنىڭ كارى يوق، مۇشۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ھەر خىل رەسىملەر سىزىلغان ئالا - بۇلىماچ تامغا يامىشىشقىلا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇ چاغدا پېتاغا بۇ تام سۈرلۈك - قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. ئۇ: بۇ تامنىڭ نېرىسىدا جىن - ئالۋاستىلار ماكانى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى. لېكىن كېيىن بىلدى، تامنىڭ نېرىسىدىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەر بار ئىكەن، ئۇلار پېتالارغا ئوخشاش تىلدا سۆزلەيدىكەن، ئۇلاردىمۇ ئادەمگەرچىلىك، مېھرىبانلىق، مۇھەببەت مەۋجۇت ئىكەن. قېرىشقاندەك، تامنىڭ نېرىسىدىكى قارا كۆز قىزچاق پېتانىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئاپتۇ، تېخى ...

پېتا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۆز ئىشىغا — شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ئىدارىسىگە كەلدى.

ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ھاراق ئىچەتتى ۋە مەست بولۇۋېلىپ ئاتا - ئانىسىغا بىلىندۇرمەي ئۆگزىگە چىقىپ ھېلىقى غەربىي بېرلىن كوپىستىندام كوچىسىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ھەر كەچتە ئۈچ - تۆت سائەت داۋاملىشىدىغان بۇ كۆزىتىش ئازمۇ ئەمەس، تۆت ئاي داۋاملاشتى. بىرىيۈز يىگىرمە ئۈچ كۈن بولغۇچە ئۇ كۆزىتىۋاتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىدە يورۇقلۇق كۆرۈنمىدى. لېكىن ئىرادىلىك پېتا بۇنىڭ بىلەن «كۆزدىتىش»تىن زېرىكىپ قالمىدى. ئۇ ھېسابلىدى: ئۇنىڭ دېتانىڭ بەدىنىدە چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتى مۇنۇ توغرا كېسىلمىگەن تاۋۇزدەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقان شەھەردە دۇنياغا كۆز ئاچقان بولۇشى كېرەك ئىدى. دېمەك، پېتا ئەمدى نېمىلا بولمى-

www.uyghurkitap.com

سۈن دېتانى كۆرۈشى، پەرزەنتىنى كۆرۈشى، ھېچبولمىغاندا ئۇ پەرزەنتىنى سوتسىيالىستىك گېرمانىيىنىڭ يېڭى پۇقراسى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى، ئەمدى «كۆزىتىش»تىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

ئاجايىپ ئىش، ئۇ ئاشۇنداق «ھەرىكەتكە ئۆتۈش»نى قارار قىلغان كۈنى دېتانىڭ ئۆيىدە چىراغ يورۇدى. پېتا خۇشاللىقىدا ئۆگزىدىن يەرگە سەكرىگىلى تاسلا قالدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ پاسپورتىنى ئاختۇردى، لېكىن تاپالمىدى. ئۇ قانچە ئويلانسىمۇ پاسپورتىنى نەگە قويغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ نائىلاج دادىسىنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ غەربىي بېرلىنغا ئۆتۈش ئېغىزىغا كەلدى. لېكىن ئۇ بىرىنچى تۆشۈكتىلا تۇتۇلدى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئالدىراشلىقتا دادامنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ كەپتىمەن.

ئۇ ئەتىسىمۇ پاسپورتىنى تاپالمىدى. ئاچچىقىدا يەنە ھاراق ئىچتى، يېرىم كېچىگىچە ئىچتى، شۇنىڭدىن كېيىن ...

— پاسپورتىڭنى تېلېفون بېرىپ دېتانىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈشنىمۇ ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ — دېدى جەڭچى ئەلەم بىلەن دوستىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قۇچاقلاپ جىمجىت ياتقان گەۋدىسىگە ئازاب بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئىسىت، ئىسىت! ...

كەچقۇرۇن جەسەتنى ئالغىلى پېتانىڭ دادىسى كىلاۋس بىلەن ياداڭغۇ، تولىمۇ چىرايلىق ياش ئايال بىللە كەلدى. كىلاۋس خۇددى ئون يىل تۈرمىدە ياتقاندەك سولغۇن، زۇۋان سۈرمەي جىم تۇراتتى. ياش ئايالنىڭ قولىدا زاكىلاقلىق بوۋاق بار ئىدى. ئايالنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، لەۋلىرى كۆكەرگەنىدى.

— پاسپورتى مەندە ئىدى، ئۇ ئۇنتۇپتۇ. بىز لۆبەكتىن كېلىۋېتىپ ئۇ يېرىم يولدا، بېرلىنغا كەلمەي تۇرۇپ ئۆز ۋەتە-

نى تەۋەسىدە پويىزدىن چۈشۈپ قالغان. مەن بۈگۈن ئەتىگەن
ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى ئوغلى بىلەن مۇبارەكلىمەكچى بول-
غانىدىم ۋە ئۆزۈممۇ شەرقىي بېرلىن پۇقراسى بولماقچىدىم، —
دېدى.

— قارا ساقاللىق يىگىتنى نېمىگە ئارىلاشتۇرۇپ يۈردىڭىز
ئەمىسە؟

— ئاندرىياسمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئىنىمغۇ، دادامنىڭ ئامېرى-
كىدىكى ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى.

— پېتاغا نېمىشقا بۇ ھەقتە ئېيتمىغان؟

— ئۇ بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى يامان كۆرەتتى.

جەڭچى ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالدى. ئەتى-
سى جەڭچى يەنە ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقتى. ئۇ ھېچنېمە بولمىغان-
دەك جىم سۈنايلىنىپ ياتقان ئالا - بۇلىماچ تامغا، ئوتتۇرىدىكى
بوشلۇققا كۆڭۈلسىز، نەپرەت بىلەن قارىدى. ئۇ قورالىنى چىڭ
تۇتۇپ سۇرلۇك ئاسمانغا قارىدى، كەپتەرلەر ئۇياقتىن - بۇياققا
ئۇچۇپ ئۆتمەكتە، بىر خىل شامالدا ئىككى ياقنىڭ دەرەخلىرى
ئوخشاش ئىرغاڭلىماقتا؛ «ئىككى ياق قۇشلارغا، شاماللارغا
ئوخشاش، لېكىن ئادەملەرگىلا يات، ئۇلارنى ياتلاشتۇرۇپ تۇر-
غان مۇنۇ تاملار قاچان يوقىلاركىن؟…»

1987 - يىل 28 - ئۆكتەبىر، غەربىي گېرمانىيە — فرايبورگ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان

## 1

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بۇ تۆپىلىكلەر قىشۇياز ياپىپشىل، يالتىراپ تۇرىدۇ. ئورمانلار ئەتىگەنلىكى تۇمان ئىچىدىن ئاستا ـ ئاستا باش چىقىرىپ، كۆز ئاچقاندا قۇياش ئارغامچا بوي كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۈك ئورمان، گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدىكى چېدىرچىلاپ يېپىلغان ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەردىن ئىس ئورنىغا كۈلكە چىقىدۇ. شەرق ئۆيلىرىدەك تۈرخۇنلاردىن چىققان قويۇق ئىسلار ھۆرۈنلۈق بىلەن تىنىق ئاسماندا تارقىلىدىغان مەنزىرە بۇ يەردە تېپىلمايدۇ. ئۆيلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئاسفالت يوللارنىڭ چۆرىسىدىكى سېرىق خىش ياتقۇزۇلغان چىغىر يوللارمۇ كېچىچە بۇ شىمال ھاۋاسى تەرىپىدىن يۇيۇلغاچقا خۇددى يېڭى ئويغانغان بالىدەك كۈلۈپ، مەرمەردەك پارقىراپ، خۇشاللىق بىلەن قۇياشنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ يەردە نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز شاخلىرىدا ساڭگىلىشىپ تۇرۇشىدىغان سۇزۇك، سۇلۇق ئالما، نەشپۈتلەر، نەق شۇ چاغدا ئەمدىلا كۆكۋاش بولىدىغان كۆممىقوناقلار؛ مۇنبەت، قارا چىلان تۇپراقىنىڭ ياپىپشىل ئوتلاقلىرىدا يوغان يېلىنلىرى كاشىلا بولغانلىقتىن ھۆرۈنلۈق بىلەن ئاستا مېڭىپ يۈرىدىغان سېمىز ئالا سىيىرلار، سېمىز مېرىنوس قويلىرى، تۈكلىرى يالتىراق، ساغرىسى تولۇق ئاتلارمۇ بار.

قارىسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسىلا راھەت ـ پاراغەتتىن ھۇزۇنلاشقاندەك، دۇنيانىڭ بىكارچىلىقىدىن زېرىكىپ قالغاندەك

كۆرۈنىدۇ...

لېكىن ئادەملەر بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۆيلىرىدىن ئالدىراش چىقىشىدۇ ـ دە، كېچىچە ئىشىكلىرى ئالدىدا تۇرۇشقان ماشىنىلىرىنى ئالدىراپ ئوت ئالدۇرۇپ، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار بىلەن بايىقى تىنچ، گۈزەل تەبىئەتكە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ نەلەرگىدۇر غۇيۇلداپ چېپىشىدۇ. بۇ ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈك يېزىدا بۇ ئىش ھەر كۈنى تەكرارلىنىدۇ: بۇ يېزىنىڭ ھويلا ئىشىكلىرى تولىمۇ تېز قۇلۇپلىنىدۇ، ئادەملەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن تولىمۇ تېز «گۈتىن تاڭ» دېگەن سۆزنى يېرىم ـ يارتا «گۈت» ياكى «تاڭ» بىلەن ئىپادىلەپ سالاملىشىدۇ. ماشىنىلار (يالغۇز ياكى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم چۈشكەن ھەر خىل ماشىنىلار) خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تېز چېپىشىدۇ.

بۇ ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈك ئارىسىدىكى قىرىق نەچچە ئۆيلۈك دېھقانمۇ ئۆزلىرىنىڭ دېھقانغا لايىق چوڭ، ئازادە ھويلىلىرىدىن ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك ماشىنا ـ تراكتور، ھەر خىل سايمانلىرىنى ھەيدىشىپ باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىراپ ئېتىزلىرىغا يۈگۈرۈشىدۇ. ئۇلارمۇ گويا بۇ يەردە ماكانلاشقان ئالىملار، دوختۇرلار، پروفېسسورلار، سودىگەرلەر ۋە ستودېنت ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشقا تېز مېڭىشتا بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ يەردە بۇ خىل ھايات ھەر كۈنى، ھەر يىلى، قىشۇياز تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن بەزىدە تۇيۇقسىز ۋەقەلەرمۇ سادىر بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىكى گۈل تەشتەكلىرى مەنىلىك تىزىلىدۇ، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك سالام بېرىشىدۇ ياكى باغاق سۇنۇشۇپ ئۆزئارا پىكىرلىشىدۇ...

ياكوب بۈگۈن بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇ ھاياجانلانغان، روھلانغان ھالدا ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىتابخانىسىدىن ياغاچ پەلەمپەينى غاراسلىتىپ ئالدىراپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى چوڭ ئۆينىڭ ئالا، يۇڭلۇق تونىسى

www.uyghurkitap.com

گىلىمى ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان دۈگىلەك ئۈستەلگە گۆل، شام، بولكا، سېرىق ياغ، ئىرىمچىك، ۋارىنا، قەھۋە، سۈتلەرنى توشۇپ تىزىپ، كۆڭۈللۈك ناشتىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئايالىنى مەقسەتسىزلا چاقىردى:

— ئەللۇ، ھەيدى!

— ياخشىمۇ سىز، ياكوب، باغاقلار تەييار بولدىمۇ؟

— بىريۈز ئون پارچە باغاق ماشىنكىدا ئۈرۈلدى، يەتمىش پارچىسىنى سىز تارقىتىسىز، قالغىنى ماڭا بىر كۈنلۈك ئىش.

— سىز قاچانلا بولسا ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىپ يۈرىسىز، — دېدى ھەيدى قىسقا يەڭلىك كۆڭلەكتە ساغلاملىقى تېخىمۇ نامايان بولۇپ تۇرغان بىلەكلىرىنى ساقاللىق ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — ئىشسىز بولۇپ قالغىنىڭىزغا بىر ئاي بولاي دېدى، لېكىن بىر ئاي ئىچىدە بىرنەچچە ئايلىق ئىشنى تاماملىدىڭىز؟ ئېيتىڭا، بۇ ئىشىڭىزدىن سىزگە پايدا تېگەرمۇ؟

— نېمە «سىزگە» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇمۇ بىر كۈرەش، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پۇلدارلار بىلەن يوقسۇللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ داۋامى. پۇلدارلار ھامان بۇزىدۇ، يوقسۇللار تۈزەيدۇ. ئاندىرياستەك كارخانىچىلارغا يەر كەممۇ؟ بىزنىڭ يېزىمىزغا زاۋۇت قۇرۇپ ھاۋانى سۇنى بۇلغاپ، دەرەخلەرنى قۇرۇتۇپ يېزىنىڭ ئىسكەتىنى بۇزمىسا باشقا يەردىن يەر تېپىلمايتتىمۇ؟ شۇمۇ گەپمۇ؟ «دېھقان يىگىرمە ئۈچ گېكتار يېرىنى ئىختىيارىي بىلەن ساتتى، مەن بۇ يەرگە دېھقانچىلىق قىلامدىم، زاۋۇت قۇرامدىم، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى» دېگۈدەك تېخى. بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ۋەھىمە سېلىش ئۇنىڭ ئۆز ئىشىمىكەن؟

— باغاقتا بۇ دېگەنلىرىڭىز يېزىلغاندۇر - ھە؟

— ئالىقاندەك باغاقتا بۇنچە سۆز سىغامتىمۇ، ئاڭلاپ بېقىڭ، باغاقتا: «ئاندىرياس خىمىيىۋى بىرىكمىلەر قوللىنىلىدى-

غان بىر زاۋۇت قۇرماقچى. ئۇ پۈتۈن يېزىنىڭ توك پۇلىنى
ئۈستىگە ئېلىشقا ۋەدە قىلدى. مەن ياكوبنى ئۈچ مىڭ تۆت يۈز
مارك مائاش بېرىپ توكچىلىققا قوبۇل قىلماقچى. بارلىق ئىش-
سىزلارغا ئىش بەرمەكچى. مەن مۇنداق زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا
قارشى، ئاندىرىياسنى قوللىغۇچىلار دېرىزىلىرىگە بىر دانە ئاق
ئەتىرگۈل قويۇپ ئىپادە بىلدۈرسۇن. ياكوبنى قوللايدىغانلار
ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئەتىرگۈل قاچىسىنى دېرىزىلىرىگە قو-
يۇپ ئىپادە بىلدۈرسۇن؟ ! كارخانىچىغا قارشى چىققۇچىلار مېنىڭ
دوستۇم، ياكوب! » مانا مۇشۇنچىلىكلا سۆز يېزىلدى؟ ـــ ئۇ
ئايالىنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ ئۈستەل يېنىغا ناشتىغا ئەكەلدى.
مانا مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ياكوب، ھەيدى ئەر - خوتۇن
ئىككىسى ناشتىغا ئولتۇردى. ئۇلار باشقىلاردەك ئالدىراش ئە-
مەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ باغچا - يەسلىگە يولغا سالىدىغان بالىلى-
رى يوق. بالىلىرى بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئاستى - ئۈستى بەش
ئېغىز ئازادە ئۆيى رەتلىك - پاكىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياكوب
ھازىر ئىشسىز. ھەيدى بولسا بىرىنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلىشىپ
بېرىپ ھەر كۈنلۈكى ئەتىگەن سائەت ئوندىن كەچ سائەت تۆتكىچە
قىلغان ئۆي ئىشى ئۈچۈن ئېيىغا بەش يۈز مارك ھەق ئالىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا ماشىنىسى بىلەن يېزا ئارىلاپ يۈرۈپ
«سەييارە ساتىراشلىق» قىلىدۇ. ياكوب خوجايىنىنىڭ چىشىغا
تېگىپ زاۋۇتتىن بوشىتىلمىغان بولسا، ھەيدىنىڭ ساتىراشلىق
قىلىشى ناتايىن ئىدى. بۇدۇر، قىسقا چاچ، كۆك كۆز، لەۋلى-
رى تولىمۇ ئوماق چوكان ئۈچۈن ساتىراشلىق قىلىش كۆڭۈلدى-
كىدەك كەسىپ ئەمەس، لېكىن ئېرى ئىشسىز، ئۆزى ئارانلا
ئون بىر يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەككىز يىللىقىنى تۈگىتە-
لىگەن چوكانلار ئۈچۈن گېرمانىيىدە ساتىراشلىقمۇ مۇۋاپىق.
دېمەك، ھەيدى مۇشۇ ئىككى خىل ئىش بىلەن ئۆينى باقمىسا
ياكوب تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ئىشەنچلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرەش قىلغىلى كوچىغا چىقالمىغان بولاتتى ـ دە!

ھەيدى ئاغزىنى سالفىتكا بىلەن سۈرتۈپ ياكوبقا قارىدى. ياكوب ــ غىجىم، بومبا ساقال، قوش بۇرۇت، كۆك كۆز يىگىت، ئۇ سېرىق ماي سۈۋالغان قارا بولكىنى سىڭىز چاينىغاندەك كۆشەپ تۇرۇپ:

ــ ئۇلگۈرىسىز، باغاقلارنى يۇداس، ماركوسلارنىڭ ئۆيلىرىگە يىگىرمىدىن تاشلاڭ، ئۇن دانىسىنى ئۆزىڭىز تارقىتىڭ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار. يولىڭىزغا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى.

ھەيدى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى ـ دە، ماشىنىسىنى دەرھال ئوت ئالدۇردى. ئۇ ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ياكوبنىڭ مەيۈس چىرايىغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇ ئېرىنى چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى يۈزتۇرانە ئېيتمايتتى. لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ يوق يەردىن تېپىۋالغان بۇ ئىشىغا قاتتىق نارازى ئىدى. باشقىلار زاۋۇت قۇرامدۇ، دەرەخلەر قۇرۇپ، بىلىقلار ئۆلەمدۇ، بۇنىڭ ياكوب بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇنىڭسىزمۇ ياكوب ئۆزىنىڭ ئىشسىزلىقى زاۋۇت خوجايىنىنىڭ ياكوبنى زاۋۇتغا سېلىسارلىققا قوبۇل قىلغان ۋاقتىدىكى توختامىغا ئەمەل قىلماستىن ئۇنى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇرلىشى ئۇلار ئۈچۈن يەتكۈدەك كۆڭۈل ئاغرىقى ئىدىغۇ؟ زاۋۇت خوجايىنى ياكوبنى ئىشقا ئېلىشتا «قاچان ئىشتىن بوشىتىلساڭ ئون مىڭ مارك نەپىقە پۇلى بېرىمەن» دېگەن سۆزنى توختامغا ئۆزى يازغان. بىر ئاي ئىلگىرى ئۇ ئۆزى ياكوبنى ئىشتىن بوشاتتىم دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. توختام بويىچە ئون مىڭ مارك تۆلىشى لازىم ئىدى ـ دە؟ ئۇنىڭ تاپقان گېپىنى قارىمامدىغان، ياكوب ھاراقكەشمىش، ئىشقا ھاراق ئىچىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىلغانمىش. ئون مىڭ مارك بەرسە ياكوبنىڭ ئىش تارىخى ئارخىپىغا «ھاراقكەش» دېگەن سۆزنى يازارمىش، ناۋادا بۇ سۆزنى يېزىشقا

ياكوب قوشۇلمىسا ئون مىڭ مارك بېرىلمەسمىش. بۇ قانداق
يولسىزلىق! بۇ پېشكەلچىلىك ئازلىق قىلغاندەك، ياكوبنىڭ
يوقىلاڭ ئىشلارغا باشلامچى بولۇۋالغىنى نېمىسى؟ ئەگەر ھەيدى
مۇھەببەتنى دېمىسە، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى دېمىسە، ئۆز نارازىلى-
قىنى ئېيتاتتى - دە، مۇنۇ ھازىرقى كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇ-
لۇپ قالاتتى. ھازىرچۇ؟ مۇشۇ پەرىشانلىقى بىلەن ماشىنا ۋەقە-
سى تۇغدۇرۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

ھەيدى چوڭ يولغا ئەگىپ ماشىنىسىنى يۇقىرى سۈرئەت
بىلەن ھەيدىدى. سۈرئەت كۆرسەتكۈچ ئىسترېلكىسى بىريۈز قىرىقنى
كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ ئۇ يەنە خوت يۆتكىدى، ماشىنا سۈرئىتى
بىريۈز سەكسەن كىلومېتىرغا چىقتى. تېز سۈرئەتلىك يوللار-
دىن باشقا يوللاردا بۇنداق سۈرئەت بىلەن مېڭىش چەكلەنگەن،
ھەيدى بۇنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ نېمىشقا قاتناش قائىدىسىگە
خىلاپلىق قىلغانلىقى، نېمىگە ئالدىرايدىغانلىقىنىمۇ ئۆزى ھەي-
ران. ئۇ ئىش ئورنى — ماركوسلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى
ماشىنا ئىسكىلاتى ئالدىغا كەلگەندىلا ماشىنىسىنى كۈندە توختى-
تىدىغان ئورۇنغا توختىتىپ قويۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

«پاھ، ساراڭلىقىمنى، نېمانچە تېز ھەيدىدىم؟ ياكوب نېمە
قىلسا مەيلى ئەمەسمىدى، باشقىلار ئۈچۈن نېمىگە سەدپارە بولى-
مەن - ھە؟» دېدى.

— ئەللۇ!

ھەيدى بالكوندا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ماركوسنى
كۆرۈپ، دەرھال ھېچ نەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ ئوڭ قولىنى
كۆتۈردى.

— ئەللۇ، ھەيدى، دېرىزىگە قاراپ بېقىڭ!

ھەيدى ئاۋۋال ساقاللىق ماركوسنىڭ تىنىق كۆك كۆزلىرى-
دىكى خۇشاللىقنى، ئاندىن كېيىن دېرىزىگە قارىدى. ئۇ يەردە
ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر تىزىقلىق

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى.

— ۋەرەقىنى ئوقۇماي تۇرۇپلا قوللاپسىز - دە، ماركوس.

— بىز ھەممىمىز ئەيسانىڭ مالائىكىلىرى تۇرساق[①] بىر - بىرىمىزنى قوللىمىساق بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ماركوس چوققىسى تاقىر، چۆرىسى بۇدۇر چاچلىق بېشىنى سىلاپ، — «بىبىل» دا[②] خائىن دېگەن تامغىسى بار يۇداس چېغىدا بىزنى قوللىماقتا، مەن قوللىماي چەتتە تۇراتتىمۇ؟

ھەيدى مۇشۇ چاقچاقچى ئادەمنىڭ ئائىلە ئىشىنى قىلىدۇ. ماركوس ھازىر ئىشسىز، دىسسېرتاتسىيە يېزىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېيىغا بىرمىڭ ئىككى يۈز مارك ئىشسىزلىق مائاشى ئالىدۇ. ئۇ ئايالى بېئاك خانىمنىڭ ئۈچ مىڭ بەش يۈز مارك ئايلىقىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دائىملا خۇشال، دائىملا ئالدىراش. ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن ئادەم گىلەملەر، ئۇستەللەر، كارىۋاتلارغا چېچىلىپ ياتقان كىتابلار دەستىدىن تاپان قويغۇدەك يەر تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىرگۈچى ئۇنى دائىملا ماشىنكا بىلەن خەت ئۇرۇۋاتقان ياكى يازغانلىرىنى ھېلىقى ئېلېكترلىك ماشىنىسى بىلەن يېشىل ئېكرانغا چۈشۈرۈپ ئۆزگەرتىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆرىدۇ. ھەيدى پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ئۇنىڭغا قەھۋە ئەكىرگەندە، ئۇ دائىم ھەيدىنىڭ كىرگىنىنى تۇيمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بېئاك خانىمنىڭ نارازىلىقىچۇ تېخى؟ «پۇل بولمايدىغان ئىشلارغا ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ قېرىپ كېتىۋاتىدۇ بۇ ئادەم، — دەيدۇ سېرىق چاچلىق، يوغان كۆز خانىم خاپا بولۇپ، — ئېيتىڭا، ھەيدى، نېمىشقا

---

① ئەيسانىڭ ئون ئىككى مالائىكىنىڭ ئىچىدە ماركوس، ياكوب، يۇداس دېگەن ئىسىملار بار.

② بىبىل — «ئىنجىل» توغرىسىدىكى كىتاب.

ئەرگە تېگىمىز زادى؟ بۇ ئىشسىزلارنى بېقىش ئۈچۈنمۇ؟ جاپا-
سىنى تارتىش ئۈچۈنمۇ؟»

ھەيدى ماركوسنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە، كۆلۈپ قويۇپ باغاقلارنى ئۇنىڭغا بەردى.

— بېئاك خانىم سىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىڭىزغا نارازى بولماسمۇ؟ — دېدى ھەيدى چېچىلىپ ياتقان باللار قونچاقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، تېلېفوندا بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ماركوسقا قاراپ قويۇپ، — كارخانىچى زاۋۇت قۇرىدىغان گەپ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟

— گېرمانىيە بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىسا كىمنىڭ كارى بولىدۇ، ھەيدى؟ گېرمانىيىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلىدىغان گېيۇتى قايتا تىرىلمەيدۇ. پانكلار① «ياشىسۇن فاشىزم!...» دەپ شوئار توۋلاشنى بىلگىنى بىلەن، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. دۆلەتنى ئاسراش، مىللىي غۇرۇر، مۇھىت تازىلىقى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، ئىنسان ھوقۇقى، ئېزىلگەن دۆلەتلەر، ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم قىلىش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىز گېرمانىيە زىيالىيلىرىنىڭ زىممىسىدە. ۋەھالەنكى، ھەيدى، ھازىر بۇ ئەمگەكچى قاتلامنىڭ ئون پىرسەنتى، يەنى ئىككى مىليون بەش يۈز مىڭ ئادەم ئىشسىز، بىز مۇشۇنىڭ ئىچىدە. لېكىن بىز ئىشسىزلىقتا قارشى كۆرەشتىن، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا قارشى كۆرەشنى مۇھىم بىلىمىز. نېمىشقا دەمسىز؟ ئالدىنقىسى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن، كېيىنكىسى گېرمانىيىنىڭ، ياق، پۈتۈن ياۋروپانىڭ پايدىسى ئۈچۈن!

— دېمەك، بېئاك خانىم سىزنى قوللايدىكەن ـ دە؟

---

① پانكلار — غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان، فاشىزمنى تەرغىب قىلىدىغان ياشلار.

www.uyghurkitap.com

— كەچتە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ، — دېدى مار-كوس، — بەلكى ئۇ ماڭا قارىغاندا يېڭىراق بىر نېمىلەرنى بىلەر. ئۇ دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ مۇئەللىمى - دە! ئوغلىمىز چېغىدا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۇ نېمىلەرنى دەيدۇ دېمەمسىز تېخى: «ھەر كۈنى ئىنسانىيەت ئۈچ يۈز ئەللىك مىڭ گېكتار يەرنىڭ دەرىخىنى يوقاتقۇدەك، ھەر كۈنى بىر خىل ئۆسۈملۈك تۈرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتقۇدەك. ئۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك! تەبىئەتنى سۆيمىگەنلىك ئىنسانىيەت ئۈچۈن پاجىئە، بۇ دېگەنلىك ئۆز - ئۆزىنى سۆيمىگەنلىك دېگەن سۆز. بىز ئۇ نادانلىققا قارشى تۇرايلى!» مانا بۇ ئوغلىمىزنىڭ ئەينەن سۆزى. بىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالدۇق.

— ماركوس ئەپەندى، — دېدى ھەيدى ئىش ئۈستىلىگە مۇكچىيىۋېلىپ بىرنەرسە يېزىۋاتقان خوجايىنغا تىك قادىلىپ، — چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇم. ئۆي ئىشىمۇ تۈگىدى، ماڭا ئىككى سائەتلىك رۇخسەت بەرسىڭىزكەن، مەن ياكوبنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ئورۇندىمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ياخشى، ھەيدى، يۇداسنىڭكىگە ۋەرەقە ئاپىرامسىز؟ ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، ئاخشاملىققا ياكوب ئىككىمىز پىۋا ئىچكىلى بارىمىز، تاماقمۇ تەييارلىسۇن.

## 2

يۇداس تىرىشقاقلىقى ئۈچۈن ۋاقىتسىز قېرىشقا باشلىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان بۇدۇر ساقىلى، ئۇستى تاقىر، چەت - چۆرىسى غىجىم چاچلىق بېشىدىكى زىننەت بۇيۇمى، ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان كۆزلىرى، ئۇزۇن، سېرىق قاشلىرى ئارىسىدا نۇرلىنىپ، قويۇق ساقال - بۇرۇت ئارىسىدىكى قىپقىزىل لەۋلىرى دائىم ھىم يۇمۇقلۇق تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ سەل مۇكچەيگەن ئۆزۈن گەۋدىسى بىر سوتكىنىڭ ئون تۆت ـ ئون بەش سائىتىنى تىنىمسىز ھەرىكەت بىلەن ئۆتكۈزدۇ. ئىككى گېكتار يېرىگىمۇ، قوي ـ كالا، ئۆچكىلىرى ئوتلايدىغان سىم بىلەن قاشالانغان بېغىغىمۇ، ئۆينىڭ ئىچى بىلەن كىرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك ياغاچچىلىق كارخانىسىغىمۇ، ھەتتا بال ھەرە ساندۇقلىرى، پىۋا ئىشلەيدىغان ئەسۋاب ـ بوچكىلىرى بىلەن رەخت توقۇيدىغان قوپال دەستىگاھقىمۇ بىرلا ئۆزى ھەم خوجايىن، ھەم ئىشچى. ئۇلار ئايالى، شاگىرتى ئۈچى ئۆيدە تاماق ئېتىشنىمۇ جەدۋەل بويىچە نۆۋەتلىشىپ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئالىي مەكتەپنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك فاكۇلتېتىنى تۈگىتىپ بىر يىللا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، لېكىن بىر كەپىسىز بالىنى ئۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن توختىغان. شۇڭا ھازىر بىر مىڭ بەش يۈز مارك ئىشسىزلىق مائاشىغىلا قاراشلىق. مۇشۇ نارازىلىقى بىلەن بۇ ياش، چىرايلىق چوكان دائىملا خاپا، تېرىكىپلا يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ قىز، بىر ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئايالى ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېرىش ياكى تېلېفون بېرىشمۇ يۇداسنىڭ ۋەزىپىسى. شۇنچە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت، يۇداس كىتاب ئوقۇش، يەلكەنلىك پاراخوتى بىلەن دېڭىزدا ساياھەت قىلىش، دوستلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ ۋاقىت چىدقىرالايدۇ تېخى.

ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى — ساغلاملىقى بىلەن جىسمانىي كۈچى.

يۇداس قارىماققا ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ يىل ئوتتۇز سەككىزدە. بۇ ياشقا كىرگۈچە ئۇ ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىشچىلار ئارىسىدا تەشۋىقاتمۇ ئېلىپ باردى، گېرمانىيىنىڭ غۇرۇرى ھېسابلانغان ئەربابلاردىن لېيبنىز، كانت، ھېلد، ھومبولد، فېھت، گېگىل، نىتسى، فېي

www.uyghurkitap.com

يىرباخ، ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى ئۆز لەشتۇرۇشكە ياشلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. ئۇ گېگېلنىڭ: «شەخسلەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەسئۇلىيىتى دۆلەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشتۇر» دېگەن تەلىماتىنى ئۆز ھاياتىنىڭ قىممە- تىنى ئۆلچەيدىغان مىزان - تارازا ھېسابلىدى - دە، گېرمانىيد- گە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن گيۇتى، شىللېرلارنى ئۆز ئاتىسد- دىن ئۇستۇن بىلدى. 1871 - يىلى ئىككىنچى ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن بىسماركنىڭ قەبرد- سىنى دائىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوۋچىلىق قىلغان ئورمانلىقلىرىنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن بىنا بولغان رېستورانىنىڭ تاملىرىدىكى بۇغا، غۇلجا مۈڭگۈزلىرى بىلەن ھەر خىل ئوۋ مىلتىقلىرىغا قاراپ زوقلىنىشنى كىنو بىلەن تانسىدىن ئەۋزەل بىلدى...

يۇداس ئۆزىنى ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ھېسابلاپ يۈرگەن ئاشۇ يىللار ئۇنىڭ قاتتىق زەربە يېگەن يىللىرى بولدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتىن قوغلاندى. ئۇ ئوتتۇرا ياشقا يېقىنلاشقاندىلا، ئۆزىنىڭ گېرمانىيە تارىخىدىكى ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئالال- مايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، مەرھۇم دادىسىدىن قالغان مۇشۇ جايغا كېلىپ دېھقانچىلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇل- لاندى. ئۇ ھازىر تولىمۇ دەردلىك، چۈنكى دەۋر ئۇنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمىدى . ئۇنى ئاز دەپ پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە مائارىپ - ئىنسانشۇناسلىق ساھە- لىرىدىكى مول بىلىملىرى زايە كەتتى. گېرمانىيىدە ھېچكىم ئۇنى «بىلىملىك» دەپ ئەتىۋارلىمىدى.

ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى بالىلىرىغا بېغىشلىدى. ئۆزى بالىلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەقلىي، جىسمانىي كۈچىنى پۇل تېپىشقا سەرپ قىلدى. ئايالىنىڭ بىرمىڭ بەش يۈز مارك پۇلى بىلەن ياغاچچد-

لىق ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتى ھەر ئايدا تۆلەيدىغان بەش يۈز مارك شاگىرتلىق ھەققى ھېسابقا ئېلىنمىغاندىمۇ، ياغاچچىلىق كارخا- نىسىدىنلا ھەر ئايدا بىرنەچچە مىڭ مارك (نەق سان مەخپىي) تاپىدۇ. پەقەت مىلاد بايرىمى ئۈچۈن ياغاچتىن تەييارلىغان قىزد- قارلىق ئويۇنچۇقلاردىنلا نەچچە ئون مىڭ مارك پۇل تاپىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك، ئىككى تۈپ قارىغاي قىشۇياز ياشىرىپ تۇرد- دىغان ئازادە ھويلىسىدا ئەڭ زامانىۋى ئىككى ماشىنىسى، ما- تورلۇق قولۋىقى باللىرى ئۈچۈن پولات كۆل، ھەر خىل ماشد- نا، تراكتور، ۋېلىسىپىت، ئويۇنچۇقلىرى، بولماقتەك بىر جۈپ ئارغىماق، ئۈچ تۇياق نەسىللىك بۇقىسى، ئوتلىقىدا يې- گىرمىدەك قوي، ئۈچ جۈپ سىيىر، غاز، ئۆچكىلىرى تۇرۇۋ- تۇ. ئۇ باي، لېكىن دەردلىك، ئۇ كۈچلۈك، لېكىن بىچارە. ئۇ ئىشچان، لېكىن زېرىكىشلىك. بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە، بەدىنىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

يۇداس باياتىن توك ھەرىسى بىلەن پەن تىلدى. مانا سائىتد- گە قارىدى - دە، ئالدىراپ ياغاچچىلىق كارخانىسىدىن ئاشخانىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئايالى چۆشلۈك تاماق ئۈچۈن كاللەكبەسەي توغراۋاتاتتى.

يۇداس مۇزلاتقۇدىن ئوغلاق گۆشىنى ئالدى - دە، ئايالىغا گەپمۇ قىلماستىن كىچىك دۆشىگە گۆشنى قويۇپ توغراشقا باش- لىدى.

— ئۇلار قاچان كەلمەكچى، يۇداس؟

— ھازىر.

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭىز، يۇداس؟

— شۇنىداق، كەلگەندە دېگىنىم دۇرۇس، ئەنە ئۇلار كەلدى.

— يۈرۈڭ، ئالدىغا چىقايلى، يۇداس.

— بەربىر ئۇلار ئۆيگە كىرىدۇ.

راست دېگەندەكلا ئۆيگە ياكوب، ماركوسلار كىرىپ كېلىشـ
تى. ئۇلار قۇچاقلاشتى. يۇداسنىڭ ئايالىنى ئۇلار بىر - بىردىن
قۇچاقلاپ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ چىقىشتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئايال مۇنـ
داق دېدى:

— مېھمانخانىغا كىرىڭلار ئەمىسە، XX ئەسىرنىڭ سوتسىـ
يالىستلىرى!

ئۇلار كۈلۈشكەن پېتى مېھمانخانىغا كىرىشتى.

ئۇلار بۇ قوپال ئۆي جاھازلىرى بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە
ئۆرتۆپە بولۇشۇپ، خېلىغىچە قۇرۇلغۇسى زاۋۇت ۋە ئۇنىڭ
ئىنسانغا، تەبىئەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى توغرىسىدا ئۇزاق
سۆزلەشتى. ماركوس جەمئىيەت توغرىسىدا، يۇداس دەرەخلەر
ۋە قۇشلار توغرىسىدا مىساللارنى ئېلىپ ئۇزاق سۆزلىدى. ياـ
كوب يېزا خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قوللاش ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ
قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ:

— كارخانىچى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، يۇقىرىغا ئەرز
يوللاش ئۈچۈن يەتتە كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلدى. لومىيورس،
بېئاك ۋە مەن بۇ ھەيئەتنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ سايلاندۇق.
لومىيورس قېرى سىلىسارلىق دۇكىنىنى ئېتىپ، بىز ئۈچۈن
خىزمەت ئىشلىگىلى كوچىغا چىقتى. بېئاك خانىم ئوقۇتقۇچى،
ئوقۇغۇچىلارنى كوچا نامايىشىغا تەييارلىماقچى. بىزنىڭ كەسپىي
پائالىيەتچىلىرىمىزدىن يۇداس، ماركوسلار ۋەرەقە بېسىپ تارقىـ
تىش، كىتاب - گېزىتلەردىن قايىل قىلىش كۈچى زور بولغان
پاكىتلارنى تاللاپ تارقىتىش، ھەرقايسى گېزىت، تېلېۋىزورلار-
نىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېـ
لىشى كېرەك!...

ياكوب زور كۆلەملىك ئىش تاشلاشقا قوماندانلىق قىلىۋاتـ
قان رەھبەردەك جىددىي، دەبدەبىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىگىلى

تۇرغاندا، ئۆيگە چوڭ بىر گەرىلكىدە پىۋا كۆتۈرۈپ يۇداسىنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى ـ دە:

— «ئىنقىلاب» قىلىمىز دەپ ئۆي ئىشىنى بىزگە تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، قېنى چىقىپ قول ـ قولچە تاماققا تۇتۇش قىلايلى، — دېدى.

ئۇلار كۈلۈشتى ـ دە، پارقىراپ تۇرىدىغان تۇتقۇچلۇق چوڭ ئىستاكانلاردا پىۋا ئىچىشتى ۋە ئاشخانىغا چىقىشىپ بىرى گۆش توغرىسا، بىرى پىياز، بىرى كاللەكىيەسەي توغراپ، توك بىلەن تاماق پىشىدىغان قازان بېشىدا قالغان گەپلىرىنى داۋام-لاشتۇرۇشتى ۋە قارارلارنى قوبۇل قىلىشتى.

## 3

يەتتە كىشىلىك ھەيئەتنىڭ كارخانىچى بىلەن قىلغان تۇنجى سۆھبىتى ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ياكوب بىلەن لومىيورس بوۋاي مەيلى قانچىلىك پاكىت كۆرسىتىپ قۇرۇلغۇسى زاۋۇتنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى سۆزلىمىسۇن، بەرىبىر قوللىغۇچىلار كۆپ بولمىدى. ھەتتا بېئاك خانىم چېغىدا جىمجىت تۇرۇۋالدى. كارخانىچى:

— ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈكنىڭ توك پۇلى، تېلېفون پۇلى، ئەخلەت، سۇ پۇللىرى زاۋۇت ھېسابىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپچىلىك نامىغا بىر باغ، بىر يەسلى، بىر باللار تەنتەربىيە زالى ياسىلىدۇ! — دېۋىدى، يىغىلىشقا قاتناشقان يېزىلىقلار بۇ ۋەدىدىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پايدىنى ھېسابلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ياكوب بىلەن لومىيورسنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى.

— دۇنيادا ھەر كۈنى بىر خىل نابادات ئۆلىدىكەن. ئويلاپ قويۇڭلار، ھايۋان خىللىرى بىلەن نابادات خىللىرىنىڭ سانى چەكسىز ئەمەس. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، پۈتۈن بالتىق بويلىرىدا

قارىياغاچ قۇرۇپ تۈگىدى. يەنە نېمىلەر يوقىلىدۇ بىلەمسىلەر؟
— ياكوب، بۇ يوقىتىش ھېسابىغا سەن ئۈچ مىڭ بەش يۈز مارك ئايلىق ئالىدىغان توكچى بولۇپ قالىسەن، — دېدى يۈزى مايلاپ قويغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان، قىسقا چاچ، ساغلام بەدەنلىك كارخانىچى برىليانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېساب كۆرسىتىپ، — گېرمانىيە پۇل بىلەن روناق تاپالايدۇ. ئۆسۈملۈك، ھايۋان تۈرلىرى بىلەن روناق تاپسا ئافرىقا، ئاسىيا ياكى جەنۇبىي ئامېرىكا دۇنيانىڭ يۈرىكى ياكى كۆزىگە ئايلانغان بولاتتى. لېكىن بۇ يۈرەك، بۇ كۆز ھازىرچە يەنىلا ياۋروپادا، بايلىقتا بىز ياۋروپادا بىرىنچى، دۇنيادا، مېنىڭچە، ئۈچىنچى ئورۇندا. گەرچە بىزنى باشقىلار ياپونىيىنىڭ كەينىگە قويۇپ تۆتىنچى سانىسىمۇ، بىز ھەممىمىز بىر ۋەتەننىڭ بالىلىرى. مەقسىتىمىز مۇشۇ ۋەتەننى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا، تەڭدىشى يوق ئورۇنغا ئىگە قىلىش. بۇنىڭ يولى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ سانائەتلىشىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قو-يۇش، ھەممىنى مۇشۇ نىشانغا بۇراش.
— ياق، ياق، — دېدى لومىيورس قىزارغان يوغان كۆك كۆزلىرى بىلەن كارخانىچىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — بۇلار ھەممىسى ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەر، ئادولىف گىتلېرنىڭ نۇتۇقلى-رىدا تولا تەكرارلانغان گەپلەر بۇ. بىزگە گېرمانىيىمۇ كېرەك، مۇھىمى يەر شارى، ئىنسانىيەت. گېرمانىيە ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا يەر شارىغا، ئىنسانىيەتكە قانچىلىك زىيان سالدى؟ بۇنى ھېسابلاپ كۆرمىگەن بولساڭ بىزنىڭ ماركوسقا مۇراجىئەت قىل. سان - سېپىرلار بىلەن بۇ زىياننىڭ سالمىقى-نى ئۇ ساڭا دەپ بېرىدۇ. قانداق دەيسىز، بېئاك خانىم؟ سىزمۇ مېنىڭ پىكرىمنى قوللايدىغانسىز؟
— بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسى سىز دېگەندەك، — دېدى بې-ئاك خانىم ياكوبقا قاراپ قويۇپ، — لېكىن، بۇ مۇنەۋۋەر ئە-

سەرنىڭ باش قەھرىمانى سىز بىلەن مەن ئەمەس. بۇ قەھرىمانلار ياكوب بىلەن ھەيدى. ياكوب ئىشسىز توكچى، ئۇنىڭ كارخانىچىلارغا غەزىپى بار. ھەيدىچۇ؟ ئۇ بىر كۈندە نەچچە خىل ئىش قىلىدۇ. بالا باقىدۇ، ساتىراشلىق قىلىدۇ، ئۆي ئىشىمۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە قارىغاندا، پۇلغا بولغان ئېھتىياجى زور بولسا كېرەك. مەسىلەن ھەيدىمۇ بۇ كارخانىدا مۇقىم ئىشقا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياكوبمۇ!...

— بولدى قىلىڭ، بېئاك خانىم، بىز توغرۇلۇق بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىڭىزگە تاقىتىم يوق، — دېدى ياكوب ئاچچىقىدا غالىلداپ تىترەپ، — سىزچە زاۋۇت جەننەت، قۇتۇلدۇرغۇچ خۇدا، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى نېمىشقا قوللىدىڭىز؟ نېمىشقا دېرىزىڭىزگە ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئەتىرگۈل قويدىڭىز، نېمىشقا بىزنىڭ ۋەرەقىلىرىمىزنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تارقاتتىڭىز؟ بىزنى كارخانىچىغا باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟

— ئەپۇ قىلىڭ، ياكوب، مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق. ھەيدىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇمۇ ۋەرەقە تارقىتىپ يۈرگىنى بىلەن بۇ ئىشقا تازا قىزىقمايدۇ.

— سىز ھەيدىنى مەنچىلىك بىلمەيسىز، ھەيدىمۇ سىزنى مېنى سۆيگەنچىلىك سۆيمىسە كېرەك.

— لېكىن ئائىلىلارنىڭ كۆڭلىنى ئائىلىلار كۆپرەك چۈشىنىدۇ، — دېدى كارخانىچى كۈلۈپ قويۇپ، — ياكوب، مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەن، ھەيدى يەسلىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئېيىغا ئىككى مىڭ بەش يۈز مارك ھەق ئالىدۇ. ئىش ھەققىنى مۇشۇ نويابىردىن باشلاپ بېرىمەن.

ياكوب ئورنىدىن تۇردى، ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— مەن ئەمدى جانابىي كارخانا خوجايىنى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايمەن. تۇرمۇش غېمىدە بولسام ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئۆ-

www.uyghurkitap.com

سۇملۇك، ھايۋانلار توغرىسىدا باش قاتۇرمىغان بولاتتىم. ئاغنەم يۇداسنىڭ بىر مەشھۇر سۆزى بار: دۇنيادا ئىككى خىل ئادەملەرلا مەۋجۇت. بىر خىلى ھايۋانلارغا يېقىن، بىر خىلى جانسىز تەبىئەتكە. بىزگە ئوخشاش جانسىز تەبىئەتنىڭ دوستلىرى ھامان ھىمايىسىز ئىكەنمىز. جانابىي لوميورس، بىز مەغلۇپ بولدۇق، بىزنى كارخانا خوجايىنى ئەمەس، دوستۇمنىڭ ئايالى، يەنى ئەدەپلىك، بىلىملىك بىئاك خانىم يەڭدى. مېنىڭ دوستۇم ماركوسقا ئىچىم ئاغرىيدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ ھەم مەغلۇپ بولغانلار ئىچىدە.

— مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى بىئاك خانىم كۈلۈپ قويۇپ، — كارخانىچى بىلەن يامانلىشىپ ھەر ئايدا كىرىدىغان ئالتە مىڭ بەش يۈز ماركتىن قۇرۇق قېلىۋاتىسىز. ناۋادا ھەيدىنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم، مەن ئاللىقاچان سىلەرنى قوللاپ جانسىز تەبىئەتكە يېقىنلاردىن بولۇپ قالغان بولار ئىدىم. ئىسىت، ھەيدى! ئۇمۇ ئىشسىز، سىزمۇ شۇنداق. تەبىئەتنىڭ بۇلغىنىشى ئىشسىزلىقتىنمۇ يامان بولمىسا كېرەك.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى لوميورس پاخپاق قاشلىرى ئاستىدىكى قىزىرىپ كەتكەن كۆپكۆك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن بىئاك خانىم توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى تامامەن ئۆزگەرتتىم. ئەپۇ قىلىڭ، خانىم، بۇ ئۆزگىرىش مېنىڭ تۇترۇقسىزلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە باھا بېرىش قابىلىيىتىمنىڭ ناچارلىقىدىن پەيدا بولدى. يەتمىش نەچچە ياشلىق ئادەم ئۈچۈن بۇ خىل قابىلىيەت تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئىسىت، ئەمدى مەن جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلىشالمايدىغان بولدۇم! — ئۇ ھاسا تايىقىغا تايىنىپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەتىلا قۇرۇلۇش باشلايمەن، — دېدى كارخانىچى پارقىراق، قىپقىزىل يۈزىدىكى غۇرۇرىنى نامايان قىلماق بولۇپ پاكىز ياغلىق بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ، ئۇ چۆرىسى جىيەكلىك

يالتىراق يۇمشاق سالفىتكا بىلەن يوغان بۇرنىنى بوشىتىپ بو-لۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كېرەك يوق. ياكوب، ساڭا، ھەيدىگە ۋەدەم بويىچە ئىش بېرىمەن. لومىيورس ئاكا، ئەمدى سىزگە سېلىسارلىق دۇكىنىنى ئېچىش-نىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن تازا ئوبدان بىر قەھۋەخانا ئاچىمەن. ئورنى كۆل بويىدا بولىدۇ. ئىچىملىك ئۈچۈن سىزدىن ئۆمرىڭىز بويى پۇل ئالمايمەن. بىرلا شەرتىم بار. سىز ئۇنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايسىز. شەرت شۇ: ئەتىدىن باشلاپ، ياق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ مېنىڭ زاۋۇتۇم توغرىسىدا يامان گەپ قىلماڭ.

— جانابىي خوجايىن، — دېدى لومىيورس كارخانىچىغا تىكىلىپ قاراپ، — بىز يېڭىلدۇق، لېكىن سىزدىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىزگە قورال تاپشۇرۇڭلار دەپ بەكمۇ ئالدى-راپ چۈقان سالماڭ. مېنىڭچە، سىز زاۋۇت قۇرالمايسىز. چوڭ بالا - قازاننىڭ ئالدىنى ئالىمەن دېسىڭىز، زاۋۇت قۇرۇشقا ئالدىرىماڭ. بىز تېخى سۆھبەتنى يەنە باشلايمىز. بەلكى بۇ سۆھبەت ماجىراغا ئايلىنىپ، ئادۋوكات يالاشقا توغرا كېلەر. بانكىدا يېتەرلىك پۇلۇم بار. مەن، بىزنىڭ غالىبىيىتىمىز ئۈ-چۈن ھەممە پۇلۇمنى خەجلەشكە رازىمەن، خەير - خوش، قېنى ماڭ، ياكوب.

4

كەچ كۈزنىڭ بۇ تۇمانلىق، قۇياشسىز كۈنلىرى ھەيدى ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۈيۈلۈشقا باشلىدى. ئاخشام ياكوب ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىش ئالدىدا تەنە بىلەن:

— بېئاك خانىمنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلمىساڭمۇ بولار. ئەمدى خوجايىنىڭ ئىككى مىڭ بەش يۈز مارك بەرسە، قىينال-

www.uyghurkitap.com

ماي جان باقالايسەن! ــ دەپلا قويدى. ھەيدى ياكوبنى قانچىلىك
ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە؟ ياكوبسىز ئۆتكەن بىر كېچە ھەيدىگە بىر
ئۆمۈر تارتقان ئازابتەك ئېغىر سېزىلدى. ئۇ بېئاك خانىمغا
پەقەتلا ياكوبنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ بەردىغۇ؟ ياكوب زاۋۇت خو-
جايىنىغا قارشى تۇرامدۇ، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلامدۇ، بۇ
ئىشلارنىڭ ھەيدى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ ھەيدى: خا-
تىرجەم ئائىلە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆز
ئېرىنىڭ ئىشىدىن ئېچىدە نارازى بولغانىدىغۇ؟ دېمەك، ئۆز
سۆيگىنىنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى پايدا ـ زىيان سۈرۈشتۈرمەيلا،
ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايلا قوللاش لازىم ئىكەن ـ دە؟ ھەيدى بۇنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. ياكوبقا مەدەت بېرىپ، ۋەرەقىلەرنى
تارقىتىپ يانتاياق بولالايتتى. ئىسىت، نېمىشقا شۇنداق قىلمى-
دى؟ مۇھەببەتنى ئاسرايمەن دەپ نابۇت قىلغىنى نېمىسى؟ ئەمە-
دى بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى بىر ئاخشام بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ ـ دە؟
مانا ھازىر پوچتىدىن ئاتكىرىتكا تاپشۇرۇۋالدى. گۈللەرنىڭ رە-
سىمى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكىنىڭ كەينىگە: «سىزگە كۆپ
رەھمەت، ئون بىرىنچى ئايلىق ئىش ھەققىڭىز ئۈچۈن بانكىغا
ئىككى مىڭ بەش يۈز مارك يوللانماقچى، ھېسابات نومۇرىڭىزنى
تۆۋەندىكى ئادرېسقا يوللاڭ» دېگەن قىسقىلا خەت يېزىلغان،
ئادرېس رەقەملەر بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ ئادرېس كارخانىچى-
نىڭ كافتورىسى بولۇشى مۇمكىن. توۋا، بىكاردىنلا ئىككى
مىڭ بەش يۈز مارك ئەۋەتكىنى نېمىسى؟ كارخانىچى تېخى
ھەيدىنى كۆرمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى كارخانىچى-
غا ئىش قىلىپ بەرمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىشقا رازى-
لىقىمۇ بەرمىگەن تۇرسا، قانداقمۇ بۇ ئىككى مىڭ بەش يۈز
ماركنى قوبۇل قىلغىلى بولسۇن. بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل ساتقۇن-
لۇق. ۋىجدان ئالدىدا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ياكوب ئۆيدە

بولغان بولسا، كارخانچى بىلەن ئېلىشىشقا ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن بولار ئىدى. بۇ ۋەدە ئۇنىڭ قولىدىن كەتكەن خۇشاللىقىنى، مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ كەلگەن بولار ئىدى. لېكىن ياكوب يوق، ئەمدى ئۇنىڭغا كۆز يېشى ھەمراھ.

ئۇ مەقسەتسىزلا تاختاي پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا، تۆۋەنگە بىرنەچچە قېتىم چىقىپ چۈشتى.

ئىنژۋانوك جىرىڭلىدى. ئۇ يۇقىرىدىن ئىككى پەلەمپەينى بىر دەسسەپ ئالدىراپ ئىشىك ئاچقىلى چۈشتى: «ياكوب قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى ياكوبنى ھېچ يەرگە كەتكۈزمەيمەن، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن». ئۇ ھاياجان بىلەن ئىشىك ئاچتى. كەلگۈچى ياكوب ئەمەس، بېئاك خانىم ئىكەن. ھەيدى بېئاك خانىمنىڭ سولغۇن چىرايى، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ خاپىلىقىنى چۈشەندى.

— ھازىرلا ماڭاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ياكوب ئاخشام كەتتى، گاڭگىراپلا قالدىم.

— چۈشىنىمەن. مەن باللارنى يولغا سالدىم، ئۆي ئىشىدىمۇ تۈگىدى. بۈگۈن ئۈچ سائەت دەرسىم بار ئىدى. لېكىن دەرس ئۆتكۈدەك ھالىم يوق. ماركوسمۇ مەندىن خاپا. ياكوب يۇداسنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىۋاپتۇ. يۇداس دېھقان بولغىنى بىلەن باي، سېخىي ئادەم. ئاڭلىغانسىز، يۇداس بىلەن لوميورس قېرى خېلى جىق پۇل چىقىرىپ پاۋىل بىلەن ماركوسنىڭ تەبىئەت ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىغا قارشى ماقالىلىرىنى بىرنەچچە گېزىتكە بىراقلا باستۇرۇپتۇ. تېلېۋىزوردىمۇ بەش مىنۇتلۇق خەۋەر، پاكىتلىق سۈرەتلەر بېرىلىپتۇ. ئۇلار ھازىر كارخانىچىغا پۈتۈن جەمئىيەتنى قارشى قوزغاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا!

ھەيدىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى:

— مەن نېمىشقىمۇ ئىككىلەنگەندىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈمنى

www.uyghurkitap.com

دەپ سىزمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، بېئاك خانىم!

— ئايرىلىپ قېلىش بىلەنلا ئىش تۈگىسە مەيلىدىغۇ، ھەيدى، ئاخشام بىر پارچە تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئادەم قېنى تېمىتىلغان. دېمەك، مەن كارخانىچىغا قارشى دەرھال ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن مەيدانغا چىقىشىم كېرەك. بولمىسا مېنىڭ قېنىم تۆكۈلمەكچى!

— سىزگە بۇنچە ئۆچمەنلىك قىلغان كىم ئىكەن ئۇ، بېئاك خانىم؟

— مەن ئادۋوكات تەكلىپ قىلدىم. ئادۋوكات خىمىيىلىك ئۇسۇل ۋە ئىملا تەكشۈرۈش يوللىرى بىلەن بۇ خەتنى يازغۇچى لومىيورس قېرى دەپ ئىسپاتلىدى.

— بۇ قېرى قىلالايدۇ، ئادۋوكات خاتالاشمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ قىلمىشىغا ئىقرارمۇ؟

— ياق، ئۇمۇ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ مېنىڭ ئادۋوكاتىمنىڭ ھۆكۈمىنى رەت قىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز، بېئاك خانىم؟

— بىلمەيمەن.

— كارخانىچىنى ئەيىبلەپ نۇتۇق سۆزلەڭ، ياكى ماقالە يېزىڭ، ياكى بولمىسا ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا ئۇيۇشتۇرۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز جېنىڭىز ئامان قالىدۇ.

— ياق، قورقۇپ مەيداننى ئۆزگەرتتى دېگەن نامنى ئالغاندىن، قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلگىنىم تۈزۈك.

— نېمە دەيدىغانسىز، بېئاك خانىم. ئۇنداق بولسا ماركوس ئەپەندىگە مەلۇم قىلايلى، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم، بىزگە ياردەم قىلىدۇ.

— ياق، ياق، يۈز تۆكۈلىدىغان ئىشنى زادى قىلمايمەن!

— ئۇنداق بولسا بىز ئىككىمىز كارخانىچىنىڭ ئالدىغا بارايلى. بىزنىڭ جېنىمىزغا، ئائىلىمىزگە كەلگەن پالاكەتنىڭ

ھەممىسى شۇنىڭ زاۋۇتىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇ بىلسۇن. ئۇ ئادەممۇ گېرمانىيىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا باش قاتۇرغۇدەك-قۇ، ئايالالار بولمىسا ئىستىقبال نەدىن بولسۇن؟ ئايالالارنىڭ كۆز يېشى ھەرقانداق نېمىنى ئېرىتىدۇ، يۈرۈك، بېئاك خانىم، شۇنداق قىلايلى.

بېئاك خانىمنىڭ «بىنسى» ماركىلىق ماشىنىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا چىققاندىن كېيىن سائىتىگە بىريۈز سەكسەن بەش كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئۇچتى. بۇ سۈرئەت ئىككى ئايالنى غەم ـ غۇسسىدىن ئازاد قىلىشقا ئاستىلىق قىلماقتا. يېقىنلا يەردىكى شەھەر بوگون يىراقلاپ كەتتىمۇ ياكى قايغۇلۇق ئادەملەر ئۇچۇن جاھاندا قىسقا يول يوقمۇ؟

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. بىنانىڭ پېشانىسىگە ئۇلار كۆرۈشمەكچى بولغان خو-جايىنىڭ ئىسمى شىركەت ئىسمى بىلەن بىللە يېزىلغان. بۇ نام كۇندۇزىمۇ يېشىل ـ قىزىل رەڭلەردە بىر ئۆچۈپ ـ بىر يېنىپ تۇراتتى. ئىككى ئايال لىفت بىلەن سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقىپ خوجايىن ئىشخانىسىنىڭ ئىنرۋانوك كۇنۇپكىسىنى باستى.

ــ سىلەر كىم؟ ــ ئىشىك ئىنرۋانوكىدىن ئاۋاز چىقتى.

ئايالالار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى.

ئايالالار كىرگەندە خوجايىن ئۆزىنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈ-ۋېتىپ سىنئالغۇ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ ئايالالارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئايالالار ئۇن ـ تىنسىز خوجايىن بىلەن بىللە سىنئالغۇ كۆردى، ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر: «يۇندا رەڭ سۇ، سۇ تەركىبىدىكى سار-غۇچ ماددا» بىر بېلىق سارغۇچ ماددا بىلەن ئۇچراشتى ـ دە، سۇ ئۇستىگە لەيلەپ چىقتى. سارغۇچ ماددا بىر يىلتىزغا ماگدى ـ دە، ئېكراندا يوپيۇرماقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان ياغاچ پەيدا بولدى، يەر شارى ئايلاندى، يېشىل جايلار سارغايدى، ئاندىن ئۇچ يۇز نەچچە

www.uyghurkitap.com

مىلىڭ گېكتار دېگەن رەقەم ــ ئۇنىڭ كەينىدىن ناھايىتى كۆپ رەقەم ئېكرانغا يېزىلدى، بۇ رەقەم ھېلىقى ئۈچ يۈز نەچچە مىلىڭ دېگەن رەقەمگە بۆلۈندى ۋە سوئال بەلگىسى قويۇلدى، سوئال بەلگىسى بىردىنلا كۈچلۈك بوراندا ئۆچتى، قۇم دۆۋىلىرى كۆچتى، شەھەرلەرنى باستى، زاۋۇتلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلدى، چاك - چاك يېرىلغان يەرلەر، جان تالىشىۋاتقان، ئۆلگەن، سۆڭەككە ئايلانغان سان - ساناقسىز، خىلمۇخىل ھايۋانلار...

ئاخىرىدا «ئېكراندا يەر شارىنى ۋە ئىنسانىيەتنى گۈللەندۈردىغانمۇ، ھالاك قىلىدىغانمۇ ئىنسان ئۆزى!» دېگەن خەت چىقتى. خوجايىن سىنئالغۇنى ئۆچۈردى - دە، ئاياللارغا قايرىلدى.

ــ مانا، سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلارنىڭ قەھرىمانلىقى، ــ دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ــ ئۇلار ھەممە تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت - ژۇرناللارنى ئىشقا سېلىپ ماڭا ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن بۇ ھۇجۇم گىتلېرنىڭ ئۆز كۈچىنى تولىمۇ ئۇستۇن چاغلاپ، ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش بىر تەلۋىلىك. مەن گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەر ئادەممەن. مەن ھەرگىز چېكەتكە، زەھەرلىك گاز، ئاتوم، ۋودورود بومبىسىدەك قىرغۇچى - يوقاتقۇچى ئەمەسمەن. گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى پۇل بىلەن. بىلەمسىلەر، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيىلەر، نېمىسى بىلەن بىزدىن ئۇستۇن؟ ياكوب، يۇداس، ماركوستەك «ئىنسانپەرۋەر» لىرى بىلەنمۇ؟ ياكى خەلقى ھاۋانى، سۇنى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۇستۇن بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، قەتئىي ياق. ئۇلار پۇلى بىلەن بىزدىن ئۇستۇن. ئۇلار بىزدىن دانا ئەمەس، بەلكى بىزدىن پۇللۇق، بىزنىڭ ھالاكىتىمىز پۇلنىڭ قەدرىنى بىلمىگىنىمىزدە. سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار تارىخنى، پەلسەپىنى، تەبىئەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىقنى بىلگىنى بىلەن ئىقتىسادشۇناسلىقنى بىلمەيدۇ، مەن بۇنى بىلىمەن. گېر-

مانىيىدە بىزدەكلەر ئاز، شۇڭا بىز دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يېرىمىز تۆت دۆلەتنىڭ ھەربىي گېزەرمىسى، گىتلېر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېر- مانىيىنىڭ بوينىغا سېلىنغان ئاسارەت — ۋېرسال سۈلھ شەرت- نامىسىنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىكار قىلىپ گېرمانىيىنى ياۋروپاغا خوجا قىلالىغان. بىزچۇ؟ تېخىچە يالتا قارارى، تېھ- ران كېلىشىمى، سان - فرانسىسكو ئاخباراتى دېگەندەك نەرسى- لەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ ئاسارەتتە ئازغىنا كەم يېرىم ئەسىر تۇردۇق. بىر ئەسىر، ئىككى ئەسىر تۇرىمىز- مۇ؟ گېرمانىيىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى مانا مۇشۇنىڭغا باش قاتۇرۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار!...

— بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى ئەيىبلەشكە ھەققىڭىز يوق! — دېدى بېئاك خانىم تاقەتسىزلىنىپ، — بىزگە دۆلەتنىڭ، مىل- لەتنىڭ شان - شەرىپىمۇ زۆرۈر، لېكىن ھازىر بىزگە كېرەك بولۇۋاتقىنى ئائىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى، شەخسىي غۇرۇر- مىز، بىزگە ئائىلە، بەخت كېرەك. قىسقىسى، ئەرلىرىمىز كېرەك. سىزنىڭ قۇرماقچى بولغان زاۋۇتىڭىز بىزنى بەختتىن مەھرۇم قىلىدىغان بولدى. ھەيدى تول قېلىش ئالدىدا، مېنىڭ باللىرىم ئاتىسىنىڭ ئەقىدىۋازلىقى سەۋەبى بىلەن يېتىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىز راستىنلا ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئالىيجا- ناب بولسىڭىز، بىزنىڭ يېزىمىزغا زاۋۇت قۇرۇش پىلانىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز بىزگە تولىمۇ چوڭ ياردەم قىلغان بولىسىز!

— ھا - ھا - ھا!... بېئاك خانىم! — دېدى كارخانىچى مەرۋايىت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سالغان سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ساددا ئىكەنسىز، گەپنى ئۇچۇق قىلغىنىڭىز ئۈ- چۈن سىزگە رەھمەت. لېكىن مەنمۇ ئەقىدىۋاز. مەنمۇ ئۆز ئەقىدەم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. مەن يۇقىرى ئىش ھەققى

www.uyghurkitap.com

تۆلەپ ئۈچ نەپەر ئادۋوكات تەكلىپ قىلدىم. مەن رادىئو، گېزىت، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى ئۆزۈمگە خىزمەت قىلدۇرالايمەن. مەن ئۇستا قەلەمكەش ياللىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن قۇرىدىغان زاۋۇتلىرىم، ياۋروپا ئورتاق بازىرىدا قولغا كەلتۈرىدىغان ئۈستۈنلۈكۈم، ياۋروپادا، ئاسىيادا رىقابەتچىلىرىمنىڭ ھاياتىغا كەلتۈرىدىغان كۆڭۈلسىزلىك - كرىزىسلىرىم توغرىسىدا ماقالە يېزىۋاتىدۇ. شۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ياكوب، يۇداس، ماركوس، لومېيورسلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەنە شۇ چاغدا ھەيدى خانىم بىلەن بېئاك خانىم بارلىق قايغۇ - ئازابلاردىن خالىي بولىدۇ. ھەيدى خانىم ھازىردىن باشلاپ بىزنىڭ خادىم، ئايلىق ئىش ھەققىڭىزنى ئالغانسىز خانىم. ھە، بېئاك خانىم سىزگە كەلسەك ھېلىقى قان دېغى بار تەھدىت خېتى ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، لومېيورس قېرىنى سىزنىڭ ماركوسىڭىزنىڭ ئۆزى ماڭا تىزلاندۇرۇپ بېرىدۇ؟

كارخانىچىنىڭ بىردە مېڭىپ، بىردە توختاپ تۇرۇپ قىلغان بۇ لېكسىيىسى ئىككى ئايال ئۈچۈن تولىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. بولۇپمۇ ھەيدى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. كارخانىچى ئۇنىڭ ئائىلىسى، مۇھەببىتى، بەختى بىلەن ھېسابلاشمايدىكەن. ھەيدىنىڭ قارىشىچە، ئادەم ھېسسىيات بىلەن قەدىرلىك، باشقىلارنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ ئالىي بەلگىسى. لېكىن كارخانىچى ئۈچۈن شەخسىي ھېسسىيات ئەرزىمەس بىر نەرسىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەيدى بىلەن بېئاك ئۆز ئەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ ئازابتىن خالىي بولارمىش، چۈنكى ئەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھېسابىغا ئاياللىرى ياخشى ئىش ھەققى ئالارمىش؟ بۇ مەغلۇبىيەت ناۋادا جىسمانىي ياكى مەنىۋى ھالاكەت بولسىچۇ؟...

## 5

ياكوب بىردە يۇداس بىلەن بىللە كىتابخانىلاردىن كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئىلمىي يەكۈن، پاكىت ۋە سانلىق رەقەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ماشىنكىدا ۋەرەقە قىلىپ ئۇرۇپ چىقسا، بىردە يىغىنلارغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلەيتتى، بىكار بولسىلا يۇداسنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسىدا تەرلەپ-پىشىپ توك ھەردىسى بىلەن پەن تىلاتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا — كارخانىچىنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش «كۈرىشى»گە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئائىلىسى، ھەيدى توغرىسىدا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدى. يۇداسنىڭ:

— ھەيدى قانداق؟ — دېگەن سوئالىغا قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئۆز ئىشى بىلەن، — دەپلا قويدى. لېكىن ئۇ ھەيدىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى، ئائىلىنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئائىلىغا بىر خىل ئۆچمەنلىك ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇ ماركوستىن بېئاك، ھەيدىلەرنىڭ كارخانىچى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغانىدى. ماركوس گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەسىھەت بىلەن كارخانىچىنى ئىنسابقا دالالەت قىلغىنى مېنىڭچە ساددىلىقى، دېۋىدى، ياكوب ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ:

— ساددىلىقى دېدىڭما؟ ياق، ئەخمەقلىقى، ئاجىزلىقى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى قۇلچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، — دېدى.

— ئائىلىلارنى تازا چۈشەنمەيسەن، ياكوب، — دېدى ماركوس پۇتىغا قاراپ قويۇپ، — ئۇلارغا ئۇنچىلا قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! ئۇلار مېھرىبان، كۆڭۈلچەك، نازۇك.

— ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بۇ گەپلىرىڭ بەلكى ھېكمەتلىك سۆزگە ئايلانغان بولار ئىدى، ماركوس، لېكىن ھازىر

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەرگە بىرىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار بىزگە ئوخشاش، پەقەتلا جىنسىي پەرقى مەۋجۇت. بىر ئەرنىڭ قەلبىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ھەمنەپەس بولالمىغان، ئەكسىچە ئۆز ئېرىنىڭ ئەقىدىسىدىن ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ يۈرگەن ئايالنى سېنىڭ بايىقى قاراشلىرىڭ بىلەن ئاقلاپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن بىرئاك خانىم بىزگە ئاسىيلىق قىلدى، ماركوس، بۇنىڭدىن كېيىن ھەيدىنى ئاقلايمەن دەپ زادىلا ئاۋارە بولما!

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەيدى ياكى بىئاك توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ بولمىدى. ئۇلار ھەدەپ ماقالە يېزىش، تېلېۋىزوردا سۆزلەش، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا ئەرز سۇنۇش، كارخانىچىنىڭ كۆپ خىل ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان قايتۇرما ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئالدىراش، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەن ھېسابلاشماي ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىشتى.

سىم - سىم يامغۇرلۇق، يېشىل جىرالارنى قويۇق تۇمان قاپلىغان دېكابىرنىڭ ئاخىرقى ئەتىگەنلىكى يۇداسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا پاتقاقتا مىلەنگەن بىر كۆك ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن لومىيورس بوۋاي ئىنجىقلاپ چۈشۈپ كەلدى - دە، يامغۇردىن ھۆللەشكەن شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ھىم يېپىقلىق قاشا قاپقىسىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى.

ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ ئالدىراپ - سەندىرەكلەپ ئۆيگە كىردى - دە، تېلېۋىزوردا بىر ئىلمىي فانتازىيىلىك كۆرۈنۈشنى قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان ئۈچ دوستىغا «تاك، تاك» دەپ قىسقىلا سالام قىلدى.

— ياخشى خەۋەر ھەم يامان خەۋەر، — دېدى ئۇ كۆك كۆزلىرىنى ئالايتىپ يىگىتلەرگە قاراپ قويۇپ، — كارخانىچىغا بىرى بارماق قېنىنى بېسىپ خەت يېزىپتۇ. خەتتە ئۇنىڭغا ئۈچ

كۇنگچە زاۋۇت قۇرۇشتىن ۋاز كېچىش بۇيرۇقى بېرىلگەن. دېمەك، ياكى ئۈچ كۇنگچە ئاپەت كېلىدۇ، ياكى ئۈچ كۈندىن كېيىن كارخانىچى بېشىنى يەيدۇ؟ ھە، پاۋىل، نېمىگە قارايسەن؟ چۈشەنمىگۈدەك قانداق گەپ بار ئىكەن؟! كارخانىچى بۇ خەتنى ئېلىپلا قانۇنغا تاپشۇرغان. ئىستراخوۋانىيە ئورۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ جېنىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان، قانۇن ـ ساقچى، ئىستراخوۋانىيە كارخانىچىنىڭ قولچوماقچىلىرى بولۇپ، بىر مۇداپىئەچىلەر ئەترىتى شەكىللەنگەن. مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلار ئىملا، قان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ بىزنىڭ يېزىغا كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچى گۇمانى، ياق، گۇمان ئەمەس، ھۇجۇم نۇقتىسى ئەلۋەتتە بىز. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، بىرىنچىدىن، ياخشى ئادۋوكاتلاردىن ئىككىنى تەييارلاپ قويايلى، ئۇنىڭ خىراجىتى مەندىن بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى «ماشىنا سوقۇلۇش ۋەقەسى» بىلەن ھەل قىلىنىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىككى ـ ئۈچ كۇنگچە سىرتقا چىقمايلى.

— ھەممە ۋەھىمىنى سەن پەيدا قىلدىڭ، لومىيورس! — دېدى ماركوس قاپىقىنى تۈرۈپ، — سەن بېئاكقا تەھدىت خېتى يازمىغان بولساڭ بۇ ۋەھىمە ھەم بولمىغان بولاتتى. ئېيتقىنا، بېئاك كارخانىچىغا قارشى بىرەر ئىپادە كۆرسەتمىسە خېيىمخەتەرگە يولۇقامدۇ؟

— تەھدىت خېتى يېزىشقا پېتىنالىغان ئادەم ئەلۋەتتە بېئاكنى ئاياپ قويماسلىقى كېرەك!

— سەن بوۋاي، راستتىنلا مېنىڭ ئايالىمنىڭ جېنىغا زامىن بولامسىنا؟

— خەتنى مەن يازغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم.

— سەن تېخىچىلا بۇ خەتنى مەن يازمىغان دەپ تۇرۇۋاتامسىنا؟

— ھازىرغىچە ھېچكىم مېنى قارىلاپ ئىسپات كۆرسىتەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ سەزگۈلىرىم ماڭا خاتا خەۋەر بەرمەيدۇ، مەن كېسىپ ئېيتىمەن، بۇ خەت سېنىڭ!

— سېنىڭ سەزگۈلىرىڭ گۇماندىن باشقىغا يارىمايدۇ. گۇمان ئالدى بىلەن ساڭا زىيانلىق، مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ قىممىتى يوق.

— بىلىپ قوي، لومىيورس، بېئاك ھەرگىز خاتا قىلدىم دېمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن. ئۇ بىر تەھدىت خېتى، بىر تامچە قاننى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئۆلۈشكە رازىكى، كۆز قارىشىدىن قايتمايدۇ. سەن بىلىسەن، مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، باللىرىمىز ئۇنىڭسىز قالسا بەختسىز بولىدۇ. تەھدىت خېتىنى يازغان ئادەمنى سەن بىلىشىڭ مۇمكىن. سەن ئۇنىڭغا ئېيت، مېنىڭ، باللىرىمنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلسۇن، ھېلىمۇ خېتىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋەتسۇن، بېئاك بىزگە خائىنلىق قىلدى، لېكىن نېمە ئۈچۈن؟ سەن ئۇنى بىلىسەن، ئۇ بىز بىلەن بىر ئەقىدىدە، لېكىن ھەيدىنىڭ كۆز يېشى، ياكوبنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بىچارە بېئاكنى ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ياكوب بىر كارخانىچىنىڭ ناھەق زەربىسىگە ئۇچراپ ئىشسىز قالدى، لېكىن مۇنۇ يېزا خەلقىنىڭ، ياق گېرمانىيە خەلقىنىڭ، ياۋروپا - دۇنيا خەلقىنىڭ پايدىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئۇنى تىنچ قويمىدى، بۇ ئىش ھەممىمىزنى تىنچ قويمىدى؛ مەن ئۆزۈمنىڭ دىسسېرتاتسىيەمنى تاشلاپ قويدۇم. يۈداس نەچچە يۈز مارك كىرىم قىلىدىغان ئىشنى توختاتتى. ياكوب ھەيدىدىن، مەن بولسام بېئاكتىن ئايرىلغىلىۋاتىمىز. لومىيورس، سەنمۇ ئىشىڭنى تاشلىدىڭ، نۇرغۇن پۇل خەجلىدىڭ، لېكىن مېنىڭ ئۈمىدىم ئادەم ئۆلمىسۇن. مەيلى كىم بولمىسۇن ھايات قالسۇن، بىز قانۇنىي يول بىلەن، گەپ - سۆز، دەۋا - دەستۇر، مۇنازىرە يولى بىلەن ئىشنى ئاخىرلاشتۇرايلى!

— مەن ماركوسنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن! — دېدى يۇ-

داس، — ئىشنىڭ يولى شۇ، لېكىن...
— لېكىن، — دېدى ياكوب يۇداسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن كارخانىچىغا تەھدىت خېتى يازغۇچىنى قوللايمەن، بىز ئۇنى سىلەر دېگەن يول بىلەن يېڭەلەيمىز. چۈنكى بىزدە ئۇنىڭكىدەك پۇل يوق!

— گېرمانىيىدە پۇلدىن باشقا ھەقىقەت يوق دەمسىنا؟ — دېدى يۇداس خاپا بولۇپ، — مەن پارلامېنتقا، شتات باش مىنىستىرىغا، بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پروفېسسورلىرىغا ئايرىم - ئايرىم خەت يازدىم، بىزنى قوللايدىغانلار چوقۇم كارخانىچىنى قوللايدىغانلاردىن كۆپ!

— يۇداسنىڭ پىكرى توغرا! — دېدى ماركوس دەرھال ئۇنى قوللاپ.

— ئارىمىزدىن يەنە خائىنلار چىقىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى لومېيورس ئاشخانىدىن بىر رومكا ھاراق ئاچىقىپ، — خائىنلارنىڭ جاجىسى قان، قان تۆكۈلمىسە ئېلىنىشىش دېگەننىڭ مەززىسى بولمايدۇ! مەن ياكوبنى قوللايمەن، كارخانىچىنى سۆز بىلەن ئەمەس، قان بىلەن يېڭىش كېرەك!

## 6

پۈتۈن دۆلەتنى خۇددى بەدەندىكى قان تومۇرلاردەك چىرمىۋالغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللاردا كېچە-يۇ كۈندۈزلەپ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەن ماشىنىلار چېپىشىپ يۈرۈشىدۇ. بۇ ماشىنىلار مىڭلارچە ئەمەس، تۈمەن ياكى يۈزمىڭلارچىمۇ ئەمەس، مىليونلارچە! شۇڭا ھەر يىلى بۇ يوللاردا سادىر بولىدىغان قاتناش ۋەقەلىرى (پاجىئەلەر) نەچچە ئون مىڭ قېتىمغا يېتىدۇ. بۇ گۈزەل، راۋان، نۇرلۇق يوللاردا ماشىنا چاقى بىلەن ئاسفالت سۈركىلىشىدىن زور مىقداردا كادمىي پەيدا بولۇپ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئاليۇمىن قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن ھاۋاغا ئارىلىشىپ
ھاياتقا تەھدىت سالغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن بەختلىك ئادەملەر-
نى بەختسىز قىلىدۇ. ئات ياكى ھارۋا ماڭغان توپىلىق يوللاردا
ئون يىلدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان بەختسىزلىكلەر مۇشۇ يۇقىرى
سۈرئەتلىك يوللاردا بىر كۈن ياكى بىرنەچچە سائەتنىڭ ئىچىدە
سادىر بولىدۇ - دە، يۈگۈرۈك ماشىنىلارنىڭ مەخسۇس قاتناش
خەۋەرلىرىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئاڭلىتىدىغان رادىئو كانايلىرىدىن
بۇ بەختسىزلىك توغرىسىدا قىسقا، ئېنىق خەۋەر ھەر كۈنى
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. غەرب يوللىرىدىكى بۇ پاجىئەلەرنى پاكار
ئۇچىدىغان بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ماشى-
نىسىنىڭ ماڭغان تەرىپىگە قاراپ ئادەملەر ئوڭايلا بىلىۋالىدۇ -
دە، ماشىنىلىرىغا تورمۇز بېرىشىپ «ئاۋارىيە» نىڭ ئۆتۈپ كې-
تىشىنى بىرنەچچە مىنۇت سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتىدۇ. يول
ئېچىلغاندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا پاجىئە توغرىسىدىكى
بىرەر خەۋەر كىرىپ چىقمايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن يۇقىرى سۈرئەت-
لىك يوللار بەخت يولى، ھايات يولى، ئىنسانىيەتنىڭ XX
ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قەدىمي، تۇرمۇش رىتىمى
بولۇپ تۇيۇلۇۋېرىدۇ.

لوميورس بوۋاي ماشىنىسىغا يېتەرلىك ماي قاچىلاپ يۇقى-
رى سۈرئەتلىك يوللاردا ئالتە سائەتتىن بېرى چېپىپ يۈرىدۇ.
ئۇ ماشىنا سۈرئىتىنى بىريۈز سەكسەن كىلومېتىردىن زادىلا
چۈشۈرمىدى. دېمەك، مىنۇتىغا ئۈچ كىلومېتىردىن كۆپرەك
يول ماڭدى. ناۋادا ئۇ ۋەتىنىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتمەك-
چى بولغان بولسىدى، بۇ چاغقىچە بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئاز
قالغان بولار ئىدى، لېكىن ئۇ ئالتە سائەتتىن بېرى ئارىلىقلىرى ئىككى
يۈز كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان ئۈچلا شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرمەكتە.

ئۈچ شەھەر ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ تۈگۈچى، تۇرمۇشى-
نىڭ باشلانغان، گۈللەنگەن، ئاخىرلاشماقچى بولغان ئۈچ تۈگۈنى.

بۇگۈن تۇغۇلغان شەھىرىگە ئۈچ قېتىم باردى. شەھىرى لومىيورس كىچىك ۋاقتىدا كۆرگىنىدەك: ئاستا ئاقار دەريا، قىزىل خىشلىق ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر، تاش ياتقۇزۇلغان دەرەخسىز، تار كوچىلار··· ئوقۇغان، قىزلارنىڭ كەينىدىن چاپقان شەھەرچۇ؟ قەرەللىك ئۇرۇلىدىغان چېركاۋ قوڭغۇرىقى، چېركاۋغا كىرىدىغان قاراڭغۇ كارىدورلۇق تاش دەرۋازا يەنە بۇرۇنقىدەك. بۇ خىلۋەت، بۇدۇر ـ چوقۇر تاش تاملارغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قىزلارنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى ئويناش ئەجەب كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن لومىيورسنىڭ ياشلىقىدا ئۆگەنگىنى تولىمۇ ئاز ئىدى. ئۇ «گىتلېرچى ياشلار ئىتتىپاقى»غا قاتنىشىپ يېزىلارغا چۈشۈپ چېنىققان ۋاقتىنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم شۇ چاغدا ئاننا بىلەن ھاياتتىن رازى بولغانىدى. ئاننا ھامىلىدار بولۇپ قالغىنىدا لومىيورس ئەسكەر سېپىدە ئىدى. ئەسكەرلىكتە ئۇ گېرمانىيە بىلەن فىيورىردىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. شۇ ئىككىسى ئۈچۈن ياشاش، قۇربان بولۇش ئۇنىڭ بۇرچى ئىدى. لېكىن لومىيورس قۇربان بولۇشنى خالىغان بىلەن ئىلاجى بولمىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن گېرمانىيە بىلەن فىيورىرنىڭ ئۆزى ھالاك بولدى ··· ئۇ ئىلبا دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىنمۇ ئۈچ قېتىم ئۆتتى. دەريا سۈيى قارامتۇل، بېتى سوپۇن كۆپۈكىدەك كۆپۈكلەر بىلەن تولغان، لومىيورس يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت مەزگىلىدە مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان. گەرچە ئۇلار بېرلىنغا يۈرۈش قىلغان بۇ بىرلەشمە ئارمىيىنى توسۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئۆز يېرىدە كەلگۈندىلەرگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى···

مانا ئەمدى لومىيورس بىر دورىگەر. ئۇرۇش ئاخىرلاشمىغان، گېرمانىيە تەسلىم بولمىغان بولسا، لومىيورس بەلكى دورىگەرمۇ بولالمىغان، مىلتىق ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيد-

www.uyghurkitap.com

غان، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قولى تىترىمەيدىغان ئادەم بولۇپ ياشاۋەرگەن بولارئىدى. لېكىن لومىيورس يېڭىلانغان دۇنيادا قىرىق نەچچە يىل ياشىدى. ئۇ دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدى. گېرمانىيىنىڭ خارابىلىكتىن ئۈمىلەپ قوپۇپ قەد كۆتۈ-رۈشى ئۇچۇن ئۇ كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنىڭ مەنىسىنى شۇ چاغدا، يەنى گۈزەل ياشلىقى كەلمەسكە كەتكەن چاغدىلا چۈشەن-دى. بۇ چۈشەنچە «گېرمانىيە ئۇچۇن، فىيورىر ئۇچۇن ئۆ-لۈش» دېگەن چۈشەنچىدىن چوڭقۇر كەڭ مەنىگە ئىگە. ئۇ هازىر هايات — ئىنسانىيەت، تەبىئەت ئىككىسىنىڭ نورمال پائالىيى-تى، ساپلىقى بىلەن گۈللىنەلەيدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. گەرچە بۇ چۈشەنچىنى ئۇ ياشاۋاتقان تۇرمۇش، ياكوب، يۇداس، مار-كوستەك دوستلىرى ئۇنىڭ ئېڭىدا پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بۇ چۈشەنچە هازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ...

كۆل رەڭ، يالتىراق ماشىنا يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا مانا يەتتە سائەتتىن بېرى چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ رولدا يۇقىرى-قى سەرگۈزەشت ۋە خىياللارنىڭ ئىگىسى يۈڭلۈق قوللۇق، ئاق چاچلىق، غوزمەك قاش، قويۇق بۇرۇتلۇق، كۆك كۆزلۈك بوۋاي — لومىيورس سەزگۈرلۈك بىلەن ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ يوغان كۆك كۆزلىرى يانداپ ئۆتكەن هەربىر ماشىنىغا دىققەت بىلەن قاراپ قويىدۇ. يولنىڭ قاسنىقىدىكى ماشىنا چىرىغىدىن نۇر ئېلىپ يولنى يورۇتىدىغان ئەينەك چىراغلار قاراڭغۇنى كۈن-دۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغاچقا، يانداپ ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ ئىگى-لىرى ئۇنىڭغا ئېنىق كۆرۈنەتتى... مانا تونۇش قارا ماشىنا «بېنسى» ئۇنى يانداپ ئۆتتى. ئۇ كارخانىچىنىڭ قىسقا چاچ، قىزىل - يالتىراق يۈزلۈك چىرايى، ماشىنىسى بىلەن رەڭداش كاستۇم - بۇرۇلكىسى، سۇر گالستۇكىنى ئېنىق تونۇدى. كارخانىچى هەتتا لومىيورسقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. لومىيورس ئۇنىڭ مەغرۇر چىرايىنى كۆرۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. لوم-

يورس ماشىنىسىنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇردى. «كەينىدىن قوغلاپ
يېتىپ ماشىنا بىلەن ئۇرۇش كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ سۇر-
ئەت ئىستىرېلكىسىنىڭ بىريۈز توقسانغا چىققانلىقىغا قاراپ قو-
يۇپ، — ياق، مەن بېئاك بىلەن ئۇچراشماقچىدىمغۇ؟ مەن ئۇ
مەغرۇر، تەرسا خوتۇنغا خائىنلىق قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى كۆر-
سەتمەي تۇرۇپ ھالاك بولىمەنمۇ؟ ياق، مەن بېئاك بىلەن بۇگۈن
جەزمەن ئۇچرىشىمەن! ···»

ئۇنىڭ ماشىنىسى كارخانچىنىڭ ماشىنىسىغا يېقىنلاشتى.
دەل شۇ پەيتتە، ۋىۋىسكا يېزىلغان يان يولدىن بىر قىزىل ماشىنا
ئوقتەك ئۇچۇپ چىقتى - دە، كارخانچىنىڭ ماشىنىسىغا كۈچ
بىلەن ئۇرۇلدى. ئىككى ماشىنا ئوت، دەھشەتلىك ئاۋاز ئىچىدە
كاللا - موللاق بولۇشتى - دە، بىرى ئوتتۇرىسىدىكى توسۇققا،
يەنە بىرى بېرىقى قىرغاققا ئۆرۈلدى. لوميورس ماشىنىدىن
قاڭقىپ چىققۇچىنىڭ قىسقا، بۇدۇر چاچلىرىنى تونۇغاندەك قىل-
دى. غىل - پال كۆرۈنگەن بۇ باش كۈچ بىلەن قاڭقىپ چىقىپ
سېمونت قىرغاققا ئۇرۇلدى - دە، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا
قىپقىزىل قان ئېقىپ چىقتى. لوميورس چاققانلىق بىلەن ئىككى
ماشىنا ئۇرۇشقاندىن كېيىنكى پۇرسەتتە قان كېچىپ ئۆلاردىن
ئۆتۈپ كەتتى. سېكۇنت ئارىلىقىدا پاجىئەنى كۆردى - دە،
ئۇچقاندەك ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بەش مىنۇت ئۆتمەي
ماشىنا رادىئو كانىيىدىن ئاپتوماتىك خەۋەر تارقاتقۇچى تۆۋەندى-
كىنى خەۋەر قىلدى: «··· شەھەردىن يىگىرمە يەتتە كىلومېتىر
ئون ئۈچ يېرىم مېتىر يىراقلىقتا قاتناش قائىدىسىگە ئاشكارا
بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى قىزىل ‹×××› ماركىلىق ماشىنا
ھەيدىگۈچى ئايال ئۆز ماشىنىسى بىلەن ‹بىنسى› ماركىلىق
‹0736› نومۇرلۇق ماشىنىغا كېلىپ ئۇرۇلدى. ھەر ئىككى
ماشىنىنىڭ ئىگىلىرى ئۆلدى، ماشىنىلار كۆيۈپ كەتتى. يولۇ-
چىلار ئۆز ئورۇنلىرىڭلاردا يىگىرمە مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭلار،

يىگىرمە مىنۇتقىچە بۇ يولدا قاتناش توختىلىدۇ.»
— ھەيدى! — دەپ ۋارقىرىدى لومىيورس غەزەپ بىلەن، — مەن قىلىدىغان ئىشنى نېمىشقا تارتىۋالىسەن!
ئۇ چارچىغان، روھسىزلانغان ھالدا يۇداسنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ مەست ئادەمدەك ئىشىك قوڭغۇ-رىقىنى قايتا - قايتا قوپاللىق بىلەن باستى.
ئۆيدە ئۈچ ئاغىنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. تېلېۋىزور ئېك-رانىدا قانغا بويالغان ئىككى جەسەت، كۆلگە ئايلانغان ماشىنىلار كۆرۈنمەكتە.
ئاغىنىلەر جىمجىت، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا غەلىبە شادلىقى يوق ئىدى.
— ھەيدى! — دەپ ساقىلىنى چاڭگاللىدى ياكوب.
— نېمىشقا مەن سېنى ئۆلگەندىن كېيىن چۈشىنىۋاتىمەن - ھە؟
— ئۇ بىزنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى!
— ياق، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن!
— ياق، ھەقىقەتنى قوغداش ئۈچۈن!
— ياق، مۇھەببەتنى قوغداش ئۈچۈن!
— ھەممىسى بىر گەپ! — دېدى لومىيورس بىر ئىستاكان ھاراقنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كۆتۈرۈپ!
تېلېۋىزىيە دىكتورى سۆزلىمەكتە:
«كارخانىچى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. قاتىل ئۆزد-مۇ ئۆلگەن. لېكىن خەلقئارا رىقابەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قابىلىيەتلىك، ۋىجدانلىق، ياش كارخانىچىنىڭ قاتىللىرىدىن ھايات تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ بار. گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان كارخانىچىنىڭ بۇ دۈشمەنلىرى سۈرۈش-تۈرۈلىدۇ...»
يۇداس تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى. ياكوب ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ھەممە ۋەرەقىلەرنى كۆيدۈرەيلى! — دېدى يۇداس قەغەزلەرنى غىجىملاپ!

— ياق، — دېدى ماركوس ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — بۇ قەغەزلەر بىزنىڭ ھالال ئىشىمىزنىڭ ئىسپاتى، بۇلار تارىختىن ئورۇن ئالىدۇ!

— قورقماڭلار، — دېدى لومىيورس، — ئەمدىكى قان تۆكۈش ئۆچرىتى مېنىڭ، مەن قېرى جېنىم بىلەن سىلەرنى قوغدايمەن!...

— نۆۋەت بېئاكىنىڭ ئەمەسمىدى؟ — ماركوس بوۋايدىن سورىدى.

— ياق، ۋاز كەچتىم، — دېدى لومىيورس، — ھېلىقى تەھدىت خېتىنى مەن يازغان، ئۇ ئەمدى ئىناۋەتسىز!

— ھەيدى! — دەپ ۋارقىرىدى ياكوب، — مېنى ئەپۇ قىلغانمىدىڭ زادى؟

— يىغلىما، ئۇ ھەقىقەت ئۇچۇن ئۆلدى؟

— ياق، مۇھەببەت ئۇچۇن ئۆلدى!

— ئىككىسى بىر گەپ، — دېدى ماركوس سالماق بىلەن، — ھەقىقەت بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلمىغىنى بىلەن، ئىككىسى بىر گەپ!

— مەن ھەيدىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقىمەن! — دېدى يۇداس ياشلىق كۆزىنى سۈرتۈپ، — ھازىر بۇ ئىشنى باشلايمەن!

— ئاھ، بېئاك نېمە بولۇپ كېتەر، بالىلىرىمچۇ تېخى! — ماركوسمۇ كۆز يېشىنى سۈرتتى، ئۆلار يىغلاشتى، بۇ ھېكايە ياكوبنىڭ گېپى بىلەن ئاخىرلاشتى:

— بىز ئىشسىز، شۇڭا قىلىدىغان ئىشىمىز ھەممىدىن كۆپ!

1987 - يىلى بېرلىن، 1988 - يىلى ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى تورىنىسى

# ئىنساپ

— خۇدادىن تۆۋەن، پەيغەمبەردىن يۇقىرى
بىرنېمە بار، ئۇ نېمە؟
— ئۇ — ئىنساپ!
(ھەدىستىن)

## 1

مەككە ـ مۇكەرەمە شەھىرىنىڭ «ئىبراھىم خېلىلۇللا كوچىسى» ئۆزىنىڭ ئاۋات دۇكانلىرى بىلەن مەشھۇر. بۇ دۇكانلارغا خىلمۇخىل ماللار تولغان. بۇ كوچا يەنە ھەج كۈنلىرىدە كېچەيۇ كۈندۈز ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئېھراملىق، كۈنلۈك تۇتۇشقان مېھمانلىرى، قۇيرۇقى ئۇزۇلمەس ماشىنا سەپلىرى بىلەن باشقا كوچىلاردىن پەرقلىق. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كېلىشكەن ھاجىلار بۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بايىقى دۇكانلاردىن شۇنچىلىك كۆپ مال سېتىۋالىدۇكى، دۇكاندارلار بۇ كۈنلەردە بۇ يىللىق پايدىنى بىراقلا تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ كۈنلەرنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدۇ. بۇ كۈنلەرنىڭ بىر مىنۇتىنىمۇ زايە قىلماسلىق ئۈچۈن ھەرقانداق مۇھىم ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ تىجارەت قىلىشىدۇ؛ ئۇلار دۇكانلىرىغا خىزمەتچى ياللىۋالغانلىقى سىرتىدا، ئۆزلىرىمۇ كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئەللىك نەچچە گرادۇسلۇق ئىسسىقتا سودا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزدنى ئارانلا داياپ ماڭالايدىغان قېرىلارمۇ سالقىن ئۆيلىرىدە يېتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ بىر ـ ئىككى ئايدا تاپقان پۇلى

بىلەن قالغان كۈنلىرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزىدۇ ـ دە، كېلەر يىلى شۇ مەزگىلگىچە بۇ لەززەتلىك كۈنلەر توغرىسىدا ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ.

ھەر خىل ماللار — رەخت، چامادان، ساندۇقلار بىلەن تولغان دۇكاننىڭ خوجايىنى سەكسەن ئىككى ياشلىق ياقۇپ ھاجىم بۈگۈن نېمە ئۈچۈنكى خېرىدارلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ خېرىدارلار بىلەن باھا تالاشمايلا «ئاخىر كالام، ئاخىر كالام!» دەيدۇ ـ دە، خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. چايداندا چېيى لىق تۇرسىمۇ نېگىر يىگىتنى «چاي ئەكەلمىدىڭ» دەپ كايىپ قويىدۇ، ئىشىكى ئالدىدىكى سايىۋەن چۇشۇرۇكلۇك تۇرسىمۇ، بېشىدىكى قىزىل يوللۇق ئاق ياغلىقىنى كۆزىگە تارتىپ قويۇپ ئىسسىقتىن زارلىنىدۇ. ئۇ پات ـ پاتلا چاقماق بومبىزىن «يوپكىسى»نى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ـ دە، يولغا قارايدۇ. ھېلىدىن ـ ھېلىغا «ئۇھ» تارتىدۇ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ نېگىر يىگىت بىلەن قىلىشىدىغان چاقچىقىمۇ، تىلەمچى نېگىر ئاياللىرىغا قىلىدىغان مەردلىكىمۇ، بېشىغا مېۋە سېۋىتى قويۇۋېلىپ دائىم كېلىدىغان مېۋىچىگە قىلىدىغان زاكازلىرىمۇ بۈگۈن يوق. نېگىر خىزمەتچىسى ئۆز خوجايىنىغا ھەيران. ھەر يىلى بۇ يىگىت مۇشۇ بوۋاينىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئۇ بوۋايدا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى ئىلگىرى كۆرگەن ئەمەس ئىدىغۇ، بۈگۈن بوۋايغا نېمە بولدىكىنە؟

بوۋاي ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ يولۇچىلارغا بىرمۇبىر قارايدۇ. بولۇپمۇ قارا گىرىپ بىلەن پۈتۈن بەدىنى چۈمكەلگەن ئاياللارغا سىنچىلاپ قارايدۇ ـ دە، ئۇلار ئارىسىدىن ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان بىرىنى ئىزدەيدۇ. بۇ ئاياللار ئۇنىڭ دۇكىنىغا ئەگىمىگەندىن كېيىن ئۆزىچىلا غودۇڭشىپ: «تېلېفون كەلگىلى

ئىككى سائەت بولدى، ئەجەب ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدا!»
دەپ قويىدۇ. «پۈتۈن دىققىتىنى پۇل تېپىشقا قارىتىدىغان بۇن-
داق قاتىلاڭ چاغلاردا بوۋاينىڭ خىيالىغا نېمىلەر كىرىۋالدىكى-
نە، بۇ قانداق سىرلىق ئىشكىن؟» نېگىر خىزمەتچىسى ھەيران
بولۇپ ئۆزىدىن سورايدۇ.
بوۋاينىڭ بۈگۈنكى تاقەتسىزلىكىنىڭ سىرىنى بىلىشكە قى-
زىققان نېگىر يىگىت ئەمدى ئۆز خوجايىنىنىڭ ھەربىر ھەرىكى-
تىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى: بوۋاي ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ
تارتىدۇ، يېنىدىكى كونىرىغان سومكىدىن ئاق قولياغلىقىنى
ئالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا تۈگۈلگەن بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك
بىلەن بىر جۈپ تىللا كۆزلۈك ئۈزۈكنى تىترەپ تۇرغان قوللى-
رى بىلەن سىلاپ قويىدۇ. بوۋاي بىر ئايالغا ئاشىق، ئۇنىڭ
تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقىنى شۇ ئايال ئىكەن، دەپ ئويلىدى
بەدىنى كۆمۈردەك قارا، چاچلىرى كۈچا مەريەسىدەك بۇدۇر،
ئۈزۈن ئاق كۆڭلەك كىيگەن نېگىر يىگىت خۇشال بولۇپ.
شۇنداق، ئۇ بىر ئايالنى كۈتمەكتە. ئايال بايا ئۇنىڭغا
تېلېفوندا: «دۇكانلىرىغا بېرىپ ئاخىرقى جاۋابىمنى بېرىمەن»
دېگەنىدى. ئايالارنىڭ بۇنداق ئاۋازى يىگىرمە ئىككى يىلدىن
بېرى ئۆزىگە ھەمراھ تىلەپ «ئىستىقامەت» تە ئولتۇرغان ئادەمنى
ھاياجانغا سالمايتىمۇ ئەمىسە؟
بوۋاي تاقەتسىزلىنىپ سائىتىگە قارىدى. مانا يەنە يېرىم
سائەت ئۆتتى: «يالتايدىمۇ يا؟ مەندىن ياشراق، مەندىن بايراق
بىر لايىق چىقىپ قالدىمۇ يا؟» بوۋاي ئەنسىزلىك بىلەن شۇلارنى
دېدى - دە، نېگىر يىگىتكە ۋارقىرىدى:
— ئابابەكرى، ئۆتكەندە بىز بارغان ھېلىقى بۇخارىنىڭ
ئۆيىنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن.
— ماشىنا بىلەن شۇ يەرگە بارغىن - دە، ھېلىقى بىزگە

تاتلىق چاي قۇيۇپ بەرگەن دۇكاندار بوۋايغا، ھە، ھېلىقى رادى-ئو، تېلېۋىزور، فىڭدىيون ساتىدىغان بوۋاي شۇ. شۇ بوۋايغا ئېيت، ھېلىقى مېھماننى سېنىڭ ماشىناڭغا سېلىپ قويسۇن. مېھمان بۇ يەرگە كېلىشتىن يالتايغان بولسا سەۋەبىنى ئېنىق بىلىپ كەلگىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەپ باقە، مەن نېمىلەرنى تاپىلىدىم؟

بوۋاينىڭ ئەرەبچە سوئالىغا نېگىر يىگىت ئەرەبچە جاۋاب بىلەن خوجايىنىنىڭ يۇقىرىقى تاپشۇرمىلىرىنى قايتا تەكرارلاپ چىقتى. نېگىرنىڭ ماشىنىسى ئەگىمىدىن ئۆتۈپ تونىلغا كىرگۈ-چە بوۋاي قاراپ تۇردى - دە، ئۇ كۆزىدىن يىتكەندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

دىلىمنىڭ مىسلىدا بىر دىلنى تاپسام،

مېنىڭ دەردۇ ھالىمنى بىر ئېيتىۋالسام ...

«ئاھ، سەكسەندىن ئاشقاندا بېشىمغا ئىشق سەۋداسى چۈش-كىنى نېمىسى؟ ياشلىقىمدا پۇل - دۇنيادىن باشقىغا ئاشىق بولمىغانىكەنمەن. مانا ئەمدى پۇل - دۇنياغا قانغانمەن، ئاشىقى - بىقارارلىق ئۆمۈرنىڭ كەنجى كۈنلىرىگە نېسىپ بولغانىكەن - دە! بۇ كۈيۈرلۈق، نەپسانىيەتلىك بولماسمۇ؟ ...»

ئۇ يەنە شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

گۇناھىڭ بولمىسا زەررى چىگىتتەك،

ياتارسەن گۆردە يېڭى ئۈيلەنگەن يىگىتتەك!

«يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىت قانداق بولىدۇ؟ ھەي نۇرنىسا خېنىم، سىزنىڭ قارارىڭىز بۇنىڭغا جاۋاب بولالايدۇ! ...»

ئۇنىڭ پۈرلەشكەن، تېرىلىرى ساڭگىلاپ قالغان يۈزلىرى-دە، خۇنى ئازايغان ئۇمىدلىك كۆزلىرىدە مۇھەببەتنىڭ تەپتى بىلەن بىر خىل جانلىنىش، بىر خىل ئويغىنىش پەيدا بولدى. بۇنى ھېچكىم سەزمەيدۇ، بىر ئادەم، يەنى ئۇنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تېپچەكلىگەن يۈرىكىلا سېزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

## 2

بوۋاي ھەر كۈنى كەچ سائەت ئوندىن كېيىن دۇكان تاقاي-
تى. بۈگۈن سائەت سەككىز بولمايلا دۇكىنىنى تاقاشقا بۇيرۇق
بېرىپ ئۆزى ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئون نەچچە
يىلدىن بېرى ماشىنا ھەيدەپ كېلىۋاتقان قوللىرى بۈگۈن بىر
كۈندىلا ماغدۇرىدىن قالغاندەك رولنى تەستە بۇرايتتى. پۇتلىرى-
مۇ ھېچ قولاشمايتتى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىدا قىزىل چىراغقا
قاراپ بىردەم تۇردى ـ دە، بىردىنلا ماشىنىسىنى يان كوچىغا
بۇردى. بۇ كوچا بىلەن شىمالغا كېتىدىغان يورۇق تونىلغا
چىقتى ـ دە، ئۇدۇللا بارىدىغان جاي — دوستىنىڭ ئۆيىگە
ئايلىنىپ بارماقچى بولدى. ئۇنىڭغا يۇرتىدىن كەلگىنىگە بىر
يىل بولغان بۇ ئايالنى تاپقانمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆيىدە بىر
قېتىم يۈز كۆرۈشتۈرگەنمۇ مۇشۇ دوستى — ئىبراھىم ھاجى
ئىدى. ئىبراھىم ھاجى دوستىغا لايىق تاپمىغان بولسا، ئەللىك
يەتتە ياشلىق بۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس بېجىرىم، چىرايلىق
چىراي ـ ھۆسنىنى ئۆز ئۆيىدە بوۋايغا كۆرسىتىپ كوزا ـ
كوزاڭ قىلمىغان بولسا، بوۋاينىڭ كۆل سۇيىدەك تىنچ تۇرمۇ-
شىدا بۇنداق داۋالغۇش بولمىغان، ئۇنىڭ خۇدا بىلەن ئوقەتتىن
باشقىنى يادلىمايدىغان قەلبىگە بىر ئايالنىڭ سىماسى مۇنداق
كىرىۋالمىغان بولاتتى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇنى تىنچ قويمىغان
دوستى ئىبراھىم ھاجىنى قانچىلىك ئەيىبلىسىمۇ ھەق. ئۇنىڭ
تاپقان لايىقى بوۋاينىڭ ئىچىگە بىر پارچە ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
مانا ئەمدى نېگىر يىگىتتىن: «ياتلىق بولمىغۇدەكمەن» دېگەن
تېتىقسىز جاۋابنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بىر زەھەر، بىر
خەنجەر، بىر ئوق ئەمەسمۇ؟ يېشى سەكسەندىن ئاشقان ئادەمنىڭ
ئاجىز يۈرىكى بۇنداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەيتتىمۇ ـ ھە؟

ئۇ ئىبراھىم ھاجىنىڭ سەككىز قەۋەتلىك بىناسى ئالدىغا كېلىپ ماشىنىسىنى توختىتىشى بىلەن، كەبە تەرەپتىن ھەيۋەتلىك ئەزان ئاڭلاندى. بوۋاي ماشىنىدىن ئالدىراپ، لېكىن تەستە چۈشۈپ ئىبراھىم ھاجى مەسچىتىنىڭ تەرەت ئالىدىغان زالىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ زالدا دوستىغا ئۇچراپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياقۇپ ھاجى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىبراھىم ھاجى!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار «ئىستىنجا» ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار زالدىن بىللە چىقىشتى.

— قانداقراق؟

— ئىنشائاللا!

— نامازدىن كېيىن ئۆيگە كىرەرسەن؟

— ئەلھەمدۇلىللا!

دوستىنىڭ قىسقا جاۋابلىرىدىن ئىبراھىم ھاجى بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزدى. لېكىن گەپ قىلىشقا بولمايتتى. ياقۇپ ھاجى خۇپتەننىڭ سۈننىتىگە قولاق قاقماقتا.

ئىمام پەرھىزنى باشلىدى. ئىمام «ئەلھەمدۇ» نىڭ ئاخىرىدىكى «ۋالەز زالىن» نى سوزۇپ ئوقۇغاندا، ئەرەب ئادىتىدە پۈتۈن جامائەت تەڭلا «ئامىن» دەپ ئىمامغا ئەگىشىپ توۋلايدۇ. ياقۇپ ھاجى بۈگۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇنداق قاتتىق توۋلىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىبراھىم ھاجى چۆچۈپ كەتتى. نامازدىن كېيىن ئىبراھىم ھاجى دوستىدىن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ، نېمانچە توۋلايسەن بايا؟

— نېمە قىلغان بولساڭ شۇ بولدۇم.

— نېمە قىلدىم زادى؟

— سارالڭ قىلدىڭ.

— نۇرنىسا خېنىمنىڭ جاۋابى مۇجمەل بولدىمۇ؟

— قۇرسۇن خېنىمىڭ، — دېدى ياقۇپ ھاجى ھاسىسىنى

www.uyghurkitap.com

يەرگە ئاچچىق بىلەن ئۇرۇپ. ئۇ دوستىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ
شېئىر ئوقۇدى:

ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانى ئەلدۇر،
گەر مىڭ يىل ئەمەل دەپ قىلسىمۇ يەلدۇر.

ئىبراھىم ھاجىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ دوستىغا ئورۇنسىز كايىغىنى ئۈچۈن ئالايدى.

— ئېيتقىنا، يۇرتتىن چىققاندىن بېرى قىرىق بىر يىل بىللە ئىبادەت قىلىپ، بىللە ئوقەت قىلدۇق. بىر - بىرىمىزنى ئالدىمىدۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ رىزقىغا كۆز ئالايتماي، بارنى تەڭ تالىشىپ يەپ، بىللە پۇل تاپتۇق، نەۋرىلىك بولدۇق، قېرىغاندا سەن بويتاق قالدىڭ!

قادالسا بىر تىكەن، يا چۈشسە بىر قىل،
ئىرادىسىز ئەمەس يىراق - يېقىن بىل.
ئىرادە قىلسا ئۇ ھەيىۋ تاۋانا،
قىلۇر بىر لەمزىدە بىلمەس نىدانا!

ھەر ئىش ئىرادە بىلەن بولىدۇ. ئىگىسى ئالەمدىن، ئىنساندىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن قەلەمنى ياراتقان. بارلىق يارالغۇچىنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى شۇ قەلەم ئاللىقاچان پۈتۈپ بولغان. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ئىشق سەۋداسىنى ئەلۋەتتە ئىگىسى سالغان. مەندىن رەنجىسەڭ، ئۆز دوستۇڭنى: ئەقىدە بىلمىگەن شەيتان، قىلغان ئىبادىتى شامال، دەپ ھاقارەتلىسەڭ، بۇ قىلغىنىڭ كۇپۇرلۇق، شەرەكەلىك ئەمەسمۇ؟

ياقۇپ ھاجى دوستىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇنىڭ گەپلىرى يوللۇق، ھەق گەپ!

— سۇبھانالللا!... — ياقۇپ ھاجى سۇرە ئوقۇپ تۇۋا قىلدى، — سەۋەنلىك ئۆتتۇلدى، گېپىڭ دۇرۇس. ئېيتقىنا، بۇ سەۋدانىڭ داۋاسى زادى نېمە؟

— ئۆيلىنىش! — دېدى ئىبراھىم ھاجى دوستىنى ئۆي-

نىڭ بىرىنچى قەۋەتىدىكى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ، — قېنى ئولتۇرغىن، مەن ساڭا مەسلىھەت بېرىمەن. ئايالىڭمۇ ساڭا كۆڭلى بار. سېنىڭ چىرايىڭغا، خۇلقىڭغا ئەمەس، پۇلۇڭغا، جاڭ - ئالتۇنلىرىڭغا كۆڭلى بار!

— مەيلى، پۇلۇمغا كۆڭلى بولغىنى ماڭا كۆڭلى بولغىنى. پۇلۇم بىلەن جىسمىم بىر ئەمەسمۇ ئاداش؟

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، سەن بىلەن ماڭا «ئاشىق»، «توغقان»، «يېقىن» بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا پۇلىمىزنى دەيدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يالغان مېھرىنى قوبۇل قىلىمىز ئەمەسمۇ، نۇرنىسا خېنىمنىڭ جاۋابىنى مەن ئاڭلىدىم. ئاۋۋال ئۇنىڭغا قانۇنىي مىراس بېكىتىدىكەنسەن، ئاندىن ئۇ سېنىڭ ئەمرىڭگە ئۆتىدىكەن.

— ئاپلا، يامان بولدى. مېنىڭ تېخى تابەم يوق ئەمەسمۇ؟ تابەم بولمىغاندىكىن مىراس قالدۇرۇش ھوقۇقۇم بولمايدۇ - دە!

— شۇنداق، لېكىن بۇنىڭ ئامالى بولىدۇ. سېنىڭ تابەڭ بولمىسا مېنىڭ بار. خوش، قېنى خېنىمغا قانچىلىك بىرنەرسە مىراس قالدۇرماقچىسەن؟

— نۇرنىسا خېنىمنى بىر باي قىلاي دېگەن نىيەتتىمەن. يۈز مىڭ دوللارلىق ۋەج مىراس بېرەتتىم. بىر جايىم ئۇنىڭ نامىغا مىراس قالدۇرۇلاتتى.

— قايسى جايىڭنى بەرمەكچىدىڭ؟

— ئاشۇ ھۆكۈمەت بۇزماقچى بولغان تۆت قەۋەتلىك بىنانى. بۇ بىنا يولغا توغرا كەلمىگەن بولسا، قانچىلىك پۇل بولمىغان بولاتتى. يەنە ئاز - تولا ئالتۇن، دوللارمۇ بار.

— ئانداق بولسا ئىش پۈتتى، مەن نۇرنىسا خېنىمغا خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. تابە ئېلىشقا ئادۋوكات يوللايلى. قىرىق بىر يىل ياشايمىزۇ، تابە ئالالمايمىز. بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

www.uyghurkitap.com

— كۆپۈرلۈق، كۆپۈرلۈق! — دېدى ياقۇپ هاجى بۇ قېتىم دوستىنىڭ خاتالاشقىنىنى سېزىپ، دەرهال ئۆچ ئالماق بولۇپ:

قادالسا بىر تىكەن، يا چۈشسە بىر قىل…

— سۇبهاناللا! — دېدى ئىبراهىم هاجى چىرايلىق ياسىتىلغان تۆت چاسا ساقىلىنى چاڭگاللاپ، — كۆپۈرلۈق. خاتالاشمايدىغان كۈنىمىز يوق. شۇڭا ئاسىي بەندە بىز.

## 3

بۇ يەرنىڭ قانۇنى شۇنداق: بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىغا رەسمىي ئۆتمىگەن ئادەمنىڭ ئۆي ـ جايىنى سېتىش، مىراس قالدۇرۇش هوقۇقى بولمايدۇ. زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، هاجەتمەن تابەسى (نوپۇسى) بار بىر يېقىنىنىڭ نامى ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى بېجىرىدۇ. ياقۇپ هاجى نۇرنىسا خېنىم ئۇچۇن بىر جاي بىلەن پۇل ۋە ئالتۇنلىرىنى مىراس قالدۇرۇش ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىن مۇۋاپىق بىر ۋاكالەتچى ئىزدەپ نۇرغۇن ئويلاندى: ئوغلى باشقا شەهەردە، هۆكۈمەت ئىشى بىلەن. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئېيتقىلى بولمايدۇ. قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ نوپۇسى بار، لېكىن ئۇلار ئۆمرى ئاز قالغان دادىسىنىڭ يات بىر ئايالغا بۇنچە مال ـ دۇنيانى مىراس قالدۇرۇشىغا هەرگىز يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ بانكىدىكى پۇلى، ساندۇقتىكى ئالتۇنى، جايلىرىنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرى… هەممە بايلىقى ئاللىقاچان قىزىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان. ئۇ قىزىدىن بىسوراق بۇنچىلىك پۇلنى بىرىگە هەرگىز بېرەلمەيدۇ. لېكىن قىزى دادىسىنىڭ بىر ئىنساپلىق موماي بىلەن نىكاهلىنىشىنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان. نۇرنىسا خېنىمنى هەم قىزى تاپقان. لېكىن ياش كۆرۈپ قىزىقمىغان، ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ هازىرقى هالد-

دىن، يەنى نۇرنىسا خېنىم بىلەن دىدارلاشقىنىنى، ئۇ ئايالغا
سىلىق سۆزلىرى، يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك نومۇسچانلىد-
قى، نازۇكەرەشمە، جادۇ كۆز، چىرايلىق لەۋلىرىدە ئوينا
تۇرىدىغان تەبەسسۇمى ئۇچۇن ئالىلىقاچان «ئاشىقى بىقارار» بو-
لۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. بۇ ئىشلار دوستى ئىبراھىم ھاجى-
نىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن بولغان. ئىبراھىم ھاجى ئۇنىڭغا
قېرىغىنىدا بۇ تارتقۇلۇقنى تېپىپ بەرگەنىدى. ئەمدى بوۋاي
ئويلا - ئويلا ئۆزىنىڭ نۇرنىسا خېنىمسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى
چۈشەندى. ئۇنىڭ ئەس - خىيالى، چۈشى، ھەتتا بەش ۋاخ
نامىزىدا خۇدايىمدىن تىلەيدىغان مۇراد - مەقسىتى ئاشۇ ئايال
بولۇپ تۇرۇۋاتسا، ئۇ ئاجىز تېنى، چولتا ئەقلى، بوشاشقان
ئىرادىسى بىلەن قانداقمۇ بۇ بىر كۈچلۈك ئارزۇ - تەمەنىڭ
ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قوغداپ قالالايتتى؟! ... «ئىبراھىم ھاجى-
نىڭ تابەسى بىلەن مىراس رەسمىيىتىنى ئۆتىسەم، مەن ئۆلگەن-
دىن كېيىن بالىلىرىم يات بىر ئايالغا ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇنچە
قانۇنىي مىراس قالدۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىدۇ. مېنىڭ
ئامالسىز قالغانلىقىمنى، يۈرىكىمگە ماڭا بويسۇنمايدىغان، بەلكى
مېنى ئېگىلدۇرىدىغان بىر سەۋدانىڭ كىرىۋالغانلىقىنى چۈشى-
نىشىدۇ، ئۇلار بىلگەندىن كېيىن مېنى ئەيۇ قىلىشىدۇ، لېكىن
ئىبراھىمغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ...»

ئۇ دۇكىنىدا غەمكىن ئولتۇرۇپ يۇقىرىقىلارنى ئويلاۋاتقان-
دا، دۇكان ئالدىدا ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن، تۆت چاسا
ساقال قويغان دوستى ئىبراھىم ھاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، غەمكىن دوستۇم، قانداق
ئەھۋالىڭ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، كەلگىن ھىيلىگەر، كەلگىن!

— ھا - ھا - ھا... چۈش كۆرۈۋاتاتتىڭمۇ؟

— شۇنداق، چۈشۈمدە ئىستىخار قىلدىم.

— لەببەي، قانداق؟
— بىز ئىككىمىز تۆگىدە سېۋەتنىڭ ئىككى بېشىغا ئولتۇ-
رۇپ مەككىدىن مەدىنىگە مېڭىپتىمىز.
— بۇ چۈش ئەمەس، قىرىق ئىككى يىل يۇرۇنقى ئىش.
— ياق، كونا ئىش، يېڭى چۈش.
— خوش؟
— شۇنداق قىلىپ، سەن مېنى قاراقچىغا تۇتۇپ بې-
رىپسەن!
— ھا - ھا - ھا... ئىستىخارمىش تېخى. ئۆتكەن ئىش
بىلەن خام خىيالنىڭ قېتىشمىسى، تەمسىز تاماقتەك بىرنېمە؟
نەنىڭ قاراقچىسىكەن ئۇ؟
— نۇرنىسا خېنىم قاراقچى بولماي نېمە؟ — ياقۇپ ھاجى
ياشاڭغىرىغان، لېكىن ھايات لەززىتىدىن ئۈمىدلىنىپ ياشارغان
كۆزلىرى بىلەن دوستىغا تەلمۈرۈپ قارىدى.
— ئۇ دۇكىنىڭغا كەلدىمۇ؟
— خۇددى ئەزرائىلدەك تۇيدۇرماي كىرىپ كەلدى. مەن
غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى تونۇۋالدىم.
كۆزۈمنى ئاچسام قارا پۈركەنچە ئىچىدە بىر نازۇك بەدەن ئېگە-
لىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ «ئەسسالام ھاجى» دېگەندە ئاۋازى تىترى-
دى. مەن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي سۇندۇم. بەچچىخەر، پىيالىگە
جان كىرىپ قولۇمدىن يەرگە چۈشتى. چاي تىزىمنى كۆيدۈر-
دى. ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن پۈركەنچىنىڭ ئېتىكى بىلەن
تىزىمنى سۈرتتى. ئۇنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى، يۈرىكىنىڭ
گۈپۈلدىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ سۈزۈك بارماقلىرى قوللىرىمغا
تەگدى... مەن بىھوشلاندىم. مەن بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ
باقمىغان. سەكسەن ئىككى يېشىمدا مېنىڭ دىلىمغا بۇ سەۋدانى
سالغان ئىگىسىگە مىڭ رەھمەت. مەن خۇدانىڭ بۇ نېمىتى ئالدى-
دا غەيرەتكە كەلدىم.

— خېنىم، مۇشۇ تاپتا مەن ئاخشامقى چۈشۈمنىڭ ئۆزىنى تەكرار كۆرۈۋاتىمەن. ئاللانىڭ مېنى بەخت بىلەن ئۇچراشتۇر-غانلىقىغا مىڭ رەھمەت، — دېدىم. نۇرنىسا خېنىم يۈزىنى قىيا ئاچتى، نىكاھلانماي تۇرۇپ ماڭا يۈزىنى كۆرسەتكىنى ئەلۋەتتە نامەھرەم گۇناھ. بۇ گۇناھ ماڭا ھېساب، مەن ئۇنى شەيتان بولۇپ ئازدۇردۇم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن سىلىنى قىرىق يىل بۇرۇن چۈشۈمدە كۆرگەن. ئۇ چاغدا سىلى قىرىق ئىككى ياشلىق يولۋاس ئىدىلە، مەن ئون ئالتىگە كىرگەن ھۆر - غىلمان ئىدىم. ئىگىسى بىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىمىزنى شۇ چاغدىلا بىر - بىرىگە ئۇلىغان. لېكىن قاتمۇ قات تاغلار، لاي سۇلۇق دەريالار، گىياھسىز چۆللەر ئارىمىزنى يىراق قىلىپ تۇرغاچقىلا، روھىمىز قوشۇلغان بىلەن جىسمىمىز ھىجرانلىقتا تۇرۇۋشقانىدى. مانا ئەمدى ئىگىسى بىزنىڭ جىسمىمىزنىمۇ يېقىنلاشتۇردى، — دېدى.

يەتتە ئىقلىمدا يوق ئەرمىش سەن كەبى نازۇك بەدەن،

سەككىز ئۇشماقتا تىلەيمەن، كۆزلىرى دۇردانىنى…

— بەللى، بەللى، مۆجىزە! — دېدى ئىبراھىم ھاجى دوستىنىڭ يېنىدا چاترىقىنى كېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — قاراق-چى دەيسىنا تېخى، نازۇك بەدەن، كۆزلىرى دۇردانە قاراقچىكەن - دە؟ ھا - ھا - ھا!

— قاراقچى بولماي نېمىدى؟ چۆل قاراقچىلىرى سېنى باغلاپ، ئۇرۇپ پۇلۇڭنى ئالىدۇ. بۇنداق ئاياللارچۇ؟ ئاشۇ بە-دەن، كۆز، نازلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيايىڭنى، ھەتتا جېنىڭنى ئالىدۇ. چۆل قاراقچىلىرىغا بىر تىللانىمۇ بەرمەسلىك ئۈچۈن جېنىمىزنى تىكىمىز، مۇنۇ ئايال سۈرەتلىك قاراقچىلارغا ھەم-مىنى ئىككى قوللاپ تۇتىمىز. لازىم دېسە جېنىمىزنىمۇ ئايىماي-مىز. خوش دوستۇم، تابە قانداق بولدى؟

— ھەي، دوستۇم ياقۇپ ھاجى، بولمىدى، يېشىڭ سەك-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

سەندىن ئاشتى. يېشى ئاتمىشتىن ئاشقانلارغا تابە بېرىلمەيدى-
كەن. بۇ يەردە قىرىق بىر يىل ياشىدىڭ، كۆڭلۈكچىدىن كاتتا
بايغا ئايلاندىڭ، لېكىن تېخىچە تابە ئېلىشقا ھەرىكەت قىلماپسىنا؟

— ئىبراھىم خېلىلۇللا كوچىسىدا ھەممە كۈنلەر بىر
خىل ئۆتتۈۋەردى، بەش ۋاخ نامازنى ھەر كۈنى قازاسىز ئوقۇ-
دۇم. بىرىگە ئازار بەرمىدىم، بىرىدىن ئازار يېمىدىم، تابە
ئېلىش ئادەمنىڭ خىيالىغا نەدىن كەلسۇن. راست، بىر قېتىم
مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئۇستىدىن ھەرەم قازىسىغا ئەرز قى-
لىپ باردىم. سەن بىلىسەن، ئۇ ئىمام بىر يەمەنى ئىدى. ئۇ
چېكەتتى، ھارامدىن قول تارتمايتتى. بىر ھەمشىرىمىز ئۇنىڭغا
ئۆز ئۆيى - جايىنى سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىكەن. ئۇ
ھەمشىرىمىزنىڭ جايىنى ئون يەتتە مىڭ رىيالغا سېتىپ، ئون
مىڭ رىيالنى قولىغا بېرىپ يەتتە مىڭ رىيالنى يەۋاپتۇ. ھەمشى-
رىمىز تابەسى بولمىغاچقا ئەرز قىلىپ ئاقتۇرالماپتۇ. مەن بې-
رىپ قازىغا ئەرز قىلسام، قازى: «تابەڭ بارمۇ؟» دېدى، مەن:
«يوق» دېدىم. قازى مېنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقچىلىك كۆرمى-
دى. مانا شۇ چاغدا تابە ئېلىشقا ئەرز يازغان، بۇنىڭغىمۇ يىگىر-
مە يىلدىن ئاشتى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچى؟ نۇرنىسا خېنىمغا مىراس
قالدۇرمىساڭ، بەربىر كېيىن خورلىنىدۇ؟

— شۇنداق، لېكىن سېنىڭ نامىڭ بىلەن ھېلىقى جايىنى
خېنىمغا مىراس قالدۇراي دېسەم، ساڭا ئىشەنچ قىلالمايۋاتى-
مەن.

— نېمە؟ ماڭا ئىشەنمەمسىنا؟ مەندىن باشقا ساڭا قانات
ياپىدىغان يەنە كىم بار؟

— دۇرۇس، بىز يەتمىش يىلدىن بېرى ئاغىنە، لېكىنزە،
بىر خۇدا، بىر ئۆزۈڭگە مەلۇم، سەن مېنى نۇرغۇن قېتىم
بابلىدىڭ، ئويلىغىنا؟ بىرىنچى قېتىم مېنى نۇرغۇن بابلاپ سۇ-

پۇرگە ھاجىمغا ياخشىچاق بولغاندىن تارتىپ...
— قويغىنا، كونا خامانىنى سورۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز ئاچ كۆز ئىدۇق...
ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ئىبراھىم ھاجى سەكسەندىن ئاشقاندا، يەنى پۇلدار، باي بولۇپ، نامى تونۇلغان بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ دوستىغا قىلغان خىيانەتلىرىنى ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن ئەسلەپ ئۆتتى.
... ئۇلار قىرىق نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتىدىن «نىجاتلىق» ئىزدەپ بىللە يولغا چىقتى. ئىككىسى پەرىجە، خۇرجۇنلىرىنى بىر ئېشەككە ئارتىپ، سوپۇرگە باينىڭ ئارقىسىدىن ئون ئۈچ كۈن مېڭىپ مىختېكە (ھازىرقى قونجىراپ) ئېغىزىغا كەلدى. سوپۇرگە باي قاپىقى ئېچىلمايدىغان، ھەرقانچە ئىسسىقتىمۇ سۆسەر تۇمىقىنى بېشىدىن ئالمايدىغان، كۆك چەكمەن پەرىجىسىنى يەشمەيدىغان، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئات – ئېشەكلەرگە ئارتىلغان ماللىرى، قويىنىدىكى ھەميانىدا نۇرغۇن ئالتۇن، تەڭگىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئون نەچچە خىزمەتچىسى، تىلى زەھەر، ئاۋازى غاراڭ – غۇرۇڭ خوجىدارى بىللە سەپەرگە چىققاچقا، ئۇ خالتار يورغىسى ئۈستىدە دائىم مۈگدەپ خاتىرجەم ئولتۇراتتى. لېكىن مىختېكە ئېغىزىدىن ئۆتەردە، ھۆكۈمەت خادىمى ھەربىر ئادەمدىن بىردىن ئالتۇن تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى تۈگىدى – دە، ئۇزۇن قاشلىرى كۈرۈك توخۇنىڭ شىللىسىدەك تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يول بويى يۇمۇق كەلگەن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى:
— بىز ئون توققۇز كىشى بىر ئۇلۇش، بىر ئالتۇن بېرىمىز، مۇنۇ قوتۇر ئېشەكنىڭ خوجايىنلىرى ئىككى ئۇلۇش، ئىككى ئالتۇن بېرىدۇ! — دېدى ئۇ شالاڭ ساقاللىرىنى دىر – دىر تىترىتىپ...
سوپۇرگە ھاجىنىڭ شۇ كۈنكى تەلەتى ئىبراھىمنىڭ يادىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر بويى ساقلاقلىق!...

— بۇ، بۇ... — دېدى جۇل - جۇل پەرىجە، تاقىرلاشقان سالۋاق تۇماق كىيگەن، يېڭىدىن ساقال قويغان ياقۇپ ئۇسسۇز- لۇق، يول ھارغىنلىقىدىن چاك - چاك يېرىلغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، — بىزدە ئالتۇن يوق، پىچكى تەڭگىمىز بار.

— بىر ئالتۇن قىرىق تەڭگە، تەڭگە تۆلىگىن ئانداق بولسا!

— بار - يوقى قىرىق - ئەللىك تەڭگىمىز بار. بىز نامرات، ئوقەت ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز، تەقسىر!

— ئانداق بولسا ئارقاڭغا يان! — دېدى ئېغىز خادىمى، بايغا ھىجايغان بىلەن ئىككى نامراتقا قەھرلىك تىكەن بولۇپ سانجىلىپ.

— قەشقەر باھاسىدا بىر ئالتۇنغا يىگىرمە تەڭگىدىن تۆلەي- لى ئەمىسە! — دېدى ئىبراھىم قويىننى كولاپ.

— قەشقەر باھاسى قەشقەردە قالغان. بۇ يەر دېگەن مىڭ- تېكە! — دېدى سۇپۇرگە ھاجى خوجىدارىغا قاراپ قويۇپ، — گەپنى سوزۇشما، بولمىسا مەن تۆلەپ قويىمەن. ئەمما گەپنى ئوچۇق قىلاي: داداڭلارنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلدىم. خوجى- دار، بۇلارنىڭ قولىدىن ھۆججەت ئېلىۋال، ھەربىرى قىرىق تەڭگىدىن قەرزدار! بىلىپ قوي، قىرىق تەڭگىدىن!

... ئۇلار پاكىستان - پىشاۋۇردا، گېلگىتتا ناۋايلىق قى- لىپ خېلى پۇل تېپىشتى، لېكىن قىرىق تەڭگىنى ئۈزۈپ بولال- مىدى. كاراچىدا پاراخوتتىن مال چۈشۈرۈپ كۆنگە ئون - ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلەپمۇ قىرىق تەڭگىنى تۆگىتەلمىدى. قى- رىق تەڭگە بىردەم قىرىق ئالتۇنغا، بىردەم پاكىستان رۇپىيىسى- گە، بىردەم ئامېرىكا دوللىرىغا، بىردەم ئەرەب رىيالىغا ئۆزگى- رىپ، ئون ئۈچ ئاي ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈپ، جىددە شەھىرى- گىمۇ يېتىپ كەلدى. ياقۇپ جىددە شەھرىدە پورتتا يۈگۈرۈپ

يۈرۈپ هامماللىق قىلدى. تازىلىق ئىشچىسى بولدى، پىچاق چاقلىدى، ئاشخانىدا ئىشلىدى. دۇم يېتىپ ـ دۈم قوپۇپ، ئۈچ ئاي بولغاندا ئۇ تۆت يۈز رىيال سەئۇدى پۇلىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئاللىقاچان قەرزدىن قۇتۇلغان، سۇ-پۈرگە ھاجىنىڭ مال ساتقۇچىسى بولۇۋالغانىدى. ئۇ مانا شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم دوستىغا خىيانەت قىلدى.

— ھاجىنىڭ قەرزىنى سۈيلەپ كەلدىم، — دېدى ئۇ ياقۇپ ئىشلەۋاتقان ئاشخانىدا توخۇ كاۋىپىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ، — قەرز ئۈزارسا سىرتماق بولىدۇ، بىلىدىغانسەن؟

— پىشاۋۇردىلا ئۈچ يۈز رۇپىيە تۆلىدۇق، كاراچىدا يەنە يۈز رىيال بەردىم. مېنىڭ ھېسابىمدا ھاجىمغا بىز قىرىق تەڭگە ئەمەس يۈز نەچچە تەڭگە تۆلىدۇق! بۇنى سەنمۇ بىلىسەنغۇ؟ گۇۋاھلىق بەرگىن!

— ھۆججىتىڭ مانا! — دېدى ئىبراھىم قوينىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ، — ئۆزۈۋەت، ھاجى بولمىغان بولسا، بىز بۇ ئۇلۇغ تۇپراققا قەدەم باسالايتتۇقمۇ؟ مەن قەرز ئۈزگىنىڭگە گۇۋاھلىق بېرەلمەيمەن.

— قانچە تۆلەيمەن؟

— ئۆسۈملىرى بىلەن ئۈچ يۈز رىيال.

ياقۇپ قۇمدا يېتىپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، قارا نان يەپ بىر رىيال ـ ئىككى رىياللاپ يىغقان پۇلدىن ئۇن ـ تىنىسىز ئۈچ يۈز رىيال ساناپ بەردى. دوستىدىن رەنجىپ جىددەدىن مەككىگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر يىل ناۋايلىق قىلىپ مىڭ رىيالغا ئىگە بولغاندا، بىر كۈنى دۇكان ئالدىدا يەنە ئىبراھىم پەيدا بولدى.

— ھاجىمۇ بىللە كەلدى، — دېدى ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يەر تاتىلاپ، — بىچارە دىشۋارچىلىققا يولۇقتى. يۇرتتا ھۆكۈمەت ئۆزگىرىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ ھېلىقى قىزىل كۆز خو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىدارى بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن پۇل، ئادەملىرىنى ئېلىپ پاراخوت بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ.

— نەگە قېچىپتۇ؟

— تەيۋەنگە، ئامېرىكىغا!

ياقۇپ سۇپۇرگە ھاجىنى كۆردى. ھاجى بىر ئۆينىڭ بوسۇ-غىسىدا ھېلىقى كۆك پەرىجە، سالۋاق تۇمىقى بىلەن دۇگدىيىپ تۇرۇلۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجى دادا!

— مېنىڭ قىرىق تەڭگەمنى نېمىشقا بەرمەيسەن، ھارامىلىق!

— بەرگەنمەن، ھاجى دادا، بىر قېتىم ئۆزلىرىگە، بىر قېتىم مۇشۇ ئىبراھىمغا بەرگەنمەن!

— ئىللا بىللا ئالمىدىم!

— گۇۋاھلىق بەرگىنە، ئىبراھىم ئاداش؟

— ئىللا بىللا ئالمىدىم!

ئىبراھىممۇ سۇپۇرگە ھاجىمنىڭ قەسىمىنى تەكرارلىدى. ياقۇپ سۇپۇرگە ھاجىغا قارىدى.

— ھاجى دېگەن سىلىدەك بولامدۇ، ھاجى دادا؟

— تىلىڭنى تارت نەسارى!

ھاجى شۇنداق ئالايدى، شۇنداق تىترىدىكى، ئۇنىڭ شۇ كۈنكى چىرايى ئىبراھىم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك يادنامە. ياقۇپ گەپ-مۇ قىلماي يېنىدىن يەنە ئۈچ يۈز رىيال چىقاردى.

— رازى بولسىلا، ھاجى دادا!

كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر خىل ئۆتۈۋەردى. ئۆز ۋاقتىدى-كى ياقۇپ كۈنلۈكچى ئەرەبىستاننىڭ ئەللىك نەچچە گرادۇس بىلەن ئوتتۇز نەچچە گرادۇس ئارىلىقىدا قىشۇ ياز بولۇپ تۇرىدى-غان ئىسسىقلىرىدا تونۇر بېشىدا تەر تۆكۈپ كاۋاپتەك پىژىلداپ پىشىپ يۈرۈپ، دۇكان، ئۆي ۋە ئايال - بالىلارغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ھاجى» سۆپىتى قوشۇلدى. ئۇ بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇپ، تېگىشلىك زاكاتنى كەم قىلماي بېرىپ، خاتىرجەم تىجارەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ھاسىغا تايانغان، نەپسى ئېغىرلاشقان، كۆزىنىڭ خۇنى ئاجىزلاشقان سۆپۈرگە ھاجى پەيدا بولدى.

— سېنى بۇ ئۇلۇغ جايغا مەن ئەكەلگەن، — دېدى ھاجى تىترەپ، ھاسىراپ تۇرۇپ، — سەن مېنى تاشلىۋەتتىڭ، سەن ماڭا قارا يۈزلۈك قىلدىڭ، تاپقان پۇلۇڭ ھارام!

بوۋاي تومۇزدىمۇ تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ھېلىقى ئۆز ۋاقتىدا كۆك ئىكەنلىكىنى ئەمدى ياقۇپ ھاجىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇيغۇر چەكمىنىدىن تىكىلگەن جۇل ـ جۇل پەرىجىسى ئۇنى كىشىلەرنى تەرلىتىدىغان تومۇزنىڭ سوغۇقلىرىدىن ساقلىيالماس بولۇپ قالغان چېغى، ئىگىسى بىلەن بىللە ئۇمۇ تىترىمەكتە ئىدى.

— راست، راست، نائىنساپلىق قىلدىڭ، ياقۇپ ھاجى! — دېدى سۆپۈرگە ھاجىنىڭ يېنىدا ئۇنۇپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ قالغان ئىبراھىم ھاجى بوۋاينى يۆلەپ تۇرۇپ، — ھاجىنىڭ ھېلىقى ياخشىلىقى بولمىغان بولسا...

— بولىدۇ، ھاجى دادا، — دېدى ياقۇپ ھاجى يانچۇقىنى كولاپ، — مانا مىڭ رىيال، رازى بولسىلا. راست، سىلىگە قارىيالمىدىم. يەنە قانداق تەلەپلىرى بار؟

— ھاجى يۇرتقا قايتماقچى! — دېدى. ئىبراھىم ھاجى مىڭ رىيالنى ساناۋېتىپ، — يول خىراجەت، سوۋغا ـ سالام لازىم.

ياقۇپ ھاجى يۇرتىدىكى تۇغقانلىرىغا ئون ئالتۇن، ھاجىغا يوللۇق قىلىپ ئون ئالتۇن بەردى. بوۋاي قايىقىنى ئاچماي، خوش، رەھمەتمۇ دېمەي، ئىنجىقلاپ كەلگەن تەرىپىگە كەتتى.

ئاز كۈندىن كېيىن بوۋاينىڭ ھەرەمدە ۋاپات بولغانلىقى

ئۇنى دەپنە قىلىدىغان ئادەم چىقماي تۇرۇۋاتقانلىقى ياقۇپ ھاجىغا خەۋەر قىلىندى. ياقۇپ ھاجى ئۇنى ئەرەب ئادىتى بويىچە ئۆز ھويلىسىدىكى تەييار قەبرىگە دەپنە قىلدى ۋە نەزىر قىلىپ ئۈچ كۈنگىچە پەتىچىلەرگە ئىشىكى ئالدىدا چاي قۇيۇشقا بىر يەمەننى يەتتە يۈز رىيالغا ياللىۋالدى.

ياقۇپ ھاجى ئىبراھىم ھاجىدىن يىگىرمە ئالتۇننىڭ دېرەكىنى قىلىۋىدى، ئىبراھىم ھاجى «ئاللا بىللا بىلمەيمەن!» دىن باشقىنى دېمىدى.

«بىر خۇدا، بىر سەنلا بىلىسەن» دېگەن سۆز ئىبراھىم ھاجىغا تەسىر قىلغان چېغى، يۇقىرىقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ھاجى كۆز يېشىنى سۈرتتى:

— يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلغان خۇدايىم مەندەك بىر جاھىل بەندىسىنىڭ گۇناھىدىن كېچىدۇ ئەلۋەتتە! — دېدى ئۇ ئاخىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — راست، سۇپۇرگە ھاجىم يىگىرمە ئالتۇننى ماڭا ئامانەت قويغان. بۇ يىگىرمە ئالتۇن سۇپۇرگە ھاجىمنىڭ مۈلكى، مەيلى يوللۇق، مەيلى سوۋغا - سالام قىل، ئۇ سېنىڭ قولۇڭدىن چىقتى، باشقىنىڭ قولىغا كىردى. ئۇ ئەمدى باشقىنىڭ، مەندىن ئۇ پۇلنى تەلەپ قىلساڭ، سۇپۇرگە ھاجىدەك ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولىسەن، ئىنساپ قىل، ياقۇپ ھاجى!

— ماقۇل، ماقۇل ئىنساپ قىلاي، ئىبراھىم ھاجى، — دېدى ياقۇپ ھاجى بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن، — نۇرنىسا خېنىمنى سەن ماڭا تونۇشتۇردۇڭ، ئۇنىڭ سەۋداسىنىمۇ سەندىن كۆرىمەن. نۇرنىسا خېنىم ئۈچۈن مەن ھەر نېمە قىلىشقا رازىمەن. ماقۇل، سېنىڭ تابەڭ بولغاندىكىن مېنىڭ ھېلىقى جايىمنى، يىگىرمە سەر ئالتۇن، ئەللىك مىڭ رىيال پۇلنى نۇرنىسا خېنىمغا قانۇني يول بىلەن مىراس قىلىپ توغرىلا! خېنىمنى بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە نىكاھلاپ ئەمرىمگە ئالاي. ئەمما مەن

ۋاپات بولغاندىن كېيىن خېنىمغا يۈزسىزلىك قىلما، ئۇنداق
قىلساڭ ئەرسات كۈنى قىزىل تىرنىقىم قىزىلئۆڭگىچىڭدە بولىد-
دۇ. مۈڭگۈزسىزنىڭ مۈڭگۈزلۈكتىن قىساسىنى ئېلىپ بېرىد-
غان خۇدايىم جازا ئۇشەردى ئىنئامىنى سەندىن ئايىمايدۇ!

## 4

مۇھەببەتتىن مەست بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بەخت
ئىزدىگەن بوۋاي باللىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي نۇرنىسا خې-
نىمنى نىكاھ قىلدۇرۇپ ئۆز ئەمرىگە ئالدى. نىكاھتىن كېيىن-
كى تۇنجى ئاخشام ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆيى —
بازار سىرتىدىكى يېڭىدىن سېتىۋالغان بەش قەۋەتلىك، ئەتراپى
بۈك خورمىزارلىق جايىنى تەييارلىدى. قىرىق ئېغىزلىق، ھەم-
مىلا خانىسى ئەڭ ئېسىل، ئىران، يۇنان، ئىتالىيە گىلەملىد-
رى، ياۋروپا دىۋانلىرى بىلەن بېزەلگەن بۇ ئۆيدە ئۇ ئاخشام ئەر-
ئايال ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغاندا، نۇرنىسا خېنىم
نېپىز گىرىپ كۆڭلەك، بويۇن، قۇلاق، بىلەك، بارماقلىرى
ئالتۇن بىلەن نۇرلانغان، ئۆزىدىن گۇپۇلدەپ ئەمبەر پۇرىقى
كېلىپ تۇرغان ھالدا بوۋاينىڭ ئالدىدا يۇمشاق گىلەمدە تىزلىد-
نىپ ئولتۇردى ۋە تېخى جەلپ قىلىش كۇچىدىن ئايرىلمىغان
خۇمار كۆزلىرى بىلەن نازلىنىپ تۇرۇپ:
— ھاجى، مەن بۇگۇن ئۆزۈمنى بەختلىك دەيمەن، خۇدا-
نىڭ قۇلچىلىقىنى قىلىپ، ھالال ئىشلەپ نېمەتكە ئېرىشكەن بىر
تەقۋادارنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىش ماڭا نېسىپ بوپتۇ. مېنى سىلى
بەختلىك قىلدىلا، قانداق قىلسام مەندىن رازى بولالىكىن؟ —
دەپ سورىدى.
بوۋاي شادلانغان، ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يى-
گىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بىرەر ئايالغا تېگىلىپمۇ قارىمىغان،

ئەمما خىيال ۋە چۈشىدە گۈزەل ئاياللار بىلەن دائىم پىچىرلى-
شىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان
گۈزەل ئايالنىڭ خىيالىمۇ، چۈشىمۇ ئەمەس، نەق ئارزۇسىدەكلا
راستىنىلا تىرىك ئايال ئىكەنلىكىگە تېخى ئىشەنچ قىلالماي ئارد-
سالدىلىقتا ھودۇقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ شالاڭ ساقىلى، كۆكۈچ
لەۋلىرى تىترىمەكتە، قوۋۇز گۆشلىرىمۇ تارتىشىپ لىپىلدىماق-
تا ئىدى. نۇرنىسا خېنىم بوۋاينىڭ چىرايىغا قارىدى - دە،
تىترىدى ۋە ئۆزىگە بېقىنمايدىغان سەسكىنىشنى يوشۇرۇش ئۈ-
چۈن كۆزلىرىنى يۇمدى. بوۋاينىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى
ئۇنىڭ مۇرىسىگە چۈشكەندە، ئۇ خۇددى ئىسسىق يوتقاندىن مۇز-
دەك سۇغا تاشلانغاندەك بولدى. بوۋاينىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭ-
لاندى:

— راست دەۋاتاملا، خېنىم، سىلى خۇددى دېگەنلىرىدەك
بەختلىك بولغان بولسىلا ئىدى، بۇ مېنىڭ بەختلىك بولغانلى-
قىم. ماڭا بەخت لازىممىدى؟ تۆت كۈنلۈكۈم قالغان ئادەممەن.
سىلىنى نىكاھىمغا ئالغىنىم سىلىنى ئايال قىلىپ، ھۇزۇرلى-
نىش ئەمەس، سىلىنى ئاز - تولا پۇل - دۇنياغا ئىگە قىلىش.
بىلىپ قويسىلا، مەن سىلىگە بىر قورۇ - جاي، يۈز مىڭ دوللار
پۇل، يىگىرمە سەر ئالتۇن مىراس قالدۇردۇم. مەن بىلىمەن،
ھازىر بەختمۇ، مۇھەببەتمۇ، دوستلۇق، ئادەمگەرچىلىكمۇ ئال-
تۇن - پۇل بولۇپ قالدى. مەن ئەرلىك ھوقۇقۇمنى ئىشلىتىش
كۈچىدىن ئايرىلغان ئاجىز قېرىمەن. ھەرقانداق دورا، ھەرقاند-
داق ئەملەشمۇ مەندە يوقالغان كۈچنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ. مەن
سۆزلەيدىغان مۇردا، تاماق يەيدىغان ھەيكەلمەن. نۇرنىسا خې-
نىم، ماڭا ئېيتسىلا، ئىبراھىم ھاجى سىلىگە تۇغقانمۇ، ياتمۇ؟
ھېلىلا خۇپتەن ئوقۇدۇق. تەرەت بىلەن تۇرۇپتىمىز، راست
گەپلىرىنى قىلسىلا؟

— ئىبراھىم ھاجى ئاتا باشقا ئانا بىر ئاكام بولىدۇ. ماڭا

ۋىزا ئەۋەتىپ بۇ يەرگە ئەكەلگەنمۇ، سىلىنى لايىق تاپقانمۇ شۇ كىشى.

— بەلەن، بەك بەلەن! — دېدى ياقۇپ ھاجى تىترەپ تۇرۇپ، — سىلىنى بىر ئەرەبنىڭ خىزمىتىگە سالغانمۇ، ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزمـاي، كوچا راباتتـا تۇرغۇزغانمۇ ئىبراھىم ھاجىمۇ؟

— شۇنداق ھاجى، ئۇ ماڭا: بىرمۇ كىشىگە مېنى ئۆز ئاكام دېمىگىن، ئۇنداق دېسەڭ شۇ ھامان يۇرتقا قايتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى.

— ھەي ئۇيغۇر، ھەي ئۇيغۇر، پۇل، پايدا ئۈچۈن ھەممىنى قىلالايدىغان ئۇيغۇر. خېنىم، بىلەملا، مەن خوتۇن ئالىمەن دېسەم، يەمەن، مىسىر، تۈرك، ئەرەب، ھىندونېزىيە، پاكىستان گۈزەللىرى تولۇپ تۇرۇپتۇ، مېنىڭ پۇلۇم ھەرقاندىقىنى ئالدىمدا تىز چۆكتۈرەلەيدۇ. لېكىن مەن بىر ئۇيغۇر ئايالنى بەختلىك قىلماقچى بولدۇم. مەن مانا شۇ ئارزۇنىڭ ئىشقىدا ياندىم، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە ئاشىق - بىقارار بولدۇم. خېنىم، ئىشىمىزغا ئىبراھىم ھاجىنىڭ ھارام نىيىتى ئارىلىشىپ قالدى. ئۇ سىلىنى بەختلىك قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز بايلىقىنى كۆپەيتىش ھېسابىغا سىلىنى بەختسىز قىلىدۇ. بىر ئۇيغۇر ئايال بىچارە خورلۇققا ئۇچرايدۇ!...

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. توختىماي تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئايالنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىدى. پۇت - قولى بوشاشتى، ئەڭ ئاخىرقى ئەرلىك تەلىپى خۇددى قىلىن كۆل ئاستىدا قالغان بىر تال چوغ بوراننىڭ كۈچى بىلەن كۆل تېگىدىن ئازاد بولۇپ سۇس يالقۇنجىغاندەك، پىل - پىل قىلدى - دە، ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئايالنى يۇمشاق چۇشەككە تارتتى. ئۇ ئۇنتۇغان، تامامەن خىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىشنى باشلىدى - دە، بىردىنلا ھوشىـ

دىن كەتتى. ئارتۇق خۇشاللىق، بەخت ھالاۋىتىنى بوۋاينىڭ ئاجىز بەدىنى كۆتۈرەلمىدى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ياقۇپ ھاجىنىڭ جەستى ئاشۇ يېڭى قورۇسىنىڭ ھويلىسىدىكى يېڭىدىن كولانغان يەرلىككە ئەرەب قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىندى. ئىبراھىم ھاجى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈن قۇرئان ئوقۇدى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ نۇرنىسا خېنىمغا ئايروپىلان بېلىتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئەتىلا يۇرتقا ماڭ، بېرىپلا ئېرىڭ بىلەن ياراش، باللىرىڭنى باق، مانا ساڭا مېنىڭ ياردىمىم ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى! — دېدى.

نۇرنىسا خېنىم:

— ھېچبولمىسا ئېرىمنىڭ يىلىغىچە ئولتۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرىم ماڭا بىر جاي، يۈز مىڭ دوللار، يىگىرمە سەر ئالتۇن مىراس قالدۇرغان، بۇ بايلىقنى ئەكېتىمەن، — دېدى.

— مىراس قەغىزىڭ قېنى؟ قازىخانىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان مىراس قەغىزىڭ بولمىسا بىر رىيالغىمۇ ئىگە بولالمايسەن!

— بۇ قەغەز سىلىدە ئەمەسمىدى، ئاكا! ھاجى جان ئۇزۇش ئالدىدا سىلىگە شەرەت بىلەن گەپنى ئۇقتۇرغان. سىخرىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغانلا، ئاكا!

— مەندە ھېچقانداق مىراس خېتى يوق! — دېدى ئىبراھىم ھاجى قاپىقىنى تۈرۈپ، — ياقۇپ ھاجى سېنى ئالداپتۇ. تېز كەت، بولمىسا ياقۇپ ھاجىنىڭ باللىرى سېنى سولىتىپ قويىدۇ. بىلەمسەن، سەن ئۇنىڭغا تەگمىگەن بولساڭ ئۇ ھېچبولمىسا بەش يىل ئۆمۈر كۆرەلەيتتى. ئۇلار قانۇنغا ئۇستۇڭدىن ئەرز سۇنسا، قانۇن چوقۇم سېنى جاۋابقا تارتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە...

— نېمە، بوۋاينىڭ ئۆلۈمىنى مەندىن كۆرەمدۇ تېخى ئۇلار؟

نۇرنىسا خېنىم غالىلداپ تىترىدى.

— ئەلۋەتتە. توي ئاخشىمىلا يىقىلغان تۇرسا!...

نۇرنىسا خېنىم ئەتىسى جىددە ئايرودرومىدا ئاكىسى بىلەن خوشلاشقاندا بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاكا، مېنىڭ ئورنۇمدا ياقۇپ ھاجىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتۇپ قويۇڭ! — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئىبراھىم ھاجى ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭلىكىنىڭ چوڭقۇر يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئىبراھىم خېلىلۇللانىڭ نامى بىلەن ئادالەت ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن سىڭلىم، ئىنساپ دىيانەت تۇغى قولۇمدا كۆتۈرۈكلۈك، جازا ئۇشەردى نەساربلارغا ئىنئام. مەن دۇنياغا جازا ئۈلخەيرى ئۈچۈن تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئوغلىمەن!...

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# هاجىم توغرىسىدىكى ئىغۋالار

...ماقۇل بالام، مەن پىكرىڭنى قوبۇل قىلاي: ناسىر هاجىمنىڭ ئۈستىدىن يازغان ئەرزىمنى قايتۇرۇۋالاي. لېكىن مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغان ئاھانەتنى ھاجىمدىن ئاڭلىدىم، ھېچكىمدىن كۆرمىگەن خورلۇقنى ھاجىمدىن كۆردۈم. مەنمۇ قانۇننى بىلىمەن، ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىمەن. ھازىر دىندار بولغىنىم بىلەن، نۇرغۇن ئۆمرۈم مۇئەللىمچىلىك بىلەن ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇننى بىلىمەن: بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشقا، بىر ئادەمگە ھاقارەت قىلىشقا قانۇن يول قويمايدۇ. ھاجىم مېنى نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا: «پەخرىدىن سەرراپ» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ پاش قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئادەم كېلىپ: «قانۇنسىز ئالتۇن سودىسى» قىلىشقا تىپسەن، دەپ مېنى جاۋابقا تارتتى. مەن ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىدىم. ئۇلارنى: «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان مۇتتەھەملەر!» دەپ تىللىدىم. ئۇلار: «ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق دىنىي زات ناسىر ھاجىممۇ يالغانچىمۇ؟» دەپ ھاجىمنىڭ پاش قىلىش ماتېرىيالىنى ئالدىمغا تاشلىدى. ئوقۇپ باقسام قىپقىزىل تۆھمەت! غەزىپىم ئىچىمگە سىغماي شۇ كۈنى نەزىردىلا ھاجىم بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم ـ دە، كالىچىمنى ھاجىمنىڭ بېشىغا ئاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، كالاچ ھاجىمنىڭ سەللىسىگە تەگكىنى، بولمىسا جامائەت مېنى چالما ـ كېسەك قىلاتتىكەن. مېنى جامائەت ئۇ كۈنى دۈشكەلەپ، غولۇمدىن ئىتتىرىپ، نەزىردىن قوغلاپ چىقارغاننى ئاز دەپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر كېچاڭى ھاجىمنىڭ

كۆشكۆرتۆشى بىلەن مېنى ئۈچ كۈن سولاپ قويدى... بۇ ئىشلار ھار كەلمەمدۇ؟ مېنىڭمۇ بالىلىرىم، نەۋرىلىرىم، يۇرت ـ جاما- ئىتىم بار ـ دە! ھاجىم يۈز ـ خاتىرە قىلمىغاندىكىن، مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن ـ دە. ھاجىمنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز بەر- دىم. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. قانۇن مۆتىۋەرگىمۇ، لۈكچەككىمۇ ئوخشاش ئىشىنىشى كېرەكتە. ئەرزىمنى ئاڭلاپ ھاجىم كۈندە دېگۈدەك ئەلچى قويۇپ بوسۇغامنى تېشىۋەتتى. بۈگۈن سەن كەپسەن، نېمىمۇ دەيمەن، ماقۇل، ئەرز يازمىغان بولاي. ماقۇل، ھاجىم بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكى- نىمۇ تالاشماي. لېكىن سەن ئاڭلاپ قوي، ھاجىم ھەققىدىكى ئىغۋالارنى بىر تەكرارلىۋالاي: ھاجىم مېنى ئىغۋا تارقاتتى دەي- دۇ. مەن ئىغۋاچىمۇ ياكى ھاجىم ئۆزى «ئىغۋا» ئۈچۈن ئۇرۇق چاچتىمۇ؟ بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ خۇلاسىلىۋال. مەن ھاجىم بىلەن بىللە ھەج قىلىش جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنىلا ساڭا دەپ بېرەي:

ھەج قىلىش — ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرى. مەن بالىلىرىمنىڭ زورى بىلەن ھەج قىلدىم، بالام. ئۈچىنچى ئوغلۇم ئەفرىدىن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كېتىۋىدى، گۇاڭجۇ دېگەن شەھەرگە بېرىۋېلىپ بەش يىلدىن كېيىن كاتتا سودىگەر بولۇپ قايتتى. يەتتە ئوغلۇمنىڭ يەتتە خىل ھۈنىرى بار، بالام. ئەمما يامىنى ئاشۇ ئەفرىدىن. ئۇ شەيتانغا نوختا سالالايدۇ، ئالداركۆسىنى ئالدىيالايدۇ. توۋا، مېنىڭ پۇشتۇمدىن ئەفرىدىندەك ئالدامچىنىڭ چىقىشىنى ئويلاپ- مۇ باقمىغانىكەنمەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچ شەھەردە دۇكىنى بار، نەچچە يۈز مىڭ سوملۇق دەسمايىسى بار. ھازىر ئۇ چوڭ باي. لېكىن ئۇنىڭ بايلىقى ساختىلىق، يالغانچىلىق بىلەن قولغا كەل- گەن. مەن ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ھەج قىلىشنى راۋا كۆرمىۋىدىم، قالغان ئالتە ئوغلۇم بىلەن ئىككى قىزىم ھالال ئەمگەكتىن

تاپقان پۇللىرى بىلەن مېنى يولغا سالماقچى بولدى. ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولمىسا ساڭا پاسپورت بەرمەيدىكەن. مېنىڭ باللىرىم نەدىن جۆندىدىكىن سەككىز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى جايلاپتۇ. ئەفرىدىن مەن بىلەن بىللە بارماقچى بولۇۋىدى، مەن، سودىگەرچىلىك قىلىپ ھەج ساۋابىنى گۇناھقا ئايلاندۇرمىسۇن دەپ ئۇنىمىدىم. ئاخىر، باللىرىم ناسىر ھاجى بىلەن ئىككىمىزنى يولغا سالدى. ناسىر ھاجىم كىم بولىدۇ، دەمسى-نا؟ بىلمەمسەن، ھېلىقى مازارنىڭ جارۇپى شۇ. ئۇ ھازىر سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسىمۇ بولدى، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەرگە ۋەكىل بولۇپمۇ نەچچە قېتىملاپ باردى. بولىدۇ، ناسىر ھاجى كونكرېت ئادەم. مەن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بې-رەي. ئۇ ئادەم ھازىر يۇرت چوڭى، ھۆكۈمەتنىڭ تىزىمىدا بار ئىناۋەتلىك ئادەم. ئۇ ئادەم ئالدىنقى يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ھەج ئۆمىكى بىلەن بىر قېتىم ھەج قىلىپ كەلگەن. بۇ — ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى. ئالدىنقى قېتىم ھەج قىلىپ يانغىنىدا پۈتۈن رايوندىكى يۇرت چوڭلىرى تۆت ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھاجىمنى كۈتۈۋالغانىدۇق. ئۇ بىزنىڭ تۇنجى ھاجىمىز بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيدۇق. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر يۇتۇم زەمزەم سۈيى ئىچكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆز قولىدا بىردىن تەسۋى تەقدىم قىل-غانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك — ئامەتلىك ھېسابلىدۇق. ھاجىم ئات ياكى ئېشەك بىلەن كوچىلاردىن ئۆتسە، ھەممىمىز بېشىمىز يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بەردۇق. ئۇنىڭ ئارقى-سىدا ناماز ئوقۇشنى ساۋاب بىلىپ، يىراق كۆرمەستىن ناسىر ھاجىم ئۆز ۋاقتىدا جارۇپلۇق قىلغان، ھازىر ئىماملىق قىلىۋات-قان جۈمە مەسچىتىگە بېرىپ بەش ۋاخ نامىزىمىزنى ئوقۇدۇق. نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم مەرىكىلىرىدە ئۇنىڭغا ئون سوم شۇڭغۇتۇش ئورنىغا يۈز سوم شۇڭغۇتتۇق. ئۇنىڭ دۇئاسى، ئۇنىڭ دېمىدىسى قىرىق يىللىق كونا كېسەلگە، ئوتتۇز يىللىق

تۇغماس خوتۇنغىمۇ داۋا ـ شىپا بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭغا ئىشەن-
دۇق. ئۇ بىزنىڭ بۇ يېزىلىرىمىزدا تىل تەگكۈزگىلى، گۇمان
قىلغىلى بولمايدىغان بىر «پەيغەمبەر»گە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ
ئىززەت ـ ئابرۇيى، كىرىم ـ تاپاۋىتى مانا شۇنداق راسا كۆپىيە-
ۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناسىر ھاجىم چاندۇرۇپ قويدى.
نېمە قىلدى دەمسىنا؟ بىر تۇل ئەما ئايال ئۆز قىزىنى ھاجىمغا
دۇئا قىلدۇرغانىكەن، ھاجىم يۇرت ـ جامائەتتىن ئەيمەنمەستىن
ئۆزىنىڭ يەتمىشتىن ئاشقان، يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى
بار ھاجىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئون يەتتە ياشلىق مەسۇم
قىزنى مومىيى ئۈستىگە نىكاھ قىلدۇرۇپ توقاللىققا ئاپتۇ.
ھاجىمنى يۇرت ـ جامائەت قانۇنىي جازادىن ساقلاپ قالدۇق.
لېكىن ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىيالمىدۇق.
مانا مۇشۇ ناسىر ھاجىم ماڭا ھەمراھ بولدى. ھاجىم ماڭا:
— ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىپ پاكلىنىپ كېلىمەن.
خۇدا بەندىسىنى كەچۈرىدۇ. مەن ئەرافاتتا ھەممە گۇناھىم ئۈ-
چۈن خۇدايىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن! — دېدى.
بىز ناسىر ھاجىم ئىككىمىز بۇ يىل 6 ـ ئايدا يۇرت ـ
جامائەتكە كاتتا نەزىر بېرىپ، يۇرتنىڭ دۇئا ۋە سوۋغا ـ سالام
يوللۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ يېزىدىن شەھەرگە كىردۇق. ۋىلا-
يەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتى بىزنى يىغىپ
بىر ھەج ئۆمىكى تەشكىللىدى. بىز تۆت يوقلاش ۋەزىپىسى
بىلەن ماڭىدىغانلار ئوتتۇز تۆت كىشى ئىكەنمىز. كۆپچىلىك
مېنى ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويدى. مەن
ناسىر ھاجىمنى كۆرسىتىۋىدىم، مەندىن باشقا ئىككىلا ئادەم
ئۇنى قوللاپ ئاۋاز بېرىپتۇ. ئۆمرىدە تۆت ئادەمگە باشلىق بولۇپ
باقمىغان ماڭا ئوخشاش بىر سەھرالىق ئوتتۇز نەچچە كىشىلىك
ھەج ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ سايلانسا، تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇ-
لىدىكەن. ھەممىدىنمۇ ماڭا بۇ ئىش كۆلكىلىك تۇيۇلدى. ساقال

قويغىنىم ياخشى بولغانىكەن. مەن نەۋرە كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن يېزا ئادىتىگە ئەمەل قىلىپ ساقال قويغانمەن. ساقال بىلەن ھۆرمەت تېپىش خىيالىمغا كىرمىگەندى، بۇ قېتىم ساقالنىڭ ھۆرمىتى بىلەن «باشلىق» بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلىدىم.

— ياق، ساقالنىڭ ھۆرمىتىنى قىلسا مېنى سايلىسا بولاتتى، — دېدى شەھەردىن قەشقەرگە يولغا چىققان كونىمىز ناسىر ھاجى چىرايلىق، تۆت چاسا ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، مەيۇس ھالدا، — سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس. كۆپچىلىك سىزنىڭ مۇئەللىم بولغانلىقىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشتى. ھەممىنى بىلدىم، ئەپەندىم. ھەج قىلغۇچى ئوتتۇز نەچچە كىشىنىڭ يىگىرمە نەچچىسى سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئىكەن. ئۇلار ھەج قىلغىلى ئەمەس، سودا قىلىپ پۇل تاپقىلى كېتىپ بارغان سودىگەرلەر. سىز ساپلا سودىگەرلەرنى تەربىيىلەپسىز. يۇز بالىڭىزنىڭ توقسىنى سودىگەر. سودىگەر دېگەندە ئىمان سۇيۇق بولىدۇ. بۇنداق ئىمانى سۇيۇق ھەج ئۆمىكى بىلەن بىللە سەپەر قىلىشمۇ بىر گۇناھ، ئەپەندىم. سىز بۇلارغا باشلىق بولدۇم دەپ خۇشال بولۇۋاتىسىز. بىلەمسىز، سىز گۇناھكارلارغا باش بولدىڭىز، ھى - ھى - ھى...

— ھاجىم، ھەج سەپىرىدە كىشىگە ئازار بېرىش، قوپال گەپ قىلىش ھەتتا ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن گۈل - گىياھلارنى ئۈزۈش، ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ گۇناھ بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

بىز ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمىز. ئارقىمىزدا ئوتتۇز نەچچە ھەج قىلغۇچى ئولتۇرۇپتۇ. بىز چۈشكەن قىرىق نەچچە ئورۇندۇقلۇق، چەت ئەلدە ياسالغان ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇسنىڭ بوش قالغان ئورۇندۇق ۋە ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ چامادان، چىگىدالغان مىشكاپ، خالتىلىرى بىلەن تولغان، ھاجىمنىڭ كۆزدە تۇتقىنى مانا شۇماللار ئىدى. ئۇ

مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئازار بېرىش، قوپال گەپ قىلىش گۇناھ، لېكىن پەرھىز ئادا قىلغىلى ئەمەس، باي بولۇپ كېلەيچۇ دەپ ھەج قىلغىلى يولغا چىقىش تولىمۇ چوڭ گۇناھ. خۇدانى ئالداش، ئىماننى سېتىش دېگەن مانا شۇ!

— ئۇنداقتا سىلىنىڭ ئىمانلىرىچۇ، تەقسىر! — دېدى ئېگىز، چوقۇر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — راست، مەن ئۇزۇم سودىگىرى. سوۋغا ـ سالام ئۇچۇن ئىككى ـ ئۇچ يۇز مېتىردەك شايى بىلەن ئىمبوس ئالدىم. سىلىچۇ؟ ماشىنىدىكى يۇكنىڭ يېرىمى سىلىنىڭ، تەقسىر. قانچىلىك يوپكا، چۇچۇنچە، مەرۋايىت ئالدىلا؟ يول ئۇزۇن، تېخى كۆرىمىز. كىم سودا قىلغىلى، كىم ھەج قىلغىلى كېتىپ بېرىپتۇ؟ ياراتقان ئىگىسى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ!

— بەس، ھاي قاسىم ئۇكام، — دېدىم مەن تەخىر قىلالماي، — ھاجىمنىڭ گەپلىرى يوللۇق، راست ئېيتىدۇ، ھەج قىلغىلى ساپ نىيەت بىلەن مېڭىش زۆرۈر.

يول ئۇزۇن، سەپەر مۇشكۇل، ماشىنىدىكىلەر تېزلا بىر جامائەت بولۇپ قالدۇق. سۇ بار يەرلەردە توختايمىز، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايمىز. مەن ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىمەن، ئىمامەتچىلىككە ھاجىمنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇق. ھەر ۋاخ نامازدىن كېيىن ناسىر ھاجىم «ھەج ساۋاتلىرى» ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۇستىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كىتابخانلىق قىلىدۇ. نامازدىن كېيىن ماشىنىدا كېتىپ بېرىپمۇ ساۋاب ۋە گۇناھلار ئۇستىدە ئاۋازلىرى پۇتكۇچە سۆزلەيدۇ. مەن قايىلمەن، ناسىر ھاجىم شەرىئەت ئىلمى چوڭقۇر كىشى ئىكەن. قاراڭ، «قۇرئان كەرىم» كەلىمىلىرى ئۇستىدە شۇنداق تەپسىلىي سۆزلىدىكى، قۇرئاندىكى ئالتە مىڭ ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە ئايەتنى

www.uyghurkitap.com

تۇرلەرگە بۆلۈشنى مەن بىرىنچى بولۇپ ھاجىمدىن ئاڭلىدىم.
نېمە، قانداق تۇرلەرگە بۆلۈنىدىكەن دەمسىنا؟ ساڭا بۇنىڭ نېمە-
گە لازىمى بار بالام؟ بوپتۇ، بۇمۇ بىر بىلىم دەپ تونۇغان
بولساڭ دەپتىرىڭگە يېزىۋال، ھە، راستىنلا ئاۋۇ ئۇنىئالغۇ
دېگەن نېمەڭ ھەممىنى ساڭا خاتىرىلەپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇن-
داق بولسا بىلىۋال: قۇرئاندىكى ئالتە مىڭ ئالتە يۈز ئاتمىش
ئالتە ئايەت تۆۋەندىكىچە تۈرگە بۆلۈنىدىكەن:

مىڭ ئايەت ۋەئدە (يەنى ئەمرىمگە مەدھىيە).
مىڭ ئايەت ۋەئىدە (يەنى تەھدىت).
مىڭ ئايەت ئەمرى (يەنى بۇيرۇق).
مىڭ ئايەت فەھىيە (يەنى مەنئى، چەك).
مىڭ ئايەت قىسسە (يەنى ۋەقەلەر).
مىڭ ئايەت مىسال (مىسالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن).
بەش يۈز ئايەت ھالال ـ ھارام.
يۈز ئايەت دۇئا (يەنى تىلەك).
ئاتمىش ئالتە ئايەت ناسۇخ ـ مەنسۇخ (تىلاۋەت قىلىنىدۇ،
ئەمەل قىلىنمايدۇ، دېگەن سۆز).

— ناسىر ھاجىمنىڭ ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغىنى ھالال ۋە
ھارام توغرىسىدىكى بەش يۈز ئايەت. قارا، بالام، ھاجىم ھالال
بىلەن ھارامنىڭ تۈرلىرىنى شۇنداق سانايدۇكى، ئاڭلىغان ئا-
دەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇ، دۇنيادىكى ھارام نەرسى-
لەرنىڭ سانىنى بىرنەچچە يۈزگە، ھەتتا بىرنەچچە مىڭغا يەتكۈز-
گەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە: ئادەم پىلسىراتنىڭ ئۈستىدە ماڭغۇ-
دەك، ئازراقلا دىققەت قىلمىسا ھاراملىق پاتقىقىغا دەسسىۋالىدى-
كەن. كۆپچىلىك سەپەر جەريانىدا ھاجىم توغرىسىدىكى ھېلىقى-
دەك گەپلەرنى ئۇنتۇپ ئۇنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇنىڭغا ئىخلاس
قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاشۇنداق قىلىپ گەپ ـ سۆزسىزلا بىز-
نىڭ ھەج ئۆمىكىمىزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئادىمىگە ئايلىنىپ

قالدى. مەن ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغىنىم بىلەن ھېچقان-
داق بىر ئىشنى ناسىر ھاجىمىنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمايدىغان
بولۇپ قالدىم. ئۇ ئوتتۇز نەچچە كىشىنىڭ ئەقىلدارى، رەھبە-
رى، پېشۋاسى بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ دۇئا قىلىنغان قىزنى ئالغىنى ئىغۋا ئىكەن.

— شۇنداق بولماي نېمە بولاتتى، بىز ئۇيغۇرلار پىتنە -
پاساتقا شۇنداق ئۇستا تۇرساق...

— پىتنە توقۇيدىغان بولساق ئىگەكىم...

— ھاڭگىنى مادا قىلىۋېتىمىز!

— نارەسىدىنى قاتىل قىلىۋېتىمىز!

— ئۆزىمىز توقۇغان پىتنىگە ئۆزىمىز ئىشىنىمىز!

ئاخشىمى چۆلدىكى ئازادە شەخسىي سارايدا يېتىپ قىلىنغان
بۇ سۆھبەتكە يەنە مەن چەك قويدۇم:

— قويۇڭلار دەيمەن، غەيۋەت - شىكايەت گۇناھ!

— بىز بىرىنى دېمىدۇق.

— ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دەۋاتىسىلەرغۇ، بۇ گۇناھ
ئەمەسمۇيا؟

— بىزمۇ ئۇيغۇرغۇ. ئۆز - ئۆزىمىزنى دېسەك گۇناھ
ئەمەستۇ، ئەپەندىم؟

مەن دائىم مۇشۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.
نېمىشقا دەمسىنا؟ پاكىتلار مېنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قو-
يىدۇ، بالام. راست، بىز پىتنە - ئىغۋاسىز ياشىيالمايمىز.
مەن ئۆز خەلقىمىزنى ياخشى كۆرىمەن، بالام. ئۇيغۇر دېسە تىك
تۇرىمەن. لېكىنزە، بۇرۇن ئۆز خەلقىمنى ياخشى كۆرگەن بى-
لەن ياخشى بىلمەيدىكەنمەن. مانا قارا، بۇ قېتىم خەلقىمنىڭ
مولللىرى، زىيالىيلىرى، سودىگەرلىرى، ئەخمەقلىرى، كۆ-
كەرمىلىرى ... خىلمۇخىل كەسىپ، خىلمۇخىل مىجەزلىكلىرى
بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ، پايدا - زىيان، راھەت - جاپادا

بىللە، بىردە يول قويۇپ، بىردە تالىشىپ، قىزىرىشىپ يۈرۈپ خەلقىمنى چوڭقۇرراق چۈشەندىم. بالام، بەزى ئادەملەرگە ھەي-ران قالدىم: ئۇلارغا خۇدايىم شۇنداق بىر كۆز بېرىپتۇ، ئۇ كۆز باشقىلارنىڭ ئەيىبىنىلا كۆرىدىكەن، ئۇلارغا شۇنداق تىل بېرىپتۇ، بۇ تىل باشقىلارنىڭ يامان گېپىنىلا قىلىدىكەن، ئۇلارغا يەنە شۇنداق بىر مېڭە بېرىپتۇ، بۇ مېڭە باشقىلارنى ۋەيران قىلىشنىلا ئويلايدىكەن!

... قېنى چاي ئىچ، بۇ گەپلىرىمنى ئۇنتۇلغۇدىن ئۆچۈرۈ-ۋەت، باشقىلار ئاڭلاپ قېلىپ رەنجىپ يۈرمىسۇن يەنە!

— مەن يولدىن چىقىپ كەتتىم، نەگە كېلىۋىدىم - ھە؟ ھەئە شۇنداق. ھېلىقى چۆلدىكى سارايدا بوسو، پېتىر مانتا، چەينەك شورپىلىرى بىلەن ياخشى تويغاندىن كېيىن خۇپتەننى ئوقۇپ، قوغۇن - تاۋۇز شىرنىسىدىن بوشاشقان، شۇ سەۋەبتىن سىم كارىۋاتتا پاكىز كىرلىك سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە يېتىش-قان ياش سەپەرداشلارنىڭ سۆھبىتىگە كېلىپ توختىغانمەن.

بىز ئون كىشىلىك چوڭ ئۆيدە سۆھبەتتە، ھاجىم ياندىكى كارىۋاتلىق ھۇجرىدا يالغۇز خورەك تارتماقتا. بىز ئۇنىڭ خور-كىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئاشۇ يالغۇز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغان.

— ھاجىمنىڭ خورىكى مۇشۇ ئۆيگە ئاڭلىنىپ ئۇخلىيال-مايۋاتىمەن!

— ھاجىمنىڭ خورىكى ماشىنىنىڭ ئاۋازىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەن!

— خۇدايىم ئىشتىھا بىلەن ئۇيقۇنى ھاجىمدىن ئايىمى-غانىكەن.

— بۈگۈنكى تاماق پۇلىنى تۆلىگىنىڭگە چىدىيالماي ھا-جىمنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتامسىنا، چىدىماس؟

— ھاجىمنىڭ تاماق، ياتاق پۇلىنى ئۈستىمىزگە ئالغىنى-مىز ساۋابلىق ئىش، ئاغىنىلەر!

— نەچچە تاي مىلى بىلەن مەرۋايىتلىرىنى چىگرىدىن ئۆتكۈزۈشۈپ بەرسەڭ توپتوغرا جەننەتكە كىرىسەن، ئەمەت ھاجى!

— قاسىم چوقۇر، ھەرەمگە ئۈزۈم ئېلىپ ماڭالمىدىم دەپ غەم.بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتامسەن؟ قەشقەردىن كاۋاپدان ئېلىۋال، بېيجىڭ، گۇاڭجۇلاردا كاۋاپچىلىق قىلغان ئۇيغۇرغا ئىسلامئاباد، كاراچى، جىددە، مەككىلەر نېمىدى؟

— سەن دۇغچىلىق قىلغىلى ماڭدىڭمۇ ئەمىسە؟ ئەمەت دۇغچى بىر دومىلاپلا ئەمەت ھاجى بولۇۋاپتۇ تېخى!

— بولدى قىلىڭلار، ھاجىم ئويغىنىپ قالمىسۇن يىگىتلەر، — دېدى ئارىمىزدىكى قېرى ئىشچى ئۆز كارىۋىتىدا تەسۋى سىيرىپ، ئاغزىنى مىتىلدىتىپ قىلىۋاتقان تەقۋادارلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، — بىلەمسىلەر، ناسىر ھاجىم تەكشى ئادەم ئەمەس، سىلەرنىڭ مۇشۇ چاقچاقلىرىڭلارنى چۈشىدە ئاڭلىدى ئۇ. ھەج سەپىرىدە چاقچاق ھارام، ئۇنتۇپ قالماڭلار!

— غەيۋەت ھارام، چاقچاق ھارام، ئاچ كۆزلۈك، خىيانەت، نامەھرەم، كۈپۈرلۇق، شېرىكلىك... يەنە نېمىلەر ئىدى؟ قاسىم چوقۇر، سەن ياخشى يادلىۋال جۇمۇ؟

— ئەمەت دۇغچى، سەن بوينۇڭغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋال، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغاندىن ئارىمىزدا بىرلا سەن بار!

بىز ئاشۇنداق چاقچاقلار بىلەن ئۇخلاپ قالدۇق.

يەرگە يورۇق چۈشمەستە بىز ماشىنىغا چىقىشتۇق. ئىشىك ئالدىدا سارايۋەن ئايال پەيدا بولدى.

— قايسى ھاراملىق ئەدىيالنى ئېلىپ ماڭدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، — ئۈچ كويچەنلىك ياتاق پۇلى تۆلەپ ئوتتۇز كويچەنلىك ئەدىيالنى ئېلىپ ماڭغان نائەھلىنى تېپىپ بەرمىسەڭلار ماشىناڭلارنى ماڭغۇزمايمەن!

www.uyghurkitap.com

مەن تۆش يانچۇقۇمدىن ئوتتۇز يۈەن چىقىرىپ ئايالغا يېلىندىم:

— سىڭلىم، مەڭ، يېڭىسىنى ئېلىۋېلىڭ، ھەج سەپىرىگە ماڭغان ئادەملەرگە قارا چاپلىماڭ!

— ۋاي ئازازۇل دوزىخى! — دېدى ناسىر ھاجىم ئايالغا ھومىيىپ، — پۇل بەرمەڭ بۇ تويمىغۇر قانجۇققا!

جېدەل چىقاتتى، لېكىن شوپۇرىمىز مېنىڭ ئىشارىتىم بىلەن ماشىنىنى ھەيدىدى.

بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئاخىرقى بامدات نامىزىنى بىر قو-غۇنلۇقتا ئوقۇدۇق. مەن ھاجىمنىڭ بىر يېڭى ئەدىيالنى جايناماز قىلىپ بىزگە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم - دە، ھې-لىقى سارايۋەننى ئېسىمگە ئېلىپ سەسكىنىپ كەتتىم.

— قەشقەرگە كېلىپ قالدۇق، جامائەت! — دېدى ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە قاراپ، — ئۇلۇغ ئافاق غوجام مازىرى بار مۇقەددەس شەھەرگە پاك ئىمان، پاك نىيەت، پاك بەدەن بىلەن كىرەيلى. ئەنە سۇ، تەرەت ئېلىپ ماشىنىغا چىقايلى.

بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدۇق. ئۇ سەللىسىنى قايتىدىن ئۆرۈپ سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇ-زۇن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىزگە باشلامچى بولۇپ سۈرە باشلىدى:

— لەببەيك، ئاللاھۇممە لەببەيك!...

قەشقەر شەھىرىنىڭ خام بازىرىدىكى ئابدۇقادىر داموللام مەدرىسىگە (ئۇ جاي ھازىر سىياسىي مەكتەپ ئىكەن) سۈرە ئوقۇپ ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدۇق!...

خوش، ئۆي ئىسسىپ كەتتى، قالغان گەپنى باغقا چىقىپ قىلىشايلى. قېنى، ئوغلۇم ئەيسىرەم، مەرھەمەت قىل، باللار باغقا — ئالما تېگىگە ئورۇن راسلاپ قويۇپتۇ.

كۆرپە بېسىپ ئولتۇرغىن، مامۇق ياستۇقنى قولتۇقۇڭغا
قىسىپ يانپاشلا. هە، مانا شۇنداق. باللار چاينى ئۇزۇلدۇر-
مەڭلار. گەپ ئۇزۇن، تېخى ئەمدى باشلاندى، بالام. ئۇنئالغۇڭ-
نىڭ زاپاس لېنتىسى باردۇر ـ هە؟ ئۇنداق بولسا ياخشى.
خوش، قەيەرگە كېلىۋىدىما؟

هە، راستىنلا خام بازىرىدىكى ئابدۇقادىر داموللام مەدرى-
سىگە كېلىۋىدۇق. شۇنداق قىلىپ بىز مەدرىسە هۇجرىلىرىغا
جايلاشتۇق. هويلا مىغ ـ مىغ ئادەملەر بىلەن تولغانىكەن. مەن
ئۇ كۈنى شۇنداق چارچىدىمكى، ئۇكام، ئون پۇتلۇق يەرنىڭ
زىغىرىنى چالغا بىلەن چاپقاندەك بولدۇم. نېمىشقا دەمسىنا؟
مەن ئۆمەك باشلىقى ـ دە، بۇ يەردە ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئىشى
شۇنچىلىك جىقكى، ئۇنى بىر دېمە. ئوتتۇز تۆت ئادەمنى ياتاق-
لارغا بۆلۈش، ئانكىتلارنى تولدۇرۇش، ساقچى ئىدارىسىدە ئۆ-
چىرەت تۇرۇپ پاسپورت ئېلىش، ئۇ يەردىن پوچتىخانىغا كېلىپ
پوچتا هەققى (بۇ نېمىسىكىنتاڭ) تۆلەش، بانكىغا بېرىپ قىس-
تىلىپ يۇرۇپ هەربىر كىشىگە ئىككى يۇز ئامېرىكا دوللىرى
تېگىشىپ ئېلىش. بۇ يەردە ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى
كۆرسەتمىسەڭ تېخى ساڭا پۇل تېگىشىپ بەرمەيدىكەن دېگىنە!
ناسىر هاجىم ئۇ يەردىمۇ بىر جالىق قىلدى جۇمۇ، ئۇكام.
مەندىن مىڭ دوللار ئېلىپ ئۆزىدىكى سەككىز يۇز دوللارغا
قوشۇپ كۆرسىتىپ ئۆتكەلدىن ئۆتىۋالدى. ماڭا قايتۇرۇپ بەر-
گەن مىڭ دوللاردىن ئىككى قەغەز كەم چىقتى جۇمۇ، ئۇكام.
بۇنى قانداقمۇ هاجىمغا دېگۈلۈك، بەلكى قېرى ئادەم چۈشۈرۈپ
قويغاندۇ ياكى بىرى ئېلىۋالغاندۇر. لېكىن مەن نېمىلا بولمى-
سۇن ئىشنىڭ پۈتكىنىگە خۇشال. كەچتە هېرىپ ياتاققا كەلسەم
يەنە هاجىمنىڭ جېدىلى. ئادەم ياتىدىغان ئۈچ كارىۋاتقا هاجىم
ئۆزىنىڭ يۈك ـ تاقىنى قويىۋالغانىكەن، ئۈچ ئادىمىمىز تالادا
قاپتۇ. هاجىمنىڭ يۈكلىرىنىڭ تولىلىقىنى دېمەيتىمەن تېخى،

مېنى چارچىتىپ ھالىمدىن كەتكۈزگەنمۇ شۇ يۈكلىرى ئىدى. ئۆمەك باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن بىرمۇ ئادەمنىڭ يۈكىنى تالادا قويماسلىقىم لازىم ـ دە. مەن توشۇماي كىم توشۇيتتى ئەمىسە. قارا تەرگە چۆمگۈچە يۈك توشۇدۇم، ئۈكام. بۇ چاغدا قۇرئاندىكى ھېلىقى بەش يۈز ھالال ـ ھارام، ناسىر ھاجىمنىڭ ھارامىلار تىزىملىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن-دى. ئاخشىمى ياتاق ماجىراسىدا قاسىم چوقۇر يەنە بۇ گەپنى قوزغىدى:

— ھاجىم، غوجامنىڭ ئېشىكى چۆشەكتە يېتىپ، مالىيى توپىدا ياتسا، بۇ ئېشەك غوجامغا ھالالغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ ھاجىمنى مەسخىرە قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن ياشلارنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلدى:

— موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما!

— ھەممىنى موللا بىلىدۇ، موللا قويۇپ كۆلگە...

— پاھ، ھاجىم، ئون تاي مال ئېلىپ مېڭىپتىلا، تاموژنا بىلەن پۈتۈشۈپ قويىلىمۇ نېمە؟

ھاجىم ئۇ چاغدا شۇنداق بىر ئادەمگە ئۆزگىرىۋالدىكى، قويۇۋەر، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى، تەقۋادارلىقى ۋە يول بويى قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئون تاي مال ئۈچۈن يوندىدەك تۆكۈپ تاشلاپ، ھارسىز، بىچارە، پاخشا ئايلىنىۋالدى. ئۇ قارا يەكتەك ئۈستىدىن كۆپ پوتا باغلاپ، ئاق شاپاق دوپپىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈۋېلىپ، كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھەممە زەربە، ئاھانەتلەرگە چىداشلىق بەردى. لېكىن مەن چىدى-مىدىم:

— بولدى، يۇرۇتلار، كارىۋات يېتىشمىگەنلەرنى مەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دېدىم ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ھاجىمنىڭ شۇ كۈنلەردىكى بىچارە، مىسكىنلىكىنى ئويلى-

سام كۆلگۆم كېلىدۇ، ئۇكام. ئازراق پايدا ئۇچۇن ئۆزىنى خورلاش، باشقىلارغا يېلىنىش، باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەش بىز ئۇيغۇرلاردىلا بار ئەيىبمۇ ياكى باشقا مىللەتلەردىمۇ بارمۇ؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن، سەن ياخشى بىلىسەن، ئۇكام.

يېرىم كېچىدە بىرى مېنى ئىرغىتىپ ئويغاتتى.

— بۇ مەن، ناسىر ھاجىم، — دېدى ئۇ مەن چالا ئويغانغاندىن كېيىن پىچىرلاپ، — يۇرۇڭ باشلىق، تالاغا چىقىسىڭىزا، سىز ماڭا مەسلىھەت بەرمىسىڭىز بولمىدى.

بىز ھويلىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— سىز راستىنىلا ھېچقانداق مال، سوۋغا ـ سالامسىز يولغا چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، تەقسىر، ھەج قىلغىلى چىقتىم.

— تائىفتا تۇغقانلىرىم بار دېۋىدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق، شىرەم تۇغقان.

— ئۇنداقتا مۇنۇ تۆت كوپتىنى ئېلىۋېلىڭ، قۇرۇق قول بارغاندىن ياخشى. سىز تولا خام ئادەم ئىكەنسىز.

مەن كوپتىلارنى قوبۇل قىلدىم ھەم ئىككى يۈز سوم تەڭلىدىم.

— ياق، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان ياردىمىم. سىز ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭىز. ئۆمەك باشلىقىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئەزالارنىڭ بۇرچى. بۇنى ئوتتۇز تۆت، ياق، ئوتتۇز ئۇچ ئەزانىڭ ئىچىدە بىر مەنلا چۈشىنىدىغان ئوخشايمەن!

— ئېسىمگە سالغانلىرىمۇ چوڭ ياردەم، تەقسىر، شۇنداقتىمۇ بىكارغا ئالالمايمەن!

— ماقۇل ئەمىسە، دانىسى ئەللىك كويدىن ئەمەس، قىرىق بەش كويدىن ئۆز باھاسىدا بولسۇن، پۇلنى يۇرتقا بارغاندىن كېيىن بەرسىلە.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ:

— مېنىڭ ئىككى تاي يۇكۇم سىزنىڭ پاسپورتىڭىز بىلەن تاموژنىدىن ئۆتسە قانداق دەيسىز، تەنجاڭ! — دېدى.

ئۇ بىردەمدىلا خەنزۇچىلاپ «تەنجاڭ» (تۇەنجاڭ — ئۆمەك باشلىقى دېمەكچى) دېگەن سۆزنىمۇ ئىشقا سالدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئەتىسى ماللار ئۆتكۈزۈلۈپ بولۇپ، بىز قەشقەردىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھەممە ئادەم ھاياجانلانغان، ھويلىلار، كوچىلار خوشلاشقۇچىلارنىڭ يىغا - زار، ھۆكمەت، تىلاۋەت دۇئالىرى بىلەن تولغان، ماشىنىلارغا يۈرت - يۈرت بويىچە ئورۇنلاشقان ھەج ئەھلى. ئۆز ئۇرۇق تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، يۇرت - جامائىتى بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلىشىۋاتقاندا، بىزنىڭ ناسىر ھاجىم قايتىدىن جانلاندى. ئۇ قارا پەشمەت، ئاپئاق كۆڭلەك، چىرايلىق ئورالغان سەللىسى، تۆت چاسا چىرايلىق ساقىلى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا ئىدى. ئۇ سۆزلىمەكتە، ئايەت ئوقۇماقتا، كەينى - كەينىدىن دۇئا قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن خەلق ئۇنىڭ ۋەز - نۇتقىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىماقتا:

— ھەج قىلغىلى ماڭغان ھەربىر مۇسۇلمان خۇدادىن باشقىنى ئويلىماسلىقى، پەرھىز ئادا قىلغىلى ماڭغان ھەربىر ئۇممەت خۇدانىڭ بىر نامىدىن باشقا نامنى تىلغا ئالماسلىقى، دىلغا پۈكمەسلىكى لازىم. كىمدەكىم مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش ۋەسۋەسىسىگە چۈشىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ قىلغان ھەجى قوبۇل بولمايدۇ... ۋالنىئمە تەكۋە كەلەلمۇللىك، لاشەرەكەلەك!

ئەنە شۇنداق، بالام ئەيسىرەم، بىز خەق مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىنى قىلالايدىكەنمىز، بىچارە بولىدىغان، ئۇششۇق بولۇۋالىدىغان جايدا ئۇنىمۇ قاملاشتۇرالايدىكەنمىز. مەرتىۋە، ئابرۇي تالىشىدىغان سورۇن تېپىلسا باشقىلارغا زادىلا ئۇلۇش قالدۇرمايدىكەنمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوپالدىن ئۆتۇپ تاقىر تاغقا ياماشقاندىن كېيىن، ھاجىم بېشىنى مۇرەمگە قويۇۋېلىپ شۇنداق خورەك تارتتىكى، بۇ خورەك تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندە تاشقورغانغا كەلگۈچە ماشىنىدىكى ھېچ ئادەمگە ئارام بەرمىدى. ياشلىرىمىزنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ئون تاي مالنىڭ ئالتىسى تاموژنىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتتى. تۆت تاي مال ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا، ماشىنىنىڭ ئۇستىدە خاتىرجەم بولۇۋالغان ھاجىم بۇنچىلىك ھۆركىرىمەيتتىمۇ ئەمىسە!

— ھاجىمدىن سورىۋالماپتىمىز – دە، كۆل بۇقىسى ھۆركىرىگەندەك ئاڭلىنىدىغان خورەك ھالالمىدۇ، ھارامىدۇ؟

— ھەي يىگىتلەر، ياخشى گەپلەرنى قىلايلى، ئازار بولىدىغان گەپلەرنى قىلمايلى.

مەن ھېلىدىن – ھېلىغا ياشلارنى نەسىھەت بىلەن توسۇۋالىمەن. ھاجىم بۇ تاپا – تەنىلەرنى نەدىن ئاڭلىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئازابلىنىمەن، خىجىل بولىمەن. بۇ ئازاب، خىجالەتچىلىك، مېنى ئۇنىڭ يۈكلىرىنى توشۇغاندىنمۇ، تاموژنىدىن ئۇنىڭ يۈكىنى ئۆتكۈزىمەن دەپ خادىملارغا يېلىنغاندىنمۇ بەكرەك تەرلەتتى، ئۇكام.

تەرلەپ – پىشىپ، ھېرىپ – چارچاپ، ھاۋاسى شالاڭ تاغ ئۈستى «مىڭتېكە» (قونجىراپ) ئېغىزىغىمۇ كەلدۇق. مەن بۇ يەرنى مىڭتېكە دېيىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئارىمىزدا خېلى بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. «قونجىراپ» دېگەن سۆز پارسچە «قان ئاقار دەريا» دېگەن بولىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرچە مىڭتېكە دېگەن ئىسمىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ. بىز نېمىشقا ئۇيغۇرچە يەكەن دەرياسى، مىڭتېكە دېگەن سۆزلەرنى قوللانماي «زەرەپشان»، «قونجىراپ» دېگەندەك پارسچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىمىز كىنتاڭ!

ماقۇل، گەپنى شاخلاتماستىن ئاشۇ «مىڭتېكە» ئېغىزىغا

كېلەي. بۇ يەردە بىزنى قەشقەردىن ئەكەلگەن ماشىنىلار يەرگە چۈشۈردى ـ دە، بىز چېگرىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئاندىن يەنە قايتىدىن ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، پاكىستانغا قاراپ ماڭدۇق. مانا شۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئەستەر ـ پاختىسى چۇۋۇلىدىغان گەپ ئىكەن.

ئۇستى سۇلياۋ بىلەن يېپىلغان تەكشۈرۈش ئۆيلىرىگە.ھەممە يۈكنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىدىغان گەپ ئىكەن. بۇ يەردە ھېچكىم ـ ھېچكىمگە ياردەم قىلمايدىكەن. ئادەملەر سەممىيەت، راستچىل-لىق دېگەنلەرنى مانا مۇشۇ يەرلەردە تامامەن ئۇنتۇشىدىكەن. مەن ئاران ـ ئارانلا نەپەس ئېلىپ ياندىكى ئاشخانا سايىسىدە ئولتۇ-رۇپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋاتقان خوتەن ھەج ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ قىزىقچىلىقىنى كۆرمەكتىمەن. بۇ يەردە خالتىلار ئۆلچىنىدۇ، تالونلار تەكشۈرۈلىدۇ، بەلگىلىمىدىن ئارتۇقماللار تۇتۇپ قې-لىنىپ، مال ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىغا تالون بېرىلىدۇ، ئۇ تالون بىلەن ھەج قىلىپ قايتقاندا تۇتۇپ قېلىنغان ماللىرىنى قايتۇ-رۇپ ئەكېتىدۇ. بىزنىڭ ھەج قىلغۇچىلىرىمىزنىڭ پەم ـ پارا-ستىگە ھەيران قالدىم. بىر خالتىنى تارتقۇزۇپ بىرنەچچە خال-تىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان، مومايلارنىڭ بويۇنلىرىغا، بىلەكلىرىگە قات ـ قات مەرۋايىت باغلاپ، ھەتتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بول-غانلارغا ئۇستىلىق بىلەن ماللىرىنى شۇڭغۇتۇپ بېرىش ئارقى-لىق ماللىرىنى ئۆتكۈزۈشۈۋاتقانلار ماڭا ئۆز ھۈنەرلىرى بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. تاموژنا خادىملىرىنىڭ سەگەك كۆزلىرى، مول تەجرىبىلىرى بىزنىڭ ھەج قىلغۇچىلىرىمىز ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقاتقان.

مەن ئۆزۈم بىلەن بىللە نەچچە كۈنلەپ سەپەر قىلغان، ئادەتتە ئۆز گېپىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدىغان، ناچار كىيىنگەن دېھقانلارنىڭ بۇنچىلىك ماھارەتنى ئۆگىنىۋالغىنىغا ھەيرانمەن. مەندىن باشقا ھەممىلا ئادەم مال ئەكەلگەن. ھەممىلا ئادەم تاموژ-

نىدىن ئارتۇق ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا.

— ھاجىمنىڭ ماللىرى ھارام بولىدىغان بولدى، — دېدى قاسىم چوقۇر خۇشال بولۇپ، — قاراڭلار، بوز يەرگە مۆكۈنگەن دوغداقنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ماللىرى...

مەن شۇ چاغدىلا يول بويى يېنىمدا ئولتۇرغان، قىلىقلىرى بىلەن جېنىمغا تەگكەن يۇرتلۇقۇم ناسىر ھاجىمنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقىنى بايقىدىم. ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بولۇشىغا تاشلانغان مىشكاپ، خالتا، چامادانلار ئارىسىدا شاپاق دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ مۈكچىيىپ يۇرەتتى. ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— مەرۋايىتلىرىنى بوينىغا ئاسارمىكىن بۇ ھاجىم!

— ماللىرىنى تارتىۋالسا ھوشىدىن كېتەرمىكىن دەيمەن!

— ھەي ئەمەتجان، ھېچبولمىسا ماللىرىنى تارازا يېنىغا ئەكېلىشىپ بەرسەڭ بولمامدۇ، ئۇنتۇما، قېرىلارغا ياردەم قىلماق ھالال!

— ھارامنى كۆتۈرمەك ھالال دېگىنە!

— ئاپلا، ھاجىم ھېلىقى ھاراملارنىڭ تىزىملىكىگە ئۆلچەمدىن ئارتۇق مال ئېلىش ھارام دېگەننى كىرگۈزمىگەنىكەن - دە!

— ھاي يىگىتلەر، يۇرۇڭلار ياردەم قىلايلى بىچارە بوۋايغا!

مەن يەنە ئىككى - ئۈچ يىگىت بىلەن ھاجىمغا ياردەم قىلىشقا باردىم.

— ئە... ئەزالىرىغا قارىمايدىغان قانداق ئۆمەك باشلىقىسەن، ئەپەندى!

ھاجىم بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا قېرىپ - مۈكچىيىپ، قارىداپ - سارغىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇددى بەزگەكتەك تىترىمەكتە ئىدى. مەن يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنمەن. ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى:

www.uyghurkitap.com

— ماۋۇ ئىككى بوپىنى مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي، يەنە نېمىلىرى بار، تەقسىر؟

ئۇ قويندىن بىر كىر خالتىنى ئالدى. خالتا ئېغىر ئىدى.

— مەرۋايىت، — دېدى ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ يېلىنىپ، — بىرنىڭ ئامانىتى ئىدى. ناھايە-تى بەش كىلو...

— ئەكېلىڭ، مەن ئۇنى ئۆتكۈزۈشۈپ بېرەي.

مېنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئىكەنلىكىم شۇ يەردە ھەممىنىڭ يادىغا كەلدى. مەنمۇ شۇ يەردىلا ئۆزۈمنى راست باشلىق ھېس قىلدىم: ھاۋا يېتىشمەي ھالسىرىغان قېرىلارغا ئۇسسۇزلۇق تې-پىپ بېرىش، ماللارنى رەتلەپ تىزىش، ئەزالارنىڭ پاسپورت، ئانكېتىلىرىنى رەتلىشىپ بېرىش، يۇقىرى بېسىملىق قازاندا پىشقان كۆكتاتسىز سۇيۇقئاشقا ئادەملەرنى ئىنساپ بىلەن ئۆچە-رەت ساقلاشقا دەۋەت قىلىش، ھەممە ئادەمگە يېتىپ بىر ئادەمگە يەتمىگەندە، سۇيۇقئاش يەتمىگەن شۇ بىر ئادەم بىر مەن ئۆزۈم بولۇپ قېلىش، تېخى سۇيۇقئاش تالىشىپ بىر - بىرىنى ئىتتى-رىشىپ ئاخىرىدا ياقىلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلىرىمنى ئاجرىتىپ قازى بولۇپ ماجىرا سوراش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆمەك باشلىقىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردا ھەركىم مېنى ئەسلەيدۇ - دە، بالام.

ئۆمەك باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلدىم. بۇنىڭ ئازابى ئازمۇ، بالام.

بىز يېزىدا خۇددى قويدەك ياۋاش، شەبنەمدەك تازا ئۆسكەن ئادەملەر. راستنى راست، يالغاننى يالغان دەپ ئادەتلەنگەن. ھۆكۈمەت بىرنېمىنى بىلمىسە چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مالغا چەك قويامدۇ؟ لېكىن بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ چەكنى بۇزدى. بۇزغاندىمۇ يوق قىلدى دېگىنە. بۇنىڭ ئازابىنى

بىرلا مەن تارتتىم. نېمىشقىمۇ مۆئەللىم بولغاندىمەن؟ دەپ ئويلىدىم، ئۆكام. ساختىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق تەردىپىدە تۇرۇش قانچىلىك ئازاب ـ ھە؟ لېكىن چېگرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئازابقا ئازاب قوشۇلدى: مەن ھاجىمنىڭماللىرىنى سالامەت ئۆتكۈزۈشۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەزالارغا نەسىھەت قىلدىم. ئەزالار قولمۇقول قانات يېيىپ ئۇنىڭ ھەممە مېلىنى ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. ئۇنىڭ ھەممە مەرۋايىتلىرىنى ئۆمىكىمىزدىكى ئاياللار بويۇنلىرىغا باغلىشىپ ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. لېكىن مەن ساناپ، ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈۋالمىغان مەرۋايىتنى ھاجىم مەندىن ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— كىشىنىڭ ھەققى ھارام، مېنىڭ بەش تىزىق مەرۋايىتىم كەم تۇرىدۇ. كىم ئالغان بولسا قىلغان ھەجىسى قوبۇل ئەمەس! — دېدى ئۇ ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراپ. مەن ئۇنىڭ پېشىنى تارتتىم:

— ئاياللارغا ئازار بولىدۇ ھاجىم، تارتقان زىيانلىرىنى مەن تۆلەپ بېرەي، ۋارقىرىمىسىلا!

ھاجىمنىڭ دېگىنى بويىچە پۇل تۆلىدىم. بۇنىڭ كارى چاغلىق. سېنىڭ بەرىبىر يانچۇقۇڭدىكى پۇلمۇ باشقىلارنىڭ ئۆكام. لېكىن ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى بولۇپمۇ كۆيۈمچان ئاياللارنى ناھەق قارىلاش، ماڭا ئوخشاش «ئىنساپ دالالەتچىلىرى» گە تولىمۇ ھار كېلىدىكەن.

مەن قالغان پۈتۈن سەپەر داۋامىدا ھاجىمغا گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ نامازمۇ ئوقۇمىدىم. ئۇ «مىڭتېكە» ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا قايتىدىن جانلاندى. ۋەز ـ نەسىھەت، سۈرە، ھالال ـ ھارام ھەققىدىكى ئىنزاھاتلار، بولۇپمۇ ھەج قىلغۇچىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى گەپلىرى پۈتۈن يول بويى توختىمىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر ئاجايىپ ئېگىز تاغلاردىن، تىك قىيالاردىن، قور-
قۇنچلۇق سۇ بويلىرىدىن سالامەت ئۆتۈپ، كوئىنلۇن ـ ھىمالايا
تاغلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى ئۆتەڭ — سوس شەھىرىگە
يېتىپ كەلدۇق. بىز بۇ يەردە بىزنى قەشقەردىن ئەكەلگەن
شوپۇرلار بىلەن خوشلىشىپ پاكىستان ماشىنىلىرىغا چىقتۇق.
مەن باشقىلارنىڭ خىزمىتى بىلەن بولۇپ ئورۇن ئىگىلىمىگەنىد-
كەنمەن، ئالدىنقى قاتاردىن ماڭا قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ھاجىم
ئۆز چامادانىنى قويۇۋاپتۇ. مەن ئۇن ـ تىنسىز ئەڭ كەينىگە
بېرىپ ئولتۇردۇم.

— پەخىردىن ئەپەندىم، چامادانىنى ئېلىۋېتىپ ئالدىدا
ئولتۇرسىلا، — دېدى قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — چامادان ئار-
قىدا تۇرسىمۇ بولىدۇ.

— ياق، ياق، ئۇكام قاسىم، ماشىنىنىڭ كەينى ئازادى-
كەن، پۇت ـ قولۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرغىلى قوي!

ھاجىم ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

پاكىستانلىق ساھىبخان — چاڭگا ساقاللىق ئادەم بىزنى
شەھەرنىڭ سىرتىدىكى دۆڭگە جايلاشقان مەسچىتكە باشلاپ بار-
دى. بۇ چاغدا ناسىر ھاجى ئانچە ـ مۇنچە ئوردۇ تىلى بىلگەنلىكى
ئۈچۈن دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈۋالدى. مەسچىت ئالدىدا شۇ
يەرنىڭ ھاكىمى، شەھەر چوڭلىرى بىزنى قارشى ئېلىپ تۇرۇش-
قانىكەن. ھەربىر ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى ئاۋۋال چۈشۈپ
ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ئۆمەك باشلىقلىرىنىڭ بويىنىغا ئاسى-
دىغان ئالاھىدە چەمبىرەكنى قوبۇل قىلىدىغان گەپ ئىكەن. مانا
شۇ چاغدا ناسىر ھاجىمغا قايىل قالدىم. مەن ئارقىدىكى ئورنۇم-
دىن قوزغالغىچىلا ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك تېتىكلىشىپ
نەلەردىدۇر كىيىپ ئۆلگۈرگەن چۈچۈنچە پەشمەت، چىرايلىق
سەللىسى بىلەن سۇرلۇك قىياپەتكە كىرىپ ساھىبخانلارنىڭ ئال-
دىدا پەيدا بولدى ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چەمبىرەكنى قوبۇل

قىلىپ بوينىغا ئېسىۋالدى. بىزگە كەڭ زالدا بىر قاچىدىن ئاچچىق - چۇچۇك سۇيۇقئاش تارتىلدى. ھاجىم يۇقىرىدا، بىز پەگاھدا ئولتۇرۇشتۇق.

— پەخىرىدىن ئەپەندىم، بىز سىزنى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ سايلىغان، نېمىشقا ئورنىڭىزنى تارتقۇزۇپ قويىسىز؟

— ھۆرمەتنى ھاجىمغا ئۆتۈنگىنىم توغرا، ئۇكام قاسىم، قورساقنى كەڭ تۇتايلى! — دېدىم مەن چىن دىلىمدىن ھاجىمغا قايىل بولۇپ.

بىزنىڭ ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— جاپاغا سىز، راھەتكە ئۇ!

— جاپاغا سىز، ئابرۇيغا ئۇ!

— ھالالغا سىز، ھارامغا ئۇ، ۋۇي ھاجى بولماي قالغان لەنتى!

— ھاي، قويۇڭلار، كىشىگە ئازار بولىدىغان گەپلەرنى قىلمايلى!

ئاجايىپ ئېگىز تاغلارنى مەن شۇ يەردە كۆردۈم. بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە، ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرىدىغان بۇنداق قارلىق ئېگىز چوققىلارنى مەن كۆرمىگەنىكەنمەن. ئۇ يەرنىڭ يوللىرىچۇ؟ ئۈستۈڭ تىك قىيا، ئاستىڭ بۇژغۇنلۇق دەريا، ئاسمانغا قارىساڭمۇ، يەرگە قارىساڭمۇ بېشىڭ قايىدۇ. پاكىستان شوپۇرلىرىغا ئاپىرىن! ئاشۇنداق خەتەرلىك، ئەگرى - بۈگرى يوللاردا ماشىنىنى تۈزدە ھەيدىگەندەك ھەيدەيدىكەن. ئۇكام، مەن باشتا قورقتۇم، ئەندىكتىم، ئاستا - ئاستا كۆندۈم. لېكىن ھاجىم شوپۇرلارنى بىردە ئۇيغۇرچە، بىردە ئوردۇچە، بىردە ئەرەبچە ھەتتا بىردە خەنزۇچە تىل بىلەن شۇنداق تىللىدى، قارغىدىكى، ھاجىمنىڭ قارغىشىنىڭ ھېكمىتى بولغان بولسا، ئاشۇ شوپۇرلار غۇلاپ ئۆلگەن بولار ئىدى. مەن ئاخىر ئارقىدىكى ئورنۇمدىن ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ قېتىم غەزىپىمنى يوشۇرالمىدىم:

www.uyghurkitap.com

— ئۇ سىزنىڭ جامائىتىڭىز ئەمەس، چەت ئەللىك، ماۋۇ تىللىرىڭىزنى توختىتىڭ تەقسىر.

— سەن پەخىردىن بىزدەكلەرگە ئۆلۈم تىلەيسەن، يامان نىيەت بىلەن بۇ سەپەرگە چىققانسەن!

ئۇ ماڭا يەيدىغاندەك ئالىيىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ ئىككى قېتىم «سەن» دېگىنىگە خاپا ئەمەسمەن: «يامان نىيەتلىك» دې-سىمۇ مەيلى، لېكىننزە بىزنى تېزرەك قارارگاھىمىزغا يەتكۈ-زۈش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان مېھماندوست پاكىستانلىق شوپۇر-نى «ئاستا ماڭمىدىڭ» دەپ تىللىغىنى ماڭا بەكمۇ هار كەلدى. بىر چەت ئەللىكنىڭ ياخشى نىيىتىگە بىشەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچى نەق مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، مېنىڭ ئۇيغۇرۇم ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا ئادەمنىڭ زەردىسى ئۆرلىمەمدۇ ئۇكام!

سەپەر ئاخىرلاشتى. بىز يېرىم كېچىدە راۋالپىندى بىلەن ئىسلامئاباد ئارىلىقىدا ياپىېشىل، مۇنبەت، قاراچىلان تۇپراقتا سېلىنغان «ھاجىخانا»غا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ماشىنىلاردىن ماللارنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاقلارغا توشۇماق بىر ئېغىر ئەمگەك. ھاجىمنىڭ ماللىرىنىڭ ھەقىقىي مىقدارىنى مانا مۇشۇ يەردە بىلدىم. ئۇنىڭ ھەممە مېلى ئەگەر كىلو بىلەن ھېسابلان-سىمۇ بەش ـ ئالتە يۈز كىلو كېلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ بىردىنبىر ياردەم قىلغۇچىسى بولغان پەخىردىن ئەپەندى تەرلەپ ـ پىشىپ، هارغان ـ چارچىغىنىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ھەممە يۈكىنى توشۇدى ئەمەسمۇ؟

— نېمىشقا توشۇيسىز دەمسىنا؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئۇ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، ئۇيغۇرۇم، مەن ئۇنىڭ ئۈمەك باشلىقى!

ھاجىخانىنىڭ خەيمىيەن كۆرپىلىك، يەردە ئىككى شامالدۇر-غۇچ گۈركىرەپ تۇرىدىغان، تورۇستا ئالتە دانە پىرقىرىغۇچ شامال چىقىرىپ پىرقىراپ تۇرىدىغان ياتاقلىرى، قارا ئۇن چەل-پەكى، قېتىقى، تۈمۈر قاچىلاردىن قۇيۇپ ئىچىدىغان مۇزدەك

سۇيى پات ئارىدىلا سەپەر ئۈستىدىكى ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. مېنىڭ ئىشىم يوق، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن، راۋالپىندىنىڭ راجى بازىرىغا ياكى ئىسلامئابادتىكى «فەيسال جامەسى» گە بارىمەن - دە، پاكىستانلىق قىراكەشلەرنىڭ قوڭغۇز سۇرەت، ئورۇندۇقى قاتتىق، سىرلىرى ئۆچكەن ماشىنىلىرىدا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ سەيلە - تاماشا قىلىمەن. ھاجىمچۇ دەمسىنا؟ ئۇ ئادەم بەش ۋاخ نامازنىمۇ ھاجىخانا مەسچىتىگە بارمايلا ياتاقتا ئوقۇيدۇ - دە، ھاجىخانا سىرتىدىكى «ھاجىلار بازىرى» دا ئۆزىنىڭ يىپەك ماللىرى بىلەن مەرۋايىتلىرىنى يېيىۋېلىپ ئەتىدىن - كەچكىچە سودا قىلىدۇ، پەقەت خۇپتەندىن كېيىنلا ماڭا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى تۇتقۇزىدۇ - دە، بىر كۈنلۈك سودىسىنى ھېسابلاتقۇزىدۇ:

— شايى ئىككى يۈز يىگىرمە رۇپىيىدىن بىرمىڭ تۆت يۈز مېتىر...

ئۇنىڭ پۇلى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئەكەلگەنماللىرى بىرگە ئىككى، ھەتتا ئۈچ پايدا بىلەن سېتىلماقتا. لېكىن ئۇ يەنىلا خېرىدارلارنى تىللايدۇ:

— ۋوي پاكىستانلىق پىت كۆزلەر!...

ھاجىم قاتناش، ياتاق، تاماقنى بىكارغا بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىدا شۇنچە پايدا كەلتۈرۈۋاتقان پاكىستانلىقلارنى تىللىغىنى ئۈچۈن مەن ئازابلىنىمەن.

مېۋىگە باق، چاينى يېڭىلاڭلار! غىزا تەييار بولغۇچە پاردىڭىمنى تۈگىتەي، قانداقراق؟ تازا ياخشى بولۇۋاتىدۇ دەمسىنا؟ ناسىر ھاجىمنىڭ غەيۋىتى بولۇپ قالمىسۇن - ھە، يەنە؟ ئۇنئالغۇنى ھاجىم ئاڭلاپ قالسا مېنىمۇ، سېنىمۇ جايلىۋېتىدۇ جۇمۇ. نېمە، قانۇن، سىياسەت دەمسىنا؟ بىلىپ قوي، ھاجىم بىز بىلمىگەن قانۇن، سىياسەتلەرنى بىلىدىغان ئادەم. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ھاجىمغا يۇقىرىدىن پىكاپ كېلىدۇ. ئاڭلىساق، ئۇ

www.uyghurkitap.com

پىكاپ ھاجىمنى مۇھىم ئۆگىنىش، مەجلىسلەرگە ئاپىرارمىش. ھازىر ھاجىم كىم؟ ئۇ بىزنىڭ يۇرتنىڭ «پەيغەمبىرى»، ئۇنىڭ رازىلىقىسىز قىز تالالىق قىلمايمىز، ئۇنىڭ دۇئاسى بولماي تۇرۇپ تەۋەللۇتتىكى ئاياللارمۇ يەڭگىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نامىدا بىر كاتتا مەسچىت سېلىندى. «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» دې-سەڭ، پاكىستاندىكى فەيسال جامەسى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئۈرۈمچىدىكى خانتەڭرى جامەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇل-لادەك ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بالام. بۇ مەسچىتنىڭ پۇلىنى ھاجىم چىقارغانمۇ دەمسىنا؟ شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. ھاجىم-نىڭ بىر جۇمەدە قىلغان كىتابخانلىقى، بىر دۇئاسى بىلەن، بىزنىڭ يۇرتتىن گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ باي بولۇپ قايتقان سودىگەر دېھقانلار بىلەن يېزىمىزدا كارخانا ئاچ-قان، خىلمۇخىل ئوقەتلەر بىلەن بېيىغان دېھقانلار پۇل دېگەننى تۆكۈپ تاشلىدى. بىرلا سودىگەر ئىككى يۈز پارچە گىلەم تەقدىم قىلدى دېگىنە! شۇنداق، پۇل سودىگەردىن بولغىنى بىلەن، دۇئا ـ تىلاۋەت ناسىر ھاجىمدىن ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولغاندىكىن، مەس-چىتنىڭ نامى «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» بولىدۇ ـ دە!

نېمە، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىمەن دەم-سىنا؟ ماقۇل ئەمىسە، نەگە كېلىۋىدىم؟ ھە، راستتىنلا ھاجىم-نىڭ پاكىستانلىق خېرىدارلارنى تىللىغان يېرىگە كەلگەنىدىم.

شۇ بىر كۈنكى ھېسابتىلا ھاجىم ئوتتۇز سەككىز مىڭ رۇپىيىگە مال سېتىپ، يىگىرمە مىڭ رۇپىيە پايدا تاپقان!

ھاجىم شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا پۇلىنى ھېسابلاتقۇزمايدىغان بولۇۋالدى. ئاخشىمى تەرگە مىلىنىپ كىرىدۇ ـ دە، خۇپتەننى ئالدىراپلا ئوقۇيدۇ، شامالدۇرغۇچقا قاقلىنىپ يېتىپ ھېلىقى خورىكىنى بەھۇزۇر باشلىۋېتىدۇ.

ئىسلامئاباد ئايرودرومىغا ماڭىدىغان كۈنىلا مەن ھاجىمنىڭ ماڭا گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ خۇشال، چىرايلىق كىيىن-

گەن ھالدا ماڭا ھەج ساۋاتلىرىدىن دەرس سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەرەمدە ئوقۇغان بىر رەكەت ناماز باشقا يەردە ئوقۇغان يەتمىش مىڭ رەكەت ناماز بىلەن باراۋەر. ھاجى بولماقلىق خۇدانىڭ ۋىسالى ئۈچۈن دەرۋىش بولماقلىق دېگەن سۆز. كۆردىڭىزمۇ، بىزنىڭ ناپسەنت ھاجىلىرىمىز چامادان، سومكىلارغا نېمىلەرنى تولدۇرۇۋالغان؟ سىزنىڭ سومكىڭىزمۇ سەككىز ئايلىق قورساقتەك، ھى ـ ھى ... بۇنداق ناپسەنتلىك قىلسىڭىز قىلغان ھەججىڭىز راۋا بولمايدۇ، ئەپەندىم. مانا مەن بىرلا كىچىك سومكا بىلەن ...

مەن ئۇنىڭ قانچىلىك مالنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام، ئۇنىڭ ماللىرىنىڭ ھەممىدىن جىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولمىغان بولسام بەلكى ئۇنىڭغا خاپا بولمىغان بولار ئىدىم، لېكىن سۆزلىمەي بولمىدى:

— كىمنىڭ راۋا، كىمنىڭ راۋا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇچى بەندە ئەمەس، ئالLATائالانىڭ ئۆزى، تەقسىر! لاشەرەكەلەك!

مانا شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ھاجىمنى رەنجىتىپ قويدۇم. بىز ھەر قۇرى ئون بەش ئورۇندۇقلۇق ئاجايىپ چوڭ ئايروپىلان بىلەن ئىسلامئابادتىن كاراچىغا باردۇق. كاراچىدا ئېھرام باغلىدۇق. يەنە شۇنداق ئايروپىلان بىلەن قىزىل دېڭىز ئۈستىدىن ئۈچۈپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۈستىدىن توغرا كېسىپ ئەرەب قولتۇقى بويىغا جايلاشقان جىددە شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ سەپەردە ھاجىم بىلەن يانمۇيان ئولتۇردۇق. لېكىن ھاجىم ماڭا گەپ قىلماق تۈگۈل قاراپمۇ قويمىدى.

جىددە ئايرودرومىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆيىدە ئەرەب خادىملىرى مېنىڭ چامادانىمنى چۇۋۇپ شۇنچىلىك قاتتىق تەكشۈردى. مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان ھاجىم ئۇيغۇرچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى «لۇغەت» دەپ ئۇقتۇرۇپ بېرىشكىمۇ ئۇنىمىدى ... بىز

www.uyghurkitap.com

مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە چۈشتىن بۇرۇن يېتىپ كەلدۇق. مەن «مۇسقىلە» كوچىسىدىن ناھايىتى تەسلىكتە بىر ئېغىز ئۆي ئىجارىگە ئالدىم. ھاجىمنى شۇنىڭدىن باشلاپ يوقىتىپ قويدۇم.

مەن كۇچا رابات، قەشقەر رابات، خوتەن راباتقىمۇ ھاجىمنى ئىزدەپ باردىم. لېكىن ھاجىمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدىم. پەقەت ئەرەپات كۈنىلا، بىز مېنادىكى چېدىرلاردىن ئورۇن ئالغان ئاخشىمىلا ھاجىمنى ئىشتىھا بىلەن توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ يەۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ قالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاجىم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— نەلەردە يۈردىلە، ھاجىم؟

— كەلگەن كۈندىن تارتىپ كېچەيۇ كۈندۈز ھەرەمدە بولدۇم، ئەپەندىم.

مەنمۇ كەلگەن كۈنىلا ھەرەمگە بېرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، كەئبىنى يەتتە ئايلاندىم، سافا مەرۋىنى يەتتە قېتىم قاتراپ مېڭىپ تاۋاپ قىلدىم. چېچىمنى ئالدۇرۇپ بولۇپ يۇيۇنۇپ ئېھرامدىن چىقىپ كىيىمىمنى كىيىۋالدىم. لېكىن ھاجىم كەئبىنىڭ يۇمشاق گىلەم سېلىنغان، مۇزدەك سۇ ئۈزۈلمەيدىغان سالقىن قويىنىدا كېچەيۇ كۈندۈز يېتىپ - قوپۇپ، قۇرۇق نان بىلەن سوغۇق سۇ ئىچىپ ئىبادەت قىلغانىكەن - دە!

— ياتاقتا پۇل تۆلەشتىن قاچقان گەپ! — دېدى قاسىم چوقۇر قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — يىگىرمە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن كەلگەن ئادەم بىر ئېغىز ئۆي ئىجارە ئالسا بولماسمىدى. قاراڭ، قېرى تېكىدەك بىخسىپ - يۇراپ كېتىپتۇ خەسىس ھاجىم!

— يامان گەپ قىلما قاسىم، سەن پەرھىز ئادا قىلغىلى ئەرەپاتقا ماڭغان ھاجىسەن!

ئەرەپات كۈنى مىليونلىغان ئادەملەر ئۆز دۆلەتلىرى بويىچە

قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ تۇتۇشۇپ، ئۆز دۆلەت بايرىقى ئاستى-
دا ئەرەپات تۇزلەڭلىكىگە ماڭىدىكەن. ماشىنا، پىيادىلەر توپى
چەكسىز، مەن ئۆمرۈمدە مۇنچىلىك نۇرغۇن ئادەم قايىنىمىنى
كۆرمىگەنمەن بالام. كۈن شۇنچىلىك ئىسسىق، ئەللىك گىرا-
دۇستىن يۇقىرى دېگىنە! لېكىن سۇ بىلەن مۇز باياشات. مېنىڭ
كۆزلىرىم يەنىلا شۇنچە جىق ئادەملەر ئارىسىدىن هاجىمنى ئىز-
دەيدۇ. هاجىم هېچ يەردە كۆرۈنمىدى. بىز بىر كۈن شۇ تاشلىق
سايدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇردۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر خۇدادىن
باشقا هېچ نەرسىنى سېغىنمىدى. بالام، مەن گۇناهلىرىمغا كە-
چۈرۈم سورىدىم، ئەڭ ئالىي تىلەكلىرىمنى بايان قىلدىم. گۇ-
ناهلىرىم ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سوراۋېتىپ هاجىمنى يادىمغا
ئالدىم. نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشى يادىمغا چۈشكىنى ئۆزۈمگىمۇ
قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ هاجىم يادىمغا كەلدى. تازا شۇ چاغدا نەچچە
مىڭلىغان دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغۇچىلار ئارىسىدىن هاجىمنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. قانداق تونۇۋالدىمكىن، بۇ ئۆزۈمگىمۇ
قاراڭغۇ، هاجىم تاشلىق يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئالى-
قانلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا
قىلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ:

— خۇدايىم، خۇدايىم! — دەپ ۋارقىرىغىنى، هۆڭگۈ-
رەك ئېيتىپ يىغلىغىنى، شۇ چاغدىكى كۆزلىرى يۇمۇلغان،
ساقاللىرى تىترىگەن هالىتى، ئېھرام ئىچىدىن يېرىم يالىڭاچ
چىقىپ تۇرغان تېرىلىرى بوشاشقان، لاي توپا باسقان گەۋدىسى
هېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، بالام. مېنىڭ هاجىمغا تولىمۇ
ئىچىم ئاغرىدى. مەن ئۇنىڭ ھەممە يارامسىزلىقلىرىنى ئۇنتۇپ،
هاجىم ئۈچۈن خۇدايىمدىن ئەپۇ ـ مەغپىرەت تىلىدىم، بالام.

شۇنىڭدىن كېيىن هاجىمنى كۆرمىدىم. بىز سەئۇدى ئەرە-
بىستاندىكى ھەج پەرھىزى ئادا قىلىش ئىشىمىزنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، تۈركۈم ـ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەلگەن يولىمىز بىلەن

پاكىستانغا قايتتۇق.

يولدا كېتىۋېتىپ يېنىمدىكى ئەمەتجان بىلەن قاسىم چو-قۇردىن:

— ناسىر ھاجىم يەنە مەككە مۇكەررەمەدە قالدىغۇ دەيمەن، ئاڭلىبسام كەئبىگە كىرىۋاپتۇدەكقۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئەمەتجان قاسىم چوقۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— دەڭلا قاسىماخۇن، ھاجىم نېمىلەرنى قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— سەن دېمەمسەن، شېرىكلىشىپ ئوقەت قىلغان سودى-گەرلەر بولغاندىكىن...

— ئەپەندىم، ھاجىم كەئبىدە قالمىدى، ئۇ ھازىر پا-كىستاندا، — دېدى ئەمەتجان مازاق ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ توپتوغرا يىگىرمە تاي چېكەن، ئون تاي بۆرتمە شال بىلەن كەشمىر ياغلىق تويۇلۈك قىلدى (پوچتىدىن سالدى)، ئۆزى بى-لەن يەنە ئون تايدەك مال ئېلىپ ماڭدى!

— بىر مىڭ يەتتە يۈز رىيالدىن تۆت پىديون ئالغىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى قاسىمۇ قوشۇمچىلاپ.

مەن مۇسۇلمان كوچىسىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان پۇقرالىقى-غا ئۆتكەن ئۇيغۇر دۇكاندارلاردىن ئاشۇنداق تاي - تاي مال ئېلىۋاتقان سودىگەرلەرنى كۆپ كۆرگەن، لېكىن ھاجىمنى كۆر-مىگەنىدىم.

— نېمە، ئىشەنمەمسىز مۇئەللىم؟ — دېدى قاسىم كۈ-لۈپ، — ئۇ ھەممە مالنى مەككىدىن ئەمەس، مەدىنە شەھىرىدىن ئالدى. شۇ يەردىن پوچتىغا سالدى. نېمىشقا بىزدىن بالدۇر كەتتى دەمسىز!؟ مۇئەللىم، سىز بەكمۇ تۈز كۆڭۈل - دە. ئۇ قالغان مالنى پاكىستاندىن ئالىدۇ، ئۇ شۇ تاپتا جەزمەن راۋالپىندىدىكى قەشقەر خوۋوزدا يېتىپ - قوپۇپ، راجى بازار-دىن ئەرزان ماللارنى ئېلىپ پوچتىدىن ماڭغۇزۇش بىلەن ئاۋارە،

ئۇ ھاجىم ئەمەس، سودىگەر!

— قاسىم ئۇكام، ھاجىمنىڭ يامان گېپىنى قىلمىغىنا، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىشى، بىرىنچى قېتىم ھەج قىلىپ ھاجى نامىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىم خۇدايىمدىن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلغىلى كەلگەن ئادەم. ئۇنىڭ ئاز - تولا پۇل تاپقىنىغا كەلسەك، ئۇ بۇ پۇلنى ساۋابلىق ئىشقا سەرپ قىلماقچى، ئۆزى شۇنداق دېدى، ئۇكام!

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز تېزلا ئاخىرلاشتى. لېكىن ھاجىم توغرىسىدىكى ئوي - خىياللىرىم ئاخىرلاشمىدى، مەن يول بويى ھاجىم توغرىسىدا ئويلاندىم: بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا ھاجىمدەك ھەم خەلقنى، ھەم خۇدانى ئالدايدىغان ساختىپەزلەرگە ئايلىنىدىغان بولسا، بىزدەكلەرنى، بولۇپمۇ ئاق كۆڭۈل، ياۋاش - يۇمشاق ئادەملەرنى كىم ھىمايە قىلىدۇ؟ ياۋاشلار دائىم زەربىدىن نېرى بولالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھىمايە نانىدەك زۆرۈر، بەش پەرھىزدەك مۇھىم، بالام!

پاكىستاندىكى ھاجىخانا ھاجىلار بىلەن تولدى. لېكىن ھازىر بۇ يەردە سۆزلەپ تۇرىدىغان رادىئو، يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان ئۇزۇن كىيىملىك مۇلازىمەتچىلەر، ئىككى دەرۋازا ئالدىدىكى ھاجىلار بازارلىرىمۇ يوق، بۇ يەر چۆلدەرىگەن. بىزنىڭ ھاجىلىرىمىزنىڭ ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ماللىرىنى توشۇغۇچى كىرا ماشىنىلىرىدىن باشقا ماشىنىلارمۇ يوق.

مەن بۇ شەھەردىمۇ ناسىر ھاجىمنى تاپالمىدىم.

توۋا دەيمەن بالام، ئادەم ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىدىكەن - دە!

بىز پاكىستاندىن ماشىنىلار بىلەن يەنە يولغا چىقتۇق. مەن پوچتىدىن ئالىدىغان مېلى يوق ھاجىم بولغاچقا، ئالدىدا ماڭىدىغانلار قاتارىغا قېتىلدىم. قالغانلار ماللىرىنى ساقلاپ ھاجىخانىدا قېلىشتى. بىز كۈن ئولتۇرغاندا «مىڭتېكە» ئېغىزىغا يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلدۇق. بىز ئەمدى بۇ يەردە بىرمۇبىر تەكشۈرۈلىمىز.
بىز ماللىرىمىز بىلەن هويلىغا توپلاندۇق. ئۇ يەردە ئىسمىمىز چاقىرىلغاندا تەكشۈرۈش زالىغا بىرمۇبىر كىرىمىز. مەن مانا شۇ تەكشۈرۈش زالىدا هاجىمنى كۆرۈپ قالدىم. هاجىم پاكىستاندىن ئەرزان باهادا (جۇڭگو پۇلىغا ئون - ئون بەش يۈەن) سېتىۋالغان چەت ئەل پەلتوسى بىلەن تولىمۇ كۆركەم كۆرۈندى. ئۇ ساقىلىنى قىسقا ياسىتىپ شىلەپە كىيىپ ھەقىقىي «دىپلوماتىيە خادىمى» قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ بىر يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ، ماڭا ھومىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى.
— بار - يوقى مۇشۇ بىر چامادان، بىر سومكىمۇ؟ — تاموژنا خادىمى سىلىق - سىپايە سورىدى.
— مال ئاز بولغىنى بىلەن ئالتۇن كۆپتە! — دېدى هاجىم مېنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك يات ئاۋازدا سۆزلەپ، — مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇ كىشىنىڭ پۇلدار ئوغۇللىرى بار، بۇ كىشى سەككىز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن چەت ئەلگە ماڭغان، ئىككى مىڭ دوللار ھەج خىراجىتىگە كەتتى دېسەكمۇ ئالتە مىڭ دوللارلىق مال ئېلىپ قايتقان گەپ. قېنى ئەپەندىم، ئالتۇن، سائەت ۋە مارجانلارنى ئۇستەلگە ئۆزلۈكىڭىزدىن قويۇڭ!
مەن چامادان، سومكامنى ئاچتىم - دە، ھەممە مېلىمنى ئۇستەلگە يايدىم. بالىلىرىمغا ئالغان ئۇششاق - چۈششەك سوۋغىلاردىن باشقا ھېچنېمە چىقمىغاندىن كېيىن، تاموژنا خادىمى — ياش، چىرايلىق يىگىت هاجىمغا قاراپ ئالايدى:
— سىلى بىزگە ياردەم قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى هاجىم، بىز كىملەرنى قانداق تەكشۈرۈشنى ئۆزىمىز بىلەتتۇق!
— ئۇنداق دېمەڭ ئوغلۇم! — دېدى هاجىم سالماقلىق بىلەن، — مەن ھۆكۈمەت پايدىسىغا ئىش قىلىمەن، سىلەردىمۇ سىلاپ - سىيپاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلار بار، هاجىملار ئارىسىدىمۇ

تۆيدۇرماي كۆزگە قۇم چاچىدىغان ساختىپەزلەر كۆپ. سىز مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، مەن ھەم ھۆكۈمەتنىڭ، ھەم خەلقنىڭ ۋەكىلى!

ئۇنىڭ «ۋەكىل» بولۇۋېلىپ، ھاجىلار ئىچىدىكى سودىگەرلەرنى تاموژنا خادىملىرىغا بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ، ھەسسىلەپ باج چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئەلەمدىن يىغلىغان، سارغايغان، ھوشىدىن كەتكەن چىرايلارنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغانلىقى مېنى غەزەپلەندۈرمىدى، مېنى غەزەپلەندۈرگىنى، ئۇنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالماي، مېنى «ئالتۇن سودىگىرى» دەپ تاموژنا خادىملىرىغا تونۇشتۇرغىنى بولدى. دېمەك، ئۇ ماڭا تۆھمەت قىلغاندەكەن، باشقىلارنىمۇ تۆھمەت بىلەن زىيانغا ئۇچرىتىشى تۇرغان گەپ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، مېنىڭ ئۇيغۇرۇم بولغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىشى مېنى بەكمۇ ئازابلىدى.

بىزنىڭ خەلقىمىز، بولۇپمۇ يۇرت چوڭلىرى يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھاجىمنىڭ پېشىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، سۆزلىرىنى تۇمار قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشىدۇ. ھاجىم بولسا بىردە تەقۋادار، بىردە بىچارە، بىردە غادايغۇچى، بىردە ئۆمىلىگۈچى، بىردە ساخاۋەتچى، كەڭ قورساق، مېھرىبان، بىردە بولسا زالىم، تۆھمەتخور، كۆڭلى قارا سۇيىقەستچى. ئۇ خۇدايىمغا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەم تۇرسا، بەندىلەرگە ئادىللىق قىلالىتتىمۇ ئەمىسە؟ … ئويلىساملا يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، ۋۇجۇدۇم كۆيىدۇ. ھەي بالام، بۈگۈن مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ جامائەت ھازىر ناسىر ھاجىمنى بېشىغا ئېلىۋالدى. ھاجىمغا يارىماق، ھاجىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەك ھازىر خەلقىم ئۈچۈن ھەج قىلغانغا ئوخشاش بىر ئۇلۇغ ئىش. مەن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى خەلقىمىزنىڭ ھېچ نەرسىنى بىلمەيلا بىر ئادەمنىڭ نامى بىلەن سەللىسىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئازابلانماقتىمەن.

مىكتېپكىدە نە ياتاق، نە ئاشخانا، نە سۇ يوق. ئەتراپتىكى تۆپىلىكلەر ئاپئاق قار، مۇز توڭلىغان تاغ سۈيىدە ئاماللىسىز تەرەت ئېلىپ، دالادا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، سوغۇق چېدىرلاردا قىستىلىشىپ ياتىمىز. ھاجىلارنىڭ تولىسى نۇرغۇن مال بىلەن چېگرىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار نۇرغۇن باج تۆلەشكەن. مەن ئۇلارنىڭ باجغا چىدىماستىن، ھاجىمنى قارغاشلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ ياتىمەن. بولۇپمۇ ياش ھاجىلار بىلەن، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا چىقىشقان ياشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلغان:

ــ باج كادىرى بەش مىڭ كوي باج تۆلەيسەن دېسە، ناسىر ھاجى باج كادىرىغا: «سەن نېمىشقا بۇلارنىڭ ماللىرىنى ساناپ ئۆلچەپ كۆرمەيسەن؟ سېنى يۇقىرىغا چاقىمەن» دەپ قورقۇتۇپ، ھەممە تاغارلىرىنى يەشكۈزدى. قاراپ تۇرۇپلا يىگىرمە ئۈچ مىڭ كوي تۆلەتكۈزدى. ئوغرى ھاجىم ئون يەتتە مىڭ كوي زىيان سالدى!

ــ ماڭا ئون ئىككى مىڭ كوي!

ــ ماڭا ئوتتۇز بەش مىڭ!

ــ ماڭا ئون ئىككى مىڭ!

ــ ئۆزى قانچىلىك باج تۆلىگەندۇ ئۇ ئوغرى؟

ــ ئۇنىڭ خىزمىتىنى مۇكاپاتلاپ باج ئالماس بەلكى!

ــ تاموژنىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن جاق تويۇپتۇ!

ــ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ باج ئالماس ئۇ ئوغرىدىن!

ــ تۆھپىسىمۇ بار، ھەيۋىسىمۇ بار، تۆھمىتىمۇ بار!

ــ يىغىسىمۇ، تۇۋىسىمۇ بار!

ــ قايتىپ ئۆيگە بارغاندىچۇ؟

ــ بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ئاغزىدا ئىمان، قوينىدا زەللە، ئاغزىدا ئەپسۇن، كۆڭلىدە شەيتان!

قاسىم چوقۇر بىلەن ئەمەتجان بىردەمدىلا ناسىر ھاجىم توغرىسىدا بىر مىسرادىن شېئىر تەييارلاپتۇ، مەن لام ـ جىم دېمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ناسىر ھاجىمنى كۆرمىدىم. ئەتىگەنلىكى بىز قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مەن ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قەشقەردىمۇ ئۇزاق تۇرمىدىم.

غەيۇنتىم ئاخىرلاشسۇن بالام. ھاجىم مەندىن بىر ئاي كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنى يۇرت - جامائەت تۆت ماشىنا بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھۆرمەت - داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ مەھەللىگە ئەكەلدى. قاسىم چوقۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ قېتىم ناھايىتى نۇرغۇن پۇل - مال بىلەن كەپتۇ. ئوغلىغا شەھەردە، كېلىنىگە ناھىيىدە دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى ماللىرىنىڭ تولىلىقى، خىللىقى بىلەن ھەممە دۇكانلارنى بېسىپ چۈشەرمىش!

نېمە، ئەمدى ئۇ راست ھاجىم بولدىمۇ دەمسىنا؟ مازاق قىلىۋاتىسەن - ھە؟ دۇرۇس، مەن ھازىر «ئالتۇن سودىگىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتىم. مېنى «سودىگەر ھاجىم»، «زەرگەر ھاجىم» دەيدىغانلار كۆپەيمەكتە. ناسىر ھاجىمنىڭ بىرىنچى تۆھپىسى مانا شۇ، بالام! بۇ تۆھمەت، لېكىن راستقا ئايلىنىدىغان تۆھمەت. بۇ نېمىشقا دەمسىنا؟ «ئۇلۇغ» ئادەملەرنىڭ تۆھمەتلىرى ناھايىتى ئاسانلا راستقا ئايلىنىدۇ، بالام. بىزنىڭ راست گەپلىرىمىزچۇ؟ ئوخشاشلا ناھايىتى تېزلىكتە ئىغۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بولدى بالام، ھاجىم ھەققىدىكى «ئىغۋالار»نى ئاخىرلاشتۇراي، ئۇنىڭ پېشىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆمىلىشىپ يۈرگەن جامائەت بۇ ئىغۋالارنى ئاڭلىسا، مېنى ھېلىقى «ئالتۇن سودىسى» قىلغان «جىنايىتىم» بىلەن قوشۇپ جازالاپ قويىدۇ. مەن خۇدادىن قورقىمەن، جامائەتتىن، قانۇندىن قورقىمەن. مەن ھاجىمدەك ئىككىنچى قېتىم «ھەج» قىلىپ گۇناھتىن قۇتۇلالمايمەن!

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

# باش - ئاخىرى يوق خەتلەر

قىممەتلىك دوستۇم گۈلمىرە، مەن بۇ خەتلىرىمنى ھېكايىگە ئوخشىتىپ يېزىۋاتىمەن. نېمە ئۈچۈن ساڭا ئارقا - ئارقىدىن خەت يازىمەن، بۇ ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ. يېقىندىن بېرى ساڭا خەت يېزىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاخىرقى خەتلىرىمنى ئوقۇپ چىقىپ چۈشىنىپ قالارسەن··· سەن بىلىسەن، مەن رومان ئوقۇشقا تولىمۇ ھەۋەسكار ئىدىم. «چالدقۇشى»نى دەپتەرگە كۆچۈرۈپ چىققانلىقىم يادىڭدىدۇر - ھە؟ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان»لار ھازىرمۇ يېنىمدا جۇمۇ؟ لېكىن ھازىر بۇ كىتابلار كونىراپ قالدى. مەن ھازىر ئەرەبچە رومان ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالدىم. كۆڭۈل بويى قىلىدىغان ئىشىم كىتاب ئوقۇش، ياسىنىش··· مەن ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت - مەرۋايىت ئىچىدە، خان ئوردىسىدەك ياسداق ئۆيدە ياشاۋاتىمەن. مەن راھەت - پاراغەتنىڭ يۇكسەك چوققىسىدا تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇماقچى، ھەممىنى باشقىدىن باشلىماقچى بولغانىدىم. لېكىن ئۆتكەن كۈنلەر ئادەمنىڭ يۈرىكىگە يىلتىز قالدۇرۇپ ئۆتىدىكەن. ئۇنى يۇلۇپ ئېلىۋەتمەك تولىمۇ تەس ئىكەن، ياق، مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەن يىگىرمە تۆت ياشقا تولغان كۈنۈم ئاتمىش نەچچە ياشلىق باي بىلەن توي قىلغىنىمدا سىلەر مېنى مازاق قىلىش ئۈچۈن تويۇمغا كەلدىڭلار، لېكىن ھەربىرىڭلارنىڭ قۇلىقىغا بىردىن ئالتۇن ھالقا سېلىپ قويۇۋىدىم، مازاق، تاپا - تەنە ئۈچۈن تەييارلىغان سۆزلىرىڭلار ئاپىرىن - مەدھىيىگە ئۆزگىرىپ كەتتى. مەن بۇنى سەزدىم، سىلەردىن نەپرەتلەندىم ۋە پۇلنىڭ كۈچىگە قايىل بول-

دۇم. مەن ئەقلىمنى بىلسەم، ئىنسانلار تەلپۈنىدىغان نەرسە پۇل ئىكەن. ھەرقانداق چىرايلىق، داغدۇغىلىق گەپلەرمۇ پۇل يالقۇنىدا ئېرىيدىكەن ياكى رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىكەن. مەن بۇ سىرنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاتمىش نەچچە ياشلىق بوۋاينىڭ نىكاھىغا ئۆتۈشنى خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت بىلەن قوبۇل قىلـ دىم. ناۋادا باشقا بىرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل چىرايىنى، ياشلىقىنى ۋە «ئىستىقبال» دەپ ئاتىلىدىغان كەلگۈسىنى پۇل ـ پۈچەك ئۈچۈن قۇربان قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنـ گەن ۋە ئۇنى تىللىغان بولاتتىم. لېكىن مەن ھېچكىمدىن نەپـ رەتلىنىك گەپ ئاڭلىمىدىم. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆتمۈشكە نەپرەتلەنگەنىدىم. لېكىن نەپرەت بىلەن ئۇنتۇش ئىككى نەرسە ئىكەن...

مەن بۈگۈن چوڭ بىر مەرىكىگە بېرىپ ئۆز چىرايىم، بايلىقىم بىلەن ماختىنىپ كەلدىم. لېكىن كۆڭلۈم غەش، روـ ھىي ھالىتىم ناچار. يالغۇز ئۆيدە ئەينەككە قاراپ ئۇزاق ئولتۇرـ دۇم. كۆز ئالدىمدىن ياشلىق، بالىلىق چاغلىرىم زادىلا كەتمەي تۇرۇۋالدى. غەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرى بىلەن مۇڭدىـ شىش كېرەك. بىرىگە ئۆز بەختىمنى كۆز ـ كۆز قىلىشىم كېرەك. بۇ خىل كۆز ـ كۆز قىلىش ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىـ غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭ نېرۋىلىرىم بىر مەھەل ئالدىنىدـ دۇ ـ دە، مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن رازى بولۇپ قالىمەن. ساڭا ماختىناي: مەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت ـ مەرۋايىت ئىچىدە (مېنىڭ خېتىم ئارقىلىق ساڭا ھەم ھال ئېيتقۇم، ھەم ماختاذـ غۇم، تۇرمۇشۇمنى كۆز ـ كۆز قىلغۇم كېلىدۇ)، ماڭا بۇ يەردە ماختىنىشقا ئورۇن يوق. يېنىمدا سىلەر — مېنىڭ بىللە ئۆسكەن دوستلىرىم بولساڭلار ئىدى، قانچىلىك ماختانساممۇ بولاتـ تى. سىلەر ماڭا ھەيران قالاتتىڭلار، مېنىڭ ھاياتىم بىلەن پەخىرلەـ نەتتىڭلار، چىن كۆڭلۈڭلاردىن ماڭا بەخت تىلەيتتىڭلار...

www.uyghurkitap.com

لېكىن ھازىر مېنىڭ ئاق كۆڭۈل دوستلىرىم — سىلەر مەندىن تولىمۇ يىراقتا. ئارىمىزدا قارلىق تاغلار، شاۋقۇنلۇق دەريالار، قۇملۇق چۆللەر، نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئۇزۇن يوللار بار.

سەن بىلىسەن، مەن كىچىكىمدىنلا زىبۇزىننەتكە ئامراق ئىدىم. يادىڭدىدۇر؟ سېنىڭ ھېلىقى ھېقىق مارجانلىرىڭ يوقالغاندا قانچىلىك يىغلىدىڭ - ھە؟ سېنىڭ كۆز يېشىڭ مېنىڭ قەلبىمگە يىڭنىدەك سانجىلدى. لېكىن نەپسىم ئىنساپىمدىن غالىب ئىدى، مەن مارجانلىرىڭنى تىقىۋالغانىدىم. دوستۇم، مانا ئەمدى شۇ قىلىقىم ئۈچۈن ساڭا خەت بىلەن خالتا ئەۋەتتىم. خالتىدا تۈركىيىنىڭ قىزغۇچ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن مېداليونى بار. مۇشۇ سوۋغام بىلەن كۆڭلۈڭدىكى غەشلىك يوقىلار، بەلكى···

··· مەن ساڭا خەت يېزىۋېتىپ ئۆزۈمچىلا نومۇستىن تەرلەۋاتىمەن، توۋا، ھېلىقى چاغدا سېنىڭ گىرىپ كۆڭلىكىڭگە ئەتەيلا سىياھ تۆكۈۋەتكەندىمۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ياش كەلگەندى. لېكىن لەۋلىرىڭ يەنىلا كۈلكىگە مايىل كۆرۈنگەن···

دوستۇم گۈلمىرە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭدا ماختانغۇم، تۇرمۇشۇمنى كۆز - كۆز قىلغۇم كېلىدۇ: بىلەمسەن، بوۋىيىمغا ھەر كۈنى سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ بېرىمەن، بوۋىيىم سېنىڭ گېپىڭ چىقسا بولەكچىلا جانلىنىپ كېتىدۇ ۋە مېنىڭ چىشىمغا تېگىپ:

— ئەكېلىپ ھەمراھ قىلىپ بېرەيمۇ؟ سەنلا ماقۇل دېسەڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دەپ قويىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. ياشلىقىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم كۆز يېشىم بىلەن بىللە پەيدا بولىدۇ - دە، «بوۋىيىم» كۆزۈمگە سوغ، كۆرۈمسىز كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

بۇنداق دېسەم «بوۋايغا ياتلىق بولۇپ پۇشايماندا قاپتۇ» دەپ ئويلاپ قالما يەنە. مەن بوۋاينى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭغا خۇدا-

يىمدىن ئۆمۈر تىلەيمەن. بوۋاي ئاتمىش ئالتىگە كىرگەن بىلەن ماڭا ئوتتۇز ياشلىق قىران يىگىتنىڭ مۇھەببەت ھارارىتىنى تەقدىم قىلماقتا. دوستۇم، يىگىرمە بەش يېشىمدا بۇنچە ياشلىق (دادامدىن ئون ياش چوڭ) ئادەمنى تاللىۋالغىنىمغا پۇشايمان قىلمايمەن. بوۋاي — مېنىڭ مېھرىبان، سېخىي ئېرىم بولمىغان بولسا، مەن ساڭا نېمەم بىلەن ماختىنالايتتىم؟...

... دوستۇم، بۈگۈن ئۆيىمىزگە يۇرتىمىزدىن بىرنەچچە «ھاجى» مېھمان بولۇپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلىدىم. بىر ئاۋاز ماڭا تولىمۇ تونۇش ئاڭلاندى. دېرىزىدىنماراپ ماشىنىغا چىقار ۋاقتىدا ئۇلارنى غىل - پال كۆرگەندەكمۇ بولدۇم: ھېلىقى قول ھارۋىسىدا ئالما ساتىدىغان باققال بالا ھەج قىلغىلى كەلگەنمۇ، نېمە؟ ئۇنىڭ ھېلىقى شوخ، ھىيلىگەر كۆزلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا بىزنىڭ بۇ ئالتە قەۋەتلىك بىنايىمىزنىڭ ھەممە دېرىزىلىرى، مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان ھويلىدىكى فونتان، ئىككى تۈپ خورما، كۆلدىكى بىر جۈپ ئاق قۇ، ھەتتا ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن بىر جۈپ يېڭى ماشىنىلىرىمىزنى كۆرۈپ بولدى. مەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدايدىغان چىرايلىق، لېكىن نەپرەتلىك كۆزلىرىدىن پۈل، دۇنياغا بولغان چەكسىز ئاچ كۆزلۈك، ھېرىس ۋە قىزىقىشىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرىمۇ شۇ كۆزلىرىدىن كەلگەن ئەمەسمىدى؟...

... بولدى، بۇ «ئالمىچى ھاجىم»نى ئۇنتاي، مەن ساڭا ماختىناي: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەممە بايلىق مېنىڭ. مەن بوۋىيىمنى شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيىمەن: ئۇ قانۇنىي يول بىلەن بۇ بايلىقنى ماڭا مىراس قىلىپ قالدۇردى. بىلەمسەن، «بوۋاي»نىڭ نە ئوغلى، نە قىزى يوق. بارلىق مىراسخورى بىز ئۈچ ئايالى. ئاياللىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۆيلىرى باشقا شەھەرلەردە. بوۋاي دائىم مېنىڭ يېنىمدا تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

... دوستۇم، ساڭا بۇ مەملىكەتتىكى تويۇم ۋە نيۇ يورك شەھىرىگە تويغا بارغانلىقىم توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بېرەي. سەن بەلكى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيسەن، لېكىن مەن راستىنى يېزىۋاتىمەن، ناۋادا باشقا بىرى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بولسا مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

يۇمشاق، سىلىق، سالقىن (خۇددى بىزنىڭ يۇرتىنىڭ سىڭدەبىر ئايلىرىدەك) ماشىنا بىلەن شەھەردىن سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. ماشىنا ئىچىدە بوۋىيىمدىن باشقا ھېچكىم بولمىغاچقا مەن چۈمپەردەمنى ئېلىۋەتتىم. بۇ يەرگە مودا بولغان قارا گىرىپ ئۇزۇن كۆڭلىكىم زىلۋا بەدىنىمگە ياراشقان، بوينۇمدىكى برىلىيانت كۆزلۈك مېداليون، قۇلىقىمدىكى ئاجايىپ ھالقام ماشىنا ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن شۇنچىلىك ئاقىرىپ كەتكەنمەن (بىر يىلدىن بېرى كۈن كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن)، ھېلىقى چاغدا قايتا تەربىيىدىن شەھەرگە بىر تويغا كەلگىنىمدە يېرىلىپ كەتكەن قىزىل - قارا يۇزلىرىمنى كۆرۈپ، مازاق قىلىشىپ لەۋلىرىنى پۇرۇشكەن ماشىنىچى قىزلار ئەمدى كۆرگەن بولسىدى، دەپ ئويلايمەن. ئاداش، ئۇلار مېنى كۆرسە جەزمەن بىر - بىرىگە: «باي بولغاندىكىن سۈت بىلەن يۇيۇنار ھەرقاچان» دېيىشەر... دوستۇم، مەن ھازىر ئاجايىپ گۈزەلمەن. بارماقلىرىمدىكى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئۈزۈكلەر، ئاپئاق بىلەكلىرىمدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان قۇر - قۇر بىلەزۈكلەر ... بىر مىڭ تۆت يۈز ئامېرىكا دوللىرىغا ئالغان ئالتۇن سائەت ... باشقىلارنىڭ بولغىنىدا مەن كۆرۈپ ھوشۇمنى يوقىتار ئىدىم. لېكىن ئۇلارنى يىغسا مېنىڭ بىر قېتىم مېيىقىمدا كۈلۈپ قويغىنىمغا تەڭ كەلمەيدۇ. دوستۇم، بۇ بوۋىيىمنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان شېرىن سۆزلىرىنىڭ بىرى...

قويۇق خورمىزارلىقتا شۇنچىلىك كۆپ چېدىرلار تىكىلگەن، شۇنچىلىك كۆپ قازانلار ئېسىلغان، بوۋاي مېنىڭ قولىقىمغا:

— توقسان ئالتە قوي سويۇلدى، قىرىق ئالتە چېدىر تىكىلدى، ئەڭ ئاتاقلىق بايلاردىن ئوتتۇز ئىككىسىگە، دوستلاردىن بىر يۈز يىگىرمە ئىككىسىگە باغاق تارقىتىلدى. ئۆزىمىز بىلەن بىر يۈز ئەللىك بەش جۈپ بولدۇق. لېكىن بۇ بىر يۈز ئەللىك بەش جۈپ ئادەم ئون بەش مىليون ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز بولغانلىقىنى بىلىدۇ، — دېدى.

بۇ يەرنىڭ خەلقى پۇل - دۇنيا بىلەن ماختىنىشتا دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرسا كېرەك. ئەرلەر ئالتۇنلىرى بىلەن، ئىمارەتلەرنىڭ سان - سۈپىتى بىلەن ياكى بۇ يىلقى ھەج مەزگىلىدە ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ تاپقان پۇلى، دۇكانلىرىدا سودا بولغانلىقى بىلەن ماختانسا، ئاياللىرى زىبۇ زىننەتلىرى، قايسى مەملىكەتلەردە زىيارەت قىلىپ يازنى ئۆتكۈزگەنلىكى، خان ئائىلىسىگە جەمەت كېلىدىغان خېنىملار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغانلىقلىرى، ئېرىنىڭ ۋەدىلىرى، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش، قىلىقلىرى، ھەتتا ئالدىدىن ئاشقان تاماقلىرى بىلەن ماختىنىدۇ.

بىز چېدىرلارنى ئارىلىدۇق: فرانسىيە، ئىتالىيە، ھىندىستان، تۈركىيە، تۇنىسلارنىڭ ئەڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان چېدىرلاردىن بۇرنۇڭغا گۈپۈلدەپ ئەنبەر پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. داستىخانلاردىكى مېۋىلەر دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن كەلگەن. پۈتۈن - پۈتۈن پېتى تونۇردىن چىققان پاقلان گۆشلىرى (تونۇر كاۋىپى بۇ يەردە ئەتىۋارلىق)، تونۇر كاۋىپىنىڭ شورپىسىدا پىشقان مەززىلىك پولۇ، ھەر خىل شەربەتلەر ... كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ. لېكىن تويلاردا بۇ نېمەتلەر زادىلا يېيىلمەيدۇ. ئاياللار ھەتتا بىر - ئىككى چىشلەم بىلەنلا قوللىرىنى سۈرتىدۇ (گەرچە قورسىقى ئاچ بولسىمۇ)، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ «توقلۇقى» بىلەنمۇ ماختىنىدۇ. ئاشقان تا-

www.uyghurkitap.com

ماقلارنى مەخسۇس توڭلاتقۇلىرى بار ماشىنىلار كېلىپ ئەكېتىدۇ ـ دە، مۇشۇ خىل غىزالارغا قاراشلىق ئائىلىلەرگە ئۆز قەرەلىدە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

مەن توي تەييارلىقىدىن رازى بولدۇم. لېكىن پۇلغا بولغان ئامراقلىقىم ۋە خوجايىنلىقىم مېنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى:

— نېمىشقا بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك توي قىلىپ پۇل زايە قىلىمىز؟

— پۇل دېگەننى چاچىمىز، تاپىمىز، ئۇ دائىم قول يۇغاندەكلا بىر ئىش.

— ئۆيلىرىمىزمۇ كاتتا، نېمىشقا ئۆيلىرىمىزدە مېھمان ئۇزاتمايمىز؟

— بۇ يەردە ئەرلەرنىڭ تويدا قانچە چېدىر تىككەنلىكى نامى ـ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئېرىمنىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە مېھمانلار كەلگەندە چۈمپەر ـ دە ئېچىگە يوشۇرۇندۇم. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم ـ ئايرىم كۈتۈلدى، مەن ئاياللارغىمۇ ئارىلاشماي مەخسۇس چېدىردا توي كىيىمى بىلەن ئىززەت ساقلاپ ئولتۇردۇم. چۈمپەردە ئېچىدە تۇرۇپ تەقدىم قىلىنىۋاتقان توي سوۋغاتلىرى: ئالتۇن ـ مەرۋا ـ يىت، ئېسىل رەختلەر، ئالتۇن جابدۇقلار، زامانىۋى ئۆي ـ مۇلۈكلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

دوستۇم، بۇ سوۋغىلار بىزنىڭ پۇلىمىزغا نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يارايدۇ دېگىنە.

لېكىن مەن ئامېرىكىدا كۆرگەن قىز سوۋغىلىرىغا سېلىش ـ تۇرغاندا ماڭا چۈشكەن بۇ سوۋغىلار ھېچ گەپ ئەمەس. بىزگە نيۇ يوركتىكى ئەڭ كاتتا مېھمانخانىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ بېلىتى، ئامېرىكىغا بېرىپ ـ كېلىدىغان ئايروپىلان بېلىتى سېلىنغان بىر كونۋېرت پوچتا ئارقىلىق كېلىپ تەگدى. كون ـ ۋېرتقا باغاق بىلەن يۇقىرىقى بېلەتلەر بىللە سېلىنغانىكەن. بىز

ئەر - خوتۇن ئايروپىلان بىلەن نيۇ يوركقا تويغا باردۇق. بىر باي (بىزنىڭ بوۋاينىڭ بىر يېقىنى) ئۆز ئوغلىنىڭ تويىنى مۇشۇ مەشھۇر شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. بەلكى سەن «نېمە ئۈچۈن؟ ياكى قىز ئامېرىكىلىقمۇ؟» دەپ سوراپ قالارسەن. ياق، قىزمۇ مۇشۇ يەرلىك. ئۇلار پۇل خەجلەش ئۈچۈن، پۇل خەجلەپ نام - ئاتاق چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ مەن ئاجايىپ ئېگىز بىنالىرى، پاكىز كوچىلىرى، مەدەنىيەتلىك ئادەملىرى بىلەن دۇنيادا داڭقى بار مەشھۇر شەھەرگە كەلدىم. بىزنىڭ ياتاق ئاتمىش تۆتىنچى قەۋەتتە ئىكەن، ياتاقنىڭ بىر كۈنلۈكى ئۈچ يۈز نەچچە ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن ( ياتاقنى تەسۋىرلەپ سېنىڭ ئىچىڭنى پۇشۇرۇپ قويماي يەنە) . بىز دۇنيانىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن كەلگەن ئىككى يۈز نەچچە ئەر - خوتۇن (قىز - يىگىتلەرنىڭ سانى نامەلۇم) مانا شۇ مېھمانخانىدا توي مۇراسىمىغا قاتناشتۇق. مەن كەتكەن پۇلنى ھېسابلاپ ئاۋارە بوپتىمەن: مەسىلەن بىر كىشىگە يىگىرمە مىڭ دوللار كەتتى دېسەك، ھەممىسى بولۇپ قانچە؟ ... ناۋادا بىر مېھمانخانىغا خەجلەنگەن پۇل بىزنىڭ يېزىلىرىمىزنىڭ بىرىگە تەقدىم قىلىنسا قانچىلىك ئىش قىلىۋالغىلى بولار - ھە؟ ... دېگەنلەرنى ھېسابلاپ ھېرىپ كەتتىم ... كەچتە قىزنىڭ يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى بولدى. بىر يىگىت قىزنىڭ يىپەك رومىلىنى ئاچتى. ھەيۋەتلىك زالدا ھەيرانلىق نىشانى — قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. قىز گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ سۈتتەك ئاق يۈزى، ئاجايىپ چىرايلىق چاچلىرى، بۇرۇن، قاش - كۆزى مېنىمۇ ھەيران قالدۇردى. مەن زالدىكى چۈمپەردىسىز ئولتۇرغان خېنىملارغا (بۇ يەردە ئاياللار چۈمپەردىسىز، ئەرلەر ياۋروپاچە كىيىنگەن) بىر - بىرلەپ قارىدىم. ياق، ھېچكىم بۇ قىز بىلەن چىرايدا تەڭلىشەلمەيدىكەن. گۈزەل قىزنىڭ لەۋلىرى كۈلۈمسىرىدى، يۈزى قىزاردى. لېكىن ئۇ كۆزىنى ئاچمىدى. بىر

www.uyghurkitap.com

يىگىت ئورنىدىن تۇردى ـ دە: «مەن كۆزنى ئاچۇرىمەن!» دەپ قىزغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر سىقىم تىللا ئالدى ـ دە، بىر تال تىللانى تىلى بىلەن نەمدەپ قىزنىڭ پېشانىسىگە چاپلىدى. قىز كۆز ئاچمىدى، تىللا كۈز يوپۇرمىقىدەك يەرگە چۈشتى. يىگىت يەنە چاپلىدى، قىز كۆز ئاچمىدى، يىگىت ئارقا ـ ئارقىدىن تىللا چاپلاۋەردى. قىز كۆز ئاچمىدى. يىگىتنىڭ تىللالىرى تۈگەپ باشقا بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى.

دوستۇم، مۇبالىغە ئەمەس، باي يىگىتلەر قىزنىڭ پېشانىسىگە شۇنچىلىك جىق تىللا چاپلىدىكى، قىزنىڭ ئەتراپىدىكى تىللالارنى يىغسا جەزمەن بىر جاۋۇر ئالتۇن بولىدۇ. بۇ ئالتۇن بەلكى ئون كىلو ياكى يىگىرمە كىلو كېلەر، ئىشقىلىپ، بۇ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئالتۇنلار بىلەن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا كىچىكرەك شەھەر قۇرغىلى بولار ئىدى. بىز مېھمانخانا ھۇجرىسىغا كىرگەندە مېنىڭ بوۋىسىم ئۇستەلگە قويۇلغان كۈمۈش پىيالىنى تىللا بىلەن تولدۇرغانىدىلا «پاھ» دەپ ۋارقىرىۋەتكەنىدىم. بوۋاي:

— بۇ بىر رەسىم ـ قائىدە، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دېگەندە، مەن:

— بىر ئىمارەت پۈتىدىغان ئالتۇننى بېرىۋەتتىڭىز، — دېگەنىدىم، مانا ئەمدى، قىزنىڭ چۆرىسىگە جىرىڭلاپ چۈشۈۋاتقان تىللالارنى كۆرۈپ، زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم: پاھ، «بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن...» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان، لېكىن بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى بۈگۈن كۆردۈم، دەپ پىچىرلىدىم بوۋيىمغا، بوۋىسىم كۈلۈپلا قويدى.

دوستۇم، ھېلىقى قىز راستتىنلا بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ئارىسىدا قالدى.

نيۇ يوركتا تويغا بېرىپ، پۇل دېگەن نەرسىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ يەردە

ئادەملەر قەغەز پۇل ئەمەس، ساپسېرىق ئالتۇن تىللالارنى دەس-
سەيدىكەن، چاقچاق قىلىپ خۇددى تاشئالمىدەك بىر - بىرىگە
ئاتىدىكەن! ... دوستۇم، سەن بىلىسەن، مەن پۇلغا تولىمۇ ئام-
راق، پۇلغا ئىگە بولۇش، نۇرغۇن پۇلنىڭ خوجايىنى بولۇش
ئىستىكى مېنى ۋەتەن — يۇرتۇمدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلدى.
مەن ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەر ھېسابىغا بۇگۇن
نۇرغۇن بايلىقنىڭ قانۇنىي مىراسخورىغا ئايلىنالىدىم. مەن پۇل
ۋە راھەت تۇرمۇش بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇماقچى، ھەممىنى باش-
تىن باشلىماقچى ئىدىم، لېكىن بۇ ئىش تولىمۇ تەس ئىكەن.
مەن ھېلىقى ئالمىچىنى كۆرگەن كۇندىن بېرى ياشلىقنى، تۇ-
غۇلغان، كىندىك قېنىم تۆكۇلگەن يۇرتنى، دوستلارنى ئۇنتۇش
زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۇشەندىم. مەن مانا ئۇچ كۇندىن
بېرى راھەت ئىچىدە ئازابلىنىۋاتىمەن. نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بول-
غان تۇرۇقلۇق يوقسۇزلۇق دەردى بىلەن ئۆرتىنىۋاتىمەن. دوس-
تۇم، مەن ساڭا باشتا «ماختىنىمەن» دېگەنىدىم، ئەلۋەتتە ماخ-
تانغۇچىلار مەڭگۇ غالىبلار ئەمەس ئىكەن. شۇنداقلا ئارزۇ قىل-
غۇچىلار، تەلمۇرگۇچىلەرمۇ مەڭگۇ بىچارىلەر ئەمەس ئىكەن...

مەن ئاخشام بوۋىيىمدىن سورىدىم:

— ھاجىلار سىزدىن ياردەم سوراپ كەلگەندۇر ھەرقاچان -
ھە؟

— شۇنداقتە، — دېدى بوۋىيىم قاپىقىنى تۇرۇپ، — ھې-
لىقى شاپاق دوپپا كىيگەن ياشراقى، ھەراست، سىز ئۇلارنى
كۆرمىدىڭىز - ھە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراقى، مىللەتنى
تەربىيىلەش، خەلققە ياردەم قىلىش ھەربىرىمىزنىڭ بۇرچى، بىز
بايلار پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئاچتۇق. تۆت قەۋەتلىك بىنا سال-
دۇق. ھازىر ئىككى يۇز ئوقۇغۇچى ھەر خىل تىللارنى ئۆگىنى-
ۋاتىدۇ. بىزنىڭ مەكتىپىمىزگە قانچىلىك ياردەم قىلالايسىز؟
دەيدۇ تېخى.

www.uyghurkitap.com

دوستۇم گۈلمىرە، ھېلىقى جادۇ كۆز ئالمىچى ھازىر راستىنلا بايمۇ؟ بايلار پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالدۇق دەپتۇ، شۇ ئالمىچى راستىنلا شۇنداقمۇ؟ مەن دېرىزىدىن ئۇنىڭ كەك پۇچقاقلىق ئىشتان، ئاق كۆڭلەك، شاپاق دوپپا كىيىۋالغىنىنى كۆرگەن. ئۇ مەن كۆرگەن تۇرقى بىلەن ھېچبىر بايغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى تىلەمچىگە ئوخشىشىدۇ. مەن ئۇنى ھېلىقىدەك، رېزىنكە ئۆتۈك، مايلىق شەپكە، شەپكىدىن چىقىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى، ئەلەم ۋە تەنە سىڭگەن سىرلىق كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى خالايتتىم...

ئەتىسى بوۋىيىم كەچ قايتىپ كېلىپ ئالمىچىنى كايىشقا باشلىدى:

— بايلارنى يىغىپ ھېلىقى شاپاق دوپپىلىق چاي تەييارلاپتۇ، بايلار بىر - بىرىدىن ئېشىپ پۇل بەرگىلى تۇردى. شاپاق دوپپا كىيگەن ھېلىقى سىزنىڭ يۇرتلۇقىڭىز ھەدەپ سۆزلىگىلى تۇردى. مەن لام - جىم دېمەي قايتىپ كەلدىم. بېرەي دېسەم دىلىم تارتمايدۇ. بەرمەي دېسەم بايلارنىڭ ئالدىدا سەت، مەن «ئويلىشىۋالاي» دەپ قايتىپ كەلدىم، — دېدى. مەن ھەيران قالدىم:

— نېمىشقا ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدىڭىز؟ سىز مەرد ئادەم ئىدىڭىزغۇ؟

— مەندىن سوراۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ تامدەك تاتىرىپ، — ئۇ بۇ يەرگە سىزنى كۆرگىلى كەلگەن، مېنى بىلمەيدۇ دېمەك، ئۇ ھازىرمۇ سىزنىڭ پېيىڭىزدا، گادايلىقىدا ئېرىشەلمىگىنىگە ئەمدى باي بولۇپ ئېرىشمەكچى. ھە، نېمىگە تاتىرىپ كەتتىڭىز؟ مەن بىلجىرلاۋاتىمەنمۇ؟ ياق! ئاشۇ شاپاق دوپپا، بىزنىڭ تويىمىز بولغان كۈنى غەرق مەست بولۇۋېلىپ تويىنى بۇزغىلى تاسلا قالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئۇنتۇغان بىلەن مەن ئۇنتۇمايمەن. ئۇنىڭ باغدىكى ئالمىنى قوچاقلىۋېلىپ: «ھەي، گۈلچەھرە!»

دەپ ۋارقىرىغىنى ھېلىمۇ قۇلىقىم يېنىدا، ئۇ بىزنىڭ ھۇجرى-مىزنىڭ دېرىزىسى يېنىدا ۋارقىرىمىدىمۇ؟…

مەن بوۋايغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. خۇددى بىرى گېلىمنى بوغۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم…

… كەچ كۈز، يامغۇر، پاتقاق، سوغۇق…يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېزىدىن شەھەرگە كېتىۋاتىمەن. قاراڭغۇ چۈشتى. مېنىڭ ئەس - خىيالىم ئاپامدا. مەن چۇخەيلىرىمگە چاپلاشقان ئېغىر لاي، ئېغىز - بۇرنۇمغا كىرىۋاتقان قاڭسىق تەر ئارىلاشقان يامغۇر بىلەن ھېسابلاشماستىن كېتىۋاتىمەن. مەن قايتا تەربىيە قىلىنىۋاتقان يېزىنىڭ شەھەردىن بۇنچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكى مانا شۇ كۈنى بىلىندى. مېنى ماشىنا، تراكتورغا تەكلىپ قىلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىشىدىغان تەمەخور شوپۇرلار بىراقلا ئۆلدىمىكىن، ھېچكىم ئۇچرىمىدى. كېتىۋاتىمەن، ئاياغلىرىم بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا، ماغدۇرسىزلانماقتا. تەبىئەتنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز، رەھىمسىز پەسلىگە شۇنىڭدىن بېرى ئۆلگۈدەك ئۆچمەن.

… ئالدىمدا تاشقىن كۈز سۇلىرى يامىرىماقتا، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېشەك ھارۋىسى تۇرۇپتۇ. ئېشەك كۆرۈنمەيدۇ. ھارۋىكەش تىزىدىن يۇقىرى سۇغا كىرىپ ھارۋىسى بىلەن ھەپىلەشمەكتە (كۆز باغلانغان مەھەل بولغاچقا مەن ئېنىق كۆرەلمىدىم). «نېمىلا بولمىسۇن بىر جاپاكەش ئادەمگە يولۇقتۇم، جاپاكەشلەر بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. ھەمراھ بولاي» دەپ ئويلىدىم - دە، سۇغا تېخى چۆكۈپ بولمىغان چىغىر يول بىلەن ھارۋىغا قاراپ ماڭدىم.

— ئېشىكىڭىز يېتىۋالدىمۇ نېمە؟

— ياق، ئۆلدى!

— ئۆلدى؟

مېنىڭ سوئالىم جاۋابسىز قالدى. ئالدىمدا تۇرغان ئادەم —

يىگىرمىدىن ئاشقان يىگىت ماڭا سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن يالت قىلىپ قارىدى ـ دە، كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ شۇ كۆزلىرى، شۇ ئەلەملىك كۈلۈمسىرىشى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ كۈلۈمسىرەشكە ئاشۇ كەچ كۈز مەنزىرىسىگە، ئەرزىمەس بىرنەچچە سېۋەت ئالمىغا مۇشۇنداق جادۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسى بولغان قىران يىگىتنى باغلاپ قويغان، پاتقاقتا مىلىنىشكە، ياماق چۈشكەن، ئۇزۇن قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك بىلەن سۇ ئىچىدە سائەت ـ سائەتلەپ تۇرۇشقا، ئۆلگەن ئېشەك ئۇچۇن ياش تۆكۈشكە ۋە باشقا خورلىنىشلارغا مەجبۇر قىلغان شارائىتقا نەپرەت، تەنە ۋە مەسخىرە يوشۇرۇنغاندى.

ئۇ ئاشۇ كۆزلىرى بىلەن بىرلا قاراپ بىرلا كۈلۈمسىرەپ يۇقىرىقىلارنى ماڭا ئۇنىسىز، شەرتسىز ئېيتىپ بەردى. مەن ئاغرىق ياتقان ئانامنى، يىگىتكە ھەمراھ بولۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدۇم ـ دە، ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم.

بىز ئېشەكنىڭ ئۆلۈكى بىلەن خوشلىشىپ، ھارۋىنى سۆرەپ سۇدىن چىققاندا، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ـــ نېرىدىكى قارامتۇل تاغلار، يېقىندىكى چىغ، قورايلار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغاندى.

يىگىت ھارۋا شوتىسىنى يەرگە قويۇپ، يورۇقىنىڭ كۈچى قالمىغان قول چىرىغى بىلەن مېنىڭ ئاياغلىرىمنى، ئاندىن يۈزۈمنى يورۇتتى، مەن قوشۇمامنى تۈردۈم.

ـــ نېمانداق قىلىسىز، بىلىپ قويۇڭ، بۇ قىلىقىڭىز ئەخلاقسىزلىق.

ـــ نېمە؟ چىرايلىق قىزلارغا قاراشنى ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ دەپ قانداق كىتابقا يېزىپتىكەن؟ مەنمۇ كىتاب مەستانىسى. مەن بۇنداق كىتابنى ئوقۇماپتىمەن. ئەكسىچە تېخى...

ـــ ئەكسىچە نېمىنى ئوقۇدىڭىز؟ ـــ دېدىم مەن خاپا بولۇپ، ـــ قول چىرىغى بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزىنى يورۇتۇش

گۈزەل ئەخلاق دەپ ئوقۇغانمىدىڭىز؟

— ها - ها - ها... پاھ، ئۇكام، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدەك گەپ قىلدىڭىزغۇ؟ مېنىڭ ئاكا - ھەدىلىرىم مۇشۇنداق دەيتتى. لېكىن سىز بىلەن بىزدەك ئۇزۇندە ئوقۇغان ياشلارغا بۇنداق سۆزلەر ياراشمايدۇ!

ئۇ موخوركىسىنى ياندۇردى. مەن چاقماق يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم: ئۇ چىرايلىق — شەپكىسىدىن چىقىپ تۇر-غان بۇدۇر چاچلىرى، ئۇزۇن كىرپىك، يارىشىملىق يۇمران بۇرۇتى، دۇگىلەك يۈزىدىكى قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇنلىرى — ھەممىلا يېرى چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەن ئېھتىيات قىلغان قوپاللىق بىلەن ۋەھشىيلىك تېپىلمىدى... ئېھ، گۈلمىرە، سەن مېنى زاڭلىق قىلىپ: «نېمانچە ئەزمىلىك قىلىپ ئۇنىڭ چىرايىنى يېزىپ ئولتۇرىدىغانسەن، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالغانمىدىڭيا؟» دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. بىزنىڭ ئا-جىزلىقىمىز مۇشۇ ئەمەسمۇ دوستۇم، راستتىنلا يىگىتلەرگە بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالىمىز. لېكىن لام - جىم دېيەلمەيمىز. ئۇلار-دىن مۇھەببەت، شوخلۇق تەلەپ قىلىمىز. لېكىن كۆپ ھاللاردا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز.

مەن شۇ كېچىسى شۇنداق تىترىدىمكى ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى. ئاسمانغا قارىسام ھاۋا ئېچىلىپتۇ، ئاي ئاقۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدىن پات - پاتلا چىراي كۆرسىتىپ ماڭا قاراپ قويىدۇ. قارا - كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ خۇددى ماڭا دۇربۇن بىلەن قاراۋاتقاندەك، ئاي بىلەن يۇلتۇزلار خۇددى «ئەجەب بىھايا قىز ئىكەن، كېچىدە ئادەمزاتسىز دالادا بىر يىگىت بىلەن يالغۇز تۇرغىنىنى قارىمامدىغان» دەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— ماڭايلى، سىز ئالدىرىمىسىڭىز مەن ئالدىرايمەن! — دېدىم تىترەپ تۇرۇپ.

— مەن نېمىشقا ئالدىرايمەن، — دېدى يىگىت تاماكىسىد-

www.uyghurkitap.com

نى شوراپ تۇرۇپ، — چايغىچە ئالمىنى پۇل قىلىپ بۇياقتا يەنە ماڭىمەن، ئېشەك ئۆلدى. پۈتۈن بىر ئايلىق پايدا تۈگىدى. دائىم بازار باشقۇرۇشتىكىلەر بولىۋالاتتى، بۇ قېتىم خۇدايىم ئۆزى ئالدى.

ئۇنىڭ تاماكا يورۇقىدا قىزارغان ئەلەملىك چىرايىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى.

— نان يەمسىز؟

— ئا يەردە خامان بار. مەنگەن ئاستىدىن قۇرۇقراق بىرنىمە تېپىپلا، ئوت قالاپ ئىسسىنىۋالايلى، قاراڭ جالاقلاپ تىترەۋاتىسىز...

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن خامانغا ماڭدىم. مېنى راھەت سۆرەپ ماڭدىمۇ ياكى ھېسداشلىقمۇ ھېچ يادىمدا يوق. بىردەمدىن كېيىن گۈلخان يېنىدىن ئورۇن ئالدىم. بىز ئوت ئالدىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ نان بىلەن ئالما يېدۇق.

گۈلمىرە، ئادەمنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلار بولىدىكەن. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى ئېسىڭدە قالمايدىكەن. بەزىلىرى ئۇنتۇلمايدىكەن. بەزىلىرى ھەتتا ھەر كۈنى يادىڭغا كېلىدىكەن. ئاشۇ خامان، ئاشۇ كېچە مەن ئۈچۈن ئاشۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز...

گۈلخان ئۆچتى، لېكىن مېنىڭ ماڭغۇم يوق. گۈلخان يېنىدا قىلىشقان گەپلەر ئەمدى قاراڭغۇلۇقتا داۋاملاشماقتا. ئاسمان زۇمرەتتەك تىنىق، يۇلتۇزلار بۆلەكچىلا نۇرغۇن ۋە نۇرلۇق، ئاي خۇددى ھازىرلا مۇنچىدىن چىققان قىزدەك سۈزۈك. سوغۇق كۈز شامىلىمۇ ماڭا ئىللىق ۋە يېقىملىق، ئالما پۇرىقى ئارىلاشقان زەي ھاۋامۇ شۇنچە راھەت. ئۇ قاچانلاردا يېنىمغا كېلىۋالدىكىن، يۈرەكلىك ھالدا قولۇمنى تۇتتى:

— نېرى تۇرۇڭ، قىلىنىلىق قىلماڭ! — مەن ئۇنى بىئىختىيار (خالىماستىن)، ماغدۇرسىز قوللىرىم بىلەن ئىتتەردىم. لېكىن ئۇ خۇددى مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتقاندەك ماڭا

چاپلاشتى. مەن يەنە خالىماستىن تىللاۋاتىمەن:

— نېمانداق قىلىدىغاندۇ، بېشىڭنى يەيدىغان داپشاق، ۋېيىەي قېلىنلىقىنى، ۋارقىرايمەن جۇمۇك بىكار...

بىز قىزلار جۇرئەتچان (قېلىن) يىگىتلەرگە ئامراق ئوخ-شايمىز. مەن ئۇنىڭ ھەممە شوخلۇقلىرىنى تىللاپ تۇرۇپ، يۇمشاق قارشىلىق بىلەن كۇتۇۋالدىم. ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمغا:

— بۇ دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا نېمە راھەت بار دەيسىز، دائىم جاپا، دائىم مۇشكۇل، دائىم خاپىچىلىق، ئاھ راھەت، نېمانچە راھەت!...

ئۇ مېنى كۇچلۇك، قوپال قوللىرى بىلەن شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىدىكى، مېنىڭ نازۇك بەدىنىم غارسىلداپ ئۇگە - ئۇگى-سىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك بىلىندى. لېكىن مەن زارلانمى-دىم. ئەكسىچە راھەتلەندىم...

بولغان ئىش شۇنچىلىك، لېكىن ئۇنتۇلغۇسىز. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كوچىلاردا نۇرغۇن كۆردۇم، لېكىن كۆرمەسكە سالدىم. ئۇ دائىملا ئۇستۇېشى ناچار، رېزىنكە ئۆتۈك بىلەن ئالدىراپ يۇرەتتى. بۇنداق كۆرۈمسىز، دۇگدۇك ئوقەتچىلەر دوقمۇش - دوقمۇشتا تولۇپ تۇرۇپتۇ. شەھىرىمىزنىڭ مودا تالىشىدىغان قىزلىرى بۇنداقلار بىلەن گەپلىشىشنى نومۇس بى-لىدۇ. ئۇنداقلارغا چىشىڭنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويساڭ پۇ-تۇن شەھەرگە يامان گېپىڭ تارقىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندىم. بىر كۇنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ تار كوچىدا بىر ئېشەك ھارۋىسىغا دۇچ كەلدىم. ھارۋا يولدا توغرىسىغا تۇرۇۋاپتۇ. مەن ئامالسىز ۋېلىسىپىتتىن چۇشۇپ ئېشەكنى تىل-لىدىم:

— خىخ، ھارام!

— تىللىماڭ، قىزچاق، ھارامنىڭ ھارۋىسىدىكى ئالمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هالال، ئالما يەڭ!

قوش ئىشىكلىك، سوقما تاملىق، هويلىسى ئالما ـ ئۆرۈكلۈك قورۇدىن هېلىقى ئالمىچى چىقىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇدۇر چاچ، يۇمشاق بۇرۇتلىرى، ئويناپ تۇرىدىغان جادۇ كۆزلىرى مېنى ئىختىيارسىز توختاتتى:

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز مۇشۇمۇ؟

— هەئە، تۇل ئانام، ئالتە ئۇكام بىلەن مۇشۇ ئۆيدە كۈن كۆرۈۋاتىمىز.

— يالغۇز سىزلا ئوقەت قىلامسىز؟

— شۇنداق، قىزچاق، ئۆزۈم بىلەن سەككىز جاننى مەن باقىمەن. ئېشەك بىلەن ئون دەڭ تېخى!

— ئايالىڭىزچۇ؟

— ئايال؟ ئايالىم بولغان بولسا هېلىقى كۈنى سىزگە شۇنچە...

— قويۇڭ ئۇ گەپنى! — مەن ۋېلىسىپىتىمگە سەكرەپ مىندىم. ئۇ كەينىمدىن «گۈلجەهرە!» دەپ ۋارقىرىۋىدى، مەن قارىمىدىم. ئۇنىڭ نېمىسىگە قارايمەن: چىرايىغىمۇ؟ ماڭا چىراي ئەمەس، بايلىق كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلى بار ئوخشىمامدۇ؟ تۇنجى مۇهەببىتى بىلەن مېنى قۇچاقلىغان بولسىچۇ؟ بۇمۇ بىر بايلىق ئەمەسمىدى؟ لېكىن بۇ بايلىق بىلەن ئىنسان بەختلىك بولالمايدۇ...

گۈلمىرە، مەن ئەمدى ئىقرار بولۇۋاتىمەن. مەنمۇ ئاشۇ ئالمىچىنى تۇنجى مۇهەببەت بىلەن ياخشى كۆرگەنىكەنمەن. لېكىن ئۇنىڭ كۆرۈمسىز ئۇستۇبېشى، ئورنى، چۆچۈرىدەك ئۇكىلىرى ماڭا توسالغۇ بولغانىكەن. مەن بۇ خىل ئادەملەر بىزدەك قىزلارنىڭ خىلى ئەمەس، ئۇلار مۇهەببەت، ئائىلە دېگەننى خورلاشقىلا، تۈگىتىشكىلا يارامىلىق دەپ ئويلىغانىكەنمەن. مەن:

مۇھەببەت بىر ئاجايىپ سىرلىق گۈلگە ئوخشىشىدۇ، ئۇ شۇنداق بىر تۇپراققا موھتاج: بۇ تۇپراق پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «ئالمىچى» نىڭ ئىسمىنىمۇ سورىمىدىم. ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن نەچچە يىلدىن بېرى ھەر كۈنى، ھەر سائەت ھەرىكەت قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى جادۇ كۆزلىرى، بۇدۇر چېچى مەن بىلەن قېرىشتى. مەن ئۇنى ئۇنتالمىدىم، ئالمىچىنىڭ شوخلۇقىغا گۇۋاھ بولغان خامان، گۈلخان، ئاي ۋە يۇلتۇزلار زادىلا ئۇنتۇلمىدى...

— قانچىلىك بىرنەرسە بەرمەكچىسىز ئۇلارغا؟ — دەپ سورىدىم بوۋىيىمدىن. بوۋاي ماڭا ئالىيىپ قارىدى.

— بىلمەيمەن، بەلكى ھېچنېمە بەرمەسمەن! — دېدى بوۋاي ئاخىر خاپا بولۇپ.

مەن باتۇرلۇقۇمنى نامايان قىلىشنى ئويلىدىم:

— ئۇنداق بولسا، مەن بارلىق ئالتۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە ياردەم قىلىمەن. بەلكى يۈز مىڭ ياكى يۈز ئەللىك مىڭ دوللارغا ياراپ قالار!

— نېمە؟ سىز شاپاق دوپپا بىلەن بەلكى مەندىن يوشۇرۇنچە كۆرۈشكەنسىز. ئۇنىڭغا بەلكى ھېلىھەم كۆڭلىڭىز باردۇر؟ ئۇ ياش، چىرايلىق، بىز بولساق قېرى، كۆرۈمسىز؟

— سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ مەن ئۇنى ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەمەسمەن. مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرگەن ئەمەسمەن، ئىللا - بىللا شۇنداق.

مەن كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. بۇ ياش كىملەرگە مۇھەببەت، كىملەرگە نەپرەت تەقدىم قىلىشى بىر ئۆزۈمگىلا ئايان.

دوستۇم گۈلمىرە، ئەرلەر بىزنىڭ كۆز يېشىمىزنى كۆرسە ئاسانلا يۇمشايدۇ. بىز ئۇلارنى ھەرقانداق يالغان گەپكە ئىشەندۈرەلەيمىز، بۇ ئىشتا بىزنىڭ نازۇك تىلىمىز بىلەنلا كۆز يېشىمىز بىزگە ياردەم بېرىدۇ. مەن بوۋىيىمنىڭ چىرايىدا رازىلىق ۋە

خۇشاللىق پەيدا بولغىنىنى كۆردۇم.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — مەن يىگىرمە مىڭ دوللار تەقدىم قىلاي. خوتۇن، ھېچكىم بۇنچىلىك چوڭ ياردەم قىلمىدى تېخى. يۇرتۇڭنىڭ گۈللىنىشى سىنىڭ خۇشاللىقىڭ، مەن بۇنىڭغا بېشىڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىشكىمۇ رازى.

ئاڭلىدىڭمۇ گۈلمىرە، مانا بۇ مېنىڭ بوۋىيمنىڭ جاۋابى. بۇ جاۋابقا قانچىلىك مۇھەببەت ھارارىتى سىڭگەن - ھە! لېكىن بىز ئۆزىمىزنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەرنى دائىم ئالدايمىز: ئۇلارغا يالغان سۆزلەيمىز. بايلىرىغىمۇ، گادايلىرىغىمۇ، ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغانلىرىغىمۇ، يامان كۆرىدىغانلىرىغىمۇ شۇنداق قىلىمىز. باشقىلار قانداقكىن، مەن نەق شۇنداق.

1988 - يىل 8 - ئاي، پاكىستان راۋالپىندى.

# ياۋروپاغا سەپەر

(زىيارەت خاتىرىسى)

## سەپەرداشلار

7 - ئۆكتەبىر.

قولۇمدىكى يەتتە ۋاراقلىق پويىز بېلىتى، پاسپورتۇمدىكى غەربىي گېرمانىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەخسۇس تامغىسى ۋە موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىدىن كىرىپ - چىقىشقا بەرگەن رۇخسەت ۋىزىلىرى... مېنىڭ ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرىقى خاپىلىقلىرىم بىلەن چەت ئەلگە چىققۇچىلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلارغا بولغان نارازىلىقىم، گېزىت - ژۇرناللارغا يازماقچى بولغان تەنقىدىي ماقالىلىرىم توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى بىردىنلا يوققا چىقىرىۋەتتى. بېلەت بىلەن پاسپورتۇمغا قارايمەن - دە، خۇشال- لىقتىن قىن - قىنىمغا پاتمايمەن. ماڭا ھەممىلا نېمە، ھەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىكى تىقمۇتىقماقچىلىق، قوپاللىقلار، تۆت كوچا ئېغىزلىرىدا ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا توختاپ قېلىشى قاتارلىق كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا.

مەن 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈركىسىپ خەلقئارالىق تۆمۈريولدا ئاسىيادىن ياۋروپاغا سەپەر قىلىمەن. دېمەك، يەر شارىنىڭ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ بېتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە ئون مىڭ كىلومېتىردەك يول ماڭىمەن. سەپەر خۇشال-

www.uyghurkitap.com

لىقى ۋە يېڭىلىقتا ئىنتىلىش ئىستىكى بىلەن كېچىنى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزدۈم. راستىنلا 7 - ئۆكتەبىر سەھەرلىكى بېيجىڭدىن
پويىز بىلەن يولغا چىقتىم.

... پويىز چىڭلۇڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلغاندىن
كېيىنلا مەن ئۆزۈم بىلەن بىر خانىدىكى ھەمراھلىرىم بىلەن
تونۇشتۇم. بۇلار ئاۋستىرالىيىلىك ساياھەتچى ئاتمىش يەتتە ياش-
لىق فوتوگرافىست ئەرك سابىلل، شاڭخەي سانائەت ئۇنىۋېرسى-
تېتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى جاڭ ۋېنجۇن،
كۇنمىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ شەرقىي بېرلىندا ئوقۇۋاتقان
ئاسپىرانتى خې تيەنجىنلار. سابىلل بىر ئېغىزمۇ خەنزۇ تىلى
بىلمەيدۇ، ئىككى يىگىت ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ. مەن بول-
سام يادلىۋالغان ئانچە - مۇنچە ئىنگلىزچە تېرمىن ۋە جۈملىلەر-
دىن باشقىنى بىلمەيمەن. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ بىز بىر بۆلۈمگە
جايلاشقان تۆت ئادەم ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ
قالدۇق.

مېنىڭ تېتىملىق زاكۇسكام بىلەن ئەلا سۈپەتلىك ھاراقلى-
رىم سابىلل بوۋاينى ۋە ياشلارنى داستىخىنىمغا ئەكەلدى. بىز-
دىكى تەكەللۇپ، قورۇنۇش، ياسالمىلىقلار مانا شۇنىڭ بىلەن
تېزلا يوقالدى. مەن سابىللنىڭ تىكىپ قويغاندەك قۇر - قۇر
تۇرغان شالاڭ چاچلىرىغا قارىۋىدىم، ئۇ:

— مېنىڭ چېچىم ئوپېراتسىيە يولى بىلەن گەجگەمدىن
ئالدى تەرىپىمگە كۆچۈرۈلگەن، — دېدى شالاڭ، سېرىق چاچلى-
رىنى سىلاپ، — بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلغىنىمغا ئۈچ يۈز
نەچچە دوللار ئالىدۇ، مەن ئالتە - يەتتە قېتىم ئوپېراتسىيە
قىلدۇرۇپ ئاران مۇشۇنچىلىك چاچلىق بولالىدىم. سىلەرنىڭ
چاچلىرىڭلار قاپقارا، ئەجەب ياخشىكەن!

ئۇ دېڭىزدەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ بىزگە زوق
بىلەن قارايدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، مەندىن ئۇي-

غۇرلار توغرىسىدا توختىماي سورايدۇ، مەن بىلگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ئاۋستىرالىيىدىكى ئۆي - جايىنىڭ رەسىمىنى، ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىقى، جۇغراپىيىسى، كۈن ۋە بەش يۇلتۇزلۇق كىنگورا كۆتۈرۈپ تۇرغان بايرىقىنىڭ تارىخىنى تىنماستىن سۆزلەپ بەردى. ئۇ موڭغۇلىيىنىڭ قار بىلەن قاپلانغان دەرەخسىز دالاسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا:

— بىزدە ھازىر قالتىس ئىللىق، سالقىن پەسىل. ھەممە يەر ياپيېشىل دەرەخ، بىزدە مۇنداق قاقاس دالا يوق، — دېدى.

شۇ چاغدا خانىغا يېڭى زېللاندىيىلىك ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ قىزىل يۈزلۈك، تەمبەل، ساغلام يىگىت يېڭى زېللاندىيىدە ساقچى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىسمىنى مارك فېن دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مازاق قىلىپ:

— سىلەر ئاۋستىرالىيىلىكلەر ئەنگلىيىدىن سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق - پۇشتى. سىلەر قەھرىمان، ئىسيانچى بولۇشۇڭلار لازىم ئىدى، لېكىن بۇ يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە بىز سەككىز ئالتۇن مېدال ئالالىدۇق، سىلەر بىرنىمۇ ئالالمىدىڭلار، ھا - ھا - ھا... — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

سابىلىل ئۆز دۆلىتى توغرىسىدىكى بۇ چاقچاقنى ھار ئالدى، ئۇ كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كەمشۈك ئاغزىنى مىتىلدىتىپ:

— سىز بەكمۇ ساۋاتسىز ئىكەنسىز، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا بۇ يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە، سىلەر سەككىز ئەمەس، ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالدىڭلار، بىزمۇ ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالدۇق، — دېدى.

يىگىت تېخىمۇ ماختاندى:

— بىزنىڭ ئاتمىش مىليون تۇياقتىن كۆپ قويىمىز بار. كىشى بېشىغا چاچقاندا، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىمىز.

www.uyghurkitap.com

سىلەر يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىسىلەر، ھا- ھا- ھا...
پويىز ئۇلانباتۇر ۋوگزالىدا توختىدى. بىز يەرگە چۈشۈپ
ئەتراپنى تاماشا قىلدۇق. پاكار ئېدىرلىق قاپتاللىرىغا جايلاشقان
بۇ شەھەر يوللىرى قىشلىق پەلتو، ئۆتۈك، قۇلاقچا كىيىشكەن
ئادەملىرى بىلەن بىزگە يېڭى تۇيۇلدى. شەھەرگە ياندىشقان
پاكار ئۆيلۈك مەھەللىلەردە كىگىز ئۆيلەرمۇ تۇرۇپتۇ. مەن
موڭغۇل دالاسى توغرىسىدا كىتابلاردىن ئوقۇغانمەن. مانا ئال-
دىمدا سېرىق توپىلىق تۆپىلىكلەر، ئادەمزاتسىز چۆللەر ياتماق-
تا. بۇ يەردىكى باينۆلگەي دېگەن يەردە بىر يۈز ئاتمىش مىڭ
قازاق بار ئىكەن. موڭغۇلىيە كونسۇلخانىسىدىكى ۋىزا باشقۇر-
غۇچى يىگىتنىڭ قازاقچە سۆزلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كې-
رەك. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، قاقاس قاپتاللار ئارىسىغا
جايلاشقان ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغانسېرى
ئادەمزاتسىز چۆللۈك باشلىنىپ، ئاخىر سۇخەيباتۇر شەھىرىگە
يېقىنلاشقانسېرى ئورمانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. تاغلار ئاق تۇمان
بىلەن قاپلانغان، قار ئاستىدا شۇمشەيگەن ياش قارىغايلار بىلەن سې-
رىق يوپۇرماقلىق ئارچىلار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.
ئەتىگەنلىكى ئويغانسام ۋاگونغا يورۇق چۈشۈپتۇ. سابىلل
بوۋاي دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋېتىپتۇ. مەنمۇ سىرتقا قارىدىم.
بىز بايقال بويلاپ شىمالغا كېتىۋېتىپتىمىز. بايقال جىمجىت،
ئۇ ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان ئېرىنچەك بالىدەك ئاستا مىدىرلاي-
دۇ، ئۇنىڭ تىنچ بېتىدە يېڭىدىن ئۇپۇق گىرۋىكىدىن باش
چىقارغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جىمىرلايدۇ. كۆل بويىدى-
كى قارىغاي، ئارچىلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىمۇ قېيىن يوپۇر-
ماقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قىزارغان، ئەتراپ خۇددى يالقۇن
ئىچىدە تۇرغاندەك بايقالنىڭ نېرىقى قىرغاقلىرىدىكى قويۇق تۇ-
مان بۇ يالقۇندىن كۆتۈرۈلگەن ئىستەك كۆرۈنىدۇ. سابىلل بو-
ۋاي بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇق-

مىغان بىلەن ئۇنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆزىنىڭ بۈك دەرەخلەر
ئارىسىدىكى ياغاچ ئۆيىنى ئەسلەۋاتقىنىنى چۈشەندىم. چۈنكى
مەنمۇ بايقال بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز
سايرام بويلىرىنى ئەسلىدىم - دە!

شىمالغا قاراپ بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، قويۇق
قېيىنزارلىققا كىردۇق. مەن ئىختىيارسىز «موسكۋادىن ئۇزاق-
تا»، «جاسارەت» رومانلىرىدىكى تايگا توغرىسىدىكى تەسۋىر-
لەرنى ئەسلىدىم.

بايقال ئورمانلارنىڭ نېرىسىغا مۆكۈندى. ئۇ ئارىلاپ -
ئارىلاپ تۆپىلىكلەر ئارىسىدىن چىراي كۆرسىتىپ قويىدۇ - دە،
يەنە يوقىلىپ كېتىدۇ. مانا، يەنە بايقال كۆرۈندى، ئۇ بىزنىڭ
شەرقىمىزدە، غەرب تەرىپىمىز قويۇق تايگا ئورمانلىقى. قارلىق
تاغ چوققىلىرىمۇ يىراقلاردا كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بايقال يەنە كۆرۈ-
نىدۇ، بېلىقچى كېمىلەر، جۇۋىسىغا ئورىلىپ كۆلگە قاماق سې-
لىپ ئولتۇرغان ئادەملەر، ئۈستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان قارا-
ۋۇل ئۆيلىرى، ئېرىنچەك كالىلار ئېكراندىكىدەك تېز - تېز
ئۆتمەكتە. سلىيودىيانكا ئىستانسىسىغا كەلگەندىلا مەن تۇنجى سو-
ۋېت كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئوڭ تەرىپىمىز بايقال،
سول تەرەپ تاغ باغرىدىكى شەھەر. قىشلىق كىيىم كىيگەن
ئادەملەر ئالدىرىشىپ يۈرۈشمەكتە. مەن تەسەۋۋۇرۇمدا سوۋېت
ئادەملىرىنىڭ كىيىنىشلىرى، مۇئامىلىسى، مېڭىش - تۇرۇش-
لىرى بىزدىن ئۆزگىچە بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، لې-
كىن بۇ يەردىكى ئادەملەر 50 - يىللاردا مەن كۆرگەن ئادەملەر-
نىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى. مەن تۆمۈردىن ياسالغان پىيادىلەر
كۆۋرۈكى ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنى تاماشا قىلدىم. شەھەر
چىرايلىق ئىكەن. لېكىن پويىز ئىستانسىسى قاتمۇقات پويىزلار
بىلەن تولغان.

بىز تاغ ئۈستىدە كېتىۋاتىمىز. بايقال ئاستىمىزدا —

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندە چەكسىز يېيىلىپ ياتماقتا. سابىلل بوۋاي ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەقىقىي ساياھەت ئەمدى باشلاندى، كۆلگە قاراڭلار، قانداق چىرايلىق، ئۇنىڭ تىلىنى بىلمەيسىلەر، مەن دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلىمەن. كۆلمۇ سۆزلەيدۇ، دېڭىزمۇ سۆزلەيدۇ. بۇ، تىلسىملارنىڭ بېتىگە قاراپ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— خوش، بايقال نېمە دەيدۇ؟

— بوران چىقىدۇ، دولقۇنلايمەن، دەيدۇ. بۇ كۆلنىڭ بېلىقى بەك قىممەت ئىكەن. ئاۋستىرالىيىدىن ئون باراۋەر قىممەت ئىكەن. چايچىمانى① دەيدىغانلار بۇ يەردىمۇ جىق ئىكەن. ئالدىغا تۇخۇم، پەمىدۇر قويۇپ ئولتۇرىدىغان مومايلار چېغىدا مېنى ئالدىماقچى بولۇپ چايچىمانى، دەيدۇ تېخى. بىزدە بۇنداق سودىگەرلەر يوق، تۇخۇم، پەمىدۇر ساتىدىغان مومايلار يوق!

— ئۇلاردىن چوڭلىرى بار - دە؟ — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن يېڭى زېلاندىيىلىك ساقچى، — سىزگە پايدا بەرمەكچىغۇ ئۇلار. بىر ئامېرىكا دوللىرى ئاران 0.6 رۇبلى. لېكىن ئۇلار بىر دوللارنى ئۈچ رۇبلىغا ئالىمىز دەۋاتسا، يەنە يامان دەيسىزغۇ؟ بايقالنىڭ بېلىقى سىلەرنىڭ دېڭىز بېلىقىڭلاردىن تاتلىق، شۇڭا قىممەت. نېمىشقا دەمسىز؟ سىلەر بېلىقنى پاراخوت بىلەن تۇتىسىلەر، بۇ يەردىكىلەر قارماق بىلەن تۇتىدۇ، ھا - ھا - ھا...

بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا ياقمىدى. مەن بىزدىن يىراقلاپ قېلىۋاتقان بايقالنى ماختىدىم:

— دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر كۆل — بايقال كۆلى. بىزنىڭ ئېرتىش دەريايىمىز مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. شۇڭا بۇ

① چايچىما — دوللار تېگىشىمەن.

كۆلنىڭ بېلىقى ئالتاي ئېرتىش بېلىقى بىلەن ئوخشاش، ناھايىتى تەملىك.

— كۆلنىڭ چوڭقۇرى بۇ يەردە بولسا، دېڭىزنىڭ دۇنيا بويىچە چوڭقۇر يېرى بىزدە، — دېدى سابىلىل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تاغنىڭ ئېگىزى بىزدە! — دېدى شياۋجاڭ.

— ئويمانلىقنىڭ چوڭقۇرى تۇرپانمۇ بىزدە، — دېدى شياۋخې.

سۆھبىتىمىزگە ھاكچىلارنىڭ ئالا - بۇلىماچ كىيىمىدەك ئىشتان - چاپان كىيگەن ئامېرىكىلىق يىگىت بىلەن غەربىي گېرمانىيىلىك قىزلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى:

— تەكلىماكانمۇ گۈزەل، ھاۋا تەڭشەيدۇ. مەن بەك قىزىقىمەن. پۈتۈن ياۋروپا ياپيېشىل بىر باغ، لېكىن بۇنداق تەڭشىگۈچ يوق.

— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ياۋروپاغا ئۆتىمىز. ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ پەرقى يەر بېتىدىلا ئەمەس، ھاۋاسىدىمۇ بىلىنىدۇ. ياۋروپا ئىللىق، نەمخۇش، ئاسىيا ئىسسىق - سوغۇق، قۇرغاق.

— ئاڭلىشىمچە، بېرلىندىكى تۈنجى قارىغاي موڭغۇلىيەدىن بارغانىكەنغۇ؟

— لەڭمەن بىلەن چۆچۈرىنىمۇ ماركوپولو جۇڭگودىن ئىتالىيىگە ئاپارغان!

— گېرمانىيىلىكلەرمۇ ئاسىيادىن — ھىندىستاندىن بارغان!

بۇ گەپلەرگە گېرمانىيىلىك قىزلار باشلىرىنى ئىرغىتىپ قوشۇلۇشتى.

— ئاسىيا، ياۋروپا بىر قۇرۇقلۇق، — دېدى بىر قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادەملىرىمۇ، تەبىئەتمۇ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ!

www.uyghurkitap.com

پويىز تونىلغا كىردى، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. سابىلل ئالدىراپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىركۇتىسكىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر رومكا ھاراق سۇندۇم. بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ ھاراقنى ئالدى ۋە ئىچىپ بولۇپ:

— ئادەمنىڭمۇ، ھاراقنىڭمۇ ياخشىسى سىلەردە! — دېدى.

ئىركۇتىسكىدا ھەم بوۋاي بىلەن، ھەم بايقال بىلەن خوشلاشتۇق. تاغلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. پويىز سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىر تېزلىك بىلەن سوۋېت يېرىدە چاپماقتا. بوۋاينىڭ بىز بىلەن خوشلاشقاندا يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلاشلىرى، يېڭى زېلاندىيىلىك يىگىتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى، قاقاقلاپ كۈلگەندە قىزارغان چىرايى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بار. ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، دوست بولالايدۇ.

... زېمادىن ئۆتۈپ نىژنىيۇدېنسىك ئىستانسىسىدا توختىغاندا، كۆمۈر بېسىپ كېتىۋاتقان پويىزلارنى كۆرۈپ بۇ يەرنىڭ ئېگىز ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىگە چىقىپ يىراق تاغلار ئارىسىغا قارىدىم. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى ماڭا تونۇش. بۇ يەردە XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى رۇس سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى، ئىدېئولوگ، ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە يازغۇچى نىكولاي گاۋرىلوۋىچ چېرنىشېۋسكىي 1863 - يىلدىن 1871 - يىلغىچە سۈرگۈن ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ «سىبىر كانىلىرىنىڭ چوڭقۇر تېگىدە» ئەمگەك قىلغان ... مەن خۇددى بۇ ئۇلۇغ كىشىنى كۆرمەكچى بولغاندەك تۇمانلار ئىچىدىكى يىراق تاغلارغا، قويۇق ئورمانلارغا قارىدىم. ئۈستىنى تۇمان باسقان قويۇق ئورمانلار ماڭا ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى سىبىرىيە توغرۇلۇق يېزىلغان تەسۋىرلەر، لېنىن ھاياتىغا مۇنا-

سىۋەتلىك ئەسلىمىلەردىكى بايانلار، فادىيېفنىڭ «تارمار» نام-
لىق كىتابى، ماركوفنىڭ «ستوگوفلار ئائىلىسى» ناملىق روما-
نىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى. ماڭا خىيالەن
تونۇش بولغان قارا چىلان تۇپراق، سازلىق جىلغىلار، قويۇق
ئورمان، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار ئەمدى كۆز ئالدىمدا
ئۆز قىياپىتى بىلەن تۇرماقتا. مەن 9 - ئۆكتەبىر كېچىسىنى
خىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن كۆتۈۋالدىم.
— كراسنو يارسكىغا كەلدۇق. يۈرۈڭ، تۆۋەنگە چۈشە-
مىز، — دېدى ۋالېنتىنا بىزنىڭ «ئۆي» گە كىرىپ. ۋالېنتىنا
ئەللىك ياشلارغا كىرگەن ئايال بولۇپ، بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق
قىلىدىكەن، ئۇنىڭ يولدىشى يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە خەلقئارا
ترېنېر ئىكەن. ئوغلى ياپونىيىدە (ئۇنىڭ ئايالى ياپونىيىلىك
ئىكەن)، ئانىسى بىلەن ئىنىسى ئالمۇتادا ئىكەن. ۋالېنتىنا
بۈگۈن ئايرىلغىنىغا يىگىرمە ئالتە يىل بولغان ئانىسى بىلەن
ئىنىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ياش قىزلاردەك تېتىك-
لىشىپ قېلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىكەن.
— بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچ دۆلەتتە ياشايمىز. ئۈچ
دۆلەتكە پۇقرا بىز، — دەيدۇ ئۇ ياپونىيىلىك نەۋرىسىنىڭ سۈرد-
تىگە قاراپ سۆزلەپ، — بۇ چوڭ بولغۇچە يەنە قانچە دۆلەتكە
تارىلارمىزكىن تېخى.
نوۋى سىبىر مەن كۆرگەن ھەممە شەھەرلەردىن چىرايلىق،
چوڭ كۆرۈندى. ۋالېنتىنا ئىنىسى بىلەن ئۇن سېلىپ يىغلاپ
كۆرۈشتى. بىز نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىكلەر ئۇنى
خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردۇق. ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن قۇچاق-
لاشقىنىنى تەبرىكلىدۇق.
پويىز موسكۋاغا قاراپ قويۇق ئورمانلار ئىچىدە كېتىپ
بارىدۇ. قاچانلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ دېرىزىدىن قارىسام، قويۇق ئور-
مانلىق. نېمىدېگەن تۈگىمىگەن قېيىنزارلىق، قارىغايلىق بۇ -

ھە؟! نەچچە سوتكا مېڭىپمۇ تۈگىتەلمىدۇققۇ؟ تيومىن، سۋېردلوۋسكي ... سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرگەندىن بۇيان سۋېردلوۋسكيغىچە يىگىرمە يەتتە شەھەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. مانا ئەمدى ئورالدا كېتىپ بارىمىز. بۇ يەردە ئاسىيا — ياۋروپا چېگرىسىغا ئورنىتىلغان قىتئە بەلگىسى — ئىككى مېتىردەك ئېگىزلىكتە ئاق مەرمەر بەلگە تېشى بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن موسكۋانىڭ ئارىلىقى بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە كىلومېتىر ئىكەن. ئورال تاغلىرى، ئورال دەرياسى مانا شۇ ئەتراپتا. بۇ يەردىن يەنە سەككىز شەھەرنى بېسىپ ئۆتسەك موسكۋاغا بارىمىز.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۈيۈك رۇس شائىرى لېرمونتوفنىڭ موسكۋا ناملىق شېئىرىنى يادلىغانىدىم. بۇ شېئىر ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ل. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىنى ئوقۇغان. ناپولېئون ئەسكەرلىرى تالان - تاراج قىلغان بۇ شەھەرگە بالدىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا قەلبىمدىن ھۆرمەت - مۇھەببەت پەيدا بولغان، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 1942 - يىلى 1 - ئايلاردىكى موسكۋانى قوغداش جېڭى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، گىتلېر ئارمىيىسىدىن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ ئەسكەرنىڭ نەق مۇشۇ موسكۋا بوسۇغىسىدا يوقىتىلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنىڭ بولغانلىقى بۇ شەھەرنىڭ قەلبىمدىكى سىماسىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلىغانىدى.

مەن موسكۋا — لېنىن توغرىسىدىكى خېلى جىق كىتابلارنى، شېئىرلارنى ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن، موسكۋاغا يېقىنلاشقاندسېرى ھاياجانلانماي تۇرالايتتىممۇ؟! مەن دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەستىن سېرىق يوپۇرماقلار يەر بېتىنى قاپلىغان ئورمانلىقلار، كۆز ئاپتىپىدا ھۇزۇرلىنىپ ئىستانسا، يول چېتىدىكى بەندىڭ-

لەردە ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنى تاماشا قىلىپ ماڭماقتىمەن...
بۇ كېچە تۇزۇك ئۇخلىمىدىم. ئاخىرقى شەھەرلەردىن ئۆتـ-
مەكتىمىز: مانا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتتۇق. دەريا تىنچ، ئاستا
ئاقماقتا. ۋولگا — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يوقىرالار ئۇرۇشىـ-
نىڭ گۇۋاھچىسى، ۋولگا بويلىرىدا بولغان جەڭلەر سوۋېت ئەدە-
بىياتىدا شۇنچىلىك كۆپ يېزىلغانكى، غوپۇر غۇلامنىڭ مۇنۇ
مىسرالىرى ئىختىيارسىز يادىمغا كەلدى:
«تېخى ئورال لېۋىدە مەرد چاپايېفنىڭ
قانلىرى تومۇردا سوۋۇپ پۈتمەستىن،
تېخى سىبىردىكى ئۇر، يىقىت، چاپنىڭ
ساداسى قۇلاقلاردىن نېرى كەتمەستىن.
تېخى ئاتىلىرىنى ئىركەش ئۆلتۈرگەن
پەرغانە يېتىملىرى بويىغا يەتمەستىن.»
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا سوۋېت
خەلقىگە ئارقا سەپ بولۇپ، ئالدىنقى سەپنى ھەربىي لاۋازىمات،
قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن، فرانسىيە شائىرى «ئورال
ياشىسۇن!» دەپ مەدھىيە شېئىرى يازغان قەھرىمان ۋە گۈزەل
ئورال بىز بىلەن خوشلاشتى. ئاخىرقى شەھەر ياروسلاۋل كەيند-
مىزدە قالدى. ئەمدى چىرايلىق، رەتلىك يېزا، خوتۇرلار باش-
لاندى. ئوچۇق ھاۋادا كۆز يوپۇرماقلىرى بىلەن قىزارغان باغ
دالالار تولىمۇ گۈزەل.
— گۈزەل، تولىمۇ گۈزەل ئىكەن! — دېدىم مەن ئەترا-
پىمدىكى ۋەتەنداشلىرىمغا ئۆز ھاياجانلىرىمنى بايان قىلىپ.
— سىز سوۋېت يېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟
بۇ سوئالنى سورىغۇچى پۈتۈن يول بويى ھېچكىمگە گەپ
قىلماستىن، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش، جۇڭسەنچە
چاپان كىيگەن سۇرلۇك ئادەم ماڭا سىناق نەزىرىدە سىڭايان
قارىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن!

— جۈڭگونىچۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم. بىزدە سىياسەت بىلەن ئادەملەرنى، تەبىئەتنى، ھەتتا ھاۋانى ئارىلاشتۇرۇۋالىدىغان ئا. شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار. ئۇلار گۈزەللىك بىلەن رەزىل. لىك توغرىسىدىكى بارلىق چۈشەنچىلەرنى بىرلا ئۆزى ياقتۇرىدى. غان، قاتمال سىياسەت سۈيىدە پىشۇرۇۋالغان كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا قىرىم، كاۋكازمۇ بىزنىڭ قاقاس تاغلارچىلىك مەنزىرىلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ جۇڭگو تۇپرىقى ئەمەس. ئۇلارچە چەت ئەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھايا. جانلىنىشمۇ ساپ بولمىغان ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى، مەن ئىن. سانلارنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە ئۈن. دەش بىلەن ھاياتتىن لەززەت ئالىدىغان بۇ خىل ئادەملەردىن تولىمۇ بىزار. مەن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم.

موسكۋا ئەتراپى — گۈزەل ئورمانلىق باشلاندى. ئارچا قارىغاي، قېيىنزارلىق، توق قىزىل رەڭلىك مېۋىلەر شاخلىرىدا تۇرماقتا، ئۇ نېمە؟ جىنەستىمۇ ياكى باشقا مېۋىمۇ؟ ياغاچ ئۆي. لەردىن، ئىللىق ھاۋالىق باغلاردىن باللار چىقىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزگە ئاق يول تىلىمەكتە. سۈزۈك موسكۋا ئاسمى. نىدا كەپتەرلەر ئۇچماقتا. مانا ئېگىز بىنالار، پويىز ئاستىلاپ ياروسلاۋل ۋوگزالىغا كىرمەكتە. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىك. كىدىن ئۆتكەندە بىز پويىزدىن چۈشتۇق. بەش سوتكا بىللە ماڭغان دوستلار خوشلاشتۇق. شياۋجاڭ مۇشۇ يەردىن باشقا پويىزغا چىقىپ يۇگوسلاۋىيىگە ماڭىدۇ. بىز شياۋخې بىلەن بىللە بۇ ۋوگزالدىن بېلورۇسىيە ۋوگزالىغا بارىمىز. ئۇ يەردە ئالتە - يەتتە سائەت تۇرىمىز. بۇ مەزگىل ئىچىدە موسكۋانى ئوبدان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موسكۋانىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا تاكسى بىلەن ئۆتتۇم.

خىيالىمدىكى شەھەرنىڭ ئوچۇق ھاۋالىق كۆز مەنزىرىسىنى كۆرمەكتىمەن، ئاياغلىرىم ئاستىدىكى تۇپراق، بۇ موسكۋا. ئەتراپىمدىكى ئالدىراش ئادەملەر كىنولاردىكى ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار بۇگۈنكى موسكۋانىڭ پۇقرالىرى.

مەن تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ، ئالدىن يېزىۋالغان نو- مۇرلار بويىچە موسكۋادىكى تونۇشلىرىمغا تېلېفون بەردىم.

## موسكۋالىق دوستلار

مەن تېلېفون بېرىشنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ئاخىر يۈك تو- شۇغۇچى ساغلام يىگىتنى «فوماگايت»① قا تەكلىپ قىلدىم. نا- ھايىتى، تۇرسۇن سادىق ئاكىنىڭ ئايالى پاشا ھەدە بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن شېرىپىنىڭ ئايالى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشەلىدىم.

تۇرسۇن سادىق ئاكا بۇرۇن شىنجاڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ئۇ كىشى موسكۋادا نۇرغۇن يىل خىزمەت ئىشلەپ، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپتۇ.

تۇرسۇن ئاكىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوغلى رەپقەتجان ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە مەن ئىككى سائەتتەك ۋوگزال ئالدىدىكى چوڭ كوچىدا تۇرۇپ موسكۋالىقلارنى كۆزەتتىم، نې- رى - بېرى ئايلاندىم. خاتىرجەم، قولتۇقلىشىپ يۈرۈشكەن، قىسقا پەلتو كىيىشكەن قېرىلار، ياسانچۇق، مەغرۇر قىز - يىگىتلەر بىلەن كۆپكۆك كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە قىزىقىدىغان ئوماق باللار موسكۋادىكى تىنچ، خاتىرجەم ھاياتنىڭ سىمۋولى. مەن دوپپا كىيگەن ئۆز- بېكلەرگە، بۆرتمە شال سالغان ئەزەربەيجان ئاياللىرىغا سالام بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇلار خالى-

① فوماگايت (رۇسچە) — ياردەم.

مىدى. ھەر خىل چىرايلار، ھەر خىل كىيىملەرنى كىيگەن مىڭلىغان ئادەملەر ئىچىدىن بىرەر تونۇش چىراي ئىزدەيمەن. لېكىن بۇ ئامەت ماڭا نېسىپ بولمىدى. موسكۋانىڭ كەڭرى كوچىلىرىدا ئۈزۈلمەي چېپىشىپ يۈرگەن ماشىنىلار بىلەن گۈمبەزلىك، چىرايلىق پەشتاقلىرى ئوچۇق ھاۋادا چاقناپ تۇرغان مىللىي پاسوندا ياسالغان بىنالارنىڭ ئۈستىدە غوڭۇلدىشىپ يۈرگەن كەپتەرلەر بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن بۇ شەھەرنىڭ بۈگۈنكى تىنچلىقى ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلگەنلىكىنى ماڭا ئەسلەتتى:

«موسكۋا، موسكۋا،
ئوغلۇڭدەك سۆيىمەن سېنى.
سۆيىمەن رۇستەك قايناق ئەركە ۋە كۆركەم.
سۆيىمەن چاچلىرىڭنىڭ ئەزگۈ ئېقىمنى،
چىشلىق تاملىق، مەغرۇر كرېمىلنى ھەم.»

شائىر لېرمونتوف بۇ مىسرالىرىدا رۇس خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ شەھەرگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. مەن كرېمىل ئالدىدا ئىختىيارسىز بۇ مىسرالارنى ياد ئوقۇدۇم. «موسكۋا» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ:

«خام خىيال قىلغانىدى ئۇ، يات ھۆكۈمدار...»

دېگەن مىسرالىرى يادىمغا كەلگەندە، مېنىڭ خىيال ئېكرانىمدىن كۆيۈۋاتقان بىنالار، ئوت ئىچىدە باللىرىنى قۇچاقلىشىپ، ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئاياللار، پېشانىسىدىن قان ئېقىپ تۇرغان، ئوڭدىسىغا ياتقان ساقاللىق سولداتلار... ئۆتتى. بۇ مەنزىرىنى مەن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىن ئوقۇغانمەن. «رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» بولغان ئۇلۇغ يازغۇچى لېۋ تولستوي ئۆزى تۇغۇلغان ۋاقىت (1828 ـ يىل) تىن ئون ئالتە يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن موسكۋا پاجىئەسىنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك يازغان. مانا مەن بۈگۈن

تىنچ، بەختلىك مىنۇتلاردا موسكۋانىڭ هازىرقى گۈزەل هۆسنىنى خىيالىمدىكى موسكۋانىڭ بۇنىڭدىن بىر يۈز توقسان بەش يىل بۇرۇنقى يانغىن ئىچىدىكى مەنزىرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپتىمەن. مانا بۇ هال ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئاۋازسىز هالدا سۈرەتكە ئالغۇچى ئۇلۇغ بىر پائالىيەت — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ رولى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» يېزىلمىغان بولسا، مەن موسكۋانى مۇشۇ هالەتتىلا چۈشەنگەن بولاتتىم. هاياتنىمۇ بۈگۈنكىدەك قىزغىن سۆيمىگەن بولاتتىم.

موسكۋانىڭ بۈگۈنكى قىزىل يوپۇرماقلار ئىچىدىكى مەنزىرىسى ماڭا بۇ تۇپراقتا چوڭ بولغان سانسىز ئەزىمەتلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تونۇش بولغان ئەدىبلەرنى، قەهرىمانلارنى بىرمۇبىر ئەسلەتتى. ئەپسۇسكى، تارىخ بىگۇناھ ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرگۈچىلەرنى يادىدىن چىقارمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇقۇشماستىن بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچى ئۇلۇغلارنىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. 1812 - يىلى ناپولېئون موسكۋاغا بېسىپ كىرگەندە XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچى ستېندال ناپولېئون قوشۇنىنىڭ بىر ئوفىتسېرى سۈپىتىدە موسكۋاغا هۇجۇم قىلىپ كىرگۈچىلەر قاتارىدا بولغان. شۇ چاغدا ستېندال ئوت قويغان شۇ شەهەردە ئىككىنچى بىر ئۇلۇغ ئەدىب — ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ گېرتسېن دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئە. بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى باسىدىغان قەلەمداشلار، ۋەتەنداشلار، هەتتا قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىگە تىغ تەڭلىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بۈگۈنكى موسكۋانىڭ تىنچ، گۈزەل مەنزىرىسى هېچقاچان بىزگە بۇ خىل دۈشمەنلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ.

ناپولېئون مەغلۇپ بولدى. لېكىن تەلۋىلىك ئاخىرلاشمىدى. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا،

مۇشۇ بېلورۇسىيە ۋوگزالىنىڭ ئەتراپىدا يەنە موسكۋانى قوغداش جېڭى بولدى. گىتلېر 1941 - يىلى 10 - ئايدا ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كرېمىل ئاسمىنىدا لەپىلدەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن موسكۋا ئۈنچىلىك ئاسان تىز پۈكمەيدىكەن. ئىككىنچى قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىك تاجاۋۇزچىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئالدىمغا قاراپ قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان ياش يىگىت شۇبھىسىز رەپقەتجان ئىدى. مەن كۆرۈشۈشتىن كېيىن بۇ ياش يىگىتكە دىققەت قىلىپ قارىدىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىرايلىق سۆزلەيدىكەن (گەرچە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ)، ئۇ ھازىر موسكۋانىڭ سىرتىدىراق ساقلىق قازان زاۋۇتىدا سېخ باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى رۇس ئىكەن. ھازىر ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇ مېنى ئۆيىگە قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى.

كەچرەك، تۇرسۇن سادىق ئاكا، شېرىپجانلار كەلدى. شېرىپجان ئىنژېنېر ئىكەن. ئۇ شۇ ئاخشىمى خىزمەت بىلەن ئوكرائىناغا ماڭماقچى ئىكەن. بىز ئۇزاققىچە كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆتكەن ۋە ھازىرقى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. رەپقەتجانغا مېنى تەكلىپ قىلغۇچى، غەربىي گېرمانىيىلىك جۇڭگوشۇناس توماس ھاپپى ئەپەندىنىڭ ئادرېسىنى بېرىپ، مېنىڭ شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىغا يېتىپ بارىدىغان ۋاقتىمنى ئېيتىپ بەردىم. رەپقەتجان ئالدىراپ تېلېگرامما بەرگىلى يۈرۈپ كەتتى...

پويىز بېلورۇسىيە زېمىنىدا ئالغا كېتىپ بارىدۇ. مەن تۇرسۇن ئاكا، شېرىپجانلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىمنى ئەسلەپ، دېرىزىدىن قاراڭغۇ دالاغا قاراپ ئولتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەندىن كۆپرەك بەھرىمەن بولالايدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، بىزنىڭ خەلقلىرىمىزنىڭ سا-



www.uyghurkitap.com

بىلل بوۋايدەك ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ، سىرت دۆلەتلەرنى كۆ-
رۈپ بېقىشنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلدىم.

خىيالدىن رېئاللىققا قايتتىم. بېلورۇسىيە سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ باي ۋە چوڭ جۇمھۇرىيىتى. بۇ ماكان رۇسىيە ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقى ھاياتىدا نۇرغۇن ئۆچمەس ئىشلارنىڭ شاھىدى.
بولغان. ناپولېئون ۋە گىتلېر ئارمىيىسى مۇشۇ دالالاردىن ھەيۋە
بىلەن گۈركىرەپ بوراندەك شەرققە ئۆتكەن، ئوخشاشلا مۇشۇ
يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مىڭلىغان جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ، ھار-
غىن، ئالاقزادە، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز خوجايىنلىرىنى قارغىشىپ
غەربكە قاراپ قېچىشقان.

مانا، نۇرغۇن شائىرلارغا شېئىرىي ھېسسىيات، چوڭقۇر
پىكىر ھەدىيە قىلىپ ئۆز قوينىدا قابىل شائىرلارنى يېتىشتۇر-
گەن مىنىسىك. ئۇ ئۆزىنىڭ يارقىن چىراغلىرى بىلەن مېنىڭمۇ
قەلبىمدە ھېسسىيات ـ لىرىكا پەيدا قىلدى.

موسكۋا ئۇزاقتا قالدى، ئەمما ئۇ يەردىن ئالغان تەسىرات،
ئۇ يەردىكى دوستلار مەڭگۈ قەلبىمدە.

## پولشا زېمىنىدا ئويلىغانلىرىم

13 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەنلىكى شۇ يەرنىڭ ۋاقتى ئون ئۇچتىن
يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتكەندە، پويىز ۋارشاۋا ۋوگزالىغا كىرىپ
كەلدى. ۋارشاۋا كوچىلىرى كەڭ، بىنالىرى مىللىي تۇستە
سېلىنغان، دەل ـ دەرەخكە چۆمۈلگەن شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەر
1596 ـ يىلىدىن باشلاپ پولشانىڭ پايتەختى بولغان. ئىككىنچى
دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئەمما شەھەر-
نىڭ ھازىرقى قىياپىتىدىن قىلچە ۋەيرانچىلىق ئىزناسى تېپىلماي-
دۇ. ۋىسلا دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. پويىز
دەريادىن ئۆتۈپ تونىلغا كىردى ۋە كەڭ چىراغلار بىلەن يورۇ-

www.uyghurkitap.com

تۇلغان مەيداندا توختىدى. مەن بۇرۇتى ئۆزگە ياراشقان ساقچىدىن سورىدىم:

— بۇ يەر مېترومۇ؟

— ياق، ۋوگزال.

مەن ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلەشتىم. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرى بەستلىك، بۇرۇت قويغان، ئاياللىرى گۈزەل ئىكەن. فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكنىڭ پولشالىق بارىنەگە ئاشىق بولغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

دەريا بويلاپ مېڭىشقا بولسىدى، ئۇ چاغدا كراكۇ شەھىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە كوپېرنىك كوچىسى بار. بۇرۇن سان ئاتنا دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردە كوپېرنىك ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرى تەلىماتى» ناملىق ئەسىرىنى شۇ يەردە يازغان. ئىنسانىيەتكە ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن زور ئۇتۇقلارنى ھەدىيە قىلغان بۇ شەھەرنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلېر گېرمانىيىسى قان بىلەن بۇلغىغان. ئۇنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان ئوسۋېتسىن لاگېرىغا ئون سەككىز دۆلەتنىڭ مەھبۇسلىرىنى قاماپ، تۆت مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن.

ھازىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئون مىليوندەك ئادىمىدىن ئايرىلغان بۇ دۆلەتنىڭ كۆز يېشى قۇرۇغان. ۋارشاۋا شۇنچىلىك جىمجىت. ئىللىق، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ياشىرىپ تۇرغان چىمەنلەر خۇددى ھاياتىدا قان ئىزى كۆرمىگەندەك پاكىز...

ۋارشاۋادىن قوزغالدۇق. كەڭرى، قوناقلىرى ئورۇلمىغان ئېتىزلار، سارغايغان باغلار — مانا بۇ — پولشا زېمىنى. X ئەسىردە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان بۇ زېمىندا XVIII ئەسىرگە كەلگۈچە نۇرغۇنلىغان شائىرلار، يازغۇچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار پولشا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا داڭق چىقارغان نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. ناروشۇېچ (1733 — 1796)، تلونىسكى (1739 — 1812)،

كراشىسكى (1735 — 1801)، ۋېنگرىسكىي (1755 — 1787) قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى.

1795 - يىلى پولشانى چاررۇسىيە، پرۇسىيە، ئاۋستىرىيە دۆلەتلىرى بۆلۈشۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پولشا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى بولۇپ قالدى. شۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ۋىبىسكىنىڭ (1747 — 1822) «پولشا پولك ناخشىسى» كېيىن پولشانىڭ دۆلەت گىمنى بولۇپ قالغان…

پويىز پولشا ئېتىزلىرى ئارىسىدا كېتىپ بارىدۇ. كەڭ ئېتىزلار، ئىھاتە ئورمانلىرى مېنىڭ پولشا ئەدىبلىرى ئۈستىدىكى خىياللىرىمنى سەزگەندەك مىدىرلايدۇ، ئاللىقاچان كەينىمدە قالغان ۋارشاۋا: «هە، قېنى، بىلگەنلىرىڭنى يەنە ئويلا» دەپ مېنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ…

… 1863 - يىلى مېنىڭ يۇرتۇم غۇلجىدا زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغان يىلى مۇشۇ پولشادىمۇ يانۋار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، كاپىتالىزم تېز تەرەققىي قىلىپ پولشا پرولېتارىياتى دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، گۈللىنىش دەۋرى بولغان. بولۇپمۇ پروزا تېز تەرەققىي قىلغان. ئەدەبىياتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، يېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئورەيشكاۋا (1841 — 1910)، سېنكېۋىچ (1846 — 1916)، فروسىس (1847 — 1912)، كانوپونىسكايا (1842 — 1610) لار شۇ چاغدا يېتىلگەن يازغۇچىلار. ئورەيشكاۋانىڭ «مارتا»، «نىمان دەرياسى بويىدا» ناملىق رومانلىرى، سېنكېۋىچنىڭ «ئوت ۋە قىلىچ»، «كەلكۈن»، «لىۋۇدىيېۋسكىي ئەپەندى» ناملىق تىرىلوگىيىسى… مانا شۇ پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق مىساللىرى.

پولشا 1918 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. لېكىن 1926 -

يىلى بىسوۋيىسكى تەختكە چىقىپ، فاشىستىك دىكتاتورا يۈرگۈ-
زۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن دېموكراتىك كۈچلەرنى قات-
تىق باستۇردى. ئۇ گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارىتا تەسلىمچىلىك
سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن 1939 - يىلى 9 - ئايدا بۇ
دۆلەتنى گېرمانىيە فاشىزمى تامامەن يوقاتتى. رېئالىست يازغۇ-
چى دونبوروۋسكىينىڭ (1889 — 1965) «قاراڭغۇ تۈن ۋە يورۇق
كۈن» ناملىق رومانى، ناۋۇكوۋسكايانىڭ (1885 — 1954)، ۋىك-
تور (1890 — 1967)، مورچىنىڭ (1891 — 1963)...
قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى
خەلق كۈرىشىنىڭ جەريانى ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرگەن. كلوچكوۋسكىينىڭ «كارديان ۋە سەھرالىق» نام-
لىق رومانى، ۋاسىلىسىۋسكايانىڭ «ۋەتەن» ناملىق رومانلىرى
ئەركىن پولشا ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىشچى - دېھقان ئەمگەك-
چىلەرنى تەسۋىرلىگەن...
پويىز كېتىپ بارىدۇ، ئېتىزلار، يېزىلار جىمجىت. سىم -
سىم يامغۇردا يۇيۇلغان دالالار ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىگە
زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. بىر چاغلاردا بۇ يەردە قانلار ئاققان،
پولشا خەلقى ئورمانلاردا مىڭلاپ، تۈمەنلەپ، يۈز مىڭلاپ قىرىل-
غان. گىتلېر: «پولشالىقلار بىلەن رۇسلارنى دۇنيادىن مىللەت
سۈپىتىدە يوقىتىش» شوئارىنى توۋلاپ، ئون مىليوندەك پولشا-
لىقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. قورال ۋە زەھەرلەنگەن قول
بىلەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىكەن، لېكىن بىر مىللەت-
نى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بار بىر مىللەتنى
يوقاتقىلى بولمايدىكەن.
پولشا 1944 - يىلى ئازاد بولدى. لېكىن پولشا مەسىلىسى
1943 - يىلى باشلانغان يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىسى
بولۇپ قالغانىدى. روزۋېلت، ستالىن، چېرچىل — بۇ ئۈچ
كاتتىۋاش بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قانچىلىك تالاشتى،

قانچىلىك قىزىرىشتى، قانچىلىك ئەقىل ئىشلەتتى؟ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ساۋاتلىق جامائىتى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ: ناۋزكوۋسكايانىڭ «زىننەت بۇيۇمى» ناملىق ئوچېركلار توپلىمى، بىراندىسنىڭ (1916) «تىز پۈكمەس شەھەر» ناملىق رومانى، ئاندىرژىۋسكىنىڭ «كۈل ۋە ئالماس» ناملىق رومانى ۋە «كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «مارىيە بىلەن خەيرلىشىش»، «رېئاللىق» قاتارلىق ئەسەرلەر پولشا خەلقىنىڭ ئەنە شۇ ئالدىنقى سەپ ۋە فاشىستلار بېسىۋالغان مەزگىلدىكى ئېغىر، جاپالىق ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. مانا بۇ ئەسەرلەر بىزگە پولشا خەلقىنىڭ دۆلەت، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پولشانىڭ ئاخىرقى شەھىرى كوتوبېتسى شەھىرىدە پولشا توغرىسىدىكى خىيال ۋە بىلىدىغانلىرىم ئاخىرلاشتى. ھازىرقى پولشا توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەنمەن. مانا مۇشۇ ئىش تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. بۇ سەۋەبى چۈشىنىشلىك بولغان ئىش ھەتتا مېنى ئازابلىدى. مەن بۈيۈك سوۋېت قازاق يازغۇچىسى مۇختار ئەۋېزوفنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەسلىدىم: «يازغۇچى ئۈچۈن خەلقلەر دوستلۇقىدىن، خەلقلەر ئەۋلادىنىڭ دوستلۇقىدىن قىممەت تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. ئادەم روھىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ تۇيغۇدىن باشلىنىدۇ.»

## بېرلىندا زىيارەت

رەپقەتجانغا رەھمەت. ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى كېچىدە فرانكفورتقا ئىلمىي دوكلاتقا مېڭىش ئالدىدا تاپشۇرۇۋالغان توماس ئەپەندى مېنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا بېرلىندىكى دوستى دېرىك ئەپەندىگە تېلېفون بەرگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى. دېرىك تەمبەل، ساغلام، خۇشخۇي يىگىت ئىكەن. ئۇ شۇ

كېچىسى فرانسىيەدىكى دەم ئېلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تېخى ئەمدىلا ئۆيىگە كەلگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ خەنزۇ تىلىدا يۇقىرىقىلارنى مەلۇم قىلدى. بۇ چاغ 1987 - يىلى 13 - ئۆكتەبىر بېرلىن ۋاقتى 21.58 ئىدى. بىز شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىدىن مېترو ئارقىلىق غەربىي بېرلىنغا ئۆتتۇق.

مەن بېرلىن شەھىرى توغرىسىدا يۈزەكى بىلىمگە ئىگە ئىدىم. بۇ قېتىم غەربىي گېرمانىيىگە زىيارەتكە مېڭىش ئالدىدا ئانچە - مۇنچە «ساۋاتلىق» بولۇۋېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە — بېرلىن توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردىن بىرنەچچە پارچە ئوقۇدۇم.

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى بېرلىن بىلەن بۈگۈن مەن كوچىلىرىدا تاماشا قىلىپ يۈرگەن بېرلىن ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ چوڭ پەرق بار ئىدى. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەر كۈنى بۇ شەھەرنى ئۈچ - تۆت مىڭ ئايروپىلان بومباردىمان قىلغان. يېزىلغان خاتىرىلەردە دېيىلىشىچە، بىرمۇ ساق بىنا قالمىغان. لەنت ۋىيا قانلىنىڭ قاپقىسى ئېچىلىپ شەھەر سۇغا باستۇرۇلغاندىن كېيىن، كوچىلاردا يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا لاي يېتىپ قالغان. گىتلېر بېرلىننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارىژدىكى ئەڭ چىرايلىق بىنا، دەرۋازىلاردىن نۇسخا ئېلىپ، كوچا، شەھەر پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئارخىتېكتۇرانىڭ ئەڭ يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى بېرلىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بېرلىننى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرگە ئايلاندۇرماقچى بولغان («3 - ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى سىرى» دا شۇنداق يېزىلغان). لېكىن «ئاخىرقى يۈز كۈن» دە يېزىلىشىچە، بۇ شەھەر تەسلىم بولۇش ئالدىدا نەچچە ھەپتىلەپ ئوت، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغان، دەھشەتلىك ھاۋا ھۇجۇمى، ئوت - يالقۇنى بۇ شەھەرنى مەڭگۈ ھوشىنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ... لېكىن مەن ھازىر كوچىلىرى ئازادە، ياپيې-

شىل، بىنالىرى پۈتۈنلەي مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئاۋات شەھەرنىلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى — كوپىستىندام كوچىسىدا قاپقارا بولۇپ ئۆرتەنگەن تاش بىنا فرىدرىخ ئىبادەتخانىسىدىن باشقا بىرمۇ خارابە كۆرۈنمىدى. يىگىرمە بىر قەۋەتلىك «ياۋروپا سودا مەركىزى» نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈتۈن بېرلىننى تاماشا قىلدىم. شەھەر قويۇق ئورمان ئىچىدە تولىمۇ كەڭرى، يېپيېشىل كۆرۈندى. شەھەر ئوتتۇرىسىدا كۆللەر، قانال - دەريالارمۇ بار، نەچچە يۈز مو يەردە يېپيېشىل ياتقان ئورمانلىقلارمۇ بار. ھايۋانات باغچىسى يېقىنلا تۇرىدۇ. «ئاخىرقى يۈز كۈن» دە يېزىلىشىچە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مۇشۇ ھايۋانات باغچىسىنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە، گىتلېر ئۆز پاناھ جايىدا ئايالى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۇنى ئايالى بىلەن قوشۇپ بېغىدىكى گوداڭغا تاشلاپ، ئۈستىگە بېنزىن چېپىپ، ئوت قويۇپ جەسەتنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن...

— گىتلېرنىڭ قوماندانلىق شتابى قەيەردە؟

— پوتىستام ئاپىلاتس، ئەنە، چېگرا تامنىڭ يېنىدا، — دەپ قولى بىلەن ئالىيېشىل بويالغان بېرلىن چېگرا تېمىنى كۆرسەتتى دېرىك، — ئاپىرايمۇ؟ بىراق ھازىر قوماندانلىق شتاب بىناسى يوق. ئۇنىڭ شىپال تاشلىرىنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى براندىن بوگىستوغا كونسۇلخانا ياسىدى. قوماندانلىق شتاب ئورنى، ھىپپىر (تەشۋىقات مىنىستىرى) نىڭ ئىدارىسى، يەنە باشقا فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئورۇنلار شەرقىي بېرلىن تەۋەسىدە، ئاۋۇلار شۇ!

مەن ئۇ قولىدا كۆرسەتكەن ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك كۈل رەڭ بىنالارغا قارىدىم.

— رىخىستاگ، چەكپە ئېنت چارلى، شتابىنبورگ شتارشى لەنت ۋىيا قانىلى بۇ ياقتا بولسا كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ يەرلەر غەربىي بېرلىندا. سىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا بىرنېمە يازماقچىمۇ؟ نېمىشقا ھەدېسىلا ئۇ- رۇش توغرىسىدىلا سورايسىز؟

— مەن بىر يازغۇچى. يازغۇچى بولغان ئادەم ئىنسانىيەت- نىڭ تەقدىرى توغرىسىدا كۆپرەك باش قاتۇرىدۇ، بۇنى سىز بىلىسىز.

— لېكىن گىتلېر توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەل- تۈرگەن بالايىئاپەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەش بىز گېرمانىيە ياش- لىرى ئۈچۈن ئازابلىق!

— سىز شۇنى ئۇنتۇماڭ، مۇشۇ شەھەردە پەيدا بولغان بۇ ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز نەچچە مىليون ئادەم جېنى- دىن ئايرىلغان. گېرمانىيىمۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمە مىليوندەك ئا- دىمىدىن ئايرىلدى. جەمئىي ئەللىك نەچچە مىليون ئادەم يوقى- تىلدى، دېگەن سۆز. بۇنى ئويلىغاندا ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ. سىلەر ئۈچۈن ئازابلىق بۇ ئىش- نى بىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— ياق، ياق، ئۇنداق بولغاندا بىز قانداقمۇ دوست بولا- لايتتۇق؟ يۈرۈڭ، مەن سىزگە بېرلىننىڭ مەشھۇر جايلىرىنى تولۇق كۆرسىتەي.

بىز ماشىنىمىزنى توختىتىپ قويغان شەھەر مەركىزىدىكى جايغا كەلگۈچە (ماشىنا توختىتىش ئورنى تېپىش بۇ يەردىكى چوڭ قىيىنچىلىق) ئۆز ۋاقتىدىكى گېرمانىيە توغرىسىدا پاراڭ- لاشتۇق. فرىدرىخ خاننىڭ ئاتلىق قاتۇرۇلغان ھەيكىلى، بۇرۇت- لۇق، تەمبەل، يوغان قورساق بىسماركىنىڭ ھاسا تۇتۇپ، شىلە- پە ئاستىدىن سۇرلۇك قاراپ تۇرغان پۈتۈن قاتۇرۇلغان ھەيكىلى جايلاشقان كەڭرى سەيناغا كەلگەندە، مەن:

— كۆردىڭىزمۇ، گېرمانىيىنى بىنا قىلغان مۇنۇ مويسى- پىتلارمۇ خاپا. بۇلارنىمۇ گىتلېر خاپا قىلغان، — دېدىم چاق-

چاق قىلىپ.

— راست، — دېدى دېرىك زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — بىر شەھەرنىڭ، بىر مەملىكەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەملىكەت زېمىنىدا قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى تۆت غالىب دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرۇۋېلىشى بىزنىڭ خەلقىمىز، ھەتتا ئۆلگەن داڭلىق ئادەملىرىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھاقارەت، قاتتىق ئازاب! مانا بۈگۈن بىزنى مۇشۇنداق يەرگە قارايدىغان قىلىپ قويغانمۇ ئاشۇ تەلۋە گىتلېر، ناتسىستلار ئەمەسمۇ!؟

بىز زىيارەتتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ چېتىدىكى تۈركلەر ياشايدىغان رايون — ئۆزبېرىك كوچىسىغا غىزالىنىشقا كەلدۇق. بىز پىيادە كوچا ئايلاندۇق. تۈرك دۇكانلىرى، ئاشخانا، قاسساپخانا، كۆكتات دۇكانلىرى، دورا دۇكانلىرىنى ئارىلىدۇق. تاملارغا ھەر خىل شوئار، ئېلانلار يېزىلغانىدى. بۇ تۈرك مەھەللىسىنىڭ بىنالىرى بېرلىننىڭ باشقا كوچىلىرىدەك ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن تولغان ئەمەس، بىنالار كونا، ئاددىي، ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك، كوچىلارمۇ باشقا كوچىلاردىن تار، تازىلىقى ناچار ئىكەن، مەن بىر چوڭ خەتلىك شوئارغا قارىدىم. دېرىك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ:

— «تۈركلەر گېرمانىيىدىن يوقىلىڭلار. گېرمانىيە سىلەرنىڭ ئېمىپ ياتىدىغان ئاناڭلار ئەمەس!» دېگەن شوئار ئىكەن، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ، — بۇ پانكىلارنىڭ ئىشى. پانكىلار دېگەن نېمە دەمسىز؟ ئۇلار، غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان، دەۋرگە نارازى ياشلار. ئۇلار شەرقىي گېرمانىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك، يەھۇدىيلار بىلەن تۈركلەرنى قىرىش كېرەك، دەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرايدۇ. لېكىن ئۇلارنى خەلقمۇ، ھۆكۈمەتمۇ قوللىمايدۇ. بىرئازدىن كېيىن مەن سىزگە ئۇلارنى كۆرسىتىمەن.

— ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئالتە مىليوندىن كۆپ

بىگۇناھ يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلدى، — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — بۇ پانكىلار بۇ ساننى ئاز كۆرسە كېرەك!

بىز لاتىن يېزىقىدا «رېستائورانت ياشار بورېكچىسى» دې- گەن ۋىۋىسكا يېزىلغان تۈرك ئاشخانىسىدا غىزالاندۇق. كۆۋەيچ (يېرىمى قورداق، يېرىمى گۆرۈچ تاماق). يۇمشاق پىدە (بول- كا)، تەملىك پىۋا ماڭا ياقتى. مەن ياشار بىلەن ئوقتى، ئائىلىسى، تۈركلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتىم. بېرلىندا بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ تۈرك بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىللىي مەكتىپى، مەسچىت، بانكا، خارجى ئىشلار ئىدارىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ تولىسى ئىشچى، ئاز قىسمى ئوقەتچى سو- دىگەر، دۇكاندارلار ئىكەن. ياشار چىرايلىق يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە يەتتە جان بار ئىكەن. بەش ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئايلىق كىرىمى بەش مىڭ ماركقا بارىدىكەن. ئۈچ كىچىك ماشىنىسى، بانكىدا نۇرغۇن پۇلى (بۇ مەخپىي) بار ئىكەن. ئۇلار تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىكەن. تۈرك ئىشچىلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي گېرما- نىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن تۆھ- پە قوشقان. ھازىر گېرمانىيە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان ئىككى مىل- يونغا يېقىن تۈركلەر بۇ يەرگە مېھمان ئەمەس، بۇ يەرنىڭ مۇناسىپ ئىگىسى. ئۆزبېرىك كوچىسى ئۇلارنىڭ. ئۇلارنى ھېچكىم بۇ يەردىن قوغلىيالمايدۇ. مانا بۇلار ياشارنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى.

مەن ياشار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۈم. كوچىدا ئۇچرى- غان تۈركچە كىيىنگەن چىرايلىق ئاياللار، قارا كۆز، بۇدۇر چاچ باللار مېنىڭ سالاملىرىمغا تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بې- رىشتى. ئۇلار مېنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلاردىكى ئوچۇق كۆڭۈللۈك، مېھماندوستلۇق ماڭا ئۆز يۇرتۇمدىكى ئۇي- غۇرلىرىمنى ئەسلەتتى. بىز بېرلىن ساياھىتىنى باشلىدۇق.

مانا، ئالىيېشىل رەسىملەر سىزىلغان «بېرلىن چېگرا تېمى» يېنىدا توختىدۇق. بېرلىن شەھىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا بۆلۈپ تۇرىدىغان بۇ سېمونت ۋە تاش بىلەن قاتۇرۇلغان تام تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن ئېگىزرەك. تامغا ساياھەتچىلەر خىلمۇخىل رەسىملەرنى سىزىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىققا بولغان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بايان قىلىشقان. تام يېنىغا ئالاھىدە كۆزىتىش مۇنبەرلىرى ياسالغانىكەن. بىز مۇنبەرگە چىقىپ، شەرق تەرەپنى كۆردۇق. ئۇ تەرەپ كەڭلىكى ئون مېتىردەك كېلىدىغان ئوت - چۆپسىز، تاقىر بوشلۇق ئىكەن. شەرق تەرەپ يەنە تام. ئىككى تام ئارىسىدا ئەسكەرلەر مېڭىپ يۈرىدىكەن. بۇلار چېگرا قاراۋۇللىرى.

— قارامىلىق قىلىپ بۇياققا قاچقۇچىلاردىن نەچچىسى ئاشۇ بوشلۇقتا ئېتىلغان، — دېدى دېرىك ھەسرەت بىلەن، — بۇ بىر ئۆلۈم بەلۋېغى. ئاۋۇ شەرقتىكى ئۈچ قەۋەت ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا كوچا بويىدىكى پۇقرا ئۆيلىرى ئىدى. مۇنۇ بوشلۇق بىر ئاۋات، چوڭ كوچا ئىدى. بۇ چېگرا تېمى 1961 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پۈتتى. شەرقىي گېرمانىيە بۇ تامنى ياساتتى، قاراۋۇللارمۇ شۇلارنىڭ. ئۇرۇش بىزنى مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى لاگېرغا ئاجرىتىپ قويدى. بىلمىدۇق، قانچىنچى ئەۋلادىمىز بۇ تاملارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ تاشلايدىكىنتاڭ؟

چېگرا تېمى بويلاپ ماشىنا بىلەن بىرئاز مېڭىپ ئۆز ۋاقتىدىكى گىتلېر فاشىست ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان ئورۇن پوشستام ئاپلاتسقا كەلدۇق. بۇ يەر ھازىر چۆل، خارابە ئورۇن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە گىتلېر ئارمىيىسى ھەر كۈنى ھەربىي مەشىق قىلاتتىكەن. مەن تاملاردىكى رەسىملەرگە سىنچىلاپ قارىدىم. بوز ئات مىنگەن تەلۋە گىتلېرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا سول قولىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان

www.uyghurkitap.com

رەسمى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر جايدا تۇرۇپتۇ. مەن بۇ خەلق دۈشمىنىگە تىكىلدىم.

— بۇ تەلۋىنى سېغىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھازىرمۇ بار بولسا كېرەك؟ — مەن دېرىكتىن سورىدىم.

— ئەلۋەتتە بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار بىزدە يوق ئەمەس. ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاۋۇ پىۋىخانىلاردا بىر - بىرىگە ھال - مۇڭ ئېيتىشىدۇ.

جىمجىت، سۇرلۇك كوچىنىڭ چېگرا تېمىغا يېقىن جايىدا بىرنەچچە دۇكان، قەھۋەخانىلار بار ئىكەن. دېمەك، ئۆز ۋاقتىدا ۋەھىمىلىك تۇيۇلغان بۇ جاي ھازىر ياشلىقىنى يامانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قېرىغىنىدا جۇلمەرەپ كوچىدا قالغان ناچار ئادەمگە ئوخشاش ھەسرەتلىك كۆرۈنىسىمۇ، ئىنسانىيەت بۇ يەرنىمۇ ئۆز نەزىرىدىن نېرى قىلمىغانىكەن.

بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا بېرلىنغا ھۇجۇم قىلغان تانكا، زەمبىرەكلىرى خاتىرە ئۈچۈن قويۇلۇپتۇ. بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل بۇرۇن ياسالغان تۆت ئات قېتىلغان ھارۋا ئۈستىدە بايراق تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايال — غالىبىيەت ئىلاھى ھەيكىلى ئورنىتىلغان. مىستىن ياسالغان بۇ زور ھەيكەل سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ئۈستىگە مەقسەتسىزلا قويۇلغان ئەمەس. 1788 -، 1791 - يىللىرى ياسالغان بۇ دەرۋازا گېرمانىيە تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنغان. 1810 - يىللاردا ناپولېئون گېرمانىيىنى بېسىۋالغاندا، بۇ ھەيكەلنى بېرلىندىن پارىژغا ئەكەتكەن. 1940 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى فرانسىيىنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، پارىژدىن بۇ ھەيكەلنى يەنە بېرلىنغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. تارىخ

ھەممىنى يازىدۇ. غەلىبە ــ يېڭىش - يېڭىلىش تەكرارلىنىپ
تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەلنى مەڭگۈلۈك غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلىپ
ياسىغۇچىلار ۋە بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار نېمىلەرنى كۆز-
لىدىكىن؟ بۇنى ھېچ بىلەلمىدىم.

رېخستاگ بىناسى ھازىر كۆرگەزمىخانا ئىكەن. بېيجىڭدىكى
خەلق چوڭ سارىيىغا ئوخشاشراق (رېخستاگ كۆپ كىچىك)
ياسالغان بۇ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرى پۇچۇلغان. ئۇستىدىكى گۈم-
بىزى ئۇرۇشتا بۇزۇلغاندىن كېيىن، قايتا رېمونت قىلىنماپتۇ.
بۇ پارلامېنت بىناسى 1894 - يىلى بېسمارك ۋاقتىدا ياسالغاند-
ىكەن. بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە
قىلىپ چىقىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت باشلىقى
بېسمارك قىلىچ بىلەن سەھنىگە چىقىپ نۇرغۇن يىغىنلارنى
ئېچىپ، نۇرغۇن قارارلارنى قوبۇل قىلغان. 1931 - يىلى
ئامېرىكىلىق روزېۋېلت، ئىتالىيىلىك موسسولىنى بىلەن بىر
يىلى تەختكە چىققان گىتلېرمۇ مۇشۇ پارلامېنت بىناسىدا ئەسە-
بىيلەرچە ھەيۋە بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، دۇنيانى ئۆزىگە تىز
پۈكتۈرۈشنىڭ پىلانلىرىنى قاراردىن ئۆتكۈزگەن!

بۈگۈن بۇ جايدا بىز خاتىرجەم ئېكسكۇرسىيە قىلماقتىمىز.
بىزدە تارىخنى توغرىراق بىلمەكتىن باشقا ئىستەك يوق. رېخس-
تاگ ــ تاجىدىن ئايرىلغان بۇ بىنا ماڭا مۈكچەيگەندەك، ئۇستى-
گە قادالغان ھەررەڭ بايراقلاردىن بىزار بولۇپ، يەرگە قارىغان-
دەك بىلىندى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان
جاي ــ چەكپە ئېنت چارلى ماڭا سۇرلۇك بىلىندى. گەرچە
ئەسكەرلەر ماڭا كۈلۈپ، باش لىڭشىتىپ، يېقىنچىلىق قىلىش-
قان بولسىمۇ، بۇ قىلىدىغان ئىشى يوق ياش ئەسكەرلەر ماڭا
يېقىملىق تۇيۇلمىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلى-
شىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات بىر ئەلنىڭ زېمىنىدا نائىلاج تۇرۇۋاتقانلار. ئۇلارنىڭ ئىللىق چىرايلىرى تېگىدە يوشۇرۇن غەملىرى باردەك بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار تىنچلىقتا تەشنا يىگىتلەر تۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى بولۇپ قالغىنىغا رازى ئەمەس.

تىنچلىق، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق كىمگە زۆرۈر ئەمەس ئىكەن؟ شتاپىنبورگ شتارشى تۆمۈر دەرۋازىلىق، ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئالدىغا مۇشۇ سوئال بىلەن يېتىپ كەلدىم. ھويلىسى تاپتاقىر، بىرلا يالىڭاچ جەڭچىنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بۇ بىنا ھازىر گېرمانىيە خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنى نامايان قىلغۇچى كاتتا مۇزېيى ئىكەن. ھويلىدىكى تام تۈۋىگە گۈللەر (چەمبىرەك، رەستىلەر) قويۇلغان، تامدىكى بىر قارا سېمونت تاختىغا نېمىسچە خەت ۋە 1944 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دېگەن رەقەملەر يېزىلغان. بۇ نېمە خەت؟ دېرىك ماڭا خەتنى ئوقۇپ بەردى. بۇ بىنا گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قوماندانلىق شتابى ئىكەن. گۈللەر قويۇلغان جاي شۇ يىلى گىتلېرغا قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان بەش نەپەر گېنېرالنىڭ ئېتىلغان جايى ئىكەن. مەن مۇزېيغا كىرىپ، بۇ گېنېراللارنىڭ ئىشخانىلىرى، گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش پىلانى، قوراللىرى، كىيىملىرى، رەسىملىرى قاتارلىقلارنى كۆردۈم. قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرى فاشىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ سېپىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ئالالىغان. ئۇلار فاشىزمنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن، ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن مىسلىسىز زور زىيانلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. 1943 ـ، 1944 ـ يىللىرى گىتلېرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقىملاشقان مەزگىلدە ئۇلار گېرمانىيىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش، خەلقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گىتلېرنى

ئۆلتۇرۇشتەك خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلالىغان...
مۇزېيغا قويۇلغان فاشىزمغا قارشى كۇرەش پاكىتلىرى
نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: كوممۇنىستلار (پارتىيە
رەھبەرلىرىمۇ بار)، ئىلغار زاتلار، زىيالىيلار، ئالىملار، سىـ
ياسەتچىلەر، يازغۇچىلار، ھەربىيلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار
بولۇپ، بىرنەچچە مىڭ كىشىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قەتل قىلىنـ
غانلىقى رەسىملەر، بۇيۇملار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن، لېكىن
شۇنچە قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە گېرمانىيە خەلقى مەغلۇبىيەتـ
تىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن...
مانا، بىز لەنت ۋىيا قانىلىنى بويلاپ ماشىنا بىلەن ئاستا
كېتىۋاتىمىز. قانال سۈيى جىمجىت، سۇكۇتتە. بۇ قانال 1919 ـ
يىلى دۇنيا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن بولغان
روزالوكسۇنبورگ، كارىل لېنكىنىخلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغاـ
نىدى. شۇ چاغدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىـ
ۋالغان ئوڭچى ھەربىيلەر يۇقىرىقى ئىنقىلابچىلارنى يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى مۇشۇ قانالغا تاشلىۋەتكەنىكەن. مەن
جىمجىت ئېقىۋاتقان قانال سۈيىگە قارىدىم. فاشىستلار زامانىدا
دەريامۇ، قانالمۇ فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قان ئىچـ
كەن، ھازىر بۇ دەريا خىجالەتتىن ئۆكۈنۈۋاتقاندەك بىلىندى.
دوستۇم دېرىك، سەن نېمىشقا ئازابلىنىسەن؟ دۆلىتىڭنى، مىلـ
لىتىڭنى فاشىزم نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «گىتلېر گېرمانـ
يىسى» دەپ ئاتىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئىنسانىيەت دۈشمىـ
نى سېنىڭ ۋەتىنىڭدىن چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر
ئىككى ھالدىمۇ سەن ئەيىبلىك ئەمەس، بىز سېنىڭ مۇنبەت،
گۈزەل تۇپرىقىڭ بىلەن، ئۇرۇش خارابىلىرى ئۈستىدە ئەمگەك
قىلىپ ۋەتىنىنى دۇنيادىكى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى قىلىپ
قۇرۇپ چىقىپ، ئىلىم ـ پەن، زامانىۋىلىشىشتا ئۈلگە يارىتىـ
ۋاتقان خەلقىڭنى خۇددى ساڭا ئوخشاشلا سۆيىمىز. ھۆرمەت

www.uyghurkitap.com

قىلىمىز. ماركس، ئېنگېلس، گېگېل، فېيېرباختەك پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى، گيۇتى، شىللىر، بېتخوۋىن، مۇزاتتەك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرى، ئېيىنشتېيىندەك تۆھپىسى ئۆلمەس ئالىملار سىنىڭ مۇشۇ تۇپرىقىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بىلەن تەقدىم قىلغان دۆلەت. سەن گېرمانىيە بىلەن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ.

ماشىنىمىز كۆل بويلاپ، ئالدىن قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا مېڭىپ شەھەر سىرتىدىكى بېرلىن مۇزېيى ئالدىدا توختىغاندا، دېرىك خۇشال بولۇپ مېنى يېنىك قۇچاقلىدى. بىز باياتىن ئۈن - تىنسىز مۇڭداشقانىدۇق.

— بېرلىن مۇزېيى دۇنياغا داڭلىق! — دېدى ئۇ مېنى چىمەنلىك سەينا بىلەن باشلاپ كېتىۋېتىپ، — بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرەلەيدىغان نەق ماتېرىياللار بار. جوڭگو بۆلۈمىنى كۆرىمىزمۇ ياكى پۈتۈن ئاسىيا بۆلۈمىنىمۇ؟

— ھىندى، بۇددا بۆلۈمىنى كۆرەيلى، — دېدىم مەن شىنجاڭ توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە قىزىقىپ.

تۇرپان بېزەكلىكتىن كەلگەن بۇددا تام سۈرەتلىرىدىن كەسىملەر، ئىدىقۇت - قوچۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئەينەن مودېلى. كۇچا - باي مىڭئۆيلىرىدىن ئېلىنغان رەسىملەر، تاش ۋە مېتال ئەسۋابلار، كىيىم، ئۆي جابدۇق، ھەتتا ئادەم ئىسكىلىتىدە بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن يىڭنە سانجىلىدىغان نېرۋا تۈگۈنلىرى، پىل چىشىدىن ياسالغان داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنىلەر... ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى يۇكسەك ئورنىنى ئىسپاتلاپ، پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇ.

مەن پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆز خۇشاللىقىمنى بايان قىلدىم:

— گېرمانىيە ئالىملىرىغا رەھمەت. بىزگە ھۆرمەتلىك
جايدىن ئورۇن بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. گېرمانىيە ئالىملىرى
بىزنىڭ قەدىمكى تىل ـ مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا نۇر-
غۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن بىز بۇ ئالىملارنى نۇرغۇن
تىللىدۇق، ئەيىبلىدۇق، ھەتتا بىر ئالىمنى دۈشمەن ھېسابلاپ
ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. پارلاق مەدەنىيەت تارىخىمىزنى دۇنياغا تونۇش-
تۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئىدى. لېكىن بىز قىلالمىغان بۇ ئىشنى
گېرمانىيە ئالىملىرى قىلالىدى، سىلەرگە كۆپ رەھمەت!

سۈرەتلەر، ماددىي نەرسىلەر گىلەم سېلىنغان، پاكىز،
تىنچ ئۆيلەردە ئەينەك ئىچىدە ساقلانغان. ئۆيلەرگە كىرگەن
ھامان چىراغلار ئۆزلۈكىدىن ياندىكەن. مەن ئىدىقۇت شەھەر
خارابىسى ئالدىدا ئۇزاق توختىدىم. قەدىمكى شەھەر شۇنچىلىك
ئېنىقلىق بىلەن ياسالغان، مەن بۇ تامدىكى كۆرۈنۈش ئالدىدا
تۇرۇپ ئۆزۈمنى تۇرپان ئاستانىدە ھېس قىلدىم.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى دې-
رىك ماڭا ئوقۇپ بەردى. چۈشەندۈرۈشلەرگە «ئۇيغۇر» دېگەن
نام ئېنىق يېزىلغان.

— نېمىشقا بىزنى ھىندى — بۇددا بۆلۈمىگە قويۇپ
قويدۇڭلار؟

— قەدىمكى دىنىي ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىققا
ئاساسەن شۇنداق قىلىنغان. بىزمۇ ھىندىستاندىن كەلگەن، ئا-
تالمىش ھىندى ـ ئارىئانلاربىز. دېمەك، سىلەر بىلەن بىزنىڭ
قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدە ئورتاقلىق بار ئىدى.

دېرىكنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا. ئاتىللا باشلاپ كەلگەن
ھونلارنىڭ بۇلغارىيىدە، ۋېنگرىيىدە، گېرمانىيىنىڭ باشقا جاي-
لىرىدا بىزگە تونۇش بولغان بەزى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ھېلىمۇ
ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بېرلىننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەنزى كۆلى بېرلىن خەلقىنىڭ

ساياھەت ئورنى. ئۇ يەردە قولۋاق ۋە كىچىك پاراخوتلار بىلەن كۆڭۈللۈك تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە بۇ يەرلەر چۆلدەرەپ قالغان. كۆلنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭدۇق. قويۇق، قەدىمىي ئورمانلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. ئاخىر بىز غەربىي - شەرقىي بېرلىن چېگراسى ھېسابلانغان كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ توختىدۇق.

— بۇ كۆۋرۈك، — دېدى دېرىك يەرگە چۈشۈۋېتىپ چاقچاق قىلىپ، — بىر سىياسىي كۆۋرۈك. ئامېرىكا - سوۋېت ھۆكۈمەتلىرى مۇشۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇتقۇنلارنى ئالماشتۇرغان.

خابىل دەرياسى ئاستا ئاقماقتا. ئۇ بېرلىننى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ ساياھەت كۆللىرىمۇ مۇشۇ خابىل دەرياسى ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

— ھېنرىش ۋون — كلائىستنىڭ قەبرىسى مۇشۇ دەريانىڭ بويىدا، كۆرۈشنى خالامسىز؟

— كۆرەيلى، — دېدىم مەن دەرھال. كلائىست 1777 - يىلى بېرلىندا تۇغۇلۇپ، 1811 - يىلى ۋاپات بولغان تالانتلىق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، دراممىلارنى يازغان. لېكىن جەمئىيەتتىن نارازى بولۇپ، ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان. مەن بۇ شائىرنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىنى ئاڭلىغان: ئوتتۇز تۆت ياشلىق بۇ ئەدىبنىڭ كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈشكەن، لېكىن مۇرادى ھاسىل بولالمىغان ئاشنىسى بار ئىكەن. ئاشنىسىنىڭ ئېرى، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن. ناپولېئون گېرمانىيىنى بېسىۋالغان يىلى كلائىست ئۆلۈۋېلىشنى ئېلان قىپتۇ، ئاشنىسىمۇ بىللە ئۆلمەكچى بوپتۇ. ئاشنىسىنىڭ ئېرى كلائىستقا يېلىنىپ: «ئۆلمە، ئايالىم بىلەن بالامنى ئال، بەختلىك

بول. مەن چەت ئەلگە كېتەي!» دەپتۇ. لېكىن كلائىست بەرد-
بىر ئاشىنىسى بىلەن بىللە ئاشۇ دەريا بويىغا كېلىپ، بىر-
بىرىنى تاپانچا بىلەن تەڭلا ئېتىشىپ بىللە ئۆلۈۋاپتۇ.

بىز دەريا بويىدىكى ئورمانلىققا كىردۇق. قويۇق قەدىمىي ئور-
مانلىق ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

كلائىستنىڭ ئۆلۈۋالغان يېرىگە سېمونت بىلەن خاتى-
رە تېشى قاتۇرۇلغان. مەن نېمىسچە خەتلەرنىڭ ئاستىدىكى
«18.10.1777 — 21.11.1811» دېگەن رەقەملەرنى كۆرۈپ بۇ
شائىر مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئۆلگەن ئەمەس، ئۇ ۋەتەننىڭ يات ئەلگە
تەسلىم بولۇپ، ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكىنىگە
چىدىيالمىغان، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى كلائىست مۇھەببەت ئۈ-
چۈن ئۆلگەن بولسا، بۇرۇنراق ئۆلگەن بولاتتى. ئاۋستىرىيە ياز-
غۇچىسى زىۋىگمۇ ۋەتىنىنى گېرمانىيە بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن
ئەلەمگە چىدىماي جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ ئايالى بىلەن بىللە
ئۆلۈۋالغان ئەمەسمىدى؟ كلائىست ھەربىي بولغان. ئۇ ۋەتىنى-
نىڭ ئار-نومۇسىنى ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى ئىسپاتلىغان.

دېرىك ماڭا كلائىستنىڭ تاشتىكى شېئىرىنى قارا سۆز بىلەن
تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن بۇ سۆزنى قاپىيىلەشتۈرۈپ يېزىۋالدىم:

«ئەنسىرىمەڭلار نامەردلەر،
ئۈستۈڭلاردىن كۈلمەيمەن.
دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم،
ئەمدى ھەرگىز ئۆلمەيمەن!»

راست شۇنداق، باشقىسىنى بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ قەل-
بىمدە ئۇ مەڭگۈ ھايات.

بىز شۇ كۈنى ئاخشىمى بېرلىن بىلەن خوشلىشىپ، گېرما-
نىيىنىڭ شىمالىغا پويىز بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھېنرى توماس ۋە توماس ماننىڭ تۇغۇلغان شەھىرى

مېنى غەربىي گېرمانىيىگە تەكلىپ قىلغان دوستۇم توماس خاپپى تېخى قىرىق ياشقا كىرمىدى. لېكىن بومبا ساقىلى بىلەن تاقىر بېشى ئۇنى ئەللىك - ئاتمىش ياشلىق بوۋاي قىلىپ كۆرسىتەتتى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ساقال قويۇشى زىننەت، تەبىئىيلىك، رومانتىكا، ھۆرۇنلۇققا ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەردىن بولىدىكەن. توماس بولسا، ئۈچ ياشلىق، بەش ياشلىق قىزلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ساقال قويۇپتۇ (بۇ يەردە بالىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىشلارمۇ قىلىنىدىكەن). توماس بىلىملىك، بېيجىڭدا ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقۇغان، مۇلايىم، خۇشخۇي ئادەم. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭكىدەك كۆپكۆك كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ بېرلىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرغاق رايونلارنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولسىمۇ، ئۆزى ئايالى بىلەن بالتىق دېڭىزىغا يېقىن ھىلسىھوپ يېزىسىدا تۇرىدىكەن. بۇ يېزا لىيوبەك شەھىرىگە قارايدىكەن. دېمەك، بىز بېرلىندىن توماسنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمىز.

بېرلىن شەھىرىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى شەرقىي گېرمانىيە زېمىنى قورشاپ تۇرغاچقا، بېرلىندىن پويىز بىلەن شىمالدىكى ھامبورگ، لىيوبەك شەھەرلىرىگە ياكى جەنۇبتىكى فرانكفورت قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىش ئۈچۈن شەرقىي گېرمانىيە زېمىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پويىزدا پاسپورت تەكشۈرۈلىدۇ.

شەرقىي گېرمانىيىگە تېگىل بولغان بۇ يەرلەر ياپيېشىل يايلاق، قويۇق ئورمانلىق، شىمالغا ماڭغانسېرى ھاۋا ئىللىق، مەنزىرە گۈزەل بىلىنىشكە باشلىدى. پاكار - پاكات بۇك قارا-

غايلىق تۆپىلىكلەر، كۆپكۆك كۆللەر، چۆرىسى باغ - ۋارانلىق ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيلەر، ئېتىزلاردىكى سىلوس ئۈچۈن تېرىلغان، تېخى ئورۇلمىغان كۆممىقوناقلىقلار ماڭا يۇرتۇمنىڭ ياز پەسلىنى ئەسلەتتى.

مەن ئۆز ۋاقتىدا قانلار تۆكۈلگەن، ھازىر قايتىدىن ياشارغان زېمىننىڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنى ئەسلەشنى خالىمايمەن.

مەن شائىردەك ھاياجانلانغان، تۈنجى قېتىم كەڭ دالانى كۆرگەن گۆدەكتەك ئالاقزادە، ھەممىلا نەرسە ماڭا ناتونۇش، يېڭى. سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە - بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر تېزلىك بىلەن كېتىپ بارغان، ئازادە، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق پويىزدا ئولتۇرۇپ يېنىمدىكى شەرقىي گېرمانىيىلىك، پولشالىق ۋە غەربىي گېرمانىيىلىك ياش، خۇشخۇي يىگىتلەر بىلەن تېزلا دوستلىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا ھەربىر بېكەت، شەھەر، ئورمانلىق، كۆللەرنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرماقتا. پىۋا - قەھۋە ساتقۇچى خادىم ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ - چىقىپ تۇردۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ھۆرمەت، سىلىقلىق، كۆيۈمچانلىق مېنىڭ غەرب ئادەملىرى توغرىسىدىكى قاتمال چۈشەنچەمنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن غەربلىك ناتونۇش ئادەملەردىن بىر شەرقلىق ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەمسىتىش، سوغۇقلۇق قىلىش قاتارلىق مەن ئىدىيىدە تەييارلىق قىلغان ناچار نەرسىلەرنى قىلچە سەزمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار مېنى ھۆرمەتلىمەكتە، مېھمان قىلماقتا، ماڭا يېقىنلاشماقتا.

— گەنبى! — سېمىز، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بوۋاي ھېلىدىن - ھېلىغا بىزنىڭ خانىمىزغا پىۋا كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ تۇرپانغا بارغىنىكەن، شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالغان بىر جۈملە «گەنبى» دېگەن سۆزنى ماڭا ئىشلىتەتتى. ئۇ ماڭا پىۋا تۇتىدۇ. مەن تارتىنماي ئۇنىڭ رومكىسىنى قوبۇل قىلىمەن:

www.uyghurkitap.com

— پوئۇست①، — دەيمەن!

— گەنبى!

تۆت سائەتتىن كېيىن لىيوبەك شەھىرىگە كەلدۇق.

لىيوبەك — غەربىي گېرمانىيىنىڭ قانال ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان، قاتناش، سودا تەرەققىي قىلغان بىر قەدىمىي شەھىرى. شەھەر قەدىمىي پرۇسىيە چوڭ سودىگەرلىرىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مال ئالماشتۇرىدىغان شەھىرى ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا دەرەخ ئاز، ئۆيلەر زىچ، كوچىلار تار ئىكەن، ئۆيلىرى گېرمانىيىنىڭ داڭلىق قىزىل خىشى بىلەن ياسالغان. لىيوبەك قانىلى شەھەرنى ئوراپ تۇرىدىكەن، قانالنىڭ چوڭقۇرلۇقى يەتتە - سەككىز مېتىر ئىكەن.

توماس بىر ھەپتە ئىلگىرى كوچىغا «تاشلاپ» قويغان كەچىك ماشىنىنى تېپىپ كەلدى. بىز شەھەرنى ئايلاندۇق. بۇ شەھەردە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە، ئاكا - ئۇكا يازغۇچىلار ھېنرى توماس، توماس مانلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولدى. بۇ فاشىزمغا قارشى ئاكا - ئۇكا يازغۇچى، جامائەت ئەربابلىرى توغرىسىدا مەن يۈزە بىلىمگە ئىگە ئىدىم. مەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلار تۇغۇلغان ئۆينىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي ئىزناسى يوقالغان خارابىسى ئورنىغا قاتۇرۇلغان ئاق مەرمەر خاتىرە تېشى يېنىدا توختىدىم. توماس ماڭا خاتىرە تاشتىكى خەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. خاتىرە تېشىغا: «…توماس مان 1882 - يىلىغىچە مۇشۇ يەردىكى ئۆيدە ياشىغان» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭ تېگىگە يازغۇچىنىڭ مەشھۇر سۆزلىرى يېزىلغان: «ئالما ئۆز دەرىخى ئەتراپىغا چۈشىدۇ. مەن لىيوبەك دەرىخىدىكى بىر تال ئالما ئىدىم. لېكىن بۇ يەرگە يات بولۇپ ياشىدىم. كېيىن بىلدىم، مەن مۇشۇ يەردىكى ئۆزۈم

① پوئۇست — قەدەھ سۆزى؛ بىزچە — خۇشە.

ئەسەرلىرىمدە تەنقىد قىلغان ئادەملەردىن ئىكەنمەن» ، «... مەن ھاياتنى، ئۆگىنىشنى سۆيىمەن. خەلقىمدىن بۇ پەزىلەتنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلاندىم. مەن ۋاپات بولغاندىن كې- يىن، كىشىلەرنىڭ ئەسىرىمگە قانداق باھا بېرىشىنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن خەلقىمدىن ئۆز باھاسىغا مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قېتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن: مەن ھاياتنىڭ دوستى» . توماس مان- نىڭ بۇ سۆزلەرنى يېزىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئەسىرى — «بودېنبورگ ئائىلىسى — بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن رومانىدا ئوخشاشمىغان ئىككى كاپىتالىست ئائىلىسىنىڭ رىقابەتلىشىپ ئاخىرىدا مونوپولىيە كا- پىتالىزمى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى يازغان. بۇ ئەسىرىدە لىيو- بەك سودىگەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، لىيوبەك بايلىرى يازغۇچىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. لېكىن يازغۇچىمۇ قې- رىغاندا «ئۆزۈمنى تەنقىد قىپتىمەن» دەپ ئۆكۈنگەن. لىيوبەك خەلقىمۇ ئۇنى كەچۈرۈپ، مەخسۇس خاتىرە ئۆيىنى تەشكىللەپ، ئۆز يازغۇچىسىغا بولغان كاتتا ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ھېنرى توماس، توماس مان مۇزېيى لىيوبەك خەلقىنىڭ غۇرۇرى، خۇشاللىقى ئىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى بۇ قەدىمىي بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىققان ئادەم ئاكا - ئۇكا يازغۇچى- لارنىڭ نيۇ يورك ئايرودرومىدا قول تۇتۇشۇپ، قىزغىن كۆرۈ- شۈۋاتقان چوڭايتىلغان رەسىمىنى كۆرىدۇ. بۇ رەسىمنىڭ تېگى- گە ھېنرى توماسنىڭ: «مەن نەدە بولسام، گېرمانىيە مەدەنىيى- تى شۇ يەردە» دېگەن سۆزى يېزىلغان.

بۇ ئاكا - ئۇكا يازغۇچىلار ئەلۋەتتە شۇنداق دېيىشكە مۇنا- سىپ. ھېنرى توماس ھاياتىدا ئون توققۇز توم رومان، ئەللىك بەش پارچە پوۋېست، ھېكايە ۋە نۇرغۇن دراما، سىياسىي، پوبلىستىك ماقالىلەرنى يازغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە گېرمانىيە فاشىزمىنى، ئەزگۈچىلەرنى قاتتىق سۆككەن. فاشىزمغا قارشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۈچلەرنى، ئەمگەكچىلەرنى، بولۇپمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىك-
شى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن مەد-
ھىيىلىگەن. ئۇ ۋەتىنى (مېيۇنخېن)، فرانسىيىدە، ئاخىرىدا
ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ سىبونكا شەھىرىدە خەلقئارا
تىنچلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك ئەرباب. ئىك-
كىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي گېرمانىيە دېموكرا-
تىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنى دۆلەت سەنئەت ئىلمىي ئاكا-
دېمىيىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بىرىنچى دەرىجە-
لىك دۆلەت مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىغان. يازغۇچى گېرمانىيە-
گە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
يەتمىش توققۇز يېشىدا ۋاپات بولغان.

مۇزېيغا يازغۇچىنىڭ 1935 — 1938 - يىللىرى فرانسىيە-
دە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە يازغان رومانلىرىدىن «پادىشاھ
ھېنرى (IV) نىڭ ياشلىق دەۋرى»، «پادىشاھ ھېنرى (IV) نىڭ
تاماملىنىشى» قاتارلىقلارنىڭ كۆپ تىللاردىكى نەشرى، «پىپو.
سىفانو»، «يۈرەك»، «مۇھەببەت ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەر-
لىرىنىڭ قولىيازمىلىرى، پوبلىستىك ماقالىلىرىدىن «زولا توغرى-
سىدا»، «ھوقۇق ۋە ئادەم»، «تەپەككۇر زوراۋانلىقى»، «روھ ۋە
كەسپىي ئىش» ناملىق ماقالىلىرى بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللار
قويۇلغان.

مۇزېيدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئىچىدە ئاكا - ئۇكا يازغۇچى-
لارنىڭ بىر مەزگىل بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا ئېلىپ
بارغان گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئۆزئارا كۈرەشلىرى مېنى قىز-
ىقتۇردى. ئاكىسى ھېنرى توماس 1918 - يىلى گېرمانىيىنىڭ
ئۇرۇش سىياستىنى تەنقىد قىلىپ «زولا توغرىسىدا» ناملىق
ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندا، ئىنىسى توماس مان ئاكىسىنى تەن-
قىد قىلىپ «بىر سىياسەت بىلەن كارى يوقنىڭ قاراشلىرى»
ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئاكىسىغا ھۇجۇم قىلدى.

ئۇلار شۇ سەۋەبتىن قېرىنداشلىقتىن ۋاز كېچىشكىلى تاسلا قالدى. لېكىن 1942 - يىلى ئاكىسىنىڭ يەتمىش بىر ياشقا توشقانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان خېتىدە توماس مان ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

يازغۇچىلار ئارىسىدا، قېرىنداشلار ئارىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ بولۇشى نورمال ھادىسە. لېكىن بىز بۇ نورماللىقنى تېخى كۆنۈكمىدۇق. ھە دېسىلا «دۈشمەن، ئىككى گۇرۇھ مەۋجۇت» دەپ ئارىغا كىرىپ زۇغۇيلۇق قىلغۇچىلار، قۇتراتقۇچىلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر شۇنى بىلىشى كېرەككى، پىكىر ئىختىلاپلىرىغا يول قويۇش كېرەك. ۋاقىت، ئەمەلىيەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مۇزېينىڭ ئىسمى توماس مان مۇزېيى. لېكىن ئۇ يەرگە ھېنرى توماس توغرىسىدىكى يۇقىرىقى نەرسىلەرمۇ ئالاھىدە قويۇلغان.

توماس مان ئاكىسىدىن تۆت ياش كىچىك. ئۇ 1875 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ليوبەك شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايىقى خاتىرە تېشى ئورنىتىلغان جايدا چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1929 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكىچە بولغان ئارىلىقتا «تىلىستان» ، «تونىئاۋ - كىلىگر» ، «ۋېنىس شەھىرىدە ئۆلۈش» قاتارلىق پوۋېستلارنى ۋە ئاتاقلىق رومانلىرىدىن «بودىنبورگ ئائىلىسى — بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى» (ئىككى توم) . «بەگ - غوجام جانابلىرى» قاتارلىقلارنى يازغان. 30 - يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ 1933 - يىلى گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ بېرلىن قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قېتىم فاشىزمغا قارشى نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1933 - يىلى بېرلىندا ۋاگنا ۋاپاتىنىڭ ئەللىك يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزى ئۇچۇن 1936 - يىلى ناتسىستلار ئۇنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئاۋۋال چېخوس-

www.uyghurkitap.com

لوۋاكىيىگە، شۋېتسارىيىگە، كېيىن 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ
ئامېرىكىغا پۈترا بولۇپ، ئامېرىكا پولىنىسدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى.
غا پروفېسسور بولىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە
فاشىزمغا قارشى ئەللىك نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ
تۇنجى پوۋېستى «چۈشكۈنلىشىش» تىن (1894 ـ يىلىدىن) تار-
تىپ 1954 ـ يىلىدىكى تاماملانمىغان ئاخىرقى رومانى «ئالدامچى
فىلىكس كرورنىڭ ئەركىنلىكى» (ئەسلىمىسىنىڭ بىرىنچى
قىسمى) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاتمىش يىللىق ئەدەبىي ئىجا.
دىيەت بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدە ئون نەچچە داڭلىق رومان، يەتمىش
نەچچە پوۋېست، دراما ۋە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مۇزېيدا
مەن توماس مان ئەسەرلىرىنىڭ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان مۇندە.
رىجىسى، ئاۋۋال ماشىنكىدا ئۇرۇلغان، كېيىن تەھرىرلەنگەن قولياز.
مىلىرىنى، ئۈستەل، ئورۇندۇق، كىيىم ـ كېچەك، دوست ـ ئاغىنە،
بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ، بىر
يازغۇچىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، خەلق ئالدىدىكى بۇرچى، ئۆز
ئىشىغا بولغان مۇھەببەت مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. ئۇ ئاتمىش يىل توختىماي يازغان، توختىماي يېڭىلىققا
ئىنتىلگەن. ئۇ سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە كلاسسىكلارنىڭ
ئېسىل ئەنئەنىلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ھەم يېڭى سەنئەت
ۋاستىلىرى بىلەن دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى پېشقەدەم كىتابخانلارمۇ، يېڭىلىققا ئامراق
ياشلارمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ رومانلىرىنى تەنقىدچىلەر:
«گېرمانىيىنىڭ روھىي تارىخى»، «پۈتۈن ياۋروپا ئۇنى ئۆزىگە
ئالاقىدار دەپ قارايدۇ» دەپ باھالىغان. ئۇ نەسرچىلىكتە، بىۋا.
ستە بايان ۋە ۋاستىلىك بايان قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ مۇلا.
ھىزە قىلىش ياكى بايان بىلەن مۇلاھىزىنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە
ئىچكى مونولوگ قاتارلىق ئۇسۇللارنى، شۇنداقلا ئاڭ ئېقىمى
ۋاستىسىگە ياتىدىغان زامانىۋى ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان.

توماس مان مۇزىيى ماڭا بىر مۇھىم لېكسىيە، بىر مۇھىم كىتاب بولدى. مەن سۈرەت ۋە نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆيدىن ئۇنىسىز، شاۋقۇنسىز بىلىم ئالدىم.

ليوبەكلىكلەر ئۆز ئەدىبلىرىنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدى-كەن. مۇزىيدا يەنە بۇ شەھەردە تۇغۇلغان ئايال يازغۇچى ئىدابو-يېت ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا قويۇلغان. گەرچە بۇ نامى مەشھۇر بولمىغان ئايال ئەدىب ئۇلۇغ گېرمانىيە شائىرى گيۆتى-نىڭ شارلىتى فەن كەلپ ئىسىملىك ۋاپادار ئاشنىسى توغرىسىدا بىرلا ئەسەر يازغان بولسىمۇ.

شائىر گەيبىل (1884 — 1915) ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئايالىمۇ مۇشۇ شەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئە-سەرلىرى بىلەن بۇ مۇزىيدىن ئورۇن ئالالىغان.

ئۆز ئەدىبلىرى بىلەن پەخىرلىنىش بىر مەدەنىيەتلىك خەلق-نىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بولسا كېرەك. مەن گېرمانىيىدە يۈرگەن قىرىق نەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرلەردە، يېزىلاردا شا-ئىرلار، يازغۇچىلار نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك كوچىلارنى، ھەيكەللەرنى، مۇزېيلارنى كۆردۈم. مەسىلەن فرانكفورتتىكى ئەڭ چوڭ كوچا دانتى كوچىسى، فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا گومېر بىلەن ئارستوتېلنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇلغان، نيورنبورگ شەھىرىنىڭ بىر يېزىسىدىكى كوچىلارنىڭ بېشىغا: «ھ. ھەينى، شىللىر، گيۆتى... كوچىلىرى» دېگەن ۋىۋىسكىلار قادالغان.

## ماڭا يوچۇن ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلغان گېرمانىيە جەمئىيىتى

مەن بارلىق مەدەنىيەتلىك شەرقلىكلەرگە ئوخشاش، غەربنى كىتابلاردىنلا بىلگەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز غەرب توغرىسىدا

«پاش قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان كىتابلارنى كۆپ ئوقۇ-
غان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىنىمىزگە غەربنىڭ چىركىلىكى توغرى-
سىدىكى چۈشەنچە ئۆزگەرمەس قانۇندەك سىڭىپ كەتكەن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مەن «چىرىتىش» كە قارشى «ئىدىيە تەييارلىقى»
بىلەن بۇ جەمئىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم باستىم.
ئېزىش ـ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، بۇلاش، ئالداش، ھىيى-
لىگەرلىك قىلىش، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يامان قى-
لىقلار بىلەن ۋەھشىيلىكلەر، بىزچە بولغاندا، غەرب ئۈچۈن
ئومۇملاشقان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەر بىزگە يوچۇن، ئۇلارغا
ئۆز. لېكىن ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇچرىمىغانلىقى غەلىتە،
يوچۇن تۇيۇلدى. مەن چوڭ كوچىلاردا ئۇچرىتالمىغان بۇ نەرسى-
لەرنى «خىلۋەت كوچا» ۋە «تۆۋەن قاتلام» لاردىن تاپارمەن دې-
گەن نىيەت بىلەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى ئىنچىكە ۋە
چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدۇم. مەن بىر يېرىم ئاي
ئىچىدە دۆلەت مېھمانخانىلىرىدا بىر كۈنمۇ ياتمىدىم. زىيالىيلار-
نىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، ھەر خىل ئادەملەر: ئاددىي
دوختۇرلار، رېمونتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار،
ئىشسىز زىيالىيلار، رىقابەتتىكى سودىگەرلەر، ئوقەتچىلەر ۋە
دۆلەتنىڭ ئاددىي خادىملىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ئۆي-
لىرىدە، زىياپەتلىرىدە، ئىش ئورۇنلىرىدا بولدۇم، ئويۇن ـ
تاماشا، سەپەر ـ سەيلىلەرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، كىرىمى، شەخسىي سەرگۈزەشت ـ تارى-
خى، پىلان ـ ئارزۇلىرى، ھەتتا ھەۋەس ـ ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن تونۇشتۇم ۋە بۇ جەھەتتىكى كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس
قىلغانلىرىمنى ئەينەن يېتى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. ماڭا يوچۇن
ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلغان بۇ جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈش-
شەك ماتېرىياللار شەرقلىقلەرنىڭ غەربلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى تۇر-
مۇشىنى بىلىشىدە ئاز ـ تولا پايدىسى بولار دەپ ئويلايمەن.



www.uyghurkitap.com

توماسنىڭ ئۆيى ئىككى قەۋەتلىك (يەر ئاستىدىكى بىر
قەۋەت بىلەن جەمئىي ئۈچ قەۋەتلىك)، ئەتراپى باغ - چىمەنلىك
ئۆي. ئۇ تۇرۇۋاتقان ھېلىس ھوپ يېزىسى ئىككى يۈز نەچچە
ئائىلىلىك يېزا. قورۇ - جايلاردىن قۇراشتۇرۇلغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممى-
سىلا ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك، ئۈستى چېدىرلىق، چەت -
چۆرىسى باغ - ۋارانلىق، يوللىرى ئاسفالت، يېزا ئەتراپى ياپيې-
شىل. قويۇق ئورمانلىقلار بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر نېرى-
دىكى بالتىق دېڭىزىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەتراپىدىكى تۆپىلىك-
لەردە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىل-
غان. يەر مۇنبەت، ھاۋا ئىللىق، ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا،
زىرائەت ئاينىيدىكەن، مال سەمرىيدىكەن، ئالما، نەشپۈت،
ياڭاق، ئۈزۈملىرى تەملىك، سۈلۈق بولىدىكەن. ھاۋا، يېمەك -
ئىچمەك ياخشى بولغاچقا، شەھەرلەردە خىزمەت قىلغۇچى نۇر-
غۇن ئادەملەر مۇشۇ يېزىلاردا ئۆي - ماكان تۇتۇشۇپ يۇقىرى
سۈرئەتلىك يوللار بىلەن ئۆز ماشىنىلىرىدا قاتناپ يۈرۈپ خىز-
مەت ئىشلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىس ھوپ ئىككى يۈز
نەچچە ئۆيلۈك يېزا ئاتالسىمۇ، بۇ يەردە پەقەت بىر نەچچە ئۆيلۈكلا
دېھقان بار. قالغانلىرى بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك شەھەردە
ئىشلىگۈچىلەر. توماس ئاشۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان
بۇ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى قوشنىسى — سودىگەر بەرگۈلتىنىڭ
ئۆيى ئىكەن. ئىجارە ھەققى مىڭ ماركقا (ھەر ئايلىقى) بارىدى-
كەن. توماس ئايالى، ئىككى قىزى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىلى
خېلى يىللار بوپتۇ. بىز كەلگەندە بۇ ئۆيدە ئايالى باللىرى بىلەن
يوق ئىدى (ئۇ دوستى بىلەن باللىرىنى ئېلىپ گېرمانىيىنىڭ
جەنۇبىغا ئاتا - ئانىسىنى كۆرگىلى كەتكەنىكەن).
گېرمانىيە دۇنيادىكى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى، دېھقانلار
ئومۇمىي ئاھالىنىڭ بەش پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. سانائەت تەرەق-
قىياتى بۇ دۆلەتنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا نۇرغۇن ئوڭايلىقلارنى

كەلتۈرگەن. مەسىلەن يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرىدا ھەممە نەرسە تەييار: كۆكتاتلار يېپيېڭى، ھەر خىل گۆشلەر ھازىر سويۇلغاندەك، ئۈن، گۈرۈچ، ھەر خىل خېمىر تاماقلار (لەڭمەن، سۈيۈقئاش خېمىرلىرى كېسكىلىك پېتى)، نان - بولكىلار، سېرىق ياغ، ھەسەل، ھەر خىل ۋارىنىلەر بولاقلىق، باھاسى يېزىقلىق ھالدا تىزىقلىق تۇرىدىكەن. خېرىدار مەخسۇس تەييارلانغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كىرىپ نېمىنى خالىسا ئۆزى ئارىلاپ يۈرۈپ ئېلىۋېرىدىكەن، چىقىش ئىشىكىدە مەخسۇس قاچىلارغا سېلىنغان بۇ نەرسىلەر ئاپتوماتىك ھالدا ھېسابات ئورنىدىن ئۆتىدىكەن. كىچىك ئېكراندا ھەربىر مالنىڭ باھاسى يېزىلىپ تۇرىدىكەن، ئاخىرىدا ئومۇمىي پۇل مەلۇم قىلىنىدىكەن. خېرىدار پۇل تۆلەپ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. پۈتۈن سودا جەريانىدا خېرىدار بىلەن مال ساتقۇچى زادىلا بىۋاستە ئۇچراشمايدىكەن.

بىز توماس بىلەن ئەنە شۇنداق تەييار نەرسىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق.

— بىزدە ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىش بولىدۇ. بەش كۈن ئىشلەپ ئىككى كۈن دەم ئالىمىز. ئىككى كۈننى دېڭىز بويلىرىدا، مېھماندارچىلىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىز ھەممە نەرسىنىڭ تەييار بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. خەلقنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت يېمەك - ئىچمەكنى مۇشۇنداق تەييارلاشتۇرغان، لېكىن بىز تەييار نەرسىنى ياخشى كۆرمەيمىز، ئۆزى ياساپ يېگەن غىزانىڭ تەمى بولىدۇ.

توماس «لېكىن» دىن كېيىنكى بۇ گەپنى ھەممىلا نېمىنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ يەيدىغان ماڭا ئوخشاش شەرقلىكنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئېيتتى دەپ چۈشەندىم. كېيىن مەن نۇرغۇن ئۆيلەردە مېھمان بولدۇم. ساھىبخان تاماق ئۈچۈن ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مېھمان بىلەن سىردىشىشقا كۆپ ۋاقىت

چىقىرالايدىغان، ماشىنىلىرى بىلەن دانىيە، ئاۋستىرىيە، گول-لاندىيە، شۋېتسارىيە دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنزى-رىلىك جايلىرىدا تاماشا قىلغاندا، ئوڭاي غىزالىنالايدىغان شارا-ئىتقا ئىگە بولۇشتا، بۇ تەييار تاماقلارنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەن.

توماسنىڭ ئايالى ئەلىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئى-كەن، دوستى بىلەن ئىككىسى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئاك-تىپ كىتابخانلار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ «كەسىپسىز يازغۇچى» ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ماڭا تولىمۇ قىزىقتى.

— مۇقىم مائاشىڭىزدىن باشقا قەلەم ھەققى ئالىدىكەن-سىز، ئەجەب ئەتىۋارلىنىدىكەنسىلەر. سىلەردە يازغۇچىلار ھۆر-مەتلىك ئىكەن، — دېدى ئېگىز بوي، قوي كۆز، چاچلىرى ئاقۇچ ئەلىن.

— بىزنىڭ مائاشىمىزمۇ، قەلەم ھەققىمىزمۇ تۆۋەن، — دېدىم مەن ئۆز ئەھۋالىمىزنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — سىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىككى يېرىم مىڭ ياكى ئۈچ - تۆت مىڭ مارك ئايلىق ئالىدىكەن. ئۈچ مىڭ مارك جۇڭگو پۇلىغا ئالتە مىڭ يۈەن دېگەن سۆز. بىزدە بۇ پۇلنى ئىككى يىلدا ئاران ئالالايمىز.

— لېكىن سىلەردە مال باھاسى ئەرزان.

— شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىمىز خېلىلا تۆ-ۋەن. بىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى-مىز ئارانلا ئىككى يۈز ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا. سىلەردە بولسا سەككىز مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، بىزنىڭكى-دىن قىرىق باراۋەر يۇقىرى دېگەن سۆز. لېكىن مال باھاسى ئىككى - ئۈچ باراۋەرلا يۇقىرى ئىكەن. مەسىلەن بىزدە بىر يۈەنگە ئۇرۇمچىدە تۆت تۇخۇم كېلىدۇ. سىلەردە بىر ماركقا ئىككى تۇخۇم كېلىدىكەن. خەلقئارا بازاردا بىر مارك ئىككى يۈەنگە تەڭ.

— بىزدە قەلەم ھەققى بىلەن باي بولماق تەس، — دېدىم گەپ قەلەم ھەققىگە يۆتكەلگەندە، — مەسىلەن سىلەردىكى گۈنتاگىراستەك[1]باي يازغۇچىلار بىزدە ناھايىتى ئاز ياكى يوق.

— لېكىن گېرمانىيىدە كىچىك يازغۇچىلارغا قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە، كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى پۇل تۆلەپ كىتابلىرىنى باستۇرىدۇ. داڭلىق يازغۇچىلارغا يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. گۈنتاگىراس سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئۇ دېموكراتىك ئىسلاھات تەرەپدارى، سابىق زۇڭلى بىرلىيارتنىڭ دوستى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گېرمانىيىدە ئورنى يۇقىرى. مەرھۇم ھېنرىخ بولمۇ يۇقىرى قەلەم ھەققى ئالىدىغان يازغۇچى ئىدى. لېكىن ئۇ داڭلىق يازغۇچىلارمۇ ياش مەزگىللىرىدە قەلەم ھەققى ئالالمىغان. ئىشتىن سىرت يېزىپ، پۇل تۆلەپ ئەسەرلىرىنى باستۇرۇپ يورۇپ كېيىن داڭق چىقارغان. يازغۇچىلار پۇل تېپىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. سىلەردە قانداق؟

— يازغۇچىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس، بىزدە مۇتلەق كۆپچىلىك يازغۇچىلار پۇل ـ مەنپەئەت سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

— نېمىشقا «مۇتلەق كۆپچىلىك» دەيسىز؟ — ئەلىنىنىڭ دوستى سورىدى.

— دېمەك، پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىدىغانلارمۇ بار دېگەن سۆز ـ دە بۇ، شۇنداقمۇ؟ — ئەلىن سورىدى.

— شۇنداق، ناھايىتى ئاز ساندا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغان ئادەملەرمۇ بار.

— قەلەم ھەققىنى ئويلىماي، قىيىن شارائىتتا ئەسەر يېزىپ، دۇنياغا داڭق چىقارغانلار بىزدىمۇ بولغان، — دېدى ئەلىن مەن بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆز خەلقىنى ماختاپ، — مەسىلەن

---

① گۈنتاگىراس — ھازىرقى زامان گېرمانىيە يازغۇچىسى. ئۇ بەكمۇ باي.

فونتانا 1870 - يىلىغىچە[1] مۇخبىرلىق قىلغان. كافكا ئىسترا-
خوۋانىيە شىركىتىنىڭ ئاددىي خادىمى ئىدى. هولدەرلىن تېخى
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئىشى ئالدىراش
بولسىمۇ كېچىلىرى ئەسەر يازغان، لېكىن قەلەم ھەققى ئالغان
ئەمەس. ئۇلار نامرات ئۆتكەن، لېكىن ھازىر دۇنياغا داڭلىق
يازغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. مۇزات گېرمانىيىنىڭ پەخرى، ئۇلۇغ
مۇزىكانتى. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان كىنونى كۆردى-
ڭىزمۇ؟ ئۇ ئايالى بىلەن يالغۇز ئوغلىنىمۇ باقالمىغان، لېكىن
تولا ئىشلەپ چارچاپ ئۆلگەن. بۇلارنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟
ئىجتىمائىي بۇرچ كۆزقارىشى دېسە توغرا بولامدۇ ياكى قارلى-
غاچنىڭ ئۇۋا ياسىغىنىغا ئوخشاش ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت دېسە
بولامدۇ؟

ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان، مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك
گېرمانىيە ئاياللىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلى-
شىش كۆڭۈللۈك، لېكىن ئاقىلانە ئەمەس.

— ئۆز ئىشىغا مۇھەببەت باغلاش، ئۆز - ئۆزىنى سۆ-
يۈش، — دېدىم يازغۇچى بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىپ، —
بارلىق ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس پەزىلەت. قەدىمىي ئىندىئانلار-
نىڭ «ئۆزۈڭگە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئاشىق بول، ئاندىن باشقىلار
ساڭا ئاشىق بولىدۇ» دېگەن بىر داڭلىق سۆزى بار ئىكەن،
مۇتلەق كۆپچىلىك يازغۇچى بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

— يەنە مۇتلەق كۆپچىلىك! — دېدى ئەلىنىنىڭ دوستى
كۈلۈپ. ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

پۇلدىن ئىشنى، ئادەمنى ئۈستۈن بىلىدىغان ئادەملەر ھەم-
مىلا يەردە بار. لېكىن پۇل بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئادەم

---

① فونتانا 1819 — يىلى تۇغۇلۇپ، 1898 - يىلى ۋاپات بولغان.

يوقنىڭ ئورنىدا. غەربىي گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ شەرقتىكى
كىچىك، كەمبەغەل مىللەتلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا قىزىقى-
شى، ھەتتا ئالىي مەكتەپ ياكى پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە بۇ
مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن كۈچ
سەرپ قىلىشتا بىرەر سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى
چىقىش نۇقتا قىلمىغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىق. لېكىن ئۇلار
مەقسەتسىز ئىش قىلمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ مەقسىتى: ھازىر ئۆزلە-
رى دۇچ كېلىۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىساد، ئىلىم -
پەن تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى رېئال مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن گېرمانىيە جەمئى-
يىتىدە ھەر خىل ئاپتوماشىنىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ
بولۇشى (ھەتتا بالا باقىدىغان ئۆي خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ مەخسۇس
كىچىك ماشىنىسى بار ئىكەن)، يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىي بول-
ماسلىقى (توخۇلار، توخۇملار زادى كۈن نۇرى كۆرمەيدىكەن)، سۇ
ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى بىلەن بەزى قەدىمىي دەرەخلەرنىڭ قۇ-
رۇپ كېتىشى (مەسىلەن 1987 - يىلى قارىياغاچلار ئومۇميۈز-
لۈك قۇرۇغان) قاتارلىق ئىشلار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئويلاندۇر-
غان. ئۇلارنىڭ خىيال ۋە ئارزۇلىرى توغرىسىدا «ليوبەك گېزى-
تى» مۇخبىرى — قىزىل ساقاللىق يىگىت مەن بىلەن سۆھبەت-
لەشكەندە شۇنداق دېدى:
— سىزگە بىزنىڭ ئېلېكترلەشكەن، ماشىنىلاشقان،
ياشىماق ئاسانلاشقان جەمئىيىتىمىز قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. لې-
كىن بىز نۇرغۇن ئىشلاردىن نارازى. مەسىلەن بىزدە ھەر يىلى
يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ ئادەم قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرايدۇ.
غەربىي گېرمانىيىنىڭ كىچىككىنە زېمىنىدىكى يۇقىرى سۈرئەت-
لىك ئاسفالت يوللاردا ھەر كۈنى يەتتە - سەككىز مىليون چوڭ -
كىچىك ماشىنا چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇلار نېمىلەرنى تارقىتىدۇ،
بىلەمسىز؟

— چاقىدىن كادمىي، ئارقىسىدىن چىققان ئىس بىلەن قوغۇشۇن ماددىلىرىنى تارقىتىدۇ.

— دۇرۇس، شۇنداق. بۇ زەھەرلىك ئېلېمېنتلار ھاۋا تەركىبىدە مىلياردتىن، تىرىللىياردتىن بىر ئۈلۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئەللىك ياكى يۈز يىلدىن كېيىنچۇ؟ بىزدە تېخى بۇ ۋەھىمىدىن مۇداپىئەلەنگۈدەك ئىشەنچلىك ئامال يوق.

گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدىكى سۆھبەت، مۇلاھىزىلىرىم ھەممىلا جايدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مۇلاھىزىلەر بىرەر تېمىغا يىغىنچاقلانغان ئەمەس. ئۇ خۇددى «ئاڭ ئېقىمى» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەردەك بىر باغدىن، بىر تاغدىن ئېلىنغان مىساللار بىلەن تولغان. لېكىن بۇ پاكىت ۋە مۇلاھىزىلەر مېنىڭ بۇ يوچۇن جەمئىيەتنى كۆزەتكەنلىكىمنىڭ مەھسۇلى. مەن سائىتىگە بىر يۈز يىگىرمە - بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ماڭىدىغان كىچىك ماشىنىدا كېتىپ بارغىنىمدا ئۆز يۇرتۇم توغرىسىدا ئويلايمەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا قولتۇقىغا بىر توخۇ ياكى مانتا كاۋىنى قىسىپ، تۆت بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يېزا بازىرىغا كېتىپ بارغان يالاڭ ئاياغ، ئۇستىۋېشى چاڭ دېھقان كېلىدۇ. ئۇ دېھقانىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى شۇ توخۇ ياكى كاۋىدا. بىزدە بۇنداق دېھقانلار تېخى خېلى بار. مۇشۇنداق چاغلاردا خىيالىم غەربىي گېرمانىيىلىك دېھقان ئېرىكنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىدۇ.

ئېرىك ئوتتۇز سەككىز ياشلىق، ئېگىز، ساقاللىق يىگىت. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ بىزنى ئۆيىگە «كۆزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن خۇداغا رەھمەت ئېيتىش چېيى»غا چاقىرغانىدى. مەن ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ دالانىدا مېھمانلار ئۈچۈن تاتلىق ھاراق قاينىتىۋاتقان يېرىدە كۆرگەن. ئۇنىڭ شېرىكى قىرىق بەش ياشلىق چىرايلىق قىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقانىكەن، ئۇلار مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. شۇ ئىككى قەۋەتلىك،

يېڭىدىلا مال بورداۋاتقان ئېغىللىرى، يەم ـ خەشەك ئىسكىلا-
تى، ئاشلىق قاچىلايدىغان (ھەربىرىگە ئوتتۇز نەچچە توننا ئاش-
لىق سىغىدىغان) پولات ئامبارلار ئورنىتىلغان ئاشلىق ئىسكى-
لاتلىرى بار كاتتا ئۆيدە ئېرىك ئاشۇ قىز بىلەن يالغۇزلا تۇرىدۇ-
كەن. ئۇلار نىكاھلانمىغان قىز ـ يىگىتلەر ئىكەن، لېكىن بىر
ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇلار ئىككىسى يىگىرمە بەش گېكتار يەرنى
بىللە كۆكلىتىپ، توڭگۇز، كالا بورداپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ-
كەن. ئېرىك بۇ قىزغا ھەر ئايدا ئىككى مىڭ ماركتەك
ھەق تۆلەيدىكەن. بىز زىياپەت تەييارلانغان جاي — ئۇستى
چېدىر چىلاپ يېپىلغان ئات ـ كالا بورداپدىغان ئېغىلغا كىردۇق.
پەنلەردىن ئۇستەل، پرېسلانغان پاخاللاردىن ئورۇندۇق ھازىرلى-
نىپتۇ. مېھمانلار ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇلارغا ئىس-
سىق ھاراق بىلەن توڭگۇز گۆشى كاۋىپى تارتىلىدىكەن. سۆھ-
بەت، مۇزىكا، تانسا بولۇپ تۇرىدىكەن. باللار پانۇسلىرىنى
كۆتۈرۈپ سىرتتىن تىزىلىپ «بىز ئاي، بىز كۈن، بىز يۇلتۇز»
دېگەن باللار ناخشىسىنى ئېيتىپ زالغا كىرگەندە، زالدا چى-
راغلار ئۆچۈرۈلدى، چاۋاكلار چېلىندى. كېيىن چوڭلار باللار
بىلەن قول تۇتۇشۇپ تانسا ئويناشتى. بۇ يەردە باللار تولىمۇ
ئەتىۋارلىق، ئۇلار قانچىلىك بەختىۋاشلىق قىلىشسىمۇ ئۇلارغا يول
قويۇلىدىكەن.

مەن بۇ دېھقان بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ماڭا بوردىلىۋاتقان
ماللىرى، پولات ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان يۈز نەچچە توننا ئاش-
لىقى (بۇغداي، ئارپا، قىچا)، ھەر خىل ئىشلارغا سېلىنىدىغان
ئون سەككىز خىل ماشىنىسىنى كۆرسەتتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ
ئەڭ قىممىتى ئەللىك بەش مىڭ مارك، ئەڭ ئەرزىنى بىر مىڭ
سەككىز يۈز مارك ئىكەن. يەر تېرىش، يىغىش، سۇغىرىش،
مالغا يەم بېرىش، مال ئايىغىنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ
ھەممىسى ماشىنا بىلەن بولىدىكەن. پۈتۈن ماشىنىلارنى ئېرىك

ئۆزى ئاشۇ قىز بىلەن ئىشلىتىدىكەن. مەن ئۇنىڭ يىللىق كىرىد-
مىنى سورىدىم.

— نەچچە يۈز مىڭ مارك پۇل خەجلەپ دېھقانچىلىق قىد-
لىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — لېكىن كىرىم ئاز.
گېرمانىيىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بەك ئەرزان، ھەرقاند-
داق ئاشلىقنىڭ بىر كىلوسى بىر ماركقا يەتمەيدۇ. مەسىلەن
بۇغداينىڭ بىر كىلوسى 0.41 مارك، ئارپا 0.8، قىچا 0.35
مارك. توڭگۇزلارنى دەمسىز؟ بىر توڭگۇز كۈنىگە بىر مارك
ئۆسىدۇ. يۈز كىلوگرام كېلىدىغان توڭگۇز ئاران ئىككى يۈز
يىگىرمە مارك پايدا بېرىدۇ. لېكىن ئىش قاتىلاڭ چاغلاردا
ئەمگەك كۈچى ياللايمەن. ياللانما ئەمگەكنىڭ بىر سائىتى يىد-
گىرمە مارك. ھۆكۈمەت بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. گېرمانىيىدە
ھەر يىلى ئاشلىق، گۆش، سېرىق ياغ تاغلىرى پەيدا بولۇپ
تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ تاغلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زىيىنىغا
چەت ئەللەرگە ساتىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەرزان بولد-
غاچقا، دېھقانلار يەرلىرىنى سېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇل-
لىنىدۇ. گېرمانىيىنىڭ يەر مەيدانى ئىككى يۈز قىرىق سەككىز
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ مەيدانى بىر يۈز يىگىرمە
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئاتمىش مىليون ئادىمى بار. ھەر
بىر جانغا ئىككى مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. لېكىن گېرمانىيە
دېھقانلارنى قەدىرلىمەيدۇ. بىر كىلو توڭگۇز گۆشى 14.5
مارك، بىر كىلو ئۇن 0.6 مارك. توپ ئالسا 0.3—0.4 ماركقا
بېرىدۇ، نېمىشقا ئۇنداق؟ سەۋەبى، گېرمانىيە نېفىت، مال
بوغۇزى، گۆش قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئەرەبىستان، برازىلىيە،
يېڭى زېللاندىيىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرما-
نىيە ھەر يىلى چەت ئەللەرگە نۇرغۇن مىقداردا پۇل قەرز بېرىدۇ.
بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن برازىلىيىنىڭ ئەرزان يەم - خەشىكى، يېڭى
زېللاندىيىنىڭ يېڭى سويۇلغان، ئەرزان پاقلان گۆشى (ئىككى - ئۈچ

كۇنلۇك يېڭى گۈش) ، ئەرەبىستان نېفىتىنى سېتىۋالىدۇ. بۇن-
داق بولغاندىكىن، بىزدەك يېگىرمە - ئوتتۇز گېكتار يېرى بار
ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكى نېمە بولماقچىدى؟
— سىلەر قانداق يوللار بىلەن پۇل تاپىسىلەر ئەمىسە؟
— چارۋىچىلىقنى بىللە ئېلىپ بارىمىز.
— دېھقانلارنىڭ پېنسىيە، ئىشسىزلىق مائاشى بارمۇ؟
— يوق. ئورمان بىنا قىلساق ياكى يېرىمىزنى تېرىماس-
تىن ئاق قالدۇرساق بىر گېكتار يەرگە بىر مىڭ ئىككى يۈز
ماركىتىن پۇل بېرىدۇ.
مەن بۇ بىر جۈپ دېھقاننىڭ شۇنچە جىق نەرسىلەرنى بىلگى-
نىگە ھەيران بولدۇم. مەن ئۇلارنىڭ مەلۇماتىنى سورىۋىدىم،
ئېرىك سۆزلەپ بەردى:
— مەن توققۇزىنچى سىنىپنى تۈگىتىپلا دادامدىن قالغان
بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا خوجايىن بولدۇم. ئىككى يىل ئىشتىن
سىرتقى تېخنىكومدا، بىر يىل دېھقانچىلىق كۇرسىدا ئوقۇدۇم.
ھەممە ماشىنىلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن، ئۆزۈم ئىشلىتىمەن،
ئۆزۈم رېمونت قىلىمەن. بۇ قىز ھەمراھىمنى دەمسىز؟ ئۇ
ئالىي مەكتەپتە تىل فاكۇلتېتىنى تۈگىتىپ ئوقۇتقۇچى بولغان.
ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ماڭا ياردەمچى بولدى. پۇل ئۈچۈنمۇ
دەمسىز؟ ياق، ئۇنداق بولمىسا كېرەك. قېنى، بېفكىتتە ئۆزى
سۆزلەپ باقسۇن.
— ياق، بۇ يەردە مەكتەپتىن جىق پۇل تاپالمايمەن. مەن
ھەۋەس ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. مەن مۇسابىقە ماشىنىسى،
موتسىكلىت ھەيدەيدىغان تەنتەربىيىچى. ئوقۇتقۇچىلىق ماڭا يا-
رىمىدى. ھازىر بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە پېداگوگىكا ئىلمى بويىچە
بالا ئوقۇتمايدۇ. ئەقلىي تەربىيىنىلا كۆچەيتىدۇ، ئەخلاقىي تەر-
بىيە، گىگىينا بىلىملىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ.
— يېقىندا ھامبورگ قىرائەتخانىسىدا بىر دېھقانچىلىق

مەيداننىڭ خوجايىنى رومان ئوقۇدى. دېمەك، سىلەر گېرماندىيە دېھقانلىرى تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىكەنسىلەر، سىلەردىمۇ سىناق قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ئىشلار يوق ئەمەستۇر - ھە!

ئېرىك مېنىڭ سوئالىمغا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن بېسىلىپ ياتقان ئاشلىقىمنى پۇل قىلىۋېلىشنىلا ئويلايمەن. خۇدادىن ئاشلىق باھاسىنىڭ ئېششىنى تىلەيمەن. لېكىن مېنىڭ پۈتۈن ھەۋىسىم ماشىنىلاردا. ماشىنىلارنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ، بەزىدە قوشۇپ يۇغۇرۇپ باقىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئىشلىنىشى ئاددىي، كۆپ خىل ئىشقا يارايدىغان ماشىنا لايىھىسى ئۈستىدە تولا باش قاتۇرىمەن.

ماشىنا كېتىپ باردۇ، بىز بالتىق دېڭىزى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئېرىك توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

بالتىق تىنچ، كۆپكۆك چايكىلار ئادەمنىڭ بېشىغا قونىدۇ. ساياھەت پاراخوتلىرى، قەدىمكى يەلكەنلىك كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دېڭىز قىرغىقى بوك ئورمان، بىرلىرى ئېگىز، بىرلىرى يېڭىلاڭغۇ خوتىللار (سارايلار) كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۈپۈقنىڭ نېرىسىدا باشقا دۆلەت — دانىيە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— سىلەردە قوشنا ئەللەرگە بېرىش قىيىن بولمىسا كېرەك؟

— ئىختىيار، — دېدى توماس مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، — پاراخوت، ماشىنا، ۋېلىسىپىت بىلەن خالىغان ۋاقىتتا، ئەتراپىمىزدىكى خالىغان دۆلەتكە توسالغۇسىز چىقىپ كىرەلەيمىز. پاسپورتقا قاراپلا قويىدۇ، خالاس.

— خالىسىڭىز مەن سىزنى يەلكەنلىك كېمە بىلەن دانىيە ياكى فىنلاندىيىگە ئاپىرىپ كېلەلەيمەن. ئازراق رەسمىيەت ئۆتسەكلا بولدى. بىزدە بۇ ئىش ئۈچۈن بەش - ئالتە مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدۇ.

دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا «خوتىل» ئىدى. كەن. پىۋا - قەھۋەخانىلارمۇ تولا ئىكەن. ساياھەتچىلەرنىڭ تولىسى بوۋاي - موماىلار، ئۇلار دېڭىزنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە ياسالغان ساياھەت سۇپىلىرىدا رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ھەمراھى بىلەن مۇڭداشقاچ چايكىلارغا بولكا، مېۋە چېچىپ، چايكىلارنىڭ ئوزۇق ئۈچۈن قىلغان «كۈرەش»لىرىنى تاماشا قىلىشىدىكەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىلا گېرمانىيىلىك ئەمەس، — دېدى توماس ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، — بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئوقەتچىلەر، ساياھەتچىلەر كېلەلەيدۇ. ئەرەب سودىگەرلىرى، تۈرك ئىشچىلىرى، ھەتتا تايلاند يېزىلىرىدىن كەلگەن پاھىشە ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ باي بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز پاناھسىز ياشلارغا، ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئوقۇش پۇرسىتى، تاماق پۇلى، ياتاق پۇلى ۋە قوشۇمچە ئەمگەك قىلىپ (ئاشخانا، مېھمانخانىلاردا) پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

مېنىڭ ھەمراھىم پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ ماختانغىلى تۇردى. مەن چىدىمىدىم.

— ھەر كۈنى گېزىتتە نەچچە يۈز ھۆرەئى (پاھىشە ئاياللىرى) ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى چەت ئەللىكلەر ئىكەن. بۇمۇ چەت ئەللىك مۇساپىرلارغا قىلىنغان غەمخورلۇقمۇ؟ — دېدىم ئاخىر.

— شۇنداق. ئۇلارمۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسىپىي كىنىشكىلىرى، كوچا - رايونلىرى بار. قانۇن ئۇلارنىمۇ قوغدايدۇ. بىز بۇ خىل «كەسىپ»نى نومۇسلۇق دەپ بىلىشكە ئادەتلەنگەن.

مەن دوستۇمنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن بۇ گەپنى قىلغىنىدىن ئوڭايسىزلاندىم.

— غېپپا پاك كوچىلىرى ئۇلارغا تېگىل. ئۇ يەر ھام-

بورگنىڭ بىر ئاۋات جايى. بۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كەسىپنى ئېتىراپ قىلماي نېمە ئامال؟

ئۇ مېنىڭ ئوتايسىزلانغىنىمنى سېزىپ قوشۇمچە قىلدى.

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، مۈگدىشىۋاتقان بوۋاي - مومايلار، قۇچىقىدىكى يۆتىلۈق ئىتلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئالتۇن، بىرلىيانت بېزەكلىك ئاياللار، سۆيۈشۈۋاتقان يىگىت - قىزلار... ماشا يوچۇن، چۈشىنىكسىز بىلىنىشكە باشلىدى. مەن نېگىر ئايال بىلەن بېشىنى بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ ئولتۇرۇپ مۈگدىشىۋاتقان سېمىز گېرمانىيىلىكنى شەرەت قىلدىم:

— ئاۋۇ نېگىر ئايالمۇ ھۆرەئى بولسا كېرەك؟

— ياق، ئۇنداقلار چەكلەنگەن كوچىلاردىن چىقمايدۇ. ئۇ يەردىن چىقسا، ساقچىلار ئۇلارنى قامايدۇ. مۇنۇلار ئەر - خوتۇن. بىز گېرمانىيىلىك ئەرلەر ئاسىيالىقلاردىن ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز. ھەبەشلەر، ئاۋغانلار، خەنزۇلار، ۋېيتناملىقلار، ياپونلار، ئەرەب، تۈركلەردىن ئۆيلەنگەنلەر نۇرغۇن. ھېلىقى گىتلېر ئەتىۋارلايدىغان «سان ئارىيان» ئىرقى قالمىدى ياكى ناھايىتى ئاز، ئارىيانلار فرانسۇزلار، سلاۋيانلار، يەھۇدىيلار، گوللاندىيىلىكلەر، ئىسكاندىناۋىيىلىكلەر، ئىتالىيانلار، ئاۋستىرىيىلىكلەر، شۋېتسارىيىلىكلەر ۋە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ھازىرقى گېرمانىيىلىكلەرنى پەيدا قىلغان. سىز بىلىدىغان تۈركولوگ، ئالىم گابائىنمۇ تېگى فرانسۇز، ھازىر گېرمانىيىلىك. مېنىڭمۇ تېگىم يەھۇدىي.

مەن كەچقۇرۇن بىر ساغلام گېرمانىيىلىكنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. ئۇ توماسنىڭ قوشنىسى (ئۆي خوجايىنى) بەرگولت. بەرگولت پاكىز، يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، ئېگىز، ساغلام ئادەم. ئۇ دائىم قىسقا، قويۇق چاچلىق بېشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن تىك تۇتۇپ، سوغۇق ئۆكتەبىر كۈنلىرىدە سىرتتا كۆتىلەكچان يۈرەتتى. مەن ھەر دائىم ئۇنى ئالدىراش

ماشىنىغا چىقىۋاتقان ياكى ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان ھالدا كۆرەتتىم. ئۇ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى سەل ئېگىپ «گوتىن تاك[1]» دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۆيدە ئايالى ۋە بىردىنبىر ئۈچىنچى ئائىلە ئەزاسى بولغان ئون ئالتە ياشلىق يۈگلۈق پىستە بىلەن بىزنى تولىمۇ خۇشال ھالدا كۈتۈۋالدى. مەن بۇ گېرمانىيە سودىگىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭدىن يەككە تىجارەتچىلەر توغرىسىدا بىر ياخشى ماتېرىيالغا ئىگە بولماقچىمەن. مەن سىنچى كۆزلىرىم بىلەن سودىگەر ئۆيىدىكى خاسلىقنى ئىزدىدىم. بەرگولت ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائەت تاقالغان سول قولىنى ئېڭىكىگە تىرەك قىلىپ، گۈزەل چىرايىنى تاماشا قىلدۇرماقچى بولغاندەك، كۈل رەڭ موۋۇت قاپلىق دىۋاندا كۆك رەڭلىك، تولىمۇ چىرايلىق ئىران گىلىمى ئۈستىدىكى پۇتلىرىنى رىتىملىق مىدىرلىتىپ ماگا قاراپ ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ تېلېفونىڭىزمۇ ئالاھىدە ئىكەن، — دېدىم پىستە ئۈچۈن دۇخاۋا تاش، ماۋۇقلار بىلەن ماشىنا چاقىدەك قىلىپ ياسالغان «كارىۋات» يېنىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئاجايىپ شەكىللىك تېلېفوننى شەرەت قىلىپ، — قىممەتمۇ؟

توماس ماگا خەنزۇ تىلىدا:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى سوراشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلايدۇ، — دېدى.

— بۇ تېلېفون مەرمەر، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئېسىل مېتاللاردىن ياسالغان، باھاسى بىرنەچچە تۈمەن مارك!

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە سىنچىلاپ سەپسالدىم. بۇ ئۆيمۇ باشقا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدەك رۇسچە «Γ» («گ») شەكلىدە ياسالغان. پۈتۈن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى بىرلا چوڭ ئۆي. بۇ

---

① گوتىن تاك — ياخشىمۇسىز؟

ئۆينىڭ باغقا قارىغان تىمى ئەينەك. يەرگە تاپىنىدىن باشلاپ گۈلسىز يېشىل گىلەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئىران، ئەرەب، تۇنىس، ئىتالىيە، فرانسىيە، گرېتسىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ھەر خىل ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان. «Γ» نىڭ بۇ بېشىدىكى دۇگىلەك شەكىلدە جايلاشتۇرۇلغان مو- ۋۇت، سوكنا تاشلىق دىۋانلاردا بىز ئولتۇردۇق. «Γ» نىڭ يەنە بېشىمۇ، ئوتتۇرىسىمۇ ھەر خىل دىۋانلار، ئاجايىپ نەپىس، ياغاچ ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مېتال جاھازلار بىلەن بېزەل- گەن. لېكىن بۇ ئۆيدە مەن كۆرگەن گېرمانىيىلىك زىيالىيلار- نىڭ ئۆيلىرىدەك پۈتۈن - پۈتۈن تاملارنى ئىگىلىگەن كىتابلار بىلەن تولغان كىتاب جاۋەنلىرى يوق. گۈللەر، نەپىس بۇيۇملار ھەممىلا ئورۇننى ئىگىلىگەن.

— ئۆي قانداق ئىكەن؟ — توماس مەندىن خەنزۇ تىلىدا سورىدى.

— بىز شەرقلىكلەر ئۆيلىرىمىزنى تۆت بۇرجەك ياساشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن ئۆينى ئالتە بۇرجەك، سەككىز بۇرجەك، ھەتتا توققۇز - ئون بۇرجەك قىلىپ ياسىسىمۇ كۆركەم بولىدى- كەن. مەن ئۈچ بۇرجەك، بەش بۇرجەك، يەتتە بۇرجەك ئۆيلەر- نىمۇ كۆردۈم، بۇ ئۆيلەرمۇ ئالاھىدە بىلىنىدىكەن.

مەن ئۆزۈمنى ھەشەمەتكە قىزىقماي، غەلىتىلىككە قىزىققان قىلىپ كۆرسەتتىم.

— مەن سىزگە قانداق خىزمەت بىلەن ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن؟ — بەرگولت زەنجىرلىك، ئالاھىدە پۇرۇپكىلىق پىۋا بوتۇلكىسىنى بىر ئاجايىپ ئەسۋاب بىلەن ئېچىۋېتىپ مەندىن سورىدى. ئۇنىڭ پاكار، خۇشخۇي ئايالى مېۋە - چېۋە ئېلىپ كەلدى. يەنە بىر پەتنۇستىكى «گوللاندىيە ھارىقى» نى ئاپئاق قىرو قاپلىغانىدى.

— ماڭا گېرمانىيە سودىگەرلىرى بىلەن چوڭ سانائەتچىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەمسىزكىن؟

— چوڭ سانائەت شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىن بىر-نەچچە دوستۇم بار. مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويای. ئۇلار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىڭ، بىۋاستە كۆرۈشۈڭ. ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن ئوتتۇراھال سودىگەر. ئومۇمىي سەرمايەمنى سوراپ قالدىڭىز، بىزدە بۇ خىل سوئاللارغا ئادەتتە جاۋاب بېرىلمەيدۇ. سىز بۇ مىللىي ئادەتنى توغرا چۈشىنەلەيسىز. ئەمدى مېنىڭ تىجارىتىمگە كەلسەك...

ئۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

بەرگولت ليوبەك شەھىرىدە بەش كىشى ئىشلەيدىغان بىر ماشىنا زاپچاسلىرىنى ھەم توپ، ھەم پارچە ساتىدىغان چوڭ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ چوڭ ماشىنا زاپچاسلىرى زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن توختام ئارقىلىق مال ئالىدىكەن. ئالغان زاپچاسلىرىنى كىچىك دۇكانلار (بۇ خىل دۇكانلارنىڭ كۆپلىرى ماشىنىلارنى ماي بىلەن تەمىنلەيدىغان پونكىتلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ) غا توپ باھادا، شەخسلەرگە پارچە باھادا ساتىدىكەن. بۇ ئىشقا رىقابەت ناھايىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بازار باھاسى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئورتاق بازاردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۇكانلار خېرىدارلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئالدامچىلىقمۇ قىلىدىكەن. مەسىلەن «پالانى مالنىڭ باھاسى مۇنچە پىرسەنت چۈشتى، چاپسان سېتىۋېلىڭلار» دەپ ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ خېرىدارلار ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىغا ئولىشىدىكەن، شۇ باھانىدە دۇكاندىكى باشقا ماللارمۇ سېتىلىدىكەن.

— كۆپ ئوبوروت بولغاندا كۈنىگە قانچىلىك پايدا تاپالايسىز؟

— ئوخشاش ئەمەس، شارائىتقا باغلىق. مەسىلەن تۈيۇق-

سىز قار ياغقان بىر كۈنى مەن ماشىنا چاقىغا باغلايدىغان زەنجىردىنلا ئۈچ كۈندە ئوتتۇز نەچچە مىڭ ماركلىق ساتتىم.

— سانائەتچىلەر ۋەيران بولسا، ھۆكۈمەت ياردەم قىلامدۇ؟

— يۆلەيدۇ. مەسىلەن قەرز بېرىدۇ، تەتقىقات تېمىلىرى ئۈچۈن دۆلەت پۇل بېرىدۇ. بىر سانائەتچى بىر شەھەردە يېڭى زاۋۇت قۇرماقچى بولسا، شۇ شەھەر ئۇنى ئەرزان يەر، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— سەۋەبى ئىككى: بىرىنچىدىن، ئۇ زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارنى ئىشسىز قويماسلىق. ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا دۆلەت ئىشسىزلىق مائاشى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە زاۋۇتلارغا پۇل ياردەم قىلسا دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، بۇ سانائەتچىلەر خەلقئارا رىقابەتكە يارايدۇ. بىزنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رەقىبىمىز ياپونىيە، گېرمانىيە سانائەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ بۇ رەقىبىگە تاقابىل تۇرىدۇ، ھۆكۈمەتمۇ سانائەتچىلەرنى قوللايدۇ.

— لېكىن ياپونىيە بوش كەلمەيدۇ. مەسىلەن ئۇلارنىڭ «فېڭتىيەن» ماشىنا شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى يوق ئىكەن. ماشىنىلار زاۋۇتتىن بىراقلا بازارغا چىقىدىكەن.

— بىزنىڭ «بىنسى»[1] چۇ؟ ئىككى ئاي بۇرۇن زاكاز قىلىنىدۇ. دېمەك، ياسالماي تۇرۇپ بازارغا چىقىدۇ. «فېڭتىيەن»نىڭ بىزدە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، لېكىن «بىنسى»نىڭ ياپونىيىدە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتسە، سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خەلقئارادا بىزنى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى دەپ ئاتايدۇ. بىز ياۋروپادا بىرىنچى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا)، ئەمەلـ

---

[1] «بىنسى» — گېرمانىيىنىڭ داڭلىق كىچىك ماشىنىسى.

يەتتە غەربىي گېرمانىيە ياپونىيەدىن تۆۋەن ئەمەس.

— ياپونىيە پولات ئىشلەپ چىقىرىشتا يۇقىرى، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ، — ئاسىيالىقلارمۇ بوش ئەمەس.

— راست، راست، بۇمۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن ئۇ كەلگۈسىگە باغلىق.

— سىز ئەمگەك قىلامسىز ياكى خوجايىنلىق قىلىپلا ئولتۇرامسىز؟

— مەن ئەسلى بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدىم. ھازىرمۇ خىزمەتچى. دۇكىنىمدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت ئون سەككىزگىچە خىزمەتچىلىرىمگە ئوخشاشلا خىزمەت قىلىمەن. چۈشلۈك تاماقنى دۇكاندا يەيمىز. ئايالىم بىلەن ئەتىگەنلىكى چىقىپ كەتسەك، كەچتە بۇ ئۆيگە ئۇخلاش ئۈچۈنلا كېلىمىز. بىر يىلدا ئارانلا بىر ھەپتە دەم ئالىمەن.

— شۇنچە پۇلدار تۇرۇپ نېمىشقا پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرمەيسىلەر؟

بەرگولت مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— راھەت ئىش. مەن پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز قابىلىيىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مەن تېخى چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق سودىگەرلىرى بىلەن بەسلىشىمەن. بىلەمسىز، بىزنىڭ غەربىي گېرمانىيە رىقابەتلەشمىگەن بولسا تەرەققىي قىلالمىغان بولاتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە خەلقئارا رىقابەتتىن بىر مەھەل ئۆزىنى ئازراق تارتىۋىدى، چېكىندى، ھازىر بىزدىن نۇرغۇن ئارقىدا، ھالى خېلىلا خاراب.

— سىلەر سودىگەرلەر دۆلىتىڭلارنىڭ خەلقئارا ئورنىنى ئويلايدىكەنسىلەر ـ دە؟

— دۆلەت، مىللەت ھەممىدىن ئەلا. بىز ھەرقانداق جايدا بۇ ئىككى مۇقەددەس ئاتالمىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مەن بۇ تەكەببۇر، ياسانچۇق غەرب سودىگىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ خىل گەپلەرنى چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. غەرب سودىگىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ماڭا بىزدىكى ئايرىم سودىگەرلەرنى ئەسلەتتى. ئۇلارمۇ ئۆزى قىلىۋاتقان سودىنى ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ. لېكىن ئايرىملىرىمۇ بار، ئۇلار ئۆمرىدە بىر قېتىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس نامالارنى ئويلاپ قويمىغان ھەم ئويلىمايدۇ.

ئالدىراش سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن پىۋا بىلەن مېھمان بولۇپ قايتىپ چىقتۇق. بىزدە بۇ خىل مېھماندارچىلىق پۇچەكلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن رىقابەت، پايدا ـ زىيان، مىنۇت ـ سېكۇنت بىلەن ھېسابلىشىش، پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئايلانغان غەربلىكلەر يېرىم كۈنلەپ ياكى نەچچە سائەتلەپ مېھمان قىلىش، مېھمان بولۇشلارنى ئەيىب ھېسابلىسا كېرەك. ئۇلار سىزنى پىۋا ياكى چاي بىلەن مېھمان قىلىپ، تەكەللۇپ بىلەن بولسىمۇ «تاماق يەپ كېتىڭ» دېگەن سۆزنى ئېيتمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى شەكىللەندۇرگەن تۇرمۇش ئادەتلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يوچۇن ۋە غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

مەن ئەتىسى توماس ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىدىغان خانىم ھەيدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ھەيدى گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇ توماسنىڭ ئۆيىدە ئۆي ئىشى قىلىپ، سىرتتا ساتىراشچىلىق قىلىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ چىرايلىق كىچىك ماشىنىسى بار. ئۇ توققۇزىنچى سىنىپقىچىلا ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭ ئېرى توكچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ھەيدى توماسقا يىغلاپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى. توماس ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: ھەيدىنىڭ ئېرى بىر زاۋۇتقا توختام بىلەن ئىشقا كىرگەنىكەن.

توختامغا، قاچانكى بۇ توكچى ئىشتىن ھەيدىلىدىكەن، زاۋۇت خوجايىنى ئۇنىڭغا ئون مىڭ مارك تۆلەيدۇ، دەپ يېزىلغانىكەن. ھەيدىنىڭ ئېرى هاراق ئىچىپ ئىشقا بارغانلىقى ئۈچۈن خوجايىن ئۇنى ئىشتىن ھەيدەپتۇ. توكچى ھەقلىق ھالدا بىر تۈمەن مارك تەلەپ قىپتۇ. خوجايىن «ئون مىڭ مارك بېرىمەن، لېكىن ئارخىپىڭغا ‹ ھاراقكەش › دېگەن سۆزنى يازىمەن» دەپتۇ. ھەيدى مۇشۇ ئىشقا يىغلىغانىكەن. مەن: «ئون مىڭ ماركنى ئالسا بولمىدىمۇ، يازسا يازمامدۇ» دېدىم. توماس قايغۇرۇپ: «ياق، ئۇنداق قىلسا، توكچىنى ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئازراق پۇل خەجلەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش كېرەك» دېدى.

— بۇ ئىش ئۈچۈن ئادۋوكاتقا قانچىلىك پۇل تۆلەشكە توغرا كېلەر؟

— ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ يۈز مارك.

گېرمانىيە جەمئىيىتىدە ئادۋوكاتلار ئەتىۋارلىق ئىكەن. خىلمۇخىل دەۋالار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىكەن. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ يېزىدا ئادۋوكاتلار ئارىلاشقان ئىشلاردىن يېقىندىلا بىرى بوپتۇ. بۇ بىر كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، بۇ ئىش مېنى قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ خاتىرەمدىن ئورۇن ئالالىدى: بىر دېھقان ئۆز يېرىنى بىر كارخانىچىغا ئىختىيارىي بىلەن سېتىپتۇ. كارخانىچى بۇ يەرگە زاۋۇت قۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار زاۋۇت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا مۇزاكىرە قىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئالتە كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇپ كارخانىچى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ياق، قۇرغۇزمايمىز، — دەپتۇ بىر قىسىملىرى، — زاۋۇت ھاۋانى بۇلغايدۇ، تەبىئەتنى سەتلەشتۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ باشلىقى پېنسىيىگە چىققان بىر دورىگەر ئىكەن.

— كىشىلەرنىڭ ئۆز يېرىدىن پايدىلىنىش هوقۇقى بار،
بۇنىڭغا ئارىلىشىش يولسىزلىق، — دەپتۇ يەنە بىر قىسىملار.
بۇلارنىڭ باشلىقى بىر ياش باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى
ئىكەن.

بىر كۈنى مۇئەللىم تۇيۇقسىزدىن: «كۆزقارىشىڭنى ئۆز-
گەرت، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن قان بەلگىسى بار خەت-
نى تاپشۇرۇۋالىدىكەن. مۇئەللىم بۇ خەتنى خىمىيىلىك ئانالىز
قىلىش يولى بىلەن قانۇن ئارقىلىق هېلىقى دورىگەرنىڭ خېتى
دەپ ئىسپاتلايدىكەن. دورىگەرمۇ خۇددى شۇ يول بىلەن بۇ خەت
ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىكەن. بۇ چىگىش ماجىرا ئۇ-
چۇن هەر ئىككى تەرەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىدىكەن.

گېرمانىيىلىكلەر تەبىئەت، مۇهىت بۇلغىنىشىغا قارشى
دائىم كۈرەش ئېلىپ بارىدىكەن. بۇ كۈرەشلەردىمۇ ئادۋوكاتلار-
نى ياردەمگە تەكلىپ قىلىدىكەن. بەزىدە ئۇلار دۆلەت ياكى شتات
رەهبەرلىرىنى بىۋاستە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستايدىكەن.
مەسىلەن قاتناش ئىدارىسى بىر قېتىم يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ
دۈپ دەرىخىنى كەسمەكچى بوپتۇ. مەهەللە ياشلىرى بۇنىڭغا
قارشىلىق بىلدۈرۈپ هەيئەت قۇرۇپتۇ. مەهەللە خەلقى قاچا
گۈللىرىنى دېرىزىلەرگە مەلۇم بەلگىلەر بويىچە تىزىپ[①] ياشلارنى
قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياغاچ كەسكىلى كەلگەنلەر خەلق-
نىڭ قارشىلىقىنى كۆرۈپ كېسەلمەپتۇ. ئىككى تەرەپ شەهەر
باشلىقىغا خەت يېزىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ.
شەهەر باشلىقى كېلىپ دەرەخنى كۆرۈپ:

— ياشلارنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق. بۇ ئىككى يۈز نەچچە يىللىق
دەرەخ كېسىلسە ئەتراپ سەتلىشىپ كېتىدۇ. يول بۇ دەرەخنى ئە-
گىپ ئۆتسە بولىدۇ، — دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپتۇ.

---

① بۇ گېرمانىيە ئادىتى.

ئاتوم، راكېتا قوراللىرى بازىلىرىنى قوغۇشقا قارشى تۇ-
رۇش كۆرىشىمۇ بەزىدە ئەنە شۇ خىل مەھەللە ئاكتىپلىرىنىڭ
ئۆزئارا ياكى خەلققە يېزىشقان خەتلىرى ئارقىلىق شەكىللىنىدى-
كەن. مەن غەربىي گېرمانىيىدە زىيارەت قىلىپ يۈرگەن كۈن-
لەردە، غەربىي گېرمانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر شتا-
تى①شىلىسۋىك ھولىشتاتىنىڭ زۇڭلىسى بارشەل شۋېتسارىيىگە
دەم ئالغىلى بېرىپ مېھمانخانا مۇنچىسىدا ئۆلگەندى. بۇ ئۆلۈمنىڭ
سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ئىشىغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى رادىئو -
تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردە ھەممە خەلق دىققەت قاتناشتى. زۇڭلى
ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر كاتىپى كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدى-
غان ئومۇمىي سايلام ھارپىسىدا سۆز سۆزلەپ، زۇڭلىنىڭ بەزى
ئەيىبلىرىنى پاش قىلغان. زۇڭلى ئۆزىنى ئاقلاپ تېلېۋىزىيە
نۇتقى سۆزلىگەن. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغان.
بۇ توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ھەممە ئائىلىلەردە دىققەت بولۇپ
تۇردى. بىر ئايغا قالماي خۇلاسە چىقىرىلدى: ئۇ ئەسلى سابىق
گېرمانىيە زۇڭلىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىسماركنىڭ
(1815 - يىلى تۇغۇلغان، 1862 - يىلى زۇڭلى، تاشقى ئىشلار
مىنىستىرى بولغان، 1890 - يىلى تەختتىن چۈشكەن، 1898 - يىلى
ۋاپات بولغان) نەۋرىسىگە ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇ توي مۇراسىمىدا
بىسماركقا سادىق بولۇشقا قەسەمياد قىلغانىكەن. ئۇ گەرچە كا-
تىپ پاش قىلغان ئەيىبلىرىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلىگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇ ئەيىبلەر زۇڭلى بارشەلنىڭ بىسمارك شەنىگە
داغ چۈشۈرگەنلىكىنى ئاقلىيالماپتۇ. ئۇنى ئايالى ۋە ئايال تەرەپ
تۇغقانلىرى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. دېمەك، زۇڭلى ئۆلۈۋې-
لىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ مەسىلىنى ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ تەھ-
لىل قىلىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. غەربىي گېرمانىيىلىكلەر

---

① جەمئىي ئون بىر شتات بار.

ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت
قىلىدىكەن. قەھرىمانلارنى، ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقنى قوغداش
جېڭىدە قۇربان بولغانلارنى دائىم خاتىرىلەيدىكەن. مەن ليونە-
بورگ شەھىرىدە بۇ مىللىي روھنى ئويغىتىشقا مۇناسىۋەتلىك
ئىشلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىچىدە، ھېنرىخ ھېينى 1823 -
يىلى بىر يىل تۇرغان ئۇچ قەۋەتلىك ئۆي (يالغان دېرىزىلىرى
بىلەن ئالتە قەۋەت) نىڭ ئۆز پېتى ساقلانغانلىقى، بۇ شەھەرنىڭ
(بۇ قەدىمىي تۇز كانى 980 - يىلىدىن باشلاپ شەھەر بولۇپ
قۇرۇلغان) تۇرك ئىشچىلىرى ئولتۇرىدىغان تار، ئارقا كوچىلى-
رىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا 1813 - يىلى ناپولېئون ئىستېلا-
سىغا قارشى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ مۇشتۇم سۈرەتلىرى
مەرمەر بىلەن ياسالغانلىقى ۋە تېگىگە خاتىرە سۆز يېزىلغانلىقى
ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ. ئېلبا دەرياسى بويىدىكى بېسمارك يېزى-
سىمۇ ئەينەن ساقلانغان. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوۋچىلىق قىلغان
ئورمانلىقىنى دۆلەت قوغدايدىكەن (ئەينەن ساقلانغان)، ئۇنىڭ
مۇزېيى (قەبرىسىمۇ شۇ يەردە) يېنىدىكى ئاشخانىغا بۇغىلارنىڭ
مۈڭگۈزلىرى، ئارقار باشلىرى، ئېيىق، كېيىك تېرىلىرى،
ئوۋ مىلتىقى، ئوقيالار ئالاھىدە ئورۇنغا ئېسىلغان.

بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن مىللىي غۇرۇردىن ئۇس-
تۈن نەرسە بولمىسا كېرەك. بىر ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ ئۇنىڭ
ۋەتەن خەلقى (مىللىتى) ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچى-
نىدۇ. ئادەملەر بۇ تۆھپىسىنى ھەر خىل ئىش، ھەر خىل يوللار
بىلەن يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئۇلۇغ، بىرلىرى ئاددىي
بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ۋەتەن، خەلقنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن
ھەسسە قوشالىسىلا قەدىرلىك، خائىنلىق - ساتقۇنلۇق قىلسىلا،
قارا يۈز بولۇپ قالىدىكەن. غەربىي گېرمانىيىدە دۇنيانى چاڭگى-
لىغا ئېلىش ئۈچۈن غالجىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، گېرما-
نىيىنىڭ يۈزىنى تۆككەن گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ

ھېچقانداق يەردە نام ـ نىشانى قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر بولمىغان، خارلانغان، ھەتتا ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغان جەڭچى-لەرنىڭ نامى بىلەن مۇشتۇمىنىڭ ساقلانغانلىقى، مۇزاتتەك، «يارامسىز ئەر» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى مۇزىللادەك ئاۋستىرد-يە سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەيكەل مۇزېيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ-نىڭ مىسالى...

مەن «لىيوبەك گېزىتى» مۇخبىرى بىلەن گېرمانىيە جەم-ئىيىتى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتىم. مەن: «گېرمانىيىدە كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىلا بىز ئۈچۈن ئۈلگە بولۇۋەرمەيدۇ. مەن تۇزۇمى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، پىسخىك ئادىتى، تۇرمۇش شارائىتى ئوخ-شاش بولمىغان مىللەتلەر، خەلقلەر توغرىسىدا ئۆز خەلقىمگە سۆزلەپ بېرىشنى خالايمەن» دېدىم. ئۇ:

— گېرمانىيىدە سىز قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلار كۆپ. مەسىلەن گېزىتلىرىمىزدە يالىڭاچ ئادەم رەسىملىرى، پاھىشە ئاياللىرىنىڭ ئېلانلىرى، بىمەنە مۇسابىقىلەردىن: چىراي مۇسا-بىقىسى، مۇسكۇل كۆكرەك مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىلىرى بېسىد-لىپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز، بىزدە بۇلاڭچىلىق، قاتىل-لىق مەۋجۇت. بانكىلارنىڭ ناچار ئەپت ـ بەشىرىسى بىلەن يارىماس ئىشلىرى، پاھىشىخانىلار، كوچىلاردا پۇل تىلەپ ئېلان قەغەزلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان دېۋانىلەردىن باشقا، يەنە بىزلەر-گە يات تۈيۈلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار مەۋجۇت. لېكىن بىزنىڭ خەلقىمىز ياخشى. ئۇلار ئەمگەكنى، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن-نى، گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ناچار نەرسىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز.

— سىلەردە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش زامانىۋىلاشقان. مەسىلەن ھەممە ئۆيدە دائىم ئىسسىق سۇلۇق مۇنچا بار ئىكەن، پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئىس چىقىد-

غان يېقىلغۇلار ئىشلىتىلمەيدىكەن، تۇرخۇن، ئىس يوق شەھەر-لەرنى مەن مۇشۇ دۆلەتتىلا كۆردۇم. تېلېفون، كىچىك ماشىنا ھەممىلا ئائىلىدە بار ئىكەن، قاتناش، پوچتا، بانكا ئىشلىرى يۈرۈشلەشكەن، ئۆچىرەت جىددىيلىكى يوق ئىكەن. ئاپتوبۇس، پويىز، ئاشخانىلاردا بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان ئادەملەر سالاملىشىدىكەن، قېرىلار بىلەن بالىلار ھۆرمەتلىنىدىكەن. ئام-مىۋى مۇلازىمەت بىزنىڭكىدىن كۆپ ياخشىكەن. ماگىزىن، كى-نو - تىياتىرخانا، قىرائەتخانا، كىتابخانا، كۆرگەزمىخانا قاتار-لىق ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى خېرىدارلارنى تولىمۇ ياخشى كۈتى-دىكەن. ئېلېكترلىك مېڭە، ئېلېكترلىك ھېسابلاش ماشىنىسى-دىن كەڭ پايدىلىنىدىكەنسىلەر. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ مائارىپى بەك تەرەققىي قىپتۇ. مەسىلەن فرايبورگ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى يۈز مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. لېكىن ئۇ يەردە ئوتتۇز بەش مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن (چەت ئەللىك، باشقا شەھەرلىكلەر كۆپ). ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان، تەرەققىي قىلغان، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان - ئوتتۇرىلاشقان. مۇشۇنداق بىر دۆلەتتىمۇ كىشىلەر خالىمايدىغان بەزى ناچار نەرسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت مۇكەممەل، توققۇزى تەل بولال-مايدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغان دۆلى-تىمىزدىمۇ بىز خالىمايدىغان ئىشلار بار (بەزى ھاللاردا كۆپ) لېكىن بىر جەمئىيەتكە پەقەت نىسپىي باھا بېرىشكىلا بولىدۇ. مەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى تېخى تولۇق بىلىپ كېتەل-مىدىم. ماڭا بۇ جەمئىيەتنىڭ بەرگەن بىرىنچى تەسىرى بايلىق ۋە پاراۋانلىق!

مېنىڭ سۆزلىرىم گېزىتكە بېسىلدى. توماسنىڭ ئايالى ئۆز ئۆيىدىكى مېھماننىڭ سۈرىتى بىلەن سۆزلىرى گېزىتكە بېسىلغانلىقتىن بەك خۇشال بولدى. ئۇ:

— لېكىن، سىز ئۆز دۆلىتىڭىزنىڭ بىزنىڭكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلماڭ. بىز بۇ خىل زامانىۋىلىشىشتىن نارازى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ھەممىنى سىلەرنىڭكىدەك قىلىشنى بىزمۇ خالىمايمىز. بىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىمىزنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز شەكلى بولىدۇ. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن رازى ئەمەس. بىز تېخى كەمبەغەل، نۇرغۇن جەھەتتە ئارقىدا ئىكەنمىز. بىز ئورنىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.

## بىزگە قىزىقىدىغان، لېكىن بىزنى بىلمەيدىغان ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا

غەربىي گېرمانىيە ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇيغۇرنى چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان ئۈچ خىل ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار: جۇڭگوشۇناسلار، شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار. بۇلار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە خىلمۇخىل تەتقىقات تېمىلىرى بويىچە ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ياكى ھەۋەسكارلار.

توماس ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارغا مېنى تونۇشتۇرغانىدى. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا مېنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى ۋە باشقا تېمىلاردا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تېلېفون، باغاق ۋە خەتلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا غەربىي گېرمانىيە زىيالىيلىرىغا سۆزلەپ بېرىشكە رازى بولدۇم. مەن بۇ بىر سائەتتىن ئاشماسلىق شەرتى

بىلەن (دوكلات يېرىم سائەت، سوئال - جاۋاب يېرىم سائەت)
سۆزلىنىدىغان سۆزۈمنى خەنزۇچە تەييارلىدىم. توماس ئەپەندى
ئىككىمىز نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق. توماس ئەپەندى بۇ
دوكلاتنى ماشىنكا بىلەن بىرنەچچە نۇسخا قىلىپ تەييارلىدى.

مەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى سۆزلەش ئۈچۈن
ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە گەپ قىلىشىم
كېرەك. بۇ ئىشتا مەن فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، توماس
ئەپەندىنىڭ ئائىلە قىرائەتخانىسىدا بار بولغان ماتېرىياللاردىن
پايدىلىنىپ، ئۇرخۇن - رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى-
قىدىكى ھازىر بار بولغان يازما ئەدەبىيات، قاراخانىلار دەۋرى،
XIII ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە (موللا بىلال، شا-
كىرلارغىچە) بولغان ئاتالمىش «چىغاتاي ئەدەبىياتى» (بىز بۇ
ئاتالمىنى توغرا قوللانمىغان ئوخشايمىز)، ئازادلىققىچە بولغان
يېڭى ئەدەبىيات، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات قاتارلىق دەۋرلەر
بويىچە ۋەكىللىك ئورنى، سالاھىيىتى بار دەپ تونۇغان ئەدىبلەر
بىلەن ئەسەرلىرىمىزنى ساناپ ئۆتۈپ، ئۇلارغا قىسقىچە ئىزاھات-
مۇ بەردىم. مۇشۇ يول بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇ-
قۇمنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولدۇم. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن
بېرىقى گۈللىنىشنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى ئەلۋەتتە بىزنىڭ مول
ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى. ئەدەبىي مىراسلىرىمىز-
نىڭ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بۇگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ
گۈللىنىشىدە رول ئوينىيالىشىمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بېرى-
قى توغرا سىياسەتنىڭ مەھسۇلى. مانا بۇ نۇقتا مېنىڭ ئېيتماق-
چى بولغان ئاساسىي گېپىم. بۇ گېپىمنى هازىرقى كۈندە خەل-
قىمىز ئالقىشلاۋاتقان ئاپتورلىرىمىز ۋە ئەسەرلىرىمىزنى تونۇش-
تۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلىدىم.

مېنىڭ بىرىنچى دوكلاتىم بېرلىن «ئەركىن ئۇنىۋېرسىتې-
تى»دا بولدى. مانجۇشۇناس پروفېسسور ماندې مېنى دوكلات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىڭشىغۇچىلارغا تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ تەرجىمىھالىم، ئەسەرلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز دوكلاتىمىزنى ئوقۇدۇق. (نېمىسچىسىنى توماس ئەپەندى ئوقۇدى، مەن سوئاللارغا جاۋاب بەردىم). دوكلاتقا غەربىي گېرمانىيىلىك زىيالىيلاردىن باشقا، ۋەتىنىمىزدىن بېرلىنغا بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئاسپىرانتلارمۇ قاتناشتى. تونۇشتۇرۇش ۋە دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن كۆپچىلىك بارماقلىرى بىلەن ئۇستەللىرىنى چېكىپ (بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن) قىزغىن قوللىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكلات ئۇلاردا قىزىقىش قوزغىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ سوئاللىرى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى توغرىسىدىكى سوئاللار مېنى ئوبدانلا تەرلەتتى. بولۇپمۇ سېمىز، تاقىر باش، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان (ئۇلارنىڭ يېشىنى سوراش ھۆرمەتسىزلىك بولىدىكەن) ئادەم ئۆزىنىڭ مۇھىم، ئادەمنى قىينايدىغان سوئاللىرى بىلەن مېنى ھودۇقتۇردى. ماڭا ئۇ مېنىڭ بىلىمىمنى سىناش ئۈچۈن ئەتەي قىيىن سوئاللارنى سوراۋاتقاندەك، مېنى مەسخىرە ـ كۈلكىسىگە قويماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇ ئايالى بىلەن چىرايلىق ئايال شاگىرتىنى باشلاپ، سۇرلۇك كىرىپ كەلگەندى. لېكىن مەن مەسخىرە ـ كۈلكىگە قالمىدىم، ئەكسىچە ھۆرمەت ـ ئالقىشقا ئىگە بولدۇم.

دوكلاتتىن كېيىن ھېلىقى تاقىر باش ئادەم مەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈركولوگ ۋە ئىرانشۇناس فېرانگىر ئىكەن.

ئۇ تۈرك تىلىدا تولىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيتتى. پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پۇختا بىلىدىكەن. ئۆزبېك تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنىمۇ خېلى ياخشى بىلىدىكەن. پروفېسسور فېرانگىر شۇ ئاخشىمى بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايالى، شاگىرتى

بىلەن ئالاھىدە كېلىپ مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلىغانلىقى ۋە قىيىن سوئاللار بىلەن مېنى مەڭدەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم: ئۇ ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىكەن، لېكىن بىزنى بىلمەيدىكەن.

كېيىن پروفېسسور ماندېنىڭ، دېرىكنىڭ ئۆيىدە پروفېسسور فېرانگىر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماندېنىڭ ئايالى رەنا خانىم (ئۆزبېك) بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدىم (ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشتى).

— ئۇيغۇرلار بىلەن سىلەر ئۆزبېكلەر تېخى يېقىنغىچىلا بىر مىللەت ئىدىڭلار، — دېدى فېرانگىر رەناغا قاراپ، — مۇقىمى، فۇرقەتلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن. ئۇلار پەرغانە، بۇخارا، قوقەن، تاشكەنت، قەشقەر، يەكەنلەرنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ئاتىغان.

نەۋائىينىمۇ بۇ كىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل قىلىپ سۆزلىدى، مېنىڭچە بۇنداق دېيىش ئورۇنلۇق.

— لېكىن، مەن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى رەناخان ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — چىرايىمىزدىمۇ ئوخشاشلىق بار ئىكەن. مەن بۇ كىشىنى (مېنى دېمەكچى) كۆرۈپلا ئۆزبېك ئىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم.

— بۇ، تاماقنى نېمە دەيسىلەر؟ — مەندىن سورىدى فېرانگىر رەناخاننىڭ بىر خىل تامىقىنى كۆرسىتىپ.

— چۆچۈرە.

— چۆچۈرە. مانا بۇ گەپ پارسچە. پارسچە گۆشۋەرە، گۆشبارەدىن ئۆزگەرگەن. بۇ تاماقنى پارسلار بادىغان دەيدۇ. سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

— بىز بۇ تاماقنى خەنزۇچە ئاتايمىز، يەنى، گاڭپەن دەيمىز.

ئۇلار مەندىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئادىتى، تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تولىمۇ قىزىقىپ ھەۋەسلىنىپ سورىدى، خاتىرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋالدى. هامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە پروفېسسورى كاپپارت خانىم، فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە ـ تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئامېرىكا، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىقىنى شەرقنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئالىم كەللىنە خانى، فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جەمئىيەتشۇناس گودولىن خانىملار مەخسۇس مېنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنلا سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇردى. هەر قېتىمقى سۆھبەتكە خىلمۇخىل تېمىلار بويىچە شەرقنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، ئوقۇغۇچىلار، جۇڭگو ـ شىنجاڭغا بارغان ساياھەتچى قېرىلار قاتناشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر توغرىسىدا تولىمۇ قىزغىن سوئاللارنى سوراشتى، ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئادىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مائارىپ ئىشلىرىمىز توغرىسىدا ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىنىڭ راست ـ يالغان ئىكەنلىكى، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ گېرمانىيە خەلقى توغرىسىدا چۈشەنچىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نېمىس تىلىدا، بىرلىرى تۈرك، پارس تىللىرىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا دۇدۇقلاپ بولسىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بىرەر كىشىمۇ ماڭا يولۇقمىدى. «ياخشىمۇسىز؟» نى بىلىدىغان بىرنەچچە ساياھەتچىنى كۆردۈم.

فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن بەمبەرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئىنگە (بورگ) ئىسىملىك ئايال بىلەن ئۈچ سائەت سۆھبەتلەشتىم. ئۇ كىشى ئۆزبېك تىلىدا تولىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئافغانىستاندا ئىككى يىل تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا مەندىن ياردەم سورىدى. مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردىم ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلارنى هەدى-

يه قىلدىم. فرايبورگ يۈز مىڭ نوپۇسلۇق كىچىك شەھەر بول-
غىنى بىلەن، ئۇ يەردە ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىسى بار ئىكەن. ئىجتىمائىي پەن بىناسىنىڭ ئالدىغا گومىر
بىلەن ئارىستوتېلنىڭ ئاقىنا ئىسسىقىغا چىداپ ئىلىم بىلەن
مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېرىم يالىڭاچ، قەلەم،
قەغەز تۇتقان ھالەتتىكى ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. بۇ ھەيكەلدە ئىپا-
دىلەنگەن ئىلىمگە بېرىلىش روھىنى مەن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ
قىرائەتخانىسىدا ئەينەن كۆردۈم. مەن تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى
شارلىق ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇردۇم.
شارلىق ئەپەندى «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» ناملىق كىتابى
بىلەن غەربىي گېرمانىيىدە نام قازانغان ئادەم. تۈركچە ماتېرى-
ياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىققان بۇ كىتابىدا ئۇ گېرمانىيى-
لىكلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ تۈنجى
ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزدى
ۋە كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندى. ئۇ
شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ-
قىلىدىكەن. ئۇ تۈركچە رومانلاردىن ئىككىسىنى (تۈرك يازغۇ-
چىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن) نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىپتۇ. مەن
شارلىق بىلەن بولغان كۈنلەرنى تۈرك تىلى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى
پۇرسىتى بىلدىم. ئۇ دەرسكە چىقىپ كەتكەندە، مەن فرايبورگ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك
تىللاردىكى مول كىتابلىرى بىلەن تولغان، ئۈنلۈك پاراڭلىشىش
قاتتىق مەنئى قىلىنغان قىرائەتخانىسىغا كىرىمەن - دە، نەچچە
سائەتلەپ كىتاب ئوقۇيمەن. «بابىرنامە»، «زەپەرنامە» (ئەلى
يەزدىنىڭ تۆمۈرگە بېغىشلانغان كىتابى) نى مەن شۇ كۈنلەردە
ئوقۇدۇم. بۇ كىتابلارغا بېرىلگەن ئۆزبېكچە، تۈركچە ئىزاھات-
لارنىمۇ شۇ يەردە كۆچۈرۈۋالدىم. «چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلى-
رى» نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى توملىرىنىڭ تۈركچە نەشرىنى

ئوقۇپ «تۈرك تىلى سەۋىيەم»نى ئۆستۈردۈم. مەن شارلىف ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى، فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بىناسىنى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى گومىر، ئارىستوتېللارنىڭ كىشىگە ئىلھام ۋە غەيرەت ھەدىيە قىلىدىغان ھەيكەللىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. بولۇپمۇ تۈرك ـ پارس تىل ـ ئەدەبىيات قىرائەتخانىسىدا دائىملا قارىسام كىتابقا قادىلىپ ئولتۇرىدىغان ھەر خىل مىللەتتىن بولغان قىز ـ يىگىتلەر مېنى ئۈمىد ۋە ھەۋەس بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ياشلار ئىچىدە بىرەر ئۇيغۇر بالىسى ياكى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياش ستۇدېنتلار يوق.

ئۇيغۇرلارغا قىزىققۇچىلارنىڭ كەسپلىرى ھەر خىل بولۇش بىلەن مىللەتلىرىمۇ ھەر خىل. پروفېسسور گۇدولىك ئۆز ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرغان سۆھبەتكە يەتمىش نەچچە ياشلىق موماي مەخمە، رۇسچە سۆزلەيدىغان جەمئىيەتشۇناس پروفېسسور، تېببىيدە خەنزۇچە ئۆگەنگەن ياش قىز (بۇلارنىڭ مىللىتى نېمىس)، كانادالىق (يېرىم قارا تەن) ئايال، ياپونىيىلىك ستۇدېنت، جۇڭگولۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جيەن قاتارلىقلار قاتناشتى. بۇ يىگىرمىدەك ئادەمنىڭ بىرلىرى نېمىس تىلىدا، بىرلىرى رۇس تىلىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلى، تۈرك تىلى، پارس ـ ئەرەب ئارىلاشما تىللاردا سوئال سورىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەرجىمان تېپىلىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشلىرىنى شۇ تىللاردا ئىپادىلىدى.

فرانكفورتتىكى سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلار ئىچىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار كۆپ بولدى. قازاقچە ئوبدان سۆزلىيەلەيدىغان ئىگىز يىگىت، قىرغىزچە بېيىتلارنى يادلىۋالغان سېمىز ئايال، تۈركچە تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيدىغان دوكتور ئايال بىئارت رىكىس (ۋېنگرىيىلىك)، ئۇنىڭ يولدىشى مەسئۇت (تۈرك) لار ماڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى

كىتابلارنى ئوقۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ زوقلاندى. مەن ئۇلارغا «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلە-رى» ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، «ماناس» ، «ئالدار كۆسا» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق تىللىرىدا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

— ئاۋازىڭىز بىز بىلەن قالىدۇ، سىز كەتسىڭىزمۇ بىز سىز بىلەن سۆزلىشىۋېرىمىز، — دەپ چاقچاق قىلدى پروفېس-سور كەللىنە.

مىيۇنخېندىكى سۆھبەتتە مەن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈرك، ئۇيغۇرلار ۋە بۇ مىللەت-لەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى (نىكاھلىنىشى) دىن پەيدا بولغان ھەر خىل قانلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ھەر خىل، قىزىقارلىق ئىدى.

— 1941 - يىلى قوقاندىن سوۋېت ئەسكىرى سۈپىتىدە جەڭ مەيدانىغا كەلدىم، — دەپ ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى ئات-مىش يەتتە ياشلىق ئىلمىي خادىم قادىرقۇل ھاياجانلىنىپ، — شۇ يىلى پولشادا نېمىسلارغا ئەسىر چۈشتۈم. مەن بارمىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قالمىدى. بايمۇ بول-دۇم، راھەتمۇ كۆردۇم، لېكىن قوقاندىكى كىچىككىنە يېزام بىر كۈنمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. مەن ئاسىيانى، ئۇ يەردىكى پاك دىل خەلقنى تولىمۇ سېغىنىمەن، لېكىن بارالمايمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ بارالمايمەن. ئەسىرگە چۈشكەنمەن. بىلەمسىز، ھا-زىرغىچە ئەسىرمەن. ئەركىن يۇرۇۋاتقان تۇتقۇنمەن!

ئۇلارنىڭ بىزگە ھۆرمىتى تولىمۇ چوڭ ئىكەن. مەن ئۇلار-غا 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن، راۋاجلانغانلىقىنى مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز-

www.uyghurkitap.com

نى بىلمەيدىكەن، بەزى ئەھۋاللارنى خاتا ئاڭلاپ قالغان، بەزى ئىشلارنى، ئەھۋالنى بۇرمىلاپ سۆزلىگۈچىلەردىن ئاڭلاپ، خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. مېنى ئاسىيالىقلارغا خاس بولغان مېھماندوستلۇقى بىلەن ئۆيلىرىدە، ئاشخانىلاردا قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى.

بېرلىنلىق جۇڭگوشۇناس ياش تەتقىقاتچىلاردىن ئەر - ئايال ماغەيلە بىلەن ئىنگولار مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز تولۇق يېرىم كۈن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلار جۇڭگو ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىغا قىزىقىدىكەن. ئۇلار ماڭا جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى، ئۇلار ئىچىدىكى قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولغان ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ياش ئاپتورلاردىن جاڭ جيېنىڭ «ئېغىر قانات» ناملىق ئەسىرى بۇ يەردە ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. بۇ ئەسەر نېمىس تىلىدا تۆت قېتىم نەشر قىلىنغان. كلاسسىك ئەسەرلەردىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «جىن پىڭمېي» لارنى ساۋاتلىق گېرمانىيىلىكلەر تولۇق دېگۈدەك بىلىدىكەن. «يىپەك يولىدىكى رىۋايەتلەر»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» مۇ نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنىپ ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. لاۋشېنىڭ «شياڭزى تۆگە»، «چايخانا» سى، گومورونىڭ «ئۆسمۈرلۈك چېغىم»، «باللىقىم» ناملىق ئەسەرلىرى، بىيداۋ، شۇتىڭلارنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ماقالىلەر يېزىلىپ ماختىلىپتۇ.

ھازىرقى زامان شەرق يازغۇچىلىرىدىن چىڭغىز ئايتماتوف غەربىي گېرمانىيىدە تولىمۇ يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق دېگۈدەك نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1987 - يىلى فرانكفورتتىكى خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە ئايتماتوف تەكلىپ بىلەن كېلىپ قاتناشقان. غەربىي گېرمانىيە

زۇڭتۇڭى ۋەيت سەككار مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا
جاۋاب بېرىپ «مەن ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن»
دېگەن. ئايتماتوف: «مېنىڭ ھەرقاچان چەت ئەلگە چىقسام بىللە
ئېلىپ چىقىدىغان ئىككى ئېسىلىم بار. بۇلار ‹ماناس› بىلەن
مۇختەر ئەۋېزوف. بۇ ئىككىسى يېنىمدا بولسا، مەن ھېچ يەردە
خىجىل بولمايمەن» دەپ ئېيتقان. مەن ئايتماتوف بىلەن خۇ-
شاللاندىم، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندىم. مەن بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز-
دىن ياۋروپادا، دۇنيادا تەسىر قوزغىيالايدىغان ئادەملەرنىڭ چى-
قىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن
ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ خىل تەقەززالىق تېخىمۇ كۈچەيدى.
ماغەيلە، ئىنگولار دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ماڭ-
جۇ، چاۋشيەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەت-
قىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇلار ئۆز ئىلمىي ئەمگەك-
لىرىدە ياش سۇلۇن يازغۇچىسى ئورۇلتۇ ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىۋاتـ-
قانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشتى.
ئۆزى كۆرمىگەن، لېكىن چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان
مىللەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇنداق ياشلارنى
گېرمانىيىنىڭ ھەرقانداق شەھىرىدىن تېپىش مۇمكىن. بۇنداق-
لار بىرنەچچە يۈز ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مىڭ، ھەتتا تۈمەن-
مىڭ. غەربىي گېرمانىيە ئاشۇنداق زور بىر قوشۇن بىلەن
شەرقنى تەتقىق قىلماقتا. مەن ئۇچراشقان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ
تولىسى مۇشۇ قوشۇننىڭ ئادەملىرى. ئۇلار شۇنچىلىك قىز-
غىن، شۇنچىلىك ئالدىراش، ئەستايىدىل ئىشلىمەكتىكى، ئۇلار
مەندە، ئۆز دۆلىتىنىڭ، خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى چۈشىنىپ يەت-
كەن ئادەملەر مۇشۇنداق ئىشلىشى لازىم ئىكەن، دېگەن تەسىرات
پەيدا قىلدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆزىنىڭ دۆلـ-
تىگە، خەلقىگە، ھەتتا ئۆزىگە تېگىدىغان پايدا ئۇنچىلىك زور
ئەمەس. مەن بىزدىمۇ مۇشۇنداق زور، قىزغىن، ئىلمىي، ئەس-

www.uyghurkitap.com

تايىدىل قوشۇننىڭ شەكىللىنىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق شەھەرلىرىمىزدە غەربىي گېرمانىيىدىكىدەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. خەلقىمىزنىڭ مىللىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل ئارزۇ مەندە ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك كۈچەيگەن ئەمەس ئىدى.

غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى تەتقىقاتنى دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەقسىتى، ئىنسانىي بۇرچى قىلىپ تاللىۋالغان. مەن بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى — قۇرغاق رايون تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پروفېسسور فۇلمانىنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ مېنى ئىلمىي سۆھبەتتىن كېيىن ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى بېرلىن بايلىرىنىڭ بوك - باراقسان باغلار ئىچىگە جايلاشقان خۇسۇسىي ئۆيلىرىدىن تۈزەلگەن سېلىندوروف رايونىدا ئىكەن. بۇ رايون كوچىلىرىنىڭ دەرەخلىكى بىلەن باشقا رايونلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك غەربچە چېدىرلىق ئۆيلەر قارىغاي، ئارچىلار ئارىسىدا خۇددى زىننەت بۇيۇمىدەك كۆرۈنىدىكەن. بېرلىننىڭ قۇملۇق تۇپرىقى چىمەن، قارىغاي - ئارچا ئۈچۈن تولىمۇ ئەپلىك ئىكەن. فۇلمان ئاتمىشتىن ئاشقان، ساغلام، پاكىز كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ يېنىدا بېرلىن قارىغايلىرىنىڭ ئانىسى — يۇقىرىدا سۆزلەنگەن موڭغۇلىيىدىن كەلتۈرگەن قىزىل قوۋزاقلىق قارىغاي بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسىداق ئۆيىدە سېمىز، پاكىز قىردىغان، خۇشخۇي ئايالى بىلەن بىزنى ئۆردەك كاۋىپى، سالاتا ۋە داڭلىق ھاراق، پىۋىلار بىلەن مېھمان قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو، شىنجاڭ زېمىنلىرىدا قىلغان سەپەرلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ھەممىلا جاينىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى بولىدۇ. بالتىق

بويلىرىدا، مەسىلەن فىنلاندىيىدە 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر سوتكا تۈن بولمايدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر سوتكا تاڭ ئاتمايدۇ. دوستويېۋسكىنىڭ كىتابىدىكى «ئاق كېچە» نىۋا بويىدىلا ئەمەس، ئېلبا بويىدىمۇ، بالتىق قىرغىقىدىكى شەھەرلىردىمۇ بولىدۇ. مانا بۇلار ئاجايىپ ئىشلار. لېكىن ئاجايىپ ئىشلار شىنجاڭدا تولا. تەكلىماكاندا تىك قۇم تاغ چوققىسىدا ئۆمۈر بويى يامغۇر كۆرمەستىن كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرىدىغان توغراق، قومۇشلار، تاغ پېتى كۆچۈپ تۇرىدىغان قۇملار، تېمپېراتۇرىسى يەتمىش گرادۇسقا يېتىدىغان تۇرپان قۇملىرى، قارلىرى ئېرىمەيدىغان تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن، ھىمالايا. بۇنداق مۆجىزىلەر ياۋروپا تۇزلەڭلىكىدە يوق. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ياۋروپادا يېشىللىقتىن باشقا نېمە يوق. ئالىقاندەك توپلىق يوق. تاغ ـ ئېتىز، دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىمۇ ياپېشىل. بالتىق بويلىرىدا كۈن كەمدىن ـ كەم ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ توخۇلىرىمىز كۈن نۇرى كۆرمەي تۇرۇپلا گۆشكە ئايلىنىدۇ. مەن سىلەر ياشاۋاتقان يەرلەرگە قىزىقىمەن؛ چۆل ـ جەزىرە، تەكلىماكان بىزگە تولىمۇ گۈزەل بىلىنىدۇ. ئۇ يەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھاۋا تەڭشىگۈچ. دۇنيادا بۇنداق تەڭشىگۈچلەر بولمىغان بولسا، ھازىرقى ھاۋا بۇلغىنىشنىڭ دەستىدىن ئىنسانىيەت ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى!

فۇلمان ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن يەنە شىنجاڭغا ساياھەتكە بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى:

— سىلەرنىڭ مېھماندوستلۇقىڭلارغا قايىلمەن. بىز گېرمانىيىلىكلەر مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن، تاماق يەمسىز، دەپ سورايمىز. سىلەرچۇ؟ مېھمان ئۆيۈڭلارغا كېلىش بىلەن گەپ ـ سۆز قىلمايلا قوي سويىسىلەر.

— قوينىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ، پىچاق بىلەن بوينىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدىكەنسىلەر، بۇ راستمۇ؟ — فۇلماننىڭ ئايالى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سورىدى، — بۇنداق سويۇلغاندا قوينىڭ جېنى قىينىلىدۇ، ئۇ-نىڭغا ۋابال بولىدۇ. بىز سىلىق، ئالداپ، توك كالتىكى بىلەن ھوشسىزلاندۇرۇپ ئاندىن سويىمىز.

— بىز قان ئېقىتمىساق ھارام دەپ يېمەيمىز، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. فۇلمان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز پاراڭنى، سىردىشىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز. سىلەر يەپ-ئىچىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىسىلەر. مەن سىلەرنىڭكىنى ياقتۇرىمەن. ئايالىم بۇ ئۆردەك كاۋىپىغا تولۇق بىر يېرىم كۈن ئىشلىدى. يەڭ، تەمى بىيجىڭ ئۆردەك كاۋىپىنىڭكىگە ئوخشاپتىمۇ؟ ھە، شۇنداق قىلىپ سىز ياۋروپاغا قىزىقىسىز، بىز ئاسىياغا. سىز زامانىۋىغا قىزىقىسىز، بىز قەدىمكىگە. ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەندىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن تەبىئەتنىڭ ساپ مېۋىلىرى، ساپ ھاۋا، ساپ كۆڭۈلدىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتى زور بولسا كېرەك دەيمەن. ئىنسانىيەت ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن بارغانسېرى كۆپرەك مەھرۇم بولماقتا. مانا بۇ ئىنسانىيەت ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى. لېكىن سىز يازغۇچى، بۇ خىل راست گەپلەرگىمۇ قايىل بولمايسىز. سىز: «ياق، ئىنسانىيەت ئۈمىدۋار!» دېگەندەك جاراڭلىق سۆزلەرنى ياقتۇرىسىز. ئەمما سىز بىلەن بىز كېلىشەلەيدىغان بىر مۇھىم گەپ بار: ھەممىمىز ئىنسان بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

— ئىنسانىيەت — نۇرغۇن دۆلەت، نۇرغۇن مىللەت، نۇرغۇن سىنىپ، تەبىقە-گۇرۇھلاردىن تەشكىللەنگەن بىر كوللېكتىپنىڭ نامى. بۇ كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە ھەر خىل مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇشى، كۈرەش، ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. لېكىن ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ھېچقانداق بىر دۆلەت، مىللەت، سىياسىي كۆزقاراشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ھاۋا-

نىڭ بۇلغىنىشى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەنمۇ ھەرقانداق مىللەت، ئىرق، دۆلەت بەربات بولۇۋېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن فۇلمان ئېيتقان «ئىنسان بەختى» دېگەن سۆزنى مەن بۈگۈنكى ھەربىي ھازىرلىقلار كۈچەيگەن، كائىناتتا نەچچە يۈز مىڭلىغان سۈنئىي «سەييارە»لەر زەھەرلىك گازلار-نىڭ ياردىمى بىلەن «ساياھەت» قىلىپ يۈرگەن ۋە باشقا يۇقىرى سۈرئەتلىك سانائەت تەرەققىياتى بىلەن ھاۋادا، يېمەكلىكتە، بۇيۇم - نەرسىلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى كۈچىيىۋاتقان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز، دەپ چۈشەندىم. بۇ مەنىدىكى سۆزنى ئەلۋەتتە قوللاشقا تېگىشلىك سۆز دەپ قارايمەن.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ بەخ-تىنى ئويلاش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەزىلەر بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلىسا تەنە قىلىپ كۈلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ گەپنى قۇرۇق گەپ، ئومۇمىي شوئار، دەپ قارايدۇ. لېكىن ھاياتىدا مۇشۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمىغان ئا-دەملەرمۇ ئۆتكەن. ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار. ئۆزىدىن ئاجىز، قالاق بولغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان ۋە شۇ خىزمىتى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان ئادەملەرنىمۇ مەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار قاتارىدا ھېسابلايمەن. چۈنكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەنە ئاشۇنداق كونكرېت مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى غەربىي گېرمانىيىلىك تۈركو-لوگ گابائىن خانىم. مەريەم ئانا — گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدەنىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختى — ئائىلىلىك بولۇشتىنمۇ ۋاز كەچكەن ئالىم. مەن

پەقەت نامىنىلا ئاڭلىغان بۇ ئالىمنى سەيپىدىن ئەزىزى ئاكىنىڭ تاپشۇرۇشى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسىمگە ئاساسەن زىيارەت قىلماقچى، ئۇ كىشىگە خەلقىمىزگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ سالام بەرمەكچى بولدۇم.

بىز ــ مىجىت ئەپەندى، ئوغلى تەلئەت، كېلىنى پەرىزە تۆت كىشى گابائىن خانىمنى يوقلاش ئۈچۈن 1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەندە مىيۇنخېندىن يولغا چىقتۇق. مىيۇنخېندىن شەرقىي جەنۇبقا ــ غەربىي گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە چېگرىسىغا قاراپ ياپيېشىل تۆپىلىكلەر ئارىسىدا ئون ئالتە كىلومېتىر يول ماڭغاندا گابائىن خانىمنىڭ يېزىسى ــ ئانگى يېزىسىغا بارغىلى بولىدىكەن. يول بويى ئىككى قاسىنىقى بۈك قارىغايلىق، چىمەن-لىك تۆپىلىكلەر، چېدىرچىلاپ يېپىلغان ئۆيلەر، چىرايلىق كۆللەرنى بېسىپ ئۆتتۇق.

ئانگى يېزىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ شەرقىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقانىكەن. بۇ يېزىنىڭ غەربىي (ئالدى) دا ئۇس-تى قارلىق شتاۋفىن تېغى بار بولۇپ، ئەتراپمۇ مەنزىرىلىك ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنى قولىمىزدىكى ئاد-رېس بويىچە ئوڭايلا تېپىۋالدۇق. مومايغا ئالدىن تېلېفون بېرىل-گەچكە، ئۇ بىزنى ئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىن، خۇشال. ئۇنىڭ كۆك كۆزلى-رى شادلىقتىن نۇرلانغان، سەل مۈكچەيگەن، ۋىجىكرەك (نې-مىسلارغا نىسبەتەن)، لېكىن ساغلام گەۋدىسى تېتىكلەشكەن-دى. ئۇ بىزنى بىرىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىسىغا، كېيىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى قىرائەتخانىسىغا باشلىدى. ئۇ ئىككى قە-ۋەتلىك، سەككىز ئېغىزلىق تاختاي بىلەن ياسالغان ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرىدىكەن. مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك راھەتلەندىم. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى:

ــ مۇنۇ قىزىم، ــ دېدى ئۇ پەرىزەنىڭ قوللىرىنى چىڭ

تۇتۇپ، ـــ تىپىك ئۇيغۇر ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مانا مۇ-
شۇنداق قوڭۇر (سارغۇچ) چاچلىق، قوي كۆزلۈك (ياكى كۆك
كۆز) ئىدى. مۇنۇ قىزىمنىڭ لەۋلىرى تۇرپان تام رەسىملىرىدى-
كى ئاياللارنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئەينى ئۆزى: تۇماچە، پەرمۇدىدەك
ئوماق. مەن جۇڭگوغا زىيارەتكە بارغاندا، مەن قىياس قىلغاندەك
سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئۇيغۇرلارنى جىق كۆردۈم. لېكىن قارا
چاچ، قارا كۆزلەر كۆپ ئىكەن. ھازىرقى ئۇيغۇرلار نۇرغۇن
ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار. بۇلارغا قاراپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
قىياسەن رەسىمىنى سىزغان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن. مەن سىلەر
تەرەپتە مۇشۇنداق خاتا سىزىلغان رەسىملەرنىمۇ كۆردۈم.

ئۇ تىنىماي سۆزلەيتتى، خۇددى بىز ھازىرلا كېتىپ قالىدى-
غاندەك، كېتىپ قالسا ئويلىغانلىرىنى ئېيتالماي قالىدىغاندەك
ئالدىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ مومايلارغا خاس ئۇمچەيگەن لەۋلە-
رى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. ئۇ بىزنى غاچىرلاپ تۇرىدىغان،
گۈللۈك پاياندازلار سېلىنغان پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا باشلاپ
چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ـــ ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ، قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. بىز
ھازىر ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن بولۇپ قال-
دۇق، لېكىن سىلەرنى تېخى ياۋروپالىقلار بىلمەيدۇ. سىلەر
ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار دۇنياغا تونۇتۇشۇڭلار لازىم. مەن سەكسەن
ئالتە ياشقا كىردىم، ئەمدى چوڭ ئىش قىلالمايمەن. لېكىن سىلەرنى
تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش قولۇمدىن كېلىدۇ.

ئۇ بىزگە پىۋا قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، ئۆز كۇتۇپخانىسىدىكى
كىتاب جاۋىنىدىن بىزگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى، ئۆزىنىڭ
يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرسەتتى.

ـــ مانا بۇلار ھەقىقىي قەدىمكى ئۇيغۇرلار. تۇرپان بېزەك-
لىكتىكى رەسىملەر ئەينەن، كۇچا مىڭئۆيدىكى رەسىملەر ئارىلاشما.
ئۇلار ھىندى، ئىران ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرلىرى ئارىلاشقان. بۇنىڭ

سەۋەبى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان، قوشنىلىرى بىلەن دوستلىشىپ قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆتكەن. مۇنداق مىللەتلەر ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن مېنى ئالساق، مېنىڭ ئۈچ يۈز يىلىنىڭ ئالدىدىكى ئاتا - بوۋام فرانسۇز ئىدى، مەن هازىر گېرمان.

ئۇ مەندىن سورىدى:

— سىلەر فامىلە ئىجاد قىلىشنى ئويلىشىۋاتامسىلەر؟

— بۇ توغرىدا ئىزدىنىۋاتقانلار بار.

— ناهايىتى ياخشى بوپتۇ. ئۇلارغا مېنىڭ مەسلىھەتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ: سىلەر ئەرەبچە، رۇسچە ئىسىملاردىن ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىدىن فامىلە ياسىساڭلار ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىسىملار كونا يازمىلاردا بار. سىلەر هازىر مەدەنىيەتتە ئارقىدا. بۇ دېگەنلىك ئەزەلدىن ئارقىدا ئىدىڭلار، دېگەنلىك ئەمەس. ئۆز مەدەنىيىتىڭلارنى ئۆگىنىڭلار، ساقلاڭلار، راۋاجلاندۇرۇڭلار. يازغۇچىلار بۇ ساھەدە كۆپ خىزمەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دېھقانلارنى ئەينەن يېزىش، كۆپلەپ يېزىش كېرەك. سەۋەبى، ئۇلار مىللەتكە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇلار ئاساسىي خەلق، بىر مىللەتكە خاس بولغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر دېھقانلاردا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئاستا بولىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئادەت، يەرلىك تىل، مىللىي مەدەنىيەتكە ئامراق. مەن سىلەرنىڭ هازىرقى زامان تىلىڭلاردا يېزىلغان نەرسىلەرنى ئوقۇپ باقتىم. تىل ئادىتىڭلار، تىلدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلەردە ئۆزگىرىش كۆپ ئىكەن. سىلەر ئۆز تىلىڭلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە جۈملە تۈزۈشىڭلار كېرەك.

بىز ئۇنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى هاياتى، تىلى ۋە تېررىتورىيە، ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر نۇرغۇن بۇيۇم، رە-

سىم، يازمىلارنى كۆردۇق. موماي ماڭا «تيانشان» تېغىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ تاغنى هازىر «تەڭرىتاغ» دەيسىلەر. بىلەمسىز، قاچاندىن باشلاپ «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتىدىڭلار؟ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ تاغنى نېمە دەيتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

مەن بۇ سوئالغا تۇزۇك جاۋاب بېرەلمىدىم. ئۇ تاماققا كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى قارلىق تاغقا قاراپ:

— شەرقنى تەتقىق قىلغۇچى غەرب ئالىملىرى كۆزگە ئوڭاي كۆرۈنىدىغان هىمالايا تېغىنىلا كۆرىدۇ. ئېگىز تاغلارنىڭ نېرىسىدىكى پاكار تاغلار ئىچىدە نۇرغۇن خىسلەتلەر بار. سىلەر ئۆزۈڭ-لار نۇرلانمىساڭلار باشقىلار سىلەرنى ئوڭاي كۆرەلمەيدۇ! — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىدىن: سانى ئاز، ئورنى تۆۋەن مىللەتلەر ئىچىدە نۇرغۇن بايلىقلار بار. ئاسىيادىكى چوڭ مىل-لەتلەرنىلا تەتقىق قىلماستىن، ئۇششاق مىللەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى چۈشەندىم.

ئارقىدىنلا ئۇ چىڭغىز ئايتماتوفنى ماختاپ سۆزلىدى:

— «ئەلۋىدا، گۈلسارە…» ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان، پىكىرلىرى چوڭقۇر. يازغۇچى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەپ-گە، ئومۇمىي خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. «ئاق پاراخوت»تىكى پىكىر قانداق ياخشى. ئۇ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا ھەقىقەتەن ماھىر ئىكەن. بۇ ئەسەردىكى بالا ئۆلى-دۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۇ هايات، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. مانا بۇ «ئاق پاراخوت»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. سىز خەلقىڭىزنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالىسىڭىز، دۇنيا خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولالايسىز. لېكىن بۇنىڭغا ئېرىشىش تولىمۇ مۇشكۇل.

ئۇ بىزنى پاكىز ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇستەلدە خىلمۇ خىل گۆشلەرنىڭ تىزىملىكى بار ئىكەن. مىجىت ئىككىمىز

www.uyghurkitap.com

كېيىك گۆشى بىلەن، موماي چۈجە، غاز گۆشى بىلەن، بالىلار
توخۇ گۆشى بىلەن غىزالاندۇق. مومايىنىڭ ئىشتىھاسى ياخشىـ
كەن.

سەكسەن ئالتە ياشقا كىرىپ بىز بىلەن ئوخشاش غىزالىنىدـ
ۋاتقان، تېنى، زېھنى خاتىرىسى ساغلام مومايىنىڭ كەچۈرمىشلىدـ
ـرى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ 1930 ـ يىلى بېيجىڭغا بارغان.
ئۇ چاغلاردا ياپونىيە ئالىملىرىمۇ شىنجاڭ توغرىسىدا تەتقىقات
ئىشلىرىنى باشلىغان. 1927 ـ يىللىرى گابائىن خانىم ياپونىيەـ
گە بېرىپ بىر يىل دەرس ئۆتكەن. ئۇ چاغدا ياۋروپا تۈركولوگىدـ
يىگە قىزىقمايتتىكەن. بىرلا بېرلىندا تەتقىقات ئورنى بار ئىدـ
كەن. تۈركولوگىيىگە دائىر كىتابلارنى ھېچكىم ئالمايدىكەن.
ئۇلارنىڭ مائاشى تۆۋەن، لېكسىيە پۇلى، قەلەم ھەققى دېگەنلەر
يوق ئىكەن. گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىغا، ئۇرۇق ـ
تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى نارازى بولىدىكەن. «ئۆمۈرنى زايە
قىلىش»، «ئىستىقبالسىزلىق» دەيدىكەن ئۇلار گابائىن خانىمـ
نىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىدىن خاپا بولۇشۇپ. خانىم ئۇ چاغلار
(1930 ـ يىلى) دا يىگىرمە توققۇز ياشلىق قىز ئىكەن. ئۇ ئۆز
ئەسەرلىرىنى پۇل تۆلەپ باستۇرىدىكەن، بىرمۇ قېتىم قەلەم
ھەققى ئالماپتۇ. ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپ ئىستراخوۋانىيە شىرـ
كەتلىرىگە پۇل تۆلەپ كەلگەنىكەن، ھازىر شۇ ئورۇنلاردىن ئېـ
يىغا ئۈچ مىڭ مارك پۇل ئالىدىكەن. بۇ پۇل ئۇنىڭ پېنسىيە
پۇلى ئىكەن.

— ھازىرقىلار ياخشى، ھازىر تۆت ئۇنىۋېرسىتېتتا بۇ
ساھەدە دۇنياغا تونۇلغان تۆت پروفېسسور بار. ئۇلار يۇقىرى
ئىش ھەققى، لېكسىيە ھەققى، قەلەم ھەققى ئالىدۇ. مېنىڭ
تۇغقانلىرىم ھازىر ماڭا چاقچاق قىلىپ، سەن بالدۇر تۇغۇلۇپ
قالغانسەن، دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ مەن كىتابلىرىم ئۈچۈن قەلەم
ھەققى ئالمىدىم. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ

خېرىدارلىرىمۇ ئاز ئىدى. ھازىرچۇ؟ بەزىدە ئىلمىي لېكسىيە قىلىپ تۆت يۈز ـ بەش يۈز مارك تاپىمەن. لېكىن ئارقىدىنلا باجخانا خادىملىرى باج ئالغىلى يېتىپ كېلىدۇ!

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ قاقاقلاپ كۈلدى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

ئۇ تۆۋەندىكى ياتاقخانىسىدا ئون مىنۇت ئۇخلىۋالدى. بىز ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى قىرائەتخانىدا ئۇنىڭ كىتابلىرى بىلەن بولدۇق. ئۇ ئاخىرىدا بىزنى ياۋروپا ئادىتى بويىچە تورت، قەھۋە ۋە چاي بىلەن مېھمان قىلدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. بىز بىللە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. ئۇ بىز بىلەن تەستە خوشلاشتى...

مەن شۇنىڭدىن كېيىن مىيۇنخېن، فرانكفورت، بېرلىنلاردا بولدۇم. ھەممىلا جايدا، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ پايتەختى شەرقىي بېرلىندا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بىزگە بېغىشلىغان مەريەم ئانا — گابائىن خانىمنىڭ خۇشخۇي چىرايى مەن بىلەن بىللە بولدى.

ھايات شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى كەشىپ قىلغان: تەمەسىز، ھالال ئەمگەك بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغانلار ھامان ئۆلمەيدۇ.

1988 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېرلىن ـ بېيجىڭ ـ ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەرەب يېرىم ئارىلىدا

(زىيارەت خاتىرىسى)

قەشقەردىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىققۇچى يالغۇز مەنلا ئەمەس. يۈزنەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ يولدا ئات - ئېشەك بىلەن پىيادە، ماشىنىدا نۇرغۇن قېتىملاپ ماڭدى. هازىر يول قىسقاردى، مۈشكۈل ئازايدى. لېكىن جاپا - مۇشەققەت، ۋەھىمە، ئەندىشە يوقالمىدى. بولۇپمۇ پاكىستان زېمىنىدا گانگ دەرياسىنى بويلاپ ئۈستى تەرىپى قورام تاشلار ساڭگىلاپ تۇرغان نەچچە يۈز مېتىرلىق تىك تاش قىيا، ئاستى تەرەپ يۈز مېتىردەك تىك هاڭ ئاستىدا بۇژغۇپ ئېقىۋاتقان پاكىستاننىڭ ئەڭ چوڭ دەرياسىنى بويلاپ ئەگرى - بۈگرى يول بىلەن، پاكىستانلىق شوپۇرلار قارامىلىق بىلەن تېز هەيدىگەن ماشىنىدا سەپەر قىلغان هەربىر يولۇچى هەر مىنۇت - هەر سېكۇنتتا ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ماڭىدۇ. گېلگىتتىن ئىسلامئابادقىچە بولغان تۆت يۈز ئاتمىش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خەتەرلىك يولنى بېسىپ بولۇپ، ئىسلامئاباد هەرەمخانىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقان يولۇچى راستتىنلا ئۆزىنى غالىب، تەلەيلىك هېسابلايدۇ، هاردۇق چىقىدۇ، ۋەھىمە تۈگەيدۇ. ئايروپىلاندا (ئاجايىپ چوڭ، هەربىر قۇرى ئون بەش كىشىلىك چوڭ ئايروپىلان) ئىسلامئابادتىن كاراچىغا، كاراچىدىن جىددەگە قاراپ ئۇچقاندا كىشى ۋۇجۇدىدا خۇشاللىقتىن باشقا نەرسە قالمايدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق سەپەر خۇشاللىقى بىلەن مەككە مۇكەرەمەگە كېلىپ، بەيتۇللانىڭ يېنىدىكى «فىندۇق مەككە» (مەككە

مېھمانخانىسى) دىن ئورۇن ئالدىم. بەش كۈندىن بېرى نۇرغۇن جايلارنى كۆردۈم، ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۈگۈن مەندە يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مانا قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

قانداق يازاي؟ ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى، بۈگۈنكى كۈندە بايلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ نەزىرى قادالغان بۇ جاينى ھەج قىلغۇچى مىليوندىن كۆپ چەت ئەللىكنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېھمان سۈپىتىدە ماختايمۇ ياكى بۇ دۆلەتكە باھا بېرىش ھوقۇقىنى كىتابخانلارغا تاپشۇرۇپ، بىر رېئالىست ئاپتورنىڭ قەلىمى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە توپلىغانلىرىمنى ئەينى پېتى خاتىرىلەيمۇ؟ مەن كېيىنكىسىنى تاللىۋالدىم.

مەن ھەرەمنىڭ يېنىدىكى «فىندۇق مەككە» نىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىمنىڭ ھەرەمگە قارىغان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن يۇقىرىقىدەك سورىدىم. مەن قاراپ تۇرغان بەيتۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنىڭ كەچكى مەنزىرىسى كىشىنى ھاياجانغا ۋە ئويغا سالماي قالمايتتى. ئېھرام كىيگەن ئەرلەر، قارا پۈركەنچە ئىچىدىكى ئاياللار بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىدىكى قارا يوپۇق يېپىلغان «كەبە» ئەتراپىدا «لەببەيك» (مەن كەلدىم) سۈرىسىنى ۋارقىراپ ئوقۇپ ئايلانماقتا. ئۇزۇنغا سوزۇلغان «سافا ـ مەرۋە» ئىچىدە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ساناقسىز ئادەملەرمۇ كۈچلۈك چىراغلار بىلەن يورۇغان زالدا ئاشكارا كۆرۈنمەكتە. چىراغلار شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك نۇرلۇقكى، قۇياشمۇ بۇ يەرگە ئۇنچىلىك گۈزەللىك جەۋلان بېرەلمەيدۇ. بەيتۇللا ئەتراپىدا يەردىن ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىر ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يەتتە مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى چىراغلارنىڭ ئالماس ئېقىمىدەك گۈزەل نۇرلىرىنى مەن تېخى ھېچ يەردە كۆرگەن ئەمەسمەن. بەيتۇللاغا يانداشقان مەيدان ئادەم دېڭىزىغا

ئايلانغان: ئۇ يەردە ئىبادەت قىلغۇچىلار، ئوقەتچىلەر، قارا ئىش
بىلەن جان باقىدىغان تىنىمسىز نېگىر بالىلار، قوللىرىدىكى
كىچىك خالتىلارغا قاچىلانغان كەپتەر دانلىرىنى كىشىلەرگە تەڭ-
لىشىپ يۈرۈشكەن نېگىر ئايالالار، زەمزەمگە چىلانغان داكىلارنى
قۇرۇتۇپ يۈرۈشكەن، ئارام ئېلىپ يېتىشقان، سەيلە قىلىپ يۈ-
رۈشكەن، ھەر خىل كىيىملىك، ھەر خىل چىراي ۋە تىل -
زۇۋانلىق، ياش - قېرى، ئەر - ئايال ئادەملەر رىتىمسىز،
تىنىمسىز قىمىرلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ھەرىكىتى كىشىگە گويا
بىردە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان چېچەك سۈيىنى، بىردە شامالدا دول-
قۇنلىنىۋاتقان بولۇق بۇغدايلىقنى ئەسلىتىدۇ...

— ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ مىليون ئادەم سىرتتىن ھەج
قىلغىلى كېلىدۇ. مەككىنىڭ بىر مىليون تۆت يۈزمىڭ ئادىمى
قوشۇلسا تۆت - بەش مىليون ئادەم بۇ شەھەردە ھەرىكەت قىلى-
ۋاتقان بولىدۇ. تۆت - بەش مىليون ئادەم نە ياتاق، نە قورساق،
نە قاتناش قىيىنچىلىقى تارتماستىن خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدۇ،
ئوقەت قىلىدۇ. سىز يازغۇچى ئەپەندىم، ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ،
سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ خاتىرجەملىك ئۈچۈن قانچى-
لىك كۈچ ۋە پەم - پاراسەت، ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ؟

ماڭا ھەمراھ بولغۇچى ئەرەبىستانلىق ئۇيغۇر يىگىت مەندىن
سورىدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن پەخىرلەنمەكتە. مەندى-
كى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن ھۇزۇرلانماقتا. ئۇ بۇنداق
قىلىشقا ھەقلىق. چۈنكى بۇ سەلتەنەتلىك، كۆركەم، قوينى
ئىللىق ماكان ئۇنىڭ ۋەتىنى!

زامانىۋى يوللاردا كېتىۋاتقان، يۈرۈۋاتقان سانسىز ماشىنى-
لار، گىياھسىز تاغلارنى تېشىپ ئۆتكەن غول - غولدا پەيدا
بولغان زامانىۋى شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى تونىللار، ئۆتۈشمە
كۆۋرۈكلەر، قەۋەت - قەۋەت بىنالار (زىچ)، تاغلارنىڭ چوققى-
لىرى، ھەممە جاي نۇر بىلەن تولغان. مەن بۇ نۇرلار ئىچىدە

تۇرۇۋاتىمەن، ھەمراھىمغا نېمىمۇ دەيمەن؟
— سىلەرگە رەھمەت، ھەممىلا ئادەم قايىل، سىلەر تولى-
مۇ مېھماندوست، مېھرىبان، سېخىي!
ھەمراھىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ئوشۇقىنى ياپى-
دىغان، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا ئاق يوللۇق
قىزىل غوترا سېلىۋالغان. ئۇنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق، مەمنۇنى-
لۇق قاپلىدى. ئۇ:
— ئەلھەمدۇلىللا، بۇ خۇدانىڭ نېمىتى، قۇرئاننىڭ سا-
خاۋىتى، — دېدى كۈلۈپ قويۇپ، — قۇرئان بىزنى باي قىلدى،
بىلەمسىز، قۇرئاننى ياخشى كۆرگەن ئادەم زادى خارلانمايدۇ.
بىر ئىنگلىز قۇرئان تەرجىمە قىلماق بولۇپ ئوقۇۋېرىپتۇ. ئا-
خىر ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا خۇدا-
يىم ئىمان بىلەن بىلىم بېرىپتۇ. ئۇ مۇسا جارۇللادىن قېلىشماي-
دىغان ئىلىملىك ئادەم بولۇپ قاپتۇ. قۇرئانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن بېرىلگەن ھەرقانداق ئادەمگە خۇدايىم تىلىگىنىنى بېرىدۇ.
ئابدۇلئەزىزلەرنىڭ ئاتىسى سەئۇدىخان خۇدادىن ئەۋلادلىرىغا
بەخت - سائادەت، مەرتىۋە، بايلىق تىلىگەن - دە، شۇڭا بۈگۈن
ئۇنىڭ خەلقى بەختلىك!
ئۇ ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىنى تو-
نۇشتۇرۇشقا باشلىدى: سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىر دۇنيادا باي-
لىقتا، پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تۆت دۆلەتنىڭ
بىرى. پۈتۈن شەھەر ياۋروپادىكى ئەڭ زامانىۋى شەھەرلەردەك
قۇرۇلۇش، ئېلېكتر، يوللار، ماشىنىلار ۋە ماللار بىلەن تەمىنى-
لەنگەن. بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر دۇنيانىڭ ھېچ يېرى-
دە يوق. بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالاي-
دىغان، باياشات سۇ ۋە شامالدۇرغۇچ بىلەن تەمىنلەنگەن مەس-
چىتلەر يەنە نەدە بار؟ بۇ دۆلەتتە تىجارەت شۇنچە ئەركىن،
ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق سودا بىلەن توسقۇنسىز شۇغۇللىنا-

لايدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا باي بولالايدۇ. قولىنى سېلىپ بۇ يەرگە پىيادە كېلىپ، ناۋايلىق، ياماقچىلىق، يايمىچىلىق، قارا ئەمگەك بىلەن ئىش باشلاپ ھازىر نەچچە قەۋەتلىك بىرنەچچە بىنانىڭ خوجايىنى، نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) نىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان ئۇيغۇر بايلىرى بۇنىڭغا مىسال، ئوتتۇز نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كەمبىغىلى يوق. ئۇلارنىڭ ئەڭ كەمبەغەللىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەن - مەن دېگەن بايلىرىدىن كەم ئەمەس، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرى تېخىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۇقراسى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار باي!

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەقىقەت. ئۇ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىگەندە، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈم ئۆيلىرىدە مېھمان بولغان ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مەن تۇنجى قېتىم تونۇشقان مەككە - مۇكەررەمە پۇقراسى ئابدۇقادىر ھاجىم، سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ قىزغىن، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل بوۋاي قەشقەر يېڭىسارىدىن بۇ يەرگە چىققىلى قىرىق بىر يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ شۇنداق دېگەن: «قەشقەردىن تاشقورغانغا ئون ئۈچ كۈندە، ئۇ يەردىن ھەرەمگە ئون بىر ئايدا يېتىپ كەلگەنىدۇق. لاداق يولى تولىمۇ مۈشكۈل، خەۋپلىك ئىدى. مىڭتېكە (ھازىرقى قونجىراپ) دىن پاكىستانغا كەلگۈچە قولۇمدىكى بارىم تۈگىگەن. مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى. مەن ناۋايلىقنى تاللىۋالدىم. بۇ ئىش ھالال ئىش. ئەرەبىستاننىڭ ئىسسىقىدا (يازدا ئەللىك گرادۇس ئەتراپىدا، قىشتا ئوتتۇز نەچچە گرادۇس) قانچىلىك تەرىمىز ئاقتى، تەر تۆكمىگەن، ئوتتا كۆيمىگەن بىرمۇ كۈنىمىز بولمىدى. قولدەك ئىشلەپ ھەربىر رىيال پۇلنى تېجەپ يۇرۇپ بۈگۈنكى كۈنىمىزنى ياراتتۇق، بالام. ئاققان تەرىمىزگە خۇدانىڭ رەھمى كەلدى».

ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈنى قانداق؟ ئۇ ھازىرمۇ باي بولۇشىغا قارىماي چامادان دۇكىنىدا سودا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كاكى دېگەن يەردە ئالتە قەۋەتلىك جايى بار. ھەربىر قەۋەتتە ئىككى يۈرۈش ئۆيى بار ئىكەن. ئۆيلەر قىممەتلىك گىلەم، زامانىۋى دىۋان ۋە باشقا جاھازلار بىلەن بېزەلگەن. ئەللىك ئېغىزدەك ئوخشاش بېزەلگەن ئۆيدە بوۋاي يالغۇز قىزى، كۈيئوغلى ۋە بىرلا نەۋرىسى (قالغانلىرى خىزمەتتە ئىكەن) بىلەن تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بازار ئىچىدە مۇشۇنداق جايىدىن يەنە بىرى بار ئىكەن. نەۋرىسى قادىر ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى غوپۇر ھاجىمنى ھەر كۈنى دۇكانغا ئاپىرىپ ئەكېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ماشىنىسى بار ئىكەن. نەۋرىلىرى ئوقۇتقۇچى، ھەربىي، دوختۇر ۋە باشقا خىزمەتلەردە ئىكەن.

— بىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەمبىغىلى، — دېدى ھاجىم ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — ئالدىراش بولۇپ قالساق بىر - ئىككى ئادەم ياللايمىز، بولمىسا ھەممىنى ئۆزىمىز قىلدىمىز. ئۆيىمىزدە بىر ھىندونېزىيىلىك ئايال خىزمەتچى بار. لېكىن بىزنىڭ بايلىرىمىزنى كۆرسىڭىز ئۇلار كاتتا. ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ قانچىلىك دۇنياسى بارلىقى نامەلۇم. لېكىن بىر جاينىڭ بىر يىللىق ئىجارىسىلا ئۈچ يۈز مىڭ رىيال، ھەر يىلى بېرىدىغان زاكات پۇلىلا ئۈچ مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى). ئۇ كىشىمۇ قىرىق يىل ناۋايچىلىق قىلغان. ھالال تەرگە خۇدايىم بەرىكەت بېرىدۇ، بالام.

راست، كېيىن بىلدىم، ئابدۇقادىر ھاجى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەمبىغىلى ئىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئادەم يۇرتىدىكى (شىنجاڭدىكى) ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نەچچە ئون مىڭ دوللار پۇل ئەۋەتىپ، ئۇلارنى باي قىلىپ قويۇپتۇ.

مەن ھەمراھىمنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالغىنىغا خۇشال بولدۇم. چۈنكى مەن بۇلارغا قىزىقىمەن.

www.uyghurkitap.com

— سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ بىيىپ كەتكەنلەر ياللغۇز
ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، مىسىرلىقلار، تۈركلەر، يەمەنلىك، سۇرىي-
يىلىك، ئىراق، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال، ھىندونېزى-
يىلىكلەر، ھەتتا ياۋروپالىقلار. ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ بار. ھازىر
بۇ يەردە قارا ئىش قىلغۇچىلار. مەسلەن كوچا تازىلىغۇچىلار،
مېھمانخانا خادىملىرى، ياللانمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بېن-
گاللىقلار بىلەن يەمەنلىكلەر. كۆرۈپ قالىسىلەر، بىرنەچچە
يىلدىن كېيىن بۇ سېرىق كىيىملىكلەرمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ.
بۇ يەر كەمبەغەللەر باي بولىدىغان جاي. قاراڭ، ئاۋۇ زەمزەم
قاچىلايدىغان تۇڭلارنى ماشىنىلاردىن تالىشىپ ئېلىۋاتقان نېگىر
باللىرىنى. ئۇلار بىر تۇڭ زەمزەم ئۈچۈن بەلكى بىر، ياكى
ئىككى رىيال ھەق ئالار. ئەمما ئەللىك گرادۇسلۇق ئىسسىقتا
بىز بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. ئۇلار بىر - ئىككى رىيال
ئۈچۈن بۇ ئىشنى خۇشال - خۇرام قىلىدۇ. چۈنكى بىر رىيالغا
بىر نان كېلىدۇ. بىر كۈندە ئۇلار كەم دېگەندە يىگىرمە نان
كەلگۈدەك پۇل تاپالايدۇ. كۆرۈپ قالىسىز. ئۇلارمۇ ئون -
يىگىرمە يىلغا قالمايلا باي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى باشقا
دۆلەتلەرنىڭ كەمبەغەللىرى ئىگىلەيدۇ.

— سىلەردە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوقەت قىلىشىنى چەكلەي-
دىغان قانۇن يوقمۇ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن، بىزدە مۇكەممەل قانۇنلار بار.
بۇ يەردە قىرىق - ئەللىك يىل ئوقەت قىلىپمۇ سەئۇدى پۇقراسى
بولالمايدىغانلار كۆپ. ئۇلارنى قانۇن چەكلىگەن، قانۇن بويىچە
تابە ئالالمىغان (نوپۇسقا كىرمىگەن) ئادەملەرنىڭ مىراس قال-
دۇرۇش، ئۆي - جاي سېتىش، ھەتتا تىجارەت قىلىش ھوقۇقى
بولمايدۇ. قانۇن ئۇلارنى قاتتىق چەكلەيدۇ. لېكىن بۇ دۆلەت
يەنىلا ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق، قۇرۇلۇش، تازىلىق ئىش-
لىرى تولىمۇ زۆرۈر. كۈندە قۇرۇلۇش، تازىلىق بولۇپ تۇرمىسا

بولمايدۇ. بىنالارنى مىسىرلىقلار، تۈركىيىلىكلەر پىلانلايدۇ، ياسايدۇ. بۇ يەردە بىناكارلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئۇيۇشمىلىرى بار. ئۇلار نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا مىليونلىغان ئىشچى كۈچىگە موھتاج. بۇ ئىشچى سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەرەبىستان بايلىرى كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئىبادەت، جاھان سەيلىسى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆز ئىگىلىكلىرىنى چەت ئەللىك خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ. بۇ خىل زۆرۈر بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ قانۇندا يول بار.

ھەمراھىم ماڭا دۆلەتنىڭ شەخسلەرگە قىلىدىغان غەمخورلۇقىنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى: بۇ يەردە باج ئېلىنمايدىكەن (پەقەت سىرتتىن كىرگەن مالغىلا باج ئالىدىكەن). سېلىق يوق ئىكەن. مائارىپ پۇلسىز. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىش ھەققى بېرىلىدىكەن. دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايدا سەككىز يۈز رىيال، پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مىڭ رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. ئوقۇش راسخوتى، تاماق پۇلى دېگەنلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلمەيدىكەن. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلارغا ئەللىك مىڭ رىيال پۇل ئىنئام بېرىلىدىكەن. ئۇلار توي قىلسا يەنە قىرىق - ئەللىك مىڭ رىيال بېرىلىدىكەن. بىر كىشى ئۆي سالسا دۆلەتتىن يىگىرمە بەش يىلدا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۈچ يۈز مىڭ رىيال قەرز بېرىدىكەن، بۇ پۇلنى بۇرۇنراق تۆلىسە دۆلەت بۇ پۇلنىڭ توقسان مىڭ رىيالىنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن. يىگىرمە بەش يىل توشقاندا تۆلىسە ئوتتۇز مىڭ رىيالنى دۆلەت پاداركا قىلىپ بېرىۋېتىدىكەن. دۆلەت دېھقانلارغا تولىمۇ كۆپ ياردەم قىلىدىكەن. دۆلەت بويىچە سۇ پۇلى، تازىلىق پۇلى دېگەنلەر يوق، دۆلەت قىزىل دېڭىزدىن تازىلانغان سۇنى ئەكېلىپ خەلقنى پۇلسىز تەمىنلەيدىكەن (گەرچە بۇ دۆلەتتە بىرمۇ دەريا ياكى كۆل بولمىسىمۇ). چارۋىچىلارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىكەن: قوي

باقسا قوينىڭ بىر كۈنگە بىر رىيال، بىر كالىغا بەش رىيال، تۆگىگە ئون رىيال ياردەم پۇل بېرىلىدىكەن. مال دوختۇرلىرى مال - چارۋىلارنى ھەقسىز داۋالايدىكەن. مال بېجى يوق ئىكەن (دېمەك بىر قوي ئۈچۈن ئېيىغا دۆلەت تەرىپىدىن ئوتتۇز رىيال، كالىغا يۈز ئەللىك رىيال، تۆگىگە ئۈچ يۈز رىيال ياردەم پۇلى بېرىلىدىكەن).

ھەربىيلەرگىمۇ ئېيىغا تۆت مىڭ رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. زىيالىيلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىكەن، ئوقۇتقۇچىلار يەتتە - سەككىز مىڭ رىيال، دوختۇرلار ئون مىڭ رىيال ئەتراپىدا ئايلىق ئالىدىكەن. مەملىكەت بويىچە يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەردە ئىككى يۈز مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئىككى مىليون ئىكەن. پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئۆز ئالىملىرى بار ئىكەن. مەسىلەن تېببىي ساھەدە بۆرەك، يۈرەكلەرنى يەڭگۈشلەش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆز دوختۇرلىرى قىلىدىكەن. يالغۇز ئۇيغۇرلاردىنلا دوكتوردىن يۇقىرى پەن خادىملىرى يىگىرمىدىن ئاشىدىكەن. دوختۇر ئابدۇقادىر تاش بۇنىڭ بىر مىسالى ئىكەن. بۇ يەردە قاتناش تولىمۇ تەرەققىي قىلغان. سەكسەن مىڭ كىلومېتىر ئاسفالت يول بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز بەش مىڭ كىلومېتىرى قوش قاناللىق، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئىكەن، بۇ يوللار پۈتۈن مەملىكەت شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. مەملىكەت بويىچە 5.5 مىليون ماشىنا بار بولۇپ، ھەر 2.8 كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن (ئامېرىكىدا يەتمىش بەش مىليون ماشىنا بار. ھەر ئۈچ كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدۇ). جىددەدىكى ئابدۇلئەزىز ئايرودرومىدىن ھەر كۈنى مىڭدەك ئايروپىلان ئۇچىدىكەن. ھاۋا يولى تولىمۇ راۋان. جىددە پورتىدىن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە پاراخوت قاتنايدىكەن...

ھەمراھىم — قىزغىن، تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر يىگىتى (لېكىن ئەرەبلىشىپ كەتكەن) ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئۇ كەچ قايتتى، مەن ئەتىگەنلىككە بۇ يەردىن مىنادىكى مېھمانخانىغا يۆتكەلمەكچى. مىنا بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر نېرىدا، مەن ھەمراھىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دېرىزىدىن كەچكى مەنزىرىگە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردۇم. ھەممىلا يەر نۇر ۋە ئادەمگە تولغان. ئاپئاق كىيىم كىيگەن مىليونلىغان ئادەم بۇ يەرگە — مەككە بەيتۇللاسى تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا. ئېھرام ئىچىدىكى بۇ ئادەملەر نە - نەلەردىن — ياپونىيە، فىلىپپىن، يېڭى زېللاندىيە، ئامېرىكا، برازىلىيىدىن... ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن كېلىشكەن. «ئەل رىيازۇ» گېزىتىگە يېزىلىشىچە، زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى ئاللانىڭ بىر مىليوندىن كۆپ مېھمىنى ھەج پەرھىزىنى ئادا قىلغىلى ھەرەمگە كەلگەن.

مەن كەچ بولغاندا تېلېۋىزورنى ئاچتىم. تېلېۋىزوردا كەبىنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى مەشھۇر ھېكايىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىمى بېرىلمەكتە. قاينام - تاشقىنلىق ئېلېكتر نۇرلىرى، قەۋەت - قەۋەت بىنالار بىلەن قورشالغان ھازىرقى بەيتۇللا ھەرەمنىڭ بۈنىڭدىن تەخمىنەن بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى مەنزىرىسى ئېكراندىن ئۆتمەكتە.

... قارايغان گىياھسىز تاش تاغلار، قۇملار ئۇچۇپ يۈرگەن، ئادەمزات ئىزى چۈشمىگەن جىلغىلار ئېكراندىن ئۆتتى. تاغلار ئارىسىدىكى بۇ كىچىككىنە بوشلۇقتا ئاتلىق ئادەم ئۆزىگە مىنگەشكەن، پۈركەنچىلىك ئايالنى يەرگە چۈشۈردى.

— سەن مۇشۇ يەردە تەۋەللۇت قىلىسەن (تۇغىسەن)، — ئەر ئاتتىن چۈشمەيلا ئايالغا قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى. بۇ كىشى قويۇق ساقاللىق، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، بەدىنى قوپال، سارغۇچ ماتادىن يېپىنچا ئارتقان ھالدا ئايالغا قاراپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى.

— ھەي ئىبراھىم! — دېدى ئايال يوغان، قارا كۆزلىرىدگە ياش ئېلىپ، — بۇ سېنىڭ ئىشىڭمۇ؟ خۇدانىڭ ئەمرى-بۇيرۇقىمۇ؟

— ئەي ھاجەر، — دېدى ئەر كىشى، كەينىگە قاراپ قويماستىن، — بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

بۇ ئەر كىشى نوھ ئەلەيھىسسالامدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل كېيىن ئۆتكەن پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى.

ئېكراندا ھاجەرنىڭ چىرايى كۆرۈنىدۇ: ئۇ مەمنۇن ۋە قانائەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەن. قىز تولىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ئۇنى ئۆز ئېرىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىدىكەن، لېكىن ھاجەر ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «بۇ ئايالنى كۆزدىن يوقىتىسەن» دەپ بېشەملىك قىلىدىكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاخىر خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ كىچىك ئايالنى مۇشۇ چۆلگە ئەكېلىپ تاشلايدىكەن.

ئېكراندا ئۇچۇۋاتقان قۇم، ھۇۋلىغان بوران، تۇمانلىق جىلغىلار، چاڭ-توزانلىق ئاسمان كۆرۈنىدۇ، ئاندىن بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئارقىدىن يالىڭاچ بالا، ئۇنىڭ ئاچچىق بىلەن قۇمغا ئۇرۇلغان ئاياغلىرى، ئالاقزادە بولۇپ سۇ ئىزدەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئانا كۆرۈنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر ئانىمىز شۇ چۆللۈكتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغىدىكەن. بالىنى چۆمۈلدۈرۈپ زاكىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئانا سۇ ئىزدەپ يۈرگىنىدە، بالىنىڭ پۇتلىرى تەگكەن قۇملۇقتىن بۇلاق چىقىدىكەن، ھاجەر ئانا سۇنى كۆرۈپ ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئالدىنى قۇم بىلەن توراپ، «زەمزەم، زەمزەم» (توختا، توختا) دەيدىكەن. زەمزەم سۈيى ئەنە شۇ ئىسما-

ئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردىن چىققان بۇلاق ئىكەن. كېيىن بۇ يەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاغدىن تاش ئەكېلىپ تام تۇرغۇزۇپ كەبە قىلىپ ياسايدىكەن. ھازىرقى مۇ-سۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان كەبە، ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەي-ھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى؛ ئانا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن ئارد-لىق سافا ـ مەرۋە. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ تۇنجىسى قايزارنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەت پەيغەمبەر تۇغۇلغان. ھازىر ھەج قىلغۇچىلار ئاشۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسا-لامنىڭ تۇغۇلغان جايى ــ كەبىنى يەتتە ئايلىنىدۇ. سافا ـ مەرۋىدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا ھاجەر ئانىمىزنى ياد ئېتىپ يەتتە قېتىم يۈگۈرىدۇ، ھەج قائىدىسىدە كەبىنى تاۋاپ قىلماق پەر-ھىز، سافا ـ مەرۋىنى يەتتە قېتىم ئايلانماق ۋاجىپ، دەپ بېكىتىلگەن. ھەج قىلغۇچىلار ئېھرام باغلاپ، بۇ پەرھىز بىلەن ۋاجىپنى چوقۇم ئورۇندىشى لازىم.

مۇندىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇن، بىر بوۋاق ئىڭراپ ياتقان، بىر ئانا يۈگۈرۈپ سۇ ئىزدەپ يۈرگەن قۇملۇق جىلغا ھازىر بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلماننىڭ قىبلىگاھى. ھازىر بۇ يەرگە بىرنەچچە يۈز مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدى-غان، زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر، ئېسىل گىلەم ـ جايىنامازلار بىلەن بېزەلگەن، سالقىن، پاكىز، سىلىق مەرمەردەك ئەرەب تېشى ياتقۇزۇلغان ھەيۋەتلىك بەيتۇللا ياسالغان. بەيتۇللا جامە ئۆزد-نىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى، چوڭ ـ ئازادىلىكى بىلەن دۇنيادا بىرلا. مىسىر ئىنژېنېرلىرى، بىناكارلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. جامەگە ئادەمنىڭ كىرسە كىرگۈسى كېلىدۇ، سىلىق ـ پارقىراق تاشلىرىدا ياتسا ياتقۇسى، مۇزدەك جانغا ئارام سۇلىرىنى ئىچسە ئىچكۈسى كېلى-دۇ. قاچانلا قارىسىڭىز، مەيلى كېچەيۇ كۈندۈز بولسۇن، بۇ يەردە مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرىسىز. بىرلا ئايال سۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۇگۇرگەن جاي ـــ هازىر كاتتا شەهەر، مۇقەددەس جاي. بىر بالا تېپىرلاپ ئىڭراپ ياتقان جاي ـــ هازىر قىبلىگاه، بىر مىلياردتىن كۆپ ئادەمنىڭ تەلپۈنىدىغان جايى. مانا بۇ ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن يول ـــ تارىخ ـــ تەرەققىيات.

## مىنا مېھمانخانىسىدا

مەن «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» (رابهىلتەالم السلامى) نىڭ ھەج ئۇچۇن مەخسۇس ياسالغان مىنا مېھمانخانىسىغا كۆچۈپ چىقتىم. بۇ يەرگە ئالاهىدە تەكلىپ بىلەن كەلگەن مېھمانلاردىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى جايلاشقان. مەن «جۇڭگو ھەج ئۆمىكى» گە قوشۇلدۇم. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ۋاجىدى باشلىق بولغان بۇ ئۆمەكتە ئون تۆت ئادەم بار ئىكەن. بىز ئون بەش ئادەم ھەج پائالىيىتىمىزنى مۇشۇ مېھمانخانىدىن باشلىدۇق.

بۇ يەردىكى ھەج پائالىيىتى: هارپا (ئايەم) كۈنى ئەراپاتقا چىقىش، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇپ (ناماز ئوقۇپ) خۇدادىن ئۆتكۈزگەن گۇناهلار ئۇچۇن ئەپۇ سوراپ پاكلىنىش. كېچىدە مۇز تەلپىگە قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە بىر كېچە تۇنەش، تاڭغا يېقىن مىناغا قايتىپ كېلىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە ئاخىرىدا ھەرەمگە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، كەبىنى يەتتە، سافا ـ مەرۋىنى يەتتە ئايلىنىپ بولۇپ چېچىنى ئالدۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەج پەرھىزىنى ئادا قىلغىلى كەلگۈچىلەر جەزمەن ئورۇندىشى لازىم بولغان پائالىيەت. بۇ پائالىيەت ئۇچۇن دۇنيادىكى ئاتمىش دۆلەتتىن كەلگەن بىر مىليوندىن كۆپ ئادەمگە مۇشۇ مىنا ئەتراپىدىكى بوش يەرلەر، تاغ قاپتاللىرى، ھەتتا قاقاس تاغنىڭ چوق-

قىلىرىغا نەچچە يۈز مىڭ چېدىرلار تىكىلگەن. بۇ چېدىرلار شامالدۇرغۇچ، مۇزدەك سۇ، تېگىگە سېلىنىدىغان سېلىنچا بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

مىنادىكى چېدىرلاردا ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە مۇددەت بىلەن ئىبادەت ئۈچۈن كۆچۈپ چىققان مىليونلىغان خەلقنى تاماق، ئۇسسۇزلۇق، داۋالاش، قاتناش بىلەن تەمىنلىمەك ئۆزچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن سەئۇدى ھۆكۈمىتى نەچچە مىڭلىغان ئىشچى كۈچى (بېنگال، يەمەن ئىشچىلىرى)، ساقچى-ھەربىيلەر، ماشىنىلار، دوختۇرخانىلار (سەييارە)، ئاشخانا، تەرەتخانا، نەچچە مىليون دوللارلىق خىراجەت بىلەن بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلا پۈتتۈرگەن. مەن مىنا مېھمانخانىسىنىڭ سالقىن ئۆيىدە ھېچقانداق مۇشەققەت كۆرمىدىم. لېكىن ئەتراپىمىزدىكى ئىسسىق تاشلىقتا ئېھرام بىلەن ماكان تۇتۇپ يېتىشقان نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەملەر (قېرىلار، ئاياللار، بالىلارمۇ بار) ئەللىك گرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىق، چاڭقاش، قاتتىق يەردە يېتىش، پىيادە مېڭىش قاتارلىق مۇشكۈلاتلارغا چىداشلىق بەرمەكتە. مەن مېھمانخانا ئالدىدىكى سەھنىدە تۇرۇپ، مىنادا ھەريان مېڭىشىپ قىمىلداپ يۈرگەن ئوخشاش كىيىملىك (ئېھرام ئېچىدە، يەنى يالىڭاچ بەدەنگە بەلنىڭ تۆۋىنى ۋە يۇقىرىسىغا ئورالغان ئاق رەخت)، يالاڭۋاش ئادەملەرگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ تۇرىمەن. بۇ قاراپ تۇرۇشۇم تاماشا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش ئۈچۈن. ئېتىقاد ئىنسانغا روھ، ئىرادە ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىكەن. ئىنسان ئېتىقاد يولىدا ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىكەن. ئېتىقاد يولىدا تارتقان مۇشەققەت ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك ۋە بەخت بىلىنىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئىنسان بىر ئېتىقاد بىلەن ئۆزىگە روھىي ئوزۇق، خۇشاللىق ۋە بەخت تاپىدىكەن...

مىنا ئاسمىنىدا يەردىن ئىككى يۈز مېتىردەك ئېگىزلىكتە

www.uyghurkitap.com

بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان چارلاپ يۈرمەكتە. تاشلىق تاغلارنىڭ قاپتاللىرى، ھەتتا تاغ ئۈستىمۇ چېدىرلار بىلەن تولغان. ھۆپۈلدەپ تۇرغان تومۇزدا ئادەملەر تاشلىق ساي، تاغ قاپتاللىرىدا تەرگە مىلىنىپ چاڭقاپ، ھاسىراپ تۇرۇشماقتا. تىك ئۇچار ئايروپىلانلار، نەچچە يۈزلىگەن دوختۇر ماشىنىلىرى بۇ ئادەملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۈياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ، يۈگۈرۈپ يۈرمەكتە. ھوشسىزلانغان ياكى سەكراتقا چۈشكەن نىمجان ئادەملەر ئۆزلىرىنى بەختلىك، مۇرادىغا يەتكەن ھېسابلايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەپ چارچىغان ئەرەبىستان خادىملىرىمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداقلا بەختلىك ۋە تەلەيلىك ھېسابلايدۇ. بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ئېتىقاد ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

مەن مىنا مېھمانخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، ئەتراپىمدىكى قىمىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ يۈقىرىقىلارنى ئويلىدىم. مىنا — مەككە شەھىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى بىر جىلغا، ھازىر بىر كىچىك شەھەر. ئۇ ئەمەلىيەتتە مەككە شەھىرىنىڭ بىر پارچىسى. ئۇ يەرگە مەككىدىن بارىدىغان نۇرغۇن راۋان، كەڭ، زامانىۋى يوللار بار. بۇ يوللار ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر، تاش تەشمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەتراپى قارا تاشلىق پاكار تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ قاقاس ساي زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى (كونىچە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) دىن بىر كۈن بۇرۇن (يەنى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ) ئاۋات تاۋاب - ئىبادەت، سودا - سېتىق مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. مەككىدىن مىناغا قاتنىغۇچى ماشىنىلار شۈنچىلىك تولىكى، كېچىسى بىر ئېگىزدىن يوللارغا قارىسىڭىز، ماشىنا چىراغلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، ئاسماندىكى سامانيولى ياكى بىر ئوت يولىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

مەن شۇ كۈنى كەچتە «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» نىڭ مىنا-

دىكى مېھمانخانىسىنىڭ يولغا قارىغان ئېگىز سۇپىسىدا تۇرۇپ نەچچە يۈز مىڭ ئادەم مىغىلداپ تۇرغان كەڭ سەيناغا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم: بۇ يەر ئادەم دېڭىزى، لېكىن بۇ يەردە باشقا سەيلە - بايرام ئورۇنلىرىدىكىدەك ناخشا، ساز، كۈلكە - ماجىرا يوق. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا قارىماققا غەمكىن، جىددىي، سۈرلۈك. گويا بۇ ئادەملەر مۇسىبەتتىكىدەك، خۇشاللىقنى ئۇنتۇشقاندەك... لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ قەلبى بەخت ۋە رازىلىق ئىلكىدە. ئۇلار مۇلايىم، سىلىق - يۇمشاق، ئۇلار ئۆزئارا ئىناق - مېھرىبان. بۇ چىرايلارنى كۆرگەن ئادەم مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھاجىلار توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ جاۋابىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالىدۇ:

— ھاجىلارنىڭ نىشان - بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزدىن.

— ھاجىلارنىڭ نىشان بەلگىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەيغەمبىرىمىز، — كىيىملىرى جۇل - جۇل، قورسىقى ئاچ، ھېرىپ - چارچىغان، چاچلىرى ئۆسكەن، كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلغان، قەلبى پاكىز ئادەمنىڭ ئەينى ئۆزى.

سەپ تارتىپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان ھەر خىل رەڭلىك بىر خىل كىيىملىك (ئېھرام ئىچىدە) ئادەملەر توپىدا كىملەر يوق دەيسىلەر؟ پالەچ قېرىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ سايىۋەنلىك ناسىلكىلىرىدا، نارەسىدىلەر ئاتىلىرىنىڭ يەلكىلىرىدە، يېڭى تويى بولغان قىزلار ئۆز يىگىتلىرىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە... توپ بىلەن بىللە يولدىن ئۆتمەكتە.

مەن مىنادىكى بۇ مېھمانخانىدا ئاتمىش نەچچە دۆلەتنىڭ ھەج ئۆمەكلىرىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە. لېكىن ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمەيمەن. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن شەمشىدىن ئەپەندى باشلىق بولغان يىگىرمە بەش كىشىلىك ھەج ئۆمىكى، كۆپىنچىسى تۈركلەردىن بولغان بۇلغارىيىلىك ئالتە كىشىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك ھەج ئۆمىكىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشەلەيمەن. شەمشىدىن ئەپەندى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، بىرقانچە خىل تىل بىلىدىغان خۇشخۇي ئادەم. مەن كۆپىنچە شۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇ كىشى ئەرەبلەر، ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى دۇنيا توغرىسىدا ماڭا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەج ئۆمىكىدىكى قالغان ئەزالار ئۆزبېك، قىرغىز، ئەزەربەيجان، تاتار، تۈركمەنلەرمۇ ماڭا ئۆز بىلگەنلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز بىلىمىمنى خېلى كۆپەيتىۋالدىم.

ياپونىيە ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى (دابەن دىنىي مەھكىمە باشلىقى) شەنكۇجۇڭجاۋ ئەپەندى (ئەرەبچە ئىسمى ئابدۇلرەخىم ياماگوچ) بىلەنمۇ خەنزۇچە خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرالدىم. مەن ئۇنىڭدىن خەنزۇچە خەت بىلەن:

— ياپونىيىدە قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ئوخشاشلا خەنزۇچە خەت بىلەن:

— دابەندە قىرىق مىڭ مۇسۇلمان بار، — دەپ جاۋاب يازدى.

— سىلەر نېمىشقا ئىسلام دىنىغا كىردىڭلار؟

— ئىسلام دىنىدا نۇرغۇن ھەقىقەت بار، — دەپ يازدى ئۇ.

ئىتالىيىلىك ياش گېئولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىلىق بىر پروفېسسور، برازىلىيىلىك بىر باي، فرانسىيىلىك بىر كىنو شىركەت خادىمى ھەم مېنىڭ بۇ خىل سوئاللىرىمغا شەنكۇجۇڭجاۋ ئەپەندىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. شەمشىدىن ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك دۆلەتتە چوڭ بولغان. بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىمىزمۇ ئوخشىشىدىكەن. ئەرەب يېرىم ئارىلى — بۇ قەدىمىي چۆللۈك، ئىجتىمائىيەتتە زوراۋانلىق قۇللۇق دەۋرنى بېشىدىن جىق كەچۈرگەن، خەلقى

تەبىئەتتىن تولا ئازار يېگەن بۇ جايدا بۇنىڭدىن بىر مىڭ تۆت يۈز سەككىز يىل ئىلگىرى (يەنى 622 - يىلدىكى ھىجرەتنىڭ 1 - يىلىدىن باشلاپ) ئىشغالىيەت باشلىغان ئىسلام دىنى بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولغان دۆلەتلەردە، زامانىۋى ئىلىم - پەن ئەھلى ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلماقتا. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز شەمشىدىن ئەپەندى بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق ۋە مەنىلىك پاراڭلاشتۇق. بىز دۇنيادىكى ھەر خىل ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، پەلسەپە ئېقىملىرى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشتۇق. لېكىن يۇقىرىقى مەسىلىگە قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك جاۋاب تاپالمىدۇق. ئاددىي جاۋابلار ئەلۋەتتە تولا. لېكىن جاۋاب چوڭقۇر پەلسەپە، ئىلىم ئاساسىدا بۈگۈنكى ئەمەلىيەتكە باب بولۇشى لازىم ئىدى.

زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى سەھەردە (بىزچە ئايەم كۈنى) بىز مىنادىكى بۇ مېھمانخانىغا جايلاشقان مېھمانلار نۇرغۇن ماشىنا بىلەن ئەراپات تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئەراپات — مىنادىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈزلەڭلىك. ھەج قىلغۇچىلار مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە ئەتىگەنلىكى كېلىپ كۈن پاتقۇچە تۇرۇشى شەرت. بۇ يەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلماق، ئەراپاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى قوشۇپ قەسىدە قىلىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ناماز ئوقۇماق — ھەج پائالىيىتىدىكى ئۈچ پەرھىزنىڭ بىرى. ئەراپات تۈزلەڭلىكىدىكى جەبەلى ئەراپات تېغى مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەج قىلغۇچىلارغا ئاخىرقى قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەن جاي ئىكەن.

ھەج پائالىيىتىنىڭ پەللىسى بولغان بۇ كۈن تولىمۇ ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك بولىدىكەن. مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەر تەرەپتىن بۇ تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدىكەن. بىز سالقىن شامالدۇرغۇچلۇق، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا، ئەتراپىمىزدىكى

پىيادىلەر توپى بولسا سەپ ـ سەپ بولۇپ، قولتۇقلىشىپ ھەر-
قايسى دۆلەتلەرنىڭ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قوللىرىغا كۈن-
لۈك، دولىسىغا چايدان ئارتىپ «لەببەك» سۈرىسىنى ئوقۇپ
كېتىپ بارماقتا. مانا شۇ سەپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھايات بىلەن
خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغان نىمجان قې-
رىلار، دۇنيانىڭ ھەممىلا ئىشىنى قىزىقچىلىق بىلىدىغان بالى-
لار، ھاياتىدا مۇشۇ كۈننى ئەڭ مۇقەددەس بىلىپ ئۆمۈر بويى
شۇ كۈننى تەقەززا بولۇپ كۈتۈشكەن ساددا دىل ئادەملەر، يەنە
بۇ كۈندە خۇدادىن ئۆزگە باقىي ئالەم سەپىرىنى تىلەيدىغان
مۇرىتلار بىلەن، بۇ كۈننى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس كۈن
سۈپىتىدە ئېسىدە ساقلايدىغان ئىخلاسمەنلەر... ھەر خىل پىكىر-
لىك، ھەر خىل ئېتىقاد، كۆزقاراشتىكى ئەر ـ ئايال، ياش ـ
قېرىلار بار. بۇگۈنكى دەبدەبىلىك پائالىيەت ھەممىلا ئادەمنىڭ
دىلىدا ئېتىقاد قىلىنغۇچىغا كۈچلۈك ئىشەنچ، سېغىنىش، بېقى-
نىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئادەملەر مۇلايىم،
لېكىن جىددىي؛ ئىرادىلىك، لېكىن چارچىغان؛ مىسكىن، لې-
كىن غەيۇر كۆرۈنىدۇ.

بىز سالقىن، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا كېتىپ بارد-
ىمىز. ئەتراپىمىزدا ئېقىشۋاتقان ئادەم ئېقىمى بىزنى ئۆز ئېقىمىدا
ئەكېتىشۋاتىدۇ. بىز شۇ ئېقىمىنىڭ بىر پارچىسى، لېكىن بىزدە
مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىنى قىلغان ھاجىلارنىڭ سۈپىتى
يوق. بىز ماشىنىدىكىلەر ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جاما-
ئەت ئەربابلىرى، ئىجادكارلار، دەۋرىمىزنىڭ پەيلاسوپلىرى
(ھەر خىل كۆزقاراشتىكى)، ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە
سادىق سىياسەتچىلەر بار. بىز «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»نىڭ
مىنادىكى مېھمانخانىسىدا ياخشى غىزا، سالقىن ئۆي بىلەن كۈتۈ-
لۈپ، ئەتراپىمىزدىكى چېدىرلاردا، كۆۋرۈك ئاستى، تام تۈۋلى-
رىدە يېتىشقان ھەج ئەھلىگە تاماشا ۋە كۆزىتىش نەزىرى بىلەن

قارىغۇچىلار. بىزدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقادقا قارىغاندا سوئال ۋە مۇلاھىزە كۈچلۈك. بولۇپمۇ بىز جۇڭگو، سوۋېت، بۇلغارىيىلىك ھاجىلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئالاھىدىلىكىمىز روشەن. بىزنىڭ سۆھبەت، چاقچاق ۋە مۇئامىلىمىزدە بۇ ئالاھىدىلىكىمىز ئىپادىلىنىدۇ. بىز ماشىنىدا كېتىۋېتىپ مىسىرلىق ياۋروپالاشقان زىيالىيلارنىڭ ياكى سۇدانلىق قەددى ـ قامىتى تولىمۇ كۆركەم قارا تەنلىك ئەزىمەتلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، گۇمانلىق قاراشلىرىغا دۇچ كېلىمىز. ئۇلار كۆزلىرى بىلەن گويا: «سىلەر، ماركسنىڭ ياۋروپادىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلماي، بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭلار؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مانا بۇ ئۆزئارا چۈشىنىشمەسلىك، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئۇزۇن يىل ئەشىكنى تاقاپ ياشىغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان. مەن ئۇلارغا سۆزلەشنى، بۈگۈنكى ھاياتنىڭ نازۇك سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشنى تولىمۇ خالايتتىم، لېكىن مەن تىلسىز.

بىزنىڭ ئەراپاتتىكى تۇرالغۇمىزمۇ توقۇما سىم بىلەن قورشالغان، دەرۋازىسىنى ئەرەبىستان ئەسكەرلىرى ساقلايدىغان، چېدىرلىرى شامالدۇرغۇچ، يۇمشاق گىلەم، ئۇسسۇزلۇق بىلەن تەمىنلەنگەن ئالاھىدە جاي. بىز بۇ يەردە ياخشى غىزا بىلەن كۈتۈلدۇق. ئالاھىدە يوپۇق بىلەن ياسالغان، ئاستىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان مەسچىت ۋە تەرەت ئالىدىغان ئورۇنلار بىزگە راھەت ۋە ئوڭايلىق بېغىشلايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملىرىمىزنى پەرھىز ئادا قىلىۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، ساياھەت قىلىپ يۈرىدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك، ئۇلار مەسچىتنىڭ سالقىن گىلەملىرى ئۈستىدە، ئۆز چېدىرلىرى ئىچىدە نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلاشماقتا. مەن يېنىمىزدىكى چېدىرغا جايلاشقان بۇلغارىيىلىك تۈركلەر بىلەن سۆزلەشمەكتىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىدىن سۇلايمانوف چىققانلىقى بىلەن ماختاندى ۋە بۇلغارىيىدىكى ئىككى مىليون تۈركنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇر-

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دى. ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنى زادىلا بىلمەيدىكەن. قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنى ئايتماتوف، مۇختەر ئەۋىزوفلار ئارقىلىق بىلىدىكەن. ئۆزبېكلەرنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. سەۋەبى، بۇ ئالتە كىشىلىك ھەج ئۆمىكى بۇخارادىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ياش تالىپلىرىدىن تەشكىللەنگەنىكەن. مەن ئۇلارغا بىزنىڭ شەھىرىمىزدىمۇ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم ئۇيغۇرلاردىن بەش يۈزگە يېقىن ئادەمنىڭ ھەج قىلغىلى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

كەچقۇرۇن بۇ يەردىكى بىر كۇنلۇك ئىبادەت ئاخىرلىشىش ئالدىدا، قۇرئان ئوقۇپ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۇرۇم سوراپ دۇئا قىلىش باشلاندى. ھەممىلا يەردە دۇئا، يىغا ـ زار ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلار. مەن بىزنىڭ ئۆمىكىمىزدىكى چىن ئىخلاس بىلەن گۇناھى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان پىشقەدەم كادىرلارغا ھەيرانمەن. ئۇلار يېلىنماقتا، يىغلىماقتا. بىرنى دوراپ ئەمەس، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن يىغلىماقتا. بۈگۈن ئۇلار نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ؟ ئىنسان ئۆزىنى ھەممىدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. ياسالمىلىق، ئالدامچىلىق، زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارمۇ ئۆز گۇناھلىرىنى سالماقلايدۇ. لېكىن ئىنسانلارغا بىر يامان ئەيىب ئورتاق، ئۇ بولسىمۇ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن ئەپۇ سورىمايدۇ.

— ئەرسات كۇنى قىساس كۇنى، — دېدى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركمەنىستاندىن كەلگەن ھاجىم مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقىنىمنى چۈشەنگەندەك ئۆزىچىلا ماڭا سۆزلەپ، — مۇڭگۈزلۈك مۇڭگۈزسىزنى ئۈسكەنلىكى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ. ئىنسان نېمىنى قىلمايدۇ دەيسىز؟ ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ مىڭدىن بىرى ئاشكارىلىنىدۇ. قالغانلىرىنى ئۆزلىرى ئەرسات كۇنى بوينىغا ئالىدۇ. خۇدايىم بىزنى گۇناھ قىلغىلى ياراتقان ئەمەس ۋە مەيۇئەللىمەن ئەھەددى ھەتتى يەقۇلائىنىنەمە نەھنۇفتىنە

تۇفه لەتەكفۇرا! بۇ گەپنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: هارۇت، مارۇت ئاتلىق ئىككى پەرىشتە هېچ كىشىگە ساختىلىقنى ئۆگەتمەيدۇ. لېكىن بۇلار دەيدۇكى، بىز ئەكەلگەن ۋە سۈپەتلىگەن نەرسە پىتنە، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ يۈرمەڭلار! هارۇت بىلەن مارۇت ئىنساننى ئازدۇرغۇچى پىتنىلەرنى تارقىتىدۇ. لېكىن ئۇنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق هەركىمنىڭ ئۆز ئىشى.

ئەراپاتتىكى داغدۇغىلىق ئىبادەت توغرىسىدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيىلىك ياشلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم. بىر فرانسۇز يىگىت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە مەندىن:

— سىز ياپونغۇ - هە؟ — دەپ سورىدى. ئىنگلىز تىلىدىن ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلغۇچى شەمشىدىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە فرانسۇز يىگىتكە بىزنى چۈشەندۈردى. فرانسۇز يىگىت بىر كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بىرنەچچە يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دىننى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەمەۋىلەر ياۋروپانىڭ غەربىدە، يەنى بىزنىڭ قوشنىمىز ئىسپانىيىدە تۆرلۈك ئىسلام هۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. 730 - يىلى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن قۇرۇلغان بۇ ئەمەۋى هۆكۈمەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ماهىيىتىنى چۈشەنمىدى. بۇ هاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بوش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن XV ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ سەككىز يۈز يىللىق هاكىمىيەت بىر كاچات بىلەنلا قوغلاندى. ئۇ يەرلەردە مەن مۇسۇلمان، دېگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. نېمىشقا شۇنداق؟ سەۋەبى، ياۋروپالىقلار ئىسلامنىڭ ماهىيىتىنى ئەمەس، هەيۋىسىنى قوبۇل قىلىشقان. مانا بىز زورلۇق، هەيۋە بىلەن ئەمەس، بىلىم، ئىزدىنىش، ئەقىل ئىشلىتىش بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇق. ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. قاراڭلار، شۇنچە ئادەم ئەراپات كۈنى قوللىرىغا قۇرئان تۇتۇپ پاكلىنىش ئۈچۈن ياش تۆكمەكتە. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۈگۈن ئىنسانىيەتنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا — بۇلغانغان دۇنيا، ھاۋامۇ، يېمەكلىكلەرمۇ، ئادەملەرمۇ بۇلغانغان! قانچىلىغان قاتىللار تەخت ئۈستىدە، خەلقنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. قانچىلىغان جىنايەتچىلەر سىياسەت ۋەكىلى، ھەقىقەت ۋەكىلى بولۇۋېلىۋاتىدۇ! بۇنى كىم ھېسابلاپتۇ؟ پۈتۈن ئىنسانىيەت مانا بۈگۈنكىدەك چىن ئىخلاس بىلەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ پاكلانغان بولسىدى، ئىنسانىيەت بەختلىك بولغان بولاتتى. دۇنيادا ياۋۇزلۇق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، زوراۋانلىق يوقالغان بولاتتى. بۈگۈنكى دۇنيا پاكلىققا موھتاج. خۇددى بېلىق سۇسىز ھايات تۇرالمىغىنىدەك، ئىنسانىيەتمۇ گۈزەللىكسىز، پاكلىقسىز ياشىيالمايۋاتىدۇ.

تەرجىمان ئۇنىڭ گېپىنى زوق بىلەن خۇددى شېئىر ئوقۇغاندەك تەرجىمە قىلىپ بەردى. سېرىق چاچ، كۆك كۆز، قامەتلىك فرانسۇز يىگىت تۆۋەندىكى كەلىمەنى ياد ئوقۇدى: ۋە خەلق نەلەكۇم، مافىل ئەرزى جەمىئە (تەرجىمىسى: زېمىننى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياراتتىم).

— شۇنداق، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — بىر ئەقىدىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش كېرەك. فەئلەم ئەننەھۇ، لائىلاھە ئىللاھۇ (ئاۋۋال بىل، ئاندىن ئىمان ئېيت)، زېمىن بىزنىڭ نېمىتىمىز، لېكىن بىز بۇ نېمەتنى بۇلغاۋاتىمىز!

ئۇنىڭ ئېھرام ئىچىدىكى گەۋدىسى تىترىدى، كۆپكۆك كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— ۋەجەدىلەھوم بىللەتى ھىيەئەھسەن، — دېدى ئەزەربەي-

جانلىق چارساقال، بۇدۇر چاچ ئادەم بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ كەلىمەنىڭ مەنىسى: سەن بىرى بىلەن سۆزلەشسەڭ ناتىق بول، دېگەن بولىدۇ. ئۇ كىشى تولىمۇ سۆزمەن، بىلىملىك ئىكەن. ئىسىت، بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلگەن بولسا سۆزىنى ئاڭلىساق بولغانىكەن.

فرانسۇز ياپونىيىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشەركىن؟ مېنىڭ بۇنى بىلگۈم كەلدى، لېكىن ئامال يوق. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرەمگە شۇ يەردىلا قوندۇرۇۋالدىم. «بۈگۈنكى دۇنيا پاكلىققا موھتاج» دېگەن سۆز ماڭا تولىمۇ ياقتى. ئىنسانىيەت تارىخى، ئىنسانىيەتنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخى. مەن ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئارزۇسىنى شۇ كۈنى كېچىدە مۇزتەلپىدە تۈنىگەن چېغىمدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىدىم.

مۇزتەلپە — ئەراپات بىلەن مىنا ئارىلىقىدىكى، مىنانىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر يېرىم كىلومېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان تۈزلەڭلىك. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكىرىسىدە مەشەرىل ھەرەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. ھەج قىلغۇچىلار كۈن پاتقاندىن كېيىن، ئەراپاتتىن مۇشۇ مۇزتەلپە تۈزلەڭلىكىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ مەشەرىل ھەرەم تېغىغا يېقىنراق جايىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ تاشلىق تۈزلەڭلىكتە بىر كېچە ئىبادەت قىلىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، خۇداغا سېغىنىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىبادەت تاكى تاڭ يورۇغىچە داۋاملىشىدۇ.

بىزگە ئاتاپ ئالدىنئالا تاشلىق يەرگە گىلەملەر سېلىنغان، يازنىڭ ئىسسىقى بىلەن قىزىغان، قۇرغاق يەر ئۈستىدە كېچىنىڭ سالقىن شامىلى بىلەن راھەتلىنىپ يېتىش ياكى ئولتۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قارىسىڭىز،

سانسىز چىراغلار بىلەن يورۇغان چەكسىز تاشلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە دۆلەت، مىللەت، جىنس، رەڭگى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان مىليوندىن جىق مۇسۇلمان تەبىئەتنىڭ ئىللىق قوينىدا ۋاجىپ ئادا قىلماقتا. پۈتۈن تۈزلەڭلىك شۈنچىلىك يورۇق، شۈنچىلىك قاينام ـ تاشقىنلىقكى، بەلكى يەر يۈزىدىكى ھېچقاىداق بىر چۆللۈك بۇنداق نۇر ۋە ئىنسان مېھرىدىن تېخى بەھرىمەن بولالمىغان بولسا كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز جەننەتتىن قوغلانغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە تېپىشقان ۋە ئەر ـ ئايال بولۇپ جۈپلىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى مۇشۇ يەردە ئالەمگە چاچقانىكەن. بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئەنە شۇ ئۇرۇقتىن تارالغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت رەسۇلۇللا مۇشۇ مەشەرىل ھەرەم تېغىدا توختىغان ۋە ئۆزىنىڭ: «ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، غەيرىي ئەرەبلەرمۇ ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس··· خوجايىنلار قۇللىرىڭلارغا مېھرىبان، ئادىل بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى قىلىدۇ···» دېگەن مەشھۇر ئاخىرقى نەسىھەتىنى بۇ يەردە تەكرارلىغانىكەن.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن، باغرى ئىسسىق، جانغا ئارام بېغىشلايدۇ، ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىغۇڭ كېلىدۇ. لېكىن مەن چەرخ يۇلتۇزلۇق ئاسماننى سۈرەتلەيدىغان بۇ ئەرەب زېمىنىدىكى مەنزىرىنى كۆز يۇمماستىن كۆرمەكچى، خىيال ۋە تەپەككۇر بىلەن تاڭ ئاتقۇچە جىمجىت ئولتۇرۇپ مىليون خەلقنىڭ سىدىلىق، سۈرلۈك، ئاستا ئاۋازىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك شاۋقۇنىنى ئاڭلىماقچى. مەن بۇ شاۋقۇندىن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتقا، ياشاش ۋە ياشنىتىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئاڭلىماقتىمەن. ئىنسان بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تارالغانۇ، يىللار ئۆتۈپ

ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن، خۇددى ياۋايىلار توپىدەك بىر ـ بىرىنى ئۆۋلاش كويىدىكى دۆلەت، گۇرۇھ، مىللەت، تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئەسلىدە قېرىنداش بولۇپ يارالغان ئادەملەرنى بۇنداق كېلىشكىلى بولمايدىغان ماجىرا ۋە قىرغىنلارغا باشلىغان زادى قانداق بىر كۈچ؟ مەن ئويلايمەنكى، بۇ كۈچنى تەبىئەت ئەمەس، ئىسلامىيەت ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلغان.

مۇزتەلپەدىكى ئېلېكتر نۇرلىرى، ئىنسان قەلبىدىن چىقىپ كۈچلۈك شاۋقۇنغا ئايلانغان ئۇلۇغ سادا ماڭا بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ قاباھەتكە قارشى جەڭ باشلىغانلىقىنى ئاڭلاتتى: دۇنيا باراۋەرلىك، پاراۋانلىق، مېھرىبانلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ خېلى نۇرغۇن قىسمى تېخى بۇنى قارشى ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار مەنپەئەت، بايلىق ۋە ئۆز گۇرۇھىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن باشقىلارنى تالان ـ تاراج قىلىش كويىدا.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قارغايدىغانلارمۇ بار. مۇزتەلپەدىكى تۈنەك ماڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئەجدادىغا بولغان مۇھەببىتىنى چۈشەندۈردى. ئىنسان مۇھەببەتكە موھتاج بولغىنىدەك، سەممىي ـ ساداقەتكىمۇ موھتاج. رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي: «بىر ئادەم گۈزەللىككە قانچىلىك سەممىي بولسا ئىنساپتىن شۇنچە يىراق بولىدۇ» دېگەن سۆزنى قايسىبىر مەنىدە ئېيتىۋىدىكىن؟ «گۈزەللىك» بىلەن «ئىنساپ» ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلسا خاتا بولارمۇ؟ دۇنيادا مەن چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر قانچىلىك كۆپ بولسا، مەن چۈشەنمەيدىغان گەپلەرمۇ شۇنچىلىك جىق ئوخشايدۇ. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، بۈگۈنكى ئىنسانىيەت گۈزەللىككە موھتاج. ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى يەر يۈزىدىكى ئەڭ زور گۈزەللىك. ئۇنىڭ ساختىلىق، رەڭۋازلىق، ۋەھشىيلىككە قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇشى گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلالىغانلىقى. مەن ئەتىگەنلىكى مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيداندا بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

قائىدە بويىچە، ھەج قىلغۇچىلار مۇزتەلپەدىن چوڭ شەيتانغا ئېتىش ئۈچۈن قوينىڭ مايىقدەك تاشتىن يەتتە دانە تېرىۋېلىشى كېرەك (قالغىنىنى مىنادىن تەرسىمۇ بولىدۇ).

ھەج قىلغۇچىلار نېمە ئۈچۈن مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىدۇ ۋە بۇ پائالىيەت ھەج قائىدىسىدە ۋاجىپ دەپ بېكىتىلگەن؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە: خۇدايىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئىسمائىلنى خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى باشلاپ مۇشۇ مىناغا كېلىدۇ. جەمرەتۇل ئەقەبە ئىسىملىك چوڭ شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى توسۇپ: «داداڭ يالغان ئېيتىدۇ، خۇدادىن ۋەھيى كەلگىنى يالغان، ئۇ سېنى ئالداپ ئۆلتۈرمەكچى» دەپ ئازدۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئالدانمايدۇ ۋە ئاللاتائالاغا بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاپ، دادىسىغا ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ياتقۇزۇپ، ئىتتىك پىچاقنى تەگبىر بىلەن ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا سۈركەيدۇ. لېكىن پىچاق ئۆتمەيدۇ. يەنە سۈركىسە يەنە ئۆتمەيدۇ. شۇنچە بىلىگەن ئىتتىك پىچاقنىڭ كېچىك بالا بوغۇزىغا زادىلا ئۆتمىگىنىگە خاپا بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى تاشقا ئۇرىدۇ. ئۇيۇلتاش پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا خۇدادىن: «ئىبراھىم، قۇربانلىقىڭ قوبۇل بولدى» دېگەن ۋەھيي كېلىدۇ ۋە ئاسماندىن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كۆك قوچقار چۈشىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى قۇربانلىق ئۈچۈن قوي سويۇلۇپ كەلمەكتىكەن.

مانا بۇ ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاينى مۇھەممەت پەيغەمبەر تاۋاپ قىلغان ھەم مۇزتەلىپەدىن يەتتە تال تاش تېرىۋې-لىپ شەيتانغا ئاتقان.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان بۇ جاي شۇنىڭدىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاجىپ ئادا قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان. ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساداقەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئېزىتقۇ شەيتانغا ئىنسانلارنىڭ غەزىپىنى ئىپادىلەيدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، مىنادىكى چۆرە-سى ئاق تاش بىلەن توسۇلغان، ئوتتۇرىسىغا تاشلاردىن تۆت چاسا بەلگە قاتۇرۇلغان بۇ جاي قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى سە-ھەردە نەچچە يۈز مىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالى-دۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا تاش، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ توسۇق يېنىغا بېرىشىدۇ ۋە غەزەپ بىلەن شەيتانغا تاش ئېتىشىدۇ. ھەج قائىدىسىدە، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە قوپاللىق قىلىشى، قىستىشىش، ئىتتىرىشىش، چوڭ تاشلارنى ئېتىش قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، غەزەپلەنگەن خەلق ھامان بۇ چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ، ھەج قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشى-دۇ؛ ئادەملەر بىر - بىرىنى قىستايدۇ، ئىتتىرىدۇ، ھەتتا دەسسەيدۇ؛ يوغان تاشلارنى ھەتتا باشقا نەرسىلەرنى ئاتىدۇ.

مىنادا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇش ھەج قائىدىسى. بۇ كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭلىغان ئادەم سەپ بولۇپ ئۆز چېدىرلىرىدىن چىقىپ مىنادىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايغا قاراپ ئاقىدۇ. قائىدە بويىچە، مەككىنىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدىكى بىرىنچى شەيتاندىن باشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتان جەمرەتۇل ئەقەبەگە تاش ئېتىش (ھەربىر شەيتانغا ئارقىمۇئارقا يەتتە دانە تاشنى ئاللاھۇ ئەكبەر، دەپ ئېتىش) كېرەك. لېكىن ھاجىلار ئۆز غەزىپىنى باسالماستىن قائىدىنى بۇزۇپ، ئاۋۋال چوڭ شەي-

تانغا تاش ئاتىدۇ. ئۇلار خۇددى مەككە - بەيتۇللادىكى مەجرۇل ئەسۋەد تېشىنى سۆيۈشكە ئىنتىلگەندەك ياكى مەدىنە ھەرەمىدىكى رەسۇلىللانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا مەسچىتنىڭ تاملىرى، قەبرە ئەتراپىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلارنى سىلىغۇپلىشقا ئۆزىنى ئاتقاندەك، شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن قورشاۋ يېنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

قارىماققا، بۇ ئىشلار بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاددىي ھەرىكەت، ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ئالامىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىساق، بىز بۇ ھەج پائالىيىتىدىكى بىر باسقۇچ (ۋاجىپ) تىن ئىنسانلارنىڭ ساداقەت، گۈزەللىك دۈشمەنلىرىگە، بولۇپمۇ بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۈگۈنكى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتنى ساداقەتتىن، مېھرىبانلىق، ئۆزئارا مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىشكە قىستاۋاتقان ۋەھشىي «شەيتان» لار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئەڭ چوڭ «جەمرەتۇل ئەقەبە» لىرى باردۇر - ھە؟ ئىنسانىيەت ئەلۋەتتە ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئۇلارنى غەزەپ - نەپرەت تاشلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلاشقا قادىر. چوڭ - كىچىك شەيتانلار بىر مەھەل ئۆزلىرىنى پەرىشتە، ئەۋلىيا، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى «خۇدا» قىلىپ پەردازلاپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئىنسانىيەت راست بىلەن يالغاننى، گۈزەللىك بىلەن قاباھەتنى پەرقلەندۈرۈشتە مول تەجرىبىگە ئىگە، ھامان بىر كۈنى بۇ يالغان «پەرىشتە»، «خۇدا» لار ئىنسانىيەتنىڭ غەزەپ - نەپرەت تاشلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيدانىدىن تاڭغا يېقىن قايتىپ كەلدۇق. مەن شەمشىدىن ئەپەندىگە يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئېيتتىم.

بىز تۆتىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىمىزغا ھېرىپ، ئۆيقۇسىراپ چىققىنىمىزدا، تاغلارنىڭ بېشىنى قۇياش نۇرى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىگەندى. بۇگۈن بىر يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيت كۈنى، مۇشۇ قۇياش يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىنىلا ئە- مەس، ھەممىلا جاينى، مېنىڭ يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىمۇ ئۆز نۇرلىرى بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. چۈنكى مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ بۇ- گۈن قۇربان ھېيت!

## سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھەد بىن ئابدۇلئەزىز جانابلىرى ھۇزۇرىدا

1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 11 - كۈنى) يەنى قۇربان ھېيتنىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەنلىكى مەن ماشىنىغا چىقىپ بازار (مەككە) غا ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىم- دا، ماڭا ئەرەبچە كىيىنگەن چىرايلىق بىر يىگىت پادىشاھ ھۇ- زۇرىغا تەكلىپ قىلىنغىنىمنى ئۇقتۇردى. بىز جۇڭگودىن ھەج قىلغىلى كەلگەن بىر مىڭ بىر يۈز نەچچە كىشىگە ۋاكالىتەن ئىككى ئادەم، يەنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئى- سى، جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ۋاجىدى ئاكا ئىككىمىز پادىشاھنىڭ مىنادىكى قەسرىگە — پادىشاھ ھۇزۇرى- غا كىرىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق. بىز كاستۇم - بۇرۇلكا، گالستۇكلار، ئۇيغۇر دوپپىسى بىلەن ياساندۇق (گەرچە كۈن ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولسىمۇ). ماڭا بۇ ياسىنىش كۆلكى- لىك ۋە ئازابلىق تۇيۇلدى. تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدىن ئۆتۈپ سالقىن، ئازادە قوبۇل زالىغا كىرگەندىن كېيىن، مىللىي كى- يىم بىلەن ياسىنىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. زالدا ھەر خىل كىيىنگەن، ھەر خىل چىراي، ھەر خىل رەڭلىك ئادەملەر (تامامەن ئەرلەر) ئولتۇراتتى. ئاق، قىزىل چېكىتلىك ئاق

www.uyghurkitap.com

غوترا ( باشلىق ياغلىق ) سېلىپ، ئۈستىگە ئېقال ( چەمبىرەك ) كىيىۋالغان، ئاق يىپەك توف ( ئۇزۇن كۆڭلەك ) ، ئۈستىگە ياقا، پەش، يەڭ ئۇچلىرىغا زەر كەشتىلەر تۇتۇلغان قارا، سېرىق، ئەت رەڭ ئاباي ( لىباس يېپىنچا ) كىيىشكەن، قامەتلىك، قارا بۇرۇت، قاش - كۆزى قارا. ئاق يۈزلۈك يىگىتلەر مېھمانلارنى كۈتۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈشىدۇ. سارغۇچ، قىسقا يەڭ ھەربىيچە كىيىنگەن، شاپ بۇرۇت، گەۋدىلىك يىگىتلەر ئۇزۇن قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۈرلۈك مېڭىشىپ، كىچىك قەدەھلەردە مېھمانلارغا يېشىل رەڭلىك ئىچىملىك ( ئالىي چاي ) قۇيۇپ يۈرمەكتە. مەن مېھمانلارغا قارىدىم، سەھنىگە يېقىن جايدا پاكارراق، قارا بۇرۇتلۇق تۈركىيە زۇڭلىسى تۇرغۇت ئۆزال كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا، ئۇنىڭ يېنىدا تىك ئۆرە ياقىلىق قارا ئۈستۋاش كىيگەن بېنگال زۇڭلىسى ( بۇلارنى ماڭا باشقىلار تونۇشتۇردى ) ، مىسىر ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، جامائەت ئەرباپلىرى پادىشاھنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا. ئورۇندۇقلاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەج ئۆمەكلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، تەكلىپ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن مەشھۇر زاتلار سەھنە يېنىدىكى يان ئىشىككە قاراشماقتا. نۇرغۇن تېلېۋىزور، سۈرەت ئاپپاراتلىرى سەھنىگە كۆزلىرىنى توغرىلاپ جىمجىت قېتىپ قېلىشقان...

بىز سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، بۇلغارىيە ۋەكىللىرى ( سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەمشىدىن ئەپەندى، بۇلغارىيىدىن بىر ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەت ۋەكىلى ) ئەڭ ئارقىدىن ئورۇن ئالدۇق ( بىزنىڭ يېنىمىزدا ياپونىيە، فىلىپپىن ۋەكىللىرى بار ) . بىز ئۆزئارا پاراڭلىشالايمىز. ياپونىيىلىك شەنكۇ جۇڭجاۋ ( ئابدۇلرەخىم ياماگوچ ) ياپونىيە مىللىي كىيىمى بىلەن ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا تەمشىلىدۇ. لېكىن

تەرتىپ ساقلىغۇچى سەئۇدى يىگىتلىرى (ھېلىقى چىرايلىق،
ئوخشاش كىيىنگەن يىگىتلەر) بەلگىلەنگەن ئورۇندىن يۆتكى-
لىشكە ھېچكىمگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ياپونىيە ھازىرقى دۇنيادا
قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەئۇدى ئەرە-
بىستانى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە، شۇنداق تۇرۇپ ياپونىيە
ۋەكىلى نېمىشقا تۇرغۇت ئۇزال زۇڭلى بىلەن بىللە سەھنە
ئالدىدىن ئورۇن ئالمىدى؟ دېگەن سوئال ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن
چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۈچ سوتسىيالىستىك دۆلەت
ۋەكىللىرىدە بۇ خىل نارازىلىق يوق. چۈنكى بىز، سەئۇدى
ئەرەبىستانى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمىغان دۆلەتلەر-
دىن (مەملىكىتىمىز ئۇ چاغدا تېخى مۇناسىۋەت ئورناتمىغان)
كەلگەن مۇسۇلمانلار.
— سىلەر ئۇيغۇرنىڭ، مەن ئۆزبېكنىڭ ۋەكىلى، — دېدى
شەمشىدىن ئەپەندى ئەخمەت ۋاجىدى ئاكا ئىككىمىزگە چاقچاق
قىلىپ، — ئاۋۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان نېگىرلار سۇدان، نېگىرىد-
يە، ئېفىئوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، لېكىن بىز
پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئاۋۋال دۆلىتىمىزنى،
ئاندىن ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرىمىز. مىللىتىمىزنى تونۇشتۇرۇش-
نى بېشىمىزدىكى دوپپىلىرىمىز ئۈستىگە ئالىدۇ.
پادىشاھ كىردى، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىمىزدىن تۇردۇق.
پادىشاھ بېشىغا بايىقى ئەرەب يىگىتلىرىدەك ئېقال بىلەن غوترا
كىيگەن، ئۈچىسىغا ئەت رەڭ ئاباي (يېپىنچا)، سۇتتەك ئاق
توف كىيگەن، چىرايلىق - كىچىككىنە ساقال قويغان، ئاق
يۈزلۈك، ساغلام - تىمەن پادىشاھ فەھەد بىن ئابدۇلئەزىز جاناب-
لىرى تولىمۇ خۇشال، خۇشۋاخ ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەئۇدى
ئەرەبىستانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، يەنى ئابدۇل-
ئەزىزخان ئائىلىسىنىڭ بۇ دۆلەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپى-
لىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان پەرزەنتلىرى، ھەرقايسى دۆلەت-

لەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مەشھۇر ئەربابلىرى بار ئىدى. تەبرىك، مەدھىيە، مىننەتدارلىق سۆزلىرى باشلاندى. ۋەزىر ئەزەم، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئۆمەر تەسسىف، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر دوكتورى ئۆز نۇتۇقلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پادىشاھ نۇتۇق سۆزلىدى. بىز ئەرەبچە بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ نۇتۇقلارنى چۈشىنەلمىدۇق. لېكىن بىلىدىغان ئاتالمىلار، ئومۇمىي كەيپىياتقا قاراپ سۆزلەرنىڭ تەخمىنىي مەنىسىنى پەرەز قىلدىم. سۆزلەر تەبرىك، مىننەتدارلىق ۋە مەدھىيىگە مەركەزلەشكەن بولسا كېرەك.

ئەتىگەن سائەت ئون بىرلەر بىلەن قوبۇل قىلىش باشلاندى. پادىشاھ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار سەھنىدە (يەنى ئالدىنقى قاتاردا) قاتارلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى. مېھمانلار قاتار تىزىلىشىپ ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشتى. پادىشاھ ھۆرمەتلىك مېھمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئىككى مەڭزىگە يېقىشىپ كۆرۈشتى. ئادەتتىكى مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئەسلى پادىشاھ سەپ بولۇپ تىزىلغان مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتىدۇ ۋە بىز بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇنداق بولمىدى. پادىشاھ ئىككى سائەتتەك ئۆرە تۇرۇپ، ھەربىر ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ بىرمۇبىر ئەھۋاللاشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا كۆرۈشكۈچىلەر قاتارىدا مەنمۇ پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ:

— چەينا، زوھورىدىن سابىر! — دېدىم. پادىشاھ كۈلۈپ كەتتى. ئەرەب تىلىدا زوھور (خىلھۇر) — گۈل دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدىكەن، «دىن» قوشۇلغاندا مېنىڭ ئىسمىم «دىنىنىڭ گۈلى» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. پادىشاھ شۇنىڭغا كۈلگەنىكەن.

يېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقان، بايلىقتا دۇنيانىڭ ئالدىنقى

قاتاردا تۇرۇۋاتقان بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبـ-
لىگاھى بولغان مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولغان ئادەمنىڭ ئىككى
سائەت ئۆرە تۇرۇپ، ئاددىي ئادەملەر بىلەن بىرمۇبىر قول
ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا يوق ئىش بولغانلىـ-
قى ئۈچۈن، پادىشاھ ئىلاجىسىز رەسمىيەت يۈزىدىنلا كۆرۈشۈ-
ۋاتقان بولسا ئۇنىڭ چىرايىدىن زېرىكىش، رەنجىش ئالامەتلىرى
بايقىلىدۇ، دېگەن نىيەت بىلەن پادىشاھنىڭ چىرايىغا قارىدىم.
ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئاق يۈزىدە، يوغان، خۇمار كۆزلىـ-
رىدە شادلىق ۋە قىزغىنلىقتىن باشقا ھالەت تېپىلمىدى. مەن
خۇشاللىق ۋە مىننەتدارلىق بىلەن مېنى قوبۇل قىلىۋاتقان سا-
ھىبخانىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆز گۇمانخورلۇقۇمدىن خىجىل
بولدۇم.
پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان مېھمانلار مەمۇرىي ۋە
ھەربىي ساھىبخانلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئەت رەڭ
گىلەم ئۇستىدە مېڭىپ زىياپەت زالىغا كىرىشتۇق. پادىشاھ
زالغا ئاخىرىدا كىردى، زىياپەت باشلاندى. ماڭا داستىخاندىكى
غىزا ۋە زىياپەت رەسمىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بىلىندى. بۇ يەردە
نە قەدەھ سۆزى، نە ئۆرە تۇرۇپ رومكا ئۇرۇشتۇرۇشلار، نە
ئارقا - ئارقىدىن قوشۇلۇپ تۇرىدىغان خىلمۇخىل مەززىلىك
قورۇما (سەي)، يېمەكلىكلەر، نە ھەر خىل شېشە - رومكىلار
يوق، ھەممىلا غىزا ئۇستەلگە تىزىلغان: چوڭ - چوڭ لېگەنلەر-
دە ئىسسىق پولۇ، ھەربىر لېگەندە پولۇ ئۇستىدە پۈتۈن پېتى
قويۇلغان تونۇر كاۋىپى (پاقلان)، قوشۇمچە ھەر خىل مېۋە -
چېۋە، يېمەكلىكلەر ۋە قەھۋە، مۇزدەك سۇ…
بىز تەكەللۇپسىز، ئەركىن - ئازادە، خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدىكى-
دەك غىزالاندۇق. غىزادىن كېيىن ئىختىيارىيچە تارقالدۇق.
پادىشاھ ھۇزۇرىدا بولغان تۆت - بەش سائەت ۋاقىت ئىچىـ-
دە، نە داغدۇغىلىق چاۋاكلار، نە ھېسسىياتلىق ناخشا - مۇزد-

كا، نه سۇرلۇك - داغدۇغىلىق ئامانلىق ساقلاش كۆرۈنمىدى. ھەممىلا ئىش تولىمۇ ئاددىي، تەبىئىي ۋە قىزغىن بېجىرىلدى. مەن قوبۇلدىن كېيىن بىر ئەرەبىستان پۇقراسىنىڭكىگە مېھمانغا بارغاندەك، ساھىبخان تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتىن رازى بولۇپ قايتقاندەك تەبىئىي، يەڭگىل ۋە يېقىملىق ھېسسىيات بىلەن ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم.

— مۇسۇلمان پادىشاھلىرى تولىمۇ سۇرلۇك، تەكەببۇر بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. پادىشاھ فەھەد جانابلىرى ماڭا مۇنداق تەسىرات قالدۇرمىدىغۇ؟

— مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرى ئۆزىنىڭ قىرىق سەككىز ئوغلىغا باي بىر دۆلەت قۇرۇپ بەردى. بۇ دۆلەتنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە يالغۇز بايلىقنىلا تاپشۇرۇپ بېرىپ قالماي، ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇش، ئىسلامغا، دۆلىتىگە، خەلقىگە سادىق بولۇشتەك ياخشى خىسلەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ بەرگەن. باللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە سادىق. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قايسى ئوغلىنىڭ يېشى چوڭ بولسا، شۇ ئوغۇل پادىشاھ بولىدۇ، كىم پادىشاھ بولسا، قالغان ئوغۇللار ئۇنى قەتئىي ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرى 1953 - يىلى ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سەئۇد، فەيسال، خالىت قاتارلىقلار ۋاپات بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى: «بىز ئىككى ھەرەمنىڭ خادىمى» دەپ ئاتىدى. ھازىرغىچە خان جەمەتىنىڭ ھەممىلا ئەزالىرى ھۆكۈمەت بەرگەن ئايلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. خەزىنىدىن خالىغىنىچە پايدىلىنىش، خەلقتىن زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بايلىق يۇلۇۋېلىش بۇ يەردە يوق. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دۆلەت قانۇنىدا: ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ خان جەمەتى ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بار، دەپ بېكىتىلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى يۇقراسى مۇھەممەت قاسىم ئەمىن بۇخارى مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى توغرىسىدىكى سو- ئالىمغا يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەردى.

مەن بۇ پادىشاھلارغا قىزىقىپ قالدىم، بىر قالاق خەلق ياشايدىغان ئۇنۇمسىز تۇپراق ئۈستىدە يېقىنقى ئاتمىش - يەتمىش يىل ئىچىدىلا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش بولغانكى، بۇ ئۆزگىرىش- نى ياۋروپادىكى ئىلغار سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئامېرىكى- دەك، ياپونىيىدەك سانائەت تەرەققىياتى تېز بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىككى يۈز يىللىق تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بەزى- لەر: «ئەرەبلەر نېفىت بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. نېفىتى تۈگىسىلا ئۇ دۆلەتلەر تۈگەيدۇ» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئەرەبلەردە پۇل جىق، لېكىن ئۇلار ئىلىم - پەن، سانائەتتە يەنىلا قالاق» دېيىشىدۇ. مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللار بۇ گەپلەرنىڭ خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى سەئۇدى ئەرە- بىستانى: دۆلەت ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، ئالىي مائارىپ تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى يۇكسەك دەرىجىدە ياخشىلان- غان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بولۇپمۇ، يەرلىك سانائەت بىلەن سودا - سېتىق ياۋروپا ئورتاق بازىرىغا قاتناشقان دۆلەت- لەردىن ئۈستۈن دېگۈدەك يۇكسەلگەن. شەھەرلىرى، يوللىرى، قاتناش، ھەربىي ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان بىر دۆلەت. بۇ دۆلەتنىڭ پۇلى، بايلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە مۇكەم- مەل دۆلەت قانۇنى، ئۆزىگە خاس دېموكراتىيىسى، خېلى قاتتىق تۈزۈم - تەرتىپلىرى بار.

مەن بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشكە قىزىقتىم. بۇ دۆلەتنىڭ قايتا قۇرغۇچىسى بولغان مەلىك ئابدۇلئەزىزبىن ئابدۇراخمان سەئۇد (الملك عبدالعزيزبن عبدالرحمن ال سعود) خۇددى مۇھەممەت پەيغەمبەردەك ساۋاتسىز ئادەم تۇرۇق- لۇق، بۇ ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرقى ئادىل پادىشاھى ئۆمەر ئىبنى

ئابدۇلئەزىز 719 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا بىر نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ، پارچىلىنىپ ئابباسىلار، ئوسمانلىلار تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللار مۇستەملىكە قىلىنىپ خارابلاشقان دۆلەتنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرۈپ گۈللەندۈرەلىدى؟

مەن مۇشۇ مەسىلىدە ئىزدەندىم. بىلەرمەنلەرگە مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ئانچە - مۇنچە بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالدىم. مېنى بۇ ئىشتا بىلىم ۋە ساۋاتقا ئىگە قىلىشتا زېرىكمەي ياردەم قىلغان ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەت قاسىم ئەمىن بۇخارى ئاكىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

## سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قايتا تىرىلىش ۋە گۈللىنىشتە بېسىپ ئۆتكەن يولى

ھەرقانداق بىر مەملىكەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزى بىلەن ماڭغان پادىشاھ ۋە دۆلەت باشلىقلىرى دۆلىتىدە ھېچقانداق زور ئۆزگىرىش قىلالمايدۇ ۋە تېزلا سەھنىدىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

مانا بۇ تارىخ بىزگە ئۆگەتكەن ھەقىقەت.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تىرىلىش ۋە گۈللىنىش تارىخىمۇ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق يارىتىلغان. بۇ زور ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرى ئەلۋەتتە مۇناسىپ ھالدا مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرىغا مەنسۇپ. مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر باتۇرلىرى بىلەن كۆۋەيتتىن 1901 - يىلى رىياز ھاكىمىنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بۇ دۆلەت قانداق ئىدى؟ مەلىك ئابدۇلئەزىز زادى كىم؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلدى؟

گەپنى بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن باشلايلى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەرەب يېرىم ئارىلى دەرياسىز،

كۆلسىز، قىشۇ ياز ھاۋا ھۇپۇلدەپ ئىسسىپ كۆيىدىغان، تاش
ۋە قۇملۇق يېرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بىر جاي.
ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق قۇرغاق، خەلقى نامرات بىر جايدا
پەيدا بولغان. ئىجتىمائىيەتتە بۇ يېرىم ئارالدا زوراۋانلىق،
قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن، 621 - يىلى پەيغەمبەرلىك
ۋەھيي كەلگەن، 622 - يىلى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئىسلام دىنى-
نى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن، مانا
بۇ يىل ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلدىن
باشلاپ ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يۈز يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا
ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش، بۇ دىن ئارقىلىق
چېچىلاڭغۇ تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئىسلام دى-
نىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىدى. بۇ
دىن ئۆز ۋاقتىدا زوراۋانلىقنى چەكلەش، باراۋەرلىكنى تەشەب-
بۇس قىلىش، ئىنساپ - دىيانەتنى قاباھەت ئورنىغا دەسسىتىش
جەھەتلەردە زور رول ئوينىغان، بۇ دىن بىلەن پۈتۈن ئەرەب
دۇنياسى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا قوزغالغان ۋە بۇ دىن-
نىڭ ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تەشەببۇسلىرىنى تارقى-
تىش، رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنالىغانىدى.

«ئىننالاھە، لاغەييۇرۇبىقاۋمىن، ھەتتا يوغەييۇرۇ مابى-
ئەن فۇسىھىن» (مەنىسى: بىر قوۋم (مىللەت) ئۆزىدىكى
ئەيىبلەرنى ئۆزى قوزغىلىپ ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاتائالا ئۇ ئەيىب-
لەرنى ئۆزگەرتمەيدۇ) دېگەن قۇرئان كەلىمەسى شۇ چاغدا ئەرەب-
لەرنىڭ ئۆز شارائىتىنى، ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىدىكى
شوئارى بولۇپ قالغانىدى.

ئەمەۋىلەرنىڭ ئادىل پادىشاھى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز
719 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى بىلەن پەيدا
بولغان تەرەققىيات توختاپ، ئەرەبلەر ھەممىلا جەھەتتە كەينىگە
چېكىندى. ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ، ئەزگۈچى-

لەر ئۇچۇن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئەمرىمەرۇپ، قائىدە ـ قانۇنلار پەيدا بولدى. ئادەملەر خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ مازارلارغا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىگە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ سېغىندى. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا ئىشىنىپ بۇ دۇنيادىن تەركىدۇنيا بولدى. نامراتلىق، بېقىندىلىق، ئۆزئارا قىرىش ـ چېپىشلارنىمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئومۇمەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قاتتىق كەمبەغەللىك، مەنىۋى جەھەتتىكى ئۈمىدسىزلىك شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي بوھراننىڭ ماھىيىتى بولۇپ قالغانىدى.

730 ـ يىلىدىن كېيىن ئەمەۋىلەر پارچىلاندى. ئابباسىلار (ھازىرقى ئىراق) ئابومۇسلىم خۇراساننىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزدى. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت پۈتۈن سەككىز يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىش، باش ـ ئاخىرى يوق سوقۇشلار بىلەن خەلقنى قان تۆكۈش، بالايىئاپەتكە ئۆزىنى ئېتىشقىلا مەجبۇرلىغاندىن سىرت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ھېچقانداق يېڭىلىق يارىتالمىدى. خەلق پالما يوپۇرماقلىرى بىلەن يېپىلغان، ئۆتمىتۆشۈك ئۆيلەردە داق يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇ دۇنياغا بېغىشلاپ ئاچ ـ زېرىنلىق بىلەن ياشاۋەردى. ئابباسىلار ئورنىنى ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ئىگىلىگەندىن كېيىنمۇ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھېچقانداق يېڭىلىق بولمىدى. ھەتتا ياۋروپادا پەيدا بولغان پار ماشىنىسى، ئىشچىلار سىنىپى، كاپىتالىزم قاتارلىق زور ئۆزگىرىشلەرمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇ ئارالدا نە ئوت كۆچى بىلەن ماڭىدىغان بىرەر زاۋۇت، نە ئېلېكتىر، نە ئىستانوك، نە دىۋىگاتېل، نە شامال تۈگمىنى پەيدا بولمىدى. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت، خىمىيە ئىلىملىرىگە بۇرۇنلا

ئاساس سالغان ئەرەبلەر دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر هالدا VII، VIII ئەسىردىكى تۇرمۇش شەكلى بىلەن ياشاۋەردى.

ئەرەب دۇنياسىدىكى نادانلىق، قالاقلىق، نامراتلىق تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشتى. بۇ خىل ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىجتىمائىي هالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئەرەبلەرنىڭ باتۇر ئوغلى مەلىك ئابدۇلئەزىز بىرىنچى بولۇپ بەل باغلىدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز 1885 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رىياز شەھىرىدە قەدىمكى رىيازخان جەمەتلىرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ خاندانلىق ئابدۇلئەزىزنىڭ بەشىنچى بوۋىسى سەئۇدنىڭ نامى بىلەن سەئۇدى خانلىقى دەپ ئاتالغان. بۇ خاندانلىق XVIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇراهال بىر هاكىمىيەت قۇرغان. بۇ هاكىمىيەتنىڭ دىيانەت ئىشلىرىغا شۇ چاغنىڭ ئىسلاهاتچىسى مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاهاپ دېگەن كىشى باشچىلىق قىلغان. بۇ كىشى ئىسلام دىنىغا يېپىشقان بارلىق ناچار نەرسىلەرگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان ۋە ئەرەبلەرنىڭ مەنىۋى هاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىسلاهات بايرىقىنى دادىللىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ چىققان. مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاهاپ (1803 - يىلى تۇغۇلۇپ 1891 - يىلى ۋاپات بولغان) رىياز شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى هويەينا دېگەن يەردە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇل ۋاهاپ شۇ يەرنىڭ قازىسى ئىدى. مۇھەممەت ئاتىسىنىڭ قولىدا، كېيىن مەدىنە شەھىرىدە ئوقۇپ يېتىلگەن. ئۇ ياش چاغلىرىدىلا ئىسلام دىنىغا يات بولغان خۇراپاتلارنى تەنقىد قىلىشقا پېتىنالىغان. ئۇ چاغدا مەدىنىدە قەبرىلەرگە، دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، خۇدادىن باشقىغا نەزىر - چىراغ قىلىش، ئۆلىمالارنىڭ نامىغا سېغىنىش ئەۋج ئالغان. ۋاهابى بىرىنچى بولۇپ بۇ نەرسىلەرنى تەنقىد قىلغان ھەتتا پەيغەمبەر قەبرىسىگە چوقۇنۇشنى توسقان. ئەرەبلەرنى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ يېڭىلىققا، ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىشكە تەشەببۇس قىلغان.

لېكىن ئۇ كۈچ ئېلىشالماي، بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىراققا بېرىپ يەنە ئوقۇغان. ئىراقتىمۇ خۇراپىي كۈچلەر بىلەن توختىماي ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن ئىراقتىن قوغلانغان. ئۇ دەھنە چۆلى بىلەن يالاڭ ئاياغ، يالاڭئاش، ئاچ - زېرىن هالدا پىيادە مېڭىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقان ۋە دېرئىيە دېگەن جايدا بىر كىچىك هاكىمىيەتكە سىغىنغان. بۇ هاكىمىيەتمۇ سەئۇدى هاكىمىيىتىگە قارايتتى. ئۇ شۇ جايغا ئازراق سىڭگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ تىنچ تۇرمىغان ئۇ خەلقنى قايمۇقتۇرغۇچى مازار - ماشايىقلارنى چېقىپ، قەبرى دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن خۇراپىي كۈچلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ، بۇ كۈچ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلغان. كىچىك هاكىمىيەت ئۇنى قوغداپ قالالمىغان. لېكىن هۆكۈم ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئۇنى چۆلگە ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈش ئورنىغا، ئىلىمنى هۆرمەت قىلىپ قويۇۋەتكەن. جاڭگالدا ئۇ ئاچارچىلىقتىن ئۆلەر هالەتكە كەلگەندە، ئۇنى بىر سەھرالىق يولۇچى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ئۇ هوشىغا كېلىپ يەنە بىر هاكىمىيەتكە سىغىنغان. ئۇ هاكىمىيەتنىڭ پادىشاھى مۇھەممەت بىن سەھۇد ئەلكەبىر دېگەن ئادەم ئۇنى هاكىمىيىتىنىڭ دىن، دىيانەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلغان، ئىسلاهاتچى ۋاهابى بۇ هاكىمىيەتتە خۇراپاتلىققا قارشى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ هاكىمىيەت بۇنىڭ بىلەن جانلانغان، روناق تاپقان. رىياز، ئەھسا ئۆلكىلىرىمۇ بۇ هاكىمىيەتكە قوشۇلغان. مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاهاپ بۇ سەئۇدى هاكىمىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ 1891 - يىلى ۋاپات بولغان. مەلىك ئابدۇلئەزىز مانا شۇ ئىسلاهاتچى ياشىغان دۆلەتنىڭ بىر كىچىك شەھىرىگە هاكىملىق قىلغۇچى ئابدۇراخمان سەئۇدىنىڭ ئائىلىسىدە 1885 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئابدۇل ۋاهاپ ۋاپات بولغاندا ئالتە ياشلىق گۆدەك بالا بولغىنى بىلەن تولىمۇ هوشيار، ئەقىللىق بالا بولغانلىقى ئۈچۈن كىچە-

كىدىنلا مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاھاپنىڭ ئەقىدىسىنى تاللىۋالغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئىسلاھات روھى، قەيسەرلىك خىسلىتى بىلەن تەسىرلەنگەن.

شۇ چاغدا ئوسمانلىلارغا بېقىنغۇچى ئىبنى رەشىت ئائىلىسىدىكى ھاكىمىيەت كۈچىيىپ، سەئۇد ئائىلىسىنى رىيازدىن قوغلىۋەتتى. سەئۇد ئائىلىسى كۇۋەيتتە باشپاناھلىق ئىزدىگەن. ئۇ چاغدا كۇۋەيتتە تەلىم - تەربىيە يوق، ئۇلار ئاڭسىز ياشىماقتا ئىدى. ئابدۇلئەزىز ساۋاتسىز قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ھاكىمىيەت، قىساس، ئىسلاھات ئۈچۈن پەيدا بولغان ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇر يېشى چوڭايغانسېرى ئۆسۈۋەردى. ئۇ ئاخىر مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاھاپنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق، خۇددى ئۇنىڭدەك ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن جاندىن كېچىپ كۈرەش قىلالايدىغان يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا ئۆيلەندى. بىرنەچچە كىشى بىلەن رىيازغا كەلدى. سەلف توقۇنۇشىدا ئىبنى رەشىت غالىب بولۇپ، ئابدۇلئەزىز يەنە كۇۋەيتكە قېچىپ كەلدى ۋە رىيازنىڭ ئەھۋالى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ، تەييارلىق كۆرۈپ، 1901 - يىلى قىرىق كىشى بىلەن رىيازغا قاراپ ئاتلاندى...

ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ قېتىمقى قەھرىمانلىقى توغرىسىدا مەن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. خۇددى كىنولاردىكى توقۇلمىلاردەك كىشىگە تەسىر قىلىدىغان بۇ ۋەقەلەردىن پەقەت بىرىنىلا كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچىمەن:

تىنچىق تۈن، ئابدۇلئەزىز رىيازغا يېقىن جايدىكى قارا تاشلىق تاغ يېنىدا ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر باتۇر يىگىتى بىلەن توختىدى. ئۇ يىگىتلەردىن ئۈچلا يىگىتنى يېنىغا ئالدى - دە، قالغانلىرىغا:

— تۆت سائەتكىچە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىسا بىزنى ھالاك بولدى دەپ ھېسابلاڭلار ۋە كۇۋەيتكە قايتىپ كېتىڭلار. ئەمما

مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان ئورۇنغا بېسىپ كىرىڭلار، -
دەپ جېكىلىدى.

يىگىرمە ئىككى ياشلىق باتۇر يىگىت ئابدۇلئەزىز ئۆز يى-
گىتلىرى بىلەن تاڭ ئالدىدا ئورۇنغا كىردى ۋە بارلىق مۇهاپى-
زەتچىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈردى. تاتلىق ئۇيقۇدىكى رى-
ياز هاكىمى ئىبنى ئەجلاننى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ساق-
لاپ تۇرغان يىگىتلىرىگە مۇددەتتىن بۇرۇن بەلگە بەردى. ئۇلار
ناهايىتى تېزلا ئورۇننى ئىگىلىدى. ناماز بامداتنى ئورۇندا ئوقۇپ
ئۆزى خانچە كىيىندى ۋە پۈتۈن رىيازغا: «يۇرت هاكىمىيىتى
خۇدا يولىدا ئابدۇلئەزىزنىڭ!» دەپ جاكارلىدى. بۇ ۋەقە تارىخ
هىجىرى 1319 - يىل روزى هېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىگە توغرا
كېلىدۇ... ئۇ چاغدىكى رىياز بەش كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدى-
كى ئۆيلىرى پالما يوپۇرمىقى، قاقالتىرلار بىلەن يېپىلغان،
كوچىلىرىدا قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغان كىچىك شەهەر ئىدى. مەلىك
ئابدۇلئەزىز هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، 1925 -
يىلىغا كەلگەندە بۇ شەهەر تۆت يۈز ئەللىك مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىرلىق چوڭ شەهەرگە ئايلاندى. مەلىك ئابدۇلئەزىز هاكىمى-
يىتىگە تەۋە ئاهالە سانىمۇ ئىككى مىليوندىن ئېشىپ ئەللىك
يەتتە شەهەر، قىشلاق ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-
شى دەۋرىدە ئۆز هاكىمىيىتىنى بوران - چاپقۇندىن ساقلاپ
قالالىدى. بۇ چاغدا دۇنيادا، ئەرەب زېمىنىدا نېمىلەر بولمىدى؟
1909 - يىلىدىن باشلاپ ئوسمانلىلاردىن بولغان خەلىپە ئابدۇل-
ئەهەدنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، رۇسىيە كېسەل خەلىپە دەپ ئا-
تاشتى ۋە ئۇنى ئىستانبۇلدىن هەيدىدى. 1914 - يىلى بىرىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. 1917 - يىلى چارروسىيە ئاغدۇرۇل-
دى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولدى. 1922 - يىلى بۇخارا خانلىقى
يىقىلدى، ياۋروپا، ئاسىيادا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بول-
دى. لېكىن مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ئوقۇمىغانلىقىغا قارى-

ماي، دۇنيادىكى زور ۋەقەلەردىن ئۆزىگە پايدىلىق تەجربە ـ
ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ دۆلەتنى كۈچەيتىش، خەلقنى باي
قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىزدىدى. دۆلەتنى قۇدرەتلىك
دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش،
خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ بىرىنچى شەرتى — باشقىلار-
نىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ
يەتكەن مەلىك ئابدۇلئەزىز ئەرەبلەرنى ئوسمانلىلارنىڭ ئاسارىتى-
دىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان
شەرىپ فايسال ناملىق پەيغەمبەر زاتىنىڭ قوماندانلىقىدىكى مىل-
لىي ھەرىكەتنى قوللىدى. لېكىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىك-
كى مۇھىم شەھىرى بولغان ئىككى ھەرەم جايلاشقان مەككە
بىلەن مەدىنە شەرىپ فايسال خانلىقىدىن بولغان شەرىپ ھۇسەن
ناملىق ئادەمنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەت ئابدۇلئەزىزنىڭ
ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈرگۈزمەكچى بولغان زور ئىسلاھاتلىرىغا
توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىدى. مانا بۇ چاغدا، مەلىك ئابدۇلئەزىز
يىراقنى كۆرەر، پاراسەتلىك رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى:
يەنى ھەربىي يول بىلەن ئىككى ھەرەمنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر-
نىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قابىلىيەتتە شۇ
چاغدىكى ئوسمانلى مۇشاۋىرلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆر-
سەتتى، ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆپ ئادەم ئۆلدى. لېكىن مەلىك
ئابدۇلئەزىز يېتىشكەن زىيالىيلار، ئىش بىلەر ئىدارىچى، قازى ـ
مۇپتىلارنىڭ ئورۇنلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا ساقلاپ قالدى.
مەككە مۇكەررەمدە تۇنجى قېتىم ئىسلام ئەنئەنىسىگە باغلىق بول-
غان خاندانلىقلار مەجلىسى چاقىردى ۋە ئەرەب دۇنياسىدا تۇنجى
دېموكراتىيە ئاۋازىنى جاراڭلىتىپ: «مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ
ھۆكۈمەتكە، مەلىك ئابدۇلئەزىزگە بىۋاستە پىكىر بېرىش ئەر-
كىنلىكى بار!» دەپ جاكارلىدى ۋە ئۆزى خەلق ئارىسىدىكى بىر

ئاددىي قورۇدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇ ئاخشاملىرى كوچىلاردا يۇ-
رۇپ خەلق بىلەن ئۇچراشتى، پىكىرلەشتى. پادىشاھنىڭ ئولتۇ-
راقلاشقان بۇ جايى ھازىرمۇ قاراره (مەركەز مەككە) دەپ ئاتىلى-
دۇ (بۇ جاي كەبىنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىكتە). مەلىك ئابدۇلئەزىز
قۇرغان مىللەت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.
ئەرەب تارىخىدىكى بۇ تۇنجى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ مەركى-
زى مەككە شەھىرى ئىدى.

ئىسلام مىللەتلىرى مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاھاپنىڭ توغرا
ئەقىدىسىنى چۈشەنمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىدا
توسقۇنلۇق زور ئىدى. ئىككى ھەرەمنى قانداق ئىدارە قىلىش،
ھاجىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، پۈتۈن دۇنيا ئىسلام ئەللىرى
ۋە مىللەتلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش كېرەك؟ دېگەن مە-
سىلىلەردە دۇنيا مىقياسىدا سۆھبەتلىشىش مەقسىتى بىلەن مە-
لىك ئابدۇلئەزىز 1926 - يىلى ھەج مەزگىلىدە تارىختا تۇنجى
قېتىم دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايغا ئاللتە
يۈزدىن ئوشۇق دۇنيا ئىسلام ۋەكىللىرى، ئۆلىمالىرى قاتناش-
تى. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن مەشھۇر ئىسلام پەيلا-
سوپى مۇسا جارۇللا ئەپەندى ھەم قۇرۇلتايغا قاتناشقان. ئۇ
كىشى خوتەنلىك زىيالىي قاسىمجان ھاجىم بىلەن مەككىدە ئۇچ-
رىشىپ قالىدۇ. قاسىمجان ھاجىم ئانىسى ۋە ھەمشىرىلىرىنى
ئېلىپ ھەج قىلغىلى كەلگەنىكەن. ئۇلار 1918 - يىلى ئورۇم-
چىدە تونۇشقانىكەن. مۇسا جارۇللا قاسىمجان ھاجىمنىڭ بىلى-
مىگە قاراپ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ تونۇپ، بۇ
زاتنى مەلىك ئابدۇلئەزىزگە تونۇشتۇرىدۇ. قاسىمجان ھاجىم
ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ.

قۇرۇلتايدا مەلىك ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەل-
گۈسىدىكى ئومۇمىي سىياسىتىنى ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تو-
رۇپ بىلگەن، ھېس قىلغانلىرىنى ئىسلام ئالىملىرى بىلەن

ۋەكىللەرگە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە سەئۇدى ئەرەبىستا-
نى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىن كېلىدىغان ھاجىلارنىڭ خىز-
مىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىشىگە كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى
جاكارلىدى. ئۇ يەنە مۇھەممەت بىن ئابدۇل ۋاھاپ ئەقىدىسىنى
شەرھلەپ: «بۇ بىر مەزھەپ ئەمەس، ئۇ كىشى مەزھەپچى ئە-
مەس، ئۇ كىشى ئىسلام دىنىغا يېپىشقان ھەر خىل خۇراپاتلىق-
لارنى تۈگىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىدا توغ-
را بىر نىشانغا رەھبەرلىك قىلغۇچى!» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ
باي - پۇلدارلارنى تەلىم - تەربىيە ئورگانلىرىغا پۇل ھەدىيە
قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن باش تارتقانلارنى مەكتەپ قۇرۇش
ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە پۇل قەرز بېرىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ
بىلەن 1927 - يىلى بىر مىليون ئۈچ يۈز مىڭ كۋادرات كىلومې-
تىرلىق زېمىندا يۈزدىن ئارتۇق پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ تە-
سىس قىلىندى.

تارىختىن بېرى ئىككى ھەرەمدە تۆت ئورۇندا باشلانغۇچ
مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىككىسىنى ھىن-
دىستان بايلىرىدىن سەۋلەتىيە دېگەن ئايال قۇرغان، قالغان ئىك-
كىسىنى زەينال ئائىلىسى قۇرغانىدى. ئۇ چاغدا ھىجازدىكى ئۈچ
مىليون نوپۇس ساۋاتسىز ئىدى. گەرچە ئىككى ھەرەم ھاجىلار-
نىڭ كېلىپ - كېتىشى بىلەن بىرئاز ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان
بولسىمۇ، باشقا جايلاردىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ناھاي-
تى تۆۋەن ئىدى. 1909 - يىلىدىن بۇرۇن، ئوسمانلىلار ھاكى-
مىيىتى يۇرتنىڭ داڭلىق ئىگىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت خادىملىرى-
غا، ھالى خاراب نامراتلارغا ئاز - تولا پۇل ياردەم قىلاتتى.
لېكىن بۇ يېتىشمەيتتى. نامراتلىق سەۋەبىدىن يۇرتتا چىرىكلى-
شىش، قاباھەت كۈچەيگەن: بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچى-
لىق، پارىخورلۇققا ئوخشاش جىنايى قىلمىشلار نۇرغۇن ئىدى.
مەلىك ئابدۇلئەزىز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىمۇ

ئىقتىساد ئۈنچىلىك تېز راۋاجلانمىغان بولسىمۇ، پادىشاھ دې-
موكراتىك سىياسەت قوللىنىپ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بول-
دى. ئۇ ھۆكۈمەت نامىدا بايلاردىن قەرز ئېلىپ تۇرۇپ، بۇ
پۇلنى جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلەتتى. لېكىن بۇ ۋاقىتلىق
چارە ئىدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز خەلقنى نامراتلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ
قىلىپ دۆلەت ئىچىگە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
دى. نەتىجىدە، مەملىكەتنىڭ شەرقىدىن بېترول (نېفىت) تې-
پىلدى. 1938 - يىلىغا قەدەر، ئىشلەپچىقىرىش (نېفىت ئې-
لىش) چەت ئەل شىركەتلىرىدىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن
ئېلىپ بېرىلدى. 1939 - يىلى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ چەت ئەل
شىركەتلىرى چېكىندى. 1946 - يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن
نېفىت ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى، لېكىن نېفىت كىرىمى-
نىڭ يەتمىش بەش پىرسەنتى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ، يىگىر-
مە بەش پىرسەنتى سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ھېسابىغا بولدى.

مەلىك ئابدۇلئەزىز ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلمىسا ئۈزۈل -
كېسىل قەد كۆتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس
قىلىپ، نېفىتتىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ مائارىپنى راۋاج-
لاندۇرماقچى بولدى. تۆت يىلدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە
باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، دارىلمۇئەللىمىن ۋە كەسپىي مەكتەپلەر-
نىڭ سانى تۆت مىڭ ئالتە يۈزگە يەتتى، 1950 - يىلى سەئۇدى
ئەرەبىستانى ئوقۇغۇچىلىرى ئالتە يۈز مىڭدىن ئاشتى. شۇ يىل-
دىن باشلاپ ھۆكۈمەت زامانىۋى ئىلىم - پەن تەربىيىسى ئۈچۈن
چەت ئەلدىن مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى. 1980 -
يىلىغا كەلگەندە بىرلا مىسىردىن كىرگەن مۇئەللىملەر سانى
يەتمىش مىڭغا يەتكەن. ئىئوردانىيە، سۇرىيە، لىۋان، ئىراقلار-
دىنمۇ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار كىردى، 1950 - يىلىدىن 1980 -

يىلىغىچە سىرتتىن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ مۇئەللىم كېلىپ، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللاندى.

ئەرەب زېمىنىدا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر خىل خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لېكىن مەلىك ئابدۇلئەزىز: «فەئىلەم ئەننەھۇ، لائىلاھە ئىللاھۇ» (ئاۋۋال ئىلىم ئال، ئاندىن ئىمان ئېيت) دېگەن كەلىمە، «ئوۋ ئىتلىرىغىمۇ ئىلىم ئۆگەت» دېگەن ھەدىسلەرنىڭ كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قارشى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئومۇمىي خەلقنى نادانلىق، ئاڭسىزلىققا قارشى كۈرەشكە دادىل يېتەكلەپ، توسقۇنلۇقلارنى ئۈزلۈكسىز يەڭدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن، قىزلار تەلىم ـ تەربىيىسى كېچىكتى، 1961 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئومۇمىي يۇرت بويىچە قىزلار تەلىم ـ تەربىيىسى يولغا قويۇلدى. ھازىر ھەر خىل بىلىم يۇرتلىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئوغۇل ـ قىزلىرى ئوقۇماقتا. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مىليونى ئەرەب قىزلىرىدۇر. ھەر خىل قىزلار مەكتەپلىرىدە بۈگۈن ئون يەتتە مىڭ ئايال ئوقۇتقۇچى قىزلارغا دەرس ئۆتمەكتە. بۇ ئاياللارنىڭ تۆت مىڭدىن كۆپى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، ئۈچ يۈز يەتمىش نەپىرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. قىزلار تەلىم ـ تەربىيە باش ئىدارىلىرىنى ئاشۇ ئاياللار باشقۇرىدۇ. ھازىر چەت ئەللەردە ئون بەش مىڭ قىز ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى بار.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — ئەرەب مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن سەئۇدى پادىشاھى 1960 ـ يىلى دۆلىتىدە «مەلىك سەئۇد» ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. مەملىكەتنىڭ شەرقىدە نېفىت ۋە يەر ئاستى بايلىقلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، 1986 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتې-

تىنىڭ نامى «مەلىك فەھەد ئۇنىۋېرسىتېتى» قىلىپ ئۆزگەر-
تىلدى.

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بار،
ئۇنىڭدىن سىرت، چەت ئەللەردە (سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
جۇڭگودىن باشقا) يۈز مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا، يال-
غۇز ئامېرىكىدىلا يەتمىش مىڭ ئەرەب ئوغۇل - قىزلىرى ئالىي
بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ھەر خىل فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇماقتا.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى
ئاتمىش مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن
خىزمەتكە كىرىدۇ، خىزمەت قىلىشنى خالىمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆز
ئالدىغا كەسپىي تېخنىكوم ئېچىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت يۈز مىڭ
رىيال قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ قەرز يىگىرمە بەش يىلدا تۆلىنىد-
دۇ. شۇ قەرەلدە تۆلىسە قەرزنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ھۆكۈ-
مەت كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

بۈگۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مائارىپ تەرەققىي قىلغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ دۆلەت خەلقى يارامىلىق مىللەت بولۇپ يېتىشىپ،
دۇنيادىكى ئىلگىرىلىگەن مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا.

مەلىك ئابدۇلئەزىزنىڭ قىرىق سەككىز نەپەر ئوغلىمۇ يۇ-
قىرى ئىلىم - پەن بىلەن تەربىيىلەنگەن، ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق
بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئاجايىپ ئىتتىپاق، بىر - بىرىگە ئىنائەتمەن
بولۇپ، ئاتا ۋەسىيىتى بويىچە دۆلەتنى باشقۇرماقتا.

مەلىك ئابدۇلئەزىز ئەللىك ئۈچ يىل ھاكىمىيەت ئۈستىدە
تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بايلىقى، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى، مىللەتنىڭ
ساپاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، 1953 - يىلى ۋاپات بولغاندىن
كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق
يارىتىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسى ئورۇنداشقا ئۈلگۈ-
رەلمىگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئورۇندىدى ۋە ئورۇندىماقتا. ئاتى-
سىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان سەئۇد، فايسال، خالىت،

فەھەد قاتارلىق ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى سادىقلىق بىلەن
داۋاملاشتۇردى. 1901 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە سەكسەن يەتتە يىل
بولدى، سەكسەن يەتتە يىل ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى قەدەم-
مۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا، كۈچلۈك، XX
ئەسىرگە لايىقلاشقان بىر دۆلەتكە ئايلىنالىدى. مۇقىملاشتۇ-
رۇشقا بولىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ تۆھپە ئەرەب خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر
ئوغلى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۆجىزە ياراتقان قەيسەر ئىسلاھات-
چى مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرىغا مەنسۇپ.

## نېفىت ۋە ئۇنىڭ باشقا ساھەلەرگە تەسىرى

بىز جىددە شەھىرىدىن مەككىگە، مەككىدىن مەدىنىگە ما-
شىنا بىلەن ماڭدۇق، جىددەدىكى ئابدۇلئەزىز ئايرودرومىدا بول-
دۇق. بىزگە يول باشلىغۇچى ماختىنىپ:
ــ بۇنداق ھاۋالەن (ئايرودروم دېمەكچى) دۇنيادا يوق،
كۆردۈڭلارمۇ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا سەييارە (ئايروپىلان) ئۇچۇپ
تۇرىدۇ، سوتكىسىغا مىڭ سەييارە ئۇچىدۇ. بۇنداق كارامەت نەدە
بار؟ ــ دېدى. ئۇ سەئۇدىلىك ئۇيغۇر، لېكىن ئۇ ئەرەب دۇنيا-
سىغا مەنسۇپ، ئۇ ئاشۇرۇپ سۆزلىدى. لېكىن مەن ئىگىلىگەن
ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قاتناش تولىمۇ تە-
رەققىي قىلغان. جىددە ئايرودرومى ئۈچكە بۆلۈنگەن (خەلقئارا،
ھاجىلار، سەئۇدىنىڭ) ھەر ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتتا بىر ئايروپى-
لان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقى راست. مەملىكەتنى ھەر ياققا كې-
سىپ ئۆتكەن سەكسەن مىڭ كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك
زامانىۋى يوللار، ئۆتۈشمە كۆۋرۈك، ماي قاچىلاش پونكىتلى-
رى، چۆللەرنى كېچە ـ كېچىلەپ يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئېلېكتر
چىراغلىرى، جىددە پورتىدىكى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارالايدى-
غان پاراخوتلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دۆلەتنىڭ بۇ-

www.uyghurkitap.com

گۈنكى كۈنگە مەنسۇپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسلەرنىڭ ماشىنا بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا دېيىشكە بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى نېمە بىلەن بېيىدى؟ تەبىئىيكى نېفىت بىلەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئۇ پاكىستان زېمىنىدىن ئۈچ ھەسسە، ئافغانىستان زېمىنىدىن تۆت ھەسسىدەك چوڭ. بۇ كەڭرى زېمىننىڭ يەر بېتى قۇرغاق، تاشلىق، قۇملۇق بولغىنى بىلەن، يەر ئاستى بايلىقى ناھايىتى مول. بولۇپمۇ نېفىت زاپىسى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېڭىز قاتنىشى راۋان بولغاچقا، ئېمپورت قىلىشقا ئەپلىك. مانا بۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تېزلا بې-يىپ كېتىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى.

سەئۇدىدا نېفىت ئېچىش ئىشى 1933 - يىلى مەلىك ئابدۇل-ئەزىزنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن باشلانغان. شۇ يىلى ئامېرىكا نې-فىت شىركەتلىرى بىرلىشىپ قۇرغان «ئارامكۇ» ناملىق چوڭ شىركەت بىلەن كېلىشىم تۈزگەن. كېلىشىم ئوتتۇز يىللىق مۇددەتكە تۈزۈلگەن. «ئارامكۇ» يەتمىش پىرسەنتىنى، سەئۇدى يىگىرمە بەش پىرسەنتىنى ئېلىش شەرتى بىلەن تۈزۈلگەن. بۇ كېلىشىم تۈزۈلۈپ يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن، سەئۇدى ئەرە-بىستانى ئەللىك بىر پىرسەنتىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالى-غان. بۇ ھال شۇ چاغدا سەئۇدى تېخنىكلىرىنىڭ يېتىشمەسلى-كى، مەھسۇلاتنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان. بول-مىسا، سەئۇدى ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ نىسبەتكە ئېرىشىش غەرىزىدە ئىدى. كېيىنچە، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ قولىدىكى قىرىق توققۇز پىرسەنتىنىمۇ ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالدى - دە، نېفىت ئىشلەپ چىقىرىشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولالىدى. بۇ جەرياندا، «ئارامكۇ» شىركىتى سەئۇدى ئۈچۈن ئىككى يۈز

مىڭدىن ئوشۇق نېفىت كادىرلىرى بىلەن تېخنىكلارنى يېتىشتۈ-
رۈپ بەردى. ھازىر نېفىت كادىرلىرىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى،
تېخنىكلارنىڭ ئوتتۇز بەش پىرسەنتى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ
ئۆز خادىملىرى. ھازىر كۈنىگە بەش يېرىم مىليون باك نېفىت
ئىشلەپ چىقىرىدۇ. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى
يىگىرمە مىليون باكقا يېتىدۇ (ئەمەلدە سەئۇدى 1980 - يىلى ئون
ئىككى مىليون باكتىن ئىشلەپ چىقارغانىدى). 1983 - يىلى
دۇنيا بازىرىدا نېفىتنىڭ باھاسى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيادى-
كى نېفىت ئىشلەپ چىقارغۇچى يەتتە دۆلەت بىرلىشىپ «ئو پ
ك» ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. بۇ ئۇيۇشما نېفىتنىڭ قىممىتىنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈنىگە ئون يەتتە مىليون باك نېفىت
ئىشلەپ چىقىرىشنى بەلگىلىگەن، سەئۇدى بۇ كېلىشىمگە ئاسا-
سەن ئۆزىنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى تۆۋەنلىتىپ بەش يېرىم
مىليون باكقا چۈشۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىر مەھسۇلات
جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادا ئۈچىنچى
ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاھالىسى ئون بەش مىليونغا يەتمەيدىغان بىر دۆلەت ئۈچۈن
بۇ خىل بايلىق تولىمۇ كەڭرى باياشاتچىلىق ئەكېلىدىغانلىقى
تەبىئىي. نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن گۈللەنگەن دۆلەت ئىق-
تىسادى مەملىكەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە باياشاتچىلىق، مەمۇرچى-
لىق ئېلىپ كەلگەن.

دۆلەت مۇداپىئەسى، تاشقى سودا، سانائەت - قاتناش،
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇ-
شى، مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتلەرگە
دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە بولالىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ھەممىلا ساھەدە دۇنيادىكى
ئىلغار سەۋىيە بىلەن ئورۇن تالىشىش، ئەرەب خەلقىنىڭ مىللىي
غۇرۇرىنى تولۇق قوزغىتىپ، ۋەتەن، خەلقى بىلەن پەخىرلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىش، ئۇنى سۆيۈش تۇيغۇسى ئەۋجىگە چىققان.
مەن كىم بىلەنلا سۆزلەشمەي، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى ياشا-ۋاتقان دۆلەت بىلەن پەخىرلىنىش، ئۆز پادىشاھىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن باشقا سۆز ئاڭلىمىدىم. ئۇلار ھەقلىق ھالدا ئۆز بايلىقى، دۆلىتى، تۇرمۇشى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلەيدۇ.
مەن تۆۋەندە مەككە شەھىرىدە نەچچە قەۋەتلىك بىنالاردىن بىرنەچچىسىنىڭ ئىگىسى، مال بىلەن تولغان دۇكانلارنىڭ خو-جايىنلىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكىلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرەمدىن بۇ ماقالىگە كۆچۈرۈپ قويماقچىمەن.
— ياقۇپ ھاجىم ئىككىمىز بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئاۋۋال قەشقەردىن ئات، ئېشەك بىلەن سەككىز ئاي ئون ئۈچ كۈن مېڭىپ ھەرەمگە كەلگەنىدۇق. مەن ئون سەر ئالتۇن بىلەن يولغا چىققان، بىر سەر قانچە گىرام دەمسىز؟ مەن زەرگەر. سەر مىسقاللارنى تازا بىلىمەن. بىر سەر تۆت تىللا كېلەتتى، بىر تىللا ئىككى مىسقال. ھازىر بىر تىللا سەككىز يۈز سەكسەن رىيال، سەرراپ ئۈچ يۈز ئاتمىش رىيالغا يۈز دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) بېرىدۇ، ھەر راست، گىرامغا چاقسا قانچە بولىدۇ دېۋىدىڭىزما؟ ئوتتۇز ئۈچ گىرامى بىر سەر كېلىدۇ. سەئۇدىدا ئالتۇننىڭ بىر سەرى جۇڭگو پۇلىغا ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز كويى-چەن، تۈركىيىدە ئەرزان، بىر سەرى ئىككى مىڭ ئالتە يۈز كويچەن، سىلەردە تۆت مىڭ بەش يۈز كويچەن ئىكەن، مەن زەرگەر بولغاچقا تازا بىلىمەن!
— گەپنى ئەپقاچىدىغان خۇيۇڭ ھېلىمۇ بار ئىكەن ـ دە، — دېدى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ياقۇپ ھاجىم كۈلۈپ قويۇپ، — تۇرمۇشۇڭنى سۆزلە.
— نېمىسىنى سۆزلەيتتىم، مانا قارا، ئىككىمىز تەڭ، بىر تۆگىدە سېۋەتنىڭ بىر بېشىدا سەن، بىر بېشىدا مەن ئولتۇ-رۇپ مەككىدىن مەدىنىگە ئون ئىككى كۈندە بارغانىدۇق ـ ھە؟

هازىر بىر كۆنلۈك يول، سالقىن ماشىنىدا بارىسىلەر. سەن يۇرتقا كېتىپ ۋالىي بوپسەن، مەن بۇ يەردە قېلىپ زەرگەرچىلىك قىلدىم. ئەمما قارا، سەن بوۋاي، مەن يىگىت. ماختىنىۋالاي. قىزىم مۇئەللىم، ئايدا يەتتە مىڭ رىيال ئايلىق ئالىدۇ. ئوغلۇم دوختۇر، ئېيىغا ئون مىڭ رىيال ئالىدۇ. بۇ جايىمنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىنى تۈركىيىلىك ھاجىلارغا يەتمىش مىڭ رىيالغا ئىجارىگە قويدۇم. نەچچىلىك ئالتۇنۇم بار، نەچچە يەردە جايىم بار، بۇنى دېمەيمەن. لېكىنزە پۇل تاپتىم، بېيىدىم، لېكىن يۇرتقا ياردەم قىلالمىدىم. ياقۇپ ھاجىم ماڭا چاقچاق قىلىپ، ئۈچ خىل ئادەمنىڭ تامىقىنى يېگىلى بولمايدۇ، بۇلار: زەرگەر، قاسساپ، باجگىر، بۇلارنىڭ پۈتىنى چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ، سەن ئالداپ - سالداپ بېيىدىڭ دەيدۇ تېخى. ئوتتۇز بىر مىڭ ئۇيغۇر ئەرەبىستان يېرىدە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي، بەزىلىرى كاتتا باي، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەرەب بايلىرىنىڭ باللىرى بولىدۇ. بىزدەك قوڭالتاقتىن قىرىق نەچچە يىلدىن كېيىن ئەرەب بايلىرى چىقىدۇ. يەنە نېمىنى تونۇشتۇراتتىم؟

— ئۇيغۇرلاردىن ھازىر يىگىرمە نەپەر پەن دوكتورى بار، — دېدى يەنە بىر ياش يىگىت، — خىمىيە، تارىخ، تېببىي ساھەدە ئالىملار يېتىشتى، دوكتور ئابدۇقادىر تاش ھازىر رىيازدا تۇرىدۇ.

— مەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن قۇرۇق قول بىلەنلا چىققان، — دېدى ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ داڭلىق بايلاردىن بىرى بولغان قۇربان ئابدۇللا ھاجىم ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، — قىلمىغان ئىشىم قالمىدى. ھالال ئىش بولسىلا قىلدىم. تەپ يىغىپ يۈرۈپ ھازىرقى ھالغا يەتتۇق. ھازىرمۇ تىجارەت قىلىۋاتىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم قىلىمىز.

دېھقانلارغا قاراتقان كەڭ ئېتىبار دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلگىرى خورما بىلەن ئوزۇقلى-

نىش ئاساس قىلىنىدىغان بۇ يېرىم ئارال دۆلىتى بۇ يىل سىرتقا
ئاشلىق سېتىپ بەرگەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە.

چارۋىچىلىقتا بولغان ئېتىبار تېخىمۇ زور ئىكەن. بۇرۇن
سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۆگە ئاساسىي قاتناش قورالى بولغانلىقى
ئۈچۈن، تۆگە ئۇ يەرنىڭ ئاساسلىق چارۋىسى بولۇپ قالغان.
ئۇ چاغلاردا بۇ دۆلەتتە بىر مىليونغا يېقىن تۆگە بولغان. لېكىن
1980 - يىلىدىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان. بۇ چارۋا 1990 -
يىللارغا كەلگەندە ئازىيىپ ئىككى يۈز مىڭغا چۈشۈپ قالغان.
1970 - يىلى دۆلەت ئومۇمىي چارۋىنى كۆپەيتىش پرىنسىپىنى
تۈزۈپ چىققان. چارۋىچىلىقنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەمـ
لىكەتنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئۆلكىلىرىدە چاچما سۇ بىلەن يايلاقـ
لار بىنا قىلىنغان. قەسىم ئۆلكىسىدىكى دەھنە چۆلىگە يېقىن
جايلاردا مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق چوڭ يايلاقلار بىنا قىلىنـ
غان. گەرچە ھازىرمۇ گۆشلۈك ماللار سىرتتىن سېتىۋېلىنىسىـ
مۇ، ئۆزلىرىنىڭ چارۋىسى ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ يىـ
گىرمە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

سۈت، قېتىق، قايماق گوللاندىيىدىن كەلتۈرۈلگەن سىـ
يىرلار ئارقىلىق تەمىنلىنىدىكەن. بۇ سىيىرلار ئەرەب زېمىنىدا
ياخشى بېقىلغاچقا، ھەربىرى ئۈچ - بەش چېلەككىچە سۈت
بېرىدىكەن. ھازىر سەئۇدى تۈپرىقىدىكى ئوتتۇز ئۈچ مۇئەسسەـ
سىدە بۇ خىل سۈتلۈك سىيىرلاردىن يەتتە مىڭى بېقىلغاچقا،
پۈتۈن دۆلەتتە سۈت مەھسۇلاتلىرى تولىمۇ ئەلۋەك ئىكەن.

ئىنكو باتۇرلاردا ھەر كۈنى بەش مىليوندىن يەتتە مىليونغىچە
چۈجە چىقىرىلىدىكەن. توخۇ گۆشى (ئاق گۆشى) ئەرەبلەردە تولىمۇ
ئومۇملاشقان. ھەر كۈنى بىر يېرىم مىليون توخۇ سويۇلىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئېلېكتر كۈچى تولىمۇ مول ۋە ئەرـ
زان بولغانلىقى ئۈچۈن (1953 - يىلى توك بار ئىكەن)، پۈتۈن
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئەمگەكلىرى ئېلېكتر كۈچى بىلەن

پۈتىدىكەن.

— 50 - يىللاردا خېلىلا تەس ئىدى، — دەيدۇ داڭلىق بايلاردىن ئەيسا قارىھاجىم بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ئەسلەپ، — بۇ يەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا چىداپ، ھولۇلداپ تۇرغان تونۇرغا كەچ كىرگۈچە باش تىقىپ ناۋايلىق قىلماق، قاقشال تاشلىقتا كەچ كىرگۈچە تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرۇپ يايمىچىلىق قىلماق ئاسانمۇ؟ ناۋادا ئەرەبىستان نېفىت بىلەن باي بولمىغان بولسا، بىز ھەرقانداق قىلىپمۇ باي بولالمىغان بولاتتۇق. دۆلەت باي بولمىسا خەلق باي بولالمايدۇ. شۇڭا بىز راست گەپنى قىلساق، يەر تېگىدىكى خۇدا ياراتقان نېمەت — نېفىت بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتىمىز.

بۇ گەپ راست، سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت دۆلىتى، ئۇنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى تەرەققىياتى نېفىت بىلەن پەيدا بولغان.

— «ۋە خەلق نەلەكۇم، مافىل ئەرزى جەمئىيە» يەنى زېمىننى سىلەرنىڭ پايداڭلار ئۈچۈن ياراتتىم، دەپ يېزىلغان قۇرئاندا، — دېدى ماڭا سەكسەن ئىككى ياشلىق بوۋاي يېڭىسارلىق قادىر ھاجىم دۇئا قىلىپ تۇرۇپ، — ئابدۇلئەزىز پادىشاھلىرىمىزنىڭ بېشى ئامان بولسۇن، بۇ نېمەتنى ئۇلار ئاچتى، داستىخان ئۇلارنىڭ، بىز بۇ داستىخاننىڭ مېھمانلىرى. بۇ داستىخانغا كەلگەن ھەرقانداق مېھمان تويىدۇ، باي بولىدۇ، بالام.

دېمەك، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى باي قىلغان «نېمەت» نېفىت. لېكىن بۇ بايلىقنى ئېچىش، خەلققە تەقدىم قىلىشتا سوپى - ئىشانلارنىڭ تەقدىرچىلىك سەپسەتىلىرىنىڭ زەھەرلىشىدىن ئۆز خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ياشاش ۋە ياشىتىش يولىغا باشلىغان مەلىك ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىغا سادىق ئوغۇللىرى، بۇ بىر جەمەت پادىشاھلارنىڭ ئىسلاھ قىلىشى، يېڭىلىق يارىتىش روھى بولمىغان بولسا، بۇگۈنكى گۈللەنگەن، باي، گۈزەل سەئۇدى ئەرەبىستانى بولمىغان بولاتتى.

دېمەك، گۈللىنىش، كامال تېپىش ئىسلاھات — يېڭىلىق

بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قانۇنىيەت دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدۇ.

## گېزىت ـ ژۇرناللار، ئالىي مۇكاپاتلار ۋە سەھىيە ئىشلىرى

بۇنىڭدىن سەكسەن يىل بۇرۇن، بۇ ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىندا بىرمۇ گېزىت ـ ژۇرنال يوق ئىدى. مەلىك ئابدۇلئەزىز تەختىنىڭ مۇستەھكەم-لىنىشىگە ئەگىشىپ، 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇنجى ئەرەب گېزىتى «ھىجاز ئاۋازى» ناملىق تۆت بەتلىك گېزىت چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال «ئومىمال قورا» (شە-ھەرلەر خوجىسى) ناملىق گېزىت چىققان. لېكىن ئۇ بىر شەخ-سىينىڭ گېزىتى ئىدى.

1925 ـ يىلى ئىككىنچى شەخسىي گېزىتى — «ئەل مەدىنە» جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەدىنە شەھرىدە 1925 ـ يىلى گېزىت چىقارغان خوجايىن ھاپىز ئائىلىسى ھازىر لوندوننى مەركەز قىلىپ «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنى چىقارماقتا، بۇ گېزىت ھازىر جىددە، رىياز، لوندون، قاھىرە، پارىژ، مەغرى-بىستان، نيۇ يورك قاتارلىق سەككىز شەھەردە ئەرەبچە، ئىنگ-لىزچە، فرانسۇزچە بىر خىل نۇسخىدا، بىرلا سائەتتە باسمىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ گېزىتنىڭ تەھرىر ھەيئىتى لوندوندا، پۈتۈن خەۋەر ئالماشتۇرۇش، تارقىتىش ئىشلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئار-قىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى «ئەل مەدىنە» گېزىتى كېيىن «ھىجاز ئاۋازى» دېگەن نامغا، كېيىن «سەئۇدى ئەرەبىستانى شەھەرلىرى» دېگەن نامغا ئۆزگەردى، بۇ گېزىتلەر پۈتۈن دۇنياغا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلى-رىنى تونۇشتۇرماقتا.

50 ـ يىللارغا كەلگەندە گېزىتچىلىك ئىلگىرىلىدى. 1955 ـ
يىلىغا كەلگەندە، سەككىز گېزىت، بەش ژۇرنال تەسىس قىلىن-
دى. 1925 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە چىقىپ تۇرغان گېزىت-
لەر ھەپتىلىك گېزىتلەر ئىدى. 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە،
پۈتۈن گېزىتلەر كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەردى.

1982 ـ يىلى ۋاپات بولغان ھۆرمەتلىك زات ئابدۇل قۇد-
دۇس ئەنسارىنىڭ «ئەل مەنھەل» (ئېقىن) ناملىق ژۇرنىلى
ئىلىم، تارىخ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ باشقا ساھەلىرىنى مەزمۇن
قىلغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، مەملىكەتتە ۋە چەت ئەللەر-
دە داڭق چىقارغانىدى. ئۇ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئوغلى نەبى ئەنسارى ئەپەندىم ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قى-
لىپ، «مەنھەل»نىڭ تىراژىنى ئاتىسى بار ۋاقتىدىكىدىن ئۈچ
يۈز پىرسەنت ئاشۇردى.

1983 ـ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن گېزىت ـ ژۇرناللارنى باشقۇ-
رۇش ئىشىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھەربىر گېزىت ـ ژۇرنال-
لارغا بىردىن مۇئەسسەسە قۇرغان. بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ رەھ-
بەرلىرىنى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. بۇ مۇئەسسەسە شىركەت ھې-
سابلىنىدۇ. مۇئەسسەسەدە ئون بەش كىشى ئىشلەيدۇ. ئۇ شىر-
كەتلەر گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆتۈرە ئالغان، كىرگەن كىرىمنى
ئون بەش كىشى بۆلۈشۈۋالىدۇ. رەئىسلەر كۆپرەك ئالىدۇ.
بەزى رەئىسلەرنىڭ ئايلىق كىرىمى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ رىيال-
غىمۇ يەتكەن. بۇ خىل ژۇرناللاردىن «ئىقرار» (توقماق)،
«يەماما» (كەپتەر)، «ئەل مەجەللە» (ئەل مەنھەل)، «ئەل
ئەرەب»، «ئەل قاپىلە» قاتارلىق ھەپتىلىك، ئايلىق ژۇرناللار
بار. بۇلاردىن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرىلىرى: «مەنھەل»، «قاي-
ناق»، «فەيسىل»، «ئەل مەجەلنە» ژۇرناللىرىدۇر.

ھازىر جەمئىيەتتە ئالقىشلانغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن:
«ئەلبىلات» (يۇرت)، «ئەل مەدىنە»، «يوم» (بۈگۈن)،

«ئەل رىياز»، «نەدىۋان» (يىغىن)، «ئەل جەزىرە»، «ئوكاز» (هاسا)، «قەسىم» (يەر ئىسمى)، «ئەسىر»، «ئومال قورال» قاتارلىقلارنى ۋە مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن چىقىرىلغان «سەيدەتى» ژۇرنىلىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر خىل ئىلمىي ماقالىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا كىنو - تىياتىرخانىلار، دۆلەت سەنئەت ئۆمەكلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى، نەشرىياتلار يوق.

ھەربىر شەھەردە يازغۇچىلار كۇلۇبلىرى بار، يازغۇچىلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىپ سۆھبەتلىشىدۇ. ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. لېكسىيە قىلىنىدۇ، كىتاب تارقىتىلىدۇ.

كىتابلارنى ئاپتورلار ئۆزلىرى باسمىخانىلارغا پۇل تۆلەپ باستۇرىدۇ، كىتابپۇرۇشلار بىلەن كىتاب دۇكانلىرىغا ساتىدۇ. سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتلەر بار. خەلق غەزەلخانلىرى يىغىلىشلاردا ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەسىلەن ناخشىچىلاردىن ئىپتىسان لۇتفى (ئايال، ئۇيغۇر). مۇھەممەت ئامان (ئۇيغۇر) لارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق ئەرەبچە ناخشىلىرى بىلەن ئالقىشقا ئىگە.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. بۇ ھال بۇ دۆلەتنىڭ يۇكسەك ئىقتىسادىي ئاساسىغا باب ئەمەس. لېكىن دۆلەت ۋە پادىشاھ ئەدىبلەر، ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمگىكى كۆرۈنگەن كىشىلەرنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدۇ. شېئىرلار توپلاملىرى، رومانلار، باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر ئۈچۈن مۇكاپاتلانغان كىشىلەردىن ئابدۇلئەزىز ئائىلىسىگە ئاتاپ يازغان مەدھىيە شېئىرلىرى (بەش توپلام) «يېشىللىق مېۋىلىرى» (سىمرات ئالاۋراق)

ئۇچۇن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئىبراھىم غەززاۋى؛ «كەلىمەتۇل ھەق» (راست سۆز) ناملىق دىنىي ئەدەبىي كىتابى ئۇچۇن مۇكاپاتلار، دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئەخمەت ئابدۇلغوپۇر ئەتتار، «تارىخىي مەككە» ناملىق تارىخ كىتابى ئۇچۇن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئەخمەت سۇبائى، ئارخېئولوگىيە تەرەققىياتى ساھەسىدىكى ئەمگىكى ئۇچۇن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان، ئەللىك يىللىق ئىلمىي ئەمگىكى سىڭگەن «ئەل ئەرەب» مەجمۇئەسىنىڭ ئىجادكارى بولغان ھەمەدەل جاسىر؛ «ئەل مەنھەل» مەجمۇئەسىدىكى ئەدەبىي ئەمگەكلىرى ئۇچۇن دۆلەت مۇكاپاتى ئالغان ئابدۇل قۇددۇس ئەنسارىلەرنى سەئۇدى خەلقى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى داغدۇغىلىق سورۇندا بۇ بەش كىشىنى يۈز مىڭ رىيال نەق پۇل، ھاياتى بويىچە ئايلىق ھەق ئېلىش، قالغان ئۆمرىدە دەم ئېلىش شەرىپى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارغا دۆلەت ئاكادېمىيە نىشانچىلىرى دېگەن ئالىي نامنى تەقدىم قىلغان. بۇ بەش كىشىدىن ئەخمەت سۇباھى بىلەن ئىبراھىم غەززاۋىلەر ۋاپات بولغان. قالغان ئۈچ كىشى ھازىر يۇقىرىقى ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن ئىكەن.

دۆلەت مۇكاپاتىدىن باشقا، مەرھۇم پادىشاھ فايسالنىڭ نامىدىكى «فايسال مۇكاپاتى» خەلقئارا ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات مۇكاپاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىكەن. مەرھۇم پادىشاھ فايسال مەملىكىتىنى گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقلىنى تەقدىم قىلغان. ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە ھۆرمىتى چوڭ، ۋەتەن، خەلقىگە مۇھەببىتى زور كىشى ئىدى.

«فايسال مۇكاپاتى»نى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن، مەلىك فايسال ۋە ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

فايسال مەلىك ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ 1906 -

www.uyghurkitap.com

يىلى تۇغۇلغان، ئۇ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە ئون ئالتە ياش ۋاقتى-
دىن باشلاپلا ياردەملەشكەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن شۇ
يېشىدا دۆلەت ۋەكىلى بولۇپ سۆھبەتلىشىپ، يۇقىرى ئابرۇيغا
ئىگە بولغان. مەلىك ئابدۇلئەزىز بۇ ئوغلىنى كىچىك ۋاقتىدىلا
ئۆزىگە ياردەمچى، مەككە شەھىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن.
مەلىك ئابدۇلئەزىز 1953 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا چوڭ
ئوغلى سەئۇد تەختكە ئولتۇرغاندا، ئاكىسىغا ئورۇن باسار بولۇپ
ئولتۇرغان فايسال ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ
ئاساسىي ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. 1945 - يىلى سان
فرانسىسكودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىلا سەئۇ-
دى ئەرەبىستاننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىلى
بولۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان، بۇ ياش ئەرباب 1964 - يىلى
ئاكىسى سەئۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۆلىتىگە مۇناسىپ ھالدا
پادىشاھ بولۇپ، خەلقئارا ئىشلاردا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئاب-
رويى - ئىناۋىتىنى ئۆستۈرىدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا باش-
لىدى. ئۇ زات نېمىلەرنى قىلغان؟ بۇ سوئال ھەممىلا ئادەمنى
قىزىقتۇرىدۇ.

— فايسال ئاددىي - ساددا، قىزغىن، ئۆتكۈر، قەيسەر
ئادەم ئىدى، — دېيىشتى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرگۈچىلەر
(بۇلار ئەرەبلەر)، — ئۇ بىر ئايال بىلەن ئۆتكەن، ئالدىنقى
ئايالى ئەرەب ئىدى. ئۇ ئايالدىن بىر ئوغلى قېلىپ، ئۇ ئايالى
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۈرك ئايال بىلەن توي قىلغان. ھازىر
ئۇنىڭ بەش ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار. ئۇلارمۇ دادىسىدەك قەي-
سەر، سادىق، خالاس.

رەھمىتى فايسال زور ئىشلارنى قىلغان. ئۇ دۆلىتى ئىچىد-
دە، زامانىۋى ھەربىي قورال بىلەن قوراللانغان ھەربىي قوشۇن
قۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. نېفىت ئىشلەپچىقى-
رىشىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلەپ، سەئۇدىنىڭ خەلقئارادىكى

ئىقتىسادىي ئورنىنى كۈچەيتتى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سەك-
سەن مىڭ كىلومېتىرلىق ئاسفالت يول قۇرۇپ، قاتناشنى را-
ۋانلاشتۇردى، تائىف بىلەن مەككە ئارىسىدىكى قارا تاغنى كې-
سىپ سەكسەن كىلومېتىرلىق زامانىۋى يول بىنا قىلدى. مائا-
رىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاياللار بازىرى، ئاياللار بانكىسى قۇ-
رۇش، ئاياللار مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىدىكى تۆھپىلەر
فايسال نامىغا مەنسۇپ، خەلقئارادىچۇ؟ پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئىت-
تىپاقى، دۇنيانىڭ ھۆرلۈكى، تىنچلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىز-
مەتلەرنى قىلدى. 1962 - يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنى،
1974 - يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ دائىملىق كومىتېتى-
نى قۇردى. بۇ كومىتېتقا ئاتمىش ئۈچ دۆلەت ئەزا بولدى.
ئۇنىڭ رەئىسى فايسالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، تۆت يىلدا بىر
قېتىم ئايلىنىش يولى بىلەن سايلىنىدىغان بولدى. 1975 - يىلى
دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنى قۇردى، ھازىر دۇنيادا بۇ
بانكىنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شۆبىسى بار.

فايسال مۇكاپاتى ئەنە شۇ مەشھۇر پادىشاھنىڭ پۈتۈن شەخ-
سىي بايلىقى بىلەن تەسىس قىلىنغان. فايسالنىڭ شەخسىي
بايلىقىغا مىراسخورلۇق قىلىشتىن پۈتۈن باللىرى ۋاز كېچىپ،
بۇ پۇلنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات تۆھپىكارلى-
رىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن جۇغلانما قىلىشقا تەقدىم قىلىشقان.
بۇ مۇكاپاتنىڭ پەخرىي رەئىسى — ئىككى ھەرەم خادىمى،
ھازىرقى پادىشاھ مەلىك فەھەد، رەئىسى — فايسالنىڭ چوڭ
ئوغلى ئابدۇللا فايسال. تۈزۈم بويىچە مۇكاپاتقا سۇنۇلغۇچىلار
ئالتە ئاي بۇرۇن پۈتۈن خىزمەت، پاكىتلىرى بىلەن تەييارلىنى-
دۇ. مۇكاپات ھەيئىتى تەكشۈرۈپ چىقىپ، مەلۇم كىشىلەرنى
نىشانلايدۇ ۋە بېكىتىدۇ. ھەر يىلى 12 - ئايدا سەئۇدى ئەرەبىس-
تانى خانلىق مەركىزى رىيازدا مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلى-
دۇ. مەلىك فەھەدنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇكاپات سوممىسى تۆت

يۈز مىڭ رىيال نەق پۇل بىلەن (بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مىقدارىدا) بىر دانە ئالتۇن مېدال، مۇكاپات ئالغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان ھۆرمەتلىك شاھادەتنامە مۇكاپاتلانغۇچىغا تاپشۇرۇلىدۇ. دۇنيادىكى يەھۇدىيلاردىن باشقا بارلىق مىللەتلەردىن، ئىرق ئايرىماستىن بۇ مۇكاپاتقا نىشان بولالايدۇ. لېكىن مۇكاپاتلانغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى باشقىلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانمىغان بولۇشى شەرت.

ھازىر دۇنيا ئىلىم - پەن ئەھلى بۇ مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى توغرىسىدا يېزىلغان قىممىتى بار ئەسەرلەرگىمۇ مۇكاپات بېرىدۇ. مەسىلەن 1987 - يىلى 10 - ئايلاردا، جۇڭگولۇق ئەر - خوتۇن بىناكارلار (خەنزۇ) ئەرەب بىناكارلىقىنىڭ جۇڭگودىكى ئۆلگىلىرى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ، كىتابىنى ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتكەن ۋە كىتابى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا مېھمانغا چاقىرتىلغان. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن مېھمان بولغان، ئىككى يۈز ئوتتۇز بەتلىك كىتابى ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ دوللار مۇكاپات ئالغان. ئاخىرىدا ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى باش مۇپتىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز جانابلىرىنىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىغا كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئەنگە ئېلىنغان، ئەرگە ئەخمەت، ئايالغا لەيلە دېگەن ئەرەبچە ئىسىم قويۇلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى، پادىشاھ فەھەد جانابلىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشتە كەڭ قول بولۇشى، چوقۇمكى بۇ دۆلەتنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانى تېلېۋىزورىدا تېببىي ئىلىمنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ھەر كۇنى كۆرسىتىلىدىكەن. بىز بىرنەچچە شىنجاڭلىق ساق ئادەمنىڭ كاردىن چىققان بۆرىكى ئورنىغا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ساق بۆرىكىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى كۆردۇق. تېلېۋىزور كۆرۇپ شۇ يەرلىكلەردىن:

— چەت ئەل دوختۇرلىرى ئارىلاشقاندۇر - ھە؟ — دەپ سورىدىم. ئىسلام ھاجىنىڭ دېڭىز ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى ماڭا قاراپ تەنە بىلەن كۇلۇپ قويدى:

— ھازىر ئۆپكە - جىگەرلەرنىمۇ ئالماشتۇرۇش سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبىستان پۇقرالىرى. بىزدە تېببىي ئىلىم تەرەققىي قىلغان. مەملىكەت بويىچە ئون يەتتە مىڭ دوختۇر (تېۋىپ دېيىلىدۇ) بار. باشقىلار ئەرەبىستاننى ياخشى بىلمەيدۇ. بەزىلەر: ئەرەبلەر ئاغرىقلارنى داۋالىمايدىكەن. «كېسەلنىمۇ خۇدا بېرىدۇ، جاننىمۇ خۇدا ئالىدۇ» دەپ دورىمۇ بەرمەيدىكەن دېيىشكۇدەك. سەئۇدى خەلقى دىن بىلەن ئىلىم - پەننى قارىمۇقارشى قويۇۋالىدىغان دەۋرلەرنى يۇز يىللاپ كەينىگە چۆرۇۋەتتى. ئىسلام دىنى ئىلىم - پەننى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىنى قۇرئان كەلىمەلىرى بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ئىلىم - پەن ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئېڭىغا كۇندىن - كۇنگە سىڭمەكتە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولغان يېرىدە ياشىماقتا. لېكىن بۇ يەردە خۇراپات ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس. كىشىلەر يالاڭۋاش ناماز ئوقۇيدۇ، ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۇۋېرىدۇ. بىرى ۋاپات بولسا بىزدىكىدەك ئۇن سېلىپ يىغلىمايدۇ. داغدۇغىلىق (نەچچە مىڭ باغاق تارقىتىپ) نەزىر قىلمايدۇ. ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قەبرىستان يوق. ئۆلگۇچىنى مېيىت ئىگىلىرى ھويلا - باغلىرىدا بىرنەچچە ۋاقىت ساقلايدىكەن - دە، مۇردا چىرىگەندىن كېيىن ئۆزلىرى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياقلىق قىلىدىكەن.

ئەرەبلەردە توي نۇرغۇن ئىسراپچىلىق بىلەن بولاتتىكەن. بۇ ئەھۋالنىڭ يامان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنگەن. ئۇلار توي ـ تۆكۈنلەردە ئاشقان تاماقلارنى بىر ياقلىق قىلىش كومىتېتى نامىلىق بىر مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇشقان. توي ياكى زىياپەت قىلغۇچى بۇ كومىتېتقا ۋاقتىنى تېلېفون ئارقىلىق مەلۇم قىلىدىكەن. كومىتېت شۇ ۋاقتىدا مۇزلىتىش ماشىنىلىرى بىلەن ئاشقان گۆش، پولۇ، نانلارنى ياخشى پېچەتلەپ ئەكېتىدىكەن ۋە ھەر كۈنى كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەر بىلەن بۇ تاماققا قارىشىپ تۇرغان نامراتلارغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. «توڭلاتقۇ» بولمىغان بولسا بۇنداق قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ يەنچۇ؟ ئۆي كۆچۈش توغرا كەلگەندىمۇ، كۆچكۈچىلەر كۆچۈش، جايلىشىش ئەھۋالىنى «كۆچۈرۈش مۇلازىمەتچىلىرى»گە مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىر چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. كېلىشكەن ۋاقتىدا يېڭى ئۆيگە قۇرۇق قول بارىدىكەن. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە سەرەمجانلاشقان بولىدىكەن. ناۋادا زامانىۋى ماشىنا ـ كرانلار بولمىغان بولسا بۇنداق ئوڭايچىلىق نەدە بولاتتى؟

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن مېۋىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىماقتا. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەم جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ يېڭىلانماقتا. بۇ يەردە پەقەت بىرلا نەرسە كونىچە ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى.

«نامەھرەم» دېگەن سۆز «كۆرۈش چەكلەنگەن» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن. ئەرەب ئاياللىرى چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ ئىلىم ـ پەن ۋە يېڭىچە تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدىكەن. ئۇلار ماشىنىلاردا ماڭىدىكەن. ئۇلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن (چەت ئەللەردىمۇ ئوقۇيدىكەن)، خىزمەت قىلىدىكەن، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىكەن، لېكىن بۇ ئىشلارنىمۇ چۈمپەردە

ئىچىدە تۇرۇپ قىلىدىكەن.
قىز ـ يىگىتلەر يۈز كۆرۈشمەي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاستى-
سى بىلەن تويلىشىدىكەن، لېكىن ھازىر نىكاھتىن بۇرۇن بىر
قېتىم يۈز كۆرۈشۈش، تېلېفوندا بىر قېتىم سۆزلىشىش، لايىق
كۆرۈشكەندە نىكاھلىنىش، لايىق كۆرۈشمىسە زورلىماسلىق يولغا
قويۇلغان. ئاياللار ئاياللار بانكىسى، ئاياللار بازىرى قاتارلىق جايلا-
ردىلا يۈزى ئوچۇق يۈرەلەيدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ
سائەت ئۈچ ـ بەشلەرگىچە ئۆز مەھەللىلىرىدىكى مەكتەپلەردە
بىلىم ئاشۇرۇشى ئۆز ئىختىيارىدا ئىكەن. ئۇلار يەنە ئۆز ناملى-
رىدا دۇكان ئېچىش، ئىچكى ـ تاشقى تىجارەت بىلەن شۇغۇللى-
نىش، سانائەت، تىككۈچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇش ئەركىنى-
لىكلىرىگە ئىگە ئىكەن، ھەتتا شىركەت قۇرۇش، بانكىلاردا
ھېساب ئېچىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، ھەر يىلى
چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقىدىغان بىر مىليوندىن ئارتۇق سايا-
ھەتچىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى قىزلار بىلەن ئاياللار تەشكىل
قىلىدىكەن.

ئاياللار مەسىلىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بۈنىڭدىن كېيىن
ھەل بولغۇسى مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ مەسىلىمۇ چو-
قۇمكى باشقا مەسىلىلەرگە ئوخشاش ئۇڭۇشلۇق ھەل بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئېھ، توپىلىق يول

قۇشقاچ قوندى زاغزاققا،
تورغاي قوندى يانتاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.

(دولان خەلق قوشىقى)

## 1

گۈلئايشەم قىممىتى بار ھەممىلا نېمىسىنى ــ ياشلىقىنى، ھۆسنىنى، ئار ـ نومۇسىنى ... پۇلغا تېگىشىشكە رازى بولدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى، نارازىلىقىنى قوزغىغىنى بىلەن ھاممىسىنىڭ خۇشاللىقىنى، غۇرۇرىنى ئاشۇردى. ھاممىسى ئېقىۋاتقان ناندەك سالپىيىپ تۇرىدىغان ئىككى مەڭزىگە تېپىپ چىققان خۇشاللىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆيمۇ ئۆي قاترىدى ۋە خىرىلداق ئاۋازى بىلەن باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ماختاپ مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى:

ــ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ بولغىنى بىلەن، نارەسىدە بالىدەك گول، يېتىمدەك ياۋاش، مالايدەك تىنىمسىز ئادەم ئۇ. مۇنداق ئەرگە چۈشۈۋالغان خوتۇنغا مۇھەببەتنىڭ لازىمى نېمە؟ ياشلار بەخت، بەخت، دېيىشىدىكەن، چىرايلىق گەپ، سىغدىنىش، كۆيۈشۈش ... بەختمىش. بەخت ــ پۇل! ئاڭلىمىغانلار

ئاڭلاپ قويسۇن، مەن گۈلئايشەمگە يېگەن - ئىچكەندەك سوقاسەندەلدەك، تۇرغۇزۇپ قويسا تىكلىمە تاغاردەك، يېتىلسە ئۆكۈزدەك، يېسە مېۋىسى تۈگىمەس دەرەختەك ئەر تاپتىم. يەتمىش مىڭ كوي پۇلى بار، تەرەپ - تەرەپكە يولى بار، خام تاسمىدەك قولى بار، ئىككى قىز، تۆت ئوغلى بار، ئىككى قوتان قويى بار، ياغاچ - ئورمان بېغى بار، نەچچە يۈز مو يېرى بار، يۈزى تۇتۇق، قولى ئوچۇق، تويغىمۇ يالاڭ ئاياغ بارىدىغان، يىغىنلارغا زاغرا تۈگۈپ ماڭىدىغان گول ئەرگە تەگكەن ئايال بەختسىز بولامدىكەن؟ بىلىپ قويۇڭلار، گۈلئايشەمنىڭ بەختى ئېچىلدى!

ئاچچىق كاساڭ قورايىنىڭمۇ چىرايلىق گۈلى بولىدۇ. ۋاتۋات ئايالنىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار ئىكەن:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دېدى ئۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا سىڭايان تۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ياشلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن خوشلىشىۋاتقان مىسكىن چىراي گۈلئايشەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ياشلىق ئۆلمەيدۇ، مۇھەببەت قېرىمايدۇ. قېرىغا تەگكەنگە كۆل بولۇپ توزۇيدىغان ئىش بولسا، مەن توزىماسمىدىم. قېرى ئۆلدى، دۆلىتى قالدى. بەخت تاپتىم. كۆڭۈل بىلەن بەختلىك بولىدىغان بولسا، مەن ئون يەتتە قېتىم بەختلىك بولار ئىدىم. نەدىكىنى؟ دىلىمغا ئون يەتتە قاداق چۈشتى. سېنىڭ بۇ بوۋىيىڭنى خەقلەر روزەك بىز دەيدىكەن. ئۇ بىز بولسا، سەن مۈشۈك بول، قىزىم. ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىق. بىر يىلغىچە ئۆلسە، ھېچ بولمىسا بانكىدىكى يەتمىش مىڭ كويىنىڭ يېرىمى سېنىڭ. ئۆلمىسچۇ؟ ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرنىلا ئېلىۋالساڭ بولدى، قالغان بەختىڭگە مەن كېپىل!

مەڭزى سالپاڭ، ئاغزى كەمشۈك ۋات - ۋات موماي قاڭسىق گەپلىرى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ چىرايىدىكى مىسكىنلىك ئورنىغا خۇشلۇق ئېلىپ كەلدى. ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ھالقىغان

www.uyghurkitap.com

قىران جۇۋان ئەمدى بوۋايغا ئايال بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇن-
تۇدى ـ دە، بولغۇسى دۆلەت، يەنى پۇل، خوجايىن بولۇش
ئارزۇسى ئۇنى مەست قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ مەستلىكنىڭ
كۈچى بىلەن بۈگۈن دىدارلىشىدىغان لايىقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن
ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن گۈزەل چىراي ۋە ئەۋرىشىم سۇمباتىنىڭ
قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ...

ئۇ پەردازدىن كېيىن ھامىمىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— بوپتىمەنمۇ، ھاما؟

— گۈلدەك ئېچىلىپسەن قىزىم. جەننەتنىڭ ھۆرلىرى
بىكار قالسۇن ئالدىڭدا. مەن روزەك بەزگە خەۋەر قىلاي، بۈگۈنلا
توي خېتى ئېلىڭلار!

ھامىمىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلئايشەمنىڭ يەنە
كۆڭلى بۇزۇلدى. مۇشۇ ھۆسنى بىلەن كۆرۈمسىز، بىلىمسىز،
ئەڭ يامىنى مۇھەببەتسىز، ئالتە بالا ۋە كېلىن ـ نەۋرىسى بار
قوپال دېھقانغا ئايال بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلىتىنى ئۆزگە
قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئار ـ نومۇسى، ۋىجدانىنىمۇ ساتىدۇ، ئۇ
نېمىلا بولمىسۇن، يەتتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن، خېلى جىق
رومانلارنى ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ھۆكۈمەت ئو-
رۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان تونۇش ـ بىلىش، دوستلىرى بىلەن
سۆھبەتلەشكەن، بىرىنچى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، خور-
لۇق تارتقىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئىچ پەش تارتقان نۇرغۇن يىگىت-
لەرگە قاپاق ئاچمىغان، سەۋر ـ تاقەت ۋە يوقسۇزچىلىقتا كۈن-
گەن ئايال تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا پۇلغا ئۆزىنى ئاتتى؟ ھامىمىسى
ئازدۇردىمۇ؟ ھېلىھەم بولسىمۇ يېنىۋالسا بولىدۇغۇ؟ شۇ چاغدا
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قولىغا نۇرغۇن پۇل تۇتقان نادان دېھقان
كەلدى ـ دە، تىزىق ـ تىزىق پۇل ئۇنى يەنە قىزىقتۇردى:
يەتمىش ـ سەكسەن مىڭ كوي نەق پۇلى بارمىش، يەنە ئۇلار
يالاڭ ئاياغ يۈرەرمىش، تامىقى زاغرا بىلەن قېتىقمىش. پۇل

تېپىشنى بىلەرمىش، خەجلەشنى ئۇقمايمىش. مېنىڭ ۋەزىپەم
پۇل خەجلەش! پاھ، بۇنداق ئاسان ئىشقا كىم يۇگۇرمىسۇن؟
ئۇ شۇلارنى ئويلىدى - دە، بۇ قېتىم ئالدىنقى نىكاھىنىڭ
تەتۈرىنى قىلماقچى بولدى. ئۇ قېتىم كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇنى
باشقۇرغان، لېكىن ئۇ خورلانغان، بۇگۇنچۇ؟ كۆڭلى، ۋىجدانى
ئۇنى ئەيىبلىمەكتە، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنى نېمىلا بولمى-
سۇن تەۋەككۇل قىلىپ نەپسىگە تاپشۇرىدۇ ...

هويلا ئىشىكى غىچىرلىدى، گۇلئايشەمنىڭ يۇرىكى جىغىل-
دىدى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن تويى بولىدىغان ئايال - دە. ئۇ
ھاياجانلاندى، تەمتىرىدى. ئۆينىڭ زەدىۋاللىرىنى تۇزەشتۇردى،
سۇپىغا تاۋار يېكەنداز سالدى ۋە يۇزىنى ئالىقىنى بىلەن سىپى-
دى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۆيگە شىپىلداپ بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە تاپىسدىلا
زوڭزايدى. گۇلئايشەمنىڭ تېنى شۇركەندى، ئۇ كىرگۇچىگە
قارىدى. ئايالنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئاۋۋال دېھقاننىڭ كىرلەشكەن
شاپاق دوپپىسى، تەردىن قېتىشقان ئاق يەكتەكنىڭ سىرتىدىن
باغلىغان يېشىل تاۋار بەلۋېغى، قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان بىر
جۇپ كونا كالىچى چۇشتى. گۇلئايشەم ئىختىيارسىز ھالدا:

— سىلى، سىلى، ھاممامنى ئىزدەپ كەللىمۇ؟ — دەپ
سورىدى.

— يوقسۇ، — دېدى دېھقان يېرىم قوزغىلىپ بىر ئالدى-
قىنىدا چاڭ باسقان گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ، — گۇلئايشەم
دېگەن چوكان بىلەن كۆرۇشمەكچىدىم! — ئۇ ساپسېرىق شالاڭ
چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى. گۇلئايشەم ئۆزى پەرەز قىل-
غىنىدىن نەچچە ھەسسە كۆرۇمسىز ئادەمنى كۆرۇپ ئىختىيار-
سىز كەينىگە داجىدى. مانا مۇشۇ ئادەم ئەمدى ئۇنىڭ ئېرى
بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئالدىنقى ئېرىنىڭ دەسسەشلىرى، خورلاش-

www.uyghurkitap.com

لىرىدىنمۇ بەتتەر ئىش. لېكىن مۇشۇ كۆرۈمسىز گەۋدە ئۇنى بەختلىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇلدار. گۈلئايشەم ئۆزىنى نەپسىگە تاپشۇرغانىكەن، ئەلۋەتتە بۇ ئادەمگە ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

— سۆيىدىغا چىقسىلا، يېكەندازغا! ... مەن گۈلئايشەم ...

دېھقان ئەندىككەندەك قىلىپ گۈلئايشەمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياندىغاندەك، لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى-دە، ئايالغا تىكىلىپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كالىچى چۈشۈپ كەتتى. گۈلئايشەم تۇيۇقسىزلا خۇددى تۇغۇپ بولغان مېكىياندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خېنىم، بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالىمۇ؟ — گۈلئايشەمنىڭ كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن روزەك بەز ئايالدىن سورىدى.

— خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن، ماڭىمۇ بەزلىك قىلالىمۇ؟

— تويىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيالمايدۇ خېنىم!

— سىقىپ سىقىمىدىن چىققىنىنى يالا دېسىلە، سىلىگە ئاش بولمايمەن. ھەممە گەپنى ھامامام ئېيتقاندۇ، ھامامامنىڭ دېگىنىگە كۆنسىلە مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن! ...

— كۆڭگەچكە ئالدىلىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمەن خېنىم!

گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ يالاڭ ئاياغ، تۆگە تاپىنىدەك پۇتلىرىغا، چاڭ باسقان يۆگلۆق مەيدىسىگە، كىچىك، ئورۇق يۈزىگە ياراشمىغان كەكە ساقىلى بىلەن ئىنچىكە بۇرۇتىغا، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قىڭراقتەك بۇرنىغا، ئورا كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. بۇرنىدىن باشقا بۇ گەۋدىدە گۈلئايشەمگە ياققۇدەك

ھېچنېمە تېپىلمىدى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە:
ــ تويىنى چوڭ قىلالا؟ ــ دېدى.
ــ جۇۋان تويى بولغاندىكىن چېغىدا بولار!
ــ مەن ئېتىزدا ئىشلىيەلمىسەمچۇ؟
ــ ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بېرەلا!
ــ زېرىكسەمچۇ؟
ــ زېرىكسىلە ئىش قىلالا.
ــ قانداق ئىش؟
ــ كالا ساغىلا، سۈت پىشۇرىلا، يۇڭ تىتىلا، شوينا ئېشىلا، ياماق يامايلا، توخۇم يىغىلا، ئوتياش ئوتايلا، ئوغۇت يىغىلا، ۋاي ـ ۋۇي چىدىسىلا مىڭ خىل ئىش بار.
ــ ۋاي ئانام، ئاۋۋالقى ئايالىلىرىنى ئىشلىتىپ ئۆلتۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامىلا؟
ــ بالىلىرىغا قىسىنىپ، ئاچ يۇرۇپ كېسەل تاپتى. ھازىر بولغان بولسا ئۆلمەيتتى.
ــ ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى؟
ــ سەككىز يىل ئىككى ئاي.
ــ بالىلار ئۆگەيلىسە قانداق قىلىمەن؟
ــ بالىلار كالىنى ئانا دېگۈدەك بولدى. ئۆگەيلەمدۇ؟ ماڭا ئايال بولمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى، بـالىلارغا ئـانا بـولمىسا بولمايدىكەن.
ــ بالىلارنى باشقۇرامدىمەن؟
ــ شۇنداق.
ــ پۇلنىچۇ؟
ــ بانكا باشقۇرىدۇ.
ــ چەكنىچۇ؟
ــ ساندۇق.
ــ ئاچقۇچنى كىم تۇتىدۇ، ئانىمۇ، ئاتىمۇ، بالىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كېيىن بىلىلا.
— دېمىسىلە توي خېتى ئالغىلى بارمايمەن.
— ئۇنداق بولسا يېپىق قازان دۇملەگىلىك پېتى قالسۇن!
روزى بەز ئورنىدىن تۇردى. گۇلئايشەم چۆچۈپ ئالدىنى توردى:
— چاقچاق، چاقچاق قىلغاننىمۇ بىلمەملا؟
ئەتىسى ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. ئۇلار ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ پىيادە يولغا چىقتى. گۇڭشې بازىرىدا روزى بەز گۇلئايشەمنى بەش موچەنلىك لەڭمەن بىلەن مېھمان قىلدى. گۇلئايشەم خاپا بولۇپ قالدى. ئۇلار يولغا چىققاندا، گۇلئايشەم ئوشۇققىچە توپىغا پاتتى. ئۇ پۇتىنى قېقىپ نارازى بولۇپ:
— گۇلدەك جۇۋاننى ئەللىك كوي خەجلەپ ئېلىۋاللا، يەنە گەپ قىلمىسام پىيادە ئېلىپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى.
— هارۋا كىرا قىلاي دېسەم نومۇس قىلىدىكەنمەن خېنىم، توپىدىن قورقمىسىلا، مانا ماڭا ئوخشاش يالاڭ ئاياغ ماڭسىلا! — ئۇ توپا ئىچىدىكى پۇتىنى كۆرسەتتى.
«خورلۇق! — دەپ ئويلىدى گۇلئايشەم توپىلىق يولدا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيى بىلەن قىينىلىپ كېتىۋېتىپ، — سەۋر قىلاي، ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرىلا قولۇمغا چۈشسە، سېنىڭ ئۆيۈڭدە باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايمەن ...»

## 2

تۇن، تىنچىق ئۆي.
ئون ئىككى پارچە تىكمەت سېلىنغان سۇپىدا سامان تەكى، چىت كۆرپىلەر ئۈستىدە گۇلئايشەم يالغۇز ياتماقتا، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى تۈڭلۈككە قادالغان. كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن بەش تال يۇلتۇز كۆرۈندى. قاراڭغۇ باغدىن

كاككۇك ئاۋازى، يېقىنلا يەرلەردىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلانماقتا. يوغان ئۆينىڭ تۆت تېمى ۋە كىرلەشكەن زەدىۋاللىرى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقا، ئۆيمۇ خۇددى تالادەك قورقۇنچلۇق: «ھەممىلا نېمىسى كۆڭلىدەك قارا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بىرىنچى توي ئاخشىمى ياش ئايالىنى گۇندىخانىسىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ بىرچىچقاق قوزا ئۇچۇن پۇتۇن بالا - ۋاقىسى بىلەن چۆلگە چىقىپ كەتكەن ئادەمدىن نېمىمۇ ئۇندۇرۇۋالارمەن؟ ھەي بەختسىزلىك، بۇ ئەرنىڭ ماڭا كەلتۇرىدىغان راھەت - پاراغىتىدىن ئەزىمەتنىڭ تاياق - دۇمباسى مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېتىش كېرەك، تېزرەك قېچىش كېرەك ...»

لېكىن ئۇنىڭ كۆزى كات ئۇستىدىكى تېرىلەر ئاستىدا توپا بېسىپ ياتقان قارا ساندۇقتا چۇشۇش بىلەن يۇرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇگۇن كۆرگەنلىرى: روزەك بەزنىڭ بۇك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئىككى قورۇ جايى، چېتىگە كۆز يەتمەس ئورمانلىرى، قويلىرى، كەڭ ئېتىزلىرىدىكى كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن، ئوتياشلىرى، توخۇ - تۇمان، يۇڭ - تېرە، ياغاچ - تاش؛ كىر كىيىملەرنى كىيىشىپ ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددا بالىلىرى، يەردىن ئۇستۇن قارىمايدىغان بوستانچاچ كېلىنى، خۇمار كۆز، قوشۇما قاش، مىسكىن كۇيلەرگە نەي چالىدىغان قويچىسى ... بىرمۇبىر كەلدى. ئاشۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئاۋۇ توپا بېسىپ ياتقان ساندۇقنى پۇلغا تولدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلار. مانا شۇ بايلىققا خوجايىن بولۇشنى خالىماي قېچىش ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟ لېكىن ھېلىقى يىرگىنچلىك بوۋاي ھازىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، بۇ خورلۇقتا ئۇنىڭ يۇرىكى چىدارمۇ؟ «ئىلاھىم ھېلىقى قوزىسى بىلەن ئۆزىمۇ يوقالسىدى. مەن ئۇنىڭسىز خوجايىن بولسام قانداق ياخشى - ھە!»

تۈڭلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارنى بىر پارچە كۆلرەڭ بۇلۇت كېلىپ توسۇۋالدى. بۇلۇت بىردىنلا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئادەم سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنچلىك روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىدى. گۈلئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى ـ دە، تۆۋەندىكى مەنزىرە خىيالىدىن چاقماقتەك ئۆتتى: ئۇزۇن خەسە كۆڭلەك، تامبال كىيگەن ئادەم شامنى پۈدەپ ئۆچۈردى ـ دە، گۈلئايشەم ياتقان يەرگە كەلدى، ئۇ گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا قىيسايدى، گۈلئايشەمنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئەرنىڭ يىرىك قولى ئۇنىڭ بېلىكىگە تەگكەندى، گۈلئايشەم ئىختىيارسىز: «ئەزىمەت!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. روزەك بەز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شامنى ياندۇردى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— قورقۇتۇپ قويدۇما؟ — دېدى.

گۈلئايشەم شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تامدەك تاتىرىپ ئۇنىڭغا يېلىندى.

— ماڭا يېقىن كەلمىسىلە، ئۆتۈنەي!

هويلا ئىشىكى قېقىلدى، روزەك كىردى ـ دە، گۈلئايشەمگە قاراپ كۈلۈپ:

— هېلى كېلىمەن، قوزا كەلمەپتۇ، تېپىپ كېلەيلى! — دېدى.

گۈلئايشەم تۈڭلۈككە قارىدى، ئادەم سۈرەتلىك بۇلۇت يوق، يۇلتۇزلار كۈلمەكتە: بىرىنىڭ ئايالى بولىمەنۇ، يىرگىنىدمەن؛ يەنە بىرىنىڭ ئايغى ئاستىدا چەيلىنىمەنۇ، سىغىنىمەن! ئەزىمەت، سەن مېنىڭ هاياتىمدا راستتىنلا ئۆچمەس يۇلتۇزمىدسەن ـ هە؟ گۈلئايشەم شۇنداق ئويلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىدرى خۇمارلىشىپ هەم شېرىن، هەم ئاچچىق، ياشلىق ـ گۆدەكلىك خاتىرىلىرى كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇبىر ئالدىدىن ئۆتتى ...

بۇدرۇق پاقالاندەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز، سۇ-
زۇك كورلا نەشپۈتىدەك چۈرۈك، ئەتراپتىكى ھەممىلا نىمە گۈ-
زەل ۋە قىزىقارلىق بىلىنىدىغان ئۇن ئالتە ياشقا تولغان چېغىدا
ئۇنى تۇنجى مۇھەببەت مەست قىلدى، ھاياتنى ئۆزگەرتىۋەتتى.
ئۇ نەسىھەت ۋە تەھدىت قىلغان ئاتا - ئانىسىنى، ئىستىقبال
ۋە بەخت، ۋەدە قىلغان مەكتىپىنى چۆرۈۋېتىپ، تراكتورچى
يىگىت بىلەن قاچتى. يىگىتنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدۇر
چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن گۈزەل، قىممەتلىك، بىلىم-
سىز يىگىتنىڭ قوپال چاقچاق، بىھايا ناخشىلىرى ئۇنىڭغا مە-
كىت قوغۇنىدەك لەززەتلىك بىلىنىدى. ئۇ مۇرادىغا يەتتى. تويى-
دىن كېيىن، بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان - كۆرپە بىلەن
ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بەخت ئىگىسى، غالىب - ئۈستۈن
ھېسابلىدى. چىرايلىق ئەر — ئۇنىڭ ھاياتى. ئائىلە ئۇنىڭ
بەختى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئەر ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە،
ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى بولدى، توپىغا مىلىنىپ
ئېتىزدا ئىشلىدى، قىغ - كۆكۈمغا سۈركىلىپ قوي بوردىدى.
باشقىلار: «تۆت بۇلۇڭ، بىر كۈلۈڭ» دەپ كۆزگە ئىلمىغان
ئۆيىگە گىلەم سالدى. رادىئو ئالدى، ئېرىنىڭ مېھمانلىرى
ئۈچۈن ئوتتا كاۋاپ، ھالى خاراب بولسىمۇ زارلانماستىن خۇش
بولدى. ئېرى تراكتورنى تاشلاپ سۇ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى
ھەيدىگەن يىلى گۈلئايشەم ئوغۇل تۇغدى. بۇدرۇق ئوغلى گۈل-
ئايشەمنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ چوڭ قەدىر - قىممەت تەقدىم قىل-
دى، ئۇ ئەمدى باياشات، غەمسىز ياشاپ، بالىلىرىنى قاتار-
غا قوشۇشقا چىن ئىخلاس بىلەن ئىشەندى ...
لېكىن ھايات توختام سۇ ئەمەسكەن، يالغانچى كۈنلەر،
ئالدامچى يىللارمۇ بولىدىكەن. ھەتتا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ،
بوران چىققاندەك، بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان كۈنلەرمۇ بولى-
دىكەن. بىر كۈنى دوستلىرىدىن ئېرىنىڭ بىر قىزنى ماشىنىغا

www.uyghurkitap.com

سېلىپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى. ئېرى كەلگەندە سۇرۇشتۇرگىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئېرىدىن تۈنجى قېتىم قاتتىق تاياق يېدى. گۈلئايشەم يەنە گۇناھنى ئۆزىگە قويدى: بالا، ئۆي بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەرنى رازى قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. ئەزىمەتنىڭ مەندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن يەرلىرى بار بولغاچقا، تالاغا قارىغان، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى، ئۇ ئۆزىنى ياساشقا، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، ئويۇنلارغا بېرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بەكرەك رەنجىش تاپتى: ئېرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا قىزلار بىلەن تانسا ئوينايدىغان، ئېرىنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدۇر چاچلىرى باشقا قىزلارغا ھۇزۇر - ھالاۋەت بېرىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى ئۇلغايتىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلئايشەم روھىي خورلىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلىرىغا ھال ئېيتىدىغان، دوستلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەلدى - دە، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك قاتتىق ۋارقىرىدى: ئېرى بىر ئايال بىلەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى ...

شۇندىن كېيىن گۈلئايشەم قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، ئولتۇرغان يېرىدە سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىدا مۆلدۈرلۈك بوران تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بالىسى تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولدى. گۈلئايشەم بالىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، لېكىن ئۇ تارتقۇلۇققا ئۆلمىدى. بالا كۆيۈكى، ئەرنىڭ زۇلۇمى ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتىپ، يىگىرمە نەچچە يېشىدىلا يۈزىگە قورۇق، داغ چۈشتى.

بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېرى ئۇنى تېخىمۇ

خورلىدى، ئۇردى، تاشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ئايىغىغا يامىشىپ يالۋۇرۇپ: «ئۇر، تىللا، قۇل قىل، لېكىن سىرتقا قارىما!» دېدى. ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ گۈلئايشەمنىڭ قۇلىقىغا دەسسىدى. قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىدىن قان چىقىپ تۇرغان گۈلئايشەمنى هاممىسى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.

«هوي ئەزىمەت، سەن مېنىڭ هاياتىمدىكى يۇلتۇزمۇ؟ مەن سېنى كۆرمىگىلى ئۈچ - تۆت يىل بولدى، تايىقىڭ، تىل - ئاهانىتىڭ ئۇنتۇلدى، نېمىشقا كۆزلىرىڭ بىلەن بۇدۇر چاچلىرىڭ ئۇنتۇلمىدى؟ نېمىشقا يەنە نامىڭنى تىلغا ئالىمەن، نېمىشقا سېنى چىللايمەن!» گۈلئايشەم پىچىرلاپ ئۇخلاپ قالدى.

گۈلئايشەم ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغاندى: تاڭ ئېتىپتۇ. هويلىدا بالىلار ۋارقىراشماقتا. ئۆزىدىن نېرىدا سامان تەكيىگە بېشىنى قويۇپ، چەكمەن يەكتەكنى غېرىبچە يېپىنىپ روزەك بەز يېتىپتۇ. گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇۋېدى:

— ئوبدان ئۇخلىدىڭمۇ؟ — دېدى روزەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوزا بارمىكەن؟

— تاپتۇق.

— بىر قوزىنى دەپ هەممىڭلار باياۋانغا چاپتىڭلىمۇ؟

— كۆزگە بېرىۋالسا ئاتمىش - يەتمىش كويلۇق قوي دېسىلە! — دېدى روزەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — تۇرسىلا خېنىم، هېلى بالىلار سالام بەرگىلى كىرىدۇ.

گۈلئايشەم هېچنەدە كۆرمىگەن هۆرمەتنى بۇ ئۆيدە كۆردى: ئالتە بالا، بىر كېلىن ئۇنى «ئانا» دېيىشتى. گۈلئايشەم نومۇس قىلىپ، روزەككە:

— هېچ بولمىسا چوڭ ئوغۇل بىلەن كېلىن ئاچا دېسۇن، ئانىسى نېمىسى! — دەپ پىچىرلىدى.

«ئانا» ئېغىزدىكىلا گەپ ئەمەسكەن، بالىلار ۋە ئەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۆرمىتىمۇ يېتەرلىك بولدى: بىرىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلىما، قايماق، پىششىق تۇخۇملار قويۇلدى. باشقىلار بولسا زاغرا بىلەن غىزالىنىپ ئىشلىرىغا كېتىشتى. چۈشكىچە گۈلئايشەم باغ، ھويلا ـ ئارامىلارنى يەنە ئارىلىدى. باغ ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. ئۇ يەردە قويۇق تېرەكلەرنىڭ سايىسى، مەي باغلاپ پىشقان شىرنىلىك چىقىر ئۈجمە، جىگدىلەرنىڭ پۇرىقى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كۆڭۈلگە ئارام، بولۇپمۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى ھامىنىسىنىڭ تار ئۆيىدە خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن مىسكىن ئايال ئۈچۈن بۇنداق سالقىن، ھاۋالىق باغ جانغا راھەت تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، دەرەخلەرگە ياماشقۇسى، باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك قىيغىتقۇسى كەلدى. ئۇ باغدا يالغۇز يۈرۈپ يۇمران جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن بىردەمدىلا ئەللىك ـ ئاتمىش تۇخۇم يىغىۋالدى. ئىچ پۇشۇقىدا باغنىڭ نېرىسىغىچە بېرىپ يىراقتىكى مەھەللىگە، كېۋەزلىكتە كەتمىنىنى يالت ـ يۇلت قىلىپ ئىشلەۋاتقان باللارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى …

چۈشتە ئۇ باللارنى پىششىق تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلدى. قارا قۇمچاق كېلىن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ پىچىرلىدى:

— ئاتام ئۇقسا نە بولىدۇ. ھەر ئالتە كۈندە بەش يۈز تۇخۇم ساتىمىز، تۇخۇم پۇلى يۈز كوي، كېمىسە بوۋاي خاپا سالىدۇ ئانا!

— يەنە نېمە ساتىسىلەر؟

— كۆكتات، ئۆرۈك، ئۆردەك، بېلىق، ياغاچ، ئارىلاپ قوي، گۆش، سۈت، قايماقمۇ ساتىمىز.

— يەكشەنبە بازاردا قانچىلىك پۇلغا ئىشلەيسىلەر؟

— كۆپ بولغاندا بەش ـ ئالتە يۈز كوي، بولمىسا ئۈچتۆت يۈز كويلۇق نەرسە ساتىمىز، ئانا.

— پۇلنى سىلى تۇتامىلا؟

— ياق، ھېسابنى مەن چىقىرىمەن، پۇلنى ئاتام ئۆزى ساندۇققا سالىدۇ، ئۈچ - تۆت ئايدا بىر قېتىم بانكىچى كېلىپ پۇللارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسى بىللە بېرىپ چەك ئەكېلىدۇ.

— ئۇقتىلىمۇ، دادىلىرى پۇل يىغىپ نېمە قىلىدىكەن؟

— تازا بىلەلمىدىم ئانا، مەن قوغۇنلۇققا باراي. قوغۇنلار بۇ يىل بەلەن ئوخشىدى. قوغۇن پىشقاندا ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ يۈز كوي كىرىم بولىدۇ.

— يەنىچۇ؟

— كۈزلۈككە كېۋەز پىشقاندا نەچچە مىڭ كويلاپ پۇل كىرىدۇ.

— يەنە پۇل كىرىدىغان قانداق چاغلار بار؟

— ئەتىيازدا باققان قويلارنى ساتقاندا، يازدا ھۆكۈمەتكە بۇغداي ئۆتكۈزگەندە، ھە، راستلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسىنىڭ دېيىشىچە، مىڭ تال جەگە ياغاچ سېتىلىپ-تۇ. يېقىندا ياغاچ كېسىدىغانلار كېلەرمىش.

— بىر تال جەگە نەچچە كوي؟

— كەم بولسا ئالتە - يەتتە كوي، بولمىسا ئون كوي.

— ۋاي ئاتام! — دېدى گۈلئايشەم پېشانىسىگە شاپىلاق-لاپ، — پۇل دېگەننى كوچىنىڭ تۇپىسىدەك ئۈسىدىغان گەپكەنغۇ!

ئۇ شۇنچە پۇللۇق ئائىلىنىڭ ئەزاسى، ياق، ئەزاسى ئە-مەس، خوجايىنى، ئۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشى، ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كوي ئۇچۇن چىراي سارغايتقان كۈنلىرىنى ئۇنتۇشى، بوۋاينى ياخشى گەپ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىشكە، پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈشى كېرەك.

كەچكى تاماقتا گۈلئايشەمنىڭ ئالدىغا پىششىق گۆش

تارتىلدى.

گۈلئايشەم گۈشنى پارچىلاپ ئەڭ چوڭىنى روزەككە، قال-غانلىرىنى باللارغا بۆلۈپ بەردى. روزەك خاپا بولۇپ:

— يامان ئۆگىنىپ قالدۇ. گۈشنىڭ تەمىنى ئېتىپ قالسا، باللار قوتاندىكى قوينى تۇگىتىدۇ، خېنىم! — دېدى.

— قوتاندىكى تۇگىسە، ئېتىزدىكىسى باركەن، ئېتىزدى-كىسى تۇگىسە، بانكىدىكىسى باركەن، ۋايىەي! — دېدى گۈل-ئايشەم. باللار خۇشال بولۇشتى. ئەمما روزەك قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

كەچ كىرگۈچە ئېغىر ئەمگەك بىلەن چارچىغان باللار كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئاشۇ تاماق يېيىلگەن ئۆيدە ئۇڭغۇل-دوڭغۇل يېتىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. يالغۇز گۈلئايشەملا ھېلى-قى يوغان «مېھمانخانا» سىغا قايتىپ كېلىپ، كۆرپىلەر ئۈستى-گە يانپاشلىدى. سىرتتىن نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلئايشەم راھەتلىنىپ تىڭشىدى. ئارقىدىن گۈلئايشەم ياخشى كۆرىدىغان «گۈلمەرەم» دېگەن ناخشا ئېيتىلدى. گۈلئايشەم ناخشىغا ئە-گەشتى:

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، گۈلمەرەم،
ئەگىمەي ماڭالملا، گۈلمەرەم.
بىر پىيالە چاي تۇتۇپ، گۈلمەرەم،
كۆڭلۈمنى ئالالملا، گۈلمەرەم.

ياش ئايالنىڭ ھېسسىياتچان قەلبى ناخشا بىلەن ئويغاندى. «قويچى بولساڭمۇ يىگىتسەن، — دېدى ئۇ ناخشىغا زوقلى-نىپ، — شۇڭا ناخشاڭغا ئەگەشتىم...»

ئۇ شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاياتتىن يەنە نۇرغۇن لەززەت ئېلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى: بىر يەردە قېقىلساڭ، يەنە بىر يەردە كۆتۈلىدىكەنسەن، بىرنى يوقاتساڭ، بىرنى تاپىدىكەنسەن،

خاپىلىق، خۇشاللىق دېگەنلەر يۈزگە چۈشكەن خالدەك ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ تۇرالمايدىكەن. گۈلئايشەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان بۇ ھايات ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلسۇن، بىز ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەيلى. چۈنكى قاراڭغۇلۇقتىن ئەنە ئىككىن-چى بىر قەلب ئىگىسى چىقىپ كەلمەكتە: ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بۇندىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك ھاياجان، خۇشاللىق ۋە نومۇس كۈچى بىلەن تېپچەكلىمەكتە!

## 3

خوجايىن بولۇش ئىنساننىڭ روھىدىلا ئەمەس، بەدىنىدىمۇ يېڭىلىق پەيدا قىلىدىكەن. قاراڭلار، گۈلئايشەم مۇنۇ ئۆيدىكى توققۇز ئەمگەكچىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋىدى، بىر ئايدىن كې-يىن يۈزىدىكى داغ ئىزلىرى بىلەن ئىنچىكە قورۇقلىرى تۈ-گەپ، خۇددى ئەزىمەت بىلەن بەختلىك سائەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىكىدەك چىرايىدىن نۇر ۋە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھاۋانىڭ سالقىن چاغلىرىدا كېۋەزمۇ ئوتىدى، قوغۇن-نىڭ ئوتىنى چاپتى. قول تراكتورى بىلەن بۇغداي تېپىۋاتقان خامانغا بېرىپ ئارا تۇتۇپ ئاياق سالدى، كېلىن بىلەن سەھەر-كەچلىكى كالا ساغدى ... لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ھەممىگە يارايدىغان «خوجايىن» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈ-چۈن قىلدى. ئۇ ئىشلاردىن ئەيىبمۇ تاپاتتى. ئۇنىڭ تاپقان ئەيىبى چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان بىلەن روزەكىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى:

— ئاناڭلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار! — دەيتتى ئۇ تاماق ئۈستىدە بالىلىرىنى جونۇپ، — ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەردىن گۈل ئۈنىدۇ. كۆردۈڭلارمۇ، ئاناڭلارنىڭ قولى تەگكەچكە، كىيگەن كۆڭلەكلىرىڭلارنىڭ رەڭگى ئېچىلدى. ئاناڭلار كەل-

مەستە ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك، كۆك كۆڭلەك ھەممىسىلا لاي رەڭ ئىدى!

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە خۇشاللىق، يېشىللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولى بىلەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ كىرى، ئۆينىڭ توپىسى تۈگىدى، ئۇلارنىڭ غىزاسىغا تەم كىرىپ، بالىلارنىڭ باش ـ كۆزى تازىلىنىپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئاشتى، مەرتىۋىسى چوڭايدى. ئۆز ئاندىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىك ۋە غورىگىللىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ، تۇرمۇش ــ ئەمگەك، يېيىش، ئۇخلاش دېگەن تۇرمۇش چۈشەنچىسى بىلەن چەكلەنگەن بالىلار، «ئايالنىڭ ۋەزىپىسى ــ خامنى پىششىق قىلىش» دەپلا قارايدىغان كېلىن، بېقىش تېپىپ سەمرىپ پارقىراۋاتقان كالىدەك كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىۋاتقان ئائىلىسىنى كۆرۈشۈپ، گۈلئايشەمنى چىن دىلى بىلەن «ئانا» دېيىشتى.

لېكىن گۈلئايشەمنىڭ يەنىلا توققۇزى تەل ئەمەس ئىدى.

قورسىقى توق، غېمى يوق ئادەمنىڭ ھامان روھىي ۋە جىسمانىي تەلىپى ئۆرلەۋېرىدىكەن: گۈلئايشەم ئەمدى ئۆز ھاياتىدا نېمىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى سەزدى: ئۇنىڭغا مۇھەببەت لازىم ئىدى. ئۇ ئېرىدىن رازى، چۈنكى ئېرى تاپقان پۇللارنى گۈلئايشەمنىڭ قولى بىلەن ساندۇققا سالىدۇ. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى چوڭ ئوغلى باشقۇرغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە گۈلئايشەمنىڭ كۆزى يەتتى. ئېرىدىن رازى بولۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئېرى ئىشتىن ھېرىپ كېلىدۇ ـ دە، كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ رازىمەنچىلىكىگە ئاشۇ ھاردۇق ئۇيقۇسى بىلەن ئېرىشكەن. گۈلئايشەم خالىغانچە خىيال قىلالايدۇ...

بۇ رازىمەنچىلىك ھېسابىغا ئۇ بۇ ئۆيدە نېمىگە ئېرىشەلەي-



www.uyghurkitap.com

دۇ؟ پۇل ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى. مۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتتىن تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇلارلا ئەمەسقۇ؟ ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىشى، يەنى مۇھەببەت ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم قۇربان بېرىشى، ئەنە شۇ قۇربان بېرىشتىن ھەقىقىي لەززەت ۋە خۇشاللىق تېپىشى لازىم. لېكىن قېنى ئۇ مۇھەب- بەت؟ كىم ئۇنى ۋە ئۇ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئەزىمەتنى ئۇ ئۇنتۇمىغىنى بىلەن ئەزىمەت ئۇنى ئۇنتۇغان. ئەمىسە ئۇنىڭ قەلبى يەنە نېمىگە تەلپۈنىدۇ؟ نېمىشقا ئىچى پۇشىدۇ، كېچىلى- رى نېمىشقا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ؟ ئۇنى بىئارام قىلغان بوغالتىر- نىڭ قوڭۇر كۆزلىرىمۇ؟ بوغالتىر گۇلئايشەمنى ئەگىپ كەلدى- مۇ؟ ئۇنداق بولسا گۇلئايشەمنىڭ ئۆيىدە يالغۇزلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئاتتىن چۈشمىدى؟ ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن توختامنامە قەغەزلىرىدىكى رەقەملەرنى ھېسابلاۋاتقاندا نېمىشقا گۇلئايشەم ئەتەيلەپ گەپ قىستۇرسىمۇ قاراپ قويمىدى؟ گۇلئاي- شەم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىش ئۇچۇن توختامنامىدىكى ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى بىر يۈز يىگىرمە جىڭغا چۈشۈرۈپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ، دېگەندە بوغالتىر سوغۇققىنە بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى قېقىپ: «سىلى ئارىلاشمىسىلا» دەپ نېمىشقا ئالىيدۇ؟ ئالاي- غان كۆزلەردىن مۇھەببەت ئىزدەش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئەمى- سە كىم ۋە نېمە ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتىدۇ؟ ئاۋۇ قويچىنىڭ ناخشى- سىمۇيا؟ ياق، گۇلئايشەم نېمىلا بولمىسۇن قويچىغا قاپاق ئاچ- مايدۇ. ئۆزىنىڭ خوجايىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان قويچىغا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. ياق، كېتىش كېرەك. گۇلئايشەم بۇ يالغۇز كۆزلەك- كە مۇھەببەت ئىزدەپ كەلگىنى يوق. ئۇ يوقسۇزچىلىق، سارغى- يىش ئازابىدىن كەلگەن، ئۇ ۋىجدانىنى نەپسىگە بويسۇندۇرۇپ، ئاز- تولا پۇلغا ئىگە بولۇۋالماقچى. بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسىلا بۇ كۆزلەكتىن كېتىدۇ. ئۇ يانپاشلاپ يېتىپ شۇلارنى ئويلاۋې-

تىپ توساتتىنلا چوڭ ئوغۇل بىلەن روزەكنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئوتتۇز مىڭ جىڭ بۇغداي ساتتۇق، — دېدى ئوغلى دادىسىغا پىچىرلاپ، — پۇلنى ھېلىقى ئالتە مىڭ ئىككى يۈز كويلۇق چەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئون مىڭ كويغا توغرىلاپ قويايمۇ؟

— ئوسمان بانكىچىغا ئېيت، توغرىلاپ بېرىدۇ.

گۈلئايشەم ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

— مەنچۇ؟ نېمىشقا توغرىلىيالمايدىكەنمەن، پۇلنى ئەكېلىپ ماڭا بەرسىلە!

ئوغۇل دادىسىغا قارىدى، روزەك ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى:

— سىلە ئاۋارە بولماڭلا، خوتۇن!

— كېيىمنى يىرمىسىلا دەيمەن، مەن پۇلنى ھامىمامغا ئاپىرىپ بەرمەيمەن، چۆنتەكلىرىگە سالىمەن.

— بولىدۇ خوتۇن، بولىدۇ، — روزەك كۈلۈپ قويۇپ ئوغلىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

كەچتە چوڭ ئوغۇل گۈلئايشەمگە ئون مىڭ كويلۇق چەكنى ئەكېلىپ بەردى. ئون مىڭ كوي — بىر پارچە قەغەز، لېكىن بۇ بىر پارچە قەغەز چوڭ بايلىق، گۈلئايشەم ئۆز ھاياتىدا بۇنچە-لىك بايلىقنى ئالىقىنىدا كۆرۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ ئۇ چەكنى ئاۋۋال يانچۇقىغا، كېيىن ھېچكىم يوق چاغدا تامبالغا تىكتۈرگەن مەخسۇس يانچۇقىغا سال-دى. ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ تولۇق خوجايىنى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇنىڭ ئەمدى ھېلىقى ئىچ پۇشۇقى، نامەلۇم بىرىنى سېغىنىشلى-رى ۋاقتىنچە توختىدى.

گۈلئايشەم ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ كۈزلەككە يول ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە چاي بەردى. چۈشلۈك چاي ۋاقتىدا ئۇلار-

نىڭ بېغى بۆلەكچىلا ئاۋاتلاشتى. ياشلار ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ياشلىقىنى بۇرنىغا پۇراتتى.

— روزاخۇن باينىڭ ئۆيىنىمۇ خىشتىن ياساپ بەرسەك، ئاستى ـ ئۈستىگە تاختاي قېقىپ گۈلئايشەمگە ساراي سېلىپ بەرسەك بولغۇدەك.

— نېمىلا قىلسا يارىشىدۇ. هاي، روزاخۇن ئاكا، نېمىشقا قوڭغۇراقلىق پوچتا هارۋىسى قىلمايسەن؟ خېنىمىڭنى يېنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ، غوجەك بايدەك يەكشەنبە بازاردا تاماشا قىلساڭ بولمامدۇ؟

— روزەكباي ماشىنا ئالارسەن ـ هە؟...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن «روزەك بەز» دېگەن ئىسىم «روزەكباي» غا ئالماشتى.

بۇ ماختاشلار ۋە خۇشامەتلىك سۆزلەر گۈلئايشەمگە يېقىن كەلگۇسىدە ئىشقا ئاشىدىغان يېڭىلىقلار بولۇپ تۇيۇلدى.

كۆز پەسلى، يېڭىلىق پەسلى، باياشاتچىلىق — توي پەسلى ئىكەن.

بىر مۇخبىر كېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتتى. گۈلئايشەم بىلەن روزەكباينىڭ يوغان قوغۇنلارنى تۇتۇشۇپ چۈشكەن بۇ سۈرىتى «ئەمگەك بىلەن بېيىغان ئائىلە» دېگەن خەت بىلەن گېزىتكە چىقتى.

تونۇگۈن ئېكسكۇرسىيىچىلەر كەلدى. ئۇلارغا گۈللىنىۋاتقان ئىگىلىكنىڭ خوجايىنلىرى روزەك بىلەن گۈلئايشەم ئۆز ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاخشىمى گۈلئايشەمنىڭ مېڭىسىدە يېڭى بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: مۇهەببەتسىزمۇ هاياتتىن خۇشاللىق تاپقىلى بولىدىكەنغۇ، يېڭىلىقلار ئەجەب كۆپ: ئېتىزدا، ئۆيدە، مەهەللىدە، هەممىلا جايدا شۇلارنىڭ لەززىتىمۇ گۈلئايشەمگە يېتىدىكەنغۇ؟

گۈلئايشەم بۈگۈن كېچە روزەككە يېقىنراق ياتتى. ئۇ بو-

ۋايغا: پۇل خەجلەش يەنى زامانغا لايىق ئۆي سېلىش، ئۇستەل، ئورۇندۇق، ئىشكاپ، سافا ياسىتىش، ئىلاج قىلىپ توك ئەكېلىش، تېلېۋىزور ئېلىش، ئۆيدىكىلەرگە زامانغا لايىق كىيىم قىلىش، گىلەم سېلىنغان هارۋىغا چۈشۈپ مېهمانغا بېرىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق ۋە قىزغىن سۆزلىدى. روزەك تاكى خورىكى باشلانغۇچە، ھەممىسىگىلا «ھە» دەپ ياتتى.

شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەم ھېلىقى بىكارچىلىقتا پەيدا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يېڭىش، ئۆزىنى يېڭىلىقلارنىڭ قاتناشچىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغان بولۇۋالدى.

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن روزەكباينىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە غەمخورچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشقا ھەۋەس بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى قايتىدىن ئىشتا پىشتى، تاتىراڭغۇ يۈزى دېھقان ئاياللىرىغا خاس رەڭ بىلەن گۈزەللەشتى. ئۇ ئەمدى غەم ـ قايغۇنىلا ئۇنتۇپ قالماستىن، مۇھەببەتنىمۇ ئۇنتۇدى: «نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق قىلمىدىم ـ ھە، ئەخمەق ئىكەنمەن، نادان ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا بەختىمنى يىگىتلەردىن ئىزدەيتتىم! »

گۈلئايشەم قاقاقلاپ كۈلۈپ، ياكى ئۈن سېلىپ ناخشا ئېيتىپ هويلىغا كىرىپ كەلگەندە، روزەكباينىڭ قەلبىدە بىر خىل خۇشاللىق ئوتى يالقۇنلايتتى. بۇ ئوت گۈلئايشەم ئۇنتۇپ كەتكەن ھېلىقى مۇھەببەتنىڭ ئوتى، گۈلئايشەمنىڭ ئەكسىچە ئەمدى روزەكباي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆلغىيىۋاتقان مۇھەببىتىنى قەدىرلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى. ئايالى ئۈچۈن ھەر نېمە قىلىشقا رازى ئىدى. مانا بۇمۇ روزەكباينىڭ ھاياتىدىكى يېڭىلىق. بۇ يېڭىلىقلارنى ئۇلارغا ھايات تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھاياتقا چىن قەلبىدىن

رەھمەت ئېيتماقتا.

مانا قاراڭ، يەكشەنبە كۈنى گۈلئايشەمنىڭ ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئەر - ئايال بولۇپ بىر تراكتوردا ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. روزەكباي ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇلارغا قوي سويدى.

روزەكباي ئەزەلدىن توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشاغا بارمايتتى. لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن كۈنى، ياش چوكانلار بىلەن يىگىتلەر روزەكباينى ئۆز ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ چاقچاق ۋە ئۇسسۇللىرىغا ئارىلاشتۇردى. ياش ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا ئارانلا قورۇنۇپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە گۈلئايشەمنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. چاۋاك - قىقاسلار روزەكباينى مەدىرلىتالمايتتى، لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دومسىيىشى ئۇنى ئىختىيارسىز ئوتتۇرغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قوللىرىنى قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىپ ئۇسسۇلمۇ ئوينىدى.

روزەكبايغا مۇھەببەت، خۇشاللىق تەقدىم قىلغان بۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆگەتتى: ئۇ پۇتىغا ئۆتۈك، دىكادىن شىم -تۇجۇركا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيدى. بۇ نەرسىلەرنى كىيىش ئۇنىڭغا قانچىلىك يات، نومۇسلۇق بولسىمۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلى ئۇنى كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ يۈزىنى سوپۇنداپ يۇيىدىغان، ئاخشىمى پۇتىنى يۇيىدىغان، ئىشتىن كېلىپ كىيىم يۆتكەيدىغان «قاملاشمىغان» قىلىقلارنىمۇ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى خۇش بولغىنى ئۈچۈنلا روزەكباي دىلى تارتمىسىمۇ ئۆزىنى زورلىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە گۈلئايشەمنى خۇش قىلىش بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

لېكىن گۈلئايشەم دوستلىرىغا ئارىلاشقانسېرى ھاياتتىكى كەم نەرسىنى قايتىدىن يادىغا ئالدى . ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر

يېرىدە كىمگىدۇر بىرىگە بىر يوشۇرۇن چوغ ساقلاقلىق ئىكەن. گەرچە بۇ چوغ ياسالما جىمجىتلىقنىڭ كۈلى بىلەن بىر مەھەل كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمدى دوستلىرىدىن كەلگەن ياشلىق ـ مۇھەببەت شامىلىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قايتىدىن يالىڭاچلىنىپ ۋىلىلداپ يالقۇنجاشقا باشلىماقتا ئىدى.

ئۇ شېرىن، مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۇرتـ. كىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى. ئۇ يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورىكىدـ. دىن بىزار بولۇپ كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ تالاغا چىقـ. تى. تالا ئايدىڭ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرـ. نىڭ ئۈستىگە ئاق داكا تارتىلغاندەك، گىرىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك. بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايـ. شەمنىڭ يۈرىكىلا بىر خىل ئەندىكىش، سېغىنىش بىلەن تېپىرـ. لاۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈلئايشەم ئوڭ ياڭىغىنى ئالىقىنىغا قوـ. يۇپ، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۈستىدـ. گە ئولتۇردى. شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى، ناخشا مۇڭلۇق ئىدـ. دى. گۈلئايشەم ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېتىپ بېرىپ: «سەمەت قويچى، بەلكىم سەن مېنى دەپ ئۇخلىيالمىغانسەن، يەر ئاستىدـ. دىن قاراشلىرىڭ باشقىچە ئىدى. ئېيتقان ناخشىلىرىڭ ماڭا ئاتالغان بولسا، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دېدى.

قويچى بىمەھەل كەلگەن خوجايىنىنى كۆرۈپ قاتلانما كاردـ. ۋات ئۈستىدىن چاچراپ تۇرۇپ گەدىنىنى سىلىدى:

— كىم سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان، سەمەتباي! — ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— قويلار، ئاچا، قويلار! — سەمەت داجىدى، گۈلئايـ. شەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

— ساراڭ، قورقما، خوجايىنىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيىقۇدا!

— كىرىپ كەتسىلە ئاچا! — دېدى سەمەت تىترەپ، — ئۇنداق قىلمىسىلا، ئامەھرەم بولىدۇ، خوجايىنىنىڭ ئۈزىنى ھالاللاپ بېگىلى قويسىلا!

— ساراڭ! — دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلىكىپ قويۇۋېتىپ، — ئادەمنىڭ ئۆيىقۇسىنى بۇزۇپ نېمىگە كاركىرايسەن ئەمىسە؟

— بايىلا بىر قوي قوزىلىدى، شۇنىڭ خۇشاللىقى ئاچا!

— ئۆل ئىلاھىم! — گۈلئايشەمنىڭ قويچىغا غەزىپى كەلدى، — ھايۋاننىڭ كەينىدە يۈرۈپ، يۈرىكىڭمۇ بۇلغىنىپتۇ!

گۈلئايشەم ئەمدى ھۆكۈم قىلدى: ئۇ ئەزىمەتنى ئۆزى تاللايدىكەن.

## 4

يېڭى ياسالغان يول بىلەن بىر كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى، ماشىنىدىن رايون كاتىپى چۈشتى - دە، روزەكباي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆيگىمۇ كىرمەستىن روزەكباينى ئالدىراتقىلى تۇردى:

— ناھىيىگە، ۋىلايەتكە بارىدىكەنسىلەر، زاغرا تۇگۈپ يۈرمىسىلە، ئاز - تولا پۇل، بېلەت ئالسىلا بولىدۇ.

— كىيىم يۆتكىسىلە! — دېدى گۈلئايشەم ئىش كىيىملىرى بىلەن ماشماقچى بولغان روزەكباينىڭ پېشىدىن تارتىپ.

— ئوبدانراق كىيىنسىلە، — دېدى كاتىپ كۈلۈپ، — ئېكسكۇرسىيە، مەجلىس بولغاندىكىن، دۆلەتكە پاختا سېتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا ئولتۇرىلا، سۆزلەيلا!

— سۆزلەيدىغان بولسام خوتۇننى ئېلىۋالساقمىكىن؟ — روزەكباي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كاتىپقا قارىدى.

كاتىپ ساددا بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى. گۈلئايشەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېرىگە:

— مېنى ئېلىۋالمىسلىمۇ بۇيرۇتمامنى ئېلىۋالسىلا، ياخشى گىلەمدىن بىر جۈپ ئالغاچ كەلسىلە. يادىلىرىدا تۇتسىلا، تۆت گەزلىك، بىرى ئانار گۈللۈك، بىرى لوڭقا گۈللۈك بولسۇن. يەنە بىر دانە تىكىش ماشىنىسى، گۈللۈك دىچۆلياڭدىن ئون ئىككى، ياق، ئون سەككىز مېتىر، ئەترەڭ سارجىدىن ......

ئۇ بىر توقاي سودا بۇيرۇدى، روزەكبايىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىلدىڭلاپ تۇراتتى. گۈلئايشەم نېمىلا دېسە ئۇ باش ئىرغىتىپ ماقۇللايتتى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىغا بىر كاللەك پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بوۋاي ھالال ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى خۇددى بىرى ئىچ ئاغرىتىپ بېرىۋاتقاندەك ئەنسىكىپ قولىغا ئالدى. مانا بۇلار روزەكباينىڭ ھاياتىدىكى ھېلىقى يېڭىلىقنىڭ كۈچى. مۇھەببەت بوۋاينى قانچىلىك يۇمشاتقان ـ ھە؟ ناۋادا بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن گۈلئايشەم بىر كويلۇق سودا بۇيرۇغىنىدا ئىدى، بوۋاينىڭ قول ۋە لەۋلىرى تىترەپ بېشى «ياق» قا گىلدىڭلىغان بولاتتى.

مۇھەببەتكە ئاپىرىن! بارلىق بېخىللارنىڭ دىل خەزىنىسى مۇھەببەت بىلەن تولغان بولسا، بۇ جاھاندا كۆڭۈلسىزلىكلەر خېلى ئازايغان بولاتتىكەن ـ ھە؟ لېكىن ياخشى ئادەملەرمۇ ئەيىبتىن خالىي بولالمىغىنىغا ئوخشاش، ياخشى نەرسىلەرمۇ كىشىلەرنى غەم ۋە ئازابقا سالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن.

بۇ خىل ئىشتىن بىرى مۇشۇ يىل، يەنى 1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇشۇ يېزىدا سادىر بولدى.

گۈلئايشەم بۆلەكچىلا ياسىنىدىغان، كۈلىدىغان، كۈلگەندە، سۆزلىگەندە ئاۋازىنى تىترىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئېرى كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايالدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش

باللارنى قىزىقتۇرغىنى بىلەن كېلىنىنى غەملىك، چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچىنى غەزەپ - نەپرەتلىك قىلىپ قويدى.

چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇلار-نىڭ بېغىدىن ياغاچ توشۇشقا كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى، بىخەستىلىك قىلىپ ئۆزى يوق ۋاقىتتا ياغاچ كېسىش بىلەن توشۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان دادىسىنى، ئۇجمىكۆڭۇل ئانىنى ئى-چىدە تىللاشتى. لېكىن پالاكەتنى تىل بىلەن توسۇۋالغىلى بول-مىغىنىدەك، تالاي گۇناھلارنى قوينىدا يوشۇرىدىغان قاراڭغۇ تۈننىمۇ تىل ۋە نارازىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

كىتابخان، بۇ ھېكايىدە تۈن نېمانچە تولا دەپ قالماڭ، ئەپۇ قىلىڭ، يەنە بىر قېتىم، يەنى ئاخىرقى قېتىم بىز گۈلئايشەمنى تۈن قوينىغا يالغۇز قويۇپ كۆرەيلى.

تۈن، ئايسىز تۈن. يۇلتۇزلار يەر يۈزىدىكى قىزىقچىلىقلار-غا قاراشماقتا: ئۇلار جىمىرلىشىپ خۇددى يەرگە يېقىنلاۋاتقان-دەك، ئۇلارنىڭ بىرلىرى يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەنە بىرلىرى نومۇسچان قىزغا ئوخشاش كۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلماقتا.

گۈلئايشەم ھويلىدىكى كات ئۈستىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا ياتماقتا. ئۇنىڭ شوخ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى دۈكۈل-دىتىپ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك، تىنىقى تېزلەپ، ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇۋاتقاندەك، كۆزلىرى يۇلتۇزلارغا سىر ئېچىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

ئۇ ھاياجان ۋە ۋەھىمە ئىچىدە تولغانماقتا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋىجدان بىلەن خاھىش قاتتىق ئېلىشماقتا. ئۇنىڭ بىر سەزگۈسى ئۆزىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، لېكىن ئايالىنىڭ مۇ-ھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئېرى — روزەكىبايغا خىيانەت قىلىش-نى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ يەنە بىر سەزگۈسى ياق،

سەن ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىكەنسەن، كۆكلۈك تارتمىغان ئا-
دەمنىڭ ئايالى بولۇش ۋىجدانسىزلىق، خاھىشىڭ سېنى بەختلىك
قىلىدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى تىترەتكەن يىگىت بىلەن كەت، ئۇنىڭ
يولىدا قۇربان بولساڭمۇ سەن بەختلىك، دېمەكتە.

ئۇ ئازاب ۋە ھاياجان بىلەن تولغىنىپ ئەتراپقا قولاق سال-
دى. قويلار پىشقىرىدۇ، ياۋا ئۆردەكلەر، قۇشلار سەگەك،
لېكىن سەگەك ئىتلارمۇ جىمىغان ... بىردىنلا ئاياغ تىۋىشى
ئاڭلاندى. مانا ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭ ئاياغ يىگىت كەلدى ۋە ئۇنى
خۇددى بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭدى. گۈلئايشەمنىڭ
ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن ھالسىز پۇت-قوللىرى يىگىتنىڭ بى-
لەكلىرىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

— پۇلنى ئۇنتۇمىغانسەن؟

— ياق، ئۇ مانا!

گۈلئايشەم ئون مىڭ كويلۇق چەك تىكىلگەن تامبالنىڭ
يانچۇقىنى سىلاپ قويدى.

ئۇلار قاراڭغۇ باغقا ئەگىگەندە يىگىتنىڭ گەجگىسىدىن بىر
كۈچلۈك قول سىلكىپ تۇتتى.

گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى، ئۇ ئۇنسىز دومىلاقلى-
شىۋاتقان ئۈچ گەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى.

— ئۇنى ئۇرماڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، ئەزىمەتتە گۇناھ
يوق!

— قورقمىسىلا ئانا! — گۈلئايشەم تونۇدى، بۇ چوڭ
ئوغۇل.

دېمەك، ئەزىمەتنى يەرگە باسقان، قاراڭغۇ ياققا ئېلىپ
كەتكەن قويچى بىلەن چوڭ ئوغۇل ئىكەن، ئۇلار ياش شوپۇرنىڭ
گۈلئايشەم بىلەن كۆسۈرلاشقانلىرىغا دىققەت قىلىشقان، ئۇلار-
نىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئاتىغا سادىق بۇ ئىككى كۈچلۈك روزەكباي-
نىڭ نېسىۋىسىگە چۈشىن قوندۇرماسلىق ئۈچۈن سەگەك يېتىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانكەن.

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىكى كېلىنىدىن سورىدى:

— شوپۇرنى نېمە قىلدى، ئەجەب يامان نېمىكەن. ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى تۇيماپتىمەن، ھېلىمۇ ياخشى...

— ھەيدىۋەتتى ئۇ ئوغرىنى!

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دومىلىنىپ زارلاندى. ئۇنى ئوتتۇرانچى ئوغۇل مەھەللە دوختۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ دوختۇردىن چىقىپ بالىنى كەتكۈزۈۋەتتى ـ دە، ھامىدىسىنىڭكىگە كىردى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بانكىغا كىردى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي پۈكەي ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئاخىر ياش قىزنىڭ ئالدىغا چەكنى قويدى:

— ھەممىسىنى ئالماقچى، تويى ئىشىمىز بار.

قىز كۈلۈپ قويۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى بانكىچى بىلەن ساقچى بىللە چىقتى.

— ئوغرى، بۇزۇق! — دېدى بانكىچى گۈلئايشەمگە قوللىرىنى شىلتىپ، — بۇرۇنقى ئېرىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇن مىڭ كوينى ئوغرىلاپ شاڭخەي، گۋاڭجۇلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلماقچىسەن، راستمۇ؟

گۈلئايشەم لاغىلداپ تىترىدى:

— راست!

— جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشتۈڭ، — دېدى ساقچى، — سېنىڭ شېرىكىڭ ئەزىمەتنى ئاخشاملا روزاخۇن ئاكىنىڭ بالىلىرى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. سەن ئۇنى يېڭىلدۇرغانسەن، راستمۇ؟

— ياق، ياق، مەن ئۇنى يېڭىلدۇرمىدىم، — دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەپ، — ئۇ مېنى يېڭىلدۇردى.

— كىم؟

— كىم بولاتتى ... كۆڭلۈم!

ئايال يۈزىنى تۇتۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇس ۋە پۇشايمان بىلەن تولغان ياشلىرى ئۇنى قوغداپ قالالارمىكىن؟

گۈلئايشەم يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى. يەتتە كۈنگىچە ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاتا - ئانىسى، ھاممىسى، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىدا بولغان ئىشلار بىرمۇبىر ئۆتتى. ئۇ ھاياتىدىكى خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى تۇگۈنلەپمۇ كۆردى. تارتقان خاپىلىقى كىچىك، خۇشاللىقى چوڭ تۇگۈن بولۇپ تۇگۈلدى.

خاپىلىقى تۇگۈلگەن تۇگۈنچىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋىدى، خاپىلىقلىرىنىڭ تولىسىغا ئىشق - مۇھەببەت يېشىنىڭ داغلىرى چۈشۈپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ داغلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئەزىمەتنىڭ نامى يېزىلغانىكەن. ئۇ يېقىنقى سوراقنى ئەسلىدى:

سوراقچى ئەزىمەتتىن سورىدى:

— روزاخۇننىڭ ئون مىڭ كوي پۇلىنى ئېلىپ قېچىشنى سەن گۈلئايشەمگە دېدىڭمۇ ياكى گۈلئايشەم ساڭا دېدىمۇ؟

— مەن روزاخۇننىڭ پۇلىنى نەدىن بىلەتتىم! — دېدى ئەزىمەت سوغۇق كۈلۈپ، — گۈلئايشەم ماڭا يالۋۇردى، ئىچ ئاغرىتقان گۇناھىم بار!

گۈلئايشەم ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تىترىدى. «ئىت — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپتىمەن».

گۈلئايشەم ھېلىقى ئۇچرىشىشنى ئەسلىدى: ئەزىمەت تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭكىگە ماشىنا ھەيدەپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ گۈلئايشەم ئۆيىگە مۆكۈندى. ئەزىمەت مايلىق شەپكىسىنى گەجگىسىگە كىيىپ ئىشىكتە گىرەدەپ تۇرۇۋېلىپ:

— گۈلئايشەم، سېنى دەپ كەلدىم، بىلەمسەن، ئايالىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىسى بىلەن قويۇۋەتتىم، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، توۋا قىلدىم!

— ۋالاقلىماي چىقىڭ!

— مېنى كەچۈرۈڭ گۈلئايشەم، سىزنى دەپ ياش ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى تاشلىدىم. سىز قېرىنى تاشلىيالامسىز؟ ھامىنىڭىز ئېيتتى، ئازابتا ئىكەنسىز!

گۈلئايشەم ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىشقا ماقۇل بولدى.

سوراقچى گۈلئايشەمگە قارىدى:

— ئۇنىڭغا يالۋۇرغىنىڭىز راستمۇ؟

— راست ...

ئەزىمەت قويۇپ بېرىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلئايشەم ئەزىمەتتىن شۇ كۈنى قاتتىق يىرگەندى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈزلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ھەممىلا سوراققا «راست» دېدى.

يەتتىنچى كۈنى ئۇنى سىلىق مۇئامىلە بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنى تاشقارقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىچكەركى ئۆيدە تالاش بولۇۋاتاتتى. گۈلئايشەم تالاشقۇچىلارنى تونۇدى. بۇلار روزەكىباي بىلەن بانكىچى ئىدى. بانكىچى:

— ئۇ ئوغرى، بۇزۇق، ساڭا قىلچە كۆڭلى يوق تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنى خوتۇن قىلىمەن دەيسىنا! — دەيتتى.

— ئۇ ئوغرى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرمىگىنى بىلەن بالىلىرىمغا ئامراق، ئۆيۈمگە كۆيۈنىدۇ. ئۇنى ھېلىقى ئازدۇردى. بىر ئادەم ئازسىلا بۇزۇق بولامتىمۇ؟ — دەيتتى روزەكىباي.

— چەكنى ئوغرىلىغان تۇرسا!

— ئۆزىنىڭ چېكىنى ئۆزى ئوغرىلامدۇ؟

شۇ چاغدا ئۆيگە تاشقىرىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلئايشەمگە:

— ئەپۇ قىلىڭ، گۇلئايشەم، سىزنى ئۇقۇشماستىن يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپتىمىز. ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، يولدىشىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭ، سىزنى روزاخۇنكام ئاقلاپ چىقتى، — دېدى.

— ياق، مەن ئوغرى، بەربىر ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىماقچى ئىدىم! — گۇلئايشەم ئورنىدىن دىۋرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— گۇلئايشەم! — ئىچكىرىدىن روزاخۇن يۈگۈرۈپ چىقتى، — كېچىكىپ قالدىم، باللارنىڭ سەۋەنلىكى، يۇرسىلە، هارۋا ئەكەلدىم.

گۇلئايشەم روزەكباينىڭ سېغىنىش، مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساددا دېهقانغا بىر خىل يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى. گۇلئايشەم تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بوۋايغا قارىدى، بوۋاينىڭ يالغۇز بۇرنىلا ئەمەس، ھەممىلا يېرى گۇلئايشەمگە چىرايلىق كۆرۈندى.

— سىزنى دەپ ئات هارۋا قىلدىم، سودىلىرىڭىزنى تولۇق ئالدىم، توك چىقىرىدىغان ماشىنا ئالدىم، ئەكېلىشكە ئوغۇل قەشقەرگە كەتتى. قېنى هارۋىغا چىقىڭ.

گۇلئايشەم يەرگە قارىدى. ئۇ هازىر يالاڭ ئاياغ ئىدى.

— پىيادە كېتىلى.

— نېمىشقا؟

— مۇڭداشقاچ.

گۇلئايشەم شۇنداق دېدى ـ دە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يېزا يولىنىڭ يۇمشاق توپىسىنى دەسسىدى.

ئېھ، توپىلىق يول، گۇلئايشەمگە پاينداز بول!

1984 ـ يىل 6 ـ ئاي، مەكىت.
1984 ـ يىل 14 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.
(ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىلدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جىگدىلەر پىچىرلايدۇ

سىزنىڭ مىنگەن ئىتىڭىزنىڭ،
بوينى ئالا قاشقا.
بىز ئىككىمىز بىرگە بولساق،
ھېچنىمە لازىم ئەمەس،
بىر قاپاق سۇدىن باشقا.

(مەكىت خەلق قوشىقى)

1

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى توك ئۇرۇۋەت-
كەندەك سىلكىندى، كۆڭلى خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك ئەس-
كى بولدى. ئۇنىڭ دائىم كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان، تاڭ سەھەردە
ياقا يىرتقان قىزىلگۇل غۇنچىسىدەك ئوماق لەۋلىرى كۆكەردى.
ياشلىق غۇرۇرى، بەخت لەززىتى بىلەن ئويناپ، يىگىتلەر يۈرد-
كىگە ئوت چېچىپ، نەيزىدەك قادىلىدىغان يوغان، قاپقارا،
خۇمار كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىلەردەك مەرۋايىت تام-
چىلار تۆكۈلدى. ئۇ زىلۋا بويىغا ياراشقان توم، ئىككى ئۆرۈم
چېچىنى چۇۋۇپ - ئۆرۈپ تۇرۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن: «دادامنى
ھەقىقەتچىلەرنىڭ ھەقىقەتچىسى دەپ بىلەتتىم، ئانامنىڭ مېھرد-
نى قۇياشقا ئوخشىتاتتىم. خاتالاشقانىكەنمەن. مېنىڭ مەيلىمنى
بىلمەيلا، بىر ئېغىز پىكىر ئالمايلا مېنى خۇددى قۇشتەك سات-
ماقچى، كونا كىيىمدەك بىرىۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئالىي مەك-

تەپكە بارالمىغىنىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ ياكى ئەتىۋارلىق قىز بولغىنىمنىڭ مۇكاپاتىمۇ؟»

ئۇ كەچكى تاماقنىمۇ يېمەستىن ئۆز خانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى ـ دە، ئۆزىنى ئازابلىغان بۇ خەۋەر ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن يول ئىزدىدى: «ئۆلۈش كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ئاخىرقى چارە. كۆڭلۈم تارتمىغان بىرىنىڭ ئايالى بولۇشتىن ئۆلۈش ئەۋزەل. لېكىن مەن نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى ئويلىغاندىمغۇ؟ ئۇلارمۇ مەن بىللە ئۆلەمدۇ؟»

قىز ئۆرە ئەينەككە قارىدى: ئۇ ئاۋۋال دادىسى ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارغاندا ئېلىپ كەلگەن ئاق ياقۇت مارجاننى كۆردى. مارجان ئۇنى ياشاشقا، باشقىلار ئالدىدا ئۆز ئۈستۈنلۈكى بىلەن ماختىنىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ئانىسى ئەتىۋارلاپ تىكتۈرۈپ بەرگەن ئېسىل كۆڭلىكىدىن ئالتۇن بۇلاپكىسىغا قارىدى. بۇ يالتىراق زىننەت بۇيۇمى ئۇنىڭغا غەمكىن كۆرۈندى. ئۆزىنىڭ رامكىغا ئېلىنغان رەڭلىك سۈرىتىگە قارىدى.

سۈرەتتىكى قىز كۈلۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ ئاپئاق چىشلىرى ئاۋۇ بويىنىدىكى مارجاندەك گۈزەل، ئۆلسە ئۇنىڭ گۈزەل جىسمى بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىدۇ ...

«ياشاش كېرەكمۇ؟ دادىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرسىچۇ؟ مەسىلەن باش ئېلىپ قېچىپ كەتسىچۇ؟ ياكى ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىغا بېرىپ دادىسىنى چاقسىچۇ؟ ئۇ چاغدا دادىسى ئەيىبلىنىدۇ. دادىسىنىڭ يۈزىگە ئۆز قىزى قارا سۈۋىغان، ئۇنىڭ مەنسىپىنى كۆزلەپ يۈرگەنلەرگە ياردەم قىلغان بولىدۇ ... ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالسىچۇ؟ تەۋەككۇل قىلىپ كۆڭلى چۈشمىگەن بولسىمۇ، ئاشۇ يىگىتكە ماقۇل بولسىچۇ؟ ئەلچىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدا: يىگىت بۇلارنىڭ تۇغقىنى، يىگىرمە تۆت ياش، چىرايلىق، ئېغىر ـ بېسىق،

ئوقۇغان، ھەممە قىزلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ دادۇي پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ يالغۇز ئوغلى. سېكرېتار شۇنچىلىك بايكى، ئوغلىغا ئاتاپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆي، باغ ياساتقان. گىلەملىرى زاكاز، تېلېۋىزورى رەڭلىك، ئۆي جابدۇق-لىرى دۇب ياغىچىدىن، ئۆيى ئەتىر پۇرايدۇ، ھويلىسى قىزىلگۈل ... قايسى گۈزەل قىز بىرىگە ئايال بولمىغان، ئاشۇ يىگىتنىڭ ئايالى، ئاشۇ ئۆينىڭ خوجايىنى بولالىسىلا ھەرقانداق قىز ئۆزد-نى بەختلىك ھېسابلايدۇ ... »

قىز ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ يادىغا سارغۇچ كۆڭ-لەك، ھاۋا رەڭ شىم كىيگەن، زىلۋا، چىرايلىق كەلگەن باشقا بىر يىگىت كەلدى ـ دە، قىز يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى:

— پەرھات! — دېدى قىز دېرىزىدىكى گۈللەرگە يۈزىنى يېقىپ، — نېمەڭگە قىزىققاندىمەن؟ چىرايىڭ ئۇنچىغا يەتمەي-دۇ. بىلىمدە تېخى يوق، بايلىق سېنىڭ ئۈچۈن قول يەتمەيدىغان يۇلتۇز، قىلىدىغان ئىشىڭچۇ؟ تۆمۈرچىنىڭ شاگىرتى، كۈيگە مىلەنگىنىڭ مىلەنگەن. ئاناڭ تۇل خوتۇن، ئۆيۈڭگە كىرسە ئادەمنىڭ بېشى ئايلىنىدۇ. قىزلار قىزىققۇدەك ھېچنېمە تېپىل-مايدىغان بىر ساياق بالا تۇرۇپ نېمىشقا مېنى ئۇسسۇلغا تارت-تىڭ؟ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ نېمىشقا سېنىڭ كۆزلىرىڭگە قارد-دىم؟ سېنىڭ راۋابىڭ بىلەن ناخشاڭ نېمىشقا يالغۇز مېنىڭلا ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ. شۇ كۈنى نېمىشقا ئەتەي ئىشتىن كەچ قايتتىم. ھېلىقى جىگدىلىككە كەلگەندە قولۇمنى تۇتساڭ نېمىش-قا قارشىلىق قىلمىدىم ...

قىز قىزارغان يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن سىلىدى. ئۇ خۇددى يىگىت لېۋى تۇنجى قېتىم تەگكەن جايلاردىكى سۆيگۈ ئىزناسىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك ياغلىقى بىلەن سۈرتتى ...

قىز ئۇخلىيالمىدى، تولغاندى، ئويلاندى، يىغلىدى ...

يېرىم كېچىدە ئىچ كۆڭلەك بىلەن ئولتۇرۇۋېلىپ خەت يازدى:
«ئۆگۈنلۈككە تويۇم بولىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ نىكاھ قەغە-
زىمىزنى ئېلىپ كەپتۇ. سىز بىلىسىز، مېنىڭ دادام ھەممە
ئىشنى باشقىلارغا قىلدۇرىدۇ. نىكاھ قەغىزىمىزنىمۇ باشقىلار
ئەكېلىپ بېرىپتۇ. كۆڭلۈم تارتمىغان بىرىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى
بوپتىمەن. لېكىن مەن ئېرىمنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۆلمەكچىد-
مەن، نېمىشقا؟ سەۋەبى، مەن خورلاندىم. خورلۇقتىن ئۆلۈم
ياخشى. ئۆلۈم ئاخىرقى خورلۇقتىن قۇتۇلۇش يولى. ئۆلمەس-
لىك ياخشى ئىدى. مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم. ياشاشنى، ئىش-
لەشنى، بەختلىك بولۇشنى ئەجەبمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن بىز
قىزلار ئىرادىسىز كەنمىز، بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى
بىلمەيدىكەنمىز. ماڭا يول كۆرسىتىدىغان، قولۇمنى يېتىلەپ
ماڭىدىغان ئادەم تولىمۇ لازىم بولۇۋاتىدۇ. ناۋادا سىز ئىنسان
بولسىڭىز ھېلىقى جىگدىلىكتە قىلغان گېپىڭىزنى ئۇنتۇماڭ:
سىز مەن ئۈچۈن ھېچنەرسىڭىزنى ئايىمايدىغان بولغان. مېنى
ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، جېنىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىڭ،
ھېلىقى جىگدىلىككە كېلىڭ. قارار قىلالمىسىڭىز كەلمەڭ.
مەن سىزنى كۈندىكى جايدا يەنە شۇ چاغدا يېرىم سائەت كۈتىد-
مەن! ...»
قىز دادىسىغا يەنە بىر پارچە خەت يازدى:
«... ھۆرمەتلىك دادا، مېنىڭ رازىلىقىم سىزنى قانچىلىك
خۇشال قىلىشىنى بىلىمەن. سىز مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن كۆپ-
چىلىك ئىچىدە شۆھرەت، نام، ھەتتا ئورۇنغا ئىگە بولالايسىز.
سەۋەبى، كۆپچىلىك سىزنى شۇنچە چوڭ كادىر تۇرۇپ قىزىنى
دېھقانغا ياتلىق قىلدى، دەپ ماختىشىدۇ، ئەمگەكچىلەرگە راست-
تىن مۇھەببىتى باركەن، دېيىشىدۇ. دېھقاننى قوللاش تازا
بازىرى بار ئىش بولغىنى ئۈچۈن، سىزنى بەلكىم بۇ قېتىم
ھاكىملىققا سايلىشار ... مەن سىزگە شۇنچىلىك ياردەم قىلالىغد-

نىم ئۈچۈن خۇشال، بالا ئۆز خۇشاللىقىنى ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن قۇربان قىلالىشى، بولۇپمۇ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسى ئۈچۈن ئۆز بەختىنى تەقدىم قىلالىسا، بالا بالىلىققا يارىغان بولار ـ ھە؟ كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە بارالايتتىم. كەلگۈسىدە بىلىملىك ئادەم بولالايتتىم ... لېكىن ئۇ چاغدا سىزنى ھازىرقىدەك رازى قىلالىشىم ناتايىن ئىدى. بازار تاپقان سودىگەرلەردەك خۇشال بولۇڭ، سالامەتلىك، شۆھرەت، مەنسەپ، ئورۇن سىزگە يار بولسۇن! ...»

توخۇلار چۈرۈكلىشىپ ئەتىكى تاڭدىن دېرەك بەرگەندىلا قىزنىڭ قۇرۇمىغان كىرپىكلىرى بىر ـ بىرىگە جۈپلەشتى. قىز ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

ئۇنىڭ بازغىنى ئۇستامنىڭ بولقىسى تەگكەن قىزغۇچ تۆمۈرگە تەگمەي سەندەلگە تېگىۋەردى. ئۇستام — مەيدىسى يۇڭلۇق، ساقال ـ بۇرۇتى كىرپە تىكىنىدەك يېرىك، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ ئادەم ئاچچىقىدا قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرغان تۆمۈرنى نېرىغا چۆردى ـ دە، پۈلتىيىپ چىققان يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، سەل مايماقراق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تىللىدى:

— ۋۇي، نان قېپى!

— روزا تۇتقاندىم، ئۇستام! — پەرھات يالغان ئېيتىپ يەرگە قارىدى.

— روزا؟ بوتۇلكىنىڭ بوينىنى، راۋاپنىڭ قۇلىقىنى، خېنىملارنىڭ قولىنى تۇتقانسەن، يوقال، ئاق ناچى!

پەرھاتنىڭمۇ كۆتكىنى شۇ ئىدى. ئۇ كوندە مۇشۇ يولدىن ۋېلسىپىت بىلەن ئۆتىدىغان قىزچاقنىڭ قايرىلىپ كۈلۈمسىرى-

شىنى كۆرەتتى. بۇگۇنچۇ؟ ئۇ قىزنىڭ سولغۇن چىراي، ئىشىشىغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

پەرھات ئۆيىگە كەچ قايتىپ كەلدى. ئانىسى چىرايلىق، قىرىققا كىرمىگەن ئىشچان ئايال ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراپلا خۇشخۇي يۇرىدىغان سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ يۈرىكىگە جاراھەت چۈشكىنىنى بىلگەندەك بولدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن:

— تامىقىڭنى يە بالام، دوپپىلارنى ئوتتۇز تۆت كويغا ساتتىم، ئون تۆت كوينى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوي. ماۋۇ ئىشىك ئالدىدىكى تېرەكلەر ئۈچ يىلدا پۇلغا ياراپ قالار ··· كۈنىمىز بۇنداقمۇ بولۇۋەرمەس! — دېدى.

— نېمىگە زارلىنىسەن ئانا! — دېدى ئوغلى تەخسىدىكى لەڭمەننى كۆڭۈلسىزلا ئىلەشتۇرۇپ، — قىسىندىڭمۇ يا؟

— ئوغلۇم! — دېدى ئانا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ، — ھەممىنى بىلىمەن، نېمىشقا خىيال سۈرىسەن، بۈگۈن نەلەردە يۈردۈڭ، كىمدىن نېمە ئاڭلىدىڭ، ھەممىنى بىلىمەن، ئوغلۇم!

پەرھات ئانىسىغا بىرلا قارىدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئانىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. لېكىن قاتتىق يىغلىغان، ئازابلانغىنى ئانا بولدى. ئانىلارغا جانجان ئوغلىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمايدۇ ـ دە! ···

ئايدىڭ. سېخىي ئاي مۇنۇ بۆك جىگدىلەر سايە تاشلايدىغان خالتا كوچىنىمۇ ئالا كۆلەڭگە بىلەن زىننەتلەپ، تۈل خوتۇننىڭ ئالىقاندەك ھويلىسىدىكى پالاز سېلىنغان سۇپىنىڭ يېرىمىنى يورۇتقان. ئانا ئېگىزكىگە جەينەكچە تايىنىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ خىيال سۈرمەكتە: ئاياللار نېمىنى بىلمەيدۇ. ناھىيىنىڭ داڭلىق باشلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ ئادەم قىزىنىڭ تويىغا بەش مىڭ كوي خەجلەرمىش. يۇرت ئېشى ئۈچۈن ئون بىر قوي،

www.uyghurkitap.com

تۆت يۈز جىڭ گۈرۈچ، قىرىق جىڭ ياغ ··· كۈيئوغۇل ئۈچۈن دراپ پەلتو، كاستۇم - بۇرۇلكا، شىپۇن دۇخاۋىدىن بەلۋاغ، ۋېلىسىپىت، قول سائەت بولۇپ توققۇز خىل چۆرلىمە، ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئالدى پەلتولۇقتىن تارتىپ دىكاغىدىچە جەمئىي قىرىق كىيىملىك، قىزى ئۈچۈن جۈپتى بىلەن دۇخاۋىدىن يوتقان - كۆرپە، مامۇق ياستۇق، گىلەم، سىم كارىۋات، ئىشكاپ، رادىئو ··· ئالتۇن جابدۇقتىن ئالتە جۈپ تەييارلاپتۇمىش ··· ئەلۋەتتە تۇل ئايال تۇنۇگۇنكى قۇدىلىق چېيىنىڭ مېھمىنى بولالمىغىنى بىلەن، باغاق تەگكەن ئايالالرنىڭ ھەيران قېلىپ ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ - دە.

«جېنىم بالام! — دېدى ئانا ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن خورسىنىپ، — ساڭا بۇيرۇلغان قىز ئىدى، ئۆيىمىزگە كەلگەن چاغدىلا ئۇن قىزنىڭ ئىچىدە شۇ قىزغا كۆزۈم چۈشكەن. بىراق باشلىقنىڭ قىزى ئىكەن، ئاغزىمنى تاتلىق قىلماي دەپتىكەنمەن. بۇنچە كۆڭلۈك بارلىقىنى بىلگەن بولسام باشلىقنىڭ خېنىمىغا باش قويۇپ يالۋۇرۇپ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ كىيىمىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ بولسىمۇ، يىغىپ- تېجەپ سېنى بەختلىك قىلماسمىدىم بالام، يالغۇز قوزام، داداڭنىڭ يوقلۇقى، ئاناڭنىڭ كەمبەغەللىكى بۈگۈن ئۆزىنى كۆرسەتتى. چۈچۈلىدەك پۇچۇلاندىڭ، ئوتقا چۈشكەن چاچتەك تولغاندىڭ. جېنىم بالام، ئەمدى نېمە ئامالىم بار. ئۇنتۇغىن. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنىڭدىن قالمايدىغان بەلەن قىزلارمۇ چىقار. كەمبەغەللەرنىڭمۇ بەلەن قىزلىرى بولىدۇغۇ ···»

ئانا خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. جىمجىت كېچىدە ئۇزلۇك راۋاپ چېلىندى. سالقىن شامال جىگدە شاخلىرىنى يەلپۈپ كېلىپ راۋاپنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئوتلۇق، ھەسرەتلىك مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئانىغا ئاڭلاتتى:

كۈندۈزى بىھوش بولۇپ،
كېچىسى ھۇۋقۇش بولۇپ،
سەن كېيىك، مەن قۇش بولۇپ،
سېنى ئالاي جېنىم خېنىم.

ئوغلىنىڭ ئارمان - ئازابلىرى ئانا قەلبىنى پارە - پارە قىلدى. تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ناخشىغا قۇلاق سالدى.

شايى بىلەن دۇردۇن ئالسام،
قالۇن بىلەن راۋاپ چالسام،
زەرباپ - تاۋار رومال سالسام...
تويۇڭ قىلسام جېنىم خېنىم.

ئانا چىدىمىدى. ئۇ ئۆز ھالىنى ئېيتىش ئۈچۈن سىردىشىدىغان بىرىنى تېپىشى كېرەك. ئۇنىڭ يادىغا تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ ئايالى كەلدى. تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ ئىنىسى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. بۇ تىرەكسىز ئايال ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئادەم شۇ.

بۇ يۇرتتا نامدار ئادەملەرنىڭ توي - مەرىكىلىرى ئاجايىپ داغدۇغىلىق بولىدۇ. مانا، بۈگۈنكى توي ئىگىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

بۇ ئادەم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىمۇ بولغان. مانا ھازىر بولسا بۇ قېتىمقى سايلامدا ھاكىم بولۇپ سايلىنىش تەمەسىدە ئۆزۈن يىللاردىن بېرى گۇڭشي، ناھىيە ئىدارىلىرىدە باشلىق بولۇپ ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغانلار، يىراق - يېقىن دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان يۇرتداشلىرى نۇر-

غۇن. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ كېلىۋاتقان-
لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن تۆت
ئېغىز مېھمانلىق ئۆيدە داستىخان يىغىلمىدى، خىزمەت قىلغۇ-
چىلار قانچە قېتىملاپ ئاشخانا بىلەن مېھمانخانىلار ئارىسىدا قات-
رىدى، قانچە قېتىملاپ نان ئۇشتۇلۇپ، چايلار قۇيۇلدى. سا-
ھىبخان قانچە قېتىملاپ قول قوۋۇشتۇرۇپ كەلگۈچىلەرنى رەھ-
مەت بىلەن ئۇزاتتى، يەنە قانچە قېتىملاپ يېقىنلارنىڭ تەزىيەتنا-
مىلىرى قوبۇل قىلىندى. ناھىيىدىن مەخسۇس ئاجرىتىلغان
تۇرمۇش ماشىنىسى قانچە قېتىملاپ، نەلەردىن، نىمىلەرنىدۇر
توشۇدى. ئايال ساھىبخان يېقىنلىرىغا يەنە قانچە قېتىملاپ يېڭى -
يېڭى بۇيرۇتمىلارنى بەردى ··· بۇلارنى سانىغان ئادەم يوق.

پەقەت ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئا-
ۋىن سېكرېتارى بىللە كىرگەن ناھىيە رەھبەرلىرى ئارى-
سىدا بولۇنغان گەپنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى:

— ئاڭلىساق ناھىيىدىمۇ، يېزىدىمۇ توي چېيى بەرگۈدەكلا،
بەك ئاۋارە بولىدىغان ئوخشىماملا؟ — ھاكىم سورىدى.

— كەنجى قىزىمىز، — دېدى ساھىبخان قوش ئېڭەك،
پاكىز قىرىلغان، چىرايلىق يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، — ئانىسى
يىغقان - تۆككىنىنى خەج قىلىپ، يۇرت - جامائەت، ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىنى ئاخىرقى قېتىم رازى قىلماقچى. مەن بۇنىڭغا
نېمىمۇ دېيەلەيتتىم.

— ئاڭلىساق يېزىدا ئوغلاقمۇ بولارمىشقۇ؟

— شۇنداق، يۇرتنىڭ تەلىپى. بەيگىمۇ بولىدىغان بولدى،
يىگىرمىدەك ئات بەيگىگە قاتنىشىدۇ، كۆپنىڭ پىكرىگە
قاراپ ئات بەيگىسىنىڭ ئالدىغا رادىئو، يەتتىنچى بولغىنىغا بىر
كىيىملىك رەخت مورۇ قويدۇق.

— پاھ، مانا قارىسىلا، نەچچىلىك باغاق تارقىتىلدى؟

— تۆت مىڭدەك بارمىكىن ···

— چوڭ تويي يېزىدا بولىدىكەن - دە؟

— شۇنداق، — دېدى ساھىبخان ئۆز سالاھىيىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە شۇنىمۇ قوشۇپ، — مېنىڭچە بولسا قىزىمىزنىڭ ۋاقتى ئەمەس ئىدى، تېخى بۇ يىل ئون سەككىزگە توشتى. ئوقۇتاي، جەمئىيەت ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇپ چوڭراق بولغاندا بىر ئىش قىلاي دېۋىدىم. ئۇرۇق - تۇغقانلار سۆزلىشىپ، قىز بىلەن ئوغۇل رازى بولۇشۇپ مېنى ئالدىراتقىلى تۇرغاندىكىن بوپتۇ، مەنمۇ يېزىدا ئۆسكەن، كەنجى قىزىمنى يېزىغا بېرەي، دېگەن يەرگە كەلدىم. نۇرغۇن ئادەملەر يېزىنى ياراتمايدۇ. كادىرلار دېھقانغا قىز بېرىشنى خالىمايدۇ. بىز ئۈلگە بولۇپ ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى دېھقانغا بەرسەك، يېزا بىلەن شەھەرنىڭ پەرقىنى ئازايتىشتا ئاز بولسىمۇ تۆھپە ياراتقان بولىمىز - دە!

ھەممىلا ئادەم قۇلاققا خۇشياقىدىغان گەپنى قىلىشۋەرمەيدىكەن. ناھىيىلىك ساقچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ساھىبخاننىڭ كونا رەقىبى چاقچاق بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى:

— سۇ سايغا، باي بايغا دەپتىكەن، — دېدى ئۇ ھاكىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — ناۋادا بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ئاشۇ تۇغقانلىرى تەزىم قىلىپ كەلگەن بولسا بۇنچىلىك ئالىيجانابلىق قىلالايتتىلىمىكىنتاڭ!

— پۇلىغا قىزىقتىڭ دېمەكچىمۇ يا سىلى؟ — ساھىبخان ئۆڭدى.

— گۇلى - گۇلىگە كەلدى دېمەكچىمەن، ھى - ھى - ھى! ...

— بالىلارنىڭ ئىختىيارى بىرىنچى شەرت بولدى. بۇ زاماننىڭ بالىلىرى بايلىقنىمۇ يامان كۆرمەيدىغان بولۇۋالدى، — دېدى ساھىبخاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى دوستىغا بولۇشۇپ، — تازا قىزىق گەپ قىلدىڭلا، قۇناخۇن سېكرىتاردەك يۇز مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇەنلىك بايلىقى بار ئادەمنىڭ ئۆيىنى قانداق قىز خالىمايتتى!

مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— گەپنىڭ راستىنى سىلى دېدىلە، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ، — پۇلى بار بىلەن قۇدىلىششتا ئۇلگە بولغان گەپ.

— نېمىسى يامان بۇنىڭ؟ — دېدى ساھىبخان كۈلۈپ قويۇپ، — ھازىر باي بولۇش شەرەپ. باشلامچى بولۇپ باي بولغان دېھقان بىلەن قۇدىلاششاق بۇ بىزنىڭ يېڭىلىقنى قوللىغانلىقىمىز!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، غالىب كەلگىنى ئۇچۇن كۆپچىلىككە بىر قارىۋېتىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— بېيىسىلا ھېسابمۇ؟ — دېدى مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى تېخىمۇ تەگەپ، — بىلىمىز ئۇنى، 20 مو يېرى بار ئىكەن، 200 مو يەرگە تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. بىر كۈنمۇ ئىشلىمەيدىكەن. ئاشلىقى ھەممىدىن بۇرۇن سېتىلىپ بولىدىكەن. نېمىگە ھەيران قالىلا، ھەممىلا شىياۋدۇيدە ئۇنىڭ يوشۇرۇن تېرىغان يېرى باركەن. دادۇيگە كۆكشىدىن 150 ھاشار كەلسە، قۇناخۇن شۇجى 200 ھاشار سالىدىكەن. قالغان 50 ھاشارچى ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىدىكەن. ئورمانلىرىچۇ تېخى ...

— پاش قىلغىلى كەپتىكەنلا - دە؟ — دېدى ھېلىقى ساھىبخانىنىڭ ھىمايىچىسى ئۆچۈپ، — بەللى قورساق بوشاتقىلى كەپتىكەنلا - دە؟

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنى جىملىدى، يالغۇز ھاكىم بىلەن مۇئاۋىن سېكرېتارلا يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇشتى. ھىمايىچىلەرنىڭ جىملەشلىرى مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنى ئوڭايسىزلاندۇردى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە چىقىپ كېتىپ بېرىپ:

— بۇ تويمۇ، سودىمۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى ...

## 3

بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىك ياشلار توپلاشقان سورۇندا كەم
تېپىلىدۇ. يالغان بولسا «زىيالىي ياشلار ئورمان مەيدانى» دىكى
قىز - يىگىتلەر ئولتۇرۇشىغا قاراڭ: ساز، ناخشا، ئۇسسۇل،
چاقچاق، كۈلكە … نەچچە كۈندىن بېرى بېشى چۈشۈپ كەتكەن
پەرھاتمۇ، تويى بولىدىغان قىز ھەدىيەمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە.
ئۇلار ئەتىدىن باشلاپ بىر - بىرى بىلەن ياتلىشىپ كېتىدىغانلى-
قىنى ئۇنتۇغاندەك، نەچچە كۈندىن بېرىقى روھىي ئازابلىرى
خۇددى ئەتىيازنىڭ شار - شار يامغۇرىدەك ئۆتۈپ كېتىپ،
ئەمدى كۆڭۈل ئاسمىنىدا بۇلۇت قالمىغاندەك شاد - خۇرام.
بولۇپمۇ ھەدىيە ھەممىدىن خۇشال: ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئاخىرقى
قېتىم قىز - ئوغۇل دوستلىرى بىلەن ئۆزى ئىشلەيدىغان باغدا
ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈشكە ئۇناتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى دوستلىرى
بىلەن بىللە بولۇپ ياشلىق لەززىتىنى ئورتاقلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ
ۋە ياكى ئاۋۇ راۋاپ چېلىپ تىنىماي ناخشا ئېيتىۋاتقان بازغانچى-
نىڭ خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن ئازادە كۆز بېقىشىۋالغانلىقى
ئۈچۈنمۇ، يا بولمىسا توي بولىدىغان قىزلارنىڭ تەبىئىي ھېسسى-
ياتى بىلەنمۇ … ئىشقىلىپ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ بۇك
جىگدىلەر ئارىسىدىكى چىمەنلىككە سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدە
ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى بىلەن يېنىك ھەرىكەت قىلىپ، بىردە
ئۇسسۇل ئوينايتتى، بىردە دوستلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتاتتى،
بىردە بىرىگە چاقچاق قىلاتتى …

ھەدىيەنىڭ دوستلىرىمۇ خۇددى مۇنۇ دوستىنىڭ ھالىدىن
خەۋەرسىزدەك، گويا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈللەرنى غەش قىلى-
دىغان روھىي پاجىئە كۆرۈلمىگەندەك غەمسىز، خۇشال ۋە تەبى-
ئىي ئىدى: ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەسلىھەتلىشىۋېلىشقاندەك قارا

كۆكتىن كاستۇم - بۇرۇلكا ۋە كاستۇم - يوپكا كىيىشىپ ئاق ياقىلىرىنى سىرتىغا چىقىرىشىۋېلىشقان. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى قىزغىن، لېكىن ئاددىي، گېپىدىن كۇلكىسى تولا، يېگەن - ئىچكىنىدىن ھەرىكىتى تولا ئىدى. ئۇلار نە دارىتما گەپ قىلىشمايتتى، نە بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچىسىگە بىھۇدە خۇشامەت قىلمايتتى. ئۇلار قىزىق كىنولار، كىتابلار، ئاڭلىغان - ئوقۇۋالغان يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە ۋارقىرىشىپ، بىر - بىرىدىن گەپ تارتىۋېلىشىپ سۆزلىشەتتى. كىيىمى بىر خىل بولغىنى بىلەن ھەۋىسى ھەر خىل بولغىنى ئۈچۈن ئالدى تولۇق ئوتتۇرىنى، ئاخىرى ئارانلا باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈشكەن بۇ ساددا ياشلار خۇددى دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بالىدەك بىر-بىرىنىڭ ئېيتقان يېڭىلىقلىرىغا ھەيران قېلىشاتتى ۋە قىزىقىشاتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ياشلار ۋېلسىپىت، موتسىكلىتلارغا مىنگىشىپ چالا قالغان ناخشا، مۇزىكا، كۇلكىلىرى بىلەن قايتىشتى. قويۇق جىگدىلەر ئارىسىغا كەلگەندە ھەدىيە بىر دوستى بىلەن دالىدىدا توختىدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا ئوخشاش كىيىنگەن ئىككى ياش كەلدى. ھەدىيە پەرھات بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— يېنىۋالمايسىز - ھە؟ — دېدى.

— قولىمىزدىن قان چىقىرىپ قەسەم بېرىشەيلى ئەمىسە.

— ماقۇل، ئەكېلىڭ پىچىقىڭىزنى.

پەرھات غىلىپىدىن ئىتتىك قەشقەر پىچىقىنى چىقىرىپ چىمچىلاق قولىنىڭ ئۇچىنى كەستى. قىزمۇ ئىككىلەنمەيلا شۇنداق قىلدى. ئۇلار چىمچىلاقلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈشتى. ئۇلارنىڭ قانلىرى قوشۇلدى.

— تىرىكلىكتە بىللە بولالمىساق، بىللە ئۆلۈپ بىر گۆردە ياتىمىز، توپىلىرىمىز بىر - بىرىگە قوشۇلىدۇ!

ئۇلار قەسەمدىن كېيىن ئەنسىزلىك بىلەن يېنىك، قىزغىن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.
پەرھات دوستى بىلەن ھاراق ئىچتى. ئاي چىققاندىلا بۇك دەرەخلىك، تار كوچىسى بىلەن دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئانىسىغا تۇيدۇرماي ئۆگزىگە چىقىپ قەپەستىكى كەپتەرلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ پېچىرلاپ تۇرۇپ كەپتەرلىرىگە ھال ئېيتتى: «ئاتىسىز يېتىمنىڭ كەپتەرلىرى، ئۇچۇپ كېتىڭلار، مۇندىن كېيىن بۇ ئۆيگە كەلمەڭلار. مەن ئەتە ئۆلۈپ كېتىمەن. ئاپام سىلەرنى كۆرسە ئازابلىنىدۇ. ئاپامنى ئاياپ بولسىمۇ كەلمەڭلار، نېمىشقا ئۆلىسەن دەمسىلەر؟ ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسام نەرىم ئادەم بولىدۇ، بەرىبىر ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالىدۇ. تۇتۇۋالسىمۇ ئۆلىمىز. قاچالمىساقمۇ ئۆلىمىز. مەن قانچىلىك ئادەمەن. ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى، باشلىقلار، ساقچىلار ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ بىزنى ئادەم ھېسابلىمايدۇ.
مەنمۇ ئادەم، لېكىن بازىرى ئۆلگەن مالدەك قىممىتى يوق ئادەم، كىتابلاردا: «بىزدە تەڭسىزلىك يوق دەپ يېزىلغىنى بىلەن، سېكرېتار بىلەن بازغانچى، رەئىس بىلەن بىكارچى نەدە باراۋەركەن؟ ھەدىيە ئاتا ـ ئانىسىغا مېنىڭ ئۇچۇن ئەلچى قويۇۋىدى، ئۇنىڭ ئىشەنگەن دادىسى نېمە دېدى؟ ‹ئۇ شۇمتەك ماڭا كۈيئوغۇللۇققا ئەمەس، پەيلۇدا ئۆمۈر بويى ئەمگەك قىلىشقا لايىق. مەن ئۇنى يېقىندا قولغا ئالغۇزۇۋېتىمەن!› قىزى مېنى ياخشى كۆرگىنى ئۇچۇن مەن ئۇنىڭ دۈشمىنى، ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغىنىم ئۇچۇن مەن گۇناھكار پەيلۇغا لايىق، شۇمۇ باراۋەرلىكمۇ؟ ...»
بىرى ئىشىكنى قاقتى، ئانىسى بىلەن پاراڭلاشتى. كەلگۈچى قۇربان تۆمۈرچى يەنى پەرھاتنىڭ ئۇستىسى ئىدى. پەرھات ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى.

— ئىنىمغا ئېيتتىم، لېكىن كېچىكىپ قاپتىمىز، —
دېدى قۇربان تۆمۈرچى، — ئىنىم ناھىيە ھاكىمىغا ئېيتىپتۇ.
ھاكىم قىزنىڭ دادىسىنى چاقىرتىپ سۆزلىشىپتۇ. لېكىن قىز-
نىڭ دادىسى قىزىم رازى بولمىسا قانداق قىلىپ نىكاھ قەغىزى
بېرىلىدۇ، دەپ چىچاڭشىپتۇ. ئەمدى پەرھات ھەقىقىي ئوغۇل
بولسا قىزنى ئېلىپ قاچسۇن، ھۆكۈمەت پەرھاتنى چوقۇم قول-
لايدۇ.

— ياق، ئۇستام، بۇ گەپنى بالا ئاڭلىمىسۇن، ئاڭلاپ
قالسىلا چوقۇم قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. چوڭلارنى رەنجىتىپ
قويىدۇ. چوڭلار رەنجىپ قالسا بىز قانداق كۈن ئالىمىز؟

— ئەستاغپۇرۇللا!...

— ھۆكۈمەت قوللايدۇ! — دەپ ئويلىدى پەرھات ئۆگ-
زىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ، — ئۆلىمەن، ئوغۇل بالا
ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆلىمەن!

## 4

شۇنداقمۇ ئادەملەر بار: ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ
قورسىقى تويىدۇ، لېكىن نام - ئاتاققا كۆزى تويمايدۇ. ھەر
كۈنى كېچىسى ئۇيقۇسى قاندۇيۇ، لېكىن ئۆمۈر بويى ئارزۇسى
قانمايدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرىگە، ھەتتا بىر ناھىيىنىڭ ھەممە
ئادىمى خىزمەت قىلسىمۇ قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلار گويا نام
ئۈچۈن تۇغۇلغان، ئابرۇي ئۈچۈن ياشايدۇ... مۇنۇ قۇدىلار
سېپى ئۆزىدىن شۇنداق. ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ، ھاياتتىن ئالىدىغان
لەززىتىمۇ، ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئوخشاش.

پۈتۈن مەھەللىنىڭ تىرىلغۇسىغا بېرىلگەن سۇ مەھەللە ئې-
رىقلىرىغا قىنالغان. مەھەللە خەلقى چېلەكلىرى بىلەن توپىلىق
كوچىلار، مەيدانلارغا چىلىقلىتىپ سۇ چاچتى، ئۇلار ھەتتا نا-

ھېيگىچە سۇ چاچماقچى، ئوغۇل تەرەپ يۈزلۈك بولغىنى ئۈچۈن سۇ چېچىش ماشىنىلىرىمۇ، رادىئو كانايلىرىمۇ ئىشقا چۈشكەن.

ئۇ ئۆز قۇدىسىنىڭ ناھىيىدە چوڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى نە-زەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز تەرەپ چوڭ توينى ناھىيىدە بەرمەستىن، مۇشۇ يېزىدا — دادۇينىڭ ئورمانلىق بېغىدا بەر-مەكچى بولغىنىغا خۇشال بولۇپ، شەھەردىن ئاچقىلىدىغان مېھ-مانلار ئۈچۈن ئۈچ ماشىنا تەييارلىدى. پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئەڭ يېڭى گىلەملىرى كەلتۈرۈلۈپ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا — ھەرقايسى مېھمانلارنى تۆرلىرى بويىچە ئولتۇرغۇ-زۇش ئۈچۈن بەش جايغا سورۇن راسلاندى.

مانا، بۈگۈن مېۋە - چېۋە تۆكمە بولغان، مال سەمرىگەن، ھاۋا ئوچۇق ۋە سالقىن بولغان مۇشۇ كۈندە ناغرا - سۇناي، ناخشا - كۈلكە، ماشىنا گۈدۈكلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئۈرۈق - تۇغقانلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىق قويلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن توي باشلاندى.

دوپپا كىيگەن، سەللە ئورىغانلار ئايرىم، شەپكە كىيگەنلەر ئايرىم، يىگىتلەر نېرىدا، قىزلار تېخىمۇ نېرىدا، ئاياللارمۇ ئايرىم جايلاشتۇرۇلغان باغدا، قازانلاردىن ئىللىق شورپا پۇرىقى كېلىدۇ. بۆكەللەر پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈ-شىدۇ. پۈتۈن - پۈتۈن پىشۇرۇلغان قويلار ھەرقايسى داستىخاد-لارغا سۇنۇلماقتا. ئۇ يەردە ماھىر گۆش بۆلگۈچىلەر پالاسلار ئۈستىگە دۈشە - پالتىلىرىنى قويۇۋېلىپ گۆش پارچىلىماقتا. يەنە بىرلىرى نان ئۈستىگە گۆشلەرنى بىر ئۈلۈش، بىر ئۈلۈش-تىن قويۇپ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق قىلىپ چاقىلىدىغانلىق بىلەن سۇنماقتا. مانا بۇلار ئەركەك قۇدىلارنىڭ غورۇرى.

ئاياللار سورۇنىدا بىرى بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلىشىۋاتقان ئاياللار قۇدىلارنىڭ تەزىيەت - ھەشقاللىلىرىغا ھەيران قېلىش-ماقتا، مانا بۇلار ئايال قۇدىلار ئۈچۈن تېگى يوق ئابرۇي.

يىگىتلەر سورۇندا، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن چىرايلىق يىگىتكە دوستلىرى بەلۋاغ باغلاشماقتا. رەڭگارەڭ يىپەك بەلۋاغلار يىگىتنىڭ مۈرىلىرىگە، بويۇنلىرىغىمۇ يۆگەلگەن. مانا بۇ بەختلىك يىگىت. قىزلار سورۇندا، غەمكىن ھەدىيەنىڭ دەردلىك بېشى رومالار ئىچىگە چۆمكىلىپ قالغان، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئۈنتۈلغۇسىز خۇشاللىق بولغان بۇ كۈن، قىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق، توي ئەمەس ـــ ماتەم، ھازا.

غىزادىن كېيىن قالۇن، دولان راۋابىنىڭ ئاۋازى كانايدا جاراڭلىدى. ئالاھىدە تەييارلانغان ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان سازەندىلەر ئىچىدىكى قېرى مۇقامچى بار ئاۋازى بىلەن مۇقام ۋاقىرىدى:

ئاق تىكەن گۈر ـ گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارى يوق.
مەيلى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
مەيلى يوقنىڭ كارى يوق.

قالۇنچىنىڭ زەخمەت تۇتقان قولى يۈگۈردى، گوششاپ تۇتقان قولى مۆڭ پەيدا قىلىپ تىترىدى. راۋاپچىنىڭ قولى ئوينىدى. داپچى داپنى ياڭراتتى. مەيداندا ئۇسسۇل باشلىنىپ كەتتى: چېكىتمىدە قانچە كۆزلەر بېقىشتى، سەنەمگە چۆشكەنلەرنىڭ دولىلىرى بىر ـ بىرىگە رىتىملىق تېگىپ، ئاياغلاردىن خۇددى مارشقا دەسسىگەندەك تەكشى ئاۋاز چىقتى. سەنەقەسكە دەسسىگەنلەر خۇددى تۇرنىلاردەك قاتار ـ قاتار مېڭىشىپ تاغ توخۇلىرىدەك بازغاشتى. سېيرىلمىغا چۈشكەنلەر شۇنچىلىك پىرقىراشتىكى، باياتىن بىرى ئۆز مەردلىكىنى نامايان قىلىشىپ قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇشقان ئىككى ئەر قۇدىغا پۈتۈن خەلق ئۇلارنى چۆرىدەپ ئايلىنىۋاتقاندەك، پۈتۈن باغ پىرقىراۋات-

قاندەك بىلىندى.

— بۇنداق مەرىكە، يۇرت يۇرت بولۇپ كۆرۈلۈپ باقمىغان، — دېدى ياچېيكا سېكرېتارى خۇددى ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، — ئەمدى يۇرت سىزنى كۆتۈرىدۇ!

— گەپ تاپىدىغانلارمۇ چىقىدۇ، — دېدى باشلىق كۈلۈپ قويۇپ، — ھاكىم نېمىشقا كەلمىدى؟

— چىدىمىدى، بىر توي بىلەن بۇنچە خەقنى قارىتىۋالغىنىڭىزغا چىدىمىدى!

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا سورۇن باشقۇرغۇچى كېلىپ:

— ئاتلىقلار ئوغلاق باشلانسا، دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئوغلاق باشلانسۇن! — دېدى باشلىق بىر قولىنى كۆتۈرۈپ. ئۇ ھازىر قىزىنىڭ تويىنى قىلغۇچى ئاتا ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغان گېنېرالدەك مەغرۇر، تەمكىن ئىدى.

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كەڭرى، تېرىقسىز سەينانىڭ ئىككى چېتىگە تۇغ قادالغان، ئۈچ مېتىر كېلىدىغان تۇغ ئۈستىگە ھارۋا چاقى بېكىتىلگەن. ئىككىگە بۆلۈنگەن ئوغلاقچىلار ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ مەيداندا يۈرۈشەتتى. تۇغلار ئەتراپىغا ئادەملەر توپلانغان، تاماشىچىلار ئەمدى باغدىن سەيناغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

ئوغلاق باشلاندى. تەرلىگەن ئاتلار، خۇدىنى يوقاتقان ئوغلاقچىلار چاڭ ۋە قىقاس - چۇقان ئىچىدە، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا غۇژمەكلەشكەن. مانا ئالا ئاتلىق ئادەم ئوغلاقنى تىقىمىغا بېسىپ يۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېتىنى بىرى يېتىلىگەن، بىرنەچچىسى قامچىلايتتى. يەرگە سۆرىلىپ كېتىۋاتقان كۈل رەڭ ئوغلاققا ئېگىشكۈچىلەرمۇ كۆپ، لېكىن ئالا ئاتلىق بىرىنچى بولۇپ ئوغلاقنى كۈنچىقىش تەرەپتىكى تۇغ ئۈستىگە تاشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئوغلاق چاقىدا چىقتى. ساھىبخان ئوغلاقچىغا شىپۇن دوخاۋىدىن بەلۋاغ باغلىدى.

— قۇربان ئاكا، يەنە تاشلا! — ھاياجانلانغان مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى تراكتور ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ ۋارقىرىدى. ئاز-تولا ئىچىپ قىزىشالغان تۆمۈرچى ئاستىدىكى ئالا ئېتىنى دىۋى-تىپ كېتىشىۋېتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ كۇلۇپ قويدى.

قۇربان تۆمۈرچىگە كەينى - كەينىدىن تۆت قېتىم بەلۋاغ باغلانغاندا، مەيداندا چاۋاك، قىقاس كۆتۈرۈلدى. قۇربان تۆمۈر-چى بەشىنچى قېتىم يەنە تاشلىدى - دە، بەلۋاغنى ئەكېلىپ ئىنىسىنىڭ بېلىگە باغلىدى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— باللارغا كۆز - قۇلاق بولغىن! — دېدى. شۇ چاغدا بىرى ساھىبخاننىڭ يېنىغا ئالدىراپ كەلدى. ساھىبخان ئۆڭكۈپ - تاتىرىپ ناھىيىلىك ساقچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى ئىزدىدى ۋە مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنى تېپىپ:

— قانۇنسىز ئوغرىلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار! قىزىمنى ئوغ-رىلاپ قېچىپتۇ! — دېدى تىترەپ تۇرۇپ.

پىكاپلار، موتسىكلىتلار، ئاتلىقلار تەرەپ - تەرەپكە چې-پىشتى، ئوغلاق توختىدى، ساھىبخان غەزەپ بىلەن:

— قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەنلەر بولسا تۇتۇ - ۋېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

## 5

قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەنلەر ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت بىلەن تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ كېتىشكەن. تويى بولغان قىز قايسى تەرەپكە قاچتى، ئوغرىچۇ؟ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى شەھەر يولىدا، يەنە بىرلىرى



باغلار، ئېتىزلار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە تۇتۇلدى. لېكىن ھەدىيە بىلەن پەرھات يوق ئىدى. تۇتۇلغانلارنى نە سولىغىلى، نە سوراق قىلغىلى بولمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا گۇناھسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزلۈك ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى، ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەسەبىيلىكتىن ئۆزىنى يوقاتقان باشلىق، مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىغا ۋارقىرىدى:

— لۈكچەكلەر گۇرۇھى بىرلىشىپ قىزىمنى ئېلىپ قاچتى، قانۇننى بۇزدى، ھەممە گەپ ئېنىقلاندى. ئۇلار قىزنى ئېلىپ قېچىشنىڭ پىلانىنى بىر كۈن بۇرۇن تۈزۈپ بولۇشقان: قىزنى موتسىكلىت بىلەن قاچۇرۇۋېتىپ، كۆك كىيىملىكلەر بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە يۈرۈشكەن. بۇ ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق. ئۇلارنى جازالىمىساڭلار ئۈستۈڭلاردىن ئەرز قىلىمەن!

مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى:

— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلىش، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مەن بارلىق ئىزدىگۈچىلەرگە ئۇلارنى ئۇرماسلىق، باغلىماسلىق توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەن.

— جىنايەتچىلەرنى قوغدىماقچىمۇ؟

— شۇنداق، بۇ ياشلارنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

— بۇ قانداق گەپ؟

— ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى تېلېفوندا ماڭا شۇنداق يولىيورۇق بەرگەن.

باشلىق تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدىيۇ، ئاۋازى چىقمىدى. ئۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىشنىڭ ئەمدى باشلانغانلىقىنى چۈشەندى.

* *

. . . ئوخشاش كىيىنگەن بىر جۈپ قىز ـ يىگىت موتىسك-
لىتنى دەرەخلەر ئارىسىغا تىقىپ قويىدى ـ دە، بىر ـ بىرىنىڭ
قولىنى تۇتۇشۇپ قويۇق، پاكار جىگدىلەر ئارىسىغا قاراپ ئىچ-
كىرىلەپ مېڭىۋەردى. مېھرىبان ئورمانلار ئۇلارغا قۇچاق ئاچ-
تى. كۆيۈمچان تەبىئەت ئۇلارنى يوشۇردى. ئۇلار خۇددى ئوۋ
ئىتىدىن قاچقان توشقاندەك ئەسەبىيلىشىپ جان ئاچچىقىدا يۈز-
لىرىنىڭ تىلىنغانلىقى، كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغانلىقى، ھەتتا
قىز ئۆزىنىڭ بىر پاي ئېگىز پاشىنلىق تۇپلىيىنىڭ چۈشۈپ
قالغىنىغا قارىماي قېچىپ، قويۇق چاتقاللار ئارىسىغا كەلگەندىلا
بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىشىپ، ئېسىنى يوقاتقان،
چارچاپ ـ ھاسىرىغان ھالدا يۇمشاق قۇم ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى.
قىز قولىغا كىچىككىنە بولاقنى ئېلىپ يىگىتكە قارىدى:

ــــ ئورمانلىق قۇتقۇزالمىسا، مۇشۇ بولاق بىزنى قۇت-
قۇزىدۇ!

ــــ ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز! ...

شۇ چاغدا ئەتراپتا ئاتلار كىشنىدى، ئادەملەر ۋارقىراشتى.
ئۇلار قورشاۋدا قالغانىدى.

ئۇلارنىڭ يېنىغا بىرىنچى بولۇپ قۇربان تۆمۈرچى يېتىپ
كەلدى. پەرھات باشقا بىرى كەلگەن بولسا قاتتىق قارشىلاشقان
بولار ئىدى. لېكىن قۇربان تۆمۈرچىنىڭ ئامبۇردەك قوللىرى
بىلىكىدىن مۇجۇپ تۇتقاندىمۇ ئۇندىمەي جىملا تۇردى. قىز تۆ-
مۈرچىنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ نالە قىلدى:

ــــ ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، ھەممىنى قىلغان مەن!

ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈچە ماشىنىغا تاشلاندى. ماتا ماشىنا
توپا توزۇتۇپ ناھىيىگە قاراپ ئىتتىك ماڭماقتا. قىز بىلەن

يىگىت ماشىنىدا ياندىشىپ ئۆرە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئادەملەر كۆپ، كابىنكىدا يىگىتنىڭ ئانىسى، مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىمۇ بار ئىدى. بۇلار يىگىت بىلەن قىزنىڭ ھىمايىچىلىرى، لېكىن يىگىت بىلەن قىز ھېچكىمدىن شەپقەت كۈتمەيتتى. ماشىنا تار كوۋرۈكتىن ئاستا ئۆتكەندە، قىز بىلەن يىگىت ماشىنىدىن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئادەملەر ماشىنىدىن چۈشكۈچە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

ئۇلار بۇ قېتىم دەريا بويىغا قېچىپ كېلىشتى. ئىككىسى ئاخىرقى قېتىم بىر – بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى – دە، قوللىرىدىكى دورىنى ئېغىزلىرىغا سېلىشتى ...

ئۇلارنى قويۇق جىگدىلەر ئىچىدىن توپىغا مىلەنگەن ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىغان ھالدا تېپىشتى. ئۇلار بىھوش ئىدى. ماشىنا دوختۇرخانىغا قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى ...

— جېنىم باللىرىم، نېمىشقا ئەقىلسىزلىق قىلغانسىلەر، سىلەرنى ھۆكۈمەت يامان دېمىگەندىكىن، نېمىشقىمۇ دورا ئىچكەنسىلەر. پەرھات بالام، جېنىم بالام، تويۇڭنى ھۆكۈمەت ئۆزى قىلىدىغان بولدى، كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

دەسلەپ ھەدىيە ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن ئۇ ئىلغا قىلالمىدى، بۇ ئاۋاز ئانىنىڭ ئەمەس، خۇددى ھېلىقى پاكار جىگدىلەر سۆزلىمەكتە. ئۇلارنى تېپىشتۇرغان، قەلبلىرىنى بىر – بىرىگە يېپىشتۇرغان، ئۇلارنىڭ ھەممە خۇشاللىق ۋە كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان پاكار، پۈراقلىق جىگدىلەر پىچىرلىماقتا:

— ئۆلمەڭلار، ھايات ۋە ياشلىق خۇددى بىزدەك پۇراقلىق! ...

1984 – يىل 28 – ئىيۇن، مەكىت.

# بۇركۇت

بۆگۈن ھوشۇمغا كەلدىم. لېكىن ئۆلۈپ كېتىمەن. بې-
شىمنى يۆلە، مەن ساڭا ھەۋەس توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ
بېرىمەن:
بىلىكىمگە بۇركۇتۇمنى قوندۇرۇپ، تورۇق ئېتىمنى ئوي-
نىتىپ دۆمچەكلەر ئارىسىدا يۈرسەم ئاستىمدىكى چەكسىز چۆل-
دالا، ئۈستۈمدىكى سۈزۈك ئاسمان، سالقىن - قۇرۇق سەھرا
شامىلى ... ھەممىسىلا مېنىڭ، مەن بۇ چاغدا ئۆزۈمنى پادىشاھ
ھېسابلايمەن، ئېتىم ھەم تەختىم، ھەم قانىتىم، بۇركۇتۇم
مېنىڭ كۆزۈم ھەم كۆڭۈل خۇشۇم ...
مەن مۇنداق چاغلارنى ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ
مەنىلىك چاغلار ھېسابلايمەن. چۈنكى بۇ كۈنلەر مېنىڭ مۇرادىم
ھاسىل بولغان كۈنلىرىم.
بېشىغا بۆك كىيدۈرۈلگەن بۇركۇتۇمنىڭ بەدىنىدە گۆشى
يوق، قۇرۇقلا ئۈستىخىنى بولغىنى بىلەن ئون بەش جىڭ كېلى-
دىغان قويۇق پەيلىرى بار. بالداق قولۇمغا تىرەك بولۇپ تۇرغاز-
دەك قىلغىنى بىلەن يىگىرمە جىڭدەك كېلىدىغان بۇ يۈكنى
مېنىڭ بىر بىلىكىم كۆتۈرىدۇ. كۆتۈرگەندىمۇ كۈنلەپ - كۈن-
لەپ ھارماي كۆتۈرىدۇ. قولۇم تالماسلىقىنىڭ سەۋەبى: ئۇنى
كۆتۈرۈۋاتقان مېنىڭ كۈچۈم ئەمەس، مېنىڭ ئىشقىم. مەن
بۇركۇتنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن: ئۇنىڭ قوڭۇر پەيلىرى
ماڭا دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل، ئۇنىڭ كۈچلۈك، ئۆتكۈر تىر-
ناقلىرى تەڭداشسىز مېھرىلىك. مەن ئۇنىڭ ئامبۇردەك چىشلەي-

دىغان ئىلمەك تۇمشۇقلىرىنى، چوغدەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان
قىزغۇچ كۆزلىرىنى سېغىنىپ پات ـ پاتلا ئۇنىڭ خۇرۇم تۇمىقىد-
نى ئېلىپ قاراپ قويىمەن. پۈتىدىكى بېغىنى بولسا چۈلۈۋۇرىغا
قېتىپ تۇتۇۋالىمەن ـ دە، خۇددى شۇنداق قىلىمسام بۈركۈتكە
باغلانغان كۆڭۈل رىشتىم ئۈزۈلۈپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.
يەر بېتى ئالتۇن سۈيىدە يۇيۇلغاندەك سارغىيىدىغان مەھەل
مېنىڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىم باشلانغان چاغ بولىدۇ. 10 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، كېلەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20ـ
كۈنىگىچە مەن ھەممە ئىشىمنى تاشلاپ ئىككى ئېتىمنى ئالماش-
تۇرۇپ مىنىپ، چۆلمۇ چۆل، قىرمۇ قىر يۈرۈپ ئوۋچىلىق
قىلىمەن. بۇ چاغدا مەن كۆپىنچە دالىدا قونىمەن، ئاچ ـ توق
قالىمەن. تەكلىماكان شاماللىرى قىش سوغۇقلىرى بىلەن قو-
شۇلۇپ مېنىڭ يۈزلىرىمنى كەس ـ كەس يېرىۋېتىدۇ. لېكىن
مەن بۇ جاپالارنى راھەت بىلىمەن. قۇشۇمنى بىلىكىمگە قوندۇ-
رۇپ قەبرىستانلىقلار ئارىسىدا ئادەم ئۆلۈكى بىلەن بورىدالغان
تۈلكىلەرنى ئىزدەيمەن. تۈلكە مېنىڭ قۇشۇمنى كۆرۈپ زوڭزى-
يىپ ئولتۇرۇۋېلىپ غال ـ غال تىترەيدۇ. چۆلگە قاچىدۇ،
ناۋادا بىخەستىلىك قىلىپ قۇشۇمنى قويۇۋەتسەم قۇش ئۇدۇل
تۈلكىگە قاراپ ئېتىلىدۇ ـ دە، ھىيلىگەر تۈلكە قۇشنىڭ ئۇچقى-
نىنى كۆرۈپلا ئالدىغا ئەمەس، كەينىگە ـــ مېنىڭ ئېتىمنىڭ
چاترىقىغا قاراپ قاچىدۇ. بۈركۈت كەينىگە ئۇنچىلىك تېز بۇرۇ-
لالمايدۇ ـ دە، ئۇتتۇر ئۇچقان پېتى كېتىپ قالىدۇ ۋە ناھايىتى
خۇرۇجى تۇتقان ھالدا بىر دۆڭگە بېرىپ قونىدۇ. تۈلكە قېچىپ
قۇتۇلىدۇ. لېكىن مەن ھەرگىزمۇ قۇشنى ئالدىراپ سالمايمەن.
تۈلكە قاچقان ھامان ئارقىسىدىن قوغلايمەن. تۈلكە مېنىڭ ئې-
تىمدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلاپ ئويمان ـ دۆڭلەرگە قاراپ شۇڭغۇي-
دۇ. مەن تۈلكىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن قۇش سالد-
مەن. مېنىڭ بۈركۈتۈم ئاتقان ئوق. ئۇ سوزۇلۇپ چىرايلىق

ئۇچۇپ، بىر قانىتىنى سىلكىسە ئۈچ يۈز مېتىر، يەنە بىر قانىتىنى سىلكىسە بەش يۈز مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ، خۇددى چەنلەپ ئېتىلغان ئوقتەك سوزۇلۇپ بېرىپ تۈلكىنىڭ ئاۋۋال سۆڭگۈچىدىن، كېيىن يەنە بىر زاپاس چاڭگىلى بىلەن كەينىگە قايرىلغان تۈلكىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئالىدۇ ـ دە، تۈلكىنى ئىككى پۇكلەپلا قويىدۇ ۋە مېنىڭ يېتىپ بېرىشىمنى كۈتۈپ يېپىلغان قاناتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز ئولجىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئاتتىن چۈشۈپ تۈلكىنىڭ كەينى پۇتىدىن تۇتۇپ ئاۋۋال ئاچ بېقىنىغا، ئاندىن كۆكرەك قەپىسىگە ئاستىلا دەسسەيمەن. تۈلكە شۇ هامان جان بېرىدۇ. تۈلكە جان ئۈزۈش بىلەن مېنىڭ ئەقىللىق بۈركۈتۈم تىرناقلىرىنى بوشىتىپ ئولجىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مانا بۇنداق چاغلاردا مەن بۈركۈتۈمنى باتۇرلۇق ۋە مەردلىكتە تەڭدىشى يوق هېسابلايمەن ـ دە، تۈلكىنىڭ بۇ كەينى سانىنىڭ گۆشى بىلەن مۇكاپاتلايمەن: تۈلكە گۆشى زەهەرلىك، هېچنەرسە، هەتتا ئاچ بۆرىمۇ يېيىشنى خالىمايدىغان نەرسە بولسىمۇ، مەن تەقدىم قىلغىنىم ئۈچۈنلا مېنىڭ بۈركۈتۈم ئۇنى ئىشتىها بىلەن يەيدۇ. مانا بۇنداق چاغلاردا بۈركۈتنى مەن ئەڭ يېقىن دوستۇم، مېنى تازا ياخشى چۈشىنىدىغان هەمراهىم هېسابلايمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۈنلەپ مۇڭدىشىمەن. ئۇ ئىشتىها، هەرىكەت بىلەن ماڭا ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى خۇددى مېنىڭ سىردىشىمدەك دەرهال چۈشىنىدۇ. بىز قۇشنى ئۆيىمىزدە ئەركىن قويۇپ بېرىمىز، بۇ بەزىدە باللىرىمنىڭ قولىدىكى پىششىق گۆشكە تۇمشۇق تەڭلەيدۇ، مۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا «هاي!» دەپ قويسام ئۇ يېيىشتىن يالتىيىدۇ. مەن ئۇنىڭغا هەر كۈنى ئىككى تۇخۇم، بىر كەپتەر باچكىسى بېرىمەن. بۇنچىلا كەپتەرنى نەدىن تاپىسەن دەمسىنا؟ مەن بۈركۈت ئۈچۈن يۈز گە يېقىن كەپتەرنى دان بىلەن باقى-

www.uyghurkitap.com

مەن. بىر كەپتەر بىر يىلدا تۆت قېتىم باچكىلايدۇ. ھەر قېتىمدا ئىككىدىن باچكىلىسا، بىر كەپتەر سەككىزنى باچكىلايدۇ دېگەن سۆز، يۈز كەپتەر سەككىز يۈزنى باچكىلايدۇ. راست گەپنى قىلسام كەپتەرلەرنى بۈركۈت باقىدۇ. نېمە بىلەن دەمسىز؟ مەن بىر يىلدا بىر بۈركۈتۈم بىلەن يەتمىش ئالتە تۈلكە ئالدىم. بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى يىگىرمە بەش يۈەن. بۈركۈتۈم بۈلتۈر ماڭا ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز يۈەن كىرىم قىلىپ بەردى. بىزنىڭ ئۆيدىكى سەككىز جاننى باقالىغان بۈركۈت يۈز كەپتەرنى باقالمايتتىمۇ؟ لېكىن ماڭا لازىمى ئۇنىڭ پۇلى ئەمەس، ئۇنىڭ جېنى. ئۇنىڭ كىرىمى مېنى ئۇنچىلىك خۇش قىلالمايدۇ. سەۋەبى، مەن ھازىر ئىككى يۈز يىگىرمە قوي، كالا، ئاتلىرىممۇ بار چارۋىچى، چارۋىلىرىم مېنىڭ بايلىقىم. لېكىن بۈركۈت مېنىڭ خۇشلۇقۇم، راست گەپنى ئېيتسام، خۇشلۇقۇم ئۈچۈن ھەممە بايلىقىمنى سەرپ قىلىۋېتىشكە تەييارمەن. بايلىقىمنىلا ئەمەس، مۆرىتى كەلسە بۈركۈت ئۈچۈن ئىسسىق جېنىمنىمۇ بېرەلەيمەن.

مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خاپىلىقىممۇ مۇشۇ بۈركۈتۈمنىڭ پالاكەتكە يولۇققان كۈنلىرى بولدى. بىر كۈنى بىز ئون جىڭدەك پىششىق لەڭمەننى سوزۇپ قويۇپلا ئېتىزغا سۇ كەلگەنى ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن سۇغا چىقىپ كېتىپ بۈركۈتنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپتىمىز. ئۆيگە كەلسەك، بۈركۈت ئون جىڭ لەڭمەننىڭ ھەممىسىنى يەپ بولۇپ ئاش سۈيى بار تەشتەككە چۈشۈپ يۇيۇنغىلى تۇرۇپتۇ. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى: بۈركۈت سىڭدۈرەلمەي ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى. مەن ھۆڭگىرەپ يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۈچۈن چىگىنى ئاق شېكەرگە سېلىپ ئوقچۇق يېگۈزدۈم. لېكىن تويۇپ كەتكەن بۈركۈت ئوقچۇقنى يېمىدى. ئامال قىلالماي قۇشنىڭ ئاغزىغا قولۇمنى تىقتىم. قۇش ئازراقلا ياندۇرۇپ قويۇپ



توختىۋالدى. ھېچ ئامال قىلالماي بىر كېچە ئۇنىڭ يېنىدا يىغ-
لاپ ياتتىم. مېنىڭ قېرىلىق چىرمىۋالغان بەدىنىمدە قورقۇنچ-
لۇق ئاغرىقلار باش كۆتۈردى ...

ئايالىم رەنجىپ:

— مەن تۇغۇتتا قىينالسام بۇنچىۋالا ئازابلانمىغان ئىدىلە. ئۇنداق ئادەم قۇش بىلەن ئۆي تۇتسىلا بولماسمىدى! — دېدى رەشك بىلەن.

راست گەپ، مەن ئايالىمنى ھېچقاچان بۈركۈتنى ياخشى كۆرگەنچىلىك ياخشى كۆرمىگەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىم بۈركۈتنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئايالىم رەنجىپ يۈرۈپ يەتتە بالىنىڭ ئانىسى بولدى. ئاخىر ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئېرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي قانائەت ھاسىل قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ بۈركۈتكە بولغان كۈنداشلىق ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھى. مەن ئۇخلىماستىن بۈركۈتكە دورا ئىچۈردۈم. مال دوختۇرى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنى داۋالاش-نىڭ ئامالىنى قىلدىم. كۆز يېشىم بىلەن خۇددى بالىنى پەپىلى-گەندەك ئۇنى پەپىلىدىم. كۆز ياشلىرىم داۋا بولغان چېغى، بۈركۈت ئاخىر ئامان قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۈركۈتۈم ئوزۇق تەلەپ قىلىپ «چىك!» قىلىۋىدى. بەدىنىمدىكى ئاغرىق-لارمۇ بۈركۈت كۆرگەن كېيىكتەك يىراققا قاچتى ...

* *

قومۇش، بۇيا باسقان دۆڭلەر، قۇم بارخانلىرى، توغ-راقلىق ... مەن بۈركۈتۈم بىلەن نەلەرنى كەزمىدىم. چېچەن ئېتىم ئۇزەڭگىدىكى پۇتلىرىمنىڭ ئىشارىتىگە كۆنگەن. ئۇ تىز-گىن تارتمىساممۇ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ مېڭىۋېرىدۇ. مەن بۈر-كۈتۈم بىلەن جەرەن، تۈلكە ئىزلىرىغا قاراپ ماڭىمەن. ئالا

ماشكاممۇ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرمەكتە، مانا «خامان كۆيدى»
گە كېلىپ قاپتىمەن. بۇ يەر جەرەن، توشقاننىڭ ئۇۋىسى. مەن
بۈركۈتۈمنىڭ تۇمىقىنى ئالدىم، ئەنە، يانتاقنىڭ ئارىسىدىن بىر
تېكە چىقتى، نېرىسىدىن ئىككى جەرەن، بۈركۈتۈم خۇددى جە-
رەنلەرنى ياراتماي، تېكە بىلەن ئېلىشماقچى بولغاندەك، تېكىگە
قاراپ يۇلقۇندى. مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. تېكە چوڭ ۋە كۈچلۈك
ئىدى. مەن تېكىنىڭ مۈڭگۈزلىرىنىلا غىل ـ پال كۆرۈپ قال-
دىم. ئۇ شامالدەك غۇرقىراپ قاچتى. بۈركۈتۈم سوزۇلۇپ
كېتىۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ تۆۋەنلىدى. مەن خۇشال بولۇپ ئېتىمنى
دېۋىتتىم. لېكىن نېمىنى كۆردۈم دەڭا، بۈركۈتۈم قۇيۇن ئارى-
سىدا قالغانىدى. ئاھ، بەختسىزلىك! تەكلىماكان قۇيۇنلىرى
يالغۇز بۈركۈتنىڭ كۈشەندىسى ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدىغۇ،
نېمىشقا پەخەس بولمىدىم ...

... قۇيۇن پىرقىراپ يەرنى قاساپ ـ يالاپ، مېنىڭ كۆرپە
تۇمىقىمنى ھەم يۇلۇۋېلىپ، كۆزلىرىمنى قۇم بىلەن تولدۇرۇپ
ئاسمان قەرىگە قاراپ كۆتۈرۈلمەكتە. ئاسمانغا بۇلاڭچى قۇيۇنغا
قارىدىم. خۇددى قوراي ئىسىدەك رەڭگى سەت غۇژمەك قۇيۇن
چاۋار ـ چاتقال ئارىسىغا مېنىڭ قالپىقىم بىلەن بۈركۈتۈمنى
ئوراپ ۋاژىلداپ ئۆرلىمەكتە. ئەنە ئۇ ياۋۇز يىرتقۇچ كۈل رەڭ
بۇلۇتلارغا تاقاشتى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بۈركۈتۈم قاناتلىرىنى
يايغان پېتى بۇلۇت ئۈستىگە چىقتى. بۇلۇت كۈن نۇرىدا يورۇۋۇد-
دى. بۈركۈتۈم خۇددى تۈندە يانغان چاقماقتەك بۇلۇت ئۈستىدە
يالت ـ يۇلت قىلدى ـ دە، بىردىنلا بىر قارا چېكىتكە ئايلاندى.
مەن ئاتتىن ئۆزۈمنى ئاتتىم.

قۇم ئۈستىدە، ئوڭدا يېتىۋېلىپ قارا چېكىتكە قارىدىم.
قارا چېكىت ئاستا تارىلىۋاتقان قۇيۇن تۈتەكلىرىگە ئارىلىشىپ
ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتى، مانا ئەمدى سىرلىق كۆك ئاسماننىڭ
ھېچنەرىدە قارا چېكىت كۆرۈنمىدى. مەن خۇددى بىھوش

ئادەمدەك مىدىرلىماي ياتتىم ...

قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. مەن مەست بولۇپ سەگە-گەندەك بولدۇم ـ دە، يەنە ئاسمانغا قارىدىم. ئەمدى ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغانىدى. مەن ئەلەم بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۇم. ئەقىللىق ئالا ماشكام نەلەردىندۇر تۇمشۇقىمنى تېپىپ كەپتۇ. ئۇ ئاسمانغا قاراپ هازا قىلىپ هۇۋلىماقتا ئىدى. مېنىڭ تېخىمۇ ئۆپكەم ئۆرلىدى. ماشكامنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، چۆلدە هازا ئاچتىم ...

ئاي چىقتى. مەن «خامان كۆيدى» نىڭ يۇمشاق يېرىدە ئېغىر ئاياغلىرىمنى تەستە يۆتكەپ پىيادە كەلمەكتىمەن، ئېتىم ئوتلاپ كېتىپ قاپتۇ. پۇتلىرىمدا جان يوق، ئاخىر بۈركۈتنىڭ بالدىقى بىلەن تۇمشۇقىنى تۇتۇپ بۇ ئوتتۇز نەچچە يىللىق هەمرا-ھىمنى سېغىنىپ، ئاسمانغا ئاخىرقى قېتىم قارىدىم. كۆكۈش ئاسمان ئايدىڭدا تېخىمۇ سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈندى. مەن هاياتىمدا بىرىنچى قېتىم ئاسماندىن قورقتۇم. بېشىم قېيىپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. «يەنە بىر قوپۇن چىقسا، مېنىمۇ ئېلىپ كەتسە، بۈركۈتۈم بىلەن ئاشۇ ئاسماندا ئۇچراشسام ...» دېدىم ئەلەم بىلەن.

شۇ چاغدا ئاسمان گۈركىرىدى. يەنە ئاسمانغا قارىدىم. ئاسمان تىنچ، بۇلۇتسىز، ئەتراپ خۇددى كۈندۈزدەك يورۇق. گۈركىرەش كۈچەيدى. مەن چۆچۈپ ئەتراپنى ۋە ئاسماننى قا-راشتۇردۇم. ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، يەنە گۈركىرەش! مەن ئور-نۇمدىن تۇردۇم. شۇ چاغدىلا ئاسماندىن گۈركىرەپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان ياغاقتەك قارا نەرسىنى كۆردۇم، — بۈركۈت! — دېدىم مەن يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئۇنىڭ چۈشۈۋاتقان يېرىگە يۈگۈرۈپ.

ئەمدى ئېنىق كۆردۈم. بۈركۈتۈم قاناتلىرىنى دۈمبىسىگە چىڭ يېپىشتۇرۇپ، پوكىنىنى تۆۋەنگە توغرىلاپ ئاسماندىن

گۆركىرەپ ۋاژىلداپ چۆشمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ پېتى يەرگە
ئۆرۈلسا پوكىنى يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئۆز
جېنىمنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تەييار ئىدىم.
شۇنچە تېزلىك بىلەن چۈشۈۋاتقان قۇشقا قۇچاقلىرىمنى
توغرىلىدىم. كۈچلۈك بىرنەرسە كۆكرىكىمگە ئۇرۇلدى. ئەمما
مەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم.
هوشۇمغا كەلسەم قۇش قۇچىقىمدا ئىكەن. ئۇ تىمجان ئىد-
دى. مەن ئۇنى قۇتقۇزدۇم. ئۇمۇ مېنى قۇتقۇزدى.
مەن ئۇ كۈنى چۆلدە قونۇپ قالدىم. كېچىسى ئەسلىدىم.
مۇشۇ قۇش مېنى غەيرىي هەۋەستىن قايتۇرۇپ كەلگەن. ئەمەلد-
يەتتە مېنى قۇتقۇزغانىدى. بۇندىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن
مەن تېخى بوينى كۆپكەن يىگىت ئىدىم. يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن قىمارۋاز بولۇپ قالغان چاغلىرىم ئىدى. دادام
رەهمىتى مېنى هېچ ئامال قىلىپ بۇ يولدىن توسالمىدى. ئاخىر
ماڭا قارچىغا ئېلىپ بەردى. قارچىغام توشقانغا تولىمۇ ئالغۇر
ئىدى. قارچىغا مېنىڭ كىملەردىندۇر ئالماقچى بولغان ئۆچۈمنى
توشقاندىن ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى
خۇددى مېنىڭ يولۇمنى توسۇۋالغان كۆرۈنمەس دۈشمەنلىرىمد-
نىڭ كۆزىنى قاماللاۋاتقاندەك مېنى خۇشال قىلدى. مەن قارچد-
غا بىلەن دوست بولۇپ قىماردىن خېلى ئۆزۈمنى تارتتىم. بىر
كۈنى مۇشۇ «خامان كۆيدى» دېگەن يەردە قارچىغا قۇشلاۋاتات-
تىم. بىردىنلا بىلىكىگە قۇش قوندۇرغان، ناهايىتى يوغان بىر
ئادەم يېنىمغا كېلىپ قالدى:
— هەي بالا! — دېدى ئۇ، — بۇقا هۆركىرىگەندەك
قوپال ئاۋازدا، — ئەكەل قارچىغاڭنى!
— نېمە قىلىلا؟ — مەن چۆچۈپ سورىدىم.
— بۇركۇتكە يەم قىلىمەن! — ئۇنىڭ سۆزى هۆكۈم
ئىدى. قورقۇپ كېتىپ يىغلاپتىمەن ۋە قارچىغامنى تەڭلەپتىمەن.

— ھا - ھا - ھا! — ئۇ خۇددى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەن-دەك بۇقۇلداپ كۈلدى، — مۇشۇنىڭ بىلەن قۇش قوشلاۋاتاما-سىنا؟ ھەۋەس قىلامسەن؟

— ھەئە!

كەچتە بارغىن، مەن ساڭا بۈركۈت بېرەي! بۈركۈت، جە-رەن ئالىدۇ! مەن بېشىغا قالپاق كىيگەن ھەيۋەتلىك بۈركۈتكە شۇ كۈندىن باشلاپ قىزغا ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولۇپ قالدىم.

ئۇ ماڭا بۈركۈت بەردى. ئۇنى بۈركۈت بەرگەن كۈنى تونۇ-دۇم، ئۇ داڭلىق، باتۇر موللادۇۋان قۇشچى ئىكەن.

چۆللەرنى تىترەتكەن باتۇر قۇشچى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان قۇشى مانا قۇچىقىمدا يېتىپتۇ. ئۇ ھازىر ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردى، قېرىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ ئۆتكۈر تىر-ناقلىرى قانچىلىغان جەرەن، تېكە، تۈلكە، بۆرىلەرنى مۇجۇپ ئۆلتۈرۈپ مېنى خۇش قىلدى؟ ئۇنى بىر مەنلا بىلىمەن. ئۇ مېنى قىمار ئويناشتىن توسۇدى. دېمەك، ئۇ دادامدىن غالىب كەلدى. قىيىن يىللاردا مېنىڭ بۈركۈتۈم پۈتۈن بىر چارۋا دۆيىنى گۆش بىلەن تەمىنلىدى. بىر يىللىرى بۈركۈتۈمنى دا-دۆيگە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ ئالدى. لېكىن مەن قۇشۇمە-نى باشقا كىشىنىڭ ئوۋ قىلىشىغا يول قويمىدىم. قۇشنى دەپ رەھبەرلەر بىلەن ئېيتىشتىم. ئۇلار مېنى جازالىدى. مەن بىر چارۋىچىلىق كەسپىنى ئىگىلىگەن مال دوختۇرى بولسامىمۇ، مۇ-شۇ بۈركۈت ئويناپ تاپقان خاپىلىقىم بەدىلىگە خىزمەتتىن قو-رۇق قالدىم. ھەتتا چۆلگە ئۆي قىلىپ يۇرتتىن ئايرىلىپ يۇر-دۇمكى، بۈركۈتتىن ئايرىلمىدىم. سەۋەبى، ئۇ مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇرغان، مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمغا مەنە ۋە خۇشاللىق بېرىپ تۇرغان ھالال ئەمگىكىمنىڭ ھەمراھى ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بۈركۈتۈم ئەسلىگە كەلدى. لېكىن

قاناتلىرى بۆرۈنقىدەك ھەرىكەتچان ئەمەس ئىدى.

*　　　　*

قەھرىتان قىشتا ئوغلۇم ئىككىمىز ئىككى بۆركۈت بىلەن ئوۋغا چىقتۇق. بىز ھېلىقى تېكىدىن ئىنتىقام ئالماقچى.

مېنىڭ بۆركۈتۈم كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تۈلكە، بىر جەرەن ئالدى. قاراڭغۇ چۈشتى، لېكىن تېكىدىن دېرەك يوق ئىدى. بىز تەرلەپ قىزىغان ئاتلىرىمىزنى ئوينىتىپ خۇشال ـ خۇرام كېتىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىزلا ئالدىمىزدىن ھېلىقى يوغان تېكە چىقىپ قالدى. ئوغلۇم بۆركۈتنى قويۇۋېتىشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ بىر ياشلىق بۆركۈتى تەجرىبىسىز بولغاچقا، مەن ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ بۆركۈتىنى قويۇۋەتتىم. بۆركۈ-تۈم نېمە ئۈچۈندۇر ھۇرۇنلۇق بىلەن سوزۇلۇپ ئۇچتى. بىز ئاتلىرىمىزنى تېكىنىڭ كەينىدىن چاپتۇرۇپ كېتىشتۇق. مانا، بۆركۈتۈم تېكىنىڭ كەينى ساغرىسىدىن بىر پۇتى بىلەن قاماللاپ تۇتتى. تېكە ئۇنىڭ كۈچلۈك تىرناقلىرىنىڭ مۇجۇپ تۇتۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولغاندى. بۆركۈتۈمنىڭ ئىككىنچى چاڭ-گىلى تېكىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئالدى ۋە دالادا تىنىمسىز چېپىپ يۈرگەن تېكە دەرھال پۈكلىنىپ يىقىلدى. بىز يېتىپ بارساق تېكە ھەدەپ كەينى پۇتلىرى بىلەن ھاۋانى تېپىۋاتقانىكەن. مەن ئاتتىن ئۆزۈمنى ئاتتىم. سەۋەبى، بۆركۈت تېخى قاناتلىرىنى يىغىپ ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. مەن تېكىگە يېتىپ بېرىشىمغا تېكە قاتتىق تېپىرلاپ بىر تېپىۋىدى، بۆركۈتنىڭ بىر قانىتىغا تەگدى ۋە بۆركۈتنىڭ بىر قانىتى سالپىيىپ قالدى. مەن غەزەپ بىلەن تېكىنىڭ كانىيىغا خەنجەر ئۇرۇپ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدىم. بۆركۈت بىچارە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، خۇددى خىجىل بول-غاندەك ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مەن بىلدىم: بۆركۈتنىڭ سول

قانتى كۆكرەككە يېقىن تاغاقتىن چورت سۇنغانىدى ...
ئۇ ئەمدى ھەرگىز ئۇچالمايدۇ. ئۇ ئاسمان بىلەن، دالا بىلەن خوشلاشتى.
مېنىڭ ئوتتۇز ئالتە يىللىق ھەمراھىم پالاكەتكە يولۇقۇۋ-دى، ماڭا دالا قاراڭغۇ بىلىندى، كۆزۈمنى تۇمان قاپلىدى ...
خاپىلىقتا ئوغلۇمنىڭ بۈركۈتى بىلەن ئىككىسىنى بىر ئې-غىلغا سولاپ قويۇپتىمەن ۋە ئوغلۇمنىڭ بۈركۈتىگە گۆش بېرىپ قالپىقىنى كىيدۈرۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن. يېرىم كېچىدە قۇشلار «چارت — چۇرت» قىلىشتى. يۈگۈرۈپ چىقسام، كۆزى ئوچۇق قۇش مېنىڭ ناكالانغان قۇشۇمنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇشۇمنى تەستە ئاجرىتىۋالدىم. مېنىڭ قانچە خۇشاللىق، قايغۇلىرىمغا ھەمراھ بولغان سىردىشىم ئاخىر ئۆز نەسلىنىڭ قولىدا جان ئۈزدى. مەن بالا بۈركۈتنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن خەنجىرىمنى سۇغۇ-رۇۋالدىم.
— قىساس ئالىمەن! — دەپ پىچاقنى بۈركۈتنىڭ كانى-يىغا ئاپاردىم.
— ئۇنى ئۆلتۈرگۈچە مېنى ئۆلتۈرگىن دادا!
ئالدىمدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ بالام تۇراتتى.
پىچاق قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. مەن چۈشەندىم: خۇشال-لىق بالامغا نېسىپ بولسۇن، مەن ئاۋۇ ئۆز ئىشىنى تاماملىغان، پەيلىرى توزۇغان قۇشۇمغا ھەمراھ بولاي ...
... ئايالىم بېشىمنى يۆلىدى. دېمەك نەچچە كۈنلەپ كۆز ئاچماي ياتقان ئوخشايمەن:
— تاڭ ئاتتىمۇ؟ — دېيىدىم، ئايالىم:
— سىز ياتقاندىن بېرى ئۈچ قېتىم تاڭ ئاتتى، — دېدى.
— نېمانداق دائىملا قاراڭغۇ بۇ جاھان؟

— نەدە. يورۇققۇ! ...

— سىلەرگە يورۇقمۇ؟ ھە، سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭلار بار - دە، ... مېنىڭچۇ؟...

— بىر نېمىگە كۆڭلىڭىز تارتامدۇ؟

— تارتىدۇ ...

— نېمىگە؟

— بۇركۇتۇم ... بۇركۇت ...

— ئۇنى يۇڭزۇزلاپ ئۇستىخانلىرىنى كۆمۈپ قويدۇق، پەيلىرى بار، ئېلىپ قويدۇق.

— پەيلىرىنى ئەكەلگىن ...

مەن قۇشۇمنىڭ پەيلىرىنى باغرىمغا بېسىپ پىچىرلىدىم:

— ھەي ئىنسان، بىرى پۇلغا، بىرى مالغا، بىرى مەنسەپ، بىرى ئىلىم، بىرى ئايالغا، يەنە بىرى بالىغا ... ھەۋەس قىلىدىكەن، ھەۋەس قىلغىنىدىن مەھرۇم قالسا، كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ بىلىنىدىكەن. مەنچۇ؟ دۇنيادا تېپىلمىغاندەك بۇركۇتكە ھەۋەس قىپتىمەن، بۇركۇتۇم ھەۋەستىن ئۆلدى. مەنمۇ ھەۋەستىن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن. ھەۋەس مەقسىتى يوقلارچۇ؟ ئۇلارغا لەنەت، ئۇلارغا كېچىمۇ يورۇق بىلىنىۋېرىدۇ. ئوغلۇم نەدىسەن، بۇركۇتتەك بول. ئۆز ھەۋەسىڭ بىلەن بىللە ئۆل. مانا بۇنداق ئادەم ئۆلمەيدۇ! ...

1984 - يىل 17 - ئىيۇن، مەكىت يانتاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەرزدار

## 1

تۇرغان لېۋىر ئۆزۈن، ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى تاپسىدىن ئارانلا يۆتكىدى ۋە پەگادا بىر پەس تىنىۋالدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەر ۋە تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئۆيدە ئولتۇرغان سەككىز جان تەڭلا قارىدى ـ دە، ھەيران قېلىشتى. تۇرغاننىڭ چارچاش ۋە سەپرادىن ياش تۇرۇپلا مۈك-چىيىپ قالغان جۇدەڭگۈ ئايالى قازان بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇ-رۇۋېلىپ:

— سىزگە ئوسا قىلىشتىن باشقا ئىش تېپىلمىدىمۇ زادى؟ — دەپ غەزەپ بىلەن چەكچەيدى. ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۆي غېمى بىلەن ئوقۇشتىن توختىۋالغان قىزى:

— نومۇرنى قوغلىشىپ، دادامۇ نەدە ئېغىر ئىش بولسا شۇنى قىلىدىكەن، يا جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىكەن، — دېدى ئو-چاققا ئوت قالاۋېتىپ.

قالغان ئالتە بالىسىمۇ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۆز ئاتىسىغا كۆيۈمچانلىق بىلدۈرۈشتى.

— دادا، بول، كاڭغا چىق! — دېدى قىزلىرى ئۇنى ئىتتىرىشىپ.

— بول، دادا، ئاخشامقى چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى …

— ئاپام قورداق ئەتتى!

— دادا، مېنى كۆتىيە! ...

تۇرغان پېشانىسىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى - دە، ئۆزىگە بېقىنمايۋاتقان ئۇزۇن ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ، سۇپا لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك ئوغلى ئۇنىڭ بوينىغا مىندى، يەنە بىرى قۇچىقىغا چىقتى، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭ قىزىل، سېرىق ياماقلىرى بىلەن ئارانلا پۈتىغا دالدا بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېزىنكە ئۆتۈكىنى تارتتى، پايتىمىلىرىنى كاڭىنىڭ بوغۇزىغا — كىگىز ئاستىغا يايدى ...

ئۇ بەش بالىنىڭ زورى بىلەن كاڭغا چىقتى - دە، سۇنايلىنىپ ياتتى. بالىلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى باستى، قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى، قورۇق باسقان، شالاڭ ساقاللىق يۈزىنى سىلىدى ...

— چۇش، هوي، قوتۇر كۈچۈكلەر! — دەپ بالىلىرىغا قولىدىكى ساپلىقنى تەڭلىدى ئانا خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، — پېتقلاپ خېمىر قىلىۋېتىشتىڭغۇ. ئېتىزدا سۇ بىلەن سوغۇق ئەزگەن، كاڭغا چىقسا سەن ئىنجىمارۇقلار!

— قويساڭچۇ خوتۇن، يايرىغىلى قويساڭ! — دېدى تۇرغان لېۋىر ئۇزۇپ - ئۇزۇپ گەپ قىلىپ، — بۇلارغا مۇشۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كۆڭۈل خۇشى بولسۇن؟

ئانا ئۆز ئېرىگە بىردەم بولسىمۇ ئارام بولارمىكىن دەپ بالىلىرىغا ۋارقىرىغانىدى، لېكىن ئۇ جۇدەڭگۈ ۋە ئۇستۇېشى يالاڭ بالىلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن قايغۇ - غەملىرىنى نېرى ئىتتىرىپ، هۇزۇرلىنىپ ياتقان ئېرىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ۋە ئارام جىلۋىسىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئېغىر خورسىنىپ تەتۈر قارىدى.

— سىزنىڭمۇ بۇلتۇرقى چىرايىڭىز بۇ يىل يوق. مېنىڭمۇ پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق، ئارانلا ئۆرە تۇرۇۋاتىمەن. بالىلارنىڭ قولى ئىشقا تەگسە، جېنىمىز ئارام تاپارمىكىنتاڭ!

ئاتا - ئانىسىنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەن تۇرمۇش يۈكىنىڭ

ئاز قىسمىنى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ زىلۋا، ئەۋرىشىم گەۋدىسىگە يۆتكەش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان قىزى بەختىگۇل دادىسىغا ھال ئېيتتى:

— دادا، بۈگۈن 73 - يىللىق باغنى ئېلان قىپتۇ. ھېسابلاپ كۆرسەم، بىزگە يەنە بەش يۈز ئاتمىش سوم ئارتىلىدىكەن!

— بولتۇرقىسى قانچە ئىدى؟ — پەس ئاۋاز بىلەن ئېرەنسىزلا سورىدى تۇرغان لېۋىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ. قىز ئېتەكلىرىنى قېقىپ سۇپىغا چىقتى ۋە شىشىسىگە قەغەزدىن تولا ياماق چۇشۇپ يورۇقى قالمىغان لامپىنىڭ پىلىكىنى پەرلىدى - دە، ئاتا - ئانىسىنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قاراپ قويۇپ، گۇناھكار ئادەمدەك بىر نۇقتىغا تىكىلدى ۋە سانلىق رەقەملەرنى يادلاۋاتقاندەك ئالدىرىماي ئېيتىپ بەردى.

— بولتۇرقى قەرزىمىز تۆت يۈز ئاتمىش سەككىز سوم ئىدى، ئۇچ تەڭلىمات، بىرقوزىلىق قوي، لىم ياغاچ، ئاپامنىڭ ھالقىسى — ھەممىسى بولۇپ ئارانلا ئىككى يۈز ئوتتۇز سومغا يارىدى، گەدىنىمىزدە يەنە ئىككى يۈز ئوتتۇز سەككىز سوم قالغان، ئۇنىڭغا ئوزاقى يىلدىن قالغان بەش يۈز ئون ئالتە سوم قوشۇلغاندا يەتتە يۈز ئەللىك تۆت سوم بولغانىدى. يەتتە يۈز ئەللىك تۆت سومغا بۇ يىلقى بەش يۈز ئاتمىش سوم قوشۇلسا، بىر مىڭ ئۇچ يۈز ئون تۆت سوم بولىدىكەن!

— بىر مىڭ ئۇچ يۈز ئون تۆت سوم! — دەپ ئالدىرىماي بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى تۇرغان لېۋىر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، — بۇ يىل قەرز يىغسا، ئون تۆت سومنى قايتۇرالايمىزكەن! ...

— قوزىنى بېرىمىز دەمسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ بالىلارنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىڭ! — دېدى ئايالى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، — بالىلار يوق چاغدا، قەرزمۇ يوق ئىدى، بالىلار

ئاز چاغدا، غەممۇ ئاز ئىدى، ئالتە ئاي ياز ئۈچ ۋىتەك ئادەم تىنىم تاپماي ئىشلەيمىز، نومۇر تاپمىدۇقمىكىن دېسەك، هار-غۇچە تاپىمىز. بۇ نومۇر دېگەننىڭ يە كۈچى بولمىسا! ئۇ نېمە-سى شېڭ دۇبەننىڭ پاخال پۇلىدەك هېچنېمىگە يارىمايدۇيە! ئون تۆت سوم تۆلەيمىز كەن، دېگىنىنى قارىمامدىغان! ھەممىنى قىل-غان مۇشۇ شۇملار، مۇشۇلارنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىڭ!

— سېنى تۇتۇپ بەرسۇن؟ — دېدى سەككىز ياشقا ئەمدىلا چىققان بۇدرۇقىنا بەشىنچى ئوغلى ئانىسىغا ھومىيىپ، — سەنمۇ دادامدەك ئېتىزدا ئىشلىسەڭ قەرزدار بولمايتتۇق، كەچ-كىچە چۆنەكلىكتە ئىشلەيسەن!

— ۋۇي، شۇم پېشانە! — دەپ ئۇنىڭغا چۆمۈچنى ئاتتى ئانىسى، — سەن شۇم، ھېلىقى قېرىلارنىڭ ساقىلىنى چۇشۇ-رۇپ، قولاقلىرىنى يىرىپ ھالقىلارنى تارتىۋالغان يىلى تۇغۇلغان شۇمسەن! سەنمۇ تۇغۇلدۇڭ، بىزنى پالاكەت باستى. ۋۇي، سېنىڭ يۇلۇنلىرىڭنى ئۈزۈۋالمىسام! — ئانا ئوغلىغا تاشلان-دى. تۇرغان لېۋىر ئورنىدىن قوزغالدى - دە، ئۆزىنىڭ گەۋدى-سىنى دالدا قىلىۋالغان ئوغلىنىڭ يىرىك چاچلىرىنى سىلىدى:

— بالىدا نىمە گۇناھ، — دېدى ئۇ ئايالىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — تىللىساڭ ئاشۇ بەرىكەتسىز، ئىنساپسىز يىللارنى تىللا، بىزنى نامراتلاشتۇرغانمۇ ئاشۇ يىللارغۇ!

ئۇنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ كەتتى. بايىقى بەشىنچى بالىسى دۈم-بىسىگە ئۇردى، ئۇ بىر نەچچە مىنۇت يۆتەلدى، يۆتەلدىن كې-يىن ھالىدىن كەتتى - دە، تامغا يۆلىنىپ بالىلىرىغا قارىدى؛ بەش بالىسى ئۆتكەن يىللارنىڭ يادنامىسى بولۇپ ئالدىدا تۇرات-تى. بالىلارنىڭ گۇناھسىز، مەسۇم كۆزلىرى ئۆزلىرىنى ياخشى كۈنگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى، گۈزەل چاغلىرىنى، ھاياتىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئاتىسىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

تۇرغان لېۋىر بالىلىرىغا بىر - بىردىن قاراپ چىقتى:

بەختىگۈل — تۇنجى قىزى 1958 - يىلى تۇغۇلغان. شۇ يىلى تۇرغاننىڭ يېڭى ئائىلىسىدە ھەممىلا نېمە گۈزەل ۋە بەختلىك ئىدى، يېڭى تۇغۇلغان قىزى بەختىگۈل ئۇنىڭ ئامەت - پېشانىسىنىڭ راستتىنلا بەلگىسى بولالىغانىدى ...

قۇرۋانگۈل — ئۈچىنچىسى، 1962 - يىلى تۇغۇلغان، شۇ يىلى ئاشلىق ئاجايىپ ئوخشىغان، بىر گۈڭگا ئۈچ سومدىن تەقسىمات بولغان يىلى ئىدى.

تۇنجى ئوغلى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، تۇرغان لېۋىر ئايالىغا تىكىش ماشىنىسى، ئالتۇن ھالقا ئېلىپ بەرگەن، ھويلىسىغا ئۈزۈم قويغان، يازلىق چايخانا بىلەن چوڭ دالاننى شۇ يىلى سالغان، تۇرغاننىڭ ھاياتىدىكى ئاجايىپ مەمۇرچىلىق ئەنە شۇ يىلى بولغان ئەمەسمىدى؟

جامال — 1966 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ يىلىمۇ ئىشلار ياخشى باشلانغان، لېكىن جامال تۇغۇلغان ئاشۇ 8 - ئايدا راستتىنلا قېيناتىسىنىڭ ساقىلى چۈشۈرۈلگەن، قېيناناسىنىڭ قۇلىقىنى يىرىپ ھالقىسىنى ئېلىۋېلىشقانىدى. تۇرغان لېۋىر ئەنە شۇ يىلى دۈيجاڭمۇ بولغان، لېكىن تارتتۇرۇپ قويغانىدى.

شۇندىن كېيىن ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتتى. مۇنۇ ھازىرقى تۆت ياش ۋە ئىككى ياش بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغىنىغا تۇرغان لېۋىر خۇشال بولمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىدا كۆڭۈلسىزلىك، قەرزدارلىق باشلانغانىدى. يىلدىن - يىلغا كېمىيىۋاتقان مەھسۇلات، ئازىيىۋاتقان كىرىمى، كۆپىيىۋاتقان قەرز، تۇرغان لېۋىرنى ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئۈمىدتىن بارغانسېرى مەھرۇم قويماقتا، كۆڭۈلسىز يىللار ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇپراتماقتا، «قەرزدار ئائىلە» دېگەن نام ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلماقتا ئىدى:

— مەنمۇ يېنىكرەك ئىش قىلايمىكىن. بۇ يىل بۇلتۇرقى



www.uyghurkitap.com

ھالىم يوق! — دەپ ئۇ ياش دۈيجاڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ يېلىنغانىدى.

— قەرزدارسەن، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئىشىنىڭ يېنىكىنى تاللايسەن؟! — دېدى.

بۇ جاۋابقا تۇرغان قانچە كۈنلەرگىچە ئازابلىنىپ يۈردى.

— بالام ئاغرىپ قالدى. ئىككى سوم بولسىمۇ قەرز بەرسەڭلاركەن؟ — دېگەنىدى ئۇ كاسسىر بالىنى يالغۇز يەرگە تارتىپ.

— ئىسمىم كاسسىر بولغىنى بىلەن دۈيىنىڭ بىر تىيىنىنى تۇتۇپ باققىنىم يوق، دۈيىنىڭ پۈتۈن بايلىقى سىلەردەكلەرنىڭ گەدىنىدە! — دېدى كاسسىر بالىمۇ ئەلەم بىلەن.

تۇرغان ئەنە شۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلىدى، تاپا - تەنە ئاڭلاشتىن تۇرمۇش ئازابى تارتىشنى ئەلا بىلىدىغان بۇ دېھقان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەلىمىنى بىرىگە تىنماي، ئايلارنى، يىللارنى ئۆتكۈزدى، سەۋر - تاقەت، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭ كۆچىنى، ياشلىقىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى كەم سۆز، چىداملىق، قاملاشقان يىگىت — مانا ھازىر چاچلىرى ئاقارغان، يۈزلىرى قورۇلغان ۋە روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يوقسۇللۇق، قەرزدارلىققا قارشى بىر يوشۇرۇن كۈچ يوشۇرۇنغان كۆرۈمسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭدا مۇشۇ يېقىن ئارىدا قەرزدىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسى يوق، قەرزنىڭ گېپى بولغاندا، ئۇ كۈلۈپلا قويىدۇ - دە:

— تۆت ئوغلۇم چوڭ بولۇۋاتىدۇ، چوڭى ئون ياش، كىچىكى ئىككى ياش، شۇلارنىڭ قولى ئىشقا تەگسە بىر گەپ بولار ... — دەپلا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدىمۇ، كۆڭۈل خۇشىمۇ، ئىشەنچىسىمۇ شۇ بالىلىرى تۇرسا، «قەرزگە بالىلارنى بەرگىن!» دېگەن سۆزگە كۆڭلى ئەسكى بولمايتتىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

## 2

قار يېغىش بىلەن تۇرغان لېۋىرنىڭ كەڭرى قورۇسىدىكى
ئاۋاتلىق ئاياغلاشتى، مېۋە ۋە گۇللەر بىلەن كۆركەم كۆرۈنىدى-
غان بېغى يازچە سايراشقان قۇشلارنى يىراقلارغا ئۇزاتقان، كەڭ
دالانى ئەركىن ماكان قىلىشقان توخۇلىرى ئەمدى ئېگىسىدىن
بىر ئوچۇم دان ياكى نەملەنگەن كېپەك تەمە قىلىشىپ، شىللى-
سىنى ئۇرۇشۇپ، ئىشىك تۈۋىگە ئولىشىۋېلىشقان، ئۇلارنىڭ
قاقاقلاشلىرى، چىللاشلىرى ھەم تۈگىگەن، يازدىن بېرى يالى-
ڭاچلىقى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ ئۆگزىلەرگە، دەرەخ شاخلىرىغا
قاتمال پۇتلىرى بىلەن ئىز قالدۇرۇپ چۇرۇقلاشقان بالىلىرى،
ھازىر كاڭنىڭ بوغۇزىدىن ئورۇن ئېلىشقان. ئۇلار سەپرا ئاند-
سىنىڭ چىۋىقلىرىدىن ياۋاشلاشقان. مانا، ھالى قالمىغان كونا
كىگىز ئۈستىدە مۆلدۈرلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ…

تۇرغان لېۋىر ھويلىسىدىكى قارنى سۈپۈرۈۋېتىپ مەيۈسلەن-
دى، كۆڭلى يېرىم بولدى. بۇ يىل ئۈچ بالىسىنىڭ يەنە ئوقۇش-
سىز قالغانلىقى يادىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچەيدى، پۇت-
لىرى تىترىدى، ئۇ گەۋدىسىنى تەستە رۇسلىدى ـ دە، تامغا
يۆلەكلىك تۇرغان گۈرجىكىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ گۈرجەككە
ئېڭىشكەندە، بېشىغا گۈپ قىلىپ قار چۈشتى. ئۇ تۆپىگە —
قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىگە قارىدى، قوشنىسى تۇرغانغا كەينىنى
قىلىۋېلىپ، ئۆگزىدىكى قارنى ھەدەپ بۇ ھويلىغا تاشلاۋاتاتتى.
تۇرغان قارىدىيۇ، ئۈندىمىدى. سەۋەبى، قوشنىسى جېدەلخور،
ئايالى ھازازۇل، ئۇلارنىڭ كۆزى يۇمۇلىدۇ ـ دە، ئاغزى ئېچى-
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرغان ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىمىغان يامان
تىللار خۇددى پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىۋېرىدۇ! چى-
شىغا تېگىپ كۆڭۈل ئاغرىقى تارتقۇچە، ئۈندىمەي تۇرۇپ تاشلى-

غان قارنى توشۇۋېتەي، دەپ ئويلىدى ئۇ.
ئۇ قوشنا ئۆگزىدىن تاشلىنىۋاتقان قارنى گۈرجەك بىلەن توشۇۋاتقاندا، تۇرغاننىڭ ئايالى توخۇلىرىغا كېپەك نەمدەپ ئې- لىپ چىقتى ـ دە، سەپرايى ئۆرلەپ:
— ئوچىقىڭنىڭ كۆلى بىلەن يۇندىسىلا قالدى بىزگە ئاتمىغان! — دەپ ۋارقىرىدى. قوشنىسى شۇ چاغدا بۇ هويلىغا قايرىلدى. ئۇ قاش ـ كىرپىكىمۇ سېرىق، دورداي كالپۇك، قوش بۇرۇن، شالاڭ، سېرىق بۇرۇتلىرى تىك ـ تىك بولۇپ تۇرىدىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىدى.
— خاپا بولما بەرنز، — دېدى تۇرغان مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئېغىزى! ...
— تىل قىسىنچىلىقى بارمىدى. نېمانچە بوسۇنچۇق بو- لاتتۇق! — تۇرغاننىڭ ئايالى ۋارقىرىدى. كىتىر قىلغان شە- پىنى ئاڭلىسا كېچىچە هاۋشىپ چىقىدىغان سەگەك ئىتقا ئوخ- شاش كاسىلداق ئايال — بەرنزنىڭ ئايالى كالىچىنى سۆرەپ تونۇر بېشىغا چىقتى ـ دە، قوللىرى بىلەن بىردە جونۇپ، بىردە چاۋاك چېلىپ تىل ياغدۇردى:
— شۇملۇقىڭدىن قەرزدارسەن، زۇغۇيلۇقىڭدىن باللى- رىڭ قوتۇر كۈچۈكتەك، ئۆزۈڭمۇ، ئېرىڭمۇ كېسەل كۆرپىسى، ئىت يالىقى، توڭگۇز تېرىسى، مايمۇن قېرىسى! ...
تۇرغان مۇكچىيىپ كەينىگە قايتتى. ئايالىنى بولسا ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى. ئۆزى قاتتىق يۆتەلدىن ماغدۇرسىزلىنىپ سۇ- پىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆيدە ئاغرىقچان ئايالى سەپرادىن ئاغزى- نى، بېشىنى تۇتۇپ، تامدەك تاتىرىپ، مۇكچىيىپ ئولتۇراتتى.
— «شۇ چاغدا گەپ قىلمىسام بوپتىكەن، مانا ئەمدى تۈگمەيدىغان قىساس ...» دېدى تۇرغان تىترەپ تۇرغان قوللى- رى بىلەن موخۇركا خالتىسىنى چىمدىپ تۇتۇۋېلىپ.
ئۇ چاغدا بۇ قوشنىلار مۇنداق بىر ئىشتىن ئارازلىشىپ

قېلىشقانىدى: قەھرىتان قىشتا ئۆستەڭگە تاش توشۇش ئۈچۈن دۈينىڭ ئىككى ھارۋىسى بىلەن ئۇلار دەريا بويىغا بېرىشتى، ئۇلار ئۈچ قېتىمدىن قاتنىشى لازىم ئىدى. تۇرغان ئۈچ قېتىم قاتنىدى، توشۇغان تېشىنى چىرايلىق قىلىپ تىزدى، بەرىبىر ئىككى قېتىم توشۇدى ــ دە، ھارۋىسى بىلەنلا يوقاپ كەتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇ قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنى قامچىلاپ پەيدا بولدى، ئاتلىرىنى يەم بىلەن تويغۇزۇپ بولۇپ، تۇرغاننىڭ يېنىغا كەلدى ــ دە، سېرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ ھىجايدى:

ــ تەييار نان بولسا يەمسەن؟ ــ دېدى ئۇ تۇرغاننىڭ بېقىنىغا قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن نوقۇپ، ــ پارچە لوق گۆش چىقىپ قالدى. ئاۋۇ سۇ ئىدارىسىنىڭ دەريا بويىدىن توشۇيدىغان ئۇنى بار ئىكەن، بىر قاتنىساڭ يىگىرمە يەتتە يېرىم سوم تاپىسەن، مەن بىر كېچە ئۇيقۇمنى قويۇپ، تۆت قاتنىدىم، ئاتلار ھېرىپ قالمىغان بولسا يەنە ئىككى قاتنايتتىم!

ــ ئاتلار ھېرىپ تۈگىشىدۇ، ــ دېدى تۇرغان باشقا گەپ تاپالماي، ــ تاشنى نېمە بىلەن توشۇيمىز؟

ــ كەچكىچە تاش توشۇساڭ ئارانلا بېرىدىغىنى ئون ئىككى نومۇر، نومۇرغا باي بولىدىغان بولسا، سەن بولۇۋالساڭ بولاتتى، كانىيىڭغىچە قەرزدارسەن، ئۇندىن كۆرە پۇل تاپ، قوۋۇقلۇق، ئوغرىلىق، مۇتتەھەملىك قىلمىساڭ، دۈيدە جان باقالمايسەن، قانداق، ئۇن توشۇمسەن؟

ــ ياق، مەن قورقىمەن؟

ــ ئۇنداق بولسا، ئاتلىرىڭنى ماڭا بەرگىن. مەن قورقمايمەن!

ــ ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن؟

ــ مېنىڭ ئاتلىرىم بىلەن قىمىرلىغاچ تۇرغىن!

ــ ھېرىپ قالغان ئاتلىرىڭ ئۈچ قېتىمغا يارامدۇ؟

ــ يارىمىسا نېمە كارىڭ!

— قويغىن بەرىز، دۈينىڭ قىل دېگىنىنى قىلايلى زادى، مەن بىر قېتىممۇ مۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغان ...

— شۇنىڭ ئۈچۈن گادايسەن، قەرزدارسەن! — دېدى بەرىز جۇۋىسىغا پۈركىنىۋېلىپ، — بىر قېتىممۇ، دېدىڭمۇ؟ مەنمۇ بىر قېتىممۇ دۈينىڭ قىل دېگىنىنى قىلىپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قولۇم ئۇزۇن، يىلىكىم توق!

تۇرغان چۆچۈپ ئويغاندى، قارىسا ئاتلىرى يوق. ئۇ بەرىز-نىڭ مىدىر قىلغۇدەك هالى قالمىغان ئاتلىرى بىلەن بىر قېتىممۇ تاش توشۇيالمىدى. شۇ كۈنى ئات ئويىنىتىپ دۈيجاڭ كەلدى-دە، تۇرغاننىڭ دۈمبىسىگە قامچا بىلەن ئىككىنى ئۇردى:

— سەن ئۇنىڭ بىلەن شېرىكسەن، بىر ئات ئۈچۈن ئون سومدىن. توشۇلمىغان تاش ئۈچۈن يىگىرمە سومدىن جەرىمانە تۆلەيسەن! — دېدى ئۇ ئۆرۈپ بولۇپ.

تۇرغاننىڭ گەدىنىگە ئۈچ ئات ئۈچۈن ئوتتۇز سوم، ئۈچ قېتىملىق تاش ئۈچۈن ئاتمىش سوم، جەمئىي توقسان سوم يېزىلدى. بەرىزگىچۇ؟ يىغىندا كۆپچىلىك يۈز سوم يېزىش كېرەك، دېيىشتى. لېكىن ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ئىككى يۈز سوم-دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ نېمىسى خورايتتى. ئىككى كۈندىن كې-يىن، تۇرغان بەرىزنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ئولتۇرۇش بولغانلىقى-نى، بەرىز بىر پاقلان سويغانلىقىنى ئاڭلىدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن دۈيجاڭ يىغىندا:

— بەرىز نەق پۇل تاپشۇردى، گۇناھىنى تونۇدى دېگەن شۇ، تۇرغانچۇ؟ تېخىچە بوينىغا ئالمايۋاتىدۇ. تېخى دادۈيگە بېرىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىپتۇ. جازاسىنى ئەمدى كۆرسۇن، گەدىنىدىكى قەرزىنى ئاستا-ئاستا تۆلەيدۇ. لېكىن جەرىمانە پۇلىنى نەق ئۇندۇرۇۋالىمىز.

شۇنداق قىلىپ، تۇرغاننىڭ ئىككى پارچە يېپيېڭى تەڭلىما-تى جەرىمانە پۇل ئۈچۈن دۈيگە ئۆتتى. ئۇنىڭ سارىيى يالد-

ئاچلاندى.

تۇرغان بۇنىڭغىمۇ چىدىدى. يىغلاپ - قاقشاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىدى. لېكىن مۇنۇ بەرىزنىڭ قىساسخورلۇقى ئۇنىڭ جېنىغا پاتماقتا. ئۇ كۆرگەنلا كىشىگە: «ئات - ھارۋا ئۇنىڭدىن، ئەمگەك مېنىڭدىن، شېرىك قىلغان ئوقەت ئىدى. ئۇ ئەزمە ھەممىنى ماڭا دۆڭگەپ قويۇپتۇ!» دەپ دادلاپ يۈرگۈدەك.

قانداق زامان بۇ، قېنى بۇ ئادالەت؟ يامانغا يانتاياق بولالمىغانغىمۇ جازالىسا دەپ ئويلىسا، تۇرغاننىڭ غەزىپى ئۆرلەيتتى. لېكىن ئۇ كىمگە غەزەپلىنىشنى بىلمەيتتى. غەزىپى بېشىمغا بالا بولمىسۇن دەپ قورقۇپ، نېمىلا بولمىسۇن زورىغا كۈلۈمسىرەيتتى...

ئۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ، يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ بەرىزگە قارىدى. بەرىز ئۆگزىدىكى قارنى تۇرغاننىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ بولغان. ئۇ مەغرۇر گىدىيىپ تۇراتتى. خوتۇنى بولسا تېخىچە تونۇر بېشىدا تۇرۇۋېلىپ تىللىماقتا ئىدى. تۇرغان ئۇلارغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

بەرىزچۇ؟ ئۇ ئۆگزىدە تۇرۇپ ئىككى ھويلىنى سېلىشتۇردى. بەرىزنىڭ قوي، كالا، ئېشەكلىرى، ھارۋىلىرى، توخۇ، غاز، ئۆردەكلىرى تار ھويلىسى، بىلەن بېغىغا پاتماي قالغان، تۇرغاننىڭ ئازادە ھويلىسى، چوڭ بېغىدا بولسا ئاپئاق قاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

## 3

قەھرىتان قىش، قېلىن قار ئەمدى ئات - كالىلارنىمۇ ئېغىل - ھويلىلارغا قاماپ قويغان، ئۇلارمۇ ئىگىلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى ئوت - چۆپلىرىگە قاراشلىق بولۇپ قېلىشتى، تۇرغاننىڭ ئۆگزىسىدە يازدىن بېرى ئۆزى ۋە بالىلىرى قولتۇقلاپ

توشۇپ يۇرۇپ، قۇرۇتۇپ بېسىۋالغان ئىككى يۈز باغ چۆپى بار، ئۇنىڭ بىساتىدىكى بايلىقى گەمىدىكى ئىككى - ئۈچ يۈز كىلو كېلىدىغان سەۋزە، پىياز، ياڭيۇلىرى بىلەن مۇشۇ ئىككى يۈز باغ چۆپلا ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئاخشىمى كاۋا، ياڭيۇ قورۇدىقى بىلەن تويغاندىن كېيىن جوزا ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، مۇشۇ بايلىقى ئۈستىدە خېلى ئۇزاق ۋە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋالىدۇ:

— داۋالىنىڭ، بىر يۆتەلسىڭىز بىر ئاش پىشىم ھوشىدىڭىزغا كېلەلمەيسىز، كېچىچە تەرلەپ سۇنىڭ ئىچىدىلا ياتىسىز، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان!» — دەيدۇ ئايالى تۇرغانغا چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنۈپ.

— شۇنداق قىل دادا، — دېيىشىدۇ باللىرىمۇ خۇشال بولۇپ، — يازغا چىقىۋالساق ئۇرۇقچا يىغىمىز، ساتساق پۇل بولىدىكەن، كىيىم كىيىۋالالايمىز!

— مەنمۇ تولۇقتا ئات مىنىپ نومۇر ئۆتكۈزىمەن!

— مەن باش تېرىيمەن...

تۇرغان كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىق، ھاياتتىن لەززەتلىنىشى مانا مۇشۇ كۈلكىسى بىلەن بايان قىلىنىدۇ - دە، ئۇ كىچىك باللاردەك ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، باللىرىنى قورسىقىغا مىندۇرۇۋېلىپ، ئۆزىچىلا سۆزلەيدۇ:

— ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھا - ھا - ھا... ئۆتۈپ كېتىدۇ. توق يەپ، ئىسسىق كىيىدىغان كۈنلەر بولىدۇ، ئاشۇ چاغدا داداڭلارنى نېمە بىلەن خۇشال قىلىسىلەركىن؟ ھا - ھا - ھا!...

چۈشىنىشلىك، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى غەمدىن خالاس قىلىشىغا ئۇرۇنۇشى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى غەم تاشلىرى چوڭ قورام، چوڭ دۆۋە بولۇپ زورىيىۋاتسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالسىز قوللىرى بىلەن ئۇلارنى قانداقمۇ ئۆزىدىن نېرى قىلالايتتى؟ ئېرى

www.uyghurkitap.com

قاقاقلاپ كۈلگەندە، ئۇنىڭ بىتاپ ئايالى مۇشۇنى چۈشەنگەنلىك-
تىن كۆز يېشى قىلاتتى.

— يىغلىما خوتۇن، كۆڭلۈڭنى توق تۇت! — دەيتتى تۇرغان ئايالىنى ئۇمىدلەندۇرۇپ، — ھېسابلىدۇقۇ، بۇ يىل چۆپ قىممەتلەيدۇ. ھازىرلا بېغى ئەللىك تىيىنغا چىقتى. بىر سومغا چىققاندا، پۇل قىلىۋالىمىز. ئىككى يۈز سوم بولىدۇ. بىر يۈز ئەللىك سومغا بالىلارغا، ساڭا بىر قۇردىن كىيىم قىلىمىز، ئەللىك سومغا داۋالانسام سەللىمازا بولۇپ كېتىمەن. كۆكتاتلىرىڭنى سېتىپ بورداق قويىدىن ئىككى - ئۈچنى ئېلىپ قويساق، ئۈچ يىلدىلا ...

— قويۇڭ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىنى! — دەيدۇ ئايالى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئاۋۋال داۋا-لىنىڭ، ئاشقىنىنى بولسا، شۇ چاغدا كۆرەرمىز ...

ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن كېيىن، بالىلىرى ئۆز-ئارا تا-لاش - تارتىش قىلىشىدۇ:

— ماڭا پاختىلىق چاپان ئېلىپ بەرسە، مەكتەپكە بارد-مەن!

— ساڭا نەنىڭ! ھەددەمگە ئالىدۇ، ھەددەمنىڭ شىرىق چاپىنى ساڭا قالىدۇ.

— ماڭا بىر چوقاي ئېلىپ بەرسە، كىگىزدىن پايپاق قىلىپ ...

— سەن ئوقۇمىغاندىكىن نېمە قىلاتتىڭ؟

— قاچانغىچە ئوقۇمايمەن، مېنىڭدىن كىچىك بالىلار ھا-زىر ئۈچىنچى سىنىپقا كۆچتى.

— چۇرقىراشماڭلار! — دەپ ۋارقىرايدۇ ئانىسى بالىلى-رىغا ئاچچىق بىلەن، — كىيىمىڭلارنىڭ يامىغلى بولار، قورسىقىڭلارنىچۇ؟ گۆش كۆرمىگىلى بىر ئاي بولدى، ياغ دېگەن قان بىلەن باراۋەر بولۇپ كەتتى، مۇنۇ قوناقمۇ 3 - ئايغىچە

ئارانلا يېتىدۇ، نەق پۈل تۆلىمىسە نورما بەرمەيدىكەن ...

— قويساڭچۇ، خوتۇن، باللارنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ نېمە قىلىسەن؟ خۇشال بولغىلى قويغىن ...

— بىزگە خۇشاللىقنى كىم قويۇپتۇ ...

ئايال غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن شۇنداق دەيدۇ - دە، چوڭ قىزنى باشلاپ، گەمىدىكى كۆكتاتلىرىنى يوقلىغىلى چىقىپ كېتىدۇ.

تۇرغان لېۋىر كۆپچىلىككە ئارىلاشمايدۇ، ئارىلاشسىمۇ گەپ قىلمايدۇ، كورەك جۇۋىسىغا ئورىلىۋېلىپ، ماگىزىن ئال-دىدا ياكى ئاتخانا ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشايدۇ - دە، ئۆزى ياسىۋالغان ئاچچىق تاماكىسى بىلەن ئولتۇرغانلارنى مېھمان قىلىدۇ. بىرىدىن بىرەر پارچە گېزىت قەغىزى سورىۋالىدۇ - دە، ئۇنى دۈگىلەك قىلىپ ئورىۋېلىپ، تاماكا خالتىسىغا يۆگەپ يانچۇقىغا سالىدۇ ۋە ئانچە - مۇنچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ تاپىدىغان خۇشاللىقى ...

— تۇرغان، هاي تۇرغان! — بىرى ئەتىگەندىلا قاتتىق ۋارقىرىدى.

— بۇ بەرىزغۇ؟ — دېدى ئايالى دېرىزىدىن قاراپ، — يېنىدا بىرى بار، ئەتىگەندە نېمە بولغاندۇ؟

تۇرغان ئېرەنسىزلىك بىلەن پېيمىسىنى پۇتىغا ساپتى - دە، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتى ۋە سۇپىدىن چۈشۈپلا بەرىزگە سالام بەردى:

— قېنى ئۆيگە، قېنى، ئاتتىن چۈشەيلى! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاڭلىغانسەن؟ — دېدى بەرىز ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، سول قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئېگەر بېشىغا تايىنىپ، تۇرۇپ، — دۈيىمىزگە يۇقىرىدىن كادىرلار چۈشتى، مانا بۇ

www.uyghurkitap.com

كىشى بىزنىڭ شىاۋدۇيگە مەسئۇل بولۇپ چۈشكەن كادىر ئىمىنجان!

— ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دەپ كۆلدى تۇرغان بىر قولى بىلەن گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ياخشى بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. قېنى ئەمىسە ئىمىنجان كادىر ئۆيگە كىرەيلى!

— لۇشيەن تەربىيىسى يۇرگۈزگىلى كەلدۇق! — دېدى. ھېلىقى كادىر تۇرغانغا بىپەرۋا كۆز تاشلاپ قويۇپ.

— ھەممە ئەزالار يىغىنغا كېلىۋاتىدۇ، سىز بارمىدىڭىز، بولمايدۇ يولداش، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى «لىن» نى، كوڭزىنى پىپەن قىلىۋاتىدۇ، ئىنقىلاب قىلىۋاتىدۇ، سىززە شەخسىيەتچىلىك قىلىپ ئۆينىلا چۆرگىلەيسىز كەن!

— تاۋىم يوق، قىزىم قاتنىشىۋاتىدۇ، سوغۇق چۈشۈپ قېلىپ! ...

— قويۇڭ، يولداش تۇرغان! — دېدى ھېلىقى كادىر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، — سوتسىيالىزم قۇرۇشقا تاۋىڭىز يوق، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشتا تايغاندەك سەكرەيسىزكەنغۇ؟ بەرىز دۈيجاڭ سىزنى تازا چۈشىنىدىكەن، ھەيران قىلىۋاتامسىز؟ يولداش بەرىز سىلەرنىڭ دۈيگە يېڭىدىن دۈيجاڭ بولۇپ سايلاندى، بۇرۇنقى دۈيجاڭ دادۈي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئۆستى! دۈيجاڭنىڭ قوشنىسى ئىكەنسىز، بۇندىن كېيىن ھايت دېسە، ھۇيت دەپ تۇرۇڭ!

تۇرغان قۇلىقىغا ئىشەنمەي داڭقېتىپلا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى:

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — قېنى، ئاتتىن چۈشەيلى ئىمىنجان كادىر، بەرىز دۈيجاڭ!

شۇ چاغدا بەرىزنىڭ ئايالى تونۇر بېشىدا پەيدا بولدى.

— بۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى كادىر. كۆڭ-

زى دەپ مۇشۇ تۇرغان ئېزىلەشنى دېسە بولىدۇ، ئايالچۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە سوتسىيالىزمنى تىللايدۇ، بىزلا بۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىدۇق، زەردى بار ئـادەم بـولسا، ئـۇلارنىڭ قورۇ ـ جايىغا ئوت قويۇۋېتەتتى!

— ئاياللار ئىچىدە سەركىلىك رول ئويناڭ يەڭگە! — دېدى كادىر بەرىزنىڭ ئايالىغا قاراپ كۇلۇپ، — ياخشى سۆز-لەيدىكەنسىز. نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ ياخشى ئەزاسى بولۇشقا لايىق ئىكەنسىز!

تۇرغاننى يۆتەل تۇتۇپ كەتتى، بۇ قېتىم ئۇنى ئايالى بىلەن قىزى قولتۇقلاپ ئارانلا ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

## 4

تۇرغان شياۋدۇي ئىشخانىسىدىن قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىپ، بوسۇغىدا تامغا يۆلىنىپ بىردەم تۇردى ـ دە، دېمىنى تۈزۈۋېلىپ موخۇركا ئورىدى.

— نېمانچە چەككۈلۈك، ئىسنى يۇتقاندا غەم قاچىدىغان-دەك، — دېدى بېشىنى چېكىلەپ ياتقان ئايالى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — قەرز يىغىدىكەن دەمدۇ، نېمە؟

تۇرغان بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكەر-گەن، ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇشۇپ كىرىپ كەتكەن، شالاڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى ئاقارغان، يۈزىدىكى گىرەلەشكەن قورۇقلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، يوغان كۆز-لىرى نۇرسىزلىنىپ قاڭشارلىق بۇرنى ئىنچىكە قىڭراق بىسىد-دەك بولۇپ قالغانىدى، تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ياققان سە-رەڭگە يورۇغاندا، چىرايىدىكى ئاشۇ قېرىلىق ئالامەتلىرىنى تې-خىمۇ ئوچۇق كۆرگەن ئايال ئۆزىنىڭ ئون يەتتە يىللىق ھەمرا-ھىنىڭ كۆڭلىنى ياسماقچى بولۇپ:

— نېمانچە غەم قىلاتتىڭىز، قورۇ - جايىنى تۇتۇپ بېرەيلى، شۇنىڭ بىلەن قەرز تۈگەيدۇ. دادام بىزنىڭكىگە كۆچۈپ بېرىۋېلىڭلار، ئىككى ئۆينىڭ قۇرۇق ئۇنى بىر ئۆيگە ئاش بولىدۇ، بارنى تەڭ كۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزەرمىز دەۋاتىدۇ. جاي بىلەنلا غەمدىن خالاس بولساق، ئالسا ئالامدۇ، قەرزگە تۇتۇپ بېرەيلى، — دېدى.

— كېلەر يىل نېمىنى تۇتۇپ بېرىمىز خوتۇن؟

— يەنە مىڭ سوم يىغىلىغىچە، باللار چوڭ بولۇپ قالار ...

تۇرغان تاماكىنى قاتتىق شورىدى ۋە ئارقىدىنلا مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆتەلدى. باللىرى دۇمبىسىگە شاپىلاقلىدى. ئايالى قايناق سۇ ئىچۈردى، لېكىن توختىمىدى. ئاخىرىدا ھۆ بولدى، ئايالى داس تۇتۇۋىدى، ھۆ بىلەن قان كەلدى. ئايالى ئېرىنىڭ پېشانىسىنى ئالىقانلىرى بىلەن تۇتتى ۋە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— قاچانغىچە دەردىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتىسىز؟ ئۆزىڭىزنى شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك دەمسىز؟ چۆپنىمۇ، كۆكتاتلارنىمۇ، باغدىكى دەرەخلەرنىمۇ ساتايلى، دوختۇردا يېتىپ داۋالىنىڭ!

ئانىسىنىڭ يىغىسىغا قاراپ باللىرىمۇ يىغلاشتى.

ئەتىگەنلىكى ئۈچ ئات قوشۇلغان ھارۋا تۇرغاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. ھارۋا يېنىدا ئاتلىق تۇرغان بەرىز ئالدىغا ئارانلا مېڭىپ چىققان تۇرغانغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئاتخانىنىڭ ئۆگزىسىدە بېدە قالماپتۇ، ئاتلار بىر - بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى يېگۈدەك بولۇشتى. قەرزىڭ ئازراق بولسىمۇ ئازايسۇن. ئۆگزەڭدىكى چۆپ-ۈڭنى قەرزگە ھېسابلاپ ئۆتكۈز!

— سېتىپ ... سى ... تىپ داۋالىناي، دېگەن، — دېدى تۇرغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ.

— ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىسەن! ... — دېدى بەرىز

قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، — دەريادا سۇ بولسا، ئېرىقتا سۇ بولىدۇ! سەن كېسەل بولساڭ شەخسىي ئىش، دۆلەتنىڭ ئاتلىرى نېمە يەيدۇ؟ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىغا بىر قېتىم بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلسەڭچۇ!

ئۇنىڭ قول.ئىشارىسى بىلەن هارۋىدىكىلەر ئۆگزىگە سەكرەپ چىقىپ، مايسىدەك كۆپكۆك چۆپنى ساناپ تاشلاشقا باشلىدى.

— دۆيجاڭ بىر بېغىنى ئىككى باغقا هېسابلايلى، — دېدى بىر يىگىت يوغان بىر باغ چۆپنى شەرەت قىلىپ، — تۇرغان ئاكام هالال ئەمگەك قىلىپ باغلاپتۇ، بىزمۇ هالاللاپ ئالايلى.

— سۆزلىمە، «پۇتمىگەن قەرزگە پوق ئال» دېگەن گەپ بار، ئامالنىڭ يوقىدىن پۇلغا چېقىۋاتىمىز. مۇسادىرە قىلىنىۋالىدىغان چۆپ بۇ. تۇرغان بېغىغا چۆپ تەرمىدى، دۆينىڭ ئېتىزىدىن ئوغرىلاپ ئەكەلگەن!

ئاغزى گەپكە كەلمەي جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان ئايال تەستە سورىدى:

— ئىسىت، ئىسىت! ئوسمىدەك چۆپ ئىدى، بازارغا ئاپارسا، بىر سومدىن ئالاتتى، بېغى قانچىدىن بولىدۇ، ئەمدى!

— ئەل نەرخى! — دېدى بەرىز قوپاللىق بىلەن، — قانچىدىن بولاتتى؟ بىزگە ئالتۇن جىڭلاپ بېرىۋاتقىنىڭىز يوق. باها تالىشىپ كەتكىنىنى تېخى! بېغى ئون تىيىن! بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون تۆت سومدىن يىگىرمە سومنى ئېلىۋەتسەك، بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆت سوم قالىدۇ!

— باللار تاتىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ، دەردىمىزگە دەرمان بولارمىكىن دەپ يېيىتىپ قۇرۇتۇپ باسقانىدى، ئىسىت! باللارغا بولسىمۇ ئىچى ئاغرىسا بولماسمىدى!

ئۇنىڭ نالىسىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بەرىزنىڭ ئايالى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

تونۇر بېشىغا چىقتى:

— سېنىڭ ئوغرى كۆچۈكلىرىڭگە ئىچ ئاغرىتىپ، قەر-
زىڭنى كۆتۈرۈۋەتسە بولاتتىمۇ ئەمىسە، ۋۇي كۆڭزىنىڭ پۇشتى،
لىن بىياۋنىڭ غالچىسى، كوللېكتىپقا قارشى تۇرغىنىڭ «ئۆزۈڭ-
نى تۇت، ئەدەپكە قايت» دېگىنىڭ، كۆرسەن تېخى، بۇرنۇڭ-
نىڭ نوخلىسىنى ئالىدىغان چاغلار كېلىۋاتىدۇ!

هارۋا يۇرۇپ كەتتى. هويلىدا تۇرغاننىڭ يالىڭاچ باللىرى
چېچىلغان چۆپلەرنى تېرىپ، يۇگۇرۇشۇپ يۇرۇشەتتى. باللار
ئاشۇ بىرنەچچە سىقىم چۆپ بولسىمۇ بىر يەرگە دالدا بولىدۇ،
دادىمىزغا ئارام بولىدۇ دەپ ئويلايتتى.

## 5

شۇ كۈنى تۇرغان لېۋىر هال ئېيتىش ئۈچۈن بۇرۇنقى
دادۇي شۇجىسى ئاۋۇت قارىۋاينىڭ ئۆيىگە باردى. ئاۋۇت قارىۋاي
چا بۇرۇت، تېمەن، كۆزلىرى يوغان، گەپلىرى كەسكىن ئادەم،
ئۇ هازىر شيادۇينىڭ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار
جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى. ئۆزى ئاتخانىدا ئات باقىدۇ. ئۇ تۇرغاد-
نىڭ قىسقا، لېكىن جانغا تېگىدىغان نالىسىنى ئاڭلاپ:

— قەرزدارنى دۈشمەن دەۋالسا بۇ ئاقمايدىغان گەپ، بەرىز
دېگەن ساختىپەزگە دۈيجاڭلىق تەگكەندىن كېيىن نېمە بولماق-
چى، باشقىسىنى باشقا كەلگەندە كۆرەيلى، ساڭا بىر هارۋا
جايلاپ بېرەي، كۆكتاتلىرىڭنى سېتىۋال، خاڭغا ئاپارغىن، يە
بولمىسا، ئاۋۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كان كولاۋاتقانلارغا ئاپار-
غىن. ئەمما كېمە بويىدا ئاگاھ بولغىن، — دېدى.

هارۋىنى كېچىسى ئەكېلىپ بەردى. تۇرغان باللىرى بى-
لەن پۇسۇرلاپ يۇرۇپ تاغارلارغا ياڭيۇ، پىياز، سەۋزىلىرىنى
قاچىلىدى ـ دە، توخۇلىرىنىمۇ سېۋەتكە سېلىپ هارۋىغا باستى.

دالاندىكى ئىككى پارچە كونا كىگىزنى بىلەن هارۋىنى ياخشىلاپ
چۈمكىدى، ئۆزى ئۆكۈزنى يېتىلەپ هويلىدىن شەپە بىلدۈرمەي
ئېلىپ چىقتى. ئۇ هارۋىنىڭ ئۈستىدە شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋې-
لىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۆزىگە هەمراھ بولۇپ كېتىـ-
ۋاتقان قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باراتتى:
— تارازىنى سەن تۇت، پۇلنى مەن ئالاي، — دېدى
قىزى خۇشال بولۇپ دادىسىغا يۆلىنىپ، — پىيازمۇ، سەۋزىمۇ
خىل، ئاپام بىچارىنىڭ ئەمگىكى بىكار كەتمەيدىغان بولدى.
هېسابلاپ كۆرسەم، بىر يۈز ئەللىك سومدەك پۇل بولىدىكەن.
ياناشىمىزدا كالا گۆشىدىن بولسىمۇ بىر كىلو سېتىۋالايلى،
ئۇكىلىرىم بىر گۆشلۈك غىزا يەۋالسۇن، قالغان پۇلنى ئېلىپلا
مەن سېنى چوڭ دوختۇرغا ئەكىرىمەن! …
تۇرغان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى …
ئۇلار ئۆكۈز هارۋىنىڭ ئاستا ماڭغىنىغا رەللى بولۇشاتتى-
يۇ، لېكىن ئۆكۈزنى ئۇرغۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئۆكۈز
ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۆكۈز ئۇلارغا گويا ئۆ-
يىگە دۆۋىلىنىپ قالغان بالايىئاپەتنى بارسا كەلمەس بىر يەرگە
ئاپىرىپ، تۆكۈۋېتىشكە كېتىپ بارغاندەك بىلىنەتتى. قىز هې-
لىدىن ـ هېلىغا ئۆكۈزگە ئوت ۋە باش قوناقلارنى بېرەتتى،
قوزۇق ياغاچتىن تۇتۇۋېلىپ هارۋىنى بىللە سۆرىشىپ بېرەتتى.
ئۆكۈزنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىكى قىراۋلارنى يېڭى بىلەن
سۈرتۈپ قوياتتى …
ئۇلار كۈن بىلەن دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى …
تۇرغان لېۋىرىنىڭ ئايالى دالانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېرىم پارچە
كىگىزنى سالدى ـ دە، بالىلىرىنى شۇ يەرگە جايلاشتۇردى.
ئۆزى بولسا مەشنىڭ بېقىنىغا ئاشلانغان ئۆچكە تېرىسىنى سېلىـ-
ۋېلىپ بىردە قىيسايدى، بىردە زوڭزايدى، لايدىن ئۇ يەر ـ
بۇ يېرىگە ياماق سېلىنغان مەشكە مەدەكنى ئۇزۇلدۇرمەي قالاپ

تۇردى. ئاخشاملىققا «ھاردۇق ئېشى» ئېتىش ئۈچۈن ئاپىسى-
نىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ پاتمان ئۇننى كىچىك تەڭنىگە
بېسىپ قويدى، قۇرۇتۇلغان كۆكۋاش، ماش پۇرچاق ۋە قۇرۇت-
لارنى، چامغۇر - پىيازلارنى ئاقلاپ تەييار قىلىپ قويدى. ئۇ
دېرىزىدىن غۇۋا چۈشۈۋاتقان يورۇققا قاراپ، كۈن ئولتۇرۇشقا
ئاز قالغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

— بۇ ئادەم ئەتىگەنرەك سېتىلىپ بولسا قولۇمدا ھارۋى-
نىڭ بارىدا بىر ھارۋا كۆمۈر باسقاچ كېلىمەن، دەۋاتاتتى. مۇنۇ
بەرىز قانجۇقتىن قورقۇپ كەچرەك كېلەي دېگەن ئوخشايدۇ.
ھەي ئىسست! قىزىم سوغۇق يەپ قالىدىغان بولدى، دادىسىنىڭ-
مۇ ئوبدانلا تاۋى يوق، يېتىپ قالمىسا بولاتتىغۇ! — دېدى
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

— مىنىڭلار تۇتۇۋالدىمۇيە! — دېدى سەككىز ياشلىق
ئوغلى جامال ئانىسىغا جاۋاب بېرىپ.

— ئاغزىڭغا تاش! — دېدى ئايال قولىغا لاخشىگىرنى
ئېلىپ، — سەن شۇم ئېغىزنىڭ تىلىنى داغلىمىسام، ۋۇي!

بالا سوغۇق ۋە يالىڭاچ سارايغا قاچتى.

— چىق دەيمەن، پوكىنىڭغا سوغۇق ئۆتىدۇ! — دەپ
ۋارقىرىدى ئايال خىرىلداپ، — بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن
ھېلى!

ئۆيگە قۇرۋانگۈل، غۇنچىگۈل، كامالىدىنلار كىرىپ كې-
لىشتى، ئۇلار پالتىسىنى كۆتۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئوتۇن
تېرىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېچىلىپ
قالغان تىزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئىشتاننى يەنە شاققا ئىلىندۇرۇپسەن - ھە، كامال! —
دەپ ئون ياش ئوغلىغا كايىدى ئايال تەرىنى تۈرۈپ.

— ئىلىندۇرمىدىم، ئىلىنىۋالدى! — دېدى كامال كۈ-
لۈپ، — كۆتەك چانىغانىدىكىن، شاخنىڭ يېنىغا بارىدىغان ئىش

ئاپا، بارغاندىكىن ئىلىنىدىغان ئىش، ئىلغاندىكىن ئاخشاملىققا يامايدىغان ئىش!

ئايال ئوغلىنىڭ سۆزمەنلىكىگە كۈلدى.

— يامغۇچىلىكى قالمىدى، — دېدى غۇنچىگۈل كۈلۈپ، — يېپىنى چىگراق تارتساڭ، تىككەن يېرىڭ يىرتىلىدۇ. كامال مەيلى، دادام ساڭا ئىشتانلىق ئېلىپ كېلىدۇ!

— داداڭلار سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارنى باقىمەن، دەپ باشقىلارغا بوسۇنچۇق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئانىسى پېشانىسىنى تۈرۈپ، — قاراڭلار، سىلەرنى باقىمەن دەپ ئەللىككە كىرمەي تۈرۈپ، بوۋام - مومام بولۇپ كەتتۇق! سىلەر ئىزا تارتماستىن كىيىمنىڭ غەلۋىسىنى قىلىۋاتىسىلەر، تېخى!

— دادام داۋالانسۇن! — دەپ جامالنىڭ قاپقارا چاچلىق چۆگلەك بېشىنى باغرىغا باستى قۇرۋانگۈل، — جېدەل قىلمايسەن - ھە، ساقام!

قاراڭغۇ چۈشتى، ھارۋا ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئايال بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ تالاغا چىقتى، ھارۋىدىن دېرەك بولمىدى. ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي يولغا قارىدى، ھارۋا كەلمىدى.

ئايال ئەتىگەنلىكى بالىلىرىغا زاغرا بىلەن چاي بەردى. جوزىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى تۇرغان لېۋىر ئولتۇرىدىغان جاي بوش قالدى. ئايالنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى:

— سەن ئۇكىلىرىڭغا قارىغىن قۇرۋانگۈل، غۇنچىنى ئەگەشتۇرۇپ دەريا بويىغا بېرىپ كېلەي.

— جىرىڭ-جىرىڭ سوغۇق، ئۇششۇپ قالىسەن ئاپا! — دېدى قىزى نارازى بولۇپ.

— رەللى بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە، ئۇششۇپ بىراقلا ئۆلەي! — دېدى ئانا باشلىرىنى كونا تور ياغلىق بىلەن ئوراۋېتىپ.

شۇ چاغدا ئۆيگە كىيىم - كېچەك، قاش كىرپىكى ئاپئاق

قار بولۇپ كەتكەن ھالدا بەختىگۈل كىرىپ كەلدى.

— داداڭ قېنى قىزىم؟ — ئايال قىزىنىڭ مۈرىسىدىن ئاستا سىلكىپ سورىدى.

— سولاپ قويدى! — دېدى قىز ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ، — ھارۋا، ئۆكۈز، كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىۋەتتى!

— كىم؟

— گوڭشېنىڭ مىنبىگىلىرى!

— ئۇقتۇرۇپ دېگىنە، يىغاڭنى كېيىن يىغلىۋال قىزىم، زادى نېمە بولدى؟

قىز بىردەم ئۆپكىدەپ - ئېسەدەپ تۇختىدى - دە، ئەھۋالنى قىسقىچىلا ئېيتتى: ئۇلار دەريا بويىغا بېرىپ كېمە ساقلاپ خېلى تۇرۇپتۇ. ئاخىر مۇز بىلەن ئەپلەپ ئۆتۈۋاپتۇ. يېزا بازىرى ئەمدىلا باشلىنىشىغا گوڭشېنىڭ قوراللىق مىنبىگىلىرى كەپتۇ. ئېپى بارلار قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ، تۇرغان لېۋىر قىزىنى خاتىرجەم قىلىپ:

— ئەھۋالنى ئېيتىمەن، كېسەل داۋالىتىمەن، مانا دوختۇرنىڭ خېتى، ھايانكەشلىك قىلمىدىم، بېغىمغا تەرگەن كۆكتاتلىرىم دەيمەن، ئادەم بالىسى بولغاندىكىن، راست گەپكە ئىشىنەر! — دەپتۇ، لېكىن مىنبىگىلار قاچقانلارنى قوغلىماپتۇ، بىرىنچى بولۇپ تۇرغاننى تۇتۇپتۇ.

— ماڭ!

— ئۆكىلىرىم مەن ...

— سۆزلىمەي ھەيدە ھارۋاڭنى!

— مەن بىر نامرات ... ئۆكىلىرىم ...

— نېمە؟ ھازىر كىم نامراتكەن؟ ياخشى ئادەم بۇ يەردە قاغا پوق يېمەستە تەمتىلەپ ھارۋىسىنى سۆرەپ يۈرمەيدۇ!



www.uyghurkitap.com

— ھەي، مەن بىر گۈڭشى ئەزاسى، مۆمىن بىر ئەزامەن! ...

— ھەيدە، گەپ تۈگىدى! — بىر مىنبىڭ ھارۋىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپتۇ، بىرى تارازىنى دەسسەپ يانجىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. تۇرغان بېرىپ ھارۋىغا ئېسىلغانىكەن، مىنبىڭ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىتىۋېتىپتۇ. تۇرغان ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپتۇ - دە، يۆتىلى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، ئۇلار گۈڭشى مىنبىڭ جىخۇيبۇسىغا كەپتۇ. تۇرغاننى «مىنبىڭغا ياندى» دەپ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. مانا ھازىر قىز دادىسىغا تاماق ئاپىرىشقا كەپتۇ.

ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى:

— قاچانغىچە ياش تۆكىمىزكىنتاڭ، — دېدى ئۇ ئۇزاق يىغىدىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ، — يۈگۈر قۇرۋانگۈل، ئاۋۇت مۇدىرنى باشلاپ كەلگىن. بىزنىڭ مۇنۇ ھالىمىزنى شۇ ئادەم يەنە بىر كۆرسۇن، يەنە بىر قېتىم ئاتىدارچىلىق قىلسۇن!

ئاۋۇت قارىۋاي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، گۈڭشىغا باردى. ئۇ كەچقۇرۇن بىھوش ياتقان تۇرغان لېۋىرنى ھارۋا بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئاۋۇتنىڭ چار بۇرۇتى تىك - تىك بولۇپ كەتكەنىدى.

— بەرىز بىلەن ئاۋۇ شۇجى بولغان خاۋارىچىنىڭ ئىشى، — دېدى ئۇ تۇرغاننىڭ ئايالىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، — مېنىڭ تۇرغانغا ھارۋا بەرگىنىمنى بىر ئالا قاغا ئۇلارغا يەتكۈزگەن، ئۇلار ئەتەيلەپ مىنبىڭلارنى ئىشقا سالغان. مانا ئەمدى تۇرغانغىمۇ، ماڭىمۇ بولدى. مېنىڭ گەدىنىمگە بىر ئۆكۈزنى يازدى، ئۆكۈزنى ئۇلار ئۆزلىرى سويۇۋېتىپ، تالادا بوغۇلۇپ قاپتىكەن، بوغۇزلاپ قويدۇق دەيدۇ، تېخى!

تۇرغاننىڭ ئۆي ئىچى يالىڭاچلانغان، ھەتتا ھېلىقى ئىككى

پارچە كىگىزنىمۇ بەرمىگەنىدى. تۇرغان كۆكىرىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى كەس ـ كەس يېرىلغان ھالدا بورا ئۈستىگە راسلان-غان ئورۇندا ئېغىر تىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ باللىرى يىغا ـ زار بىلەن دادىسىنى ئورىۋالغان، ئايالى بولسا ئېرىنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ، ئەلەملىك كۆز ياشلىرى بىلەن جاپاكەش ھەمراھىنىڭ يۈزلىرىنى نەمدەپ .نالە قىلاتتى:

— ئاۋۇت ئاكا، ئېيتىڭا، نېمىشقا پېشكەل بولسىلا بىزگە چاپلىشىدۇ، نېمىشقا بىزدەكلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم چىق-مايدۇ، بىز ئەمدى قانداق تىرىكچىلىك قىلالايمىز؟

## 6

تۇرغان لېۋىر شۇ ياتقىنىچە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئارانلا ئۆرە بولالىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ياتقان كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇنىڭ قورۇ ـ جايى توققۇز يۈز سوم باھالىنىپ، قەرزى ئۈچۈن دۈيگە ئېلىنىدى. باغدىكى ياغاچ ـ تاشلىرى ئىككى يۈز سومغا يارىدى. تۇرغاننىڭ گەدىنىدە يەنە بىر يۈز توقسان تۆت سوم قەرز قالدى. ئۇ ھازىر قېيناتىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىساتىدا بىر سومغا يارىغۇدەك بىر نەرسە قالمىغان، بۇ يىل ئىشلەپ نومۇر ئۆتكۈزگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتىمۇ تۈگىگەنىدى. ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىمىنجان كادىر-نىڭ ياتىقىغا كەلدى. كادىرنىڭ ياتىقىدا مەشكە ئىسلىغان قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى. تۇرغان لېۋىر ھاسىغا تايىنىپ، ئىشىك تۈۋىدە ئۇزاق تۇردى، ئاخىر دادۇي شۇجىسى ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە، مازاق قىلدى:

— ھوي، بىزگە قارانچۇق بولغىلى كىردىڭمۇ، گېپىڭ

بولسا قىلمامسەن؟

— قارىسام، بوش ئەمەسكەنسىلەر، — دېدى تۇرغان كۈلۈمسىرەپ، — نېمە گېپىمىز بولاتتى. ھال ئېيتىدىمىز شۇ ...

— ئېيت، ئەمما گەپنى سوزما، — دېدى ياش شوجى ۋاقىتسىز سالغىلى باشلىغان قورسىقىدىكى پوتىسىنى بوشىتىپ تۇرۇپ.

— ئىككى ئىش بىلەن كەلدىم، — دېدى تۇرغان گېپىنى سوزماستىن، — مەن ھازىرغىچە دۆي بىلەن سودىلاشماي كەلگەنىدىم، ئەمما ئەمدى سودىلاشمىسام بولمىدى، ئۆيۈم ئەرزان باھالىنىپ قاپتۇ. باشقىسىنى قوياي، بەرىنىڭ ئۆيىگىلا سېلىشتۇرىمەن. مېنىڭ ئۆيۈم تۆت ئېغىز، ھەر بىرىدە بەش تالدىن قارىغاي لىم، پېشايۋاننىڭ ياغاچلىرىمۇ قارىغايدىن، مەن ياغاچقىلا ئالتە يۈز سوم نەق پۇل تۆلىگەنمەن. مېنىڭ شۇنچە كاتتا جايىم توققۇز يۈز سوم باھالىنىدىكەنۇ، بەرىنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيى، كىچىككىنە پېشايۋان، تار ھويلا، ئالىقاندەك بېغى بىر مىڭ سوم باھالىنىدىكەن. بەرىز جاينى سېتىپ مېنىڭ جايىمنى پۇل قوشمايلا ئېلىۋاپتۇ، بۇ قانداق ھەقىقەت؟

— ھە، يەنە بىر پىكرىڭچۇ؟

— يەنە بىرىمۇ ئوخشاشلا پىكىر! — دېدى تۇرغان زەردە بىلەن ھىمىرلىپ ئولتۇرۇپ، — مەن گۇڭشېدىن چىقىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئىمىنجان كادىر دەرھال سورىدى.

— ئۇنىڭغا «نېمە ئۈچۈن؟» كەتمەيدۇ، كادىر! — تۇرغان تىترەپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولسىڭىز، خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلاتتىڭىز!

— شۇنداق بولسىمۇ سەۋەبىنى بىلگۈم كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ قويۇڭ! — دېدى تۇرغان بار غەيرىتىنى تىلىغا يىغىپ تۇرۇپ، — قورسىقى تويمىغان ھوي-

www.uyghurkitap.com

لىدىن ئىت جېنىدا لالما بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. مەن ئادەممەن، ئادەم بولغاچقا، ھالال ئەمگىكىمگە ئېچىنىۋاتىمەن. ساپلىق، ھالاللىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ قەرزدار بولدۇم. مانا ئەمدى گۇناھكارمەن. بەرىڭزدەكلەرچۇ؟ بىر قېتىم ھالال ئىش قىلمايدۇ: ئوغرىلايدۇ، بۇلايدۇ، تالايدۇ، باي بولىدۇ، دۆلەتچىلىك، ياخشى كادىر بولىدۇ. بەرىزلەر كۆكلىگەن ئورۇندا بىزدەكلەر سارغىيىدىكەنمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن گۆشىدىن چىقىپ كېتىمەن!

— قانداق چىقماقچىسەن؟ — دادۇي شۇجىسى مازاق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — سېنىڭمۇ ئاچچىقىڭ باركەنغۇ تېخى؟

— ئادەم ئىتقا ئۆزگەرسە ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ياۋاشلىق بېشىمغا بالا بولدى. كۆپ بولسا ئۈچ - تۆت ئاي كۈن كۆرىمەن، ئۈچ - تۆت ئاي يامانلىق قىلغىنىمغا دوزاخقا كىرىپ كەتسەممۇ مەيلى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى شۇجى. مەن سىلەرگە يالۋۇرغىلى كەلمىدىم، دەپ قويغىلى كەلدىم. بىرىنچىدىن، مەن ھازىردىن باشلاپ گۆشچى ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، جايىمنى توققۇز يۈز سومغا ساتمايمەن!

ئۇ شۇ گەپنى دېدى - دە، تىترىگەن پېتى ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇجى:

— بۇنىڭ تىلى چىقىپ قاپتىغۇ - ھە؟ — دېدى.

— ئۆلگۈسى كەلگەن يىلان كۈندۈزى يول ماڭىدۇ شۇجى، — دېدى كادىر، — بەرىزنى ھايت دەپ قويساقلا، بۇنى ئوڭايلا ياۋاشلىتىپ قويىدۇ!

## 7

ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ قاپتاللار ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. خىلمۇ خىل گۈل - گىياھلار، تاشتىن - تاشقا

ئۆرۈلۈپ ئېقىۋاتقان شوخ بۇلاق سۈيى، يىراقتا كۈمۈش پاياندازدەك پارقىراپ ياتقان دەريا، ياپيېشىل جاڭگاللاردىن كېلىدىغان كاككۇك ئاۋازى، سۇلارنىڭ شارقىراشلىرى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرغان لېۋىرنىڭ سولغۇن ۋە مىسكىن كۆڭلىگە ئارام، دىل يارىسىغا مەلھەم بولىدۇ. ئۇ چىمەنلىكتە سۇنايلىنىپ ياتقاندا ئازراق جېنى ئارام تاپقاندەك بولىدۇ. لېكىن ئىچ - ئىچىدىن پۇۋلەپ چىقىۋاتقان يۆتەل، يۆتەل بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر خىل يىرگىنچلىك بۇس ئۇنىڭ كېسىلى ئوڭايلىقچە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ - دە، ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن گۈزەل تەبىئەتكە تويماستىن قارايدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ئايالى كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا يېڭىلا قاينىتىلغان سۈت ۋە ئىككى تۇخۇم بار ئىدى. ئايالى تۇرغاننى تاماققا زورلىدى:

— ناشتا قىلىۋېلىڭا. غەم قىلماڭ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. غەم قىلغۇدەك نېمىسى بار دەيسىز؟ قارىڭا، باللىرىڭىزنىڭ ئىشلەۋاتقىنىنى، ئۇلار سالامەت بولسىلا ئوڭلىنىپ قالىمىز.

تۇرغان يان باغرىدا يېتىپ، قاراسۇنىڭ ئۇ چېتىدىكى تاللار ئارىسىدا ئىشلەۋاتقان باللىرىغا قارىدى. باللار شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئۆزلىرى ئاچقان يەرنى چىتلاۋاتاتتى. تۇرغان باللىرى بىلەن مۇنۇ بۇلاق سۈيىنى نو بىلەن شۇ ياققا ئۆتكۈزۈپ، تۆت - بەش مودەك يەرنى كۆكلەتتى. ئەنە شۇ يەرگە تېرىلغان قوناقلار بىر ئوتىقىدىن چىقىپ، قاپقارا بولۇپ غول تارتماقتا. كاۋىلىرى چېچەكلىدى، ياڭيۇ، پىياز، باشقا كۆكتاتلىرىمۇ ئاجايىپ ئايىندى. باللىرى يەنە قاراسۇ بويلىرىدىن، قاپتاللاردىن يەرلەرنى ئېچىپ، كەندىر، ئاپتاپپەرەس، ئابدىمىلىك، تاماكا، قوغۇن، تاۋۇزلارنى تېرىدى. قېيناتىسى ۋە باشقا يېقىنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ مۇشۇ قاپتالنىڭ ئاستىدىكى بۇلاق يېنىغا ئۆي ياسىۋالدى، توخۇ، غاز، ئۆردەك قىلدى.

— گۈڭشېدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغانلىقىمىز ياخشى

www.uyghurkitap.com

بوپتىكەن، — دېدى ئايالى كاككۇك گۈللىرىنى تۇرغاننىڭ قۇلاقچىسىغا قىستۇرۇۋېتىپ، — خېلىلا ئوڭلىنىپ قالدۇق، باللارغا بىر قۇردىن كىيىم قىلدۇق، سىزگە دورا ـ دەرمەك ئېلىۋاتىمىز. كېيىنچە پۇل يىغالىساق، ئۈچ ـ تۆت قوي ئېلىۋالايلى، گاداي بولساڭ مال بىلەن ئېيتىش، دەپتىكەن، بۇ يەر مالغا ئەجەب ئەپلىككەن.

تۇرغان كۈلۈمسىرىدى. قۇلاقچىسىنى كۆزىگە كىيىپ ئاياللىنىڭ قاتمال ئالىقانلىرىنى سىلىدى:

— جىق قىينالدىڭ خوتۇن! جىق قىينالدىڭ! مەن سېنى قىيناپ قېرىتىۋېتىمەن، دەپ ئالغانمىدىم؟ ياق، سېنىڭ بىلەن بىللە لەززەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزىمەن دەپ ئويلىغان. كۈچۈمگە ئىشەنگەن، كۆپۈرلۈق بولغان ئوخشايدۇ، مانا ئەمدى، قېنى ئۇ كۈچ، قېنى ئۇ لەززەت؟ ماڭا ئەلەم بولغىنى جايىمنىڭ بەرىزگە ئۆتۈپ كېتىشى بولدى! مەن ئاشۇ جاينى ياسايمەن دەپ، بىر ئاي ئۇخلىماي دېگۈدەك ئەمگەك قىلىپ زىڭلى بولۇپ كەتتىم خوتۇن، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئۆي بىلەن تۈگىدى، ھەي ئىسىت! ئۆيۈمدە، بىر مەرىكە ئۆتكۈزەلمىدىم، ئىسىت!

— باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ، يەنە قىلىۋالىمىز، بەرىزمۇ، ھېلىقى تەنتەك كادىر بىلەن دادۇي شۇجىسىمۇ بىر كۈنى بېشىنى يەيدۇ، بىزنىڭ يۇقىرىغا يازغان ئەرزىمىز بۇ چاغقىچە تەگكەندۇر. خەپ، دادۇي شۇجىسى شۇنچىلىك بولىدىغان بولسا، جامالىمنى شۇجى قىلمايدىغان بولسام، كۆرۈپ تۇرسۇن!

تۇرغان خىرىلداپ كۈلدى ۋە سۇتنى بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى.

خېلىدىن بېرى، مۇشۇ جاڭگالدىكى چىم ئۆينى ماكان قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەر ـ خوتۇن بۈگۈن خاپىلىقنى نېرى قويۇپ، باللارنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى.

دادۇي شۇجىسى ناھىيىدە ئېچىلغان يىغىندىن خاپا ھالدا
قايتتى، ئۇ ئۆيىگىمۇ كىرمەستىن، ئۇتتۇر بەرىزنىڭ ئىشكىگە
كەلدى - دە، غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— پۈتۈن نەتىجىمىز بىكارغا كەتتى. ھېلىقى تۇرغان
دېگەن ئېزىلەش يۇقىرىغا خەت يازغانىكەن، خەت يۇقىرىغا تېگىپ-
تۇ. يۇقىرىدىن ناھىيىلىك كومىتېتنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ
خەت يېزىپتۇ، ناھىيىلىك كومىتېت شۇجىسى مېنى چاقىرىپ:

— نېمىلا بولمىسۇن، دۇيگە قايتۇرۇۋېلىپ كېلىڭلار،
تەربىيە بېرىڭلار، دېدى. بۈگۈندىن قالدۇرماي ئۇنى ئۆز ئۆيىگە
كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلگىن!

بەرىزنىڭ بېشى قاتتى. ئۇنىڭغا ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىش
بىلەن ئىش تۈگىمەيتتى. تۇرغان ئەمدى بەرىزنى بوش قويمايت-
تى. ئۇنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن تارتىپ ئوغرىلىقلىرىغىچە
پاش قىلىدۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلماقچى؟ ئۇ خوتۇنىغا مەسلى-
ھەت سالدى. خوتۇنى مۇنداق جاۋاب بەردى:

— تۇرغان تىرىك كۆزى، سەن بەرىز ئۇنى پىپەن قىل،
ھەيدەپ ئەكېلىپ ئىشلەت، گۈڭشېغا كىرىش بار، چىقىش يوق!
گۈڭشېدىن چىقىش — چېكىنىش، تىرىلىش! ئەرز يازغىنى
ئەنزە ئاغدۇرغىنى!

— سەن خوتۇن بۇ گەپلەرنى! ...

— دادۇي نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى يىغىنىدا دېيىل-
گەن گەپلەر بۇ. ماڭ يۈگۈر، بېرىپ چار يىلاننىڭ بېشىنى ئەز!

ئىمىنجان كادىرمۇ مۇشۇ گەپنى ئىسپاتلىدى. بەرىز دادۇي
شۇجىسىنىڭ ئېڭىدىن ئۆتكۈزدى. دادۇي شۇجىسى مىنبىڭ ئاج-
راتتى. ناھىيىلىك كومىتېت شۇجىسىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدۇق،
ئورۇنلاشتۇردۇق، دەپ تېلېفون بەردى. تەييارلىق پۈتكەندىن
كېيىن، بەرىز دۈيجاڭ مىنبىڭلارنى باشلاپ تۇرغان لېۋىرنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى

«كۆچۈرۈپ كېلىش» ئۈچۈن يولغا چىقتى.

... تۇرغاننىڭ باللىرى جار - جۇر قىلىشتى. تۇرغان توقۇۋاتقان سېۋەتنى تاشلاپ، قاراسۇغا ياسالغان لىڭ - لىڭ كۆۋرۈككە يۈگۈردى. ئۇ ھېلىقى يېرىدىكى زىرائەتنى چاناپ - يۇلۇۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى. تۇرغاننىڭ باللىرى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا، پۇتلىرىغا چىرمىشىپ كاشىلا بولۇۋاتاتتى. قىيا - چىيا، يىغا - زارنى ئاڭلاپ، تۇرغاننىڭ كۆڭلى ئاينىدى، بېشى قايدى، پۈتۈن بەدىنى تىترىدى. خۇددى يەر قاتتىق سىلكىنگەندەك بولدى - دە، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ھوش بولدى، قاپقارا قان قۇستى.

— تەرگەن - تىككىنىنى بىتچىت قىلىۋەتتۇق، — دېدى بەرنىز دادۇي شۇجىسىغا دوكلات قىلىپ، — لېكىن تۇرغاننى ئېلىپ كېلەلمىدۇق، ئۇ كۆكەملىك قىلىپ يالغاندىن ئاغرىق بولۇپ يېتىۋالدى.

— ئۆلۈك، — دېدى دادۇي شۇجىسى بەرنىزنى ئەيىبلەپ، — تۆت - بەش مو يەرگە ئۇنى - بۇنى تەرگەن دەمسىنا، بۇ كاپىتالىزم تىرىلگەنلىكىنىڭ بىر پاكىتى. ئەتىگەنلىككە پۈتۈن ئەزالىرىڭنى نەق مەيدانغا ئېلىپ بارغىن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پېپەن يىغىنى ئاچ!

بەرنىزنىڭ دورداي كالپۇكى خۇشاللىق كۈلكىسى بىلەن ئۆمەللەندى.

ئەتىگەنلىكى ئادەملەر مەھەللىدىن چىقىپ، تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ جاڭگال تەرەپكە ماڭدى، ئادەملەر تۇرغان لېۋىرىنىڭ تۇرۇشلۇق يېرىدە، قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆردى. ئېتىزلار، كەپىلەر تىپ - تالاس قىلىنغان، تۇرغان لېۋىر ياپىيېشىل چىمەن ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئالتە بالىسى بىلەن دەردمەن ئايالى بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ، مۇردىغا ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ ھازا قىلماقتا ئىدى. بەرنىز ئالاقزادە بولۇپ دادۇي شۇجىسىغا قارىدى، دادۇي شۇجىسى كۆپچىلىككە قاراپ:



www.uyghurkitap.com

— قارار ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرغان ئۆلگىنى بىلەن تارقاتقان زەھىرى ئۆلمىدى، پىپەن يىغىنى ئېچىلىۋېرىدۇ! — دېدى. تەكلىپنى كۆتمەيلا بەرىنىڭ ئايالى ئالدىغا چىقتى.

— ئۆلسىمۇ توۋا قىلمايدىغان جاھىل قەرزدار! ...

— تارت تىلىڭنى! — مۇدىر ئاۋۇت ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ چاربۇرۇتى تىك - تىك بولۇپ يۈزى تېخىمۇ قارىيىپ كەتكەندى، — جامائەت تۇرغاننى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئاپىرايلى، ئۇنىڭ مېيىتى ئۆز ئۆيىدە ئۇزىتىلسۇن! — كۆپچىلىك غەزەپ ۋە ئېچىنىش بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار بىر ئۈمۈر يەرگە ئىشلەپ، مانا ئەمدى يەرنى قۇچاقلاپ ياتقان ھەمراھىغا كۆز ياشلىرى بىلەن ھېسداشلىق قىلىشتى.

بەرىز چىداپ تۇرالمىدى:

— قەرزدار ئۇ، جايىنى قايتۇرۇپ بەرسەك، قەرزگە ئېمىسىنى ئالىمىز؟! — دەپ تىترىدى.

— سەنمۇ قەرزدارسەن! — دېدى مۇدىر ئاۋۇت ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — تۇرغان ھالال ئىشلەپ نان يېگىنىگە قەرزدار بوپتۇ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق، يۇرت - جامائەت كۆتۈرۈۋېتىدۇ. لېكىن سەن، تۇرغاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان قەرزدارسەن!

كەچقۇرۇن تۇرغان لېۋىرنىڭ تاۋۇتى مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. بېلىگە ئاق باغلاپ ھازا قىلىشىۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالتە بالىسى بىلەن ئايالىلا بولماستىن، يۇرتقا يېقىن تۇغقان، دوستلىرى ۋە ئۆزىدەك ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئىدى ...

ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىقى، بايلىقى ۋە لەززىتى بولغان كەڭرى ھويلىسى ئادەم بىلەن تولدى.

تۇرغان ئارزۇ قىلغان مەرىكە بۈگۈن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مەرىكە — ئۇنىڭ ئۆز قورۇسىدىن ئاخىرقى قېتىم، مەڭگۈلۈككە ئۇزىتىلىشى ئىدى.

1978 - يىل، غۇلجا.

# ئامەت

## 1

رازاق يېرىم كېچىدە ئويغىنىۋېلىپ يېنىدا ياتقان خوتۇنىنى ئىرغىتتى:

— كۆزۈڭنى ئاچقىنا مەرييە، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىنا: ئامەت كەلسە شۇنداق بولىدىكەن، بېشىڭنى تونۇرغا تىقىۋالساڭ-مۇ بەخت قۇشى بېشىڭغا قونۇۋېرىدىكەن. دۈيجاڭلىق مېنىڭ ئېرىمگە يەنە تېگىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ رازاقتىن كىشىلەر بىزار بولدى، ئەمدى ئۇنى ھېچكىم دۈيجاڭلىققا كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئويلىغان بولغىيدىڭ - ھە؟ جەزمەن شۇنداق ئويلىدىڭ، كەم ئەقىلسەن - دە! شۇ تاپتا ئېرىڭ خۇشلۇقتىن ئۇخلىيالماي-ۋاتىدۇ. شېرىك بول، خاپىلىقىغا تەڭ - ئورتاق بولىسەنۇ، خۇشاللىقىنى ئېرىڭگە ئۆڭچە قويۇپ بېرەمسەن؟ ياق، كۈل، خۇشال بول!

— ئوھۇش، خۇشال بولغۇدەك نېمىسى باركەن، كىم دۈيجاڭ بولماپتىكەن؟ ھېلىمۇ دۈيجاڭلىق، ئىسسىقى قالمىغان چاپانغا ئوخشاپ قالغاندا سىزگە تەگكىنى ...

— ساراڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ؟ يېڭى سىياسەت، كاتتا ئۆزگىرىش دەۋرىدە دۈيجاڭلىق ماڭا تەگدى، بىلەمسەن، دۈيجاڭ دېگەن — ھوقۇق، قىرىق - ئەللىك ئۆيلۈكنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا دېگەن سۆز. سەن نېمىنى بىلىسەن، ھوقۇق — ئامەت! ئابرۇي، پۇل، راھەت - پاراغەت دېگەنلەرمۇ ئاشۇ

ھوقۇقنىڭ كارامىتى. سۆزلىگىنە، ئەتە كەچتە قانچىلىك مېھمان چاقىراي، مېنى دۈيجاڭ سايلاشقا قول كۆتۈرۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىمۇ؟ ياق، قانات ـ قۇيرۇق، قول ـ پۇت بولالايدىغان ئالتىلا ئادەمنى چاقىرىمەن. ئەمما ئەللىك ئادەمنى كۈتكەندەك كۈتىمەن. ئۇلار بىزنىڭ تەرەپنىڭ تۈۋرۈكلىرى، مەن شۇلارنىڭ كۈچى بىلەن بېشىر تۇرگۇننىڭ تەرەپدارلىرىنى يەڭگەنمەن، ئەتىگەنلىككە نان ـ توقاچ ياق، ھۇنىرىڭنى كۆرسەت، مېھمانلىرىمنىڭ جانلىرى يايرىسۇن! ...

ئايالى ئۇخلاپ قالدى، لېكىن ئەتىسى كەچ كىرگۈچە مېھمان كۈتۈشكە تەييارلىق قىلدى.

قاراڭغۇ چۈشمەيلا مېھمانلار كېلىشتى. ئۇلار مۇشۇ قېتىم رازاقنى دۈيجاڭ قىلىپ كۆتۈرۈشتە «جان پىدا قىلىشقان» كىشىلەر. بۇ ئالتە ئادەم ئىچىدە بىر يەرگە يىغىلسىلا غەيۋەت قىلىش، ئىغۋا توقۇش، باشقىلارنى كەينىدىن تىللاشتا بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغانلار بار. ئۇلار يۈزتۇرا ماختاش ـ ماختىنىش، خۇشامەت، يالغانچىلىقتا يۈزى قىزارمايدىغان، ھەر خىل مىجەزلىك، ئەمما بىر پىكىرلىك، ھەر خىل ئاۋازلىق، ئەمما بىر تىللىق ئادەملەر. ئۇلار بىر كۆز بېقىشىش بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. نىيىتىنى بىلەلەيدۇ...

ئەمدى قالغان گەپنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاڭلايلى: مانا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېسام «زۇغۇي» دېيىلىدىغان پېشقەدىمى سۆز باشلىدى:

— قېنى ئەمىسە، بىرىنچى رومكىنى رازاق دۈيجاڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئالتە قول كۆتۈرۈلدى، ئالتە پىيالە بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇلدى.

— ئىككىنچى رومكىنى كۆزى ياراشقان ئالتۇن ئۈزۈكتەك، دۈيگە ياراشقان يېڭى رەھبەرلىكنىڭ شان ـ شەرىپىگە!

— قېنى، ئىچتۇق!
— خوْشە!

ئىككى پىيالە ئاق هاراق ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىچىك تىللىرى چېققىلى تۇردى. ياسىداق سارايىنىڭ يۇمشاق چۆشەكلىرىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان ئالتە دوست بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، ئالتە خىل ئاۋازدا تەڭلا ماختىنىشقا باشلىدى:

— بۇغدايىنىڭ راسا ئوخشىغان يەرلىرىنى ئۆز ئادەملىرىمىزگە توغرىلىدىم.

— بېشىرغا يالغاندىن شورلۇقنى ماختاپ قويدۇم. ئۇ ئەمدى ئىتتەك خارلىنىپ، شورلۇقتا پاشىغا يەم، پاقىغا هەمراھ بولسۇن!

— بېشىرنىڭ تەرەپدارلىرى گۆڭشېغا ئەرز قىلارمىكىن دەيمەن!

— سەن رازاق، ئاتتىن چۈشمەي كۆكۈيشىلىق قىلىپ بەرگىن، ئېتىز ئىشىڭنى ئەزالارغا قىلغۇزىمەن!

— قېنى غەلىبە ئۈچۈن يەنە بىردىن قاقايلى! — دېدى رازاق هەمراھلىرىغا زوق بىلەن بىر - بىردىن قاراپ چىقىپ، — بۈگۈن ئۆيۈمنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار، كىگىز - كېچەكنى تىلغۇۋېتىڭلار. هەر قانداق غىزانى بۇيرۇشقا، ئۇسسۇل - ناخشا، ئىشقىلىپ، هەممىڭلا رۇخسەت. مەن سىلەرگە بېشىم بىلەن خىزمەت قىلىشقا تەييار، ئۆمىلىتىپ مىنىپ ئوينىساڭلارمۇ، قولۇمنى كۆسەي، بېشىمنى داپ قىلساڭلارمۇ رازىمەن. خۇشال بولايلى، كۈلەيلى! بىز يۇرتنىڭ مېڭىسى، يۈلۈنى، يۈرىكى. بىزلا تىك تۇرۇپ بەرسەك پېشىمىزنى تۇتقانلار كۆكلەيدۇ، پېيىمىزگە چۈشكەنلەر داغدا قالىدۇ. قېنى، خۇشاللىق ئۈچۈن، بەرىكەت - ئامەت ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئۇلارنىڭ پارىڭى بارا - بارا بىر نۇقتىغا — بېشىر تۇرگۈن

www.uyghurkitap.com

ئۇستىگە مەركەزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ
بەرمەي ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى، بېشىرنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدا
سۆزلەشمەكتە. بەلكىم ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ تېمىدا سۆزلى-
شەر ياكى ئارىلىرىدىن بىر «بوزاقى» چىقىپ كۆكۈللۈك ئولتۇ-
رۇش جېدەل بىلەن ئاخىرلىشار. خەير، بىز ئۇلارنى شۇ يەردە
قويۇپ تۇرۇپ، ئەمدى بېشىرنىڭ ئۆيىگە كېلەيلى.

## 2

بېشىرنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنى دۇيجاڭ قىلىشقا بۇرۇنقىدەك
قىزىقمىدى. تىركەشمەيلا دۇيجاڭلىقنى رازاققا ئۆتۈنۈپ بېرىش-
تى. ئۇلار بېشىرنىڭ دۇيجاڭ بولمىغىنىغا سولتايمىغىنى بىلەن
دۇينىڭ ئىككى مىڭ بەش يۈز مو كۆزگىسىدىن ئالىقانچىلىكمۇ
ئالمىغىنىغا خاپا بولۇشتى.

— سەن نېمىشقا ئاغزىڭدىكى ناننى خەيرىگە بېرىۋېتىسەن! —
دېيىشتى ئۇلار ئاچچىق بىلەن. بېشىر كۈلۈپلا قويدى، ئۇنىڭ
يا ئاچچىق قىلغىنىنى، يا قورسىقىغا بىر پىلان پۈككىنىنى
بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ جىمىلەش، تەسەللى، خۇ-
شاللىق، ھېسداشلىقلىرىغا پىسەنت قىلماي ئۆيىگە قايتىپ
كەلدى.

ئۇ پېشايۋەننى ئاستىدىكى سۇپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە:

— ماڭا ئەللىك مو يەر تەگدى، — دېدى ئايالىغا قاراپ
كۆتمەك بۇرۇتى ئاستىدىن مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ.

— ئاڭلىدىم، ھېلىقى شورلۇق، ھېلىقى پاشىلىق، ئىت
ئۆلۈكىنىمۇ قويغىلى بولمايدىغان ئىلجىرىق باسقان يەرنىما؟ ئۇ
يەرگە نېمە تېرىماقچى؟ بەش بالىنى چۈچۈكبۇيا، كەكرە ـ
بۇدۇشقاق بىلەن باقاتتىمۇ مەن؟ بەرگەن يېرىنى قارىمامدىغان؟
ۋۇي، شۇنداق دۇيجاڭنىڭ تىلى ئېقىپ كەتسۇن، قاچانغىچە

ئانى تاپماق؟ زادى رازاق تارىمۇش ئىش بېشى بولسىلا بىزگە بالاسى تەگمەي قالمايدۇ! ...

— قويساڭچۇ، خوتۇن!

— دەيمەن، ئەمدى تىل قىسىنچىلىقىم يوق، ئۈچ ۋاخ سۇيۇقنىڭ ۋاقتىدا[①] شۇ تارىمۇش دۈيجاڭ بولۇپ نېمىلەرنى قىلمىدى؟ قوي بورداپدىغان كۈنجۈرنى يېگۈزدى، پولات تاۋلاي-مەن دەپ باغدىكى قۇچاق يەتكۈسىز قارىياغاچلارنى كېسىپ كې-تىپ بىر تىيىن بەرمىدى. ھەدېسىلا سىزنى كولايدۇ: ئۇرۇق-تۇغقان، ئاغىنە ـ ئۈككۈنى قويماي غاجىدى، سولىدى، ئۇرغۇز-دى، جازالىغۇزدى! قۇچاقتىكى بالامنى سۆرەپ يۇرۇپ كۈنىگە مىڭدىن باغلىق ئېتىپ تاپقان نومۇرلىرىمنى ئىلىك ئالمىدى، داجەي ۋاقتىدا بېغىمىزنى تارتىۋالدى، ھويلىمىزنى قورايغا باس-تۇرۇۋەتتى، ئۆيىمىزنى تولا چاقتۇرۇپ تۆت قېتىم تونۇرۇمنى يۆتكەپتىمەن. ۋۇي بېشىنى يەيدىغان تارىمۇش، يا ئۆلمىدى، يا يىقىلمىدى، قاچانغىچە ھاپاش بولىدىكىن بىزگە. تايىنلىق ئۆزى سۇغا باش قارا چىلان مەھەللىگە يېقىن يەرلەردىن ئېلىۋال-غاندۇ؟ ئۆزۈم بارىمەن، ياقىسىغا ئېسىلىمەن، چاشقان قۇيرۇ-قىدەك بۇرۇتىدا ئىلەڭگۈچ ئۈچىمەن! — ئايال دۈيجاڭنى كايد-غىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى.

— قايت!

بېشىر ئايالىغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى. يېلىم بىلەن قاتقان چاچلىرىدا سىيرىلىپ توختىمايۋاتقان ياغلىقىنى بىر قولد-دا تۇتۇپ، بىر قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ كېتىپ بارغان ئايال دەرھال توختىدى. ئۇ، ئۇزۇن يىللىق ھەمراھىنىڭ قويۇق قاشلار ئارىسىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئۆتكۈر، گازىر كۆزلىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى:

---

① 60 ـ يىللارنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ھە، بارمايمۇ ئەمىسە؟
— بارما!
بۆيرۇققا كۆنگەن ئايال قانچە تېز دەرۋازىغا بارغان بولسا، شۇنچە تېز سۈپىغا قايتتى. ئۇ بىردىنلا يۈمشاپ پەسكويغا چۈشتى ـ دە، يىلىنىش بىلەن:
— ئەللىك مو شورتاڭغا نېمە تېرىغۇلۇق ئەمىسە؟! — دەپ سورىدى.
— تاۋۇز.
— نېمە، بەزدەك يەرگىما؟
— بەزدەك ئەمەس!
— ھە؟
— ياغدەك يەر ئۇ، دادام رەھمىتى ئۇ يەردىن تاغار ـ تاغار بۇغداي ئالغان...
— ئۇ چاغدا يەر يېشىرقىمىغان، ئۇچ ـ تۆت يىل بوز ياتاتتى، ھازىرچۇ؟ ھەممە ئېتىزنىڭ ئاياغ سۈيى شۇ يەرگە توپلىنىدۇ، يازچە پاقا كوركىرايدىغان بىر كۆل تۇرسا ئۇ يەر!
— كۆل بولسا يەر قىلىمىز.
— تراكتور بىلەن ئاغدۇرۇپ بېرەتتىمۇ، نېمە بىلەن تۈزىگۈلۈك؟
— كەتمەن بىلەن.
— نېمە؟ كىم چاپىدۇ كەتمەننى؟
— ئىككىمىز چاپىمىز. چېپىگىنى ئەت، كەتمەن ئايلاتقىلى بارىمەن. ئوغلۇڭغا ئېيت، مەكتەپتىن كېلىپلا ئېشەك ھارۋىنى قاتسۇن!
بېشىر تۇرگۇن ئورنىدىن تۇردى. ئورنىدىن تۇرغاندا تىز-لىرى غىسىرلىدى. ئۇ ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى يىرىك، تارىمۇشتەك قاتقان قوللىرى بىلەن تارتتى، ئاندىن كېيىن، ئۆڭۈپ كەتكەن قارا پوتىسىنى چىڭىتىپ قويدى. بۇ

ئۇنىڭ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

بېشىر تۇرگۇن — بۇ ئىسىمنى مەھەللىدە كىم بىلمەيدۇ؟ قايسىبىر خالىس ئىشقا موھتاج بولغۇچى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولمىغان؟ قايسىبىر جېنى ئىچىگە پاتمىغان تەلۋە ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسا چۆچۈمىگەن؟ ئۇ ھاجەتمەنىنىڭ دەردىگە يېتىپ، بۇرنى كۆپكەنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم. بېشىر ئون بەش يېشىدىن قىرىق سەككىز يېشىغىچە بولغان ئوتتۇز ئۈچ يىلنى ئېتىز ئىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن دېھقان. ئۇنىڭ قاتمال قوللىرى قانچىلىغان چېپىشلىق كەتمەن، ئىتتىك ئورغاق، تاراڭ-تاراڭ ھارۋا، ئويناق ئاتلارنى قاتاردىن چىقارغان. ئۇنىڭ چاپقان كەتمىنى بىر يەرگە توپا دۆۋىلىگەن بولسا، بۇ مەھەللىنىڭ بىر چېتىدە تاغ بىنا بولغان بولاتتى، ناۋادا ئۇنىڭ ئورغاق-چالغىسىدا يىقىلغان بېدە-چۆپ، ئاشلىقلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ تۇرمەل ياسىغان بولسا، بۇ تۇرمەل ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى قىنىدىن چىقارغان بولاتتى. بۇ مۇلاھىزىگە ھېچكىم قارشى چىقمىسا كېرەك. چۈنكى كۆپچىلىك بىلىدۇ: بېشىر ئۈچ-تۆت يىلدا بىر قېتىم غۇلجا شەھىرىگە كىرىدۇ. ئۈرۈمچى تۇرماق، تېخى غۇلجىنىڭ غەربىدىكى باياندايىنى كۆرۈپ باققىنى يوق. ئۇ يېزىنىڭ ھەممە ئېغىر ئىشلىرىنىڭ قاتناشچىسى، قاش دەرياسىنى تىزگىنلەشتە كۈنىگە يىگىرمە-ئوتتۇز كۇب مېتىر توپا قېزىش بىلەن داڭق چىقارغان. پولات تاۋلاشتا ھەر قېتىم يۈز كىلودىن رۇدا كۆتۈرۈش بىلەن ئىلغار بولغان. چالغا چاپسا ئون نەچچە مو، ئورغاق تۇتسا يەتتە-سەككىز مودىن چۈشۈرۈپ ئورمىچىلىقتا تىلغا ئېلىنغان، چېلىشقا چۈشۈش، ئوغلاق تارتىش، قىسقىسى، ئەرلىك بىلەن كۆرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەر قاندىقىدا تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. ئەنە شۇ قەيسەرلىكى ئۈچۈن «تۇرگۇن» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولغان ئەمگەكچى. ھەر يېزىنىڭ ئاقساقال-مۆتىۋەرلىرى بولغىنىدەك، ھەممىلا ئىشتا

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىكنى ئىغىزىغا قارىتىدىغان سەركىلىرى بولىدۇ. ئۇلار-
سىز توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا داستىخان تارتىلمايدۇ؛
ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز قىز ـ يىگىتلەر ئۇچۇن ماقۇل جاۋاب
بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساپ دىللىقى، ھالال تەرى،
خالىسلىقى بىلەن ئەنە شۇنداق ھۆرمەت ـ ئىناۋەتكە ئىگە بول-
غان ... گەپنى بېشىر تۇرگۇنگە يۆتكەيلى: ئۇ، سۇپىسىدىن
چۇشۇپ ئامبىرىغا كىردى ـ دە، ئۇ يەردىن ئاقلانمىغان ئىرغاي
دەستىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ چىقتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا
گۇلخان يېقىپ دەستىلەرنى پۇچۇلاپ مالتىلىغۇچ بىلەن مالتىلى-
دى. شۇ چاغدا ئايالى سۇپىدا پەيدا بولدى ـ دە:

— ھوي، چاي ئىچمەمدۇ؟ — دېدى.

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرى، كۇن ئوبدانلا ئىسسىغان، مېكى-
يانلار سايرىشىپ، بىردە ئەنسىز قاقاقلاشقان، خورازلارنىڭ تاج
ھالقىلىرى ئالاھىدە قىزىرىپ، ئاۋازلىرى، قانات قېقىشلىرى
جانلانغان. موزاي، قوزىلارنىڭ قىيغىتىشلىرى قارىغۇجىنىڭ
دورامچىلىقى، قۇشقاچلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئەۋجىگەن چاغ. مانا
بۇ چاغدا دېھقاننىڭ كۆڭلى پىلان بىلەن تولىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپى
ئازىيىپ، ئىشى بىلەن غېمى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

بېشىر تۇرگۇن ھويلىسىدىكى تەبىئەت كەلتۇرگەن شاۋ-
قۇن ـ سۇرەننى ئاڭلاپ بەلۋېغىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ قويىدى
ۋە قولىنى يۇيۇپ پوتا ئۇچىغا سۇرتتى ـ دە، ئۇشتىسا چاچراپ
تۇرىدىغان نېپىز ئاق ناننى ئەتكەنچايغا بېسىپ يەپ، ئېتىزغا
تېزرەك مېڭىش ئۇچۇن سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردى.

## 3

قىشچە قار ئاستىدا سالپىيىپ ياتقان بۇغداي مايسىلىرى
باھار قۇياشى بىلەن جانلانغان، ياپراقلىرى يالتىراپ، خۇددى

يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تېز ئۆرلىمەكتە. تۈ-
تاش ئېتىزنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە خادىلار، بايراقلار قادالغان.
بەزى يەرلىرىگە ھەتتا شاخ - شۇمبا سانجىلىپ چىتلانغان،
دېھقانلار ئەمدى مۇشۇ پارچە يەرلەرنىڭ خوجايىنى، ئۇلار ئۆز
يەرلىرىدە بايلىق يارىتىش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەر تۆكمەك-
تە: بەزىلىرى ئوغۇت چاچماقتا، بەزىلىرى ئېرىق چاپماقتا،
بەزىلىرى ھەتتا ئالاڭغۇ يەرلەرگە چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ مايسا
كۆچۈرمەكتە ئىدى.

بېشىر تۇرگۇن يولدا كېتىپ بېرىپ بۇغداي ئېتىزىدا ئىش-
لەۋاتقان ھەمراھلىرىغا قاراپ خورسىنىپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ-
غا بۇغداي ئېتىزى بېرىلمىدى. ئەللىك مو شورلۇق يەرنى
كۆپچىلىك موزاي - توپاق ئوتلىقى قىلىمىز دېگەندە، يەر زايە
بولمىسۇن دەپ بېشىر تۇرگۇن ئۇ يەرنى توختام بىلەن ئۆتكۈزۈ-
ۋالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ غېمى ھەممىنىڭكىدىن كۆپ. لېكىن
بېشىر چىش يېرىپ بىرىگە ھال ئېيتمىدى. ئۇ كۆپچىلىك
ئالدىدا قىلغان ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ. نې-
مىلا بولمىسۇن، ئاشۇ يەردىن نان تېپىپ يېيىش، كۇلكىگە،
مەسخىرىگە قالماسلىق كېرەك.

— ھە، بېشىر، مېڭىپسەن - دە، — دېدى دۇيجاڭ ئۆز
ئېتىزىدىن چىقىپ كۇلۇپ تۇرۇپ، — كۆڭلۇم غەش ئاداش،
كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدىم؛ ساڭا بۇغداي ئېتىزى بۆلۈنمى-
دى. تۆت مودىن يەتتە جانغا يىگىرمە سەككىز مو بۇغداي تېگەت-
تى. ساڭا تازا ياخشى يەردىن بۆلۈپ بەرسەكمۇ بىرى غىڭ
قىلالمايتتى. لېكىن يەنە بىر قېتىم تۇرگۇنلۇك قىلدىڭ - دە،
تراكتور لازىممۇ؟

— ياق.

— بوپتۇ، بىكارغا ئاغدۇرۇپ بېرەيلى. ھە، راست، سەن
ئېيتقىنا، «تۆمۈر ئۆكۈز» نى ئون مىڭ يۈەن باھالاپ ھاكىمغا

بەردۇق. بەش يىلدا تۆلەپ بولىدۇ. قانداق، بوپتىمۇ؟
— ھېسابلاپ كۆرەي …
— بىزمۇ ھېسابلىدۇق، قىممەتمۇ، ئەرزانمۇ ئەمەس، ھاكىمغا ئېيتاي، ئەللىك مو يېرىڭنى بىكىرىغا ئاغدۇرۇپ بەرسۇن. ھە، بۇگۇن بارسا قانداق؟
— ئۇ چاغدا كەتمەننى نەگە ئىشلىتىمەن؟
— تولا تۇرگۇنلۇك قىلما بېشىر، قېرىدۇق ئەمدى، قېنى چەكتۇرگىنە!
بېشىر يالاڭ چىبەرقۇت تۇجۇركىسىنىڭ يانچۇقىدىن گۇللۇك خالتىسى بىلەن تۇرمەللەنگەن گېزىتنى چىقىرىپ دۇيجاڭغا سۇندى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ:
— ھە، راست، ئاياغ سۇيىنى چوڭ ئۆستەڭگە چۇشۇرۇۋېتىڭلار، ئەزالارغا ئېيت، ھەممىسى ئۆستەڭگىچە ئېرىق ئالسۇن. بولمىسا مېنىڭ ئېتىزىم سۇ ئاستىدا قالىدۇ، — دېدى.
— بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭ، ئويلىۋىدىم، ئۇنتۇپتىمەن، ئەتىلا پۇتۇن ئەزاغا چۇشۇرگە ئېرىق چېپىشنى بۇيرۇيمەن!
ئۇلار ياندىشىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا قارالىڭ: بېشىر دوغىلاق، قىسقا بويۇن، كەڭ يەلكە، ئاياغلىرى مەزمۇت ئەزىمەت. رازاق ئۇنىڭ تەتۇرىچە شودىما، پۇتلىرى ئىنچىكە، تىزى ئېگىلىپ تۇرىدىغان، دۇمچەكرەك ئادەم. چىرايلىرىچۇ؟ بېشىر قارا قۇمچاق، يۇزلىرى ياپىلاق، ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىل، ساقال - بۇرۇتلۇق، كۆرۈمسىز ئادەم. رازاق ئۇنىڭ تەتۇرىچە ئاق - سېرىق، ئاياللاردەك سىلىق يۇز، بۇرنى كىچىك، كۆزى يوغان، كوسا يىگىت … بېشىرنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غورۇڭ، موزاينىڭكىدەك قوپال. رازاقنىڭ ئاۋازىمۇ بويىدەك ئىنچىكە ۋە جاراڭلىق. ئەمدى مىجەزىگە كەلسەك، بېشىر كەم سۆز، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەر بىر سۆز خۇددى ئامبۇر بىلەن تارتىپ چىقىرىلغاندەك تەستە چىقىدۇ. ئۇ كەمدىن -



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەم كۆلىدۇ، ئويۇن - تاماشىدا يوق. رازاق بولسا ئىشتىن ئويۇننى، ئۇيقۇدىن گەپ سېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ گەپ بىلەن يىغلاۋاتقان بالىنى يىغىدىن، تەرسانى ئاچچىقتىن توختىتالايدۇ. مەھەللىگە تارقىلىدىغان پۈتۈن يېڭى خەۋەرلەر، دۆلەت سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر رازاقنىڭ تىلى بىلەن تارقىلىدۇ… بۇ ئىككىسى مىجەز جەھەتتە بىر - بىرىنى زېرىكتۈرىدىغان، بىر - بىرىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان ئىككى خىل ئادەم. بۇ ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئاشۇ ئىككى ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئىككىسى ئالمىشىپ دۈيجاڭ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ كۈچلۈك تايانچ- ھىمايىچىلىرى، سايلىغۇچىلىرى بار. ئۇلارنىڭ سايلىنىش قائىدىسىمۇ ئاددىي: سىياسى ھەرىكەت بولسىلا دۈيجاڭلىق رازاققا تېگىدۇ. دۈي قىيىنچىلىققا قالغاندا، ئەزالار بېشىرنى دۈيجاڭ قىلىۋالىدۇ. رازاق گەپ بىلەن، بېشىر ئەپ بىلەن ئەزالارنى باشلايدۇ. بىرى باي قىلىدۇ، بىرى گادايلاشتۇرىدۇ.

— ئاداش بېشىر، بوز ئاتنى ئۈچ يۈز سوم باھالاپ قويدۇم. قانداق؟ سەن ئال، رېزىنكە چاقلىق ھارۋىنىڭ ھېلىقى ئىككى ئاتلىقى يېڭى، ئۇنىمۇ ئەرزان باھادا ئال. مېنىڭ پىكرىمگە كىرسەڭ، ئۆكۈزلىرىڭنى سات، يەنە بىر ئات قىل. سوقىلاردىن ئىككىسى بار ئىكەن، بىرىنى تاللىۋال، ئاقسايدىكى سوقا تراكتوردىن قالمايدۇ، جۇمۇ. قانداق، ئات - ھارۋا، سوقىنى بۈگۈنلا ھويلاڭغا ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟

— ياق.

— ئۆزۈڭمىغۇ ئۆكۈز، قوشقا ئامراق، بوپتۇ ئەمىسە. ھە، راستىنىلا، ھويلاڭدا قوي قىغى جىق تۇراتتىغۇ، قول تراكتورلىرى بىلەن توشۇتۇپ بېرەيمۇ يا؟

— ياق، قىغىنىڭ لازىمى يوق.

— ئوغۇتلىمامسەن، ماڭا يىگىرمە ھارۋا قوي قىغى لازىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بولۇپ قالدى.

— ئوغۇتنى مەن بېرەي.

— ئاغزىڭغا قەنت ئاداش، كۆزلۈككە ئىككى مىشكاپ بۇغداي، بىر مىشكاپ زىغىر بېرىمەن. بىلمەن. سېنىڭ بۇ يىل توي ئىشىڭ بارغۇ؟ ھە، راست، سەن يازلىق بۇغداي تېرىۋالساڭ بولاتتى. چارۋىنىڭ يېرىدىن ساڭا يەنە ئوتتۇز مو بېرەي.

— ياق.

— ھە، توختا ئاداش، ئەمدى يادىمغا كەلدى، توختامدا ئەللىك مو يەردىن ئەللىك تونىنا تاۋۇز چىقىدۇ، دېيىشكەن ئەمەسمىدى، ھېسابلىسام، ۋەزىپەڭ ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنداقتا تونىنسى ئەللىك سوم، جەمئىي ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم بولىدىكەن. بەك ئېغىر، ساڭا ئۇۋال، ھەر موسىدىن ئۈچ يۈز كىلودىن تاپشۇرساڭ بولىدىكەن. بولدى، مەن بۇنى تۈزەيمەن.

— كۆپچىلىك تۈزگەن توختامنى سەن نېمىشقا تۈزەيدتىڭ؟

— ئۇنداق بولسا، ساڭا زىيان بولىسچۇ؟

— ھەممىلا ئادەم پايدا ئالاتتىمۇ ئەمىسە؟

— ياق، قارىغىنا ...

— بولدى، چۈشۈرگە ئېرىقىنى چاپ!

بېشىر تۈرگۈن قولىنى بىرلا شىلتىدى-دە، ئىلگىرىلەپ كەتتى.

— ئوغۇتۇڭنى ئېتىزىمغا توشۇيمەن-ھە، ئەمىسە! — بېشىر زۇۋان سۈرمىدى. شۇ كۈنىلا دۆيجاڭ قول تراكتورى بىلەن بېشىرنىڭ ھويلىسىدىكى ھەممە ئوغۇتنى بۇغداي ئېتىزىغا توشۇۋالدى ۋە چاپقۇزۇپمۇ بولدى.

## 4

خاتەمخان ئەمدى بۇ يەردىكى تۇرمۇشتىمۇ لەززەت بارلىقىنى چۈشەندى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چېچەك بىلەن پۈركەنگەن يېزىنى، تاۋاق قولتۇقلىشىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك مېھماندارچىلىققا بىللە ماڭىدىغان قوشنا ـ قولۇملىرىنى، يېزا ياشلىرىنى، ئۇزۇن پەرىجىلىرىگە پۈركىنىپ مەسچىتكە مېڭىشىدىغان جامائەت قوۋمىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تولا ئەسلەيتتى ۋە سېغىناتتى. ھازىرچۇ؟ بۇ يالغۇز كەپىدىمۇ ئىنسان ئۇچۇن يېتىپ ئاشقۇدەك خۇشاللىق بار ئىكەن.

ئىككى قەۋەتلىك، ئۇستى ئورۇس چېركاۋىنىڭ چېدىرىدەك كۆرۈنىدىغان يالغۇز كەپە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھۆرۈنلۈق بىلەن كۆشەپ ياتىدىغان ئالا سىيىر، تۆت قوي، ئىككى ئۆكۈز، تىنىمسىز ھاۋشىپ ـ غىڭشىيدىغان باغلاقتىكى ئاقتۆش ... خاتەمخانىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەكلىرى، كەپىدە سەھەر ئويغىنىپ تورغاينىڭ چىۋىلداپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىنى تاماشا قىلىش، قىرىلارنى ياشىرىتىۋاتقان دالا چۆپلىرىنىڭ مەزىلىك پۇراقلىرىدىن لەززەتلىنىش، شوخ موزاي بىلەن ئېيتىشىپ يۈرۈپ ئالا سىيىردىن قويۇق بىر چېلەك سۈت سېغىۋېلىش، ـناشتىغىچە تالاي يەرنىڭ ھۆسنىنى ئۆزگەرتىپ بولغان بېشىر تۇرگۇننىڭ قويۇق ئەتكەنچايىنى ئىشتىھا بىلەن ئىچكىنىگە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ شاما چايناش، چۈشكىچە كەتمەن چېپىپ، چۈشلۈكى سۈت ئېلىش، تاماق ئېتىش، چۈشتىن كېيىن يەنە كەتمەن چېپىش، كەچتە سالقىن شامالنىڭ سەگىتىشى بىلەن ئۆستەڭنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشىغا قۇلاق سېلىپ ئۇيقۇغا كېتىش ... ئومۇمەن ئۇنىڭغا يېڭىلىق ۋە لەززەتلىك ...

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بېشىر تۇرگۇن بىرىنچى قېتىم

چۈشلۈك ئۈيقۇغا ياتتى. ئېرىنىڭ خورىكىمۇ بۈگۈن خاتەمخانغا يېقىنچە بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل خورەك خاتىرجەملىك ۋە كۆڭلى ئەمىن تاپقانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. خاتەمخان تىنىمسىز ئېرىنى خاتىرجەم قىلغان ئەللىك مو يەرگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ماي قۇياشىدا ياشارغان ياپپېشىل دالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان بۇ يەر ئاندىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك ياپيالىڭاچ ئىدى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل چۆنەكلىكلەر، تارتىلغان ئېرىقلار، سوقۇلغان قىرلار، قارام-تۇل تۇپراقتىن باشقا ھېچنېمە كۆزگە چېلىقمايتتى. ئىككى چەتتە ئىلجىرىق، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن پەيدا بولغان چاۋا دۆۋىسى ئاقىرىپ تۇراتتى. بۇ تىلغانغان يەردىن بېشىر لەززەت-لەنگەنىكەن، خاتەممۇ ھۇزۇرلىنىشى كېرەك. چۈنكى بېشىرنىڭ خۇشلۇقىغا شېرىك بولۇش ئايال ئۈچۈن بىر مۇقەددەس بۇرچ ئەمەسمۇ؟ مانا شۇنى ئويلىسىلا ئەتىيازدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېرىنىڭ تىل ۋە سىلكىشلىرىگە چىداپ يۈرۈپ، تورغاي بىلەن تەڭ تۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكىچە كەتمەن چاپقىنى، زەمبىل كۆتۈر-گىنى، يىلتىز تەرگىنى، تاماق سالغىنى، چۆنەك داپلىغىنى، ئۇرۇق سالغىنى ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ ...

خاتەم ئۇرۇق سېلىنغان يەرلەرگە قارىدى. يۇمران يېشىل تاۋۇز مايسىلىرى چالمىلارنى ئىككى تال مەزمۇت ياپرىقى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، يەردىن ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ئايال خۇددى تۇنجى نەۋرە كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەپىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە خورەك تارتىۋاتقان ئېرىنى ئىرغىتىپ تۇرۇپ:

— ھوي، ھوي، بولۇڭ، بولۇڭ دەيمەن. تاۋۇزلار ئۈنۈپ-تۇ ... — دېدى.

— سارالڭ! ... دېدى بېشىر كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئول-تۇرۇپ، — ئۇرۇق سالغاندىكىن ئۈنمەيتتىمۇ ئەمىسە!

— غۇچچىدە ئۇنۇپتۇ! ...

ئايال كۈندە قارايغان، يېرىلغان يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كۈلدى.

— سۇ ئىسسىتىپ تارانغىن، ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بېرىمەن، بالىلىرىڭنى كۆرۈپ چىق!

— بۈگۈنمۇ؟

— ياق، ئەتە!

ئۇلار شۇ كۈنى كېچە كىرگۈچە كەپە ئەتراپىدىكى گۈللەرگە ئىشلىدى. يېرىم كېچىگىچە كەپە ئەتراپىدىكى گۈللەرنى، تاۋۇزنى قانداق سېتىش، كۈزلۈككە بولىدىغان تويلار توغرىسىدا زوق بىلەن سۆزلەشتى ۋە شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

خاتەمخان ئەتىسى يەنە تورغاي چۇچۇلىغاندا ئويغاندى. بىر تورغاي ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئاسمان تىنىق، كۆك ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە تاۋۇزلۇققا قارىدى. تاۋۇزلۇقمۇ تىنىق كۆك ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدى، كەپە ئەتراپى خۇددى ئاسماندەك تىنىق كۆك سۇ ئىدى. نە چۆنەك، نە قىرلار كۆرۈنمەيتتى. كەپە خۇددى قولۋاقتەك سۇ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ تۇراتتى، خاتەم چاچلىرىنى چاڭگاللاپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاييەي، قىيامەت قايىم بوپتۇ، توپان سۈيى!

بېشىر تۇرگۇن چۆچۈپ ئويغاندى ۋە سۇ ئاستىدا قالغان تاۋۇزلۇققا قاراپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. خاتەمخان بولسا خۇددى تۇيۇقسىزلا بىر يېقىنى قازا تاپقاندەك ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىغا جاۋابەن كۆل ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قاغا - قۇزغۇنلار ئەنسىز قاقىلداشتى ...

لېكىن بېشىر تۇرگۇن زەربە ۋە زىيانغا كۆنگەن ئادەم بولغاچقا، تولىمۇ ئاھ ئۇرۇپ كەتمىدى. ئۇ خوراز تاجىسىدەك قىزارغان مەزمۇت ئاياغلىرى بىلەن سۇ كېچىپ يۈرۈپ، ئاپەتنىڭ مەنبەسىنى ناھايىتى تېزلا تېپىۋالدى: رازاق تارىمۇش

كۆزگى بۇغدىيىغا بىرىنچى بولۇپ ئاختاما سۇيى قويغانىكەن. ئاخشام قىناپ قويغان بىر ئېرىق سۇ شۇ ئاققىنىچە چۇشۇرگە ئېرىقى چىپىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇتتۇر كېلىپ بېشىرنىڭ يېرىنى بېسىپتۇ. بېشىر دەرھال تۇغان يۆتكىدى، رازاقنىڭ بۇغدايلىقىغا خۇددى ئۆز ئېتىزىدەك ئىشلىدى ۋە ئۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچە دېھقان بىلەن بىللە رازاقنىڭ ئېتىزىدىن چوڭ ئۆستەڭگە قارىتىپ ئېرىق ئالدى. ئاياغ سۇيى ھېچكىمگە زىيان سالمايدىغان بولغاندىن كېيىن، رازاق بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن مەھەللىگە قاراپ ماڭدى.

خاتەمخان يىغلىغىنىچە مەھەللىگە كەلگەن ۋە رازاقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ داد ئېيتىپ بولغانىدى. رازاق خاتەمخانغا قوشۇلۇپ زىيان ئۈچۈن غەم يېدى ۋە دەرھال دۆي ھەيئەتلىرىنى يىغىپ «سۇ ئاپىتى» نىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغىنى ئۈچۈن بېشىرغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى.

— شۇنداقمۇ سۇ تۇتامسەن! — دېدى دۆي ھەيئەتلىرىدىن بىرى خاپا بولۇپ، — تۈنۈگۈن قىناپ قويغان سۇيۇڭ كېچىچە بېشىرنىڭ تاۋۇزلۇقىغا ئاققىنى نېمىسى؟

— ئاغىنىلەر، مەن قاچان سۇ تۇتۇپ باققان! — دېدى رازاق ئىقرار بولۇپ، — ھېزىم قاپاقتا ئىككى سوم بەرگەن، ئۇنىڭ بۇنچىلىك زىيان سالىدىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ھە، نېمىشقا يالغۇز سىنىڭلا چۇشۇرگە ئېرىقىڭ چىپىلمىغان؟ — يەنە بىر ھەيئەتمۇ ئاچچىق بىلەن سورىدى.

— ئېرىق دېگەن كەتمەن بىلەن پۈتىدىغان گەپ، مىنىڭ كەتمەن چېپىشقا نەدە چولام تەگسۇن. ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ يولىيورۇق بېرىش، يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىمەنغۇ!

— نېمىشقا ھېزىم قاپاقتا ئاياغ سۇيىنى ئۆستەڭگە قىنادەپ يولىيورۇق بەرمىدىڭ ئەمىسە؟

— ھېزىم قاپاق راستتىنلا قاپاقكەن، — دېدى رازاق خاپا بولۇپ، — مېنىڭ يېرىمگە ئۇست - ئۇستىلەپ ئوغۇت بېرىلگەن، ئېقىتىپراق سۇغارغىن دېسەم بېشىرنىڭ يېرىنى سۇ-غا باستۇرۇۋېتىپتۇ.

— سەنمۇ قاپاقكەنسەن ئەمىسە، — دېدى بىر گەپدان رازاقنى مازاق قىلىپ، — بۇغداينىڭ ئۇستىگە ئوغۇت چېچىپ يەنە ئېقىتىپراق سۇغارغىن دېگەن بولساڭ ئوغۇتنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتىپ بوپتۇ - دە؟

— بوغالتىر ئىككىمىز كۆرۈپ كەلدۇق، — دېدى رازاق خىرىلداپ كۇلۇپ، — بېشىرنىڭ تاۋۇزلۇقى سايرامنىڭ كۆلى بوپتۇ. ئاز كۇندىن كېيىن پاقا لېشى بىلەن ياۋا ئۆردەك قايناي-دۇ، ئەمدى بېشىر تاۋۇز تېرىيمەن دېمەي، قىلتاق قويۇپ ئۆردەك تۇتسا بولغۇدەك، ھا - ھا - ھا ...

— ھېزىم قاپاق يالغۇز ئەمەسكەن، بېشىرمۇ بىر چاتاق!

— شۇنىڭ ئۇچۇن چىقتى - دە، بۇ چاتاق! ...

— ھا - ھا - ھا ...

يىغىن بېشىرنى مازاق قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

## 5

خاتەمخان رازاقنىڭ ئۇستىدىن خېلى يەرگىچە ئەرز - شى-كايەت قىلىپ بارغان بولسىمۇ، بېشىر تۇرگۇن بىرىگە چىش يېرىپ داد ئېيتمىدى. ھەتتا رازاقتىن خاپىمۇ بولمىدى. كې-لىشمەسلىكنى ئۆزىدىن كۆردى. رازاقنىڭ چۈشۈرگە ئېرىقىنى بۇرۇنراق چېپىپ بەرگەن بولسام، بۇ بالايىقازا كەلمىگەن بولات-تى، دەپ ئويلىدى ئۇ.

كەچقۇرۇن رازاق تارىمۇش ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردى، ئۇ گەز باغلىغان نېپىز لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، ئەتەي ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

قايغۇلۇق كۆرسەتتى:

— ئەپۇ قىل، بېشىر، بىخەستىلىك قىلدىم، زىيان ماڭا ھېساب بولسۇن، مېنىڭ بۇغدايلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئال، مەن ساڭا زىغىردىن ئوتتۇز مو، قوناق تېرىشقا يىگىرمە مو يەر ھەل قىلىپ بېرەي، يەنە ساڭا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى بېكىتتۇق.

— مەن قۇتقۇزۇڭلار، دەپ قول سوزمىغاندىمەن!

— شۇنداقتىمۇ ئەمدى ...

— مېنى ئەمەس، سېنى قۇتقۇزۇش كېرەك، رازاق، — دېدى بېشىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئېغىزنىڭ يېلى بىلەن يىلىغا ئۈچ يۈز ئەللىك گۈڭ تاپىدىغان ئىش تۈگىدى. كەتمەن، ئورما، چالغا، سورۇق، تېپىن، ھەتتا ئۆگۈت ئېتىشنىمۇ بىلمەيسەن. ئۇششاق - چۈش-شەك گەپ بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ جان بېقىپ كەلدىڭ. ئەمدى-چۇ؟ قانداق جان باقىسەن؟ بۇ يىلغۇ دۈيجاڭ بولۇۋالدىڭ، ھازىرمۇ دۈيجاڭغا ياخشى كۆرۈنمەن دەپ ئىش - پىشىڭغا قارىشىپ بېرىدىغانلار بار. كېيىن بۇنداقلار ئازىيىدۇ، تۈگەي-دۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ مېنى قۇتقۇزىمەن دېمەي، ئۆزۈڭنى قۇتقۇز، سۇ ئاپىتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەن ئۆز قوغۇد-لۇقۇمنى قۇتقۇزۇۋالايمەن، ئەمما ساڭا تەس!

ئۈچ كۈندىن كېيىن بېشىر تۇرگۇن ئۆز كەپىسىدە يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ تاۋۇزلۇقى بىر غېرىچ لاتقىنىڭ ئاستىدا قالغان، بېشىر پۇچقاقنى تۈرۈۋېتىپ، تىزىغىچە لاي كېچىپ چۆنەكلەر ئارىسىدا مۈكچىيىپ يۈرۈپ تاۋۇز مايسىلىرى ئۈستى-دىكى لاتقىلارنى تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ مايسىلارنى قۇتقۇز-ماقتا ئىدى. ئەللىك مو يەردە نەچچە يۈز مىڭ تۈپ مايسا بار، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ قېتىم دۈمچىيىش، نەچچە مىليون قېتىم يەر تاتىلاش كېرەك؟ بېشىر بۇنى ھېسابلى-غىنى يوق. ئۇ پەقەت ۋاقىتنىلا ھېسابلايتتى: ئۇكەر كۆتۈرۈ-

لۈشتىن بۇرۇن نېمىلا بولمىسۇن تاتىلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ئىككى قۇلاق تاۋۇز مايسىلىرىنىڭ تۆت قۇلاق بولۇشى، ئۈچ تارتىپ، چېچەكلەپ خەمەكلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش كېرەك. غىزاسى، ئۇيقۇسى، ئارامى غورىگىل بولسىمۇ مەيلى، مايسىلار ئازابلانمىسۇن، ئۇ كېچىلىرىمۇ پانار يورۇقىدا يەر تاتىلىدى. بەش كۈندىن كېيىن خاتەمخان كەپىگە يەنە كۆچۈپ چىقتى. بېشىر ئايالىغا تاۋۇزلۇقنى كۆرسىتىپ:

— قارا، خوتۇن، توپان سۈيى كەلدى دەۋاتاتتىڭ، ئۇنداق ئەمەس، ئېقىپ كەلگىنى ساپلا قىغكەن، بەرىكەت كەلگەنىكەن. بىكارلا رازاق تارىمۇشتىن ۋايساپسەن. ئەمدى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيت!

يەنە بەش كۈندىن كېيىن خاتەمخان بېشىرنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى: تاۋۇز مايسىلىرىنىڭ ياپراقلىرى قارىيىپ، يالىڭاچ بالىدەك ياتقان يەردە كەتمەن كۆچىدىن گۈزەللىك پەيدا بولماقتا ئىدى.

ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئەللىك مو شورلۇقنى بىر- بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تاۋۇز پىلەكلىرى چۈمكەپ بولدى. خاتەمخاننىڭ كەپىسى ئەمدى يېشىل ياپراقلار ئۈستىدە كۈلۈپ تۇرغان سېرىق چېچەكلەر ئىچىدە كۆرۈنمەيلا قالدى.

ياخشىنىڭ ئەيىبى بولغىنىدەك، سېخىي يازنىڭمۇ خۇيى - جۇدۇنى بولدى. ئىيۇننىڭ ئاخىرى بۇغدايلار تاختا بولۇپ چېچەكلىگەن، قوغۇن - تاۋۇزلار راسا خەمەكلەۋاتقان، باغدا كاككۇك، بۇلبۇللار تازا مەست بولۇشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچقۇرۇن كۈنپېتىشتا تونۇردىن بۇخسۇپ چىقىۋاتقان قوراي ئىسىدەك قاپقارا بۇلۇت پەيدا بولدى.

— مۆلدۈر! — دېدى بېشىر پۇرچاق، ئاشكۆكى سېلىنغان مەززىلىك سۇيۇقئاشقا قېتىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ.

— خۇدايىمەي، تاغ باغرى بىلەن كەتكىيدى بۇ ئاپەت، —

www.uyghurkitap.com

دېدى خاتەمخان يۈرەكزادە بولۇپ. بېشىر ھېلىدىن ـ ھېلىغا چېقىنىۋاتقان چاقماقلارغا، تېز سۈرئەت بىلەن دىلمۇك تېغى قاپتاللىرىنى ياقىلاپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارغا قاراپ، ھاۋانىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلىشىنى زەن قويۇپ تىڭشاپ بىر ھازا جىم تۇرغاندىن كېيىن، كەپىدىن ئالدىراپ چۈشتى.

— نېمە قىلىسىز؟

— بوران كېلىۋاتىدۇ، ئوتنى ئۆچۈرۈۋەت!

بېشىر يەرگە چۈشۈش بىلەنلا كەپە قاتتىق سىلكىندى. بېشىر كەپىنىڭ تۆت تەرىپىگە تارتىلغان سۇلياۋ تۆشۈكلەرنى قايتىدىن تارتىپ، قوزۇقلارنى قايتىدىن قاقتى. چېدىرغا يېپىلغان يېشىل سۇلياۋنىڭ تانىلىرىنى چىڭىتتى. كەپە ھېلىلا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك سىلكىندى، غاراسلىدى. ھەر سىلكىنگەندە خاتەمخان «يائاللا!» دەپ توۋلاپ تۇردى. لېكىن كەپە غۇلىمىدى. بېشىرنىڭ پۈتۈن دىققىتى تاۋۇزلاردا ئىدى. سويمىلىرى چوڭىيىپ كەتكەن بولسىغۇ بوران ھېچ دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى، ھازىر سويمىلارنىڭ چوڭى باشتەك، كىچىكلىرى كەپتەر تۇخۇمىدەك، يېڭى چاچراۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇ خۇددى كۆكرىكى بىلەن مايسىلارنى ھىمايە قىلالايدىغاندەك چۈنەكمۇ چۈنەك يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. تارالغان پېلەكلەر ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ بولدى. تاۋۇزنىڭ تۈۋى چاناپ يۇمشىتىلغان، پېلەكلەر يېپىشقۇدەك نە چۆپ، نە داڭگال قالمىغان، پورپاڭ توپىدىن بىرلا سىلكىنسە تاۋۇزلار يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ قولىغا قوزۇقلارنى ئېلىۋېلىپ پېلەكلەرنىڭ ئارىسىغا قاقاتتى. پېلەكلەرنى شوينىلار بىلەن باغلايتتى. چالما، تاشلار بىلەن كۆمەتتى. ئۇ شۇنچىلىك تېز ھەرىكەت قىلاتتىكى، يىراقتىن قارىغان ئادەم تېز شامالدا غۇۋۇلداپ لەپەڭشىۋاتقان لەگلەكمىكىن دەپ قېلىشى مۇمكىن

ئىدى ...

قاراڭغۇ چۇشكەندە بوران توختىدى. چاڭ ـ توزانغا مىلد-
ىنىپ تونۇغۇسىز هالغا كەلگەن بېشىر، ئايالىغا:

— سۇ ئىسسىت، بول! — دېدى.

— قانداقراق؟ — خاتەمخان ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

— ئۆتۈپ كەتتى، يەرنىڭ ئويمان بولغىنى پايدا بەردى.
زىيان ئاز.

— بۇغدايلارچۇ؟

— ئىسسىت، رازاقنىڭ بۇغدىيى تۈگەشتى ـ دە، هال
چۇشۇپ، يېتىشقا ئارانلا قاپتىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى،
تۇنۇگۇنلا سۇ باشلاپتىكەن!

— دان سۇيىنىڭ ۋاقتى ئەمەسقۇ؟

— ئىككىنچى سۇيى بولمامدۇ؟

— باشقىلارنىڭ ئۇچ سۇ بىلەن پىشسا ئۇزە ناپىسەتلىك
قىلىپ تۆت قېتىم سۇغارماقچىكەن ـ دە، جاجىسى ...

— تېتىقسىزلىق قىلما، ئادەمنىڭ ياخشىسى بىراۋنىڭ
قايغۇسى ئۇستىدىن كۇلمەيدۇ.

— بىزنىڭ قوغۇنلۇقنى سۇ باسقاندا ئۇ ئەجەب چاۋاك
چېلىپ كېتىۋىدىغۇ.

— پېشانىسى تەرلىمىگەن ئادەم شۇنداق بولىدۇ ...

باغلاردا مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشتى، خامانلاردىن توشۇلۇ-
ۋاتقان مارجاندەك بۇغدايلار دېهقان قەلبىگە هۇزۇر بېغىشلىدى.
ئۆيلەردە شادلىق، چىرايلاردا كۇلكە، باغ ۋە ئېتىزلاردا
ناخشا ... مانا بۇ يېزا ئاۋاتلىقى، مەمۇرچىلىقى.

لېكىن هەممىدىن ئاۋات يەر هېلىقى ئەللىك مو شورلۇق
بولۇپ قالدى. تاۋۇزلۇقنىڭ يولى توپىلىق، لېكىن ئاۋات، توپ ـ
توپ بولۇپ كېلىۋاتقان باللار، خاتەمخاننىڭكىگە تاۋاق كۆتۈ-
رۇپ مېڭىشقان ئايالار، بېشىرنىڭ قۇرداشلىرى، سىرتتىن

www.uyghurkitap.com

كەلگەن مېھمانلىرىنى پەتەگە ئېلىپ ماڭغان مېھماندوست يېزى-
لىقلار، قىسقىسى، بۇ يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى قو-
رۇنمايدۇ، قىسىلمايدۇ. چۈنكى ساھىبخان چۆچەكلەردىكى قى-
رىق كېچە - كۈندۈز توي قىلغان بەختلىك شاھزادىدەك مېھمان-
دوست، كەڭ قول، كىملا كەلسە مۇزدەك تاۋۇز، يۇمشاق نان
بىلەن مېھمان قىلىدۇ. قايتقاندا قولتۇقىغا تاۋۇز قىستۇرۇپ
ماڭغۇچىلارنىلا بېشىر تۇرگۈنىنىڭ ئوغلى دەپتىرىگە يېزىۋالىدۇ.
بۇ كۈندىلىك تىجارەتتىن سىرت، شەھەردىن ياكى گۈڭشېلاردىن
ماشىنا، تراكتور، ھەر خىل ھارۋىلار بىلەنمۇ تاۋۇز ئالغۇچىلار
كېلىپ تۇرىدۇ. بىر ماشىنىغا تۆت تونна تاۋۇز باسسا ئىككى
يۈز سوم نەق پۇل. ھەر كۈنى مۇنداق سودا بولۇپ تۇرىدۇ،
لېكىن ئەللىك مو شورلۇقنىڭ تاۋۇزى كېمىيەر ئەمەس: چوڭى
ئون - يىگىرمە كىلو، كىچىكى بەش - ئالتە كىلو كېلىدىغان
تاۋۇزلار قويۇق ياپراقلار ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ، ساي-
نىڭ تېشىدەك ياتماقتا. تاۋۇز يېگىلى كەلگەن ھەر بىر مېھمان
چەتتە تۇرۇپ، ئوڭغۇل- دوڭغۇل ياتقان تاۋۇزلارغا قاراپ ھەي-
ران قالىدۇ ۋە بېشىرنى ماختاپ، بىر - بىرىگە:
— پاھ، «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن
شۇكەن - دە!
— ئەللىك مو يەرنى ئالتە قېتىمدىن يۇمشىتىپ چىقماق
ئاسانمۇ، كەتمەن نېمىنى ئوخشاتمايدۇ؟!
— پۈتۈن ئېتىزلاردىكى بۇيا بىلەن كەكرىنى قىرىپ ئەكې-
لىپ تاۋۇزغا كۆمدى جۇمۇ بۇ تۇرگۈن!
— چاپقان ھەر بىر كەتمىنى بىر سوم توختايدىغان بولدى-
دە! — دېيىشىدۇ ...
لېكىن بېشىرنىڭ ئامىتى رازاقتا قاتتىق زەربە بولدى.
رازاقنىڭ بۇغدىيى پاڭ بولۇپ يېتىۋېلىپ دان ئالالمىدى. شۇن-
داق بولسىمۇ ئورۇپ، تېپىپ سورۇۋىدى، ئاچ - پۇچەك دانلى-

رى توپا بىلەن ئۇچۇپ كەتتى. يىگىرمە مو يەردىكى كۆكى
ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان بۇغدىيىدىن ئارانلا ئىككى مىشكاپ
بۇغداي، بۇغداي بولغاندىمۇ، ئۇچىنچى سورتقا زورىغا يارايدىغان
دانسىز بۇغداي چىقتى. بېشىرىنىڭ بولسا، ساقىسى ئالچۇ چۇ-
شۇپ، قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي بولغىلى تۇردى. مانا بۇ قوش
زەربە رازاقنى كاردىن چىقاردى. ئۇ ھازىر كەچ كىرگۈچىلا
ھاراق ئىچىدۇ، ئۆيىدە ياتىدۇ، خوتۇنى بىلەن بالىلىرىنى ئاغزى-
نى بۇزۇپ تىللايدۇ، ئۇنى ھېچكىممۇ ئىزدەپ كىرمەيدۇ. چۈن-
كى دۇيجاڭغا پۇل تەستىقلىتىدىغان، ئات - ئۆكۈزگە خەت
ئالىدىغان، بىر - ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سورايدىغان ياكى
بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىدىغان ئىشلار
ھازىر يوقالغان. ھەممىلا ئادەم ئۆز يېرى بىلەن، گويا دېھقانلار
دۇيجاڭنى ئۇنتۇپ قېلىشقان! رازاق ھازىرمۇ مەست، ئۇ ياس-
تۇقنى بېلىگە قويۇپ خىيال بىلەن ئوڭدا ياتماقتا. «ئەجەبا
ئەتىياز ھەممىلا ئېتىزنى تەكشۈرۈپ ھەر بىرىگە يوليورۇق بەر-
گەن دۇيجاڭ ھازىر ئۇلار ئۈچۈن ئوشۇقچە ئادەم بولۇپ قالدىمى-
كىنا؟ نېمىلا بولمىسۇن، شياۋدۇي دېگەن ئىسمىنى ھۆكۈمەت
ئۆچۈرۈپ تاشلىغىنى يوققۇ؟ گېزىتلەردە يېزىلىپ تۇرۇۋاتىدى-
غۇ؟ دېمەك، شياۋدۇي بار ئىكەن، ئۇنىڭ دۇيجاڭى بولۇشى
كېرەك. دۇيجاڭ بولغانىكەن، ئەزالارنى باشقۇرۇشى كې-
رەك! ...»

— كىمنى باشقۇرىمەن؟ — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، —
ئەلۋەتتە بېشىردەكلەرنى باشقۇرۇش كېرەك، چەكلەش كېرەك.
تاناۋىنى تارتىش كېرەك!

ئۇ دېرىزىدىن تالاغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەرىيە!

— ھە، مانا! — ئۇنىڭ ئورۇق - ۋىجىك ئايالى يۈگۈ-
رۈپ كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بالاڭغا ئېيت، دەرھال ئاتلىنىپ بوغالتىرنى ھەيدەپ كەلسۇن!

بىردەمدىن كېيىن باش - كۆزىنى چاڭ باسقان سېرىق قاشلىق بوغالتىر كىرىپ كەلدى:

— ئالدىراشچىلىقتا، سىنى يوقلىيالمىدىم، رازاق دۇي-جاڭ!

— نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن؟

— ئېتىز ئىشى.

— خىزمەتچۇ؟

— تەقسىمات، نومۇر دېگەن بولمىغاندىكىن، قىلغۇدەك ئىش يوق.

— ۋۇي، بىكار تەلەپ! توختام بويىچە يىغىلىدىغان ئاش-لىق پۇلىچۇ؟

— كاسسىر كەلگەننى ئېلىۋاتىدۇ.

— بىشىر قانچىلىك پۇل تۆلىدى؟

— توختام بويىچە تۆلەپ تۈگەتتى.

— قانچە؟

— ھەر موغا ئەللىك سومدىن جەمئىي ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم.

— پۈتۈن كىرىمىنى تىزىملا، پىرسەنتىنى دۈيگە تاپشۇرى-دۇ، ئوتتۇز پىرسەنتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى دادۈيگە ...

— ئەتىيازدىكى توختام كۈچكە ئىگە بولمامدۇ؟ ...

— بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا، زىيان ساڭا بولارمىكىن. دۈيجاڭ، توختام بويىچە دۈيگە ھەر موغا ئىككى يۈز جىڭدىن، جەمئىي ئىككى توننا ئاشلىق تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ؟

— مەن دېگەن ئاپەتكە ئۇچرىدىم! ...

— يۇقىرىدىن ئېتىراپ قىلارمۇ؟

— نېمە؟ — رازاق تېرىكتى، — سەن كىمسەن؟ — بوغالتىرمۇ - سوراقچىمۇ؟ ماڭ، چىق، يولىيورۇقنى ئىجرا قىل، بېشىرنىڭ تاۋۇزلۇقىغا كاسسىرنى ئەۋەت، تارازىنى تۇتسۇن. نەق پۇلىنى ئالسۇن!

رازاق چايدىن يەنە بىر پىيالە ئىچىۋېتىپ يېنىغا قىڭغايدى.

## 6

ئۇنىڭسىزمۇ ئاستىرتتىن چىش بىلەپ، ھەممىنى ھېسابلاپ يۈرگەن كاسسىر رازاقنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلاش بىلەنلا تاۋۇزلۇققا چاپتى. ئۇ بېشىر بىلەن ئۇزۇندىن پۇت ئېتىشىپ كەلگەن، بۇرۇن دادۇي شۇجىسى بولغان، كېيىن غۇلاپ چۈشۈپ ماگىزىن كۆزەتچىسى ۋە مەسچىتنىڭ مەزىنى بولۇۋالغان ئادەم ئىدى. رازاقنىڭ مەسلىھەتچىسىمۇ شۇ ئىدى. «ھېسام زۇغۇي» دەپ ئۇنىڭغا تېپىپ لەقەم قويۇشقان يېزىلىقلار كاسسىرغا ھاجىتى قالمىغاندىلا بۇ «مالىيە ھوقۇقى» نى ئۇنىڭغا بېرىشكەن. ئۇ ئۆزىمۇ قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ قالغىنىغا رەللى بولۇپ، چاڭگىلى توشقۇدەك پۇل تۇتۇش، مانا شۇ پۇللار بىلەن كۆپچىلىك ئالدىدا يۈز تېپىش كويىدا تېپىرلاپ يۈرەتتى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كەپە ئالدىدا توختىدى - دە، بېشىرغا قاراپمۇ قويماي بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى:

— يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، تاۋۇزلۇقنىڭ يەتمىش پىرسەنت كىرىمى دۆيگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئوتتۇز پىرسەنت پۇلنىڭ قانچىلىكى ساڭا تېگىدىغانلىقى تېخى بېكىتىلمىدى؛ قېنى ئەمىسە، بېشىر ماڭا ھېساب ئۆتكۈزگىن.

— ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم ئۆتكۈزدۈم، دۆينىڭ ھەققى تۈگىدى، — دېدى بېشىرمۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ.

— يەر دۆينىڭ، تاۋۇزنى ئالىقىنىڭغا تەرگىنىڭ يوق ياكى

www.uyghurkitap.com

قازان بېشىدا ئوقەت قىلغىنىڭ يوق. بۈگۈنلا ئۆيۈڭگە كۆچ، پۈتۈن دۈي ئەزالىرى بۈگۈن تاۋۇز ئۈزگىلى كېلىدۇ. بانكىدىكى تۆت مىڭ سەككىز يۈز ئون ئالتە سوم پۇلۇڭ دۈيگە ئۆتتى. نېسى ساتقانلىرىڭنى ئۆزۈڭ يىغىۋال، گەپ تۈگىدى.

بېشىرنىڭ بۇرۇتلىرى تىك بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ بۇرۇتى ئاستىدىن كۈلۈپ قويدى:

— دۈيجاڭ ئەمەس، گۇڭشې سېكرېتارى بۇيرۇق بەرسىمۇ تاۋۇزلۇقۇمنى بەرمەيمەن، ماڭا بۇ يەرنى پارتىيە بەرگەن، پارتىيىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمەلدار يوق. تولا ئوغامنى قايناتماي كۆزۈمدىن يوقال!

— تولا تۇرگۇنلۇك قىلما!

— يوقال دېدىم، يوقال!

ئىككىسى خۇددى ئۈزۈندىن بېرى مۇشۇنداق يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا تەقەززا بولۇپ يۈرگەن نوچىلاردەك، بىر - بىرىگە ئالىيىشتى. بۇلارنىڭ جېدەللى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولاتتى. بۇنى ھېسام زۇغۇيدىن بېشىر تۇرگۇن ئاۋۋال ئويلىدى، ئۇ غەزىپىنى يۇتۇپ سىلىق قىلىپ دېدى:

— دادۈيگە بارايلى، ئەمىسە!

— ياق، ئاۋۋال ھېساب بەر!

— ئەستا!

— چىق تاۋۇزلۇقتىن! — ھېسام قولىنى ھاۋادا قىلىچ ئۇرغاندەك شىلتىدى ۋە چوڭەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بېشىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بېشىرنىڭ جەھلى قاتتى، سەپرايى ئۆرلىدى، قاتمال قوللىرى كىرىشتى. «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەن مۇشۇكەن - دە!» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ھېسامغا تەئەددى قىلدى:

— ئەسكىلىك قىلىپ پايدا ئالالامسەن؟!

— تۇرگۇنلۇكۇڭنىڭ زىيىننى ھېلى كۆرسەن، خۇمـ-
سى!

شۇ چاغدا قىرغاقتا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. بۇلارنى بېشىر تونۇدى، بۇلار رازاقنىڭ تەرەپدارلىرى ئىدى.

— باغلاش كېرەك!

— تاۋۇزنىڭ بەرىنى ئۇزۇش كېرەك! — ئۇلار قىقاس-چۇقان بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. خاتەمخان چۆنەكلىك ئارد-ىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قايسىبىرىنى تىللىماقتا، قايسىبىرىگە كالتەك ئېلىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. بېشىرنىڭ يامانلىققا كۆزى يەتتى - دە، كەپە يېنىدىن ئاقلانغان ئىرغاي كالتەكنى ئالدى ۋە ۋارقىراپ:

— ئەمدى يۈز - خاتىر قالمىدى. كەلگىنىڭنىڭ مېڭىسىد-نى چۇۋۇيمەن! — دېدى.

— تاش ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى كەلگۈچىلەردىن بىرى. شۇ زامان كەپىگە تاشلار ئېتىلدى. بېشىر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا بىردىنلا ئىككى ئاتلىق پەيدا بولدى. ئۇلارنى كۆرۈپ تاش ئاتقۇچىلار جىمىپ قېلىشتى.

— ئۇيات ئەمەسمۇ، ئاغىنىلەر! — دېدى ئاتلىقلاردىن بىرى قامچىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — كىم سىلەرنى قاراق-چىلىق قىلىڭلار دېدى، رازاقمۇ؟ ئۇ مۇتتەھەم نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى! سەن ھېسامكا قاچانغىچە زۇغۇيلۇق قىلىسەن؟

رازاقنىڭ ئادەملىرى خۇددى قۇرغۇي كۆرگەن قۇشقاچلار-دەك جىمىشتى، سار كۆرگەن چۇجىلەردەك شۇمشىيىشتى.

سۆزلىگۈچى دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، تو-لۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش يىگىت ئەزىمەت ئىدى. ئۇ بېشىر تەرەپدارلىرىدىن بىرىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن رازاق-نىڭ يولسىز قارارىنى چەكلەش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ چۆنەك، ئېرىق ئىچىدىلىرىدە شۇمشىيىپ ئولتۇرۇشقانلارغا قاراپ:

ـــ مېڭىڭلار ئىشىڭلارغا! ئاڭلاپ قويۇڭلار، رازاق دۈيـ
جاڭلىقتىن قالدۇرۇلدى، يوقىرىدىن تەستىق كەلدى! ـــ دەپ
ۋارقىرىدى.

## 7

كەچ كۈز، سۇ سەمرىگەن، ئۆگزىلەر ئوت ـ چۆپ، كاۋا-
قاپاق، هويلىلار مال ـ ۋاران، توخۇ ـ كەپتەر بىلەن تولغان
چاغ ... غەملىك دېهقان ئاز بولىدۇ. بۇ چاغ توي ـ تۆكۈن،
مەشرەپ، ئولتۇرۇش مەزگىلى، توپ ـ توپ دېهقانلار مەشرەپ،
ئوغلاق، بەيگە ۋە يەكشەنبە بازار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلىشى-
دۇ، خۇددى چۈجىلەرنىڭ خوراز ـ مېكىيىنى ئايرىلغاندەك بۇ
چاغدا دېهقانلارنىڭمۇ باي ـ كەمبەغىلى ئايرىلغان بولىدۇ. بۇ
مەهەللىدە بايلار خېلى كۆپ. لېكىن بايلارنىڭ بېيى بېشىر
تۆرگۈن، ئۇنىڭ ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكىلىرىدىن سىرت،
كۈنگە بىر كىلودىن قوناق، كېپەك ھەلپى ۋە ئوت ـ چۆپ
بىلەن بېقىلىۋاتقان ئالتە تۇياق ئەركەك بۇغىسى بار. كېلەر يىلى
6 ـ ئايدا ئالدىنىڭ مۈڭگۈزى ئالتە سالا، كەينىنىڭ ئۈچ سالا
بولىدۇ، بۇ مۈڭگۈزلەر قانچىلىك پۇل؟

بېشىرنىڭ پۇلى جىق، لېكىن ئويۇن ـ تاماشىغا ۋاقتى
يوق ... تىلەك تېلىگۈچىلەرگە قولى كەڭ. ھېلىدىن ـ ھېلى-
غا قوشنا ـ قولۇملىرى كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار:

ـــ هارۋاڭنى بەرگىنە، تۇگمەنگە ئۇگۇت ئېلىپ چۇشەت-
تىم!

ـــ غەلۋىرىڭ نەدە؟

ـــ توغرا كېسەر ھەرەڭنى بېرىپ تۇرغىنا.

ـــ ئېتىڭنى بىر كۈن بەرگىنە، بېشىركا، بىر ئوغلاققا
سېلىپ باقاي.

— ماگىزىنغا يېڭى مال كەپتۇ، يۈز سوم بېرىپ تۇر-ساڭچۇ، — دېيىشىدۇ. تىلىگۈچىلەر، ئۆتنە - يېرىمچىلارنىڭ بىرىمۇ بېشىرنىڭ ھويلىسىدىن قۇرۇق قول يانمايدۇ.

مانا، ئۇنىڭ ئىشىكىنى رازاق تارىمۇش ئايلانماقتا. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قورۇلغان، جۇدىگەن. موخۇركا قىستۇرۇلغان بارماقلىرى تىترەپ تۇراتتى. مانا ئۇ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن يۆتەل-دى - دە، بېشىرنىڭ كۆك سىرلانغان دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى شاراقلاتتى. خانەمخان پېشايۋاندا پەيدا بولدىيۇ، رازاقنى كۆر-مەسكە سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بېشىر دەرۋازا ئالدىغا چىقتى:

— يۈر، ئۆيگە كىر رازاق! — دېدى ئۇ قىزغىن كۆرۈ-شۈپ.

— بولدى، بېشىر، مەشەدىنلا ياناي ئاداش، بىر ھاجەت بىلەن كېلىۋىدىم.

— خوش؟

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ يىل ئاپەتكە ئۇچرىدىم، دۇيگە تۆلىگۈچىلىكىم يوق. قىشچە خاڭدا ئىشلەي دەيمەن. كۆمۈر قېزىشقا ماغدۇر يوق. ھارۋا سۆرەپ بەرسەممۇ بولغۇدەك، كۈند-گە ئون تونىنا ئاچىقسام، ئېيىغا ئۈچ - تۆت يۈز سوم تاپالايدىكەن-مەن. دېمەكچى: ئۈچ يۈز سوم قەرز بېرىپ تۇرساڭ، خاڭدا ئىشلەپ ئۈزۈۋېتەتتىم ئاداش. بىر ياخشىلىق قىلىپ قويساڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا، بىر ياخشىلىقىڭغا ئوننى قايتۇرىمەن!

بېشىر جىم بولۇپ قالدى. بىر ياخشىلىققا ئون يامانلىق قايتسا قايتىدىكىن، لېكىن بىر ياخشىلىق قايتمايدۇ، بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىدۇ، دەپ ئويلىدى بېشىر، لېكىن ئۇنىڭ رازاقنى قۇرۇق قول قايتۇرغۇسى كەلمىدى.

— خاڭغا بارما، — دېدى بېشىر خېلى جىملىقتىن

كېيىن، — ئېغىر ئىشقا چىدىمايسەن، داۋۋت ئاشپەزگە يادداش، ئاشخانا ئاچ، سىلىق گەپ بىلەن مېهمان كۈتۈشكە يارايسەن، دەسمايە دەمسەن؟ مەن ساڭا دەسمايە سېلىپ بېرەي. هەي، خاتەم بەش يۈز سوم ئاچىققىنا!

رازاق كەتتىكەندىن كېيىن، خاتەمخان بېشىرغا ئاچچىق قىلدى:

— نېمە قىلغىنى بۇ، ئۇ ئەسكىگە ياخشىلىق قىلىپ يەنە شاپىلاق سېتىۋالغۇسى كەپتۇ - دە.

— قويە خوتۇن، بولمىغۇر گەپ قىلمىغىنا. ئەسكى بولسا نېمە بولاتتى؟ ئەسكى ئادەممۇ ياخشى كۈن كۆرۈشنى ئارمان قىلىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى بېشىر ئايالىغا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئايدىڭ كېچە

... قېرىلىق ــ قۇياشسىز تۈن. لېكىن تۈننىڭ ئايدىڭى بار، سايەڭ بويۇڭدىن ئۇزۇن سايەڭنى كۆرۈپ ئۆلۈمنى ئۇنتۇيسەن. يۇلتۇزلار ساڭا كۆز قىسىدۇ، بۇ هال سېنىڭ دىلىڭنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ئەتراپ خۇددى سۈتكە چىلىنىپ تۇرغاندەك ئاپئاق، بۇ هال ساڭا ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرىڭنىڭ گۈزەللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئايدىڭ ــ مەن سېنى سۆيىمەن. چۈنكى سېنىڭ مېهرى تەپتىڭ بىلەن مەن ئەتىكى قۇياشلىق كۈننىڭ قەدرىگە يېتىمەن...

ئايدىڭ، ۋاقىتەككۇر ئايالىمنى ئويغاتما، ئۇ كۆزىنى ئاچسىلا ۋالاقلايدۇ. مەن سېنىڭ قوينۇڭدا راهەتلىنىپ بىر تۈننى ۋاڭ ـ چۇڭسىز ئۆتكۈزەي. ئايدىڭ، مۇنۇ يېنىمدىكى زاۋۇتقا نۇرۇڭنى چاچما، زاۋۇتنىڭ ئۈنى ئۆچسۇن، ئايالىم، زاۋۇت، مۇشۇ ئىككى ئاپەتتىن مېنى ساقلا!

قېرى ئۇجمە ئاستىدىكى كىچىك سۇپىدا ئولتۇرغان ياشانغان، چالا مەست ئادەم يۇقىرىقى تەنتەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلدى ـ دە، ئاقارغان قاشلىرى ئاستىدىكى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان، ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان خۇمار كۆزلىرىنى ئاسمانغا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا تىكتى.

ئۇ يۇلتۇزلار بىلەن ئۆز خىيالىدا سۆزلەشمەكتە:

ــ مېنى تونۇمسىلەر؟ هەئە، تونۇيسىلەر. ئايدىڭ بولسىلا يۇلتۇز ساناشقا ئامراق هېلىقى ساتتار قويچىمەن. ئۇ چاغدا بالائىدىم، ئەمدى بوۋايمەن. ئاتمىش ئىككى يېشىمغىچە سىلەرنى



ساناپ تۈگىتەلمىدىم. سىلەر مېنى چارچاتتىڭلار، قېرىتتىڭلار، كۆچ- قۇۋۋەتتىن ئايرىدىڭلار. مانا ئەمدى ئوتتۇز كويچەن پېنسىيە ئالىدىغان بىكارچى بوۋايغا ئايلاندىم. ئادەملەرگە قىلىدىغان گېپىم تۈگىگەن چېغى، سىلەر بىلەنلا سۆزلىشىشنى خالايمەن. خۇددى ئۆمۈر بويى تاپقان – تۈگىتىنمنى سىلەرگە ئامانەت قويغاندەك، بېشىم قاتسىلا سىلەرگە هال ئېيتىمەن.

هەي، ئاي ئېيتقىنا: هاياتىنى ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە بېغىشلىغان بىر ئادەم ئايالىنىڭ ئادىمەتچىلىكى ئۈچۈن ئازراق پۇل تېپىشقا ئىلاجسىز قېلىپ تىل ئاڭلىسا، ئۇنى ئاز دەپ، مەهەللىنىڭ ياخشى – يامىنىنى بەش قولدەك بىلىدىغان پېشقەدەم سېكرېتارنىڭ سۆزىنى هېچكىم قوللىمىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئازاب، ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ!

ئايالىمنىڭ كارى چاغلىق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق هەمراهىم، خوجايىنىم. سەپرايىمغا تېگىدىغىنى مۇنۇ زاۋۇت. ئاڭلىغانسەن، بۇگۈن پارتىيە ياچېيكا يىغىنىدا قانچىلىك زارلاندىم. ئۇلار مۇنۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى نىياز شۇمتەكنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى. يىگىرمە ئادەمنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بىر شۇلۇك پارتىيە ئەزاسى بولماقچى. بۇنىڭغا يالغۇز مەنلا قارشى تۇردۇم. لېكىن مېنىڭ قارشىلىقىمنى قوللايدىغانلار تېپىلمىدى. ئۇلار مېنى ئوتتۇز كوي بىلەن پېنسىيىگە چىقىرىپ قويۇپ پىچىقى كەسمەس، گېپى ئاقماس، ئىش ئۇقماس ئۆلۈمتۈك قىلىپ قويدى. ئوتتۇز كوي ئىشكىمگە داقاق بولدى: ئايغى ئۇزۇلمەي كىرىپ – چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئۆيۈمگە دەسسىمەس بولدى. مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئۆز ۋاقتىدا خۇشال – خۇرام ئىش پۈتتۈرۈپ چىققانلارمۇ مېنى تاشلىدى. ئۇلار مېنى نېمە قىلسۇن دەيدۇ؟ ساقال قويۇپ، سەللە ئوراپ مەسچىت قوۋمىغا قېتىلسۇن دەمدۇ؟ ئۇ چاغدا مېنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىشىمدا قەسەم بېرىپ پارتىيە ئەزاسى

بولغىنىمنىڭ پايدىسى نېمە بولدى؟ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى
ھالاۋەتتە كەينىدە، جاپادا ئالدىدا بولغىنىم ئۈچۈن بېرىلگەن
مۇكاپات شۇ بولسا، بۇ تولىمۇ رەھىمسىزلىك بولمىدىمۇ؟ ئۇنى
ئاز دەپ ئوتتۇز كويغا پۈتۈن ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىمنىمۇ ساتقان
ئوخشايمەن. بۇرۇن يىغىنلاردا: ساتتار سېكرىتارنىڭ دېگىنى-
دەك بولسۇن، دېيىشىدىغانلار ئەمدى يوق. ئەڭ كېرەكسىز،
قارشى ئېلىنمايدىغان نەرسە ئەمدى مېنىڭ پىكرىم بولۇپ قال-
دى. ياشلارغۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كىتاب بويىچە سۆزلىشىدۇ.
قېرىلارچۇ؟ ئۇلار بۇرۇن قىزلىرىنىڭ تويىنى قىلسىمۇ ماڭا
مەسلىھەت سالاتتى، مېنى توي بېشى قىلىپ ئولتۇرغۇزاتتى.
ئەمدىچۇ؟ نەزىرىدىن باشقىغا چاقىرىشمايدۇ. ئۇلار سەللە ئورىۋې-
لىپلا ئادەم تونۇمايدىغان بولۇۋېلىشتى ... لېكىن بۇلاردىن رەن-
جىمەيمەن. ئۇلار يالغاندىن ھۆرمەت قىلىشقانلار. مەن يەنىلا
مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىرىدىن رەنجىيمەن. ئۇ-
لار مېنى چۈشىنىشى، مېنىڭ قەلبىم كوممۇنىزمغا تەلپۈنۈپ
تۇرغانلىقىنى بىلىشى لازىم. مەن باي بولۇپ مەككىگە تاۋاپقا
بېرىشنى ئويلىغىنىم يوق، تېخى ماڭا توققۇز مو يەر بىلەن
قىرىق بەش تۈپ ئۈزۈمنى بۆلۈپ بېرىپ، ھېيىقماي توختامنامە
قەغىزى تەڭلىگىنىنى، مۇنچە جىڭ پاختا، مۇنچە جىڭ قۇرۇق
ئۈزۈم، مۇنچە جىڭ ھۆل ئۈزۈم سېتىپ بېرىسەن دەپ مەجبۇرى-
يەت بەلگىلەپ بەرگىنىنى قانداق قىلاي! ئۇلار نېمىشقا مېنىڭ
ئەمگەك قىلالمايدىغانلىقىمنى، باي بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىمنى
ھېسابقا ئېلىشمىدى؟ مېنىڭ كەسپىم رەھبەرلىك قىلىش، ۋە-
زىپەم ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئۇنتۇشتى؟ ...

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى. خۇددى ئايمۇ ئۇنىڭدىن
زېرىككەندەك، يۇلتۇزلارنىڭ ئۇنىڭدىن رايى قاچقاندەك بىلىن-
دى. ئۇ ئاستا سۇپىدىن قوزغالدى ـ دە، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
چىقتى.

www.uyghurkitap.com

جىمجىت، سالقىن، ئايدىڭ كېچە ...

ئۇ كېرىلدى، يەنە ئايغا قارىدى. شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىن لەرزان ناخشا ئاڭلاندى. تونۇش ۋە يېقىملىق، بالىلارنىڭكىدەك ناخشا ئاۋازى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى: «ھېيت پاكار، — دېدى ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ، — ناخشاڭنى دېمىسە. ئۆزۈڭ بىر لالما ئىت، كىم بىر پارچە نان بەرسە شۇنىڭغا قۇيرۇق شىپپاڭلىتىسەن».

ھېيت پاكار ساتتارنىڭ قەدىناس دوستى، ئۇلار ئۇزۇن يىللار بىللە ئىشلىگەن. ھېيت بىر مەھەل مەھەللە ئاكتىپلىرىدىن بولغان، ساتتارنىڭ ئېتىنى توقۇپ، ھارۋىسىنى ھەيدىگەن. كېيىنچە ساتتار ئۇنى ماگىزىنىنىڭ كۈزەتچىسى قىلىپ قويغان. ئۇ ساتتارنىڭ سۆزلىرىنى تىلتۇمار بىلىدىغان، ساتتارنىڭ ئىشلىرىنى گۇمانسىز قوللايدىغان ئاق كۆڭۈل، قىزغىن دېھقان. ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى، بالا- ۋاقىسى بار، لېكىن ئەتىگەنلىك چاينى ساتتار بىلەن بىللە ئىچمىسە يېگىنى تېنىگە سىڭمەيدىغان ئادەم. ساتتار ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن مۇشۇ يېرىم يىلدىن بېرى، ھېيت نىيازنىڭ مۇشۇ قۇيمىچىلىق زاۋۇتىغا كۈزەتچى بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ساتتار ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغانىدى.

مانا، بۈگۈن ھال - مۇڭ ئېيتىشىدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا، ئۇ ھېيت پاكار بىلەن پاراڭلاشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

مانا، ھېيت پاكار دەرۋازا ئالدىدا كالتىكىنى تۇتۇپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى. ئۇ ھازىر مۇنۇ نىيازنىڭ زاۋۇتىنى قوغداۋاتقىنى ئۈچۈن خۇشال. چۈنكى نىيازنىڭ زاۋۇتى ھازىر كىشىلەر توپلىشىدىغان، ماختىشىدىغان، سىرتتىن كەلگۈچىلەر ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان جاي. نىيازنىڭ ئىككى - ئۈچ يىلدىلا قىرىق - ئەللىك مىڭ كويلۇق دەسمايىسى، يىگىرمىگە يېقىن ئىشچىسى بار قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇۋالغانلىقى، بىر تەرەپ-

تىن جەمئىيەتكە بايلىق ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىكار-
چى ياشلارنى بىر يۇز - بىر يۇز يىگىرمە كويدىن مائاش ئالىدى-
غان ئىش ئورنىغا ئىگە قىلىپ قويغانلىقى ھەممىلا جايدا، گېز-
نىت - رادىئولاردىمۇ ماختالماقتا. ئەنە شۇ ماختىلىۋاتقان ئو-
رۇننىڭ كۆزەتچىسى بولۇش ئەلۋەتتە ھېيت پاكارنى تولىمۇ
خۇش قىلماقتا ئىدى.

— ھە، پاكار، زاۋۇتۇڭنىڭ ئۇنى بېسىلىۋىدى، ئەمدى
سەن كاركىرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟ مېنى كۆچۈرمەكچىمۇ سىلەر؟
بىلىپ قوي، تام قوشنىڭ بىر دات باسقان مىخ. ئۇنى سۇغۇرۇپ
ئېلىۋەتمەك ئاسان ئەمەس!

ساتتارنىڭ قوپال سۆزلىرىنى سېغىنغان ھېيت پاكارنىڭ
كۆكۈش كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى تىك
تۇتۇپ كونا خوجايىنىغا ھەييارلىق بىلەن چاس بەردى:

— ئىدىرەستى باشلىق، ئۆگزىمىز تۇتاش، ئىشىكىمىز
ياندۇاش، بىز كونا سىرداش تۇرۇپ كېلىپمۇ قويمايسەن. بىزنىڭ
زاۋۇتقا پۇتۇن خەلق خۇشال، يالغۇز سەنلا ئالىيىپ قارايسەنغۇ.
ئېيتقىنا، نەرىمىز ساڭا ياقمىدى؟

ئۇ ساتتارنىڭ مۇرىسىگە ئىككى قولى بىلەن ئېسىلىپ تۇ-
رۇپ شۇنداق دېدى - دە، ئاندىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ
ساتتارنىڭ ئايالى، بالىلىرى، مېۋە - چېۋە، ئىت - مۇشۈكىنى
قويماي سوراپ چىقتى.

— يالىقىڭ تېتىدىمۇ يالاقچى؟ — دېدى ساتتار ھېيت
پاكارنىڭ بېشىدىن بېسىپ قويۇپ، — ۋالاقلىماي ناخشاڭنى
ئېيتە!

— ناخشا؟ — دېدى ھېيت تايىقىنى ئېڭىكىگە تىرەپ
ئولتۇرۇۋېلىپ، — مېنىڭ گېپىمنىڭ ھەممىسى ناخشا: ئاڭ-
لىغانسەن، بىزنىڭ نىياز ناھىيىگە ۋەكىل بولدى. زاۋۇتتا ھا-
زىر بىر قېتىمدا يەتتە يۇز ئەللىك كىلو چويۇن قۇيىدىغان

بولدۇق. ماشىنا ئىككى، بىرى قۇم، كۆكس تۇشۇيدۇ؛ بىرى چويۇن سېتىۋالىدۇ!

— ناخشا ئېيت دەيمەن!

— ناخشىنىڭ ياخشىسىنى ئېيتايمۇ؟ مەنمۇ يېرىمنى كەم تېرىسا تېرىسۇن دەپ بېرىۋېتىدىغان بولدۇم. ئەمدى زاۋۇت بىزنى باقىدۇ.

— ناخشا ئېيتمىساڭ كېتىمەن!

— مۇشۇنداق قىلسا ... يېزىلار شەھەر بولىدىكەن ...

— ئەخمەق! — دېدى ساتتار ھېيت پاكارنى ئىتتىرىپ، — ئاۋۇ ئاينى كۆردۈڭمۇ؟ ئاي بىلەن كۆڭلىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى يەر! يەردىن يۈز ئۆرۈسەڭ شورۇڭ قۇرۇيدۇ!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ھېيت پاكار دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىدى.

— ھە، يېرىڭنى تراكتور بىلەن ھەيدىتىپ بېرەيمۇ؟

— ياق.

— مەن كۈندۈزى بىكار، ئۈزۈملىرىڭنى چاناپ بېرەيمۇ؟

— قۇرىسۇن!

— ساڭا نېمە بولدى ساتتار، خۇيلىنىپ قاپسەنغۇ؟

— ماڭا پۇل كېرەك، پۇل.

— پۇل؟

— پۇل تاپقۇدەكمەن. نەدىن، نېملا قىلىپ بولمىسۇن پۇل تاپقۇدەكمەن. ئايالىمنىڭ بىر قېتىم قاپاق سۇزۇپ غادىيىپ ئولتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن باشقىلارغا چىراي سارغايتقۇدەكمەن. مېنىڭ يۈز - خاتىرەم، ئىناۋىتىم بىلەن ئۇنىڭ نېمە چاتىقى دەيسەن. ئەتىكى مەرىكە ئايالالار ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مەرىكە-مىش. ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن ئون بەش كوي لازىممىش، كەشمىر ياغلىق سېلىپ بارمىسا بولمىغۇدەك. ياغلىق ئۈچۈن قىرىق بەش كوي جايلىغۇدەكمەن. يېنىڭنى ئاختۇرغىنا، شۇنچىلىك

بىر نېمە بارمىكىن ھېيت؟
— مانا بارى، — دېدى ھېيت باللارنىڭكىدەك ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن چۇڭقۇلداپ، — بارى - يوقى بىر كوي ئۈچ موچەن.
ئۇنىڭ مېھرىبان كۆزلىرىدىن دوستىغا خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خىجىل بولۇپ خۇنى كېتىشكە باشلىغان كۆزلىرىنى دوستىدىن قاچۇردى ۋە گەجگىسىنى سىلاپ قوشۇپ قويدى:
— ئەستاغپۇرۇللا ...
— ئىچىپ تۇرۇۋاتامسەن ھېيت؟ — دېدى ساتتار تىتىرەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاچچىق موخوركىسىنى ئوراۋېتىپ.
— نەنىڭ؟ — دېدى ھېيت چىشى چۈشۈپ كەمشۈك بولۇپ قالغان ئاغزىنى ئۆمەللەپ كۈلۈپ، — كۈندۈزى سەت، كېچىسى بىكار ئەمەسمەن!
— ئېلىپ قويغىنىڭ يوقمۇ؟
— خۇمار تۇتتىمۇ ساتتار سېكرىتار! — دېدى ھېيت ئۇزۇن پەرىجىسىنى قېقىپ ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ، — سەن سېكرىتار، مەن جۇرېن بولغان چاغلاردا ئىچىپلا ئارىلىشىپ كەتكەن بىز ـ ھە. ئۇ چاغلاردا يارىشاتتى. ھايت دېسەڭ ھەممە نېمە تەق. ۋاي سېكرىتار، ۋاي جۇرېن دېسە، خەقنىڭ ئاغزىغا بىر كېلەتتۇق. ئەمدىچۇ؟ مەن كۆزەتچى، سەن ئايالىڭغا خىزمەتچى، قىرىق بەش كوي ئۈچۈن چىراي سارغايتىسەن تېخى. توختاپ تۇرغىن، مەن پۇلىنىڭمۇ، هاراقنىڭمۇ ئېپىنى قىلاي. مۇنۇ زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكى بۇ نەرسىلەردىن ئايرىلمايدۇ، كىرىپلا چىقىمەن.
ھېيت دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ساتتار كۆتەكتە ئولتۇرۇپ بىردە ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقان ئايغا، بىردە ئاقىرىپ كەتكەن دەرۋازىغا قاراپ قويۇپ، ئاچچىق

موخوركىسىنى قانغۇچە شوراپ خاپا هالدا ئولتۇردى.

رەھىمدىل ئاي يەنە ئەتراپىنى سۈتتەك يورۇتتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىككى يان تېمىدىكى يامغۇرلار ئۆچۈرۈپ ئىزناسى قالغان شوئارلارنى يادقا ئوقۇدى: «خەلق گۇڭشېسى ياخشى!»، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنەيلى!»

ئۇ كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىپقىزىل شوئارلار، ئالدىراش - جىددىي چاغلار: تاماكا ئىسى بىلەن تولغان مەجلىسخانىلار، ھەيۋەتلىك نۇتۇقلار، ئىشەنچ ۋە كۈچ بىلەن تولغان ۋەدىنامە، چاقىرىقلار ... بىرمۇبىر ئۆتتى.

ئۇ چوڭ ئىشلارنى مۇشۇ ھويلىدا قىلغان. كەلگۈسىنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرىنى مۇشۇ ھويلىدىكى ئىشخانىلاردا ئويلىغان، تۈزگەن. بايىقى ئىككى شوئارنى دۇنيادىكى ھەرقانداق گەپتىن بۈيۈك ھېسابلاپ، ئىنسان قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى مۇشۇ ئىككى شوئارغا سادىق بولغان ئادەملەر قىلالايدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن. ئەنە شۇ شوئارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ئۇنتۇغان، ئەڭ مۇھىمى، كۆپچىلىككە ياخشى يېتەكچى بولۇشنىلا ئويلاپ، ئەمگەك قىلىشنىمۇ ئۇنتۇغان؛ كوللېكتىپنىلا كۆزلەپ، ئۆز يانچۇقىنى پومپايتىشنى ئۇنتۇغان؛ كۆپچىلىكنى باشقۇرۇشنىلا بىلگەن، ئەمما ئۆز ئايالىنى ئەركە خوجا خان قىلىۋالغان. كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشنىلا بىلىپ، باشقىلارغا يۇمشاق كۆڭۈل بولۇشنى ئۇنتۇغان ... مانا بۈگۈن، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى «بىلگەن»، «ئويلىغان» ۋە «قىلغان» لىرى ئۇنىڭغا ئەسقاتمىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىشىكىگە داقاق، يولىغا كاتاڭ، يۈزىگە داغ بولۇپ قالماقتا. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى «ئۇنتۇغان» لىرى بولسا، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۆز زىيىنىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى خۇددى مىتىدەك يەپ ئۈپراتماقتا. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن خورسىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىدۇ!

ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ھېلىقى شوئارلارمۇ، بايىقى خىياللارمۇ ئۇركۇگەك قۇشلاردەك نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئال-دىدا بىر قولىدا بىر بوتۇلكا ھاراق، بىر قولىدا پۇل تۇتۇپ ھېيت پاكار تۇراتتى.

— مە، ئىچ، ھاجىتىڭدىن چىق ساتتار!

ھېيت ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سوزدى، ساتتار پۇل بىلەن ھاراقنى ئالدى.

— شۈكرى، — دېدى ئۇ، — ھېلىمۇ ياخشى سەن ھاياتكەنسەن، بولمىسا ئادەملەر مېنى ئۇنتۇپ ...

— بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت! — دېدى ھېيت ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئېتىىزغا يارىمايسەن، مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭ كېيىنى قوي، نىيازنىڭ مۇنۇ زاۋۇتىغا كىر، ساڭا يەڭگىل ئىش چىقىدۇ، ئوبدان ئايلىق ئالىسەن!

— نېمە؟ نىيازنىڭ مۇشۇ قۇيمىچىلىق زاۋۇتىغىمۇ؟ بىز تەر تۆكۈپ ياسىغان بۇ ھويلىنىڭ كۆكىنى سېتىپ، ساتقاندىمۇ تېخى بىزنىڭ ئىزىمىزغا ئادىشىپ بولسىمۇ دەسسىمەيدىغان بىر نېمىلەرگە سېتىپ، بىزدەك گۆشىنى قۇرغان، پۈتۈن ھاياتىنى كۆپچىلىككە بېغىشلىغانلارغا زەربە بولىدىغان ئىشنى قىلغىنى ئۈچۈن مەن تېخى ھازىرقى سېكرىتار - پېكرىتارلىرىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن!

موتسىكلىت ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، ھېيت ئورنىدىن تۇر-دى، ساتتارنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

ھېيت دەرۋازىنى يوغان ئاچتى:

— نىيازمۇ سەن بالام، ھە، بىر ئىش چىقىپ قالدىمۇ؟

— ئاخشام قۇيغان رادىياتورلارنى قۇمدىن چىقىرىۋېتىش لازىم ئىدى، ئەتىگەنلىككە ئېلىپ كەتكىلى ماشىنا كېلىدۇ. مەن قۇمدىن چىقىرىپ تۇراي. ھېيت ئاكا، سەن بېرىپ ئىستانوكچىنى باشلاپ كەلگىن. كېچىچە قىزىدىغان جايلىرىنى قىرسۇن.

www.uyghurkitap.com

نىمە، دەرۋازىغا كىم قارايدۇ دەمسەن، ئاۋۇ كىم، ساتتار ئاكاممۇ، بولدى سەن كەلگۈچە قاراپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئالدىراپ دەرۋازىدىن هويلىغا كىرىپ كەتتى. هېيتمۇ كالىچىنى سۆرەپ، ئېغىر توپىلىق يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ساتتارنىڭ خورلۇقى كەلدى: مۇنۇ نىياز زاۋۇت قۇرۇۋېلىپ، خوجايىن بولدۇم دەپ، ئەمدى ساتتار سېكرىتارنىمۇ باشقۇرماقتا. قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كويلۇق دەسمايە شۇنچىلىك چوڭ نەرسىمىدى؟ ساتتار كىم، ئۇ كىم؟ تېخى سالام ـ سەھەتمۇ يوق، ئىشىككە قاراپ تۇرسۇن دەپ ئىش بۇيرۇغىنىنى قارىمامدىغان. پاھ، بۇنىڭ هاكاۋۇرلۇقىنى!

ساتتارنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوتۇلكىنى بىر كۆتۈردى ـ دە، يېرىملاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت ـ قۇۋۋەت بەرگەن يېرىم بوتۇلكا هاراقنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆز ۋاقتىدا ساتتار ئۆزى ياساتقان ئۆيلەر، نۇرغۇن كۈرەش يىغىنلىرى، قەسەمىيات يىغىنلىرى بولغان هويلا نۇرغۇن قېتىم هەر خىل كارخانىلار قۇرغان ساتتارنىڭ نۇرغۇن خۇشاللىق، شان ـ شەرەپلىرىگە گۇۋاھ بولغان. مانا ئەمدى مامىكاپتەك قۇرۇپ، بۇ قالغان ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان. هازىر ئۇنىڭغا باق. ئەمدى بۇ هويلا ئاۋۇ نىيازنىڭ ئىلكىدە، نىياز ئېيىغا بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن ئىجارە بېرىپ دادۇينىڭ ئۆيىگە خوجايىن بولۇۋالدى. بۇ هويلا هازىر قۇم، كۆمۈر، چويۈن دۆۋىسى، چويۈن ئېرىتىدىغان پېچ، تراكتور، ماشىنىلار، هەر خىل قۇيمىلار بىلەن تولغان، دەسسەپ ماڭغۇدەك يولمۇ قالمىغان، قالايمىقان ئىدى. ئۇ دۈسكىلەپ يۈرۈپ يول تېپىپ بورا لەمپە ئاستىدا يالىڭاچلىنىپ ئىشلەۋاتقان نىيازغا قاراپ دەلدۈگۈنۈپ ماڭدى.

نىياز ئۇنىڭ كەلگىنىنى سەزمىدى. ئۇ بەلگۈرجەك بىلەن
قومنى قايرىپ ھور، ئىس چىقىپ تۇرغان ئېغىر قويمىلارنى لوم
بىلەن ئۆرۈمەكتە ئىدى.

ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆز رەقىبىگە قارىدى. لەمپە ئاستىغا يانتۇ
چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى نىيازنىڭ يېرىمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن يۇمىلاق بېشى سوقما تاشقا،
قارامتۇل، يالىڭاچ بىلەكلىرى سوقما دەستىگە ئوخشاش ھەرى-
كەتلىنەتتى. ئۇنىڭ ئورۇق، شۈدىما گەۋدىسى يىڭناغۇچتەك
مىدىرلايتتى. ئەنە شۇ كۆرۈمسىز گەۋدە ساتتارنى شۇنچە خاپا
قىلدى. ساتتار بۇ خاپىلىقىنى بۈگۈن چىقىرىدۇ. لېكىن گەپ
ئاچماق تەس. چۈنكى ساتتار ئۇزۇندىن بېرى نىيازغا تىكىلىپ
قارىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەت، يېڭى
خىجىلچىلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويغان.
ئۇلار يالغۇز يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشسىمۇ بىر - بىرىدىن كۆز
قاچۇرۇشاتتى. نىياز ساتتارنى كۆرسە ئەتەي باشقا كوچىغا ئە-
گىيتتى. لېكىن يېقىندىن بېرى نىياز ئۆزىنى كۆرسىتىشكە
باشلىغان؛ ئۇ ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم پېچقا ئوت ياقاتتى.
ئىسسىقتىن قېچىپ كېچىسى ئىشلىگەچكە، چويۇن ئېرىتىدىغان
پېچتىن چىققان يالقۇن كېچىچە دېرىزىسىدىن ئۆيىگە چۈشۈپ
ساتتارنىڭ كۆزىنى چاقاتتى. پېچ ئۇچقۇنلىرى ئۆگزىنى ئەگىپ
ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئىستانوك، شامالدۇرغۇچ ئاۋازلىرى سات-
تارنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ، ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. بۇ ئىش-
لارغا لېۋىنى چىشلەپ، غىڭ قىلماي يۈرگەننىڭ ئۈستىگە بۈ-
گۈن چۈشتە ساتتار ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرسا، نىياز موتسىك-
لىت بىلەن شۇنچىلىك توپا توزۇتۇپ ئۆتتىكى، قويۇق چاڭ-
توزان دەستىدىن ساتتار دەم ئالالماي قالدى. مانا ھازىر بولسا
تېخى، ساتتار دەرۋازىغا قاراپ تۇرسۇن دەپ خۇددى بالىغا بۇيى-
رۇق قىلغاندەك ساتتارغا بۇيرۇق قىلماقتا. ئەلۋەتتە، سەۋر -

تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ ـ دە!

ساتتارنىڭ غەزىپى بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە، قوللىرى كۆپۈشۈپ، تومۇرلىرى لىپىلدىماقتا، گويەن تومۇرلىرى كۆپمەكتە ئىدى! ئۇ ئەمدىلا نىيازنىڭ قولىدىكى گورجىكىنى چۆرۈۋېتىپ، «نېمەڭگە غادىيىسەن» دەپ گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، نېرىقى ئۆيدىن ھېلىقى باش تېخنىك چىقىپ كەلدى. مانا ئۇ نىيازنىڭ يېنىغا كەلدى. ساتتار قوم ئۇستىگە تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— نىياز، باشقىلار قېنى؟ — سورىدى تېخنىك.

— ھاردى، دەم ئالسۇن! — دېدى نىياز قولىغا تۇكورۇپ تۇرۇپ، — ئىككى سائەت ئىشلىسەك قومدىن چىقىرىپ بولىمىز.

— ھە، ھېلىقى توختامنامىنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

— كېلىشتۇق، ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كويلۇق زاكاز ئالدۇق. قېلىپنىڭ چېرتيوژلىرىنى ئېلىپ چىقتىم. ئەتىگەنلىككە قېلىپ ياسايمىز. قوم ئازلىق قىلىدۇ، يەنە ئىككى ماشىنا قوم، بەش توننا كوكس، ئەڭ مۇھىمى، دەرھال ئەتراپقا تراكتور ئەۋەتىپ ئالتە ـ يەتتە توننا قارا چويۈن ئالمىساق بولمايدۇ! — دېدى نىياز ئالدىراپ سۆزلەپ، — مېنىڭچە، ئادىمىمىز يېتىدۇ. بىزگە بىر ئەپچىل، تەجرىبىلىك مال ئالغۇچى لازىم. ھېيت ئاكىنى ئەۋەتەي دېسەم، ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

— ھەي نىياز، — دېدى تېخنىك بىردىنلا خۇشال بولۇپ، — مۇنۇ ساتتار سېكرېتار بۇ ئىشقا تازا لايىق ئىدى. بالىلىرى ئۇششاق، ئايالى بەتخەج، ئېتىزغا ئىشلەپ جان باقمىقى تەس، بايا ھېيت ئاكا ساتتارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ قىرىق بەش كوي سوراپ كىرگەنىكەن.

— پۇل سورىدىما؟ — نىيازنىڭ مەغرۇرلۇقى ئاۋازىدىن

بىلىندى.

— دادۇيدىن بېرىدىغان ئوتتۇز كوي نېمىگە يېتىدۇ. مەيلى، بىز بىلەن ئوخشاش ئېيىغا ئىككى يۈز كويدىن مائاش ئالسۇن، بىزگە چويۇن ئېلىپ بەرسۇن، ئۇنىڭ ھەممىلا يەرگە قولى يېتىدۇ، گېپى ئاقىدۇ.

— تازا لايىق،. تەجرىبىسى بار ئادەم. بىراق ئۇنىمايدۇ. ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدۇ - دە، ئۇ دېگەن سېكرېتار تۇرسا!

— «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار. نېمىلا قىلمىسۇن، ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا سېكرېتارلىق تەگمەيدۇغۇ!

— ئۇلار سېنىڭ بىلەن مەندەك ئويلامدۇ ئاكا! — دېدى نىياز، — ئۆمرى باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ ئۆتكەن ئادەم، باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىشنى، قىلغاندىمۇ ماڭا ئوخشاش شەخسىنىڭ زاۋۇتىغا كىرىپ ياللانما دېگەن نامغا ئىگە بولۇشنى خالامدۇ؟ ئاچ - يالىڭاچ قالسىمۇ، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ!

— قىلىدۇ، نىياز، — دېدى تېخنىك كۈچەپ ۋارقىراپ، — قىلماي نېمىسى باركەن، دادۈي سېكرېتارى بولغان بولسا ئۇ ئۆتمۈش، ئۇ بىر ئۆچمەيدىغان تامغا ئىزىمىدى؟ ئەخمەق ئادەملەر تولا جۇمۇ: مەنسەپ — ئەقىل، بىلىم، تالانت دەپ قارىشىدىكەن. مەنسەپ — ئامەت، بولمىسا سېكرېتار بىلەن بىزنىڭ نېمە پەرقىمىز بار؟ ئامەت باشتىكى دوپپىدەك بىر نەرسە، كونىرايدۇ، تاشلىنىدۇ، لېكىن باش تاشلانمايدۇ. ئاڭلىسام، سېنى مۇشۇ ساتتار تەربىيىگە ئەۋەتىپ بېرىپتىكەن. ياپپاشلا تۇرۇپ تەربىيىگە چۈشۈپ، يەتتە - سەككىز يىل كۆرمىگەننى كۆردۈڭ، قىلمىغاننى قىلدىڭ، مانا ئەمدى، ساڭا بېسىلغان ئۇ تامغىمۇ ئۆچتى، ھازىر كىم سېنى نىياز جىنايەتچى

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ. قارا، ھازىر كىم دېسە بالدۇر بېيىغان دېھقان، نۇقتىلىق ئائىلە، كەسپىي ئائىلە، تۈمەن كويلۇق ئائىلە، نىياز ۋەكىل، نىياز نەمۇنچى، نىياز ئىلغار ... ھەممە ياخشى ئىسىملار سېنىڭ. كىشىلەر خۇددى سېنىڭ تەربىيىگە چۈشكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ بولغاندەك، ساتتارنىڭ سېكرېتارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ بولۇشتى. راست، ئۇ بىزدەك تۈز ئويلىمايدۇ، نام - ئاتاق سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۇ تېخىچە قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب بولۇشنىڭ كويىدا ...

ساتتارنىڭ سەكرەپ تۇرغۇسى، ۋارقىرىغۇسى، بېرىپ ئۇلارنىڭ كانىيىغا ئېسىلغۇسى كەلدى. لېكىن ئۆزىنى تۇتتى. ئۇلارنىڭ گېپى گەپ ئەمەس، بوراندا كۆزگە ئۇرۇلۇۋاتقان قۇم-شېغىل، قەھرىتان قىشنىڭ ئاچچىق نەشتەرلىك شۇۋىرغىنى، زەھەرلىك چاققاقنىڭ تىكىنى ئىدى. ساتتار ئىسسىق قۇمنى مىجىقلىدى - دە، ئۆملىگىنىچە تام ياقىسىدىكى سايە بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ئاناڭنىڭ ... ۋۈي، ئىت ئاغزىدىن ئاشقان تارىمۇش! ئالە پۇلۇڭنى! مە، چېكەڭگە تاڭ!

ساتتار پۇلنى ھېيتىنىڭ بېشىغا ئاتتى - دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ قالغان ھاراقنى پىيالىگە قۇيۇپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى - دە، ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئايالى ياتقان ئۆيگە كىردى:

— پۇل تاپتىڭمۇ؟ — دېدى ئايالى ناز بىلەن يېنىغا ئۆرۈلۈپ.

— تاپتىم! — دېدى ساتتار دەلدەڭشىپ ئايالىغا قاراپ مېڭىپ، — مانا پۇل!

ئايالى ھەيران قېلىپ كۆزىنى چىمىلداتتى. چۈنكى ئېرى پۇل دەپ مۇشتۇمىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئۇ ئايالىغا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ قويۇپ يەنە ئىشىكى ئالدىغا

چىقتى.

جىمجىت، ئايدىڭ، سالقىن شامال ئۆنىڭ بۆرنىغا يىراقتا قالغان ياشلىقىنىڭ يېقىملىق ھىدىنى ئۇرماقتا: ئۇ بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن قىرىقتىن ھالقىغان بويتاق ئىدى. ئۆنىڭغا شۇ يىلى ئامەت كېلىپ، بىردىنلا داۋۇينىڭ سېكرېتارى بولۇپ قېلىۋىدى، بولۇڭ ـ بۇلۇڭدىن لايىق تېپىلغىلى تۇردى. جۇۋانلار ئۆنىڭغا كۆلۈپ قارايدىغان، قىز ـ چوكانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنى داستىخىنىغا تەكلىپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۆنىڭغا ئۆيلۈك بولۇۋېلىشمۇ تۇيۇقسىز بىر ئىش بولدى: شۇ يىلى شەھەردىن تارقاقلىشىشتا چىققان تۇل ئايالنىڭ تۇل قىزى، يەنى ھازىرقى ئايالى بىرلا كۆز تاشلاپ ساتتارنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ساتتار ئۆيلەندى. لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇپ يۈرۈشتىن مەھرۇم بولدى. ئۆنىڭ پۈتۈن ئىشىنى ئايالى بەلگىلەيدىغان، ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن ئايالىنى رازى قىلىشنىلا مەقسەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۇ ئىش يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇ قانچىلىغان تاپا ـ تەنە، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى ئاڭلىدى. لېكىن ئۆنىڭ ئايالىغا بولغان ئەقىدىسى تۇرمۇشىدىكى ناموۋاپىق ئىشلارنى كۆرۈشكە يول قويمىدى. قىسقىسى، ئايال ئۆنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئەيىبتىن خالىي، تۇرمۇشتا ھەممە توغرۇلۇق ۋە ئاقىلانىلىكنىڭ مەنبەسى، باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى «پاك» ئايال ئۈستىگە چېچىلغان «يۇندا» بولۇپ تۇيۇلۇۋەردى.

بۈگۈنچۇ؟ قېرىغانسېرى، ھۆرمەتتىن، ئىناۋەتتىن ئايرىلغانسېرى ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىقنى چۈشەنمەكتە: ئايالنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، رەھىمسىزلىكىگە قارشى بۇرۇنراق مۇشت كۆتۈرۈش لازىم ئىكەن، ھەي، ئىسىت! ...

... ئاي چۈش بولدى. ئايدىڭ خۇددى سىلىق ھەرىكىتى بىلەن تەبىئەتنى، بارلىق جانلىقلارنى ئۇخلاتماقچى بولغاندەك ئاستا ماڭاتتى. ساتتارنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان. ئاي ھەرقانچە قىل-غان بىلەنمۇ ساتتارنى ئۇخلىتالمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكىدە خۇددى نىيازنىڭ پىچىدەك ئوت ياناقتا.

— نىياز! — بىرى قاتتىق ۋارقىرىدى. دېمەك ساتتار-نىڭ «دۈشمەن» لىرىمۇ ئۇخلىمىغانىكەن. ساتتار نىياز دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قاپقىنى يەنە تۇردى.

نىياز دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسىلا ساتتارنىڭ بەدىنى تىكەنلە-شىدۇ. قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ: ئۇ ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-نىڭ بىرەرى يېڭىلىشىپ بالىسىغا «نىياز» دەپ ئىسىم قويغان بولسا، ئۇ بالىغا ئۆچلۈك قىلىپ شۇ تۇغقىنىغا سوغۇقلۇق قىلدى.

ئەلۋەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك بىرلا ئىش سە-ۋەبىدىن بولغان بولسا، ۋاقىت ئۆتۈش بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ يىلتىزى قۇرۇيدۇ. لېكىن ئۇ يىلتىزنى قۇرۇتۇشنىڭ ئورنىغا ۋاقىت ئۇ يىلتىزنى ئەكسىچە يېڭىدىن - يېڭى قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلەپ تۇرسىچۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ھالدا ئۆچمەنلىك نوتىسى قاۋۇل دەرەخكە ئايلىنىدۇ. يىللارنىڭ بورانلىرى بۇ دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ.

نىياز بىلەن بولغان زىددىيەت ھازىر ئەنە شۇنداق چوڭقۇر يىلتىزلىق، مەزمۇت دەرەخكە ئايلانغانىدى. يىللار قىرىلىقنى ئېلىپ كەلدى. ساتتار نۇرغۇن ئىشلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەت-تى. لېكىن مۇشۇ نىيازغا بولغان ئۆچمەنلىكى قېرىمىدى، ئۆل-مىدى. ساتتارنىڭ قارىشىچە، نىياز ئۆز ئۇستۇنلۇكى بىلەن ساتتارنى ئېگىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرمەكتە ئىدى.

ساتتار زاۋۇتتىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى تىڭلاۋې-تىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ تارىخىنى ئەسلىدى:

1961 ـ يىلى ياز، نىيازنىڭ دادىسى گوڭشېغا قارشى گەپ تارقاتقىنى ئۈچۈن داۋىي بويىچە كۈرەش قىلىندى. ساتتارنىڭ ئېسىدە، نىيازنىڭ دادىسى كۈنجۈرە ئارىلاشقان كېپەك ناننى خەلقنىڭ ئالدىدا ساتتارنىڭ بېشىغا ئاتقان: بۇغداي تېرىپ چالما يەيمىزمۇ؟ ساڭدىكى بۇغداينى ئاناڭغا ئاپامسەن ئىت! دەپ تىللىغان. ساتتار شۇ چاغدا داۋىيجاڭ ئىدى. ساتتار نىيازنىڭ دادىسىنى گوڭشېغا ئۆزى ئاپىرىپ بېرىپ ھەقسىز ئەمگەككە سالغۇزدى. نىيازنىڭ دادىسى ئاچلىق، ئېغىر ئەمگەك بىلەن سېرىق كېسەل بولۇپ ئۆلدى. نىياز بۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشلىق بالا ئىدى. نىياز بىر كۈنى ئۆگزىدە تۇرۇپ رەگەتكە بىلەن تاش ئېتىپ ساتتارنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى …

ساتتار ئەلەم بىلەن بۇ يادنامە تاتۇقىنى سىلىدى.

1965 ـ يىلى كۈز.

نىيازلارنىڭ ئۆيى گوڭخۇا يولىغا توغرا كەلگىنى ئۈچۈن چېقىلىدىغان بولدى. نىيازنىڭ تۇل ئانىسى يالۋۇردى. لېكىن ساتتار چېقىشقا بۇيرۇق بەردى. ساراي ئۆي چېقىلىۋاتقاندا گوڭشېدا شۇ يىلى ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان نىياز يېتىپ كەلدى ـ دە، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ساتتارنىڭ كانىيىغا ئېسىلدى. ساتتار ئۇنى بىرلا ئىتتىرىپ ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. بالا بىر خىشنى ئېلىپ ساتتارنىڭ مېڭىسىگە ئۇردى. ساتتار يىقىلدى. ساتتار دوختۇردىن چىقسا نىياز تەربىيىگە كېتىپتۇ …

1974 ـ يىلى باھار.

نىياز تەربىيىدىن يەتتىنچى يىلى چىقتى. ئۇ تراكتور ھەيدەشنى، سېلىسارلىق، توكچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ چىقىپتۇ. ئۇ تىنىمسىز ئىشلىدى. قېرى ئانىسىنى خۇش قىلدى. پۇللۇق، ئىناۋەتلىك بولدى. شۇ چاغدا ساتتارنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن قىزى بار ئىدى. ساتتار بۇ ھەم چىرايلىق، ھەم ئوقۇمۇشلۇق قىزنى ئۆزىنىڭ ئۆگەي

قىپىنىنىسىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. قىپىنىنىسى ماگىزىنچى بولغىنى ئۈچۈن توي تەييارلىقىمۇ تېزلا پۈتتى. ساتتارنىڭ سىڭلىسىمۇ خۇشال بولدى. تويغا ئۈچ كۈن قالغاندا قىزنى مۇشۇ نىياز تراكتور بىلەن ئېلىپ قاچتى. قاچقانلارنىڭ ھېچنەدە دېرىكى بولمىدى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇلار نىيازنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولغاندا، ئۇلار قانۇنلۇق ئەر - ئايال ئىدى. لېكىن ساتتار بىلىپ تۇرۇپ نىيازنى مىنبىڭلارغا باغلاتتى. ئۇرغۇزدى. ئاخىر نىيازنى مەھەللىدىن قىز بىلەن قوشۇپلا ھەيدىۋەتتى. نىياز «قارا نوپۇس» بولۇپ يۇرت كەزدى، نامراتچىلىقتا بالىلىق بولدى. پەقەت ساتتار سېكرىتارلىقتىن چۈشكەندىن كېيىنلا مەھەللىگە قايتىپ كېلەلىدى.

ئىككى يىل ئاۋۋال «دۆڭفاڭخۇڭ ـــ 75» نى گۆركىردەتىپ يۈرۈپ بىر يىلدا تۆت مىڭ يەتتە يۈز كوي پايدا ئالغاندا، ساتتار ئۇنىڭ پۇلىنى مۇسادىرە قىلغۇزۇۋېتىش ئۈچۈن گۆڭشېغا، ناھىيىگە كۆپ قاتىردى، لېكىن ئاقتۇرالمىدى. مانا ھازىر بۇ «دۈشمەن» زاۋۇتنىڭ خوجايىنى، ساتتارنىڭ ھەر كۈنى چىدىشىغا تېگىدىغان، ساتتارنىڭ گېپىنى، ئىناۋىتىنى قويماۋاتقان «رەقىبى» . بۇ رەقىب تېخى پارتىيىگە ئەزا بولماقچى، بۇ جاھان نېمە بولۇۋاتىدۇ. نېمىشقا ساتتارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئىش بولمايدۇ. نېمىشقا «كېرەكسىز» ئادەملەر ئەتىۋار، ئىناۋەت تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىناۋىتى ھېسابىغا ساتتاردەكلەرنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، قىممىتى چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. گېپى ئاقماس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

نىيازدەكلەر تېخى پارتىيىگە ئەزا بولارمىش، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرى قىلمىش ئەمەسمىش. شۇ چاغدا نىيازنىڭ تەربىيىگە چۈشۈشى خاتا بولغانمىش! تېخى نىيازنىڭ قىز ئېلىپ قېچىشىمۇ كونىلىققا قارشى ئىنقىلابمىش! بۇ ياچېيكا ھەيئەتلىرى ئالجىپ قالدىمۇيە؟

ئۇ نۇرغۇن سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يېڭى پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ هويلا ئىشىكىنى قاقتى. ئەنسىز ئىت ئۇنىڭ تاپىنىدىلا هاۋشىدى. سەپرايى ئۆرلەپ تېرد-كىپ تۇرغان ساتتار ئىتقا ئېڭىشىۋىدى، ئىت تېخىمۇ بەتتەر قاۋىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئىتقا تاشلاندى - دە، قېچىشقا ئۇلگۇ-رەلمىگەن ئىتنىڭ قۇلىقىدىن قوشۇپ بېشىنى قامالاپ تۇتتى ۋە ئايلاندۇرۇپ - ئايلاندۇرۇپ هويلىغا قارىتىپ قورۇقتىن ئارتىلدۇرۇپ ئاتتى:

— ماڭ، ئىگەڭگە هاۋشى، يۇزىدە تۈكى بار مەخلۇق! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. ئۇبىر هازادىن كېيىن مەستلىكتىن سەگىدى. سۇزۇك يەر ئاستى سۈيىنى قانغۇچە ئوچۇملاپ ئىچكەندىن كېيىن تامام ئەس - هوشىنى يىغىۋالدى...

ئەتىگەنلىكى ئۇ ئايالىنىڭ كايىپ تۇرتۇشى بىلەن ئويغاندى.

— قېنى پۇل؟ — دېدى ئايالى يىغلامسىراپ، — ماڭا نېمىدى، سەتچىلىك ساڭا بولىدۇ. ساتتار سېكرېتارنىڭ خوتۇنى ئادەمگەرچىلىككە چىقىنالماپتۇ دېسە، خەقلەر كۇلۇشىدۇ. كۆپ-چىلىكنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ ئۆگىنىپ قالغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ شورى قۇرۇدى، دېيىشەر دۇشمەنلىرىڭ!

— شورى قۇرۇدى؟ — دېدى ساتتار بېشىنى تاتىلاپ، — كۆرىمىز تېخى، نېمانچە كالپارايسەن، ئۆمرۇڭدە بىر قېتىم مەرىكىگە بارالمىغىنىڭغىمۇ؟ بول، چېيىڭنى تەييارلا!

— ئۆيۈڭنى بېشىڭغا كىي، هورى تۇگەپ، شورى قالغان ئۆيۈڭگە خۇشتار ئەمەسمەن!

ئايال ئىشىكنى جالاقلىتىپ چىقىپ كەتتى.

— مانا كۇن! — دېدى ئۇ سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، — ئىت - ئېشەكنىڭ كۇنىگە قالىمەنمۇ نېمە؟

ساتتار ناهىيىگە بارىدىغان ماشىنىلارنىڭ بىرەرىگە چىقىۋې-

لىش ئۇچۇن تۆت كوچا ئېغىزىدا توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ ئىككى سائەتتەك تۇردى. نۇرغۇن ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرى ئۇنىڭ قول كۆتۈرۈپ توختاشقا ئىشارەت قىلغىنىنى كۆرۈپ توختىمىدى. بۇرۇنلاردا بولسا بۇ ماشىنىلار ساتتارنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختاشقا ئامراق ئىدى. ھەتتا بۇ تونۇش شوپۇرلار ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ كېلىمەن دەپ قانچە قېتىملاپ زورلىغانمۇ ئىدىغۇ؟ نېمە بولدى؟ ئادەملەردە ئىنساپ تۈگىدىمۇ ياكى ساتتار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا رەنجىتتىمۇ ياكى بولمىسا ساتتاردەكلەر ئۆتمەس مالغا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟

ئاخىر بىر تراكتور ئاستا مېڭىپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئادەملەر ياماشتى. ساتتارمۇ ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا تراكتورغا ياماشتى ۋە بۇ ھاك باسقان تراكتوردا ئىككى سائەت چايقىلىپ، تۈگمەنچىدەك ئاپئاق توزانغا مىلىنىپ ناھىيىگە يېتىپ باردى.

ئۇ كىيىملىرىنى قاقمايلا ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئالدىغا كىردى. ھاكىم ساتتارنى ئاۋۋال تونۇمىدى، كېيىن ئۇزۇن يىللىق خىزمەتلەردە بىر ئۆينىڭ ئادىمىدەك ئۆزلىشىپ قالغان دوستىنى تونۇدى:

— ئىش تاپالماي ھاكچىلىق قىلىۋاتامسەن، ساتتار ئاكا! — دېدى ھاكىم قاقاقلاپ كۈلۈپ، — توختا، ئاۋۋال يۇيۇن، ئاندىن كېيىن كۆرۈشكىن.

كۈلۈپلا تۇرىدىغان، ئاق سېرىق ھاكىم ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ساتتارنى مۇنچىغا باشلاپ ماڭدى.

— ئالدىڭغا كېپەن بىلەنلا كەلدىم، — دېدى ساتتار ئاپئاق كىيىملىرىنى كۆرسىتىپ، — ئۆلسەم كېپەنلەيدىغان ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەتىگەن، تېخى ئەتىگەن! — دېدى ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال يۇيۇن، ئاندىن كېيىن قانچىلىك دەردىڭ

*    *

ئايدىڭ. نىيازنىڭ زاۋۇتى تېخىمۇ ئايدىڭ. تەرەپ - تەرەپكە تارتىلغان سىملاردا يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىلار نۇرلىنىپ ئەتراپىدا پەرۋانە، كۇمۇتىلار ئايلىنىدۇ. پېچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كۆ-كۇش يالقۇن فونتانىدەك ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ. پېچ ئېغىزى-دىن ئېقىپ چىققان سۇيۇق قاندەك يالقۇنلۇق ئېرىتمە بىردە ئىككى كىشىلىك، بىردە يالغۇز كىشىلىك چۆمۈچلەرگە قۇيۇلى-دۇ- دە، يالقۇندىن قىزارغان كۆل ۋە قومغا ملەنگەن ئادەملەر ئۇ چۆمۈچلەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قۇمغا چۆمكەلگەن قېلىپلار-نىڭ كىچىك ئېغىزلىرىغا قۇيىدۇ، كىچىك ئېغىزلاردىن هور ۋە ئىس كۆتۈرۈلۈپ توختىماي تەر ئېقىۋاتقان يۈزلەرنى ئۆرتەيدۇ. ئادەملەر خۇددى بىر يىرتقۇچ هايۋاننى مەڭگۈ تۇرماس قىلىپ ياتقۇزماقچى بولۇشقاندەك قېلىپلار ئۈستىگە ئېغىر پولات ئۇيۇت-مىلارنى قويۇشىدۇ ...

— پۈتۈن قارا چويۈن توختامنامىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمەيدىغان بولدى، — دېدى نىياز كۆزنىگە كىرىۋاتقان ئاچچىق تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغى-چە تۆت تونىنا مال تاپشۇرمىساق توختامنامىنىڭ شەرتى بويىچە ئالىدىغان ھەققىمىزنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى كېمەيتىلىدۇ!

باش تېخنىك ئېغىزىنى مىدىرلاتتىيۇ، گەپ قىلالمىدى، ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېيت پاكار يۈگۈرۈپ كەلدى:

— گوسنۇسنى پېچقا سالغىلى تۇردىغۇ، مالنىڭ سۈپىتى قانداق بولىدۇ؟

— ئازراق ئارىلاشسا ھېچقىسى يوق! — دېدى باش تېخنىك دەرھال.

— بولمايدۇ! — دېدى نىياز ئاچچىق بىلەن قولىنى شىلتىپ، — توختاتسۇن، قاچىلانغان بولسا ئېرىپ چىققان چويۇننى قۇمغا قۇيۇۋېتىڭلار. تېخنىك تۇرۇپ بىلمەمسەن، گوسنۇسنىڭ تۇمۇر تەركىبى يۇقىرى، مالنىڭ ئېغىرلىقى ئارتىپ كەتسە ئۆتمەيدۇ!
— نىياز سەن ...
— نېمە مۇجمەل گەپ قىلىسەن! زىيان تارتساقمۇ مەيلى، ناچار مال چىقارمايلى، نېمە، زاۋۇت تاقالسۇن دېمەكچىمۇيە سەن؟
ئۇ پېچ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.
ئاي ئولتۇرۇشقا ئارغامچا بويى قالغاندا زاۋۇتتا ھەرىكەت توختىدى. چاڭقاپ - چارچىغان قۇيمىچىلار يەر تالىلىمايلا قىيسايغان، ئۇلار بەدەنلىرىدىن ھېلىمۇ قۇيۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى ھۆل لۆڭگىلىرى بىلەن سۈرتۈپ، باشلىقنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈشۈپ تۇرۇشاتتى. چويۇن چاققۇچىلار، پېچقا كوكس، ھاك، چويۇن قاچىلىغۇچىلار، قۇيغۇچىلار، ھەتتا بىر دە كىران باشقۇرۇپ، بىردە پولات كۆسەيلەرنىڭ ئۇچلىرىدىكى كاللەك ئېرىندىلەرنى تازىلاپ تىنىمسىز يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چارچىغان ھېيت پاكارمۇ ئولتۇرغان يېرىدە يېتىپلا ئۇخلاشنى خالايتتى.
— تۇرايلى! — دېدى نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ، — غەيرەت قىلايلى، قۇيمىلارنى قۇمدىن چىقىرىۋېتىپ، پېچنى ئادالىۋېتىپ، قېلىپلارنى جايىغا تىزىۋېتىپ قايتايلى، ئەتە بىر كۈن دەم ئالايلى. ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن ئاۋۋال قۇم يىغىش، قىرىشقا ئوخشاش تەييارلىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ چۈشتىن كېيىنلا قېلىپلارنى قۇمغا پاتۇرايلى.
— چاي ئىچىۋالسۇن، ھوي نىياز!
چارچىغان تەنلەر مىدىرلىدى، ئىككى چېلەكتە چاي ئېلىپ ساتتارنىڭ ئايالى زاۋۇتقا كىرگەنىدى.

— ۋۇي، تۇراخان ئاچا! — نىياز ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئاچاڭ نېمىسى سارالڭ، چوڭ ئاپا دە! — دېدى ئايال يالغان خاپا بولۇپ، — بىزگە كۆيئوغۇلسەن، بوينى قاتتىقلىق قىلىپ بوسۇغىمىزنى دەسسەپ قويمىدىڭ، غادىيىۋەرسەڭ، قېرىغاندا ساتتار چوڭ داداڭدەك قوڭالتاق باشلىق بولۇپ قالىسەن!

— رەھمەت چوڭ ئانا!

كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

— رەھمەتنى مەن ئېيتسام بولار، — دېدى ئايال كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن بۇرنىنى چىمدىپ ئېرتىپ قويۇپ، — ساتتار چوڭ داداڭ سايغاقلىق قىلىپ ئۆينى تاشلاپ قاچتى، بۇۋىنىڭ مەرىكىسىدىن قاچاي دەپ تۇرسام ھېيت ئاكامدىن يۈز كوي كىرگۈزۈپسەن. ياغلىقمۇ سالدىم، ئىككى مېتىر نىلۇن قويدۇم. ھېچكىمدىن كەم بولمىدى، تۆرنىڭ كاللىسىدا گەپنى پوڭ - پوڭ قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ساتتار سېكرىتارنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قالدىم. راست گەپنى قىلسام، چوڭ داداڭنىڭ ئىناۋىتىنى سەن ساقلاپ قالدىڭ، نىياز!

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.

لېكىن نىيازنىڭ غېمى چويۇندا ئىدى. ئۇ كۈنلەرنى ھېسابلايتتى. پۈتۈن گۆڭشېنى ئۈچ كۈندە ئايلىنىپ چىقىپ چويۇن يىغىپ كەلگەندىمۇ تۆت - بەش تونىنا چويۇن يىغىش قىيىن ئىدى. ئالدىغان يۈز نەچچە مىڭ كوي پۇل ئوتتۇز پىرسەنت كېمەيتىلسە، قىرىق - ئەللىك مىڭ كوي زىيان دېگەن سۆز. بۇ ئاز پۇل ئەمەسقۇ! ئامىتى كەلگەن ئوقەتچىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىمۇ ئۇنچىلىك ئەمەستە. قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ قىزىق چايىنى پۈۋدەپ ئىچىۋېتىپ ئەلەم بىلەن ھېسابلايتتى. «ئىككى ماشىنا ماڭسىچۇ؟ شەھەرگە ياكى ناھىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ يالۋۇرۇپ كۆرسىچۇ؟ ... »

— كىمنى دەيسەن، نېمە ئىشىڭ بار؟ — ھېيت پاكار دەرۋازا ئالدىدا توختىغان قىزدىن ۋارقىراپ سورىدى.

— نىيازنىڭ زاۋۇتى دەمسىنا؟ — ۋارقىرىدى ھېيت پاكار بالىلارنىڭكىدەك زىل ئاۋاز بىلەن، — نېمە، چويۇن، ھەي، نىياز، چويۇن، چويۇن كەلدى!

ھېيت پاكار دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋېتىپ ماشىنىغا يول باشلاپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

— كىم ئەۋەتتى؟ — نىياز ھاياجان بىلەن شوپۇردىن سورىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشتى ۋە مايلاشقان پەلىيىنى قولىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ تۇرۇپ:

— ناھىيىلىك تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتىدىن. مانا پۇل، كىرا تالونى، مېنى ھازىرلا يولغا سېلىۋەتكىنە!

— كىم بىزگە چويۇن لازىم دەپ باردى ئۇ يەرگە؟

— نېمە؟ — تېرىكتى شوپۇر نىيازنىڭ نىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ، — ئالجىدىڭمۇ؟ ھېلىقى ھاكىمنى باشلاپ كىرگەن قاپىقى يامان قېرى سېنىڭ ئادىمىڭ بولماي، مېنىڭ دادامىدى؟

— قايسى قېرى؟

— تايىنلىق بىزنىڭ ساتتار! — دەپ ۋارقىرىدى ھېيت پاكار خۇشال بولۇپ، — ھاكىمنى باشلاپ كىردىمۇ؟ پاھ، بۇنىڭ ئەقلىنى قارا!

— ھاكىمنى ئەكىرمىسە سېنىڭ ئۇ تۇرتەك پيەنچۇكۇڭنى كىم تونۇيتتى؟

— تىلىڭنى تارت، ھوي بالام! — دېدى ھېيت پاكار بىردىنلا خاپا بولۇپ، — بىلەمسەن ئۇ كىم؟ ھاكىملارنىڭ ھاكىمى، پارتىيە سېكرېتارى ساتتار دېگىنە!

بوۋاي دوستى بىلەن ماختىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، كۆپچىلىك ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلدى.

كۆلكىدىن تولۇن ئاي ئۆركىدى، ئۇ چىغ ئارقىسىدىن ئۆر-
كۆپ چىققان توشقاندەك ئاق بۇلۇت كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
نىيازنىڭ زاۋۇتىغا قاراپ كۈلدى.

يەنە ئايدىڭ. ياپپېشىل ئېتىزلار ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرىغا
چۆمۈلگەن. بۇلۇتسىز ئاسمان تولۇن ئاينىڭ نۇرلىرىدىن خۇددى
يامغۇردىن كېيىنكى ئېتىزدەك سۈزۈلگەن. كەڭ دالامۇ گويا
ئاسمان بىلەن گۈزەللىك تالاشماقچى، ئۇ نارەسىدىنىڭ يۈزىدەك
كىرسىز، پاك.

بۇنداق ئايدىڭدا كۈلگۈڭ، ناخشا ئېيتقۇڭ كېلىدۇ!

— دېمىم سىقىلىۋاتىدۇ، توختاتقىنا شوپۇر! — دېدى
ساتتار ماشىنا كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — ماشىنا
ئۈستىگە چىقىۋالاي.

— ئۈستى چويۇن، قاتتىق، — دېدى شوپۇر كۈلۈپ، —
سەن چىقىپ كەتسەڭ، مەن كىم بىلەن مۇڭدىشىمەن؟

— ماشىناڭ بىلەن مۇڭداش! — دېدى ساتتار كۈلۈپ، —
مەن ئاسماندىكى ئاي بىلەن مۇڭدىشىمەن!

ساتتار ماشىنا ئۈستىگە چىقتى. ماشىنا ئىرغاڭلاپ - سىلى-
كىنىپ يۈرۈپ كەتتى. ساتتار ماشىنا ئۈستىدە قاتلاقلىق بىر-
زېنت ئۈستىدە ھۇزۇرلاندى. ئۇ ھاكىم سوۋغا قىلغان ھاراقتىن
يېنىچە يېتىپ ئىچتى - دە، ئايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

«ھە، ئايجان! — دېدى ئۇ شادلىنىپ، — يەنە ئۇچراش-
تۇق. نېمانچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتىڭ ياكى سەنمۇ ماڭا
ئوخشاش ھاكىمنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا چۈشۈپ يېڭىلىقلارنى
كۆردۈڭمۇ؟ سەنمۇ گادىرماش تۈگۈنچىلەرنى يەشتىڭمۇ؟ نىياز-
دەكلەرنىڭ ئوقىتىنى قوللاشمۇ كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچىكەن.
نېمىشقا بۇرۇنراق بىلمىدىم؟ مېنىڭ بىلگەنلىرىم نېمانچە كوند-
راپ كەتكەندۇر - ھە؟ ھەي قېرىلىق، ئادەمنىڭ پىكرىمۇ -
ئەقلىمۇ قېرىيدىكەن. يالغۇز ئاي، كۈن، يەرلا قېرىمايدىكەن.

يەرنىڭ بالىسى تۇرۇپ ئانىمىزنىڭ تىلىنى ياخشى بىلمەيمىز. ئۇنى ئاز دەپ ئانىمىزدىن بۇرۇن قېرىيمىز. نېمىلەر قېرىمايدۇ؟ بوۋاقلار قېرىيدۇ، ئىشلار قېرىيدۇ، يېڭىلىقلار قېرىيدۇ. گۆڭشې يېڭىلىق ئىدى، قېرىدىغۇ، ئۇنى بىز قۇرغان، بىزدىن بۇرۇن قېرىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ باشقا يېڭىلىقلارمۇ قېرىيدۇ. نىيازنىڭ زاۋۇتىمۇ شۇ! لېكىن يېڭى تۇغۇلغان بالا يېڭى چىققان ئايدەك ئوماق، قەدىرلىك. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خۇشاللىق بىلەن مۇبارەكلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر كۈنى قېرىيدىغانلىقى كىمنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ؟

تۇغۇلۇش — خۇشاللىق. قېرىش — كۆڭۈلسىزلىك. دۇنيا بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاينىڭ يېرىمى يورۇق، يېرىمى قاراڭغۇ. يورۇقلۇق بەختىنىڭ بەلگىسى، قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ تەتۈرى. بىر كىشىنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنداق ئىكەن. نېمىشقا بۇنى بۇرۇنراق بىلمىدىم. بىلگەن بولسام باشقىلارنى رەنجىتمىگەن، ئۆزۈممۇ رەنجىش تاپمىغان بولاتتىم.

رەھمەت ئاي، ماڭا ھاياتنىڭ سىرىنى بىلدۈردۈڭ. مەن ئەمدى ئايدىڭنى تېخىمۇ قەدىرلەيمەن، سۆيىمەن. ئايدىڭ — ئەتىكى يورۇق كۈننىڭ ئەلچىسى ...

1984 - يىل 5 - ماي، يەركەن.

# قوبۇلخانىدا

پارتكوم شۇجىسىنىڭ قوبۇلخانىسىغا سۆلەتلىك، گەۋدىلىك
كەلگەن، دراپ پەلتو، قاما قۇلاقچا كىيگەن بىر ئادەم كىرىپ
كەلدى. شۇجىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ زالدا ئولتۇرۇشقان
ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش-
تى. ھېلىقى ئادەم بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەسلا لىڭشىتىپ
قويدى -دە، قوللىرىدىن خۇرۇم پەلىيىنى ئېلىپ ئاپئاق قولياغ-
لىق بىلەن يۈزىنى سۈرتتى. بۇ رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كې-
يىن، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى چەكمەيلا ئىشخانىغا كىر-
دى. ئىشخانىدا دېھقانچە كىيىنگەن، جۇدەڭگۈ بىر ئادەم بار
ئىدى. سۆلەتلىك ئادەم ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ،
قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىردى:

— مەن پازىلوف، تونۇغانسىز؟

— تونۇدۇم، — دېدى دېھقانچە كىيىنگەن ئادەم كۈلۈپ
تۇرۇپ.

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— يەنە شۇ، بۇرۇنقى ئىش بىلەن ...

— ھىم! — دېدى پازىلوف بۆلۈمنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-
بۇياققا مېڭىپ، — يەنە شۇ زاپخوزلۇق دەڭ، ئىسمىڭىز نېمە-
دى؟

— ساقى.

— ھىم، ساقى زاپخوز، سىزنى ناھىيىدىكى چاغدا سا-
گۇەنلىيۇەن دەپ ئادەتلىنىپ قالغانىدۇق! ياخشى ئىشلەيتتى-
ڭىز، ناھىيىلىك پارتكوم ئاشخانىسىدا بىزنى ياخشى رازى قىلغا-

نىدىڭىز ··· قاراڭ، ساگۆەنلىيوەن ··· قىسقارتىپ ساقى دېسەمال بولىدۇغۇ ـ ھە، سىزلەپمۇ نېمە قىلاي، سەن دەۋېرەي. دېمەك، ناھىيىدىن شەھەرگە ئالمىشىپ كېلىۋاپسەن ـ دە! ··· پەمى بار ئادەمنىڭ يولىمۇ كۆپ بولىدۇ. بىزنى ئالساڭ، خۇشامەت، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇش دېگەنلەر بىلەن چىقىشالمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن يولىمىز تار، ئىشىكلەر ئېتىك!

پازىلوف تاماكا ئىسىنى پۈۋلىدى، ئىستىن دۈگىلەك ھالقىلار پەيدا بولدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. پازىلوف قولاقچىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، پارقىراپ تۇرىدىغان شالاڭ چاچلىرىنى تۆش يانچۇق تارغىقى بىلەن تارىدى ۋە ساقىغا قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ساقى باياتىن مەشنىڭ كولىنى ئېلىپ كۆمۈر سالغانىدى، ئەمدى بولسا ئۈستەلنى سۈرتىۋاتاتتى.

— باشلىقنىڭ قاچان كېلىدۇ، ساقى؟ — دېدى پازىلوف ئەسنەپ قويۇپ، — ئاڭلىسام، بۇ يېڭى كەلگەن باشلىق تولىمۇ ئۆزۈمچىل، بىلەرمەن، چاكىنا ئادەم ئوخشايدۇغۇ؟

— بەلكىم، لېكىن بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ساڭا ياقىدىكەن ـ دە، ھىم ··· بوپتۇ، سەن بولساڭمۇ كۆكلەپ تۇرغىن، ساڭا بىر كىشى ياقتىمۇ، بولدى. ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرگۈڭ كەلمەيدۇ، ھەممىلا نېمىسى يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇۋېرىدۇ ···

پازىلوف ئىستىن يەنە ھالقا ياسىدى ۋە تارىلىۋاتقان كۆكۈش ھالقىلارغا قاراپ ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئەللىك ئىككى يىللىق ھاياتىمدىكى خۇشاللىقىم ئاشۇ ھالقىدەك ئاجىز ۋە تۇراقسىز بولدى، — دېدى ئۇ بىردىنلا غەزەپلىنىپ، — يالغۇز ماڭا تىغ بىلەپ يۈرگەنلەرنىڭ سانىلا ئەللىك يەتتىدىن ئاشىدۇ. باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىر بولغۇچە پۈتۈن زېھنىم، تالانتىم، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئاشۇلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىشقا سەرپ قىلىنىپ بولدى. 1957 ـ يىلىدىكى

ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەش، 1962 ـ ، 1964 ـ يىللاردىكى ئېلىشىشلار، 1966 ـ يىلىدىن كېيىنكى، بولۇپمۇ 1969ـ ، 1970 ـ يىللاردىكىسى ... ئەلۋەتتە خاتا ئەنزە، يالغان ئەنزىلەرـ مۇ بولدى. لېكىن ساقى، ماڭا تىغ بىلەپ يۈرگەنلەرنىڭ پۈرسەتـ پەرەسلىك قىلىپ ئۆزلىرىنى ئاقلىۋالغانلىقى كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيدۇ. ھازىرئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ پارتىيىلىكى، خىزمەت دەرىجىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ بىرلىرى شۇجى، بىرلىرى مۇدىر، بىرلىرى پروفېسسور، يەنە بىرلىرى ئىجادىـ يەتچى بولۇۋالدى. يەنە بىرلىرى تېخى مېنى كۆرسە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى كەڭ قورساق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بىرلىرى كىچىك ماشىنىدا گىدىيىپ ئولتۇـ رۇۋېلىپ ئالىيىپ قاراپ قويىدۇ. بىرلىرى گەپ بىلەن چاقىـ دۇ، بىرلىرى ماقالە يېزىپ دارىتمىلايدۇ، بىرلىرى ئاشكارىلا تىللايدۇ. قىسقىسى، ئەللىك نەچچىسى ئەللىك نەچچە خىل ۋاستە قوللىنىدۇ، لېكىن نىيىتى بىرلا، مېنى يوقىتىش. ئۇلار ئۈچۈن مەن بۇ دۇنيادا ئارتۇق ۋە يىرگىنچلىك ئادەم. خۇددى كوچىدىكى سۈپۈرۈلمىگەن ئەخلەتمەن. لېكىن بىلىپ قويۇشى لازىمكى، مەن ھازىرمۇ ئۇن ئۈچىنچى دەرىجىلىك كاـ دىرمەن.

ساقى ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

ئىشىكتىن ئادەملەر مارىشىپ قويۇشتى، پازىلوف بولسا ئۆزىنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان مۇنۇ ئاددىي كىيىنـ گەن، ئورۇق ئادەمنىڭ ساگوەنلىيوەن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بىر مەرتىۋىلىك كادىر بىلەن مۇنازىرىلىشىـ ۋاتقاندەك، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تېخىمۇ ئەدەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــــ ئاڭلاپ قوي، ساقى! يۇقىرىدىن مېنى بۇ شەھەرگە

www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئەۋەتكەنىدى. ھېلىقى يىللىرى، بىلىد-
مەن، مەن ناھىيىدە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ ئىككىنچى قول باشلى-
قى بولۇپ تۇرغانمەن. ئەمەلىيەتتە، ناھىيىنىڭ بىرىنچى شۇجى-
سى قول ئاستىمدا ئىدى. ئۇ جاي مېنىڭ دەرىجەم ۋە مەرتىۋەمگە
مۇۋاپىق ئىدى. ھازىرچۇ؟ سېنىڭ ھېلىقى رەھبىرىڭ مېنى
كۆرمەي تۇرۇپ، قابىلىيەت، لاياقىتىمنى مىزان - تارازىغا
سالماي تۇرۇپلا، سانائەت ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى باشلىقى قىلىپ
بەلگىلەپ قويۇپتۇ. نېمە قىلىدىكەنمەن؟ ئاڭلىشىمچە، پۇل تاپ-
قۇدەكمەن، دۆلەتكە ھەرىيلى نەچچە يۈزمىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ
بەرگۈدەكمەن. ناۋادا ئۇنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن سانىنى تولدۇ-
رالمىسام جاۋابكار بولغۇدەكمەن! ھەي ساقى، ئۇزۇن يىل سىن-
پىي كۈرەشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا چېنىققان، سىنالغان
ماڭا ئوخشاش كادىرنى ئىقتىسادىي خىزمەتكە سەپلىگىنى باشلى-
قىڭنىڭ دۆتلۈكىنى بىلدۈرمەمدۇ؟ رەھبەرلەر كۆپمىش ! ئون
رەھبەر ئون بىر بولۇپ كەتسە نېمە زىيىنى بار ئىكەن؟ بىرىنچى
قول بولالمىساقمۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىكىنى قاملاشتۇرالاي-
مىز- دە! مۇئاۋىن بولۇۋالساڭ جېنىڭ ئارام تاپىدۇ، پىكاپ
بىلەن كېلىسەن، يېرىم سائەت سافادا ئولتۇرۇپ گېزىت ۋاراق-
لايسەن، ئاندىن كېيىن بىرەر يىغىن بولىدۇ، بىرىنچى، ئىك-
كىنچى قوللار سۆزلەيدۇ، ئاڭلايسەن، ئاڭلاشنى خالىمىساڭ
خوتۇن - بالىلىرىڭ توغرىسىدا ئويلاۋېرىسەن، خالىساڭ ياشلى-
قىڭنى ئەسلەيسەن، بولمىسا كەلگۈسى توغرىسىدا شېرىن خىيال
قىلىۋېرىسەن. ئىشقىلىپ، جىم ئولتۇرساڭلا بولدى. يىغىن
ئاخىرىدا بېشىڭنى لىڭشىتىپ كۈلۈپلا قويىسەن، سېنىڭ سىپا-
يىلىقىڭ، چوڭقۇر پىكىرلىكلىكىڭ، سالماقلىق ۋە ئەستايىدىل-
لىقىڭ ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئىسپاتلىنىۋېرىدۇ.

پازىلوف يېڭىدىن تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇ ئەمدى بىرىنچى
شۇجىنىڭ قوبۇلخانىسىدا شۇجىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى ئۇنتۇپ

قالغان. ئۆز بۆلۈمىگە ئىش بىلەن كىرگەن كىشىگە ۋەز -
نەسىھەت قىلىۋاتقان سۇرلۇك باشلىقىقا ئوخشاپ قالغانىدى. ساقى
بولسا ئۇستەلگە جەينەكلىرى بىلەن تايىنىۋېلىپ قىزىق بىر
ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك پازىلوفنىڭ سۆزلىرىنى زېھنى بىد-
لەن تىڭشىماقتا ئىدى. پازىلوف قاقاقلاپ كۈلگەندە، ساقىمۇ
ئەگىشىپ كۈلۈپ قوياتتى. پازىلوف غەزەپلىنىپ قوللىرىنى شىلد-
تىگەندە، ساقىمۇ خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئارىلاپ - ئارد-
لاپ سوئال سوراپ، تاشلىنىپ قالغان ۋەقەلەرنى پازىلوفنىڭ
ئېسىگە سېلىپ قوياتتى. پازىلوف بىرىنچى شۇجىنى ئەيىبلەش-
تىن توختىغان، ئەمدى ئۆزىنىڭ خىزمەت بېجىرگەن ۋاقىتلىرد-
دا ئاللىكىملەرنىڭ قانداق قىلىپ ئەدىپىنى بەرگەنلىكىنى سۆز-
لەشكە باشلىغانىدى.
— بىر كۈنى مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ بىرناھىيىسىگە ئاشلىق
خىزمىتى بىلەن چىقتىم. قايسى ناھىيىلىكى ئېسىمدە تۇراتتد-
مۇ، چىقتىم دېگىنە، كىچىك ماشىنىدا تۆۋەننى ئارىلىدىم،
ناھىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.
مەن ئۇنىڭغا، ئاداش، مەن كۈنىگە ئۈچ سائەتلا خىزمەت قىلىد-
مەن، كۆپ بولسا ئىككى سائەت يول ماڭىمەن. توققۇز-ئون
سائەت ئۇخلايمەن، ئالتە ۋاخ تاماق يەيمەن، جىق يېمەيمەن،
ئەمما كۈچلۈك يەيمەن، كۈن بولسا سوغۇق، تاماقتىن بۇرۇن
ئىستېمال قىلىپمۇ تۇرىمەن، دەپ ئوچۇقىنىلا ئېيتتىم. لەند-
تى، بىرىنچى كۈنىلا دېگىنىمنى قىلمىدى. چۈش بولغاندا بىر
دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئەتكەنچاي ئىچكۈزدى، رايوند-
نىڭ بىر كادىرى قويۇمنى سويىمەن دەپ شۇنچە قىلىپ كەتسىمۇ
يول قويمىدى. كەيپىم ئۇچتى. ئۇنى كۆزدىن نېرى قىلىش
ئۈچۈن ئەتىسى: «ئاداش، بۇ ناھىيىنىڭ رايونى جىقكەن، سەن
ئېتىڭ بىلەن بىر باشتىن ئايلان، مەن ماشىنام بىلەن يەنە بىر
باشتىن ئايلىناي» دېۋىدىم، ئۇ ماقۇل دېدى. بىرنەچچىدىن

ئادەم باشلاپ ئىككى باشتىن تۇتۇش قىلدۇق. مەن بايىقى جەدۋە-
لىم بويىچە ئىش قىلىپ، يۇقىرىغا يۆتكىلىدىغان ئۈچ مىليون
يەتتە يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ئەمەلىيلەشتۈردۈم. ئۈچ كۈندىن
كېيىن ھاكىم كەپتۇ. مېنىڭ خىزمىتىمدىن قۇسۇر تېپىپ،
پۈت ئېتىپ يۈرىدۇ تېخى. «يولداش پازىلوف، بۇنداق يۆتكە-
سەك، دېھقانلار نېمە يەيدۇ؟ ئۇلار ئۆمۈر بويى يەرتېرىيدىغان
گەپ، ئۇلارنى ئاشلىقتىن قىسساق، ئاخىرىدا دۆلەتنى قىسقان
بولىمىز. سىز چېغىڭىزدا ئالتە ۋاخ تاماق يەيدىكەنسىز، ئۇلارغا
ئۈچ ۋاخ تاماق يېگۈدەك ئىمكان قالمىسا بولماس!» دەپ تىلىنى
چاينىغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن ناھىيىڭىزدە تېرىلغان
ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ سانىنى بىلىمەن، سىز ئون ئىككى مىليون
سەككىز يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىقنى يۇقىرىغا يۆتكەپ بېرىسىز،
مۇشۇ سان توشمىسا ناھىيىڭىزدىن كەتمەيمەن!» دېدىم. ئۇ
دېھقانلارنىڭ پىكىرلىرىنى قىيىنچىلىقلىرى، تەلەپلىرى دەپ
بىر تاغار گەپ ساتتى. گەپنىڭ مەزمۇنىدىن قارىسام، ئاشلىق
سېتىۋېلىش بىر سىلىق بولۇپ قالغان، ئىختىيارى ساتسا دەي-
دۇ، قۇيقا چېچىم تىك بولۇپ كەتتى. دېھقان دېگەن قاچان ھال
ئېيتمىغان؟ يۇقىرىغا ئاشلىق قانچە جىق يۆتكەلسە، خىزمىتى-
مىزنىڭ ئۇنۇمى شۇنچىلىك زور بولىدۇ ـ دە، ھېلىقى ھاكىم-
نىڭ تاپقان گەپلىرىنى قارىمامدىغان، ئۇ بۇ گەپلىرى بىلەن
مېنىڭ پۈتۈن خىزمىتىمنى نۆلگە تەڭ قىلىپ قويماقچى. غەزى-
پىم ئۆرلىدى. لېكىن، توختا، مەن سېنى بىر جايلاي، ساڭا
«دېھقانلارنىڭ تەلپى» دېگەنلىرىڭنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ
قوياي، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولۇمنى قويۇپ
قاقاقلاپ كۈلدۈم: «ياخشى، ياخشى ھاكىم ئىكەنسىز، دېھقان-
لارغا راستتىنلا كۆيۈنىدىكەنسىز، راست ئېيتىسىز، دېھقانلار
تويغاندىن كېيىن ئاشلىقنى سېتىپ بەرسۇن، سانىغا ئېسىلىۋال-
مايلى» دېدىم. ئۇ خۇشال بولۇپ شۇ كۈنىلا مېنى ئۆيىگە

مېھمانغا تەكلىپ قىلدى، ياخشى مېھمان قىلدى، قونۇپ قال-
دىم. ئۇ ئاخشىمى ئىچىپ قىزىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا، «ئاش-
لىق سېتىۋېلىش سىياسىتىمىزگە دېھقانلارنىڭ خېلى پىكرى
باردەك قىلىدۇ ـ ھە؟» دەپ سورىۋىدىم. ئۇ دېھقانلارنىڭ تەرد-
پىنى ئېلىپ سۆزلەپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ
بىردىن خاتىرەمگە ئېلىۋالدىم. مەن بىرىنىڭ چىرايىنى، ئىس-
مىنى يادىمدا ساقلاپ قالالمايمەن، ئىككى ـ ئۈچ يىللا باردى ـ
كەلدى قىلمىسام، يېقىن دوستلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىمەن.
مانا ھازىر، ھېلىقى ھاكىمنىڭ ئىسمىنى، چىراي ـ شەكلىنى
ئۇنتۇپ بولدۇم. لېكىن ئۇنىڭ شۇ چاغدا قىلغان ھېلىقى سۆز-
لىرى ھېلىمۇ يادىمدا، نېمىشقا يادىمدا قالىدۇ؟ سەۋەبى، مەن
بۇ سۆزلەرنى بەزەن ئۇنلۇك، بەزەن ئۇنسىز كۆپ قېتىم تەكرار-
لىدىم، ئۇبدان پىششىقلاپ، قوشىدىغانىنى قوشۇپ، ياسايدىغانىنى
ياساپ ئىشلەتتىم. قىسقىسى، ئۇ گەپلەر ئۇستىدە قىلغان ئەم-
گىكىم خېلى نام بەردى!
پازىلوف ساقىغا قاراپ قويدى. ساقى ھېچنەرسە ئاڭلىمى-
غاندەك خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. پازىلوف ساقى گېپىمنى
چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ دەپ ئەسكەرتىش بەردى:
— بۇ گەپلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەندۇ دەپ ئويلاۋاتىسەنغۇ
دەيمەن. ھەي، ساقى ئاداش، سەن ئۆمۈر بويى سەي ـ كۆكتات،
ئۇن ـ گۆش، پۇل ھېسابى، كاماندىروپكا دېگەنگە ئوخشاش
ئىشلار بىلەنلا بولۇپ كەلگەنسەن. بىزدەك سىياسەت ئىجرا قىل-
غۇچىلارنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيسەن. ئون ئىككى مىليون سەك-
كىز يۈزمىڭ جىڭ ئاشلىقنى يۇقىرىغا يۆتكەش ئەمەلىيلەشكەن
بولسا، سىڭىرلىرىمغا قانات چىققان بولاتتى، مەن باشلىقلىرىم
ئالدىدا كېرىلىپ ماڭالايتتىم، ۋارقىراپ گەپ قىلالايتتىم. لې-
كىن ھېلىقى ھاكىمنىڭ كاساپىتىدىن ئارانلا تۆت مىليون جىڭ-
دىن ئازراق ئاشلىق يۆتكەلدى. مېنىڭ تىلىم قىسقا، قول ـ

ئايىغىم چۈشەكلىك بولۇپ قالدى. لېكىن مەن بۇ زىيانىنى كې-
يىنكى يىلدىكى ھەرىكەتتە تۆلىتىۋالدىم. ھېلىقى ھاكىم ئۇستى-
دىن پاش قىلىش ماتېرىيالى يازدىم. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر
ئۆتۈككە تىقىلدى. بۇنىڭغا ھەيران بولمىغىن ساقى. ئۇ دېھقان-
لارنىڭ پىكرى دەپ بىلجىرلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ سېتىقىغا قانچىلىك
ئاشلىقنى كەم كىرگۈزدى، ھېسابلاپ كۆرگىنە؟ بۇنداقلارنى
ھاكىملىقتا ئەمەس، ھارۋىكەشلىككە ئولتۇرغۇزۇشمۇ خەتەر-
لىك!

ئۇ ماختىنىپ، ساقىغا قاراپ قويدى، ساقى ئېغىزىنى
تۇتۇپ خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇراتتى. پازىلوف ھېكايىسىنى
تۈگىتىپ، يەنە شۈجىنى غاجاشقا ئۆتتى:
— بۇرۇنقى چاغلار بولسا، سېنىڭ بۇ باشلىقىڭنىڭ قو-
بۇلخانىسىغا قاراپمۇ قويمايتتىم، ساقى. ھازىر بىزدەك سىيا-
سىي كۆرەشنى كەسىپ قىلغۇچىلارغا ئىش يوق! مەن كادىر
بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نېمىلەرنى قىلدىم؟ بۇنى سەن
بىلمەيسەن، ساقى. بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن سىياسىي
ھەرىكەتلەرگە قاتناشتىم، بۇ ھەرىكەتلەر ئۆردەككە سۇ ياققاندەك
ماڭا يېقىشۋەردى. ئىستىل تۈزىتىشتە بۆلۈم باشلىقى، سوتسىيا-
لىستىك تەربىيىدە باشقارما باشلىقى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا
ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ۋەكىلى بولۇپ، ئىنقىلابىي كو-
مىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇم. يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت
بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە ئىدارە باشلىقى، بۇجاڭ، شۈجى...
بولۇپ ئۆسەتتىم. لېكىن ھەر قانداق بەختلىك ئادەممۇ پېشكەلگە
يولۇقىدىكەن. مانا قارا، بۈگۈن خارلىنىۋاتىمەن، مۇشۇ شەھەر-
گە ئەۋەتىلدىم. سىلەرنىڭ بىرىنچى شۈجى مېنى سانائەت ئىدارى-
سىگە باشلىق بولسۇن دەپتۇ، ئېيىغا پالانچى يۈەن پايدا تاپشۇر-
دىغان ئىدارىگە باشلىق بولغۇدەكمەن! ناھايىتى ئېنىق، مەن
بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن دېسەم، ئىشنى ئاقتۇرالمىدى، دەپ

تۆۋەنلەتمەكچى، ئاستا ـ ئاستا شاللاپ چىقىرىپ، بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ تىقماقچى! قىلمايمەن دەپ باش تارتسامچۇ؟ ئۇ چاغدا تۆۋەنلىتىش تېخىمۇ ئاسان!

پازىلوف يەنە بىر قېتىم تاماكا تۇتاشتۇرغاندا، باياتىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ ئىشىكتە تۇرغان بىر يىگىت كېلىپ ساقىنىڭ ئالدىغا بىر پارچە ئالاقىنى قويدى:

— تەشكىلات بۆلۈمىدە مەجلىس بار ئىكەن، سىزنى قاتنىشىپ بەرسىكەن، دەپ تېلېفون كەلدى! — دېدى.

ساقى ئورنىدىن تۇرۇپ پازىلوفقا قارىدى:

— ئەمىسە، مەن مەجلىسكە بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — يەنە سۆزلىشەرمىز، ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىپ بەردىڭىز!

— ھەي ساقى! — دېدى پازىلوف گىدىيىپ تۇرۇپ، — سەن ماڭا بىرىنچى شۇجىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغىنا، قانداق نېمە ئۇ، قوبۇلخانىسىنى ئېچىپ قويۇپ ئادەم قوبۇل قىلمايدىغان.

ساقىنىڭ ئورنىغا ياش يىگىت جاۋاب بەردى:

— پازىلوف ئاكا، ئالدىڭىزدا تۇرغان كىشى پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى يولداش ساتتاروف ئەمەسمۇ؟

— نېمە؟ — پازىلوف كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — سىز ساگۇنلىيۇەن ئەمەسمۇ؟

— مەن شۇ، — دېدى ساتتاروف كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ناھىيىنىڭ ئاشخانىسىدا زاپخوزلۇق قىلغانىدىم ...

— نېمىشقا ئىسمىڭىز؟ ...

— ھە، ھەيران قالماڭ، — دېدى ساتتاروف، — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ساتتاروف دېگەن فامىلەمۇ پىپەن قىلىنغاچقا، ساقى دېگەن ئىسمىنىلا قوللانغان.

— سىز ... سىز، سا شۇجى، دېمەك، مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بىدا ئازار يېگەن ئىكەنسىز - دە!

— مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنلا قالپاق كىيىپ قال-
غانمەن! — دېدى ساتتاروف پازىلوفنىڭ مۈرىسىگە قولىنى
قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ماڭا تازا سىنچىلاپ قاراپ
بېقىڭ، قورۇقلارنى، چاچ - ساقاللىرىمدىكى ئاقلارنى چىقىرىۋې-
تىپ قاراپ بېقىڭ. بەلكىم تونۇش چىقىپ قالارمەن. ھېلىقى
چاغدا دېھقانلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ بىر نەچچە ئېغىز راست
گەپ قىلىپ قويۇپ سىزنىڭ ئۆسۈشىڭىزگە دەخلى يەتكۈزگەن
ھاكىم مەن بولىمەن! يولداش پازىلوف، بايا سىز ئىشسىز
قالدىم دەپ زارلاندىڭىز، دۇرۇس، سىزنىڭ زارىڭىز ھېسابىغا
ماڭا ئوخشاش يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئاق دىل ئادەملەر كۈنىنىڭ
سېرىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ ...

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

# هېكايىلەر

## راھەت

«... كوچا ئاپتوبۇسىدا ئۆرە تۇرۇشمۇ راھەت، لېكىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىش بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۈچۈن مودىغا ئايلانغان راھەت. ھەتتا بەدىنى تەرلەپ قىسىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى بۇ راھەتكە ئىنتىلىدۇ ...»

پسىخولوگىيە ئالىمى باش بېكەتتە بايىلا ئېرىشكەن ئورۇن-دۇقتا ئولتۇرۇپ ئاشۇنداق ئويلاۋاتقاندا، ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن نارەسىدەنىڭ يىغىسى، ياش ئانى-نىڭ جىملىشى، دادىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا، مانا، ئولتۇرۇڭ، — ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلىق چوكانغا ئورنىنى كۆرسەتتى.

— رەھمەت، رەھمەت ... سىلى ...

چوكان ئالىمنىڭ قېلىن كۆزەينەكلىك چىرايىغا، ئاقارغان بۇرۇتلىرىغا خىجىل بولۇپ قارىدى.

— ئولتۇرمامسەن، قۇچىقىڭدا بالا بولغاندىكىن ... رەھمەت ئاكا، رەھمەت.

دادىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى ئاۋازى تەبىئىي قۇدرىتى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلدى: ئانا كۈلۈپ ئولتۇردى، ياشقا تولمىغان بوۋاق ئوماق كۈلۈپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن بوۋاينىڭ كۆزەينەكلىك، بۇرۇتلۇق يۈزىگە قىزىقىپ قارىدى.

دادا شادلاندى.

— رەھمەت بوۋا دە، ئوغلۇم، بوۋاڭ ياخشىكەن - ھە؟ قارىسىلا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا ياشلار، بىرەرىمۇ ئورۇن بېرەي دېمىدى.

— ھەممە ئادەم راھەتكە ئىنتىلىدۇ، ئوكام.

— سىلى راھەتتىن كېچەلىدىلىغۇ؟

— ياق، مەن راھەتكە ئىنتىلىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرىشتىم.

— دېمىسىمۇ، ئۆرە تۇرۇش راھەت. شاماللىق - ھە؟ شامالنىڭ ئىشى چاغلىق، روھىڭىز قانائەت تاپىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، بۇ گەپنى مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغان. روھىي قانائەت ...

— ئادەمنىڭ روھى بىلەن جىسمى بىر - بىرىگە ھەم دوست، ھەم دۈشمەن، ئۇلار مەڭگۇ بىللە، بىردەم سوقۇشىدۇ، بىردەمدىلا يارىشىدۇ، ئەر - خوتۇنلاردەك ...

ئالىمغا قىزىققۇچىلار كۆپەيدى.

— جاپاغا ئىنتىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئوكام. شۇنداق ئادەملەرنىڭ شان - شەرىپى كۆپ بولىدۇ.

— راھەتنى دەپ جاپا تارتىدىغاندۇ ئۇلارمۇ؟

— ياق، ياق، روھىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن. روھىنىڭ جىسمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى تىلەيدىغان ئادەملەر مەۋجۇت. بىر مىللەتتە شۇلارنىڭ سانى قانچىلىك كۆپەيسە، ئۇ مىللەت شۇنچە روناق تاپىدۇ. راھەتكە ئىنتىلىدىغانلار قانچە كۆپەيسە، ئۇ مىللەت شۇنچە تېز ھالاك بولىدۇ. بۇ دېگەن ئۆلمەس قانۇنىيەت!

— رەھمەت سىزگە كىلىك، ئولتۇرۇۋېلىڭ!

بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى چۈشمەكچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن

تۇرۇشۇپ، ئورۇندۇقنى كۆكرەكلىرى بىلەن تۇسۇپ، بوۋاينى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن ئاپتوبۇستا قەيسەرلەر كۆپكەن، ئورۇندۇقتا ئىنتىلگەن بىرنەچچە قىز - يىگىت ئىچىدىن قۇياشتىن مۇداپىئەلىنىش ئەينىكى تاقىغان، بۇدۇر چاچ، مودا كىيىملىرىمۇ غەلىتىرەك بىر قىز ھەممىدىن غالىب كەلدى. ئۇ پەرداز بىلەن پەيدا قىلغان بەدەن گۈزەللىكىگە زادىلا ياراشمىغان قوپاللىق بىلەن باشقىلارنى ئىتتىرىپ، جەينەكدەپ، تۇنجى قېتىم ئارقان سىلىنغان شاش ئاتتەك يۇلقۇنۇپ ئورۇندۇقتا ئېرىشتى.

— ماۋۇ كىشىنىڭ ئورنى بۇ ھوي قىز، بالىلىق ئايالغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

— سېتىۋاپتىكەنمۇ؟

— بولدى، بولدى، بىر بېكەتتىن كېيىن مەنمۇ چۈشىمەن، — بوۋاي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئىنتىلگەن «دادا» نىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئولتۇرۇۋالسۇن، ياشلار ئەمەسمۇ، راھەتكە ئىنتىلگەك كېلىدۇ.

قارا كۆزەينەكلىك قىز بوۋايغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ (كۆزى كۆرۈنمىسىمۇ؟) قارىدى.

— قېرىلارچۇ؟ بۇرنىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويامدىكەن؟ راھەت قېرىلاردىن ئاشمىغاچقا ياشلار ئاچ كۆز.

كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

«راھەتكە ئىنتىلىش مودىغا ئايلانغان ئوخشايدۇ، بىزنى ھالاك قىلسا جاپا - مۇشەققەت ئەمەس، مۇشۇ راھەتكە ئىنتىلىش ھالاك قىلىدۇ ...»

ئاپتوبۇستا جېدەل كۆپ، ھەممىنىڭ يىلتىزى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، راھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كارامەت

— يەتتە يىل يەر تاتىلاپ، بىر ئۆمۈر يىغقان ـ تۆگكىنىمە. نى سەرپ قىلىپ ساي سۈيىدىن ياندىما ئېرىق ئالدىم، ھەر يىلى قانچىلىك كۈچ، قانچىلىك پۇل كەتكىنى نامەلۇم، لېكىن ھەر يىلى نەچچە يۈز مېتىر ياندىما ئېرىق پۈتۈپ تۇردى.

— مانا، ئىككى يىل بولدى، ئاخىر ئېرىق چېپىشتىن توختىدىم. قارالىڭ، مۇشۇ قاپتالدىكى ئىككى يۈز ئەللىك مو يەر مېنىڭ، ماۋۇ باغ، ئاۋۇ نەچچە مىڭ تۈپ تېرەكنى كۆردىڭىزمۇ؟ شاپتۇل، ئالما، نەشپۈتلىرىمۇ مېۋىگە كىردى، خىرىدار دېگەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ: ماشىنا، تراكتور، ھارۋىلاردا كېلىشىدۇ ـ دە، ئۆزلىرى ئۈزۈپ ئۆزلىرى قاچىلاپ كېتىشىدۇ. مەن پۇل ئېلىشنىلا بىلىمەن، بۇ بىر كارامەت!

— ھېرىپ قالدىڭىز ـ ھە، مۇخبىر ئۇكام؟ ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنداق بېدىلىك، چۆپلۈك ئارىسىدا ئەمەس، سېمونت يولدا ماڭىسىز. باغنى ئايلاندۇرۇپ سېمونت يول قىلدىمەن. سىزدەك ساياھەتچىلەر ئۇچۇن ئۈستى ئوچۇق «تويوتا» دىن بىرنى ئېلىپمۇ قويالايمەن ··· قارالىڭ، ئاۋۇ ياش كۆچەتلەرگە: يەتتە مىڭ ئىككى يۈز تۈپ، ھەر خىل سورتلۇق ئالما ··· ھەقىقىي غۇلجا ئالمىسىنىڭ يېڭى سورتلىرى ··· يەپ كۆرۈڭ، تىلنى يارىدۇ، بۇ بىر كارامەت!

— ئېلىڭ ئۇكام، داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى. مېۋىلەرنىڭ تەمى ياخشىكەن دەمسىز؟! شۇنداق تەملىك، قۇرت چۈشمىگەن، سېپسىدىغان ئىشمۇ يوق. قارىڭا، بىجىرىم، يېڭىلا رەسىدە بولغان قىزنىڭ يۈزىدەك ··· بۇ بىر كارامەت ···

— پىلانىم چوڭ، ئۇكام. ئىگىسى يەتكۈزسە، ئاۋۇ يەرگە ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا سالىمەن، بىنانىڭ چۆرىسى مېۋىلىك

دەرەخ، ئالدى ئۆزۈم بارىڭى بولىدۇ، ساي سۈيىنى تۇرۇبا بىلەن ئاچىقىپ كۆلگە قۇيىمەن، كۆلنىڭ چۆرىسىنى مەجنۇنتاللىق قىلىپ ئوتتۇرىسىغا فونتان ئورنىتىمەن. بېلىقلار سەكرىشىدۇ، قۇشلار سايرىشىدۇ، سالقىن شامال ئېسىل پۇراقلار بىلەن مېھمانلارنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، بۇ بىر كارامەت!

— توغرا، توغرا ئېيتىسىز ئۇكام، مەن ئاتمىشتىن ئاشتىم، ئارام ئالىدىغان، راھەت كۆرىدىغان چېغىم مۇشۇ. ئەمما لېكىن مەن ئارام ئالالمايمەن، ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيمەن. راست دەيسىز، ھازىرغىچە سارجا، يىپەك دېگەننى كىيىپ باقمىدىم. كىيىشىم چۇقاي، يېتىشىم ئاۋۇ داق سۇپا، ئىچىشىم ئىككى ۋاخ ئەتكەنچاي، يېيىشىم بىر ۋاخ غىزا. ھەر كۈنى كۈن چىققاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەيمەن: ئېرىق چاپىمەن، سۇ تۇتىمەن، قوراي ئورۇيمەن، دەرەخ پۇتايمەن، يول ياسايمەن، يەر تۈزلەيمەن ··· ۋاي ـ ۋۇي، ئىش دېگەن چاچتىن تولا، بۇ بىر كارامەت !···.

— نېمانچە قىلىسىز دەمسىز!؟ قىلماي قانداق قىلاي، بىكار يېتىشقا كۆنمىگەن ـ دە، بىز. ئازاب نېمە؟ بىكارچىلىق، ئۇكام. دۇنيادا بىكارچىلىقتىن يامان ئازاب يوق. كەتمەن، ئورغاق، زەمبىل تۇتمىسام قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، ھەر خىل كېسەللەر ماڭا يامىشىدۇ. قولۇمغا كەتمەن ياكى ئورغاق چىقسىلا تەنلىرىم يايراپ، جانلىرىم ئويناپ كېتىدۇ، راھەتلىنىمەن، ، كۆلۈپ كېتىمەن، ناخشا ئېيتىمەن ··· بۇ بىر كارامەت.

— باللارنى دەمسىز!؟ ئالتە ئوغۇل، ئۈچ قىز — توققۇز بالام، ئون بىر نەۋرەم بار. تۆت ئوغلۇمنىڭ ئۆيى ئايرىم، ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار. ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭى، ئابايا موتو بىلەن كېلىپ پۇل ئېلىپ كەتكىنى شۇ. بىر قىز، بىر ئوغلۇم ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى بىلگەنسىز. مەن يالغۇز ئىشلەيمەن. موتو مىنگەننى دەمسىز؟ نېمىسىنى يوشۇراي، ئۇ بالام

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى، تولۇقسىزنىمۇ تۈگىتەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھالى بەك چوڭ، نېمىلا دېسەم: «سەن بىلمەيسەن!» دېيىشنىلا بىلىدۇ، راست، بىلمەيمەن، رېستوران، كارا ئوك، دېسكو، تانسا، ئولتۇرۇش - پولتۇرۇش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغى- نىم راست. ئۇ، كۈنگە ئىككى قېتىم ناھىيە بازىرىغا ياكى شەھەرگە موتو بىلەن كىرىپ چىقىدۇ. مەندىن بىسوراق مېۋە ساتىدۇ، خەقتىن پۇل ئالىدۇ، كىيىدۇ، يەيدۇ، ئوينايدۇ. ھاي دېسەڭلا قاچىدۇ، ئايلاپ - يىللاپ يوقاپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ئانىسىنىڭ يىغىسىنى دېمىسەم بۇ ئوغلۇمنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، ئۇكام. بالامنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ نېمە قىلاي، بۇ بالا، بىر كارامەت!

— ئايالىمنى دەمسىزا؟ ئۇ بىر ئالتۇن. دۇنيانىڭ نېمە راھىتىنى كۆردى، دەيسىز؟ غەمدىن باشقىنى بىلمەيدۇ. پۇل دېگەن بار، ئۇكام. مال - ۋارانمۇ يېتەرلىك، لېكىن بۇ بىچارە بۇلارنىڭ راھىتىنى كۆرمەيلا مۈكچىيىپ كەتتى. توققۇز بالىنى زاكىسىدىن ئاجرىتىپ قاتارغا قوشماق ئاسانمۇ؟ مەن دېگەن ئېتىز ئادىمى، قازان بېشىغا قولۇمنى ئەگرى قىلىپمۇ قويماي- مەن. نوغۇشىمۇ، سۈپۈرىمۇ، چۆمۈچىمۇ، كۆسەيمۇ شۇ بىچارە. تورغاي بىلەن تەڭ تۇرىدۇ، يېرىم كېچىدە كاڭدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇ مېنىڭ قاياشىم، ھەمراھىم، قول - قاند- تىم. ئىككىمىز بالىلار ئۈچۈن كۆيدۇق، كۆلدە پىشتۇق، كۆر- مىگەننى كۆردۇق. ئاتا - ئانا بولماق قانچە تەس بولسىمۇ غىڭ قىلمىدۇق، بىر - بىرىمىزگە ھال ئېيتىشتۇق، لېكىن ئەلگە «داد» دەپ چاۋىمىزنى چىتقا يايمىدۇق، بۇ بىر كارامەت!

— شۇنداق، ئۇكام. بالىلار ئۈچۈن جاپا تارتىمىز، قورۇ- لىمىز، مۈكچىيىمىز، ھەممىدىن ئايرىلىمىز. بىز ئانا دۆگە ئوخشايمىز، ئۇكام. دۆ دېگەن نېمە دەمسىزا؟ ئۆمۈچۈككە ئوخ- شايدىغان ھاشارات. چاقسا جاننى ئالىدۇ دەڭا. ئۇ بىچارە تۇخۇم

تۇغىدۇ. تۇخۇمنى دۇمبىسىدىكى كاۋاكقا سېلىپ شۇ يەردە بالا چىقىرىدۇ. بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپلا ئانىسىنىڭ دۇمبىسىنى غاجايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقى ئانىسىنىڭ دۇمبە گۆشى. ئانا بىچارە غاجاشقا چىدىماي تىنىمسىز يۇگۇرەيدۇ، تېپىرلايدۇ، بالىلىرى چوڭايغانسېرى غاجىلاش كۈچىيىدۇ - دە، ئاخىر بىچارە ئانا يىقىلىدۇ. بالىلىرى ئانىنى يەپ چوڭ بولۇۋېلىپ مۇستەقىل ياشايدۇ. ئانا ئۆز بەدىنىنى بالىلىرىغا ئوزۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. بىزمۇ بىر دۆ، ئۆكام. بۇمۇ بىر كارامەت!

— مەن يىراقلارغا قارىدىم: تاغلار ئۆز بالىلىرى — دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئۈچۈن ئېرىمەكتە، ئۇنىڭ بەدىنىدىن دەريالار ئاقماقتا. يەر شارى ئىنسانلار ئۈچۈن دۆگە ئوخشاش ئۆز بەدىنىنى تۇتۇپ بەرمەكتە، بىز ئۇنى تىنىماستىن يېمەكتىمىز، ئانىسىنى يېمەيدىغان ھېچ نەرسە بولمىسا كېرەك.

بۇ بىر قانۇنىيەت، ھەقىقىي كارامەت!

## مۇھەببەت

ھاياتنىڭ لەززەتلىك چاغلىرىنى ئەسلىگۈچىلەر «بۇ — مۇھەببەت» دېمىسىدىن ھەرگىزمۇ چەتنەپ ئۆتەلمەيدۇ، ئۇنتۇلغۇسىز ھېسسىيات دولقۇنلىرى، مۇسىبەت، دەرد - ئەلەم كەلكۈنلىرى مانا شۇ تېمىنىڭ كۆككە تاقاشقان چوققىلىرىدىن باشلىنىدۇ - دە، بىر ئادەم تارىخىنىڭ ھەممە بەتلىرىگە تارقىلىدۇ.

قانچىلىغان مەردلەر قانچىلىغان قۇربانلارنى بەردى، قانچىدلاپ داستانلار، رىۋايەتلەر توقۇلدى، بۇلارنى ھېسابلاپ كۆرگەن ئادەم يوق. چۈنكى مۇھەببەت دۇنيانى قاپلىغان بىر ئېقىن، ھەممە ئادەم بۇ ئېقىندىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ...

قۇربان بەرگىنىمگە ئېچىنمايمەن، بەلكى مەغرۇرلىنىمەن.

مەن خىزمەتسىز — يالاڭتۆش بىر خىيالپەرەس، تۇرۇپلا يازغۇچى بولغۇم كېلىدۇ، تۇرۇپلا چامباشچى بولغۇم كېلىدۇ، تۇرۇپلا چاپاننى مۈرەمگە سېلىپ جاھان كەزگۈم كېلىدۇ. لېكىن بۇ شەھەردىن ھېچنەگە كېتەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ مۇشۇ شەھەردە...

مېنى يىپسىز باغلاپ تۇرغانمۇ شۇ، مېنى تاغدىن - باغدىن سۆزلەيدىغان قىلىپ قويغانمۇ شۇ، مېنى ھەممىدىن ئايرىغان، پۈتۈن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمۇ شۇ، ئاخىرىدا مېنى بىر كۆرۈۋېلىشقا تەقەززا قىلىپ سەرگەردان قىلىپ قويغانمۇ شۇ...

— مەن كىم؟

— مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم!

بۇ گەپنى ھېسسىيات دەرياسىغا چۆمۈلگەن قايسىنىبىر چاغدا دېيىشىمىدۇق؟

— بىز مەڭگۈ بىللە!

— خۇدا قوشقان، خۇدا ئايرىيدۇ.

— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

— مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي...

— مەڭگۈ توختىماي ئاقىدىغان سۈزۈك بۇلاق...

«مەڭگۈ» بىزنىڭ ئانا تىلىمىزغا ئايلانغانىدى. بىز ئۇ چاغدا ئالىي مەكتەپنىڭ ئەركىن پىكىرلىك، ھېسسىياتنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلىدىغان ئۇمىدۋار ئوقۇغۇچىلىرى ئىدۇق. بىز مۇھەببەتنى قانات قىلىپ ئىمتىھانلاردىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، يۇرتىمىزدىن ئالتە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلدۇق. بىر جۈپ قىز - يىگىت بۇ مەشھۇر شەھەرنىڭ داڭلىق كوچا، باغلىرىنى قويماي ئايلاندۇق، كۈنلەر كۆڭۈللۈك، ھايات گۈزەل، ياشىماق ئۆزى بىر يېقىملىق گۈزەل سىمفونىيە ئىدى.

بۇ سىمفونىيە تېخى ئەۋجىگە چىقماي تۇرۇپلا كۆڭۈل باھا-

رىمىزغا ئوخشۇك چۈشتى. شۇنداق ئۆشتۈمتۇت، شۇنداق قور-قۇنچلۇق.

گۈلشەننىڭ ئىنىسى بىزنى يوقلىغاچ ئويناپ كەلدى. بىز ئۇنى ئويناتتۇق، ئۇ ئانچە - مۇنچە تىجارەتمۇ قىلىدىكەن. شۇڭا تىجارەتچى دوستلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە بىر مېھمانخانىدا زىياپەت بەردى. بىز ئۇ يەردە قونۇپ قالدۇق.

ئەتىگەنلىكى تۇيۇقسىزلا: «پالانچى تىجارەتچىنىڭ ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇلى يوقىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. گۇمان بىزنىڭ ئىنىمىزغا مەركەزلەشكەن ئوخشايدۇ. گۈلشەن قېرىندى-شى ئۈچۈن بىردەمدىلا سەۋدايىغا ئوخشاپ قالدى. ئىنىمىزنى «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قاماپ قويدى. گۈلشەن ئىككى كۈنگى-چە تاماق يېمەي ساماندەك سارغىيىپ قۇرۇپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئازابلىرىغا شېرىك، ئەس - يادىم ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب ئۇچۇقىدا قۇرۇق شاختەك كۆركىرەپ كۆيدۈم.

«گۈلشەننى قۇتقۇزۇش كېرەك!» بۇ مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىمنىڭ چوققىسى ئىدى. گويا گۈلشەن ئازابتىن قۇتۇلسىلا قەلب ئاسمىنىمدا قۇياش پارلايتتى، كۆڭۈل باھارىم قايتا ياشى-راتتى، ھاياتىم مەنە تېپىپ مەن قايتىدىن بەختلىك ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن تاپاتتىم. كېچىدە خىيال قىلىپ ئامال - چارە ئىزدىدىم. ئەتىگەنلىكى بىر قارارغا كەلدىم - دە، ئىنىمىز سولانغان ج خ ئىدارىسىگە باردىم:

— پۇلنى مەن ئالغانىدىم، — دېدىم يەرگە قاراپ.

— پۇل نەدە؟

— مېھمانخانىدا بىر يەرگە تىقىپ قويدۇم.

مېنى ھەيدەپ مېھمانخانىغا ئاپاردى. مەن دېگەن يەردىن پۇل تېپىلمىدى.

— نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن؟

— يالغان ئەمەس، تىقىپ قويغان يېرىمدىن بىرى ئوغرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— راستىنلا سەن ئوغرىلىغانمۇ؟ باشقىلار سېنى ئۇنداق قىلمايدۇ، ياخشى يىگىت، دېيىشىدىغۇ؟

— ياق، ئۇلار مېنى چۈشەنمەيدۇ، ماڭا پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ ئوغرىلىق قىلغانىدىم.

بۇ توغرۇلۇق كۆپ سورالدىم، لېكىن گېپىمدىن يانمىدىم، ئاخىر مەن كېسىلدىم.

گۈلشەن مېنى چۈشەندى، ئۇ ئاخىرقى قېتىم مېنى جازا ئورنىغا يوقلاپ بېرىپ شۇنچىلىك سەمىمىي - ساپ مۇھەببەت بىلەن يىغلىدىكى، مەن قۇربان بەرگىنىمگە قىلچە پۇشايمان قىلمىدىم ۋە ئۆزۈمدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم: «ھەقىقىي يىـگىت!» دېدىم ئۆزۈمنى. گۈلشەن ماڭا: «ئون يىل، يىگىرمە يىل بولسىمۇ كۈتىمەن، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي» دېدى مەن ئۈچۈن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ.

يىللار — سىناق، ۋاقىت — تارازا. ۋەدە، كۆز يېشى ئاشۇ سىناق - تارازىلاردىن ئۆتەلىسىلا ۋىجداننىڭ بەلگىسىگە ئايلىنالايدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن گۈلشەن مېنى يوقلىماس بولدى، ناھايىتى پۇلدار بولۇپ كەتكەن ئىنىسىمۇ ماڭا بىر تەڭگە سۇنالمىدى.

تۆت يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىلدىم. ئۇقسام، ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ ئوغرىسى شەرقىي شىمالدىن چىقىپتۇ. ئىنىمىزمۇ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچى پىداكار مەنمۇ بىگۇناھ ئىكەنـمىز.

لېكىن ئۇلار ئۈچۈن كومېدىيە، مەن ئۈچۈن تراگېدىيە بولغان بۇ ۋەقە مېنى مانا مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

مەن «مەڭگۈ يېشىل قارىغاي» غا قارىدىم: ئۇ ھازىر باشقا بىرى بىلەن توي قىلىۋالغان، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مېنى ئۇنتۇغانمۇ ياكى مەندىن بىزارمۇ؟ ماڭا بەرىبىر. مەن ئۇنى

نەچچە رەت ئىزدەپ كەلدىم، لېكىن ئۇ كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. مەن هازىرمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىزار، لېكىن ئۇ مەندىن بىزار.

مەن مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغايغا قارىدىم، تۇنجى قار ئۇنى چۈمكىگەن. ئۇ، مۇھەببەتتەك گۈزەل، لېكىن ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەردىن سېرىق يوپۇرماقلار تۆكۈلمەكتە. مانا بۇلار مۇھەببەت؛ ئۇ دەرەخلەر بىخ سۈرىدۇ، ياپيېشىل بولۇپ كامال تاپىدۇ، سارغىيىپ غازاڭ بولىدۇ. «مۇھەببەت مەڭگۈ-لۈك» دېگەن سۆزنى ئەۋلىيا چىقارغان بولسىمۇ ئىشەنمەيمەن. ئۇ قىش - ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي ئەمەس، پەيدا بولۇپ چۈشۈپ تۇرىدىغان يوپۇرماق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىچارىنى مۇھەببەت نابۇت قىلدى. مۇھەببەت دەرەخ ئەمەس (دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ)، ئۇ بىر يوپۇرماق… ئۇ بىردە كۆكتە، مېنىڭ بېشىمدا، بىردە بولسا مېنىڭ ئايىغىمدا، تاپىنىمنىڭ ئاس-تىدا…

## هۆرمەت

(خاتىرە دەپتىرىمدىن كۆچۈرمە)

ئايروپىلاندىن چۈشتۇم - دە، هۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تىك تۇرۇشقان يىگىتلەرنى تونۇدۇم. ئۇلار مېنى ئالغىلى ئىككى يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىسىدىن لاتا پىكاپ بىلەن كەلگەن ياش قەلەمداشلىرىم. ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم بىللە بولغانمەن. ئۇلار چالا مەست بولغان چاغلىرىدا رومكىلىرىنى ئوينىتىپ: «سىز بىزنىڭ پەخرىمىز، غۇرۇرىمىز، مىڭ ياشقا كىرىڭ ئىلاھىم» دەپ ۋاقىرىشىدىغان ئاق كۆڭۈل، قىزغىن يىگىتلەر.

— ھېيتگاھدا تاماق يەيمىز، كېچىلەپ مېڭىپ يېتىپ بارىمىز، — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەر-كىزىگە كەلگەندىن كېيىن، — كۆپچىلىك سىلىنى كۈتۈپ كې-چىچە ئولتۇرۇش قىلماقچى. ئۈتتۈرلا داستىخاننىڭ ئۈستىگە بارىمىز.

ناھىيىلەردە ئېچىلىدىغان ئىجادىيەت يىغىنلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. چوڭ گەپلەر ئاز بولىدۇ، كۆپچىلىك بىر-لىشىپ ئەسەرلەرنى كۆرۈشىدۇ. ئەسەرلەردىن ئەمەلىي گەپلەر چىقىدۇ. مەن يەرلىك پۇراق قويۇق، توقۇلمىلىرى ئاز بولغان بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. گەرچە بۇ يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەندىزىچىلىك، دورامچىلىق ئومۇمە-لاشقان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەر ماڭا يېڭى تۇيۇلىدۇ. مەن بۇ ئاپتورلارغا ئامراق.

مەن يىكاپىتا كېتىپ بېرىپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئاشۇ ئاپتورلارنى بىرمۇ بىر ئويلاپ چىقتىم، ئۇلار شۇ تاپتا ئىچىشمەكتە، كۈلۈشمەكتە، ۋارقىراشماقتا، ھەدەپ مېنى ماخ-تىشىپ گەپ تالاشماقتا...

كېچىدە يىكاپ بىلەن تەكلىماكان گىرۋىكىدە سەپەر قىلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك! غۇۋا ئايدىڭدا قوم بارخانلىرى سىزگە سالام بېرىۋاتقاندەك، بارخانلار چوققىسىدا مەغرۇر تۇرۇشقان يانتاق-لارمۇ سالام بېرىپ سىزنى كۈتۈۋاتقاندەك، چەكسىز قۇملۇق شېرىن چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئوغلىغا بۇ زېمىننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆز باغرىدىكى ئاياغ ئىزلىرى-نىڭ ئىزاھاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ... بىز شۇ يەرنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، بىزنىڭ ئىزلىرىمىزنىمۇ بۇ ئەزىز ئانىمىز كەلگۈسىدىكى يېڭى ئىجادكارلارغا سۆزلەپ بەرسۇن، بىزنىڭ يېرىمىز ئىجادكارلارغا تولىمۇ موھتاج، تولىمۇ تەشنا. گويا قۇملۇق يامغۇرغا، زۇلمەت قۇياشقا تەشنا بولغاندەك...

پىكاپ شۇنداق بىر يولغا كىردىكى، قەدىمكى كارۋان يوللىرىدا ئېشەكچىلەر ماڭغاندا پەيدا بولىدىغان قويۇق توپا - چاڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىز ئىلى دەريا بويىدا تۇغۇلغان باللار كارۋان يولىدا مۇشۇنداق چاڭ - توزان پەيدا بولغاندا ھۇزۇرلىنىپ يېڭى ئويۇنلارنى باشلايتتۇق. لېكىن ئۇ دېگەن يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار. بۈگۈن بۇ چاڭ - توزاندىن نېمىگە ھۇزۇرلىنىمەن، سەھرالىق بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى يازغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى ۋۇجۇدۇمدا ئۆزگىچە نەرسىلەر بارمۇ؟

پىكاپىمىز بىردىنلا توختاپ قالدى، بىز سىلكىنىپ «ئۇھ» تارتىشتۇق، شوپۇر ئىشىكنى تەستە ئاچتى، پىكاپ توپىغا تامامەن دېگۈدەك كۆمۈلۈپ بولغانىدى. بىز تىزغىچە يۇمشاق توپا كېچىپ يول چېتىگە چىقىۋالدۇق.

— پالاكەت، — دېدى شائىر يىگىت شوپۇرغا خاپا بولۇپ، — ئۇلار ئۇ يەردە تەقەززا، بىز مانا توپا ئىچىدە ئەجەبمۇ پۈتمىدى بۇ يول. يول ياساشقا دۆۋىلەنگەن توپا ئىچىگە ھەيدىگەندىكىن سەنمۇ بىر سولاش، شوپۇرمۇ سەندەك بولامدىغان.

مەن قاتتىق قاقاقلاپ كۈلدۈم:

— مانا، كۆڭۈللۈك سەپەر، يۇمشاق توپىدا، تەكلىماكان قوينىدا بىر كېچە ئۇخلىۋالىدىغان بولدۇق.

مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈنلا ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. مەن چەكسىز كەتكەن قۇملۇققا، نېرىدىكى بۈك دەرەخلىك مەھەللىگە ھۇزۇرلىنىپ قارىدىم.

— شائىر ئۇكام.

ھەر گىياھ، ھەر تۇپرىقىڭ تۇتىيا يۇرتۇم ماڭا،
سەن ئۈچۈن جاندىن كېچىپ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا!

دېگەن مىسرالىرىڭىزنى يادلىۋالغانمەن، يۇرتىڭىزنىڭ چاقچىقىدىن نېمىشقا خۇشال بولمايسىز. تەبىئەتنىڭ چاقچىقى بۇ، ئۇ-

كام.

ئۇلار يەنە تەستە كۈلۈشتى، شۇ ئارىلىقتا شوپۇر يىگىت يوقاپ كەتتى. بىر شائىر بىلەن بىر يازغۇچى يىگىت مىنىڭ «ھېكمەتلىك» گەپلىرىمگە قىزىقىپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

— تەبىئىي جانلاندۇرۇشقا بەك ئۇستىكەنسىز، — دېدى يازغۇچى يىگىت، — «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «تەكلىماكان چۈش كۆردى»، «تارىم ناخشىسىنى مەڭگۈ ئېيتىمەن»... قالتىس گەپلەر، تەبىئەتنىڭ چاقچىقى، يەرنىڭ كۈلكىسى...

غۇۋا كۆرۈنگەن مەھەللە تەرەپتىن كۈلكە - چاقچاق، ۋاڭ - چۇڭ بىر توپ ئادەم كەلمەكتە ئىدى. ئاي يورۇقىدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى كەتمەن - گۈرجەكلىرى يالت - يۇلت قىلاتتى.

— مانا، قۇتقۇزۇش ئەترىتى! — دېدى شائىر بايىلا تىللىغان شوپۇرنى ماختاپ، — بىزنىڭ شوپۇر يارايدۇ، ئۇ ئوبدانلا شېئىر يازىدۇ.

ئۇلار بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، بىرىك، قاداق قوللار ئىككى قوللاپ قوللىرىمنى قىستى، سىلىدى، بىرلىرى تېخى قوللىرىنى يۈزۈمگە تەگكۈزۈپمۇ ۋالدى:

— خۇدايىم سىلىنى كۆرسەتتى.

— گەپلىرىنى تولا قىلىمىز.

— ئۆزلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

— ئەسەرلىرىنى خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

— بىزنىلا يازىدىكەنلا ئەمەسمۇ...

ئۇلار شۇنداق ئىشلىدىكى، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تاشلاپ قوللىرى بىلەن يۇمشاق توپىلارنى تارتىپ پىكاپنى بىردەمدىلا توپا دۆۋىسىدىن ئېچىپ چىقاردى.

— ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولسىمۇ خەلق يېرىم كېچىدە ئۆيقۇسىدىن كېچىپ، بۇنچىۋالا جانبازلىق قىلمايتتى، — دېدى

بىر دېھقان يېنىدىكىسىگە پىچىرلاپ، — بۇ يازغۇچىنىڭ ھۆر-مىتى چوڭكەن.

— دېھقاننى يازغاچقا دېدى! — يەنە بىرى جاۋاب بېرىپ، — دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېگەچكە…

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم خى-جىل بولدۇم. ئايغىم ئاستىدىكى يۇمشاق تۇپا ماڭا بىردىنلا ھېكمەتلىك، قەدىرلىك ۋە سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى تۇپىغا كۆمۈلمىگەن بولساق بۇ خىل مەدھىيە بىلەن ئۇچرىشالمى-غان بولاتتۇق.

نەدىندۇر قېتىق، توقاچ ۋە پىششىق تۇخۇملار پەيدا بولدى. دېھقان يىگىتلەر مېنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، مەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكتىمەن. ئۇلار ئاجايىپ سوئاللارنى سوراشتى. مەن گويا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك: دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى، ئۆزىمىزدىكى ئېسىل ئەسەرلەر توغرىسىدا جاۋاب بەرمەكتىمەن. ئويلىدىم: بۇلار دېھ-قان ئەمەس، ئەدىبلەر، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قاداقلار گويا كەتمەندىن ئەمەس، قەلەمدىن پەيدا بولغان. بۇلار بىزنىڭ ئادەم-لىرىمىز، بىزنىڭ سۆيۈپتىمىز. قەلبىمدە خۇددى ئانا تۇپراققا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە ئوخشاش بىر خىل گۈزەل تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ تۇيغۇ خەلقىمگە بولغان مۇھەببەت – ھۆرمەتتىن تۇغۇلغان تۇيغۇ ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى يازغان ھېكايە، شېئىرلىرىنى ماڭا تەقدىم قىلىشتى. چىرايى، ئىسمى ۋە يۇرتى، ناتونۇش يىگىتلەر بىلەن بۇ كېچىدە تەكلىماكان قوينىدا ھاراق ئىچىپ شېركەيىپ بولۇش-تۇق. خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ گۈزەل نەرسىلەر يوشۇ-رۇنغان. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدۇ، كۆرمەي-دۇ. ئەرزىمەس ئەيىبلىرىمىزنى كۆرىدىغانلار ۋە ئۇلارغا قارشى

www.uyghurkitap.com

جەڭ ئىلان قىلىدىغانلار خېلى كۆپ. مەن نېمىنى ئىزدەيمەن؟ گۈزەل نەرسىلەرنىمۇ ياكى ئەيىب - نۇقسانلىرىمىزنىمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنىمۇ؟ ئۇلار ھەتتا زوھۇرىددىن بابۇر، ئەلىشىر نەۋائىيدەك ئالەمشۇمۇل شائىرلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتالاپتۇ، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئەيىبىنى ئېيتالمايمەن. بىلدىم، ھۆر-مىتىم خام، خەلقىمگە بولغان ھۆرمىتىم ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىدىن نېمىشقا ئېشىپ چۈشەلمىدى؟ بەسلەشسەم بولىدى-غان ئوخشايدۇ. باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىگەنسېرى، مەن ئۇلارنى ئاشۇرۇپ ھۆرمەتلىسەم بولغۇدەك.

مەن خىيالىمدا ئۆزۈم بىلەن سۆزلەشمەكتىمەن. ئىسسىق قۇم، ئىللىق شامال، ئۇستىمىزدىكى خۇشخۇي يۇلتۇزلار ماڭا ئانا تۇپراق، خەلق مېھرى توغرىسىدا سۆزلىمەكتە. مەن شېئىر - كەيپ بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم، بىردىنلا يىگىت-لەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

— ھە دېسىلا ناخشا - ئۇسسۇل! — دېدى بىرى تېرىكىپ، — ئادەمنى سۆزلىگىلى قويماي!

تۆت - بەش يىگىت قىزىق پاراڭغا چۈشكەندى، مەن ئۇلار-نىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم: ئۇلار بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنى بىر-مۇبىر غەلۋىر - ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزۈپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى: «ئۇمۇ چاغلىق!» دەپ تاماملىماقتا. ئۇلار ئۆلگەن، ياشاۋاتقانلار بىلەن بەسلەشمەكتە. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ئۆزلىرى بى-لەن سېلىشتۇرۇپ شۇ يەردە بارلىرىنى ئۇلۇغلاپ، يوقلىرىنى چۆكۈرمەكتە. ئۇلار يەنە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەيىبلى-رىنى ئېيتىشىپ ئۆزلىرىنى بىلىملىك، قالتىس قىلىپ كۆرسى-تىشمەكتە. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى، دەۋرىنىڭ يۇلتۇزلىرى...

مەن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم:

— قالتىس ئادەم جۇمۇ! — دېدى بىرى مېنى ئىشارە

قىلىپ، — يۇلتۇز، يورۇق يۇلتۇز!

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما لېكىن...

مەن ئاشۇ «ئەمما لېكىن» دىن كېيىنكى سۆزلەرگە تەشنا ئىدىم، لېكىن ئېيتىلمىدى. مەن بۇ يەردە بولمىغان بولسام ئەلۋەتتە ئېيتىلاتتى - دە. ئاسمانغا قارىدىم، يۇلتۇزلار كۈلمەك-تە، سالقىن شامال يۈزۈمنى سىيپاپ مېنى پەپىلىمەكتە: كى-چىككىنە بىر يېزىنىڭ ھەۋەسكارلىرى ئۆزلىرىنى يۇلتۇز ھېساب-لايدۇ. بىزنىڭ يۇلتۇزلىرىمىز ناھايىتىمۇ تولا، لېكىن ئۇلار ئاسماندا ئەمەس، يەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ، كۆرۈنۈشكە تەشنا بولغاچقا ئۇلار ھېچكىمنى ياراتمايدۇ...

مەن ئاخىر ھۆرمەت شارابلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئويلىيال-ماس بولۇپ قالدىم.

مېنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىم مەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكلىرىنى بىلگۈم بار ئىدى، لېكىن بىلەل-مىدىم.

ھۆرمەت شارابلىرى ئاخىر مېنى پاك، گاچا ۋە ھەرىكەتسىز قىلىپ قويدى...

## شىكايەت

ئوتتۇز يىل شىكايەت ئاڭلاپتىمەن، ئەمدى شىكايەت قىلى-مەن، مەن قانچىلىك ئىشلىدىم، قانچىلىك تۆھپەم بار، مانا ئەمدى نېمىگە ئېرىشتىم، قانچىلىك ھوقۇق، قانچىلىك بايلىقىم بار، بۇنىڭ ھېسابى بولار، ئاداش، بۇ ھېسابقا چوت كەتمەيدۇ، ئاددىيلا: بانكىدا بىر پۇڭچەن پۇلۇم يوق، ھوقۇققا كەلسەك، گېپىمنى بالىلىرىم بىلەن ئايالىممۇ ئاڭلىمايدۇ. بىر يەرگە بارسام ئاپتوبۇس، جوڭبا (مىنىبۇس) غا يامىشىمەن، بىرەرى

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بېرەيمۇ دېمەيدۇ، دېگىنە. فۇتىڭجاڭ (مۇئاۋىن نازىر) دېگەن شۇنچىلىكلا گەپكەن. مەندەك زىيان تارتقان ئادەم نەدە باركىن. يەتتە يىل ماڭا تەرجىمانلىق قىلىپ، مېنىڭ ئالىقىنىمدا ئۆسۈپ مۇئاۋىن نازىر بولغان رەپقەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى دېمەمسەن، ئەسلىدە ئۇ ئالدىمغا چاي دەملەپ ئەكىرىدىغان، شىبلىتىمنى سۈرتۈپ، مايلاپ كىيگۈزۈپ قويىدى- غان كەسپىي غالچا ئىدى دېگىنە. پېنسىيىگە چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن ماشىنا سوراپ ئالدىغا ئىشەنچلىك كىرىۋىدىم، بېشىنى كۆتۈردىيۇ، ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. مېنىڭ ئون نەچچە يىل ئولتۇرغان ئۇستىلىمدە كېرىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ: «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، تۇردىكا؟» دەيدۇ تېخى. «تۇتىڭجاڭ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئانا تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى «تۇردى- كا» بولۇپ قاپتىمەن. «تۇردىكا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بوپتىكەن، قۇلىقىمغا مۈشت ئۇرغاندەك ئاڭ- لاندى، ئاداش. نېمە، «ئەسلىڭ شۇ» دەمسىنا؟ لېكىن قىممى- تىم ئۇ ئەمەستە. توغرا، ئەسلىم — ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىم شۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قوشۇلغان سۈپەتلەرچۇ؟ توغرا، ھازىر مەن چۇجاڭ (باشقارما باشلىقى)، فۇتىڭجاڭ ئەمەسمەن، لېكىن ماڭا سىڭىشكەن «تۇتىڭجاڭ» دېگەن نامنى شۇنداق ئۇ- ڭايلا يەڭگۈشلىۋەتسە ئادەمگە ھار كېلىدىكەن، ئاداش. ھوقۇقنىڭ بار چاغدا ھەممىلا نەرسە ساڭا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، ھەممىلا ئادەم ساڭا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان، ھەممىلا جايدا سېنىڭ ياخشى گېپىڭ. لېكىن ھوقۇقتىن ئايرىلغىنىڭ ھەممىدىن نان- قېپى بولسىمۇ، ئۇ سەندىن دانا، تەدبىرلىك، ئىشچان، كۆيۈم- چان، كىچىك پېئىل دەپ ماختىلىدىكەن. رەپقەت شۇنداقمۇ؟ ياق، ئۇ بىر نان قېپى، خۇشامەتچى، يالغانچى. نېمىشقا ئۇنى ئۆستۈردۇڭلار، دەمسىنا؟ ئۇنىڭ يارىماسلىقىنى كېچىكىپ بىل- دۇقتە. ئۇنى بىز چۈشەنگەندە ئۇ ئاللىقاچان ئۆسۈپ بولغان

ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇنى ئۆسكەندىن كېيىن چۈشەندۇق. بىز چۈشەندۇق، ئۇ ئۆزى چۈشەندۈردى: باشقىلارنى ئۆيىگە چاقىرغاندا مېنى ئايرىپ قويدى. ئەتىگەنلىكى ئۈچرىشارمەن دەپ يوللىرىدا تۇرۇۋالسام ئەتەي كۆرمەسكە سېلىپ ماڭىدىغان بولۇۋالدى. ئۆيىگە تېلېفون بەرسەم، ئۆيىدىكىلىرى: «يوق» دەيدىغان بولۇۋالدى (ئۆيىدە بارلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ). نەۋرەمنىڭ خىزمەت ئىشى بىلەن خەت يېزىپ كىرگۈزسەم تېخى: «كادىرلار بۆلۈمىگە: بەلگىلىمە بويىچە بىر ياقلىق قىلىڭلار!» دەپ ئىمزا قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغاندىمۇ ئاشۇرۇپ قىلغاندىمەن. بالىلىرىمغا قىلمىغان ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا قىلغانمەن. ئۇنى پارتىيىگە كىرگۈزۈش، ئوقۇشقا ئەۋەتىش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ مۇئاۋىن ھاكىم قىلىش، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئەۋەتىش قاتارلىق بالداقلارنىڭ ھەممىسىدە مەن ئۇنىڭغا بىۋاسىتە غەمخورلۇق قىلغۇچى بولغانمەن. بۇنچىۋالا كۆيۈنۈشۈمدىكى مەقسەت، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلغۇچى تەييارلاش ئەمەس ئىدى، ئەزبىرايى ئۇنداق ئەمەس. مەن ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى، بىز باشلىغان ئىشلارنىڭ ئاخىرى ياخشى بولۇشىنىلا ئويلىغان. لېكىن مەن ئەمدى شىكايەتچى بولۇپ قالدىم. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى كولىغۇچى، ھەممىلا جايدا يامان گېپىنى قىلغۇچى بولۇپ قالدىم. لېكىن ماڭا ماسلىشىدىغانلار يوق، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسام ماڭا قارشى چىقىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. يېقىندا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەن بۇرۇن قۇرغان ئەرزىيەت ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. ئاممىنىڭ ئاۋازىنى بىۋاسىتە ئاڭلايدىغان ئورۇن نېمىشقا قالدۇرۇلىدۇ زادى؟ ئۇ نېمە دەيدۇ دېگىنە: «خەلقنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكى بار. گېزىت - ژۇرناللارغا ماقالە يازسۇن ياكى قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلسۇن، خەلقنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى كىچىكلىتىپ نېمىشقا بۇ ئەرزىيەت ئۆيىگە باغلاپ قويىمىز!»

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ تېخى. مەن ئۇنىڭغا «رەپقەت ئۇكام، بۇ ئىشخانىنىڭ رولى چوڭ بولغان، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ كاتىپىم بولۇپ، هال ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى خاتىرىلىگەن» دېۋىدىم، ئۇ: «رەسمىيەت ئۈچۈن خاتىرىلىگەن. لېكىن قايسىبىر ئەرز - شىكايەت هەل بولغان؟» دېمەسمۇ، جان - ئىمانىم چىقىپلا كەتتى. هېچنېمە هەل بولمىدىمۇ زادى؟ ئۇ قىپقىزىل يالغان ئېيتىدۇ. مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئوتتۇز - قىرىق ئەرزگە تەستىق يازدىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىدىم. نېمە، هەل بولغىنىنى سۈرۈشتۈردۈڭمۇ، دەمسىنا؟ سۈرۈشتۈرۈش مېنىڭ ئىشىممىدى؟ مېنىڭ ئىشىم تەستىق يېزىش. مەن هەرگىزمۇ «بەلگىلىمە بويىچە بىر ياقلىق قىلىنسۇن» دەپ تەستىق يازمىغان. بۇنداق تەستىق قاشاڭ پىچاق، هېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ، بۇنى سەن مەندىن ئوبدان بىلىسەن. هېچبولمىسا مەن: «تەكشۈرۈپ چىقىپ ماڭا نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىڭلار» دەپ يازاتتىم. ئاداش، مەن دېگەن مەندە. ئىتتىك پىچاقتە، هەرگىزمۇ چالا ئۆلۈك ئىش قىلمايمەن. رەپقەت دېگەن نان قېپى، تەمەخور - خۇشامەتچى. ئۇ هازىر ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قىلغان خۇشامەتلىرىنى رەئىسلەرگە، شۇجىلارغا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەمەسى چوڭ، تېخى «ئوت ئىچىدىن سۇ، ئۆكۈزدىن سۈت تەمە قىلىدىغان» ئادەمنىڭ نەق ئۆزى شۇ رەپقەت. تېخى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا ماڭىسىلا ماشىنىسىنى توختىتىپ مېنى ئالدىدا — شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ئۇيالماي. ئۇ يەر باشلىق ئولتۇرىدىغان يەرمىدى، ئۇ ئەتەي مېنى كەمسىتىدۇ، ئاداش. ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن تەكلىپ بەردىم. ئۇ: «قېنى، ئويلىشىپ باقايلى» دەپلا قويىدى دېگىنە. بۇرۇنقى چاغلاردا مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندا چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا مېنى ماختاپ: «ئالامەت پىكىر» دەپ ۋارقىرايتتى، «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» دېيىشكە تاسلا قالاتتى. هازىر توغرا تەكلىپلەرنى

بەرسەمموٴ: «قېنى، ئويلىشايلى» دەپلا قويىدۇ. نېمە؟ نېمىشقا خىزمەتلەرگە ئارىلىشىسەن، دەمسىنا؟ نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەن-مەن؟ پېنسىيىگە چىققانلار ھەممىلا جايدا ئارىلىشىدۇ، پىكىر - تەكلىپ بېرىدۇ، ئاداش. مەن نېمىشقا بەرمىگۈدەك-مەن. ئۇلار بىر يېڭى ئىش قىلىۋاتقىنى يوق، بىزنىڭ ئىشىدىلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ شۇ. بىز باشلىغان ئىشنىڭ داۋامىنى قىلىۋاتىدۇ دە، ئۇنداق بولغاندىكەن، بىز تەكلىپ - پىكىر بېرىمىز - دە. مانا، مۇنۇ يىگىرمە بىر بەتلىك پىكىرنامىنى ئوقۇپ كۆرگىنە، «ئىقتىسادىي ئۇنۇم توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ۋە تەكلىپلىرىم» دېگەن بۇ پىكىرنامىدە ئون چوڭ تەكلىپ، ئوتتۇز كىچىك تەكلىپنى يېزىپ چىقتىم. رەپقەت ئوقۇپ چىقىپ نېمە دېگۈدەك دېگىنە: «تولىسى ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەركەن» دەيمىش. ئۇ تېخى بىزنى: «ئۆيۈڭدە جىم يېتىپ دەم ئال» دېمەكچى. ياق، مەن جىم ياتمايمەن، مەن ئارىلىشىمەن، سۆزلەيمەن، يازىمەن، قاترايمەن، ئاداش. نېمىشقا دەمسىنا؟ شۇنداق قىلمىسام ياشيالمايمەن، ئازابلىنىمەن. ھەتتا ئۆلۈپ كېتىمەن، ئاداش، پېنسىيىگە چىقماستا بىر تۇتۇق گازنى ئىككىنچى قەۋەتكە بەخۇدۇك ئاچىقالايتتىم، ھازىر ئۈچ كىلو بەسەيمۇ ئېغىر كېلىدۇ. بىردىنلا كۇچتىن قالدىم، خۇشلۇقتىن قالدىم، قېرىدىم، بەلكى ئالجىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئىشتىن توختاتقاننىڭ كاساپىتى.

ئاخىرقى بىر سىرىمنى ئاڭلا، دوستۇم. مەن بىر ئەسەر يېزىۋاتىمەن. ماۋزۇسى نېمە دەمسىنا؟ ماۋزۇسى «شىكايەتنامە». كىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىسەن، دەمسىنا؟ ياق، رەپقەتنىڭ ئۈستىدىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدىن، كۆلىسەڭۇ، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن، مەن نېمىشقا پۇل يىغمىدىم، نېمىشقا ھوقۇق بار چاغدا ئۆز پايدامنى ئويلىمىدىم، نېمىشقا ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشى رازى قىلمىدىم، نېمىشقا ئا-

دەملەرنى شۇنچە جىق رەنجىتتىم، نېمىشقا نۇرغۇن دوستلىرىمـ
دىن كېچىپ كەتتىم، نېمىشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى ئۆيۈمگە
كۆپ كەلمەڭلار دېدىم ... رەپقەت مېنىڭ سايەم، ئۇ مەن قىلغاذ-
نى قىلماقچى. باشلىدى، ئاخىرى نەگە باراركىن. ھەي نان
قېپى، ھەي خۇشامەتچى، ھەي يالغانچى، كاززاپ، توختا، ئۆ-
زۈمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بولۇپ، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن
شىكايەت يېزىپ يۇقىرىغا سۇنىمسام.

## تاقەت

قار لەپىلدەپ ياغماقتا، يوللار تېيىلغاق، ھەممە ياق ئـاپ-
ئاق. مۇنداق كۈنىمۇ بېكەتتە ئادەم كۈتـەمدىـغان. پەقـەت
ئاشـىق ـ مەشۇقلارلا مۇنداق كۆڭۈلسىز چاغلارغا پىسەنت قىل-
مايدۇ، قاراڭ، ئاۋۇ ئۇزۇن چاچ، ئېگىز، ئورۇق يىگىتكە.
ئۇ بېكەتتە تۇرۇۋاتقىلى ئۈچ سائەتتىن ئاشتى. ھەربىر ئاپتوبۇس
توختىغاندا چۈشكۈچىلەرگە بىرمۇبىر سىنچىلاپ قاراپ چىقىدۇ.
تېخى بىر قىزنىڭ مۈرىسىگە قول قويۇۋىدى، قىز ئۇنى سىل-
كىپ: «لۈكچەك» دېدى. يىگىت بولسا مەيۈس ھالدا كۈلۈپلا
قويۇپ، ئازاب بىلەن سائەتىگە قارىدى. قاراڭ، ئۇ تېخى يازلىق
ئاياغ بىلەن. يامغۇرلۇق چاپان ئۇنىڭغا قانچىلىك دال بولاركىن؟
ئۇ تىترىمەكتە، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرماقتا، قوللىرىنى ئۇۋۇلد-
ماقتا، ئاغزى بىلەن ھورداپ ئىسسىتماقتا. قاراڭ، ئۇنىڭ
چاچلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قۇلاقلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ،
ئۇزۇن بۇرنى قىزىرىپ چالا پىشقان لازىغا ئوخشاپ قاپتۇ،
كۆكەرگەن لەۋلىرى تىترىمەكتە. يالغۇز كۆزلىرىلا يۈزىگە ھارا-
رەت چېچىپ ھەممىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ نۇرلىنىپ ـ
ئوييناپ تۇرۇپتۇ. لېكىن بۇ كۆزلەر بەخت بەلگىسىدەك كۆرۈن-
گىنى بىلەن، يۈرىكىگە پاتمايۋاتقان ئازاب، پۇشايمان ۋە ئۈمىد-

سىزلىكتىن پەيدا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى يوشۇرالىغىنى يوق. ئۇ ھازىر يىگىت قەلبىگە جاراھەت سالماسلىق ئۈچۈنلا بەخت بەلگىسى بولۇپ نۇرلانماقتا. بولمىسا ئۇ ھازىر ياش تۆكۈپ، ھېچبولمىسا يۇمۇلۇپ ئىگىسىنىڭ ئازابلىق خىياللىرى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئۇ خىيال دەرۋازىسىغا تاقاق، ئۈمىد ئىشىكىگە ئاچقۇچ بولماقتا: ھەممىلا نېمىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قارىماقتا، ئۇ ئىگىسىگە: «ئۇ قىز چوقۇم كېلىدۇ، ئۇ بىرەر ئىشقا كاشىلا بولدى، بولمىسا ئورۇن، ۋاقىت، ۋەدە ئۇنىڭ قەلبىگە تامغا بولۇپ بېسىلغان، ئۇ شۇ تاپتا ساڭا ئوخشاشلا ئازابلانماقتا. ئىككى ـ ئۈچ سائەت كۈتتۈڭ، يەنە شۇنچىلىك كۈت، ھەتتا كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختىغۇچە!»

«ئەخمەق! — دېدى بىر غايىب ئاۋاز، — ئۇنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق تامغا يوق، ھازىر ئۇ رېستوراندا بېرىلىپ ناخشا ئاڭلىماقتا، ئەنە، بىرى بىلەن تانسا ئوينىماقتا. يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئۇ، يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى، بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ۋەدىسى، ئىپادىسى، ھەتتا خاھىشى ... ئۇنىڭ يادىدىن ساڭا قىلغان ۋەدىسى ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن، سەن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيسەن ...»

يىگىت غەزەپ بىلەن: «ھۇ، نومۇسسىز شاللاق، مەن ساڭا تېتىيمەن تېخى!» دەپ تىللىدى. «ياق، يەڭگىللىك قىلما، — دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرىگە تىكىلىپ، — ئۇ ئەنە كەلدى!» يىگىت ئۈچ ئىشىكلىك ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى ئىشىكىدىن چۈشۈۋاتقان كۆل رەڭ پەلتولۇق بۇدۇر چاچ قىزغا قاراپ يۈگۈردى، لېكىن ئۇ غىلتاڭ سېمونتتا شۇنداق يىقىلدىكى، پۇتلىرى ھاۋا تاپان بولۇپ، بېشى يولنىڭ سېمونت زەگۇدىسىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئىسسىق بىر نېمە بويىنىغا چۈشتى. ئۇ ھالسىزلىنىپ، كۆيۈشكەن قوللىرى

بىلەن قار ـ مۇزلارنى تاتىلىدى ۋە: «ئۇ كەلدى» دەپ پىچىرلىدى. لېكىن ئۇنى ناتونۇش ئىككى يىگىت يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇلار مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى: «تولا يىقىلغان قەھرىمان بولىدۇ» دېدى بىرى، يەنە بىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ: «ئۆزى تۇرالىغان بولسا دېگىنىڭ بولاتتى» دېدى.

بېكەتتە ئۇچلا ئەر كىشى تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرى مەست ئىدى، ئۇ توختىماي ناخشا ئېيتاتتى: نېمىلەرنى دەۋاتقىنى چۈشىنىكسىز، ئاھاڭىمۇ تاغدىن ـ باغدىن، قايسى مىللەتنىڭ ناخشىسى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

يىگىت تاماكا چەكمەك بولۇۋىدى، چاقمىقى زادىلا يانمىدى، بېشىنىڭ يېرىلغان يېرى لوقشۇپ ئاغرىماقتا، ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەك ئۆرلىمەكتە، چىشلىرى كاسىلدىماقتا، ئۇنى ئازدەپ قورسىقى ئاچماقتا ئىدى. ئۇ يوغان پەلتو، قۇلاقچا كىيگەن ئادەمدىن سەرەڭگە سورىدى، ئۇ ئادەم يىرگەنگەندەك تەتۈر قارىۋالدى. مەست ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى: «ئاق چېكىندىكەنسەن ـ دە؟». «ياق، ياق، ياق ···» — ئۇ: «ياق» تىن بىرنىلا دېۋىدى، ئاغزىدىن ئون نەچچە «ياق» بىراقلا چىقىپ كەتتى. «ئاغزىڭغا ‹ياق› ئوقى بار پىلىموت ئورنىتىۋالغان ئوخشىمامسەن ـ ھە، ساۋاش. ھا ـ ھا ـ ھا!···». يىگىت مەستتىن نېرى كەتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئاخىرقى ئاپتوبۇستا ئىدى.

تاقەت دېگەننىڭ چېكى بولمايدىكەن، خۇددى ئۇنىڭ شەكلى بولمىغىنىغا ئوخشاش. يىگىت خۇددى بىرى بىلەن جاھىللىقتا بەسلەشكەندەك سوغۇق، ئاچلىق، خورلۇق ئازابلىرىغا چىداپ كەچ سائەت ئونغىچە يەنى بۇ شەھەرنىڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختىغۇچە بېكەتتە قولىنى ئۇۋۇلاپ، تىترەپ، تىللاپ، ۋەدىلەشكەن قىزنى ساقلىدى. مانا، ئاپتوبۇسلار توختىۋىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئۈزۈلدى ـ دە، قىزنىڭ ياتىقىغا بېرىش،

ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى ئۇستىدە مەلۇمات بېرىپ، قىزنى ئەيىب-
لەش قارارىغا كەلدى. لېكىن يانچۇقىدىكى پۇلى كوچىدىكى
بېلىتى قىممەت ماشىنىلارغا يەتمەيتتى، يېنىدا ئون كوي تۆت
موچەن پۇلى بار. ئون كوينى پارچىلاشقا بولمايدۇ، سەۋەبى،
قىز بىلەن بىلە خەجلەشكە تەييارلىغان بار - يوق پۇلى شۇ.
تۆت موچەن بىلەن چوڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا ئۇ يەرگە بېرىشقا
بولىدۇ، تاكسى ياكى مىنىبۇسلارنىڭ بېلىتى كەلمەيدۇ.

ئۇ ئون كويچەننى قولىغا ئالدى، بىر تەخسە لەڭمەن بەش
كويچەن، توققۇز كويچەنگە بىر تەخسىدىن لەڭمەنمۇ كەلمىسە،
قىزنى نېمە بىلەن كۈتىدۇ. «پىيادە مېڭىش كېرەك، — دەپ
ئويلىدى ئۇ، — سائىتىگە يەتتە - سەككىز كىلومېتىر ماڭالاي-
مەن، كۆپ بولسا بىر يېرىم سائەت كېتىدۇ… »

يىگىت ئاچ قورساق، ھېرىپ - چارچاپ قىز ئوقۇۋاتقان
ئالىي مەكتەپكە كەلدى. مەكتەپنىڭ چىراغلىرى ئۆچكەن، خۇد-
دى بۇ قورۇدا ئادەم يوقتەك جىمجىت. ئۇ قىزنىڭ ياتىقىنىڭ
دېرىزىلىرىگە قارىدى، ئاندا - ساندا يورۇق دېرىزىلەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا ھەممە دېرىزىلەر قاراڭغۇ. «ئۇ چوقۇم مېنى ئويلاپ
ياتىدۇ، خىيال بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى يىگىت.
چۈنكى قىزنىڭ ۋەدىلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە قەسەم بولۇپ ئويۇل-
غان. يىگىت ئوقۇش بىناسىغا كىردى. سىنىپلارنىڭ ھەممىسى
قۇلۇپلاقلىق، ئۇ ئالتىنچى قەۋەتكە — قىزنىڭ سىنىپى بار
زالغا چىقتى، ئۇ يەرمۇ قاراڭغۇ. ئۇ بىر ئوچۇق دېرىزىدىن
تۆۋەنگە قارىدى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر پىكاپ توختى-
دى. غۇۋا يورۇقتا پىكاپتىن ئىككى قىز، ئىككى يىگىت چۈش-
تى. ئۇ قىزلارنى تونۇدى - دە، بېشى ئايلىنىپ غالىلداپ
تىترىمۇ قاتتىق تىترىدى. «شۇ، نەق شۇ! ئالدامچى! » دېدى
ئۇ، لېكىن غەيرىي ئاۋاز: «ياق، ئەمەس! » دېدى. قىزلار يى-
گىتلەر بىلەن خوشلىشىپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غايىب بولدى.

كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

«شۇ ئالدامچى!» دېدى يىگىت. غايىب ئاۋاز رەت قىلىپ: «ياق، خاتالاشتىڭ، ئۇ ياتىقىدا سېنى ئويلاپ ياتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ قەغەز يېگۈدەك ھالغا كەلدى. ئۇ ماڭ-ماقچى بولدى، لېكىن ماڭغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ ئىختىيار-سىز قىزىق رادىئاتورغا دۈمبىسىنى چاپلىدى ـ دە، داق سېمونت يەردە پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇردى. «مېنىڭ سەۋر ـ تاقىتىمنى ئۇ بىلسۇن! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — توغرا، ئۇخلا. تاقە-تىڭنىڭ چەكسىزلىكىنى يالغۇز قىزلا ئەمەس، خەلقئالەم تو-گەل بىلسۇن».

## ئاپەت

ئوغلى ئالتە قەۋەت بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان، ئانا يەردە تۇرۇپ زارلىماقتا، ئۇ، بىنانىڭ ئۆگزىسىدە تەنتەربىيىچە-دەك يالىڭاچلىنىپ مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

— جېنىم بالام، جېنىم ئوغلۇم، ئايلىنىپ كېتەي بوپتۇ، كوچا سۈپۈرۈپ، ئۇخلىماي چاي سېتىپ پۇل تاپاي، تاپقىنىمنى بىر پۇڭچەن خەجلىمەي ساڭا بېرەي، ئۇنداق قىلماي قايتىپ چۈش، بالام!

— ياق، سەكرەيمەن! — دېدى ئوغلى گىرۋەككە يېقى-نلىشىپ، — ماڭا ھازىرلا ئۈچ يۈز كويچەن بەرسەڭ، بول-مىسا سەكرەيمەن!

— ماقۇل، بالام. ئۆيدىكى ئاخىرقى بىر گىلەمنى سېتىپ كېلەي، سەكرىمە.

ئانا بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىگە ئالدىراپ مېڭىۋىدى، ۋېلە-سىپىت بىلەن تېنەش يېتىپ كەلگەن چوڭ قىزى ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— ئاپا! — دېدى قىزى يىغلامسىراپ ئاپىسىنى قۇچاق-

لاپ، — گىلەمنى قوي، مانا ئىككى يۈز كوي، تەۋەرروك
دەيسەنۇ، ساتمەن دەيسەنغۇ ئۇ گىلەمنى؟

ئانا پۇلنى ئالدى - دە، قولىغا يەملىك تۇتۇپ قوشنى
چاقىرىۋاتقان قۇشچىغا ئوخشاش ئاسمانغا قارىدى:

— چۈش بالام، مانا پۇل، دىگىنىڭنى قىلدىمغۇ، مانا
ئۈچ يۈز كوي!...

— ياق! — دەپ ۋارقىرىدى بالا ئۆگزىدىنىڭ گىر-
ۋىكىدە تۇرۇپ، — ئاچىقىپ بىرسەن!

— چۈشمەمسەن لۈكچەك! — دەپ ۋارقىرىدى قىزى
غەزەپ بىلەن، — دادامنىڭ بىشىغا چىقتىڭ، ئەمدى ئاپامنىڭ
بىشىنى يەي دەمسەن!

— ئۇنداق دىمە قىزىم، چىقسام چىقاي، دىگىنىنى قىلمى-
سام ئۇنىمايدۇ ئۇ ئۇكاڭ!

— دىگىنىنى قىلىمەن دەپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ،
ئاپا!

— چىقاي بالام، مىنى قويۇۋەت، مەن چىقاي!

— ئۇنداق بولسا مەن چىقاي، سەن قانداق چىقالايتتىڭ؟

— بالىنى دەپ چىقىمەن، بالىنى دەپ قايسى ئانا قايسى
ئوتقا كىرمىگەن، قايسى كۈننى تارتمىغان، بالام!

ئارانلا يول ماڭىدىغان ئانا بىنا پەلەمپەيلىرى بىلەن ئالتىن-
چى قەۋەتنىڭ زالىغا قاراپ هاسىراپ - هۆمۈدەپ، ئۆمىلەپ
دىگۈدەك مىڭىشقا باشلىۋىدى، قىزى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ
بىللە ئۆرلىدى. ئانىمۇ دىگىنىنى قىلىدىغان جاھىللاردىن ئىدى.

— ئون مىنۇتقىچە چىقمىساڭ تۆۋەنگە سەكرەيمەن!

ئاتا - ئانىسىنى قان يىغلىتىپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سە-
ۋەب بولغان بۇ مۇز قاپاق، جۇدۇن چىراي بالىغا پۈتۈن هويلىدى-
كى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن قاراشماقتا.

— ساقچىغا تېلېفون بەردىم، هازىرلا يېتىپ كې -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىدۇ! — دېدى بىرى كۆپچىلىككە.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دېدى بىر ياشانغان ئادەم، — ساقچى نېمە قىلالايتتى، سەكرەتمەكچىمۇ سىز ئۇنى؟

— ساقچى ئامال تاپىدۇ - دە؟

— ئامېرىكا كىنولىرىدا ئامال كۆپقۇ!

— تىنك ئۇچاردىن بىرى كەلسە قانداق بولاركىن؟

— ئۆلتۈرمەيدىغان، ھوشسىزلاندۇرىدىغان ئوقتىن ئاتسا بولارمىكىنيا؟

— ساقچى ئامال تاپىدۇ!

— توغرا، ھۆكۈمەتنىڭ ئامالى كۆپ!

— چاغلىق، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش «مىكىن» دىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

— ئۆزىنى تاشلىيالمايدۇ، پوپوزا بۇ!

— تاشلىسىمۇ تاشلايدۇ جۇمۇ، خىروئىن چېكىدىغانلار ساراڭ بولىدىكەن ئەمەسمۇ!

— تاشلىسىمۇ تاشلىسىكەن، موماي بىچارە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلاتتى. بىچارىگە بىر مىنۇتمۇ ئارام يوق!

ھەق گەپمۇ، قۇرۇق خىيالمۇ، رەسمىيەت گەپلىرىمۇ، ئېچىنىشمۇ، مەسخىرىمۇ، غەزەپ - نەپرەتمۇ تىل بىلەن ئېيتىلدى، ئەمما مومايىنىڭ پىداكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان بىرمۇ ئادەم ئوتتۇرىغا چىقمىدى، موماي ئاخىر ئالتىنچى قەۋەتنىڭ زالىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئۆگزىگە ئېچىلغان تۆگلۈك، تۆمۈر شوتا تۇرۇپتۇ، موماي ياماشتى، قىزى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى بىرىنچى بالداققا دەسسەتتى، لېكىن لىڭشىپ تۇرىدىغان تۆمۈر شوتىنىڭ ئىككىنچى بالدىقىغا موماي پۇتىنى زادىلا ئالالمىدى، قىزىمۇ ئامال قىلالمىدى. بىر پۇتىنى يۆتكىسە تۆۋەندىكى پۇتى بالداقتىن چىقىپ كېتەتتى. موماي ھۆڭگىرەپ يىغلىدى، قىزى ئانىنىڭ نالىسىغا چىديالماي شوتىغا يامىشۋىدى، ئانا قىزىنىڭ

ئاياغلىرىغا ياماشتى:

— مەن چىقمىسام ئۇ جاھىللىق قىلىپ سەكرەيدۇ، بالام!

— سەكرىسە سەكرىسۇن، ئاپەتتىن قۇتۇلىسەن، جېنىم ئاپا!

— تىلىڭ كۆيەر ئىلاھىم، ئۇكاڭنى ئاپەت دەمسىنا!

— ھەممە خەق شۇنداق دەۋاتسا، سەنلا ئۇنداق دېمەيدىكەن-سەنغۇ، ئاپا!

— ئۇ دېگەن مېنىڭ كەنجى بالام، مېنىڭ يۈرىكىم، سەنمۇ ئانا بولغاندا بىلىسەن!

قىز ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى، يۈزىنى ئانىسىنىڭ يۈزىگە ياقتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ يېغى (ئەسلى كونا) بىر قەسەم شېئىرىنى يازدى:

ئانىلار تۇغمايدۇ ئاپەتنى،
ئانىلار يارانتقان تاقەتنى.
ئانىلار بولمىسا ئالەمدە
يەر يۈزى بىلمەيتتى مۇھەببەتنى...

بۇ شېئىر بۇ ئائىلىنىڭ تارىخى، بۇ ئائىلىنىڭ مەۋجۇتلۇ-قىنىڭ نېگىزى، ئانا بولمىغان بولسا بۇ ئائىلە بولمايتتى، ئانى-نىڭ چەكسىز سەۋرى - تاقىتى بولمىغان بولسا جەبرائىل بىلەن ئەزرائىل بۇ ئائىلىگە ھازىرقىدىنمۇ كۆپ قېتىم كىرگەن بولات-تى. ئەركە ئۆسكەن ئوغلى ئون ئالتە يېشىدا مەكتەپتىن ئېچكى-رىگە قاچقاندا دادىسى دەردىنى ھاراقتىن ئالدى، ئەمما ئانا كۆز يېشى بىلەن تاقەتكە ئىلتىجا قىلىپ تولۇق ئۈچ يىلنى ئۆتكۈز-دى. بىر كۈنى ئوغلى تۇيۇقسىزلا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ۋە ماللار بىلەن پەيدا بولغاندا، دادىسى: «بالام مېنى دورىدى، قالتىس تەدبىرلىك، چوقۇم روكفىللىر بولىدۇ!» دەپ كۆرەڭلىدى. ئانا بولسا بالىسىغا سوئال بىلەن قاراپ: «ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ ياكى ئاق ساتتىڭمۇ، ماڭا راستىڭنى دە بالام؟» دەپ يېلىندى. ئوغلى

www.uyghurkitap.com

ماختىنىپ راست گەپ قىلدى: «ئىككىلىسىنى قىلدىم! » «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قىلامسەن؟ » «ياق! — دېدى بالىسى قەسەم بېرىپ، ئىللا - بىللا قىلمايمەن! » ئانا بالىسىنىڭ قەسىمگە ئىشىنىپ بىردىنلا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. هەر ۋاخ نامىزىدا بالىسىغا خۇدادىن ئىنساپ تىلىدى. ئانىنىڭ هەر كۈنى، هەر مىنۇتى ۋەھىمە، دەككە - دۈككە بىلەن ئۆتتى، لېكىن دادا كۈنلىرىنى ئاشخانىلاردا، بازار مەركەزلىرىدە هاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ۋەھىمە ئاخىر ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئوغلىنى بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى، ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بارلىق نەق پۇل، مال - دۇنيانى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى. دادا ئەلەمگە چىدىماي قاتتىق ئىچتى - دە، كوچىدا يىقىلىپ كوچىدا جان بەردى. ئانا ئەرنىڭ دەردى، بالا جۇدالىقىنى يەنىلا سەۋرتاقەت بىلەن ئۆتكۈزدى، بىر يىلدىلا ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچەيدى، چىشلىرى چۈشۈپ، كۆزىنىڭ خۇنى ئاجىزلىدى. ...

بەش يىلدىن كېيىن ئوغلى قايتىپ چىقتى، قانداق ۋە نېمىشقا قايتىپ چىققانلىقىنى ئانا بىچارە سوراپمۇ قويمىدى، ئۇ ھەممىنى ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىن تىلىگەن تىلەكلىرىنىڭ مېۋىسى دەپ چۈشەندى.

لېكىن بالا ئۇنىڭغا راستلا ئاپەت بولدى: ئۆيدە ساتمىغان هېچنېمە قالمىدى. كىشىلەرمۇ مومايغا بىر موچەن قەرز بەرمەيدىغان بولدى. ئوغلى بىر كۈنى: «پۇل تاپ قېرى! » دەپ پىچاق تەڭلىدى. ئانا: «ماقۇل، بالام! » دېدى ۋە ئېرىنىڭ بىر تىجارەتچى دوستىغا يىلىنىپ يۈرۈپ، يالغان ئېيتىپ پۇل ئەكەلدى. بالا ئانىغا تەھدىت سېلىۋەردى، ئانا ئاز بولسىمۇ ئامال قىلىپ ئۇنى پۇل بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. مۇنۇ بۇگۈنكىسى شۇ ئىشلارنىڭ داۋامى، خەلقئالەمگە ئاشكارىلىنىشى!

بالىسى ئۆگزىدە تۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى:

— ئاخىرقى بەش مىنۇت، ئەمدى چىقمىساڭ سەكرەيمەن!

— چىقاي بالام، جېنىم بالام، مانا ماڭدىم!

— ئانا يەنە ياماشتى، لېكىن ئۇنىڭ نە پۇتىدا، نە قولىدا ماغدۇرى قالمىغانىدى، ئۇ بىرىنچى بالداقنىمۇ دەسسىيەلمىدى. ئانا يەنە ھۆڭگىرەپ يىغلىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچە چوڭ قورۇ-دىن بىرمۇ پىداكار چىقمىدى. گويا ھەممىلا ئادەم ئوغلىنىڭ سەكرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىدا كىيىملىرى ناچار، قاداق قوللۇق بىرى پەيدا بولدى:

— دۇمبەمگە چىڭ يامىشىڭ، مەن سىزنى ئاچىقىمەن!

— دېدى ئۇ مومايىنى ھاپاش قىلىپ، — چىڭ تۇتۇڭ قورق-ماڭ!

بۇ ئادەم دەرۋازىۋەن ھاراقكەش (ئېرىنىڭ ئۆلپىتى) تۇردى شوپاڭ ئىدى. ئۇ، مومايىنى ھاپاش قىلىپ ئۆگزىگە چىقاي دېگەندە، سىرتتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇردى شوپاڭ بىلەن ئانا ئەمدىلا ئوغۇلىنىڭ ئاياغلىرىنى كۆرۈۋىدى، ئوغۇل تۆۋەنگە ئۆزىنى ئاتتى، ئانا: «بالام» دەپ ئاخىرقى قېتىم قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئەتىسى ئانا - بالىنىڭ تاۋۇتى بىللە ئۇزىتىلدى.

## غەيرەت

— غەيرەت — كۈچ، تالانت، بايلىق. ئۇمۇ بىر خىل قابىلىيەت! — دېدى ياشلىقنى ئېلېكتىر مېگە تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان، ئەمما ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، بۇ ساھەلەردىمۇ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ، بىلىم توپلىغان يىگىت دوستىغا رومكىسىنى ئېتتىرىپ قويۇپ.

ئۇلار سۆھبەتلەشكىلى ئىككى سائەتتىن ئاشتى. بۇ ئۈچ

يىگىتنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشى مۇشۇ خىل سۆھبەت. ئۈچ يىگىتنىڭ گەپدانى ــ ئادىل، ئۇنىڭ ئاغزى بىسىلمايدۇ، ئۇ بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى. ئىككىنچىسى ئۆتكۈر، ئۇ دوختۇر بولغىنى بىلەن ئەدەبىياتنى كەسپىدىنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى ئېلان قىلىندى، ھەر قېتىم قەلەم ھەققى ئالغاندا ئۇ دوستلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى شۆھرەت، ئۇ كەم سۆز، لېكىن ئۈچىنىڭ ئىچىدە كىتابىي بىلىمى ئەڭ كۆپمۇ شۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنى بىلىدۇ. شۆھرەت تېخى كەچ كۇرستا ئۆگىنىپ يۇرۇپ ھازىر پارسچە ۋە تۇركچىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىچارە شۇ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى بىلەن ھازىر بىر باسما زاۋۇتتا ئېلېكتىر مېڭە بىلەن بەت ياسايدىغان ئىشچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. پۈتۈن زاۋۇت ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي: «ستودېنت ــ داشۆسىڭ» دەپ چاقىرىشىدۇ.

— ئىچە ئادىل، — دېدى شۆھرەت رومكىنى دوستىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، — ئارىمىزدا كۆتۈرۈشلۈكىمۇ، ناتىقىمۇ سەن، كۆپرەك ئىچىشىڭ كېرەك.

— ئىچسەم ئىچەي، ئەمما ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىچىمەن. يەنە شۇ كونا گەپ: خىزمەت قىلىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى، تىرىشىمىز، تىرىشىمىز ھېچ قىردىن ئالالمايمىز. مائاشىمىز يەنە شۇ ئۈچ - تۆت يۈز كوي، نە يۈرىدىغان قىزىمىز، نە كىچىككىنە بولسىمۇ مەنسىپىمىز، ئۆزئۈانىمىزمۇ يوق. ھېچقانچە بىلىمى يوق، تىرىشمايدىغانلارنىڭ ھەممىلا نېمىسى بار. مەسىلەن مېنى ئالساڭ، ئىدارىدە سەككىز سائەت باش كۆتۈرمەي تەھرىرلىك قىلغاندىن سىرت، ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە كوررېكتور كۆرىمەن، تەرجىمە قىلىمەن، لۇغەت ئاختۇرىمەن، كەم دېگەندە تۆت سائەت ئىشلەيمەن.

— تۆت سائەتكە سەككىز سائەتنى قوشساڭ ئاران ئون



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى سائەت بولىدىكەن. بىلىسەنغۇ، بالزاك سوتكىسىغا ئون سەككىز - يىگىرمە سائەتلەپ ئىجاد قىلغان.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئون سەككىز يىلدا توقسان رومان - ھېكايە يازغان - دە!

— ئۇ دېگەن بالزاك، مەن دېگەن ئادىل. ئۇ دېگەن فرانسۇز. مەن دېگەن ئۇيغۇر.

— ساپلا تەتۈر گەپ قىلىدىكەنسەن، ئاداش. ئامېرىكىلىق، ئەنگلىيىلىك، فرانسىيىلىك، ياپونىيىلىك قىلالىغاننى ئۇيغۇرلار نېمىشقا قىلالمايدۇ؟ بىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى چىققاندا، ياۋروپانىڭ كاتتا يۇلتۇزى بولغان دانتىمۇ تۇغۇلمىغان، ئۇ چاغدا رۇسلار قەدىمكى ئورمانلىق ئىچىدە ئوۋچىلىق قىلاتتى، ياۋروپا ئۇخلاۋاتقاندا بىز ئويغانغان... دېگەندەك ئۇزۇندىلىرىڭ بار يىگىت بۇگۈن گېپىڭنىڭ تەتۈرىسىنى دەۋاتىسەنغۇ!

ئۆتكۈر ئادىلنىڭ نالىسىگە ھېسداشلىق قىلىسىمۇ، ئەتەي ئۇنى گەپكە سالماق بولدى ۋە يەنە:

— سەن ئارانلا ئون ئىككى سائەت ئىشلەيدىكەنسەن، بىزنىڭ شۆھرەت سەككىز سائەت زاۋۇتنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئاخشىمى ئۈچ سائەت كەچ كۇرستا ئوقۇيدۇ، ئون بىر سائەت بولدىمۇ. ھەر كۈنى كەچ كۇرستىن قايتىپ كېلىپ ئىككى سائەتتىن ئۈچ سائەتكىچە ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ئۆگىنىدۇ. قانداق، سەندىن جىقمىكەن؟ قارا، ئۇ غەمسىز، ئۆمۈر بويى ئىشچى بولۇشقا بەل باغلىغاندەك، زارلىمايدۇ. ئاخىرقى غەلىبە زارلىمايدىغانلارغا مەنسۇپ جۇمۇ، ئاداش.

— سەن دېگەن كاللاڭغا بېتيۇننىڭ روھىنى قاچىلىۋالغان دوختۇر. 3 - دۇنيا ئۇرۇشى بولسا، ياردارلارنى داۋالىغىلى ئىسپانىيىگە، يېڭى زېلاندىيىگە، سەھرايى كەبىرگە بارساڭ، دۇنيا سېنى تونۇسا، ئۇيغۇردىن چىققان بېتيۇن بولۇپ

چىقساڭ ـ ھە!

ــ سەن ئادىل تولا تەمەخور بولۇپ كېتىپسەن، ــ دېدى شۆھرەت كۈلۈپ قويۇپ، ئېرىشكەنلەرنىلا ئويلىماي، ئۆمۈر بويى ئىرىشىپ ھېچنېمىگە ئېرىشمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىمۇ ئويلاپ قوي. چېرنىشۇسكىي يىگىرمە نەچچە يىل تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدە يېتىپ ئون بىر ئايدا «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن رومانىنى يازدى. ماركس بىر ئۆمۈر ئىجاد قىلدى. ل. تولستويـ غىمۇ نە ئۇنۋان، نە مەنسەپ تەگكىنى يوق، يەنە...

ــ بولدى، بولدى، گەپ قىلمىسام بىردەمدىلا دۇنيانى پىرقىراپ، مىسالدىن نەچچە مىڭنى تېپىپ بېرەمدۇ نېمە مۇنۇ ئېلېكتىر مېڭە، ــ دېدى ئادىل دوستىغا قاراپ قويۇپ، ــ قۇيە، راسا ئىچەيلى، شوپېنخائۇئېر دەك ئىچەيلى. مەن ھاياتىمـ نى ئاشۇ پېسسىمىزم پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلىگە تەقلىد قىلماقچىـ مەن.

ــ ئۆزۈڭمۇ ئوخشايسەن، ــ دېدى شۆھرەت دوستىنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، ــ چاچلىرىڭ بۇدۇر، بېشىڭ يوغان، بوينۇڭ قىسقا، پاكار، گەۋدىلىك، بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرىڭ، ئۇ كۆك كۆز، سەن قارا كۆز.

ــ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى كەڭ ئىدى، بۇنىڭ تار، ــ دېدى ئۆتكۈرمۇ كۈلۈپ.

ــ يەنە بىر ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ مەرد ئىدى، بۇ بىر خەسىس. شوپېنخائۇئېر پۈتۈن پۇلىنى مېيىپ ھەربىي، تۇل خوتۇن، يېتىم باللار جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلىۋەتكەن، خىزمەتچىسى بىلەن ئىتىغىمۇ نۇرغۇن پۇل قالدۇرغان، لېكىن سەن ئادىل بىزدەك ئاغىنىلىرىڭگىمۇ بىر كويچەن قالدۇرمايسەنـ غۇ دەيمەن؟

ــ ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ مېغىزى غەيرەت ـ جاسارەت يەنى ئىرادە پەلسەپىسى. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇچۇن بەسلىشىش،

كۆرەش قىلىش كېرەك. مانا مەن بەسلىشىشكە ئۆزۈمنى ئاتىد-
دىم، ئۆمۈر بويى بەسلىشىمەن. شوپېنخائۇئېر مەغرۇر، ئۆ-
زۈمچىل، ھاكاۋۇر ئىدى!

— ئۇ تاماقنى جىق يەيتتى. ئاڭلىغانىمدىك، ئۇ بىر قېتىم ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقاندا، بىرىنىڭ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغىنىنى بايقاپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپ : ئەپەنددىم، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ دۇرۇس، مەن سىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ تاماق يەيمەن، ئەمما مېنىڭ مېڭەممۇ سىزدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىشلەيدۇ، دېگەن! ...

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئەمدى گەپنى شوپېنخائۇئېرنىڭ دۈشمىنى گېگىلغا يۆتكىۋىدى، ياندىكى جوزىدىن ئېگىز بىر يىگىت قولىغا بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى: سىلەر ئۇيغۇرمۇ ياكى ئورۇسمۇ، ئامېرىكىلىقمۇ يە جوھۇتمۇ؟ — دېدى ئۇ دەلدۇگۇنۇپ، — ھەي ... جوھۇتقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق بولساق قالتىس بولاتتۇق! — دېدى ئادىل كەلگۈچىگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ.

— جوھۇت قالتىسما؟

— قالتىس بولماي! ماركس بىلەن ئېينشتېينمۇ جوھۇت. جوھۇتلارنىڭ ئاجايىپ ئالىملىرى بار. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنيادىكى بىر يۈز ئىككى يازغۇچىنىڭ ئون بىرى جوھۇت، قالتىس بولماي نېمە؟

— يەھۇدىي — جوھۇتمۇ؟

— ھەئە، جوھۇت.

— سەن جوھۇت، سەنلەر جوھۇت، — دېدى كەلگۈچى دەلدۇگۇنۇپ، — باياتىن ئاڭلاپ ئولتۇرسام بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشمىدىڭ، ۋۇي ئىتنىڭ بالىلىرى!

— خاپا بولما دوستۇم، قېنى ئولتۇر! — دېدى شۆھرەت

كۆلۈمسىرەپ ئورۇن كۆرسىتىپ، — ئەمدى ئۆيغۇرچە سۆز-لەيلى، ماقۇل.
— مەن پىپا (توپ سېتىش بازىرى) دا سەي ساتتىم، — دېدى كەلگۈچى قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — كۈنىگە ئاز بولسا ئىككى يۈز كوي، كۆپ بولسا بەش يۈز كوي تاپىمەن!
— يارايسەن، بىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمىزنى بىر كۈندە تاپىدىكەنسەن، ئاداش.
— تاپىمەن، مەن ساڭا ئوخشاش ئوتتۇزغا تەڭ!
— مىسىر پەيلاسوپى قاقومنانىڭ: «ئوچۇق - يورۇقلۇق سەمىمىيەتتىن بېشارەتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار، — دېدى ئادىل غەزىپىنى بېسىپ، — ئوچۇق - يورۇق گەپ قىلدىڭ، راست، سەن بىزدەك ئوتتۇزنىڭ پۇلىنى تاپىدىكەن-سەن، قېنى ئولتۇرغىنا!
— نېمە، قوقا ... دېدىڭما، ئۇ كىم؟
— مىسىرلىق...
— مىسىر دېگەن جوھۇتما؟
— نېمانداق جوھۇتقا ئۆچلۈك قىلىسەن ياكى ناتسىستمۇ سەن؟ — دېدى ئاخىر ئادىل چىدىماي.
ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا كەلگۈچى قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن ئادىلنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئادىل ئورۇندۇقتىن دومىلاپ چۈشتى، بېشىدىن جىرقىراپ قان چىقتى. كەلگۈچى غۇلاچ كېرىپ، چاتىرىسىنى كېرىپ تۇرۇۋېلىپ ئىككىنچى مۇشتىنى شۆھرەتكە ئېتىۋىدى، شۆھرەت چاققانلىق بىلەن ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئىككى مۇرىسىنى تۇتۇپ باش بىلەن ئۇرۇۋىدى، ئۇزۇنتۇرا ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى.
— ئاشخانا ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ، ئادەملەر غالجىرلاشقان ئۇزۇنتۇرانى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى، ئادىلنى دوستلىرى تاك-

سىغا سېلىپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى.

— غەيرەت قىل ئادىل، هازىرلا دوختۇرخانىغا بارىمىز! — دېدى ئۆتكۈر كۆڭلىكى بىلەن دوستىنىڭ قان توختىمايۋاتقان بېشىنى چىڭ بېسىپ تۇتۇۋېلىپ، — غەيرەت قىل!

— ئۇ ھەقىقىي ئۇيغۇركەن، — دېدى ئادىل ئارانلا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، — ئۇنداقلار جەمئىيەتتە بىر قاتلام، مەخسۇسلا بىزدەكلەرنى ئۇرىدۇ، كالتەكچىلەر قاتلىمى، ھېچنېمە بىلمەيدۇ، ئۇرۇشقا ماھىر!...

— غەيرەت قىل دوستۇم، بىز ئۇلارنىمۇ يېڭەلەيمىز!

— چىدام - غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا...

— غەيرەت قىل ...غەيرەت!...

## جاراھەت

ھازىرلا پارتلايدىغاندەك يالقۇنجاپ، ھەيۋەتلىك چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان پېچتا ئېرىگەن نەچچە مىڭ گرادۇسلۇق قىپقىزىل تۆمۈر ئېرىتمىسىنى پولات تاۋلىغۇچى قېلىپقا قۇيۇش قانچىلىك كۆڭۈللۈك - ھە؟

پولات تاياقچىلارنىڭ يۇگۇرۇشلىرى، ئۇلارنىڭ نەچچە قېتىم ئەيلىنىپ قىسقىراپ ماتېرىيالغا ئايلىنىشچۇ تېخى؟ ئەزەمەت ئۇچۇن دۇنيادا بۇ يەردىن كۆڭۈللۈك ماكان يوق. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدىكى چىرايىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان تاتۇقىمۇ، بەدىنىدىكى كۈچلۈك مۇسكۇللىرىمۇ، مىجەزىدىكى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئېغىر - بېسىقلىقمۇ مۇشۇ سېختا پەيدا بولغان. ئۇ ئوقۇدى - ئىشلىدى، يەنە ئوقۇدى، يەنە ئىشلىدى، ئەمما شۇ سېختىن باشقا يەرگە بارمىدى. بالىلىق چاغلىرىدا مەكتەپتىن يېنىپلا شۇ سېختا ئىشلەيدىغان دادىسىنىڭ يېنىغا ئالدىراپ

كېلەتتى ـ دە، تۆمۈر شوتىلاردا ئوغلاقتەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ
ھەربىر ئىشقا قىزىقىپ زەن سالاتتى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئىشچى
بولدى، ئىشچى بولغاندىمۇ ھەر يىلى نەمۇنىچى، ھەر قېتىم
مۇكاپاتلىنىدىغان ئىشچى بولدى. مانا بۇ يىل ئۇ يىگىرمە تۆت
ياشتا، بۇرۇنقىدەك ئاتمىش نەچچە گرادۇسلۇق يەرنى دەسسەپ
تۇرۇپ پولات سۇيى ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ داشقاللىرىنى بازغان
بىلەن تازىلايدىغان ئىشچى ئەمەس، ئېلېكتر مىخە بىلەن پېچنى
باشقۇرىدىغان زامانىۋى ئىشچى.

ئۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلسا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ قىلى-
دۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى، قوپال گەپ قىلغىنىنى
زادىلا ئاڭلاپ باقمىدى. ئەمما ناخشىسىنى ھەر كۈنى ئاڭلايدۇ.
ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش، قارا كۆز، قاڭشا بۇرۇن يۈزىدە
كۈلكە ـ تەبەسسۇمدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. گويا ئۇ ئۇنىڭ مەڭزى-
دىكى تامغا باسقاندەك كۆرۈنىدىغان تاتۇقى بىلەن پەخىرلەنگەن-
دەك دائىملا كۈلۈمسىرەپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرىدۇ.

بۈگۈن نېمە بولدىكىن، ئۇ غەمكىن، كەم سۆز ۋە خىيال-
چان. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ھۆرىيەت ئىسىملىك قىزدىن
كۆرىدۇ. زاۋۇت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى مەن، دەپ دائىم كېلى-
دىغان بۇ بۇدۇر چاچلىق، ئويماق ئېغىز، ئاقسېرىق قىز بىر
نەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىپلا ئەزىمەتنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتى-
ۋەتتى. يۈزىدىكى تاتۇق سەۋەبىدىن قىزلارغا تىكىلىپ قاريال-
مايدىغان بۇ يىگىت مۇھەببەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان ئە-
مەستە. بەلكى ئۇنىڭ قەلبىگە «مۇھەببەت تۇترۇقى» بولغان
سۆھبەتلەر ھازىر يالقۇن پەيدا قىلغاندۇر. لېكىن قىز ھېسسى-
يات قوزغايدىغان مەنىلىك گەپلەرنىمۇ قىلمىدى.

— ئۆزۈمچىلا سوراپ باقتىم، مۇكاپاتلىرىڭىز بىلەن ئايدا
قانچىلىك ئىش ھەققى ئالىسىز؟

— ئىككى مىڭ كويدەك.

— سىلەر قانچە جان؟
— ھازىر ئۈچ جان.
— «ھازىر» دېگىنىڭىزنى ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈپ قويـ-سىڭىز بولامدۇ؟
— بالىلارنىڭ كەنجىسىمەن، دادام، ئاپام ئۈچىمىزلا.
— ئۇنداقتا دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزنى سىز باقىدىـ-كەنسىز - دە.
— ياق، ئۇلارنىڭ پېنسىيە پۇلى بار.
— مۇنداق دەڭ. ئۇنداقتا سىلەر ئائىلىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشىكەنسىلەر - دە؟
— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.
— سىز نەدە جاپالىق ئىش بولسا تاللاپ يۈرۈپ قىلىدىكەنـ-سىز، جاپالىق ئىشلار ئۈچۈن يەنە ھەق بېرەمدۇ؟
— ياق.
— يەنە قوشۇمچە بىر گەپنى سوراپ باقاي، ھۆرمەتسىزـ-لىك بولسىمۇ.
— قېنى، سوراڭ.
— بانكىغا خېلى جىق پۇل قويغانسىلەر - ھە؟
— شۇنداق.
— سانىنى سورىمايلا قوياي، ئون - يىگىرمە تۈمەندىن جىق بولسا كېرەك؟
— ...
— شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئۆيلەنمىدىڭىز؟
— ...

بارى - يوقى مانا مۇشۇلار. بۇ خىل سۆھبەتتىن كېيىن خىيالچان بولۇپ قېلىش ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ - دە، ئەلۋەتتە. «ئۇ قىز مېنىڭ پۇلۇمغا قىزىقتى. مەن نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدۇم. پۇلغا قىزىققانلارنىڭ نىيىتى يامان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ، مېنىڭ تەسىراتىم، لېكىن نىيىتى يامان قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلارمۇ بار. نىيىتى يامانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلارمەنمۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان گۈزەل نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقماي بانكىدىكى پۇلىمىزغا قىزىقتى؟ بانكىدا خېلى جىق پۇلىمىز بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ نېمىشقا يوشۇرۇن 《ئۇھ》 تارتتى. نېمىشقا ماڭا دېمەستىن ئۆيىمىزگە بېرىپ ئاپامدىن مەن توغرۇلۇق ئۇنى - بۇنى سورىدى؟ ‹ئەسەر يازماقچىمەن دەيمىش تېخى. ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن تەييارلىغان لاتا - پىتە، ئالتۇن - پالتۇنلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچۈن نېمىگە لازىم؟ ياق، ئۇنىڭ نىيىتى يامان، مەقسىتى مېنى قولغا چۈشۈرۈش، ئۇنداق بولسا نېمىشقا شۇنچە يوغان، شۇنچە سەت تاتۇقۇم كۆزىگە كۆرۈنمەي بانكىدىكى پۇلۇم بىلەن ئائىلىق ئىش ھەققىم كۆزىگە كۆرۈنىدۇ - ھە؟…»

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مىجەزىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، تىنچ ھايات كۆلچىكىگە تاش ئېتىپ بۇژغۇن پەيدا قىلغان بۇ مۇخبىر قىز توغرىسىدا كەچكىچە ئويلىغاندىن سىرت، يولدا كېلىۋېتىپ ۋېلىسىپىت ئۈستىدىمۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى.

— ئەزىمەتجان!

قىزنىڭ تونۇش ئاۋازى ئۇنى توختاتتى، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈردى، ئۇنى ئۆزىگە يانداش ماڭدۇرۇپ «خەلق باغچىسى»غا ئەكىردى ۋە سېمونت ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى:

— مەن سىزنى يېقىن دوستۇمدەك كۆرىمەن، — دېدى قىز گەپلىرى قولاشمىسىمۇ گەپ ياساپ سۆزلەپ، — سىزمۇ مېنى دوستۇم دەپ بىلەمسىز؟

— مەن قىزلار بىلەن دوست بولۇپ باقمىغان، — دېدى

ئەزىمەت قىزدىن ئۆزىنى چاندۇرماي قاچۇرۇپ، — يەنە نېمىلەرنى بىلگۈڭىز كېلىدۇ؟

— ھېچ نەرسە سورىماي ئەمىسە، — دېدى قىز ئەزىمەتنىڭ گۆشلۈك يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، — تاتۇقىڭىز سىزگە ئاجايىپ ياراشقان ...

قىز نازۇك بارماقلىرى بىلەن يىگىتنىڭ تاتۇقىنى سىلاپ قويدى ۋە:

— قاراڭا، ئەينەكتەك سىلىق. چوغدەك تۆمۈر تەگكەن ئىكەن - ھە؟ ئۇ چاغدا بەك قاتتىق ئاغرىغان بولغىيدى. بىر قېتىم مېنىڭ قولۇمغا قايناق سۇ...

— سورايدىغان يەنە قانداق سوئاللىرىڭىز بار، — دېدى يىگىت بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — مۇخبىر قىز، خىزمەت دائىرىڭىزدىن چەتنەپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن. تاتۇقۇم ياراشقان بولسا تانسىغا باراتتىم، سىزدەك قىزلارغا تىكىلىپ قارىيالايتتىم، ئۆز - ئۆزۈمنى كەمسىتىپ يۈرمەيتتىم. سىز مەندە يوق سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيىلەپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ لېكىن بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق ئوڭايلا قارماققا ئىلىنىدىغانلاردىن ئەمەسمەن!

ئەزىمەت ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، قىز ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەزىمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى: «تاپقان ئازراق پۇلۇم روھىي دۇنيايىمدىن ئەزىزمۇ؟ نېمىشقا ئۇ دۇنيانى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار چىقمايدۇ يۇ، پۇل - پۇچەك ئۇچۇن مەدھىيە ئوقۇيدىغانلار كۆپ؟» ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، يۈزى كۆيگەندە خۇددى شۇنداق ئېچىشقان، ئۇنىڭدىن بۇ جاراھەت قالغان ئەمەسمىدى. ھازىر يۈرىكى قاتتىق ئېچىشماقتا، ئۇنىڭدىمۇ يۈزىدىكىدەك جاراھەت قالارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھاماقەت

ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدۇ. نۇرغۇن قېتىم دوستلىرى ئۈچۈن پىچاق يېندى، باشقىلار ئۈچۈن زىيان تارتتى، كىمكى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسا، ئۇ بۇنداقلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى.

ئۇنىڭ پۇل تاپمىقىمۇ، بۇزدى - چاچتى قىلىپ يوقاتمىقىمۇ ئاسان: پىكاپى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ كۆلىدىن (ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن) سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئاچىققانلارنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر يەرگە بارىدۇ - دە، ئۇلارنى بىردە ئالداپ، بىردە قورقۇتۇپ ماشىنىلىرى بىلەن ئەرزان باھادىلا ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئۈرۈمچىنىڭ توپ سېتىش بازىرىغا ئەكېلىپ نۇرغۇن پايدىسىغا ساتىدۇ؛ سىرتتىن قوي - كالا ئەكەلگۈچىلەرنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن كوملاپ ماللىرىنى ئېلىۋالىدۇ - دە، پايدىسىغا ساتالايدۇ؛ يۈڭ - تېرە، كىيىم - كېچەك، ھەتتا ماشىنا، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى سودىسىغىمۇ ئارىلىشالايدۇ ۋە ئوخشاشلا پايدا ئالالايدۇ. لېكىن تاپىدۇ، چاچىدۇ. يەنە تاپىدۇ، يەنە چاچىدۇ. شۇڭا تاپقىنىنىڭ بەرىكىتى يوق. قولىدىكى ئاشۇ كونا «ۋولگا» ماركىلىق پىكاپىدىن باشقا نە ئۆيى، نە پۇلى، نە تۈزۈك كىيىم - كېچىكىمۇ يوق.

ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ يانچۇقىدىكى پۇلىدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرغۇچىلار. ئۇلار رېستوران - ئاشخانىلاردا بىر - بىرىگە

قەسەم بېرىپ ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇشىدۇ ـ دە، مەست بولۇشقاندىن كېيىن مۇشتلىشىدۇ، بىر ـ بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشىدۇ. باش ـ كۆزلىرىنى يېرىشىپ، كىيىملىرىنى تىتماتالاڭ قىلىشىدۇ... ئۇلارنىڭ قەسەم ـ ۋەدىلىرىمۇ كىيىملىرىدەك تىتماتالاڭ بولۇشىدۇ.

ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن بىزار ھەم ئۇنىڭغا ئىنتىزار: ئۇ قولىغا پۇل چۈشكەندە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كاللەك ـ كاللەك (نەچچە مىڭ كويلاپ) پۇل، پۇتۇن ـ پۇتۇن قوي گۆشلىرى، يەشىك ـ يەشىك مېۋە ـ چېۋە، ھاراق ـ پىۋىلارنى تارقىتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۇ گويا ھەرەمدىن قايتقان ھۆرمەتلىك ھاجى ياكى چەت ئەلدىن كەلگەن ئەزىز مېھمان. قېرىنداشلىرى ئۇنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن يامانلىشىدۇ. ئۇ بولسا بۇنداق چاغلاردا ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ ئۆيدىن ـ ئۆيگە يۆتكىلىپ مېھمان بولىدۇ، قانغۇچە ئۇخلايدۇ، ئۆزىنى تەڭدىشى يوق بەختلىك ھېسابلايدۇ ـ دە، خۇشاللىقىدىن سىرتقا چىقىپ سوتكىلاپ ـ سوتكىلاپ ھاراق ئىچىدۇ، تاكى تۇغقانلىرى بىزار بولغۇچە...

ئاخىر ئۇ سىرتلاردىن خۇددى ھازىرلا تۇرمىدىن چىققاندەك ۋەيرانە قىياپەتتە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، ھەممىلا ئۆيدە سوغۇق مۇئامىلە، دۇشكەلەش ھەتتا تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تەستە ئوت ئالىدىغان «ۋولگا» پىكاپىغا كىرىپ كېتىدۇ ـ دە، يەنە پۇل تېپىشنىڭ داغدام يوللىرىدا كېچە ـ كۈندۈز چاپىدۇ.

ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت يىللىق ھاياتى ـــ ئۇنىڭ «شانلىق» تارىخى، ئۇنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى. ئۇ، بۇ سېنارىيىنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇ تارىخ ئۇنىڭ غۇرۇرى ھەم يۇرەك يارىسى. چۈنكى ئۇ مانا شۇ تارىخىدا

ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدىدى. قانچە مۇشكۇلات، قانچە جەبىر ــ جاپا، تىل ــ ھاقارەت ۋە روھىي ئازابلارنى تارتتى: ئۇ پەخىرلەنگۈدەك مەردلىكمۇ، نوچىلىقمۇ، خەير ــ ساخا-ۋەتمۇ، يـاردەم ــ شەپقەتمۇ قىلدى؛ يەنە ئۇنتۇمايدىغان تەجرد-بە ــ ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدى، لېكىن پاراغەت ئۇنى يەنىلا قاراملىق، تەۋەككۈلچىلىككە ئۈندەپ كەلدى. ياخشىلىق، ياماذ-لىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ ــ تەتۈر-لۇكىدىنلا كۆرۈپ كەلدى.

ــ ئەنە ئۇ «ئىتتىپاق» كىنو ــ تىياتىرخانىسىنىڭ بېقد-نىدىكى بوشلۇقتا پىكاپىنى توختاتتى. ئۇنىڭ قىسقا چاچلىق بېشى، يۇمىلاق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان يۈزى پىكاپتىن چىقتى. ئۇنىڭ مەردلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قاملاشقان گەۋدىسى ئادەملەر ئارىسىغا شۇڭغۇدى. ئۇ، ئادەملەرنى جەينەكدەپ، چەمبىرەك بولۇشقان ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى ــ دە، بەش تال «تەلەي چەمبىرىكى» سېتىۋالدى. ئۇ، چەمبىرەكلەرنى مەيداذ-دىكى تاماكىلارغا ئاتىدى، ئاستا دۇگىلەتتى. ئۇ ئۈچ قاپ «گۋاڭجۇ» تاماكىسى ئۇتتى. ئۇ، تاماكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى.

ــ مەن قالتىس تەلەيلىك!

ــ قالتىس مەرد!

ئۇنىڭغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈل-دى:

ــ سەنمۇ تەلەيلىك. تازا ئېچىرقىغان چېغىڭدا ماڭا ئۇچرىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

ــ راست ــ يالغانلىقىنى رېستوراندا كۆرىمەن.

ئۇلار كۈلۈشۈپ رېستورانغا ماڭدى، ئۇلارغا يەنە تۆت يد-گىت ئەگەشتى.

رېستوراندىن چىققاندا ئۇنىڭ يانچۇقلىرى قۇرۇقدالغان، روھى چۈشكەندى. ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ كىمنىدۇر تىللايتتى.

— ئىتتىن تۇغۇلغان بەدرەك ھايۋان!

ئۇ يالغۇز چىقتى. ھېلىقى تەلەيلىك «قەھرىمان» مۇ، ئۇلارغا ئەگەشكەن تۆت يىگىتمۇ يوق ئىدى. ئۇ يېنىدىن تاماكا ئىزدىدى، تېپىلمىدى، پىكاپنى ئوت ئالدۇرۇۋىدى، ئوت ئالـمىدى، پىكاپنىڭ ئالدى قاپقىسىنى ئېچىپ ياغلىقى بىلەن بىر يەرنى تازىلاشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرى ئاستا ئۇردى...

— ماڭا ياردەم قىل!

— مەن تەييار، لېكىن ماشىنام تەييار ئەمەس!

ئۇلار تېزلا پىكاپنى ئوت ئالدۇردى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

— مەردلىك سىنىڭ كەسپىڭ! — دېدى دوستى ئۇنىڭغا تاماكا چېكىشلىتىپ، — تاپسەن، خەجلەيسەن، ئاغىنىلىرىڭ سىنىڭ جېنىڭ، سەن دوستۇڭ ئۈچۈن جېنىڭنىمۇ تىكەلەيسەن شۇنداقمۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بىر دوستۇم يوق! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ، — مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلىسىلا دوست بولۇۋەرمەيدۇ، ماڭا كۆيۈنسە دوست بولىدۇ - دە. مەن دوست تېپىش ئۈچۈن مەردلىك قىلمايمەن، دۈشمەن تېپىش ئۈچۈن!

— دائىم تەتۈر گەپ قىلىسەن - ھە!

توساتتىن ئىككى يىگىت پويىز ئىستانسىسىنىڭ مەيدانىدىن ماشىنىلارنى ئارىلاپ پىيادە قېچىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر توپ ئادەم — ساقچىلارمۇ بار ئىدى.

— تېز چىقىشە! — دېدى ھېلىقى دوستى پىكاپ ئىشىكىنى ئېچىپ. ئۇلار چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇيـ -

-رۇدى، — ھەيدە، مەرد يىگىت، مەردلىكىڭ سىناقتىن ئۆت-
سىلا بەش مىڭ كويچەن مۇكاپات ئالىسەن.
تۆت ئادەم ئولتۇرغان پىكاپ ئۇلانباي تەرەپكە قاراپ خېيىم-
خەتەرگە قارىماي ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.
ئۇ قوغلاپ كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپمۇ توختىمىدى، قېرى «ۋولگا» بىر يۈز كىلومېتىردىن
يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ماشىنىلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، خېيىمخە-
تەرگە قارىماي يۈگۈرۈۋەردى.
ئۇ قەھرىمانلىقىدىن، مەردلىكىدىن خۇرسەن. ئۇ ماشىنى-
دىكى ئادەملەرنىڭ كىملىكى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۇنىڭ ئۇ-
چۈن ئۇلارنىڭ كىملىكى زۆرۈر ئەمەس، زۆرۈرى قەيسەرلىك،
مەردلىك!
مانا، ئالدىدىنمۇ ساقچى ماشىنىلىرى چىقتى. ئۇ ئاخىر
ئىلاجىسىز توختىدى. ئۇلارنىڭ — تۆت يىگىتنىڭ قولىغا
كويزا سېلىندى.
— مەن شوپۇر، — دېدى ئۇ، — ماشىنام بىلەن جان
بېقىۋاتقان تىجارەتچى!
— نومۇرلۇق چامادانىدا قانچىلىك پۇل، ئالتۇن بارلىقىنى
سەن بىزگە دېگەن! — دېدى ھېلىقى دوستى بىردىنلا باتۇرلۇق
قىلىپ، — قالغىنىنى بىر ئازدىن كېيىن تاپشۇرىمىز. سەن
باش جىنايەتچى، بىز ئەگەشكۈچى!
— سەن ئىتتىن تۇغۇلغان!...
ئۇ تىللاشقىمۇ ئۇلگۈرەلمىدى. بىر كالتەك يالىڭاچ بېشىغا
تەگدى - دە، ھوشىدىن كەتتى.
ئۇ يىگىرمە نەچچە كىشىلىك تۈرمە كامېرىدا تېرىكىپ -
بوغۇلۇپ ئۆز - ئۆزىنى تىللىدى:
— مەردلىك، نوچىلىق، ئادەمگەرچىلىك دېگەنلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بىر تىيىن! قېنى ئەمدى مېنى ئۇ نەرسىلەر قۇتۇل-
دۇرالامدىكىن! مەن تازا ئۇچىغا چىققان ساراڭ، دۆت -
ھاماقەت!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


# چايخورلار

## 1

چايخورلۇق غەلىتە ئىش، توققۇزى تەل ئادەملەرمۇ، زاغرا بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارمۇ ئەتىگەنلىك چاينى چايخانىدا ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نانلىرىنى بەللىرىگە تۇگۈپ پىيادە، بىرلىرى ئات - ئېشەك بىلەن ئېرىنمەي بۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ - دە، قىزغىن كۆرۈشىدۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇتياخان!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم زىمىنبەگ!

ئۇلار بىر - بىرىگە «ۋەئەلەيكۇم» سۆزىنى زادى قوللانمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆرمەتسىزلىك ئۇلار ئۈچۈن گوياكى گۇناھ، ئۇلار چاي دەملەنگەن چەينەكلىرىنى پەتنۇسلىرى بىلەن بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ:

— قېنى كەلسىلە!

— چايغا باقىلى! — دېيىشىدۇ، لېكىن يەنىلا ھەركىم ئۆز چېيىنى ئىچىشىدۇ. ئۇلار قىشۇ ياز، مەيلى تومۇز ياكى جۇدۇن بولسىمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيلىرىدىن مۇشۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ - دە، سالاملىشىش، تەكەللۇپ - تۇزۇت قىلىشلاردىن كېيىن، يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن يىپ ئەدىياللار ئۈستىدە باداشقان قۇرۇشۇپ،

هۇزۇرلىنىپ چاي ئىچكەچ ئۆزلىرىگە ئوخشاش چايخورلار بىلەن
دىلكەشلىك قىلىشىدۇ. بۇ دىلكەشلىكنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئىشتى-
راكچىسى ھېلىقى بۇتيا ئىسىملىك بىلەن زىمىن ئىسىملىك
ئىككىسى. بۇتيا ئۆز جىسمانىي قۇرۇلۇشىدەك قوپال، خۇددى
قول تراكتورىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازىنى قويۇپ بې-
رىپ ئاڭلىغان يېڭىلىقلىرىنىڭ بىرىنى ئون قىلىپ سۆزلىگىلى
تۇرغاندا، ئاڭلىغۇچىلار بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ،
ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدىن ئاۋازدا ئۇستۇنلۇك تالىشىشتىن ھېيى-
قىپ، ئۇنىڭ تولا ئاڭلىغان گەپلىرىنى زېرىكمەي قايتا ئاڭلاشقا
مەجبۇر بولىدۇ. ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ چىقىپ كېتىش-
كەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گېپىنىڭ ئاخىرىنى
كۈتۈپ زېرىكمەي زېھىن قويۇپ گەپ تىڭشايدىغان ئادەم ئۇ-
نىڭ دوستى — زىمىن ئىسىملىك ئورۇق، ۋىجىك ئادەم بولۇپ
قالىدۇ. بۇتيانىڭ سۆزلىگەن يېڭىلىقلىرىنى ئالدىنقى كۈنىلا
مۇشۇ زىمىن كۆپچىلىككە دەپ بەرگەن، بۇتيامۇ شۇ چاغدا ئاڭ-
لىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى كۈنى بۇتيا بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ
گېپى قىلىپ سۆزلەۋېرىدۇ. زىمىن بۇتيانىڭ مەجنۇنتالدەك
شاخ - شۇمبىسى جىق سۆزلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان
يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ بۇتيانىڭ
گەپلىرىنىڭ شېخىنى يىرمايدۇ.

مانا، بۇتيانىڭ موتسىكلىتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، توختى-
دى. ئۇنىڭ گەۋدىسى چايخانا ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى:
تىزىغا كېلىدىغان سارغۇچ كۆڭلىكى سۇغا چىلىغاندەك ھۆل،
تىزىغىچە تۇرۇكلۇك پۇچقاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بۇقىنىڭ
ئالدى پۇتىدەك توم، مەزمۇت پاچاقلىرى توپا - تەردىن خۇددى
چالا ئۇتلەنگەندەك بولۇپ قالغان، ئوچۇق مەيدىسىدىكى قويۇق
يۇڭ، تۆت چاسا يۇزىدىكى ساقال - بۇرۇتىدەك بۇرغاي، قىيغاچ

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى ئۈستىدىكى چۆتكىدەك قاشلىرىنىڭ مىدىرلىشى ئۈنىڭ
يوغان گەۋدىسىدە بىر خۇشاللىقنىڭ بۇرگىدەك سەكرەپ يۈرگەنـ
لىكىدىن بېشارەت. ئۇ سالامىمۇ قىلماي ھىجايدى:

— ۋايجان، نېمانچە دىمىق، موتورۇممۇ جۇۋازغا قاتقانـ
دەك تەرلەپ كەتتى!

چايخورلار كۈلۈشتى.

— بەللى بۇتياخان، سىلى ماشىلى تۇرسىلا يولمۇ تەرلەپ
كېتىدۇ يا!

— ھى - ھى، مېنى كۆرۈپ سەنمۇ تەرلەپسەن ئاينا!

— بەك خۇشقۇ ئۆزلىرى؟

— تۈنۈگۈن ئۇن ئالتىنچى يېزىنىڭ بازىرىدا قوي
كاساتلاشتى. مانا ئەمىسە دەپ بار پۇلۇمغا سېتىلماي قالغان
قوينىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ئالتىسىنى
سۇ قىلدىم. ئون قوينىڭ پۇلى بىلەن دىرى تىرىلگۈدەك. يەتتە
قوي بىكارغا قالدى ھا - ھا - ھا...

چايخورلار بىر - بىرىگە قاراشتى.

بۇتياخان ئەمدى خوتەندىن بەش يۈز كويغا سېتىۋېلىپ ئەـ
كەلگەن ئالا ئىتىنىڭ تۈنۈگۈن ياقۇپ قاسساپنىڭ سېرىق ئىتىنى
قانداق تالىغانلىقىنى دوراشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن مېھرىنى ئۆز
ئىتىغا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چايخانا سۇپىسىدا تۆت پۇتلۇق
بولۇۋېلىپ قوللىرىنى، ئېغىزىنى خۇددى غالجىرلاشقان ئىتتەك
ھەرىكەت قىلدۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، چايخورلار ئۈچەيـ
لىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى.

— بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم بىلەن بىر چىنە
قايماق چاي قىلىپ بەرگىنە! — دېدى ئۇ ئاخىر ھېرىپ -
تەرلەپ خۇددى ساپاندىن بوشىغان ئۆيدەك پۇشۇلداپ، — تېز
بول، بۈگۈن قىلىدىغان ئىش كۆپ.

— يىراقتا ماشامۇ بۇتياخان؟ — زىمىن ئىسىملىك ۋۇ-
جىك، قىزىل ساقال، مۇلايىم ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇگۈن سىرىق بۇيىغا بارىمەن، — دېدى بۇتيا خۇددى
سولاقسىز قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ، — باراملا؟ بارسىلا
موتورۇمنىڭ كەينى بوش.

— سودىلىقىم بارتى پىشكى.

— كىتابمۇ؟ — دېدى بۇتياخان دەرھاللا، — بۇيا قى-
زىيدۇ، ئۇ چېتى خوتەن، بۇ چېتى قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ
ھەممە يەرنىڭ ئوقەتچىلىرى كېلىشىدۇ. ھەممە ئوقەتچى كەلگەن-
دىكىن، ھەرقانداق مالمۇ كېلىدۇ. سىلى ھەرقاچان كىتاب بۇي-
رۇيلا، بولىدۇ، يېڭى كىتابلار بولسا ئېلىۋېرەمدىمەن؟ ئىككى
يۇز كوينىڭ كېلىشىگە دەملا؟ بەلەن گەپ. لېكىنزە زىمىنباي،
يېڭى كىتابلار ھۆكۈمەت دۇكىنىغا چىقماي تۇرۇپلا كىتابپۇرۇش-
لارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۆتكەندە سىلىگە ئون كوي-
دىن ئەكېلىپ بەرگەن ھېلىقى رومانلار ھازىر ئون بەش كويغا
چىقىپتۇ، جۇمۇسىلا، شۇغىنىسى كىتابپۇرۇشلار ئىسچوت بەر-
مەيدىكەن. بوپتۇ، سىلى ئۇچۇن بىزە زىيان تارتسامۇ مەيلى.
سىلىمۇ كىتابخانا ئېچىپ پۇل تاپمىدىلا، زىيان تارتتىلا، يە بول-
مىسا بېلەت ساتسىلا بولارمىكىن؟ كىتابلىرىنى بىكارغا ئوقۇيدى-
كەن، ئۇنى ئاز دەپ يىرتىدىكەن، ئوغرىلايدىكەن. لېكىنزە،
زىمىنباي «سوپەك»① تاپقان پايدىلىرىنى ئاشۇ كىتابخانىلىرى
يەپ كەتتى جۇمۇ؟ سىلىگە زىيان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— زىمىنبايغا زىيان بولغىنى بىلەن ياشلارغا پايدا. بىز-
نىڭ بالا ھازىر يامان يولدىن ياندى. زىمىنباينىڭ كىتابخانىسى-
دىن چىقمايدۇ، ھەدېسىلا ئانىسىنى تىللايتتى. مانا ھازىر تىلد-

---

① قول تراكتورى

مۇ يۇمشاپ ئاۋازىمۇ سىلىقلىشىپ قالدى.

— سەن خوتەك، — دېدى بۇتيا سۆزلىگۈچىگە قولىنى شىلتىپ، قوۋزىغا تولدۇرۇۋالغان قايماق ئارىلاش ناننى تەستە چايناپ سۆزلىدى، — تەييارغا ھەييار - دە. ئەكە ئەللىك كوي، بالاڭغا كىتاب ئەكېلىپ بېرىمەن. بولمىسا زىمىنبايغا پۇل تۆلە!

— زىمىنكام پۇل دېسە بېرىمىز، — دېدى بايىقى ئادەم كۈلۈپ، ئۇ دىمىق ئۆيدىمۇ تەلپەك بىلەن ئولتۇرغاچقا، پوكان-دەك قىزارغان. ئىنىچكە، كىچىك بۇرنىدىن تەپچىپ چۈشكەن تەر ئىنىچكە بۇرۇتىنىڭ ئۇچىدا پىلدىرلايتتى، — لېكىنزە بۇتيا ئاكا، سەن پۇل، پۇللا دەيدىكەنسەن، مەسچىتكە يۈز كې-سەك ئېلىپ بېرەيمۇ دېمەيسەن.

— ماۋۇ خوتەكنىڭ گېپىنى، ۋاي خوتەك، سەن قانچى-لىك نېمىدىڭ، خوتۇنۇڭ خەقنىڭ ئۆيىدە ئوسما قويىدۇ. ھەر ھېيتتا مېنىڭ جايىنامىزىمدا ناماز ئوقۇيسەن، بازارغا بارساڭ ۋەجىڭنى مېنىڭ ھارۋامغا سېلىۋالىسەن، مېنىڭ كۆلۈمدىن سۇ توشۇپ لاي چىلاپ كېسەك قۇيدۇڭ، پۇل تۆلىدىڭمۇ خوتەك؟ نوپۇسىڭنى ماڭا ئۆتكۈزمىگىنىڭ قالدى شۇ. يوغان گېپىنى تېخى بۇنىڭ، مە، ماۋۇ يېرىم ناننى يە خوتەك، قاچانغىچە زاغرا كۆشەيتتىكىن!؟

بۇتيا ئۇنىڭغا يېرىم ناننى تاشلىدى. ساقىلىغا چاپلاشقان قايماق، نان ئۇۋاقلىرىنى يوغان قوللىرىغا يېپىشتۇرۇپ يۈزىنى سىپىدى، ئاندىن كېيىن قوللىرىنى پاكىز يالىۋەتتى - دە، زىمىنبايغا قاراپ بىر كېكىرىۋەتتى.

— كىتابلارنىڭ ئىسمىنى يازدىلىما؟ — دېدى ئۇ ئۇزۇن تىزىملىك يېزىلغان قەغەزگە قىيغاچ كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، — ماۋۇ نېمە بۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» ... نېمە دېگىنى

بۇ؟

— كىتاب، — دېدى زىمىنباي كۈلۈپ، — ئەللىك - ئاتمىش كوي، مەيلى يۈز كوي بولسىمۇ ئالسىلا!

— بەللى، بىر ئىشەكنىڭ پۇلىكەن بۇ، — دېدى بۇتىيا قەغەزنى كىر كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، — ئەمىسە ئىسچۇت سورىمىسىلا زىمىنباي، ماقۇل ئەمىسە، سودىلىقلىرىنى ئالغاچ كېلەي، ئۇنتۇپ قالمىسام ئالىمەن. مەن بۈگۈن سېرىق بۇيا بازىرىغا كىرگەن مادا ئىشەكنىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن، بىر خەنزۇ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، سۇۋارىسىغا سەككىز يۈز كويدىن ئالىدىغان بولدى. مەن ئۈچ يۈز كويدىن بەش يۈز كويغىچە باھادا ئالالايمەن. لېكىنزە جاپاسى جىق. دەريادىن ئۆتكۈزگىچە ئىشەكلەرگە مىڭ پەشۋا ئاتىدىغان گەپ. مەندىن باشقا كىم ئىشەك بىلەن مۇشتلىشالايدۇ؟ جاھىللىرىنى باغلاپ سۇدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن. يامانلىرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ تۇمشۇقلىرىنى قانىتىپ ياۋاشلىتىدىغان گەپ. ھەي، پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكى.

— ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىش قىلسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىر بومبا ساقاللىق دېھقان ئاشقان بۇردا ناننى يېشىل تاۋار بەلۋېغىغا تۈگۈۋېتىپ، — ناھىيىدە ئوغلاق بولارمىش، بىرىنچى بولغان ئادەمگە بەش يۈز يۈەن نەق پۇل بېرەرمىش.

— راستما؟ — بۇتىيانىڭ كىچىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ ياپىلاق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلدى، — قاچان بولغۇدەك؟

— ئون ئىككىنچى چېسلا.

— بۈگۈن چېسلاغا قانچە؟ كۈنگە نېمە زىمىنباي؟

— چېسلاغا سەككىز، يەكشەنبە، — دېدى زىمىنباي كۈلۈپ، — ئۆزلىرىنى سىناپ باقامىلا بۇتىياۋاي؟

— سىناپ باقمايچۇ؟ — دېدى بۇتىيا ئورنىدىن

تۇرۇپ، — ئالىقاندىكى پۇل بۇ دېسىلە. پايدا نەدە، بۇتيا شۇ يەردە.

— زىمىنباي، بۈگۈن سىلىدىن يېڭىلىق ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقمايدىغان بولدى. كۆرۈشكىچە سالامەت بولايلى.

— ئىگىسىگە ئامانەت بۇتيابەگ!

چايخورلار بۇتيانىڭ كەينىدىن دۇئا قىلىشتى. موتىسكلىت بۇتيانىڭ ئاۋازىدەك قوپال ۋارقىرىدى - دە، يىراقلاپ كەتتى.

— ئەمدى قۇلاق تىنچىدى، — دېدى بىر مۆتىۋەر ساقاللىنى سىيپاپ، — قېنى زىمىنباي، گېزىت يېڭىلىقلىرى، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە.

— يېقىندا قولۇمغا بىر كىتاب چۈشۈپ قالدى، — دېدى زىمىنباي يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — بىرلا قولۇمغا ئالدىم - دە، ئوقۇپ تۈگىتىپ بىراقلاپ توختاپتىمەن، لېكىن-زە ئاجايىپ كىتابكەن.

زىمىنباي كىتابقا يېزىلغان ئىشلارنى خۇددى بۇتيا ئىت تالىشىشنى ئەينەن دورىغاندەك، زوق - شوق بىلەن دوراپ سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ يەرگە يىراق يەرلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتىگەنلىك چاي ئىچىشكە توپلىنىشقان يېشى ھەر خىل، چىرايلىرى خىلمۇخىل، كىيىنىشلىرى، ئولتۇرۇشلىرىمۇ پەرقلىق بولغان دېھقانلار قىزىقىش ۋە ھەۋەس، زېھنى بىلەن زىمىنباينىڭ ئاغزىغا قاراشقان. تورۇسلىرى قارايغان، دىمىق چايخانا شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ بۆشۈكى. زىمىنباينىڭ ئىنچىكە، ساپ ئاۋازى ئۇلار ئۈچۈن يېتىلگەن قارىينىڭ قىرائىتىدەك تەسىرلىك.

چۈنكى بۇ ئۆي، بۇ ئاۋازدا يېڭىلىق — دەۋر ئاۋازى، يېڭى دۇنيانىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى بار.

# 2

— بۈتيا زىمىنباينىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇلىنى ئارقا يانچۇقىدىن ئېلىپ يۈز يۈەننى ئايرىپ كىتابلار تىزىملىكى يېزىلغان قەغەزنىڭ يېنىغا سېلىپ قويدى ـ دە، قالغان يۈز يۈەننى ئۆز پۇللىرىغا قوشتى؛ «يۈز يۈەنلىك كىتاب ئالسامۇ ئۇ مەندىن مىڭ رازى بولىدۇ، ھەر قېتىم سودا بۇيرۇغاندا شۇنچىلىك پايدا ئالسام، زىمىننىڭ تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمى مېنىڭ!» دېدى ئۇ موتسىكلىتىنى بىر چوڭ قورۇ ئالدىدا توختىتىپ:

— نۈرەكۋاي! — دەپ ۋارقىرىدى خۇددى ھاڭگا ھاڭگىردىغاندەك يۇقىرى ئاۋازدا. دەرۋازىدىن شاپاق دوپپا، ئاق يەكتەك كىيگەن، مەيدىسى ئوچۇق، ئاق ـ سېرىق پوقاق ئادەم ئالدىراپ چىقتى:

— ئۆيگە كىرەيلى بۈتياۋاي!

— خوشە، ئېتىڭ بارمۇ؟

— ئوغلاق بولامدىكەن، بەيگىمۇ؟

— ئېيتە نۈرەك، ئېتىڭنىڭ بىر كۈنلۈككە قانچە ئالىسەن؟

— بەيگە بولسا يۈز، ئوغلاق بولسا، بىر يۈز ئەللىكنى بېرەرسەن؟

— نېمە؟ بۈتيانىڭ قىيغاچ كۆزلىرى پىرقىرىدى، — ئوغلاق چاپىمەن، بىر كۈنلۈكى ئەللىك كوي. ئېگەر ـ توقۇمى بىلەن بۈگۈن كەچكىچە ئۆيگە ئاپىرىپ قوي، بولمىسا رەنجىشىپ قالىمىز ـ ھە!

بۈتيا «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ موتسىكلىتنى ئوت

ئالدۇردى. نۇرەكىنىڭ ئېغىزى كامارداك ئوچۇق پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇتيانىڭ دېگىنىنى قىلماسلىققا ئىلاجىسىز ـ دە!

بۇتيا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئەتراپتىكى ئېتىزلار، باغلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تەڭدىشى يوق دانا، كۈچلۈك، ھۆكۈمران ھېسابلىماقتا. ھازىر ئۇنىڭغا ھە دېسىلا جەرىمانە قويىدىغان سېكرېتارمۇ ياۋاشلىغان، پات ـ پاتلا بۇتيانىڭ «ئىپادىسى» نى ئىگىلەشكە كېلىدىغان يېزا ساقچىسىمۇ كەلمەيدىغان بولدى، ئەمدى بۇتيانىڭ ئەقلىنى، قارا كۈچىنى راسا ئىشقا سالىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئەقلىدە، قارا كۈچتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇتيادەك ئادەم ھەرقانداق قارامىلىقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ ـ دە، بىرلا شەرت شۇ: پۇل تاپسىلا بولدى. پۇللا ئۇندىكەن، بۇتيا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. بۇ ئىش چوڭ ـ كىچىك، ئوڭاي ـ تەس بولسىمۇ، مەيلى، بۇتيانىڭ قىلىشقا كۆزى يەتسىلا ئۇ ئىشتىن باش تارتمايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇتيا داڭلىق، نامى ھەممە يەرگە مەلۇم ئادەمغۇ!

يالغان بولسا، خەلق ئېغىزىدىكى ھېكايىلەرگە قۇلاق سېلىڭ:

... بۇتيا بىر كۈنى راسا مەست بولۇۋېلىپ ئىت تالاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، تۆت پۇتلۇق بولۇۋېلىپ يېڭىپ چىققان قارا ئىتقا قاراپ بىردە ھاۋشىپ، بىردە خىرقىراپ خىرىس قىلغىلى تۇرۇپتۇ، كۆپچىلىك قىزىقچىلىق قىلىپ، ماختىنىۋاتقان ئىت ئىگىسىنى دەيدەيگە ساپتۇ:

— بۇتيا جەزمەن بەش يۈز كويدىن دو قويۇپ ئىتىڭ بىلەن تالىشىدۇ!

— تالىشىمەن! — دەپتۇ بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپ.

— پۇلۇڭنى چىقار! — دەپتۇ ئىت ئىگىسى. بۇتيا يېنىد-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى كولاپتۇ. قىزىقچىلار بىردەمدىلا يىغىش قىلىپ بەش يۈز كوينى غەملەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپتۇ. ئىت بۇتيا بىلەن ئۆرەدىشىپتۇ. بۇتيا قارا ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى زادىلا چىشلەتمەپتۇ. ئىت بىلەن ئۆرەدىشىپ - چىرماقلىشىپ ئاخىر بۇتيا قارا ئىتنى بېسىۋاپتۇ - دە، ئېغىر گەۋدىسى بىلەن ئىتنىڭ قورسىقىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىتنىڭ بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇ، ئاخىر ئىت ھوشسىزلىنىپتۇ. بۇتيا بىر ئىشتان زىيان تارتقىنى بىلەن بەش يۈز كوي ئۇتۇۋاپتۇ.

— كىم مۇشۇ شوخا تىكەن ئۇستىدە يالىڭاچ ئېغىناپ ئۇ باشقا چىقالىسا يۈز كوي دەپتۇ بىر بەگگى ئىككى يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى كۆرسىتىپ، — بۇتيا دەرھال كىيىمىنى سالپتۇ ۋە گەپمۇ قىلماي ئېغىناپتۇ. بەدەنلىرى سوقۇشقاق خورازنىڭ تاجىسىدەك قان تەپچىرەپ تۇرغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بەگگىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە يۈز كوينى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇۋاپتۇ.

بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. بۇتيا بۇ «نوچىلىق» لىرى بەدىلىگە نام چىقىرىپلا قالماي پۇلمۇ تاپتى. «بىر كۈن ئۆلۈم بىلەن تىركىشىپ، بىر ئاي بىكار يۈرسەم بۇنىڭ نېمىسى زىيان؟» دەيدۇ ئۇ زېمىنبايىدەك نەسىھەتچىلىرىگە مەغرۇر غادىيىپ.

— ئەتىسى بۇتياۋاي چايخانىغا موتسىكلىت بىلەن ئەمەس، ئات بىلەن كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تىڭشامەت بۇرادەرلەر! — دېدى ئۇ تۇنۇگۈن قىزىلبۇيا بازىرىدىن ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى ئىشلىتىپ، — سالامەت قوپۇشتىلىمۇ؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئامەتلىك بېگىم! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — سودا - سېتىق بەلەنمۇ؟

ــ قۇرۇسۇن! ــ دېدى بۇتيا تامغا يۆلىنىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ــ ئېشەك دېگەن ئېخىمۇ هارام بولۇپ كەتسۇن، بىر پۇڭلۇق پايدا يوق. هېلىقى خەنزۇمۇ يېنىۋاپتۇ. ئېشەك بازىرىغا مادا دېگەن توشۇپ كېتىپتۇ. ياللا، بۇ خەقنىڭ قۇلىقى ئېشەكنىڭ قۇلىقىدىنمۇ ئۇزۇن جۇما. ئېشەك ئالىدىغانلار شىڭشىڭشىياغا كەلمەي تۇرۇپ، بىزنىڭ سودىگەرلەر ماللىرىنى تەييارلاپ بولۇشىدىكەن!

ــ پايدا ئالالماپلىدە، ئاپلا، يامان بوپتۇ.

ــ نېمىشقا ئالالمايدىكەنمەن؟ ــ دېدى بۇتيا ئىچ ئاغرىتقۇچىغا قىيغاچ كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ قاراپ قويۇپ، ــ ئېشەكتىن پايدا ئالالمىغان بىلەن تاۋۇكادىن ئالدىم.

ــ نېمە دېدىلە؟ ــ دېدى زىمىنباي خۇددى چايان چاققاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ بۇ، بۇ ...

ــ بۇ، بۇنى ئازراق دېسىلە زىمىنباي، ــ دېدى بۇتيا كۈلۈپ.

ــ سەت گەپ بولسىمۇ دەپ بېرەي، توۋا، سىلىگە كىتاب ئالىمەن دەپ كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدا شۇنداق زوڭ ئولتۇرۇۋىدىم، خۇددى خادانى يىرتىلغاندەك، «تات ـ تات ـ تات» قىلىپ بىرنەچچىسى چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە قارىسام، بىر ئاداش مۆرەمگە ئۇرىدۇ.

ــ نېمە دەيسەن ئاداش، گەپ بارما؟ دېسەم، ــ نوچى ئوخشىمامسەن؟ ــ دەيدۇ ئېخى.

ــ هە، نوچى بولسام قانداق قىلماقچىدىڭ؟ دېسەم، ــ يۈز كويدىن ئوسۇرۇشامسەن؟ ــ دېمەمدا ئوغرى. «ئەستەغپۇرۇللا» دەيمەن. زىمىنباي بىر قېتىم هېيىت ئوغرى بىلەن ئەللىك كويدىن كىكىرىشىۋاتقاننىڭ ئۇستىگە كېلىپ تەنقىد قىلالا ئەمەسما، شۇ تەنقىدلىرى قۇلىقىمدا تۇرۇپ قاپتىكەن، هېلى-

قى ئوغرىغا «ياق» دەپ ساپتىمەن، قارىسام، ئۇ ئوغرى قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرىدۇ. جۇدۇنۇم تۇتتى - دە، ماڭ جۇغۇ ئەۋەدە تۇرۇپ تۇر دەپ ئوغرىنى كەتكۈزۈۋەتتىم. خام لەڭمەندىن ئىككى تەخسە، ئۆرۈكتىن ئەللىكنى يەۋېتىپ ئىگەكىم ھېلىقى ئوغرى بىلەن تازا زوڭ ئولتۇرۇپتىم.

— بولدى بۇتياۋاي، — دېدى زىمىن تەرىنى تۇرۇپ، ـ باشقا گەپ قىلىسىلا.

— ئۇتتىلىما؟ — دېدى «خوتەك» ناننى قۇرۇق يەۋېتىپ قىزىقىپ.

— ئۇتمامدىغان، — دېدى بۇتيا ئەتراپقا مەغرۇر قاراپ قويۇپ، — ھېلىقى ئوغرى يەتمىشنى كەلتۈرۈۋىدى، پېقىر مانا ئەمىسە دەپ توقسانىنى. •••

— ئەمدى بولار بۇتياۋاي، — دېدى مويسىپىت ئادەم تەتۈر قاراپ، — غىزا ۋاقتىدا بىئەدەپ گەپ قىلىش گۇناھ بولىدۇ بۇتياۋاي.

— شۇنداقما؟ — دېدى بۇتيا تەنە بىلەن موللا چىراي مويسىپىتقا ئالىيىپ قويۇپ، — ئاشۇ يۈز كوينى نەزىرگە خەجلەپ ئالدىلىرىغا پوشكال قويسامچۇ؟

— ئازار بەرمىسىلە بۇتياۋاي، — دېدى بايىقى مويسىپىت يىغلامسىراپ، — ناشتىدا ياخشى گەپ، مۇھەببەت ئىزدەپ بۇ چايخانىغا كېلىمىز غوجام، ئازار بەرمىسىلە.

— ماقۇل ئاتا، ماقۇل! — بۇتياۋاي قوغۇنلۇقتا قاغا قورۇغاندەك ۋارقىرىدى، — زىمىنباي، ئوغلاققا ئىككى كۈن قالدىمۇ؟ ئات تاۋلاشنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا. نۇرەكۋاينىڭ ئېتىنى ئەللىك كويغا بىر كۈن مىنىشكە ئالدىم. ئاتنى تاۋلاپ بەرسىلە؟

— بولىدۇ بۇتياۋاي، مانا بۇ سەنئەت. ئوغلاق تارتىشتا

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى بولسىلا سىلىگىمۇ، بىزگىمۇ پايدا. ناھىيىدىن ئاللاد-
سىلا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىدىلا،
پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن بەلەن ئىش قىلغان
بولىلا. ناملىرى تېخىمۇ چىقىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، بەلەن، بەلەن! — دېدى بۇتيا بۇقا
بويىنىدەك توم بويىنىدىكى تەرىنى كىر لۆڭگىسى بىلەن
سۈرتۈپ، — زىمىنباي، ئەمما لېكىن سىلىنىڭمۇ ناملىرى چى-
قىپ بوپتۇ. ھەممىلا كىتابپۇرۇش سىلىنى تونۇيدىكەن. مانتى-
پەزنىڭ دۇكىنىدا ئىككى ئەپەندى سىلىنىڭ گەپلىرىنى ھەدەپ
قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر يازغۇچى دەمدۇ، مۇخبىر دەمدۇ، سىلى-
نىڭ كىتابخانىلىرىنى، سىلىنىڭ ھېلىقى تېخنىكا ئۆگىنىدىغان
مەكتەپلىرىنى ماختاپ ماقالە يازغان چېغى، سىلىنى بەلەن ماخ-
تىدى جۇمۇسىلا، ئاخىر چىدىماي ئۇلارنىڭ گېپىنى تارتىۋالدىم
جۇما، «زىمىن دېگەن مېنىڭ دوستۇم، ئۇنىڭ سەيگۈيەنى①
مەن. ئۇنىڭ ھەممە كىتابلىرىنى، دۇتار، تەمبۇر، راۋابلىرىنى
مەن ئېلىپ بەرگەن. مۇنۇ كىتابلارنى مانا بۈگۈن ئالدىم، زى-
مىن بىلەن خوتۇنى ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن دېھقان بولغىنى
بىلەن، بىر دۆلەتكە زۆڭلى قىلىپ قويسا تەمتىرىمەيدۇ. ھەر-
قايسىلىرى ئەپەندى بولۇشقانلىرى بىلەن تېخى زىمىنبايدىن جىق
دەرس ئېلىشىدىلا» دېدىم جۇمۇسىلا. لېۋەن باللىكەن، يېگەن
مانتامنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ئىككى چىنە پىۋا قويۇپ بەردى دېسى-
لە. مەدەنىيەتلىك دېھقان، سەكسىنىنچى يىللارنىڭ ئەمگەكچى-
سى دەپ مېنىمۇ ھەدەپ ماختاپ يۈرىدۇ تېخى!

كۆپچىلىك ھۇزۇر، زوق بىلەن كۈلۈشتى.

— ھېلىقى مۇسابىقىلىرىنى كۆرگەن بولسا مەدەنىي دېھ-

---

① مال سېتىۋالغۇچى

قان دېمەيتتى جۇما؟

— بولدى، ۋاي خوتەك، بىر گەپنى ئاغزىڭغا ئېلىۋالساڭ ھېلىدىلىدەك كەچ كىرگۈچە شورايدىكەنسەن، يۈرە تالاغا چىقىلى!

بۇتىياۋاي خۇددى سا چۈجىنى ئېلىپ ماڭغاندەك «خوتەك» نى تالاغا ئېلىپ ماڭدى.

چايخورلار قىزىقچىلىق كۆرگىلى تالاغا چىقىشتى. چايخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا خامان ئورنىدا بۇتىيا ئات ئوينىتىپ بايىقى «خوتەك» نى بىر قولى بىلەن يەردىن يۆلۈۋېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ دۈۋىلەكلىك پاخالنىڭ ئۈستىگە ئاتماقتا. «خوتەك» ئۈستىۋېشى پاخالغا مىلىنىپ يەرگە چۈشسىلا، بۇتىيا يەنە ئۇنى بېلىدىن تۇتۇپ يەردىن يۆلۈۋېلىپ ئېلىپ قېينىماقتا ئىدى.

— بۇ قاملاشمىغان مەشىق! — دېدى زىمىنباي ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ، — بۇتىياۋاي، لازىم بولسا مەن سىلىگە بىر ئۆچكە سويۇپ بېرەي، شۇنى مەشىق قىلسىلا.

— قويۇپ بەرسىلە، مۇنۇ «خوتەك» تولا چىشىمغا تېگىدىغان بولۇپ قالدى!

— مەيلى! — دەپ چىرقىرىدى ئەسەبىيلەشكەن «خوتەك»، — قويۇپ بېرىڭلار، يولۋاستىن قورقمايدىغان «خوتەك» مەن!

— بىچارە! — دېدى مويسىپىت ياقىسىنى تۇتۇپ، — توۋا، تاپقان قىلىقىنى قاراڭلار بۇتىياۋاينىڭ، يىگىرمە يىلدەك سەرگەردان بولۇپ بۇ بىچارە ئەمدى يېزىسىغا كەلگەن تۇرسا، شۇنى بوزەك قىلمىسا نېمە بولاردى.

زىمىنباي خامانغا قاراپ يۈگۈردى.

— بۇتىياۋاي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئوغلاق قىلسىلا!

بۇتيا ئېتىنى توختاتتى. پاخال - سامانغا مىلەنگەن، كىر-يىملىرى يىرتىلغان، بۇرنى قانىغان «خوتەك» ئۇنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چۈشتى.

**3**

كىچىككىنە يېزا ئۈچۈن يېڭىلىق ھەر كۈنى دېگۈدەك تېپىلىپ تۇرىدۇ. مىسالى بىرىنىڭ قويى ئۈچنى قوزىلايدۇ، بىرىنىڭ ئايالى قوشكېزەك تۇغسا، يەنە بىرى ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇپ قايتىدىن نىكاھلىنىشقا پەتىۋا ئىزدەيدۇ، بىرى قول تراكتورى سېتىۋالسا، يەنە بىرى ماي زاۋۇتى قۇرىدۇ. بىرى مەھەللىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن سىم تارتىشقا كىرىشسە، يەنە بىرى يوشۇرۇنچە ئۆسۈمگە قەرز تارقىتىدۇ. لېكىن، مەيلى قانداق بىر يېڭىلىق بولسىمۇ، ئۇ چايخورلارنىڭ ناشتىلىقى بىلەن بىللە چايخانىغا كېلىدۇ - دە، ئۇ يەردە بىر دەم سەمرىپ، بىر دە پەردازلىنىپ، يەنە بىر دە بۇزۇلغان سائەتتەك قايتا تۇغرىلىنىدۇ - دە، قايتىدىن كوچىغا، ئۆيلەرگە، خامان - ئېتىزلارغا تارقايدۇ. مانا بۇلار يېزا قىزىقچىلىقى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، دالا شامال لىق. چايخانا دىمىق، تورۇسنى بويلاپ كۆكۈچ ئىس لەيلەپ يۈرمەكتە. لېكىن پەتنۇسلاردا سۇنۇلغان مەززىلىك چەينەكلەر بىلەن، ئۈشتىساك ھورى چىقىپ تۇرىدىغان مەڭزى قىزارغان نانلارنىڭ پۇرىقى چايخانىغا كۆڭۈللۈك، تەملىك ھاۋا تارقاتقاچقا، چايخورلارنىڭ چىرايلىرى ئىللىق، گەپلىرى سىلىق، سالاملىرى قىزغىن.

— ئەسسالام داستىخىنى كەڭ ئۇلپەتلىرىم!

بۇتياۋاي ئىغىر قەدەم، كۆڭۈلسىز سالام، تۇتۇق چىراي بىلەن كىرىپ كەلدى.



www.uyghurkitap.com

— يۇقىرى ئۆتسىلە بۈتياۋاي، — دېدى مويسېپىت بەلۋې-
غىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ئېرتىپ مېيىقىدا كۈلۈپ
قويۇپ، — بۈگۈن هاۋا ياخشى ئەمەس.
— نېمىگە خاپىسەن بۈتيا دەيلىغۇ هەرقاچان، — دېدى
بۈتيا، بوۋاينىڭ كۈلكىسىدىكى تەنىنى چۈشىنىپ، — خامىنىم-
غا ئوت كەتكىنى يوق، يا بولمىسا خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتى تەتۈر
كەلگىنى يوق، يۇرتقا نام - ئاتاق ئەكېلىمەن دەپ ئوغلاق
تارتتىم، قانداق بوپتۇ تەقسىر؟
— ناهايىتى بەلەن، ئۇلۇغ ئىش بۈتياۋاي! — بوۋاي يەنە
كۈلدى.
— بىرىنچى بولالمىدىڭ بۈتيا دەۋاتىلىغۇ دەيمەن؟
— يوقسۇ، بەلەن تارتىپلا غوجام.
— يوقسۇ، تەقسىر سىلىدەك تەقۋادارنىڭ چىشىغا تېگىپ
قويماي دەپ ئاتنى تاۋلىغان بىلەن ئۆزۈمنى تاۋلىماپتىمەن.
— بۇ نېمە دېگەنلىرىكىن؟
— ئىچەلمىدىم - دە، «گۈچۈك داچۈي» دىن بىر بوتۇل-
كىنى بوشىتىۋېتىپ ئوغلاققا چۈشكەن بولسام بىرىنچى بولات-
تىم. شۇنىسى كەم بولۇپ قېلىپ ئۈچىنچى بولۇپ قالدۇق،
ئارانلا يۈز كوي مۇكاپات ئالدۇق. ئاتقا تۆلەپتىمەن، قالدى
قېتىقنىڭ بەش پۇلى، خاپا بولماي خۇشال بولسام بولاتتىمۇ
ئەمىسە؟

گويا بۈتياۋاينىڭ كەيپى بۇ چايخانىنىڭ هاۋاسىنى ئۆلچەيدى-
غان تېرمومېتىردەك، ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلسە پۈتۈن چايخانا
سوۋۇيتتى، چايخانچىمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ پۇتىنىڭ ئۇ-
چىدا ماڭاتتى. بۈتياۋاي قاقاقلاپ كۈلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە
چىرايلاردا كۈلكە، چايخانىدا هارارەت پەيدا بولۇپ، چايخانچى
ئىككى سۇپا ئارىلىقىدىكى پەگادا يورغىلاپ، ساماۋارلارنىڭ ئوت-

لىرىمۇ چوغلىنىپ كېتەتتى.

بۇگۈن بۈتيانىڭ كەيپى يامان، شۇڭا پاراڭ قىزىمىدى. بۈتيا ئەتراپقا قارىدى:

— زىمىنباي كۆرۈنمەيدۇ يا؟

— خوتەكمۇ ئىككى كۈن بولدى كەلمىدى، — مويسىپىت بۈتياغا قاراپ قويدى، — بۈتياۋاينىڭ چاقچىقى هار كەلگەن چېغىشۇا! ...

— شۇ خوتەكنىڭ كاساپىتى، — دېدى بۈتيا قايماقلىق چايغا ناننى ئۇششاق توغراپ سېلىۋېتىپ، — شۇ كۈنى خوتەك ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا ئۈچ قېتىم ئۇسىۋېتەكەن، ئات چام ئېلىپ قاپتۇ. ئوغلاقتىن ئۆركۈپ يېقىن كەلگىلى ئۇنىماي ئۈچ قېتىم يەردىن ئوغلاقنى ئېڭىشىپ ئالالمىدىم شۇڭا، هېلىقى ئالا ئاتلىق توققۇز قېتىم تاشلىدى. مەن يەتتە قېتىم پەللەككە ئوغلاق تاشلىيالىدىم.

— گەپ ئاتتىكەن!

— «خوتەك» نىڭ كاشىلىسىكەن راست!

— بۈتياۋاي ئىككىنچى بولاتتىمۇ، ئات ئىككىنچى بولغان گەپ!

ئەمدى بۈتيانىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ ماختىنىشنى باشلىدى:

— شۇدە! مەن قاچان ئىككىنچى بولغان؟ ئارغامچا تارتىشتا بىزنىڭ يېزا كىمنىڭ كۈچى بىلەن بىرىنچى بولدى؟ هاشاردا كۈنىگە ئەللىك كۈب توپا قازغان كىم؟ باشقىنى قويايلى، تومۇزدا پاقلان گۆشى يېيىشتە كىم مېنى يېڭەلىدى؟ ئون كىلو پاقلان گۆشىنى سۇدا ياتماي سىڭدۈرگەنمۇ، ئوتتۇز بوتۇلكا پىۋىنى بىر ئولتۇرۇشتا ئىچىۋېتىپ ئەللىك كوي ئۇتۇۋالغانمۇ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئون قوغۇننى يەپ بولغانمۇ مەن بۈت-

يا. تېخى يەنە يىگىرمە يىل بىرىنچىلىكنى بەرمەيمەن. بەسلى-
شىدىغانلا ئىش بولسا، پۇل تىكىدىغانلا ئادەم بولسا، قىلالمىغان
ئىشلارغىمۇ ياق دېمەيمەن. بىر كۈنى دەرياغا راسا لىغىلدىشىپ
كەلكۈن كەلدى. قارىساڭ بېشىڭ ئايلىنىدۇ، بىر ئوغرى قو-
پۇپ، كىم مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەلىسە، مۇشۇ ھاڭگامنى
بېرىمەن دېمەمدا، ئويلانمايلا كىيىم سالدىم. ئىگەكىم ئېشەككە
ئوخشاش، سۇنى كۆرسەم تېنىم جۇغۇلدايتتى، ھاڭگىنى بېرد-
مەن دېۋىدى، ھەممىنى ئۈنتۇپتىمەن، سالاچىلار پەلەن - شەلەن
دېگۈچە سۇغا سەكرىدىم. چۆكىمەن سەكرەيمەن، يەنە چۆكى-
مەن، يەنە سەكرەيمەن، بىر كەمدە ھالىمدىن كەتتىم، ئىگەكىم
مىڭنى سەكرىگەندىمەن، ئەمدى ئۆلدۈم دەپ يەرنى دەسسىسەم
دەريا سۈيى كىندىككە كېلىدىغان يەردە تۇرىمەن. تۆت تاقلاپ
ئۇ قاتقا ئۆتتۇم. كېمە بىلەن بۇ قاتقا ئۆتۈپ، ھاڭگىنىڭ چۇلۇۋ-
رىنى تۇتتۇم. «سەن بۇتيا ئۈزمەستىن سەكرەپ ئۆتتۈڭ» دېمەم-
دا ھېلىقى ئوغرى، گەپ قىلماستىن بۇغدىيىكىگە بىرنى تۇرتۇپ
ئېشەكنى ئېلىۋالدىم! مانا مۇشۇنداق قىلىپ داڭق چىقارغان
مەشھۇر ئادەممەن!

— ئامىتى بار، بۇتياۋاينىڭ ئامىتى بار، — دېدى بىر
چايخور.

— مۇشۇنداق قىلىپ بېيىۋاتىدۇ. قارا كۈچىنى پۇل
قىلىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە بىرى.

چايخانىغا زىمىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چاققان
ئۇنئالغۇ بار ئىدى. ئۇنئالغۇدىن قالۇن، غىجەك، دولان راۋابى
تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلانماقتا. زىمىن-
نى كۆرۈپ بۇتيا ئورنىدىن تۇردى ۋە چوتكىدەك قاشلىرىنى
ئېتىپ، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى لىغىرلىتىپ، ئۆكۈزنىڭ پاچى-
قىدەك قاسماقلاشقان ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يېڭى ئۆگىنىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن ئېيىقتەك ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى.

— سىلى ئۇسسۇلدا ھېچكىمنى يېڭەلمەيلا! — دېدى زىدمىنباي ئۇنىڭغا بېقىپ ئىككى ئايلىنىپ قويۇپ، — ناھىيىدە چېلىش بولىدىكەن، سىلى مانا بۇ مۇسابىقىدە نام چىقىرالايلا.

— بىرىنچى بولغان ئادەمگە نەچچە بېرىدىكەن؟ — بۇتىيانىڭ چوتكا قاشلىرى دىڭگايدى، قىيغاچ كۆزلىرى پىرقىرىدى.

— ئۇقمۇدۇم، ناھىيە بويىچە پالۋان تاللاش بولغاندىكىن ئاز بولمىسا كېرەك.

— ئون تەڭگە بولسىمۇ يۇلغىنىم يۇلغان، — دېدى بۇتىيا خۇددى ھازىرلا چېلىشقا چۈشىدىغاندەك ئالدىراپ.

شۇ سائەتتىن باشلاپ بۇتىيا باشقا ھەممە ئىشنى يىغىشتۇردى. ئۇ كۆرۈنگەنلا ئادەمنى بېلىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىدىغان، مۇرىسىگە ئېلىۋالىدىغان، يېقىنراقلارنى پىرقىرىتىپ ئاتىدىغان، كۇچلۇكرەكلىرىنى تەتۈر، ئوڭ چىماق ئۇرۇش، يانپاشقا ئېلىش، قول قايرىش ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ خېلىلا قاتتىق ئاتىدىغان بولۇۋالدى. بەزىلەر خاپا بولسا، بۇتىيا ئۇنىڭدىن بەتتەرەك كۆكەپ:

— يېزىمىزنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر يېرىڭ ئاغرىسا نېمە بولاتتى! — دەپ ۋارقىرايتتى تېخى.

بۇتىياۋاينىڭ كۇچلۇك قوللىرىدا مەھەللىدە مۇجۇلمىغان ئەركەك قالمىغىلى تۇردى. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇۋالدى، بىر كۈنى ھويلىسىدا چېلىشىدىغان ئادەم تېپىلمىغنى ئۈچۈن ئايالىنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ئايالى خۇددى ئىتنىڭ ئاغزىغا چىشلەنگەن مېكىياندەك ئالەمنى بېشىغا كىيدى. قوشنا - قولۇملار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. بۇتىياۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ ئايالىنى كىگىز يېيىلغان تونۇرنىڭ بېشىغا ئاتتى - دە:

— مەشىق ، بىرىنچىلىك ئۇچۇن ! — دېدى

— كۇچلۇكرەك بىرنى تاپقىن - دە ، ھەي ، خوتەكنىڭ يوقلۇقى !

«خوتەك» مەھەللىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئۇستا چېلىشچى ئىكەنلىكىنى بۇتيا ئاڭلىغان ، لېكىن ھېلىقى كۈنى بۇتيا ئۇنى «ئوغلاق» قىلىپ ئوينىغاندا «خوتەك» نىڭ مۇنۇ ئايالىچىلىكمۇ جېنى يوقلۇقىنى كۆردىغۇ . ئۇ بولسا قانداق قىلماقچى ، بۇتيا ئۇستى يالىڭاچ ، ئىشتاننى تىزىدىن يۇقىرى تۈرگەن ھالدا تۆت كوچىغا چىقىپ تۇردى . ئۇنىڭ ھېچكىم ئۇچرىمىدى ، بىرى كەمدە مەھەللىنىڭ دۇمچەك ئىمامى بىر قارا خوتەكنى يېتىلەپ كوچىدا پەيدا بولىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئىمامئاخۇنۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بۇتياۋاي .

ئۇلار كۆرۈشتى ، كۆرۈشتى - دە ، بۇتياۋاي ئىمامنى يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ خۇددى بوۋاقنى ئويناتقاندەك ئويناتقىلى تۇردى . ئاخۇنۇم قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى . بۇتيا ئاخۇنۇمنى بېشىدىن ئېگىزدە توختىتىۋېلىپ يۈزىنى يۈزىگە توغرىلىدى - دە :

— ئاخۇنۇم ، «خوتەك» نېمىشقىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ چېلىشچىمۇ ؟

— شۇ… شۇنداق …يېنى يەرگە تەگمىگەن…

— نەدە ئۆگەنگەن ؟

— ئاستىن ئا… تۇشتا…

— مېنى باسالامدۇ ؟

— بىلمەيمەن بالام…

— راست گەپ قىلسىلا ؟

— ئۇ ھازىر ئەللىكتىن ئاشتى ...بەلكىم ...

بۇتيا ئاخۇنۇمنى قويۇپ بەردى — دە، ھېلىلا ئېغىناپ قويۇپ يەر پۇراۋاتقان قارا خوتەكنى ئالدى پۇتى بىلەن قورسىقىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇۋالدى ۋە ئۇنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ پۇتۇن مەھەللە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ ھۆركىرىدى:

— خوتەك! ...

ئۇ ئېشەكنى ئۆزىدىن بەش — ئالتە مېتىر يىراق يەرگە ئاتتى — دە، قاياققىدۇر يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ چايخانىغا ناشتا قىلغىلى كەلمىدى.

— بۇتياۋاي كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىيا؟

— بۇتياۋايمۇ؟ — دېدى زىمىن كۈلۈمسىرەپ، — يېزىدىمۇ يېزا سەييارە چېلىش قىلىپ يۈرگۈدەك. «مېنى باسقانغا ئەللىك كوي» دەپ ۋارقىراپ يۈرگۈدەك. ھازىرغىچە نۇرغۇن پالۋانلار چېلىشىپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئەللىك كويىنى ئالالماپتۇ. ناھىيىنى تولۇق ئايلاپ چىقارمىش، ھەر كۈنى قاۋۇل ياشلارنى ئىككى — ئۈچ كويدىن يالاۋېلىپ چېلىش مەشقى قىلىپ يۈرگۈدەك.

— پاھ، بۇتياۋايزە، نام چىقىرىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋېرىدىكەن — دە؟

— سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ىدا، — دەپ گەپ باشلىدى زىمىن چاي ئوتلىغاچ، — مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغانىكەن...

— قېنى، قېنى، كىتاب گېپىنى ئاڭلايلى.

— ھە، شۇنداق بولسۇن! ...

لېكىن ئاڭلىغۇچىلار بەكمۇ قىزىقمىدى. سەۋەبى، ئۇلار بۇتيانىڭ كالا ھۆركىرىگەندەك چىقىدىغان قوپال ئاۋازىغا كۆنۈپ قېلىشقان، ئاشۇ ئاۋاز بۈگۈن كەمچىل ...

# 4

— چىقسۇن، مۈڭگۈزى بار، ئىككى بېشى بار پالۋان بولسىمۇ چىقسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى بۇتيا چېلىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئىككى قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ.

كەڭ، قۇملۇق سەينادا دۆرە بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئارىسىدىن ماختاشلارمۇ، زوقلىنىش، ھۇزۇرلىنىشلارمۇ، زاڭلىق - مەسخىرىلىك گەپلەرمۇ كەلمەكتە.

بىرلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن، يەنە بىرلىرىگە غەزەپلەنگەن بۇتياۋاي خۇددى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئالىقانلىرى بىلەن توپا تىلغاپ چاڭ چىقىرىپ قويدى ۋە يەنە ۋارقىرىدى:

— تەنتەربىيە[1] نىڭ پالۋانلىرى نېمىشقا چىقمايدۇ، قېنى ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا چىماقچى؟ چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ كەتتىمۇ يا ھا - ھا - ھا!...

مەيدانغا ياچۇۋەكدەك ئاۋاق، ئۇزۇنتۇرا، ئالىۋاش دېھقان چۈشتى، بۇتيا بۇقىدەك ئالايدى، ماي تارتتى - دە، يىلپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ، رەقىبىنىڭ بوينىدىن ۋە پاچىقىدىن ئالدى ۋە ئۇنى مۈكىنى قاتلىغاندەك قاتلاپ قۇملۇق يەرگە دۈگىلەتتى ۋە:

— ئىسمى قويۇلمىغان ئوخشايدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئىسمى ئالاقاغا بولسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. مەيداندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، كۈلكە بېسىلغىچە بۇتيا قەپەستىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان يىرتقۇچتەك مەيداننى ئايلىنىپ ۋارقىراشقا

---

① تەنتەربىيە كومىتېتىنى دېمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىدى:

— بارمۇ؟ ئارماندا قالمىغىن ئاغىنە باللا!

پالۋان تاللىغۇچىلار يەنە بىر يېزىنىڭ پالۋىنىنى ئوتتۇرىغا ئاچىقتى. بۇ پالۋان پاكار، كەڭ غوللۇق، پۇت - قوللىرى دىقماق، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى.

— بەللى، تويمىغانمىدىڭ قاسىمەك! — دېدى بوتىيا تونۇش پالۋاننى كۆلكە بىلەن قارشى ئېلىپ، — سېنى بۇ قېتىم يار - يار چاقىدەك پىرقىرىتاي، كەلگىن.

— يا ··· پىر، ھەزرىتى ئەلى! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە مۇرىسىگە ئېلىۋالدى بوتىيا. ئۇ رەقىبىنى مۇرىسىگە خۇرجۇندەك سېلىۋېلىپ لوكىلداپ قاتراپ مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى - دە، باھالىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ راسا بىر پىرقىرىتىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ رەقىبى چىققان تەرەپكە قارىتىپ ئۆزىدىن بەش - ئالتە مېتىر نېرىغا كۈچ بىلەن ئاتتى.

مەيداندا چاۋاك، قىقاس كۆتۈرۈلدى:

— يەتتىنچى! — دەپ ۋارقىرىدى بوتىيا بىر سىقىم قۇم بىلەن ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، — يەنە بارمۇ؟

— ھەرقايسى يېزىلار پالۋانلارنى مەيدانغا ئاچىقايلى! — دەپ ۋارقىرىدى مەيدان باشقۇرغۇچى. لېكىن ئەمدى ھېچكىم چىقمىدى.

— بارمۇ، يوق؟ ئىختىيارىي چۈشىدىغانلار بولسىمۇ مەيلى!

— مەن بىر سىنىشىپ باقاي! — مەيدانغا غالىلداپ تىترەپ ۋىجىك، قاتاڭغۇر، بىلەك مۇسكۇللىرى چىققان بىرى چۈشتى.

— خوتەك! — دەپ ۋارقىرىدى بوتىيا كۆزىگە ئىشەنمەستىن، — بىر ئۇچۇپ باقاي دەپسەن - دە!

ئۇلار بىر ـ ئىككى ئايلىنىشتى. بۇتيا «خوتەك» نى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتتى، «خوتەك» چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولتۇ-قىدىن چىقىپ كەتتى. بۇتيا «خوتەك!» دەپ ۋارقىراپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا پۇتىغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى، بۇتيا مەيدانىنىڭ سىرتى-غا قاراپ دۇمچىيىپ يۇگۇرۇپ بىر ئادەمنى ئۇسسۇپ توٓت پۇتلۇق بولۇپ توختاپ قالدى.

— خوتەك! — دەپ هوٓركىرىدى ئۇ غەزىپى بىلەن. بۇتيا رەقىبىگە غەزەپ بىلەن تاشلاندى، لېكىن قولىغا هېچ نەرسە چىقماي يەنە دەلدۇگىنىپ ـ مۇدۇرۇپ قۇمغا تايىنىپ توختىدى. ئەمدى ئۇ چالا ئوق تەگكەن شىردەك غالجىرلاشتى. چۈشىنىك-سىز بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ «خوتەك» نى قوغلىدى. قىقاس ـ چۇقان، چاۋاك، چاڭ ـ توزان كوٓتۇرۇلدى. بۇتيا شۇنچىلىك غەزەپ بىلەن قوغلىسىمۇ «خوتەك» تۇتۇق بەرمىدى. بۇتيا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ هالىدىن كەتكۇچە قوغلىدى، نۇر-غۇن قېتىم قول سوزدى، بىرنەچچە قېتىم «خوتەك» نى تۇتۇپ-مۇۋالدى، لېكىن ئۇ بېلىقتەك «غىرت» قىلىپ قولىدىن چى-قىپ كەتتى. بۇتيا قۇم ـ تەر ئارىلاشمىسى بىلەن خۇددى قاۋان تۇسىگە كىردى. ئۇنىڭ قوللىرى تولا يەر تايىنىپ قالدى، پۇتلىرى كالۋالاشتى. مانا شۇ چاغدىلا «خوتەك» نىڭ بەلۋېغى ئۇنىڭ قولىغا كىردى. ئۇ پۇتۇن كۈچى بىلەن بەلۋاغدىن تارتىۋە-دى، بەلۋاغ بوشلا باغلانغان چېغى، ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن ئوٓمىلەپ قوپۇشىغا، بىرلا بىلەك چاترىدىن ئوٓتكەن-دەك قىلدى ـ دە، بۇتيانىڭ پۇتلىرى يەردىن لىككىدە كوٓتۈرۈل-دى. بۇتيا هەش ـ پەش دېگۈچە پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قولل-رىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ قىلىپ «خوتەك» نىڭ ئوڭ مۇرىسىگە قورساقچىلاپ «مىنىپ» «خۇرجۇن» غا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى «خوتەك» شۇنداق پىرقىراتتىكى، كىچىكىدە دادىسى ئەركىلى-

تىپمۇ ئۇنى بۇنچىلىك پىرقىراتمىغانىدى. ئۇنىڭ بېشى قىيسىپ يەرگە قانداق چۈشكىنىنى سەزمىدى.

ئەتىسى ئۇ ئۆيدە ئارانلا مىدىرلىغۇدەك ھالغا كەلدى. شۇن-داقتىمۇ بوينىنى قىمىرلىتالمىدى.

— نېمىلەر بولدى زىمىنباي؟ — دوستىغا بىچارىلەرچە پىچىرلىدى ئۇ، — مەن ساقمۇ، ئۆلۈكمۇ؟

— سىلى ساق، يەنە ئىككىنچى بولۇپ قالدىلا؟

— ياق، قوپۇۋالغان بولسام خوتەكنىڭ يۇلۇنىنى ئۇزۇۋې-تەتتىم جۇما!

— يائاللا، خۇدا ساقلىسۇن، ھېلىمۇ ياخشى باشلىرى قۇمغا يېرىم مېتىر كىرىپ كەتكىنى ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا قاتىل بولۇپ قالاتتىكەنلا بۇتياۋاي!...

مانا كەچ كۇزمۇ كەلدى. چايخورلار ھەر كۈنى سەھەرلىكى ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئارىنى يىراق كۆرمەي يول مېڭىپ چايخانى-غا كېلىشىدۇ. ئۇ يەردە ئاجايىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھازىر بۇ خۇشۋاخ ئادەملەر ئارىسىدا بۇتيا بىلەن «خوتەك» يوق.

— بۇتياۋاي بارمۇ، ئۆلدىمۇ؟ — دەپ قوپال سوئال سورىدى مويسىپىت، — ئەجەب نام چىقىرىشقا ئامراق يېتىم ئىدى، مانا تازا نامى چىقتى.

— بۇتيا ھايات، — دېدى مەنىلىك قىلىپ زىمىنباي، — ھەم ئۆلدى.

— بۇ قانداق گەپ؟

— روھى ئۆلدى، ئۆزى تىرىك، بۇرۇنقى تويمىغۇر بۇتيا ئۆلدى، قانائەتچان، گېپى، كۆڭلى يۇمشاق يېڭى بۇتيا ھايات.

— ئۇ، نېمىشقا چايخانىغا كەلمەيدۇ ئەمىسە؟

— چايخانىدىن كۆڭلى قاپتۇ. ئۇ ھازىر بىزنىڭ كىتابخا-نىغا ئۆگىنىۋالدى. باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيدۇ.

— ھىم، — دېدى مويسىپىت كۆلۈپ قويۇپ، — خو-تەكتىن يىقىلغىنى ياخشى بوپتۇ - دە، تۆگىدىن يىقىلغان بولسا يەرگە بوش چۈشەتتى. بەك چۈشكىنى بەلەن، ئىككىنچى خوتەك مىنىمەن دېمەيدۇ!

— بۇ ھەقتە «گۈلىستان» دا مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغا-نىكەن.

— قېنى كىتاب سۆزىنى ئاڭلايلى!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دولقۇنلار ساداسى

تىنچ ئوكيان قوينىدا — قۇرۇقلۇقتىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز تېگىدىن تۆت مىڭ مېتىردەك ئېگىزلىكتە، تىنىمسىز، دولقۇنلۇق، چەكسىز، تىنىق قارا كۆك سۇ ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن، ئەتراپقا قاراشمۇ، ئولتۇرۇپ خىيال قىلىشمۇ قورقۇنچلۇق، دەھشەت. ئۇلۇغ سەيياھلاردىن بىلىدىغىنىم كولۇمبۇ، ماگېلان، كاپىتان گراندنى ئىزدىگۈچىلەر. دېڭىز - ئوكيان ھەققىدە ئوقۇغان كىتابلىرىم «روبىنزون كىروزو» بىلەن «سىرلىق ئارال»، «سوسما» دىمۇ ئوكيان ھەققىدە — بالتىق دېڭىزىدىن بوخەيگىچە قىلىنغان نەچچە ئايلىق سەپەر تەپسىلاتلىرى يېزىلغان. مەن بۇ ئۇلۇغ سەيياھلارنى بۈگۈن تولىمۇ چۈشەندىم. ئۇلار ئۆلمەس قەھرىمانلار، ئىنسان سۈپىتىدە قەيسەر، سەيياھ سۈپىتىدە تۆھپىكار، جانلىقلار بويىچە ئۆلمەسلەر ئەنە شۇ سەيياھلار ئىكەن.

مۇشۇ قارا كۆك سىياھدەك تىنىمسىز، سىرلىق مۆجىزات - ئوكيانلار بەش مىليارد يىلدىن بېرى يەر شارىنىڭ باغرىنى غاجاپ كەلمەكتە. مانا ھازىر ئوكيانلار يەر شارىنىڭ يەتمىش بىر پىرسەنتىنى، قۇرۇقلۇق ئارانلا يىگىرمە توققۇز پىرسەنتىنى تەشكىل قىلماقتا، يەر شارىنى چۆرگىلەپ شۇنچە يىلدىن بېرى ئېقىپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئوكيانلار ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىمۇ ياكى دوستىمۇ؟ ئىنسانلارچۇ؟ ئوكيان قوينىدىن چىققان بۇ ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانمۇ ھازىر ئۆزى ياشا-

ۋاتقان يەر شارىنى خۇددى ئوكيانلاردەك غاجىماقتا. پەيدا بولغى-
نىغا تەخمىنەن مىليون يىل بولغان بۇ ھايۋان ئەقلى تەرەققىي
قىلغانسېرى كۆپەيمەكتە، ۋەھشىيلەشمەكتە، بۇنىڭدىن ئون بەش
مىڭ يىل ئىلگىرى ئون مىليونغا يەتمەيدىغان بۇ دانا مەخلۇقات
ھازىر بەش مىلياردتىن ئاشتى. لېكىن ئۇ دانا بولغىنى بىلەن
شۇنى ئەمدىلا بىلمەكتە: يەر شارى كىچىكلىمەكتە، ئىنساننى
بېقىش يەرگە تەس كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەر شارى ئۆز
دۈمبىسىگە سالجىدەك چاپلىشىۋالغان بۇ تېز كۆپەيگۈچىدىن بى-
زار. ئۇ: «سېنىڭ ماكانىڭ دېڭىز، تېزرەك دېڭىزغا قايت!
» دەپ ئىنسانغا نالە قىلماقتا...

مەن خىيالدىن سەگىدىم، پاراخوت قاتتىق سىلكىنمىگەن
بولسا سەگمىگەن — بايىقى ئىنسان، تەبىئەت ھەققىدىكى مۇلا-
ھىزەمنى داۋاملاشتۇرغان بولاتتىم. ئوكيان قوينىدا يوپۇرماق-
تەك لەيلەپ يۈرمىگەن بولسام بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسىنى
قىلمىغان بولاتتىم. مېنىڭ ئىنسانىيەت ھەققىدە پىكىر قىلى-
شىم، كىتابلاردىن بىلىۋالغان چالا - بۇلا بىلىمىمنى كۆز -
كۆز قىلىپ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈم بەلكى
تۇنجى...

دېڭىز قارايماقتا، ئاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنلار كۆپەيمەكتە.
ئوتتەك قىزدۇرۇپ چارچىغان قۇياش دېڭىزغا چۆككەن، دولقۇن-
لار شامالنى كۈچەيتمەكتە. پولات پالوبىدا ئادەملەر كۆپەيمەكتە.
ئۇلار دولقۇنلاردىن، دولقۇنلار ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن «ئۇ-
چار» بېلىقلاردىن، ئويۇنچى خەيتۇنلاردىن زوقلىنىۋاتسا كې-
رەك. بولۇپمۇ بۇنداق تەسىرلىك مەنزىرە بىزنىڭ تېلېۋىزىيە
سۈرەتچىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز. ئەنە ئۇ ئاپپاراتىنى دولقۇنلار
بىلەن بېلىقلارغا توغرىلىماقتا. ئۇنىڭ كېلەڭسىز، يېقىمسىز
گەۋدىسى بۇنداق چاغلاردا تولىمۇ ئەۋرىشىم، ھەرىكەتچان بولۇپ

كېتىدىكىنا؟ يىلاندەك تولغىنىشى، قاپلاندەك ئىرغىشلىرىچۇ تېخى؟ ئادەم دېگەننىڭ سىرى تولا ـ ھە؟ ئابايا مېنى بىزار قىلىپ مەن ياتىدىغان يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئوڭدا يېتىپ خورەك تارتىۋاتقىنىدا كىممۇ ئۇنى چاققان، ئەۋرىشىم دەپ ئويلاردى. «ئوپېراتورمەن» دەپ قويىدۇ تېخى. دېيىشكە ھەققى بار ـ دە. ئۇنىڭ ئالغان كۆرۈنۈشلىرى راستتىنلا سەنئەتلىك. خۇددى بىر كۆرۈنۈشى بىر پەردىلىك تىياتىر ـ دە. دېڭىزنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆزەينىكىنى تىلى بىلەن يالاپ كۆڭۈلىكىدىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئوبرازى ئەجەب گۈزەل ئېلىنغان ـ ھە؟ مەن شۇنچە جىق دراما، تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپتىمەن، لېكىن بۇنداق ئاددىي ھەرىكەت بىلەن ئىچكى دۇنيانى ئېچىپ بېرەلەيدىغان كۆرۈنۈشنى بىر قېتىممۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقماپتىمەن. ئەنە قارا، ئۇ زەمبىرەك ئىستوۋۇلىغا يامىشىۋېلىپ دېڭىزغا زوق بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان ئايالنى سۈرەتكە ئالغىلى تۇردى، بۇ ئايال ھەم زوقمەن، ھەم قورققاق. ئۇ دېڭىزنى قورقۇپ تۇرۇپ سۆيىدۇ، خۇددى مۇھەببەت بوسۇغىسىدىغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ئىپپەتلىك قىزلاردەك. ئوپېراتور ئايالدىكى بۇ نازۇك، زىددىيەتلىك ئىچكى ئالامەتنى، مەندىن بۇرۇن بايقىغان ـ ھە؟ ئۆزى پالاكەت، كىشىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان كەم سۆز، گۆمۈش بولغىنى بىلەن بايقاش ئىقتىدارىدا مەندىن يۇقىرى ئوخشايدۇ بۇ كاساپەت.

— ھەي ئاداش! — مەن تېخىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، ئۇنى ئاچچىق تىل بىلەن «ئادىشوي» دەپ چاقىرىمەن. ئۇ «ھە» دېيىشنىڭ ئورنىغا تىمساھتەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۇلۇپلا قويىدۇ، مېنى چاقىرغاندا «ئۇستاز» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىكىمۇ ياكى زامانىۋى تىل تاللاپ ئۆزىنى كۆرسەتكىنىمۇ؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلى-

ساملا خۇددى مۇشۈككە يولۇققان چۈجىلىك مېكىياندەك ھۈرپى-
يىمەن.

— ئۇستاز، گەپ قىلدىلىمۇ؟

— ياق، ئىسمىڭنى چاقىردىم.

— تەكلىپلىرى بارمىدى ئۇستاز؟

— ئاۋۇ، يالىڭاچلىنىپ قارتا ئويناۋاتقان ماتروسلارنى
خاتىرىگە ئېلىپ قويساڭ قانداق؟

— تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا قوشۇمچە ماتېرىيال بولىدىغان-
دەكمۇ؟

قىزىل بايراق ئاستىدا چاست بېرىپ تۇرغان ماتروسلارغا
قارىغاندا، مۇنۇلار ئادەمگە تەبىئىي تەسىر بېرەلەيدۇ.

— ئۇلار قارتىغا بېرىلگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن
ماھىيەتتە ...

— دېڭىز تۇرمۇشىدىن تولىمۇ رازى دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، مۇھىمى، ئىنساندىكى تەبى-
ئىي زوق، ھاياتتىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى ...

— بولدى، سېنىڭ ئىزاھاتىڭ تۈگىگىچە مەنزىرە ئۆزگى-
رىپ بولىدىغان بولدى. كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ قارا يىگىتنىڭ بېشىغا
سۇ چاچرىدى، ئۇ ئەندىكىپمۇ قويمىدى.

پاراخوت — سەككىز زەمبىرەك ئورناتقان، پالۇبىسى ئىك-
كى يۈز مېتىردەك كېلىدىغان پولات ئۈزگۈچ جەنۇبقا قاراپ بىر
خىل سۈرئەت بىلەن تەۋرىنىپ، ئىرغاڭلاپ كېتىپ بارماقتا.
ئەتراپ قاپقارا سۇ، بۇژغۇنلارمۇ سۇس ئاق كۆرۈنىدۇ، دېڭىز
شامىلى كۈچەيگەن، ئوكيان تولىمۇ سۈرلۈك، ئۇ خۇددى يەر
شارىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھۆركىرەيدۇ، خىرىس قىلىدۇ، ئۇ-
نىڭ ئاۋازى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ شاۋقۇنلۇق. بۇنداق
چاغدا ئوكيانغا قاراشمۇ، ئوكيان توغرىسىدا ئويلاشمۇ قورقۇنچ-

لۇق: سېنىڭ ئاستىڭدا تۆت مىڭ مېتىر قېلىنلىقتا سۇ بار. مەن تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. دېمەك، مەن شۇنداق ئېگىز چوققا ئۈستىدە. بۇ چوققا تاش ئەمەس، سۇ. كاپىتاننىڭ گېپى يادىمغا كەلدى: ياپونىيىنىڭ قىممەت ماللار بېسىلغان پاراخوتى فىلىپپىن ئارىلى ئەتراپىدا دېڭىز يولىدىن چىقىپ كېتىپ، دېڭىز تېگىدىكى خادا تاشلار پاراخوتنىڭ تېگىنى سىجاپ تېشىۋەتكەچكە، پاراخوت ئىدچىگە سۇ تولۇپ دېڭىزغا چۆككەن. لېكىن ئۇنىڭ بىر چېتى يەتتە - سەككىز مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى دېڭىز ئاستى تېغىنىڭ بىر چوققىسىغا قونۇپ قالغان. قۇتقۇزۇشقا كەلگەن پارخوت ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئىلاجىسىز قالغان. سەۋەب، ئۇنى كىران بىلەن تارتسىلا ھالاك بولغۇچى پاراخوت قۇتقۇزغۇچىنىمۇ بىللە سۆرەپ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كېتەرمىش. تېنىم شۈركۈنۈپ، بېشىم قايغاندەك بولدى - دە، دەرھال بىز ياتاق قىلىۋالغان كىچىك زالغا دەلدۈگۈنۈپ ماڭدىم.

پالاكەت ئوپېراتور يەنە مېنىڭ ئورنۇمدا ئوڭدا يېتىپ خورەككە تېگىپتۇ، ئۇنىڭ خورىكى ئاۋۇ قاپقارا ئوكياندىن كېلىۋاتقان ئاچچىق شامالدىنمۇ، نېرىقى ھاجەتخانىدىن كېلىۋاتقان قاڭسىق پۇراقتىنمۇ يامان. «گەپ قىلىڭ دېسە تاڭگا چىشلىۋالغاندەك تۇرغىنى بىلەن خورەككە يامانكىنا. ئۇنىڭ كانىيىدىن چىڭقىلىپ چىقىۋاتقان بۇ رىتىملىق، يىرگىنچلىك ئاۋازنى ھەر قېتىم ئاڭلىسام، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم بىر ھەسسە ئاشىدۇ. خەقلەر ئۇنى «سەممىي - سادىق، قابىل يىگىت» دېيىشىدۇ تېخى. ئالدىمدا ئوڭدا يېتىپ ئىككى قولىنى قىمىز تولغان تولۇمدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان قورسىقىغا قويۇۋالغان، ئاغزى خور تووۋلاۋاتقاندەك يوغان ئوچۇق، يۈزلىرى خام ئۆپكىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ نەرىدىنمۇ ساداقەت - سەممىيلىك

ئىزناسىنى تاپقىلى بولاركىنتاڭ؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك مۇشۇ ئوپېراتور بىلەن بىللە ئوكيان قوينىغا كىرگىنىم نېمىسى؟ ئىجادكارغا خاس ئىنساب، توغرىلىق بىلەن ئويلانسامغۇ بۇ ئوپې-راتورنىڭ بەدىنىدىن ماڭا ياققۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم.

— مەن دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلىمەن! — ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈۋېتىپ جۆيلۈدى، جۆيلۈيدىمۇ، ئال-جىدىمۇ؟ دەرگۇماندىمەن. ئۇندىمەسلەر بىر بولسا دانالار، بىر بولسا ساراڭلار. دانالار تولا ئويلايدۇ، ئاز گەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەكۈن، هۆكۈم، قانۇن، مۆلچەر، ئارزۇ، ئۈمىد... ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىممەتلىك بايلىقلار سۆز بولۇپ چىقىدۇ. ساراڭلار بولسا هايۋانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندىلا گەپ قىلىدۇ. ئۇ گەپ كاللىنىڭ مۆرىشى، ئىتنىڭ هاۋشىشى، قوي-نىڭ مەرىشىگە ئوخشاش. ئوپېراتور دانامۇ؟ ياكى ساراڭمۇ؟ ساراڭ دەي دېسەم ئۇنىڭ ئوبراز تاللاش قابىلىيىتى بەكمۇ يۇقى-رى، ئۇنىڭ تاللىغان بىر كۆرۈنۈشى مېنىڭ بىر قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىمىنى بېسىپ كېتىدۇ، مەن بۇنىڭغا قايىل. لېكىن ئۇنى دانا دەي دېسەم قىلىقلىرى ماڭا ياقمايدۇ: باغدىن گەپ قىلساڭ تاغدىن جاۋاب بېرىدۇ، خاپا بولسىمۇ، خۇشال بولسىمۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ كۈلكە بىلەن يىغى-نىڭ مۇقەددىمىسىدەك بىر خىل يېقىمسىز ئىلجاراش بىلەن ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويىدۇ، دانا بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرى، پېشانە، لەۋلىرى ئىپادە بىلدۈرگەن بولماسمىدى؟ خىيالچان دانالارنى كۆپ كۆرگەنمەن: ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن، كۆزلىرىنىڭ چى-مىرلىشىدىن مەنە ئۇققانمەن، لېكىن مۇنۇ ئوپېراتورنىڭ چىرا-يىدىن مەنە ئەمەس، بىر خىل هاڭۋاقتىلىق، لايغەزەللىك چى-قىپ تۇرىدۇ، تېخى دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلەرمىش. گۇڭگا شې-ئىرلارنىڭ مىسرالىرىمۇ ياكى ئۆتكەن دانالار هۆكۈمىنىڭ تالقا-

لىرىمۇ؟ «ئىنسان دېڭىزدىن چىققان، يەنە دېڭىزغا قايتىدۇ» دېگەن سۆزنى نۇرغۇن دانالار ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

— مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم ! — مەن ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرسام، ئۇ توساتتىن شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى - دە، كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

«خۇداغا شۈكرى، مەنمۇ ياتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ يالغان كۈلۈپ قويۇپ چاقچاق قىلدىم:

— ياخشى، يېرىم كېچە، ئەمدى مەنمۇ بىر چۈش كۆرۈۋا-لاي !

بۇ پاراخوتتا مۇشۇنداق «كارىۋات» قا ئىگە بولماق تولىمۇ چوڭ ئىش. ماتروسلارنىڭ ياتىقى خۇددى تونۇردەك دىمىق بىر پولات ساندۇق. مەن ئۇلارنىڭ ياتىقىنى كۆرۈۋېتىپ: «ئەللى-كىنچى يىللاردا ياسالغان بۇ ھەربىي پاراخوتنىڭ لايىھىلىگۈچى-لىرى ماتروسلار ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئازادە، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان ياتاق ياساشنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدى؟ ئاھ، دۇنيا، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ بېشى نەدىدۇر، قۇيرۇقىنىغۇ كۆ-رۈپ تۇرۇۋېتىمەن. بەلكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ماتروسلىرى ئازا-دە، يۇمشاق، سالقىن خانىلاردا ياتىدىغاندۇر، بىزنىڭ چىدامىلىق يىگىتلىرىمىزگە ئاپىرىن، ئۇلار دومنا پېچ ئىشچىلىرىدەك يالى-ڭاچ، لېكىن شۇنچە روھلۇق ! » دېگەنىدىم. ئۆزۈممۇ روھلانغا-نىدىم، لېكىن ھازىر خىيالىم ئۆيۈمدىكى ئارامبەخش ئېتىدىغان كارىۋىتىمغا يۆتكىلىۋىدى، مۇنۇ ئۆزۈن دىۋان ھەم تار، ھەم خەتەرلىك بىلىنىشكە باشلىدى.

«بىز لەيلەپ يۈرىمىز، — دېگەنىدى بايىلا ئوپېراتور چۈشىنى سۆزلەپ بولۇپ، — بىز دەريادىكى چۆمۈلە، پاراخو-تىمىز بىر تال يوپۇرماق، ئاستىمىز تۆت بەش مىڭ مېتىر قېلىنلىقتىكى سۇ، سۇنىڭ تېگى تىغدەك تىك قورام تاشلاردىن

تۇزۇلگەن ئوكيان تاغلىرى. بىلەمسىز يازغۇچى، گېرمانىيىلىك ئالفرېدلوتار ۋىگېنېر دېگەن ئالىمنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانلار قۇ-رۇقلۇقتا ياشايدۇ، بۇ قۇرۇقلۇق بىر چەكسىز يوغان كېمە، ئۇ ئىنتايىن ئاستا سۈرئەت بىلەن ئوكيانلار ئۈستىدە لەيلەپ يۈرى-دۇ. كىشىلەر تىرنىقىنىڭ ئۆسكىنىنى سەزمىگەندەك بۇ سۈر-ئەتنى زادىلا سەزمەيدۇ...» لېكىن مانا مەن بۇ لەيلەش سۈرئى-تىنى سېزىۋاتىمەن، مانا پاراخوت سىڭايان بولدى، ماۋۇ قانداق سىلكىنىش ـ هە، چۆكۈۋاتىمىزمۇ نېمە؟ مەن ئورنۇم-دىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئەتراپىمدىكىلەر دىۋان، ئۈستەل، پۇل ۋە سەگەنچۇكلىرىدە بەخىرامان، خۇددى ئۆيىدىكىدەك هۇ-زۇرلىنىپ ئۇخلىماقتا. يالغۇز مەنلا ۋەهىمە ۋە ئازاب بىلەن: بېشىم ئېغىر، كۆڭلۇم ئاينىماقتا، سۆڭەكلىرىم خۇددى كەچكى-چە چالغا چاپقاندەك ئاغرىماقتا، ئوكيان سەييياهلىرى ئىچىدە بىرلا مەن شۇنداق ئاجىز، شۇنداق بىچارىمۇ ـ هە؟ تىنچ ئوكيان-نىڭ قوينى نېمىشقا تىنچ ئەمەس، جەنۇبىي دېڭىز نېمىشقا بۇنچە ۋەهىمىلىك: «جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىنى ئارىلاپ هەممىنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان بىر فانتازىيىلىك تېلېۋىزىيە تىياترى يازىمەن!» دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا مەيدەمگە ئۇرغىنىمنى ئۆز ۋىجدانىمغا نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن، نېمىشقا ماڭا تەسەللى بول-غۇدەك بىر سۆز ياكى بىر سەۋەب تېپىلمايدۇ ـ هە؟

پاراخوت تېخىمۇ قاتتىق ئىرغاڭلىماقتا. بوران بىلەن دېڭىز شاۋقۇنى قوشۇلغان چېغى، مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق گۈركىرەش پەيدا بولدى. ئاھ، بىز هازىر قۇرۇق-لۇقتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر يەرگە ـــ مالايا تەرەپكە كېتىۋاتىمىز. هېلىقى ئون بىر مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇق-تىكى قايناممۇ مۇشۇ ياقتا ئەمەسمىدى ـ هە؟ ئۇ قاينام فىلىپ-پىن ئەتراپىدا، قېرىشقاندەك بىزنىڭ مۇنۇ هەربىي پاراخوت نەق

شۇ ياققا كېتىۋاتىدۇ، ھېلىقى ياپونىيە پاراخوتىنىمۇ نەق مۇشۇ ياقتا ئوكيان تاغلىرى ھالاك قىلغان ئەمەسمىدى؟

مەن تېخىمۇ تىترىمەكتىمەن، ياندۇرماقتىمەن، ئۆيدىن سەنتۈرۈلۈپ پالوبىغا چىقتىم، بوران مېنى پولات تامغا چاپلاپ قويدى. يۈزۈمگە ئاچچىق دېڭىز سۈيى ئۇرۇلدى. قاپقارا دېڭىز سۈيى بېتىدە ئاق بۈژغۈنلۈق دولقۇنلار كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ پاراخوتقا ئۇرۇلماقتا.

ئۇلار توپ ئۇرۇشنى مەشىق قىلىۋاتقان ۋالىبول ماھىرلىرى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ پاراخوتنى دۇمبالىماقتا. قېنى بۇ ماتروسلار، قېنى ھېلىقى كۈلۈپلا تۇرىدىغان قامەتلىك كاپىتان؟ ئۇلار نېمىشقا مۇنۇ دولقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرمايدۇ. پاراخوتنى داۋالغۇشتىن ساقلىغۇدەك بىر ئامالى يوقمىكىنە؟

مەن ئەمدى ئۆمىلەشكە باشلىدىم. تولا ياندۇرۇپ ئىچىمدە ھېچنېمە قالمىدى. مانا، يۈرەك - باغرىم بوغۇزۇمغا تىقىلدى. مەن پاراخوت ئۈستىدە بۇ گۈزەل دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ئوخشايمەن، مەن پالوبا گىرۋىكىگە — تۆمۈر شالاسۇنلارغا قاراپ سىلجىۋاتىمەن، شالاسۇنلار مېنى ساقلاپ قالالارمىكىن. ئۈستۈمگە كۈچلۈك دولقۇن ئۇرۇلدى. مەن ئەندىكتىم...

— ئوپېراتور بولمىغان بولسا، بىر تالانتلىق يازغۇچىمىز لەھەڭگە يەم بولاتتىكەن!...

— تۆمۈر شالاسۇننىڭ يېنىغا كەپتىمەن، دولقۇن چاچراپ چىقىپ ئۇرۇپ يىقىتقان ئوخشايدۇ.

— ياق، تولا ياندۇرۇپ، تولا قىينىلىپ ئازابقا چىديالماي ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ.

— ئۆتكەندە تۆت ئىلمىي خادىم مۇشۇنداق ئازابقا چىدىماي دېڭىزغا سەكرىگەن، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا چۈشكەن ماتروسلارمۇ

بىراقلا ھالاك بولغان. زىيالىي دېگەننىڭ چاتىقى جىق بولىدۇ
زادى.

— دېمىسىمۇ بۇگۇن يەتتە بال بوران چىقتى، پاراخوت
ئۆرۈلمەيدۇ، لېكىن داۋالغۇش قاتتىق، سۈرئەت ئاستا بولىدۇ،
ئازاب قاتتىق بولىدۇ.

— ئىنسان دېگەن قالتىس - ھە، ئامالى قالمىغاندا ئازاب-
تىن ئۆلۈم بىلەن قۇتۇلۇۋالىدۇ.

— ئۆلۈممۇ ئازابقۇ؟

— ياق، ئۆلۈكلەر بىلەن تۇغۇلمىغانلارغا ئازاب يوق.

— توغرا، ياشاش دېگەن سۆز ئۆمۈر بويى ئازاب بىلەن
ئېلىشىش دېگەن سۆز. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئازابنى يەڭ-
سەڭلا بولدى - دە!

مەن ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن، مېنى ئاشۇ ئوپېراتور
شالاسۇن يېنىدىن كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن ئوخشايدۇ، ئەتراپىمدا
كىملەر باركىن، مەدھىيە، مازاق، پەن - پەلسەپە ئارىلاشمىسى
بىلەن تۇزۇلگەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئوچۇق ئاڭلاپ كۆزلىرىمنى
چىڭ يۇمۇپ ئوڭدا ياتىمەن. ماڭا ئوكۇل سالدىمۇ ياكى بوران
توختىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا بىز كۆزلىگەن تاقىم ئارالغا يەتتۇق-
مۇ؟ بۇلار ماڭا قاراڭغۇ، مەن ھوشۇمغا كەلدىم، كۆڭۈل ئاي-
نىشمۇ پەسەيگەن، تۇرۇپلا كۈلگۈم، تۇرۇپلا يىغلىغۇم كېلىدۇ،
چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىرادەم بىلەن بولغان
ئەمەس. مەن كۆڭۈل ئايىنىش، ھوشىدىن كېتىش دېگەنلەرنى
غەيرەت - جاسارەت بىلەن توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۈگۈن
بىلدىم. ناۋادا بىرى مەن بىلەن بۇ توغرىدا مۇنازىرىلەشكەن
بولسا، مەن كىتابىي بىلىمىم بىلەن ئۇنى يەڭگەن بولاتتىم،
لېكىن مەن ھازىر ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراي-
مەن.

— بۇ ئۇستاز تولىمۇ جاسارەتلىك ئىكەن، — دېدى ئوپېراتور ماڭا تونۇش گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن، — ھوشىنى يوقىتىپتۇ يۇ، قوللىرى رېشاتكىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇۋاپتۇ، خېلى چوڭ دولقۇن كېلىپ ئۇرسىمۇ پاراخوتتىن ئاجرايدىغاندەك ئەمەس، بىز ئۇنىڭ قوللىرىنى تەستە ئاجراتتۇق.

— پاھ، ھوشسىز يېتىپمۇ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپتۇ - دە.

— مەن نەق شۇ كۆرۈنۈشنى سىنغا ئېلىۋالدىم.

مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

— ئۆچۈرگىن، ھەي كالانپاي، تېزرەك ئۆچۈرۈۋەت، مەن ساڭا ئويۇنچۇق بولىدىغان ئادەم ئەمەس.

— ئويۇنچۇق ئەمەس، ئەسەر قەھرىمانى سىز. مېنىڭ بۇ سۈرىتىم چوقۇم بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ!

بېشىم ئايلاندى، يەنە ئوڭدا ياتتىم. پاڭ بولۇپ قالسام قانداق ياخشىدى، بۇ سۆزمەنلەرنىڭ مەدھىيە بىلەن مازاق، پەن بىلەن پەلسەپە ئارىلاشقان سۆزلىرىنى زادىلا ئاڭلىغۇم يوق.

— «ھاياتىي كۈچ» نەزەرىيىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسان بەدىنىدە بىر خىل بەز بارمىش، بۇ بەز ھېچقانداق ھايۋاندا يوقكەن. بۇ بەز ئىنسان ھاياتىي كۈچ ماشىنىسىنىڭ پائالىيىتىگە ياردەم بېرەرمىش. شۇڭا ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن ھالاك بولغاندىمۇ، روھىي جەھەتتە غايە ئۈچۈن تىرىشىپ ئاخىرقى غەلىبىگە يەتمىگۈچە ئۆلمەسمىش.

— شوپېنخائۇئېرنىڭ «ئىرادە ۋە غايىۋى دۇنيا» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىلمۇ بۇ، لېكىن سىز مەۋجۇتچىلىق پەلسەپىسى بىلەن ئىنسان ئىلمى چۈشەنچىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىسىز. بۇنى نىتزى مۇنداق شەرھلىگەن...

قۇلىقىمنى لۆڭگە بىلەن ئېتىۋالدىم. مەن باشقىلارنىڭ

مېنى روھىي ئوپېراتسىيە ئۈستىگە ياتقۇزۇۋېلىشىغا يول قويماي-
مەن. بەلكى ئۈستۈمگە ئۆرۈلگان دولقۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش
ئۈچۈن رېشاتكىغا ياماشقاندىمەن. شۇنىسى ئېنىق، مەن ئۆلۈۋې-
لىشنى ئويلىمىغان، قەھرىمانلىق خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن.
چاشقانمۇ سۇدا قالسا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغۇ، مەن ئۆزۈمنى
مۇداپىئە قىلدىم، ئۆلۈشنى خالىمىدىم. بۇ چۈشىنىشلىك -
ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت. مۇنۇ نەزەرىيىچىلەرنىڭ مۇنازىرە تې-
مىسى بولۇپ قالغىنىغا غىجىقىم كەلدى. مەن ئاخىر تاقەت
قىلالماي ۋارقىرىدىم:

— سادىغاڭ كېتەيلەر، ماڭا ئارام بەرسەڭلارچۇ!

— مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم، — دېدى كېلەڭسىز
ئوپېراتور گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، — بۇنداق چۈشنى يەتتە
بال بوراندا داۋالغۇپ تۇرۇپ ئۇخلىيالىغان ئادەملا كۆرەلەيدۇ.

— مانا، سېھرىي ھېكمەت، — دېدى «پەيلاسوپ» يە-
گىت خىرىلداپ كۈلۈپ، — «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەك
- ھە. لەيلەپ يۈرۈپ كۆرگەن چۈش دېسەك بولار - ھە؟
ھۆرمەتلىك ئوپېراتور، بۇ چۈشىڭىزنى قېنى ئاڭلاپ باقايلى.

— مەن شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ تەنتەنە
بىلەن چۈشىنى سۆزلەشكە باشلىدى ئوپېراتور بىردىنلا خۇددى
دىكتورلاردەك ئېنىق، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن سۆزلەپ، —
مەن چۈشۈمدە ئۈچار بېلىققا مىنىپتىمەن. كۈلمەڭلار، راست،
ئۈچار بېلىق كىچىك، كىچىك بالىنىڭ قولىدەك بار. مەن
نىلىستەك كىچىكلىمىدىم، بېلىق لەھەڭدەك يوغىناپتۇ. ئۇ دول-
قۇنلارنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغۇدەك، يىگىرمە مېتىردەك كېلىد-
دىغان دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا قاراپ ۋارقىرىغۇدەك:

— برازىلىيە قىرغاقلىرىغا بارامسەن؟ بىلەمسەن، ئۇ يەر-
دىكى ئۆسۈپ چىققان جايلار بىلەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى كەم-

www.uyghurkitap.com

تۇك جايلارنى جۇپلىسەڭ راسا ياپسا كېلىدۇ. مەن سېنى ئاتلان-
تىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئاپىرىمەن. برازىلىيىنىڭ
شەرقىدىكى تۇمشۇقلاردىن ئافرىقىدىكى گۋېنىيە قولتۇقىغا ئاپى-
رىمەن. سەن شۇ چاغدا قۇرۇقلۇقنىڭ خۇددى ناندەك سۇنغانلى-
قىنى بىلىسەن! — دېدى.
مەن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ سىلىق دۇمبىسىگە مىندىم، ئۇ
مېنى تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېلىپ ماڭدى. مەن
تاغدەك دولقۇنلار ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇم. مەن شۇنى بىلدىم:
راستىنلا برازىلىيە قىرغاقلىرىدىكى ئۆسۈپ چىققان جايلار بى-
لەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى كەمتۇك جايلارنى، برازىلىيە قىر-
غاقلىرىدىكى قولتۇقلار بىلەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى تۇمشۇق-
لارنى ياپسالىساق قۇرۇقلۇق تۇتىشىدىكەن. بۇ ماسلىشىش ئا-
دەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ۋېگېنېر توغرا ئېيتقان: ئاتلانتىك
ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقى ئىلگىرى بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق
بولغانىكەن. قۇرۇقلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان يەر قاتلاملىرى،
تاغ تىزمىلىرىمۇ ئۆزئارا ماس، ئىككى قىرغاقتىكى ھايۋانات ۋە
ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. مەسى-
لەن گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ قۇلۇلىسى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ
شىمالىي ئامېرىكا قىرغاقلىرىدىمۇ بار ئىكەن. برازىلىيە بىلەن
جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يەر قاتلاملىرىدىن ئوخشاشلا تاشقا ئايلانغان
دىنوزاۋىرلار تېپىلغان، قۇلۇلە بىلەن بۇ ھايۋان ئۆمىلىگۈچى،
ئۇلارنىڭ ئوكيانلاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ
بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىننىڭ ئوخشاش جانلىقلار ئارىلىقى يى-
راق ئىككى جايدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم شەكىللىنەلمەيدۇ، ئۇلار
مۇقەررەر ھالدا بىر جايدا پەيدا بولىدۇ، دېگەن تەلىماتى ۋېگې-
نېرنىڭ ئىلمىي ھۆكۈمى تولۇق ئىسپاتلىدى. مەن ئۇچار بېلىققا
مىنىۋېلىپ ئوكيان سەيلىسى قىلمىغان بولسام، ۋېگېنېر بىر

ئىسپاتچىدىن قۇرۇق قالغان بولاتتى. بۇنىڭدىن ئىككى يۈز مىل-
يون يىل ئىلگىرى ھازىرقى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرى-
قا، ئاۋستىرالىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپلار تۇتاشلا قۇرۇقلۇق ئىدى.
كېيىن پارچىلىنىپ ھازىرقى پارچە - پارچە ھالەتكە كەلگەن.
ھىندىستان قۇرۇقلۇقى جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئۈزۈپ كېلىپ،
شەرققە كېتىۋاتقان ئاسىيا قىتئەسىگە سوقۇلغان، نەتىجىدە دۇن-
يانىڭ ئۆگزىسى ھىمالايا تېغى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بۇ جايلار
ھېلىمۇ شىمالغا قاراپ قىستىماقتا. بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن
بۇيان شىزاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ ئارىلىقى ئاتمىش مېتىر
قىسقارغان. ئاۋستىرالىيە ھازىرمۇ شىمالغا قاراپ ئۈزمەكتە.
كەلگۈسى دۇنيا قانداق بولىدۇ؟ يەر شارىنىڭ شەكلى ئۆزگىرەم-
دۇ؟ قۇرۇقلۇق يەنىمۇ كىچىكلەپ پارچىلىنامدۇ ياكى قايتا
قوشۇلۇش بولامدۇ؟ بۇنى تولىمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. مەن ئوكيان-
لارنى ئارىلاپ چىقتىم، ئوكيانلاردىن لەھەڭلەر سەكرەپ چىقىپ
ماڭا سۆزلىدى:

— يۇتىمىز، بىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يۇتىمىز!

مانا بۇ ئوكيانلارنىڭ ساداسى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

— مەن ياپونىيىلىك مۆجىزە ياراتقۇچى شاڭۇن تاڭلۇڭغا
ئوخشاش قەيسەر يىگىت. ئۇ ساھابى ناملىق تۆگىسىگە مىنىپ
ئافرىقىدىكى يەتتە مىڭ كىلومېتىرلىق سەھرايى كەبىرنى كې-
سىپ ئۆتىمەن دەپ دۇنياغا جار سالدى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە
ياشلىق گۈزەل بەدىنى قۇم ۋە قۇياشنى بەش ئاي كۆرگەندىن
كېيىن ئاستىدىكى تۆگىسى ساھابى ئۆلدى. ئۇ چاغدا لۇڭ تېخى
ئارانلا ئۈچ مىڭ كىلومېتىر سەھرايى كەبىر يولىنى بېسىپ
ئۆتكەن. ئۇ سەھرايى كەبىرنى كېسىپ ئۆتۈشكە قەسەم بەردى.
ئۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇنىڭ روھى دۇنيانى تىترەتتى، ياپون مىل-
لىتىنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇردى. مەنمۇ لۇڭدەك قەيسەر، ئوكيان-

لارنى باش ئەگدۈرمەن! — دەپ ۋارقىرىدىم. بېلىقلارنىڭ
تىلى بىر ئىكەن. ئاستىمدىكى ئۈچار بېلىق گېپىمنى خاتا چۈ-
شەنگەن چېغى، بۇ دېڭىز پۈقراسىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئوخ-
شايمەن، ئۇ بىر مۈڭگۈۋىدى، دولقۇنلار ئۈستىگە چۈشتۈم.
ئۈچار بېلىقتىن پاناھ ئىزدەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىدىم - دە،
ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام، ياتقان يېرىمدىن دومىلاپ چۈ-
شۈپتىمەن!
— ھا - ھا - ھا...
— پاھ، قارا بۇنى...
— ۋاي كالانپاي، — دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە، —
ژۇرناللاردىن ئوقۇۋالغان بىلىمىڭنى كۆز - كۆز قىلىۋالدىڭ -
دە!
دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى مەنمۇ ژۇرناللاردىن ئوقۇ-
غان - دە، لېكىن ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭدەك ئۆزلەشتۈرۈۋال-
ماپتىمەن. «ۋاي كېلەڭسىز، مەنزىرە تاللاش، گۈزەللىكنى
بايقاشنىلا ئەمەس، ئوقۇغان كىتابىدىكى گەپلەرنى يادلىۋېلىپ
ھېكايە توقۇشتىمۇ خېلى قابىلىيەتلىك ئىكەنسىنا. لېكىن مەيلى
بىلىملىك بول، مەيلى سەزگۈر ھېسسىياتچان بول، مەن سېنى
ياخشى كۆرەلمەيمەن، سېنىڭ خورەكلىرىڭ، ئوڭدا يېتىشىڭ،
تاماق يېگەندە شالاپلىتىشلىرىڭ تولىمۇ يىرگىنچلىك!»
ئادەم ئاجايىپ قىساسخور مەخلۇق ئىكەن. يىلان ئەڭ قى-
ساسخورمىش، لېكىن ئۇ ئادەمگە يەتمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزدىن
ئۈستۈنلەرنى تىللاشقا ئادەتلەنگەن. باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە
قايىل بولغۇچىلارنى كىتابلاردىن كۆردۈم، تۇرمۇشتا كۆرمى-
دىم. مەن ئۆزۈمنى يازغۇچىغا خاس خىسلىتىم بار، ئادىل گەپ
قىلغۇچى، رەزىللىكنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايمەن. باشقىلارنى كە-
چۈرۈش بىلەن باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراش ئىنسانىي پەزىلەت-

نىڭ ئىككى گۈلتاجى دېگەن سۆزنى ئېغىزىمدىن چۈشۈرمەيمەن.
لېكىن شۇنىسى ئەلەم قىلىدۇ: مەن باشقىلارنىڭ ئۆزۈمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلسەم ھەرگىز ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆر-مەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىر ئەيىبىنى تېپىپ ئۆزۈمنى ئۇ-نىڭدىن ئۈستۈن ھېسابلاپ ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ ئوپېراتور بارغانسېرى ماڭا يىرگىنچلىك بىلىنمەك-تە. ئۇنىڭ ئەيىبلىرى ئۈستىگە ئەمدى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، چاكىنا دېگەن يېڭى بىر ئەيىبىنى ئەكېلىپ قوشتۇم.
ئۇ يەنە سۆز باشلىۋىدى، مەن ياتقان يېرىمدىن پەسكە چۈش-تۇم، ئۇ دەرھال مېنىڭ ئايغىمنى پۇتۇمغا كىيگۈزمەكچى بو-لۇپ:
— ئۇستاز!… — دېيىشىگە مەن مەدەنىيەتلىك ئىكەنلى-كىمنى ئۇنتۇپ:
— قويغىنا ئادىشوي! — دېدىم، ئۇ ئاغزىنى سەت قىي-سايتىپ:
— بىئارام بولۇۋاتامسىز؟ — دېۋىدى، مەن قوپاللىق بىلەن:
— بولمايچۇ! — دېدىم. «سەن بار يەردە بىئارام بولماي نېمە بولاتتىم» دەۋېتىشكە تاسلا قالدىم.
دەلدۈگۈنۈپ يۇرۇپ پالوبىغا چىقتىم: تاڭ سۈزۈلگەن، چەكسىز دېڭىز سانسىز دولقۇنلىرى بىلەن تولىمۇ گۈزەل، سې-ھىرلىك، ئۇلۇغ بىلىنىدى. ئەنە ئۇچار بېلىقلار پاراخوتنىڭ تۈمشۇقىدا پەيدا بولغان دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە ئۈزمەكتە. ئۇلار يادىن ئاجرالغان ئوقتا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا زوقۇم كەلدى، ئۇلار قەلبىمدە ئىلھام قوزغىدى. «مەنمۇ ئۇلارغا مىنىپ ئوكيان كەز-سەم» دېگەن بىر شېرىن تۇيغۇ ئەمدىلا يېلىنجىۋىدى، پاراخوت قاتتىق سىلكىندى، مەن ئارانلا پولات تامنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈر-

دۇم. قەلبىمدە يەنە ئوكيان (دولقۇن) غا، ئۆزۈمگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسى يېلىنجاپ يالقۇن پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا ماڭا پاراخوتنىڭ تۇمشۇقىدىكى سۇپىغا چىقىۋېلىپ كۈننىڭ قىزىل سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىنى تاماشا قىلىۋاتقان ساياھەتچىلەرمۇ سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن مېنىڭ يازغۇچىغا خاس پەزىلىتىم قەلبىمدىكى نەپرەت ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە تەمشەلدى: مەن جىسمىمنىڭ قۇلى، روھىمنىڭ خوجايىنىمۇ ياكى ئەكسىمۇ؟ نېمىشقا روھىمنى جىسمىم ئۈستىگە قويالمايمەن، نېمىشقا بەدەن تەلىپىمنى پەزىلەت كۈچى بىلەن چەكلىيەلمەيمەن. كۆڭۈل ئاي-نىش، باش قېيىش، ئۈچەي - باغرىڭ تارتىشىش ئوخشاشلا بەدەن ھادىسىسى. مەن كىتابلاردا ئۆلۈمگە كۈلۈپ بارغانلارنى، ئۆز بەدىنىدىكى قىممەتلىك ئەزالار بىلەن خۇشال - خۇرام خوش-لاشقانلارنى كۆرگەنمەن. باشقىلارغا: ئىنساب جىسمانىي تەلەپ بىلەن مەنىۋى تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە پىشىپ يېتىلىدۇ. بەدەن: يە، ئۇخلا، ئوينا، كۆڭۈل ئاچ دەپ تۇرىدۇ، روھىڭ بولسا: ياق، ئىشلە، ياخشىلىق قىل، ئازابلان، نەپسىڭنى يىغ دەپ چەك قويۇپ تۇرىدۇ. جىسمانىي تەلەپ بىلەن ياشىغانلار ھايۋانلارغا يېقىنلىشىدۇ، مەنىۋى تەلەپ بىلەن ياشىغانلار ئىن-سان بولۇپ يېتىلىدۇ دېگەن سۆزنى دائىم سۆزلەيتتىم. بۈگۈن نېمىشقا ئەمەل قىلالمايۋاتىمەن. نېمىشقا «مەن» مۇشۇ تاپتا بەدەننىڭ قۇلى بولۇپ قالدىم. ...

قۇياش قىزىل شاردەك دېڭىز ئۈپۈقىدا پەيدا بولۇۋىدى، چەكسىز دۇنيا كۈلۈمسىرىدى، ئىمىر - چىمىر دولقۇنلارنىڭ كۆمۈش رەڭ بۇژغۇنلىرى يالت - يۇلت نۇر چاچتى. قارامتۇل دېڭىز بېتىدە كۆمۈش قاتلام پەيدا بولۇپ، قاندەك قىزارغان يىراق ئۇپۇق سىزىقى ئاستا - ئاستا سۇزۇلۇپ، دېڭىز ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلدى: گويا بىر ئىلاھىي كۈچ دېڭىزغا

مۇھەببەت نۇرى چاچقان، شۇنىڭ ئۇچۇن دېگىنىز تاتىملىق، جىلـ. ۋىلىك، گۈزەل!

قەلبىمدە ئەمدى يازغۇچىغا خاس گۈزەللىك سېزىمى ئۇر. غۇدى: ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بايقىغۇچىسى، ھۇزۇرلانغۇچىسى، مەدھىيىلىگۈچىسى ۋە شاھىت بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ياراتـ. قۇچىسى. چۈنكى ئىنسان قەلبى سەزمىگەن بولسا، دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ قىممىتى بولمىغان بولاتتى، قەدىر ـ قىممەت پەيدا قىلغۇچى، ياراتقۇچى بولماي نېمە؟

ئوكيان ساياھىتىنىڭ بۇ يېڭى كۈنى كۆڭۈللۈك ئۆتسۇن ئىلاھىم!

لېكىن خۇشاللىقنىڭ كۈشەندىسى بولغان كۆڭۈلسىزلىك يەنە قاراقۇش بولۇپ ئۇچۇپ كەلدى، تۇيۇقسىزدىن جەنۇب شامىـ. لى پەيدا بولدى ـ دە، پاراخوت قاتتىق سىلكىنىپ، دولقۇنلار ئۆرىدەپ پولات پالوبىغا بۇلۇت پارچىلىرىدەك ئۇچۇپ چۈشۈپ پاراكەندىچىلىك، ۋەھىمە، داد ـ پەرياد پەيدا قىلدى. ياش ماتروسلار ئۈستىگە چۈشكەن سۇدىن راھەتلەنسە كېرەك. كۈلۈـ. شۈپ ـ چاقچاق قىلىشماقتا. لېكىن بىز ۋەھىمە ئىچىدە داد ـ پەرياد قىلماقتىمىز.

بىز ياتاق قىلىۋالغان كىچىككىنە مەجلىسخانىنىڭ ئۈستىدە كۆزىتىش پونكىتى، كاپىتان بۆلۈمى ۋە تېخنىكا بۆلۈملىرى بار. مەن پولات شوتا بىلەن شۇ ياققا ياماشتىم. بۇ ئەلۋەتتە ۋەھىمە ئىچىدە قىلىنغان ئاڭسىز ھەرىكەت. ياش، قامەتلىك كاپىتان ئالدىمغا چىقتى، مۈرەمگە قولىنى قويۇپ كۈلۈپ تۇ. رۇپ:

— قورقمىسىلا، پاراخوت ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، مۇنۇ دو. رىنى پات — پات ئىچىپ تۇرسىلا، كۆڭۈل ئايىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، — دېدى. بۇ ھۆرمەت، غەمخورلۇق بىلەن ئېيتىلغان

سۆزلەرمۇ قۇلىقىمغا قوپال، سۇنئىي، سەت ئاڭلاندى.

— بۇ ئازابىنىڭ چېكى بارمۇ، يوق! پاراخوتنى تىنچ ماڭىدىغان قىلالمامسىلەر؟ — مەن كاپىتانغا غەزەپ بىلەن ئالايدىم.

— ئامالىمىز بار، بۇ ئامال — غەيرەت قىلىش. تېخنىكا جەھەتتە باشقا ئامالىمىز يوق!

شۇ چاغدا بىر پارچە سۇ بىز تۇرغان شوتىغىمۇ قوغلاپ چىقىپ ئۈستىمىزگە چۈشتى پاراخوت قاتتىق سىلكىندى، غاچىلدىدى، رادىئو كانىيىدىن ئەنسىز ئاۋاز خىرىلداپ چىقتى.

دېڭىزغا قاراش مۇمكىن ئەمەس، چەكسىز، ساناقسىز دولقۇنلار دېڭىز بېتىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن يىرتقۇچتەك ھۆركىرەپ دېڭىز بېتىگە قايتىدۇ، ئاپئاق بۇژغۇنلار خۇددى ھەرىكەتچان ھەسەل ھەرىلىرىدەك يالتىراپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، گويا پاراخوت مىڭلىغان توپ ئوقلىرىنىڭ نىشانى، دېڭىز ئۇنى توپقا تۇتماقتا، بۇ يەردە ھايات - مامات جېڭى بولماقتا، بۇ جەڭنىڭ قوماندانى بولغان مۇنۇ قامەتلىك كاپىتان گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ مېنى كەينىمدىن قولتۇقلاپ شوتا بىلەن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشتى. مەن دەلدۈگۈنۈپ، كۆڭلۈم ئاينىپ، بېشىم قېيىپ ئۇنىڭغا تايىنىپ تۆۋەنگە چۈشتۇم. كاپىتان مېنى ئۆز ياتىقىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئايىغىمنى سالدۇرۇپ، خۇددى كىچىك بالىنى يەپىلىگەندەك ئەديىال بىلەن پۇتلىرىمنى ئوراپ قويۇپ:

— كارىۋاتتىن چۈشمەڭ، خاتىرجەم يېتىڭ، كارىۋاتنىڭ ئىككى چېتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىڭ، سىلكىنىشمۇ ھېچ نەرسە بولمايسىز. مانا مۇنۇ چېلەككە... ھە، خوش ئەمدى، كەتتىم... — دېدى.

ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرسۇنمۇ، مەن جان قايغۇسىـ

دا، ئازاب، چەكسىز قىيىنىلىش، ياندۇرۇش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش ...

ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن «ئىرادە — كۈچ نەزەرىيىسى» نەگە كەتتى؟ مەن بۇ نەزەرىيە بىلەن تالاي ئادەملەرگە تەسەللى، مەدەت بەرگەن ئەمەسمىدىم. جىسمانىي ئازابنى روھىي ئۈمىدۋارلىق بىلەن يەڭگىلى بولامتىغۇ؟ ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق چاغدا، ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىشقا مەجبۇر بولغان چېغىدا راسا توغرا باھالىسا كېرەك. لېكىن بۇ باھانىڭ نەتىجىسىنى خەلققە مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ - دە. ئاجىزلىق، زەئىپلىكنى ئېتىراپ قىلىش يۈرەكنىڭ ئىشى، ئېغىز بولسا ئۇنى رەت قىلغۇچى. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەيىب ۋە گۇناھلىرىنى ئېغىزى بىلەن رەت قىلىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدۇ. مەن ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئۈچۈن بۇ ئۆلۈشنىڭ ئاسان يولىلا يوق. دېڭىزغا سەكرەش، زەھەر ئىچىش، تىغ ئۇرۇش ياكى سىرتماققا ئېسىلىش ... لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىمكان يوق. بەدىنىم ئاخىرقى ھالاكەتنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن روھىمدا يەنە ھايات رىشتىسى بار. زىلۋا ئايالىم كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، قىزىمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش، بەڭۋاش ئوغلۇم زاڭلىق قىلغاندەك كۈلمەكتە، ئۇلار ئۈچۈن ئازابنىڭ ئەۋجى — ئاخىرقى چېكى چۈشىنىكسىز - دە، ئۆپكە بىلەن يۈرەكنىڭ بوغۇزۇڭغا كېلىپ تىقىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ. قۇرۇق ھۆ بولغاندا ئۈچەي - ئاشقازاننىڭ خۇددى ھازىرلا ئۈزۈلۈپ پارە - پارە بولۇشىدىن دېرەك بېرىشى ھەرقانداق قىيىن ئوپېراتسىيىدىنمۇ ئازابلىق. بۇنى مېنىڭ گۈزەللىرىم نەدىن بىلسۇن؟... ئاھ، مانا ئاخىرقى ئىنجىق، بەلكى جاننىڭ چىقىشى بولسا كېرەك... مەن جەبرائىلدىن جان قاچۇرۇپ كارىۋاتتىن ئۆزۈمنى تاشلىدىم، سىرتقا — پالوبىغا قاراپ ئۆمىلىدىم.

··· يەنە شۇ كارىۋاتتا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئوپېراتورنىڭ سەت چىرايى غۇۋا كۆرۈندى، ئۇ ئۇستۇبشى چىلىق - چىلىق سۇ، چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلاشقان هالدا يوغان ئېغىزىنى ئېچىپ هېلىقى يىرگىنچلىك كۈلكىسى بىلەن ئالدىمدا تۇرماقتا:

— كالانپاي، مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە سۆرەپ ئەكىردىڭ؟

— دېڭىزغا چۈشۈپ كېتەيلا دەپسىزكەن ئۇستاز.

— نېمىشقا چۈشكىلى قويمىدىڭ؟

— چاقچاق قىلمىسىلا.

— چاقچاق قىلدىغانغا سەن مېنىڭ ئاغىنەممۇ؟

— دۈشمىنىڭىز ئەمەسمەن، ئۇستاز.

— مېنى ئۆمىلەپ يۈرگەن يەردە يەنە سۆرەتكە ئالغانسەن هەرقاچان؟

— شۇنداق، ئۇستاز. ئۇستىڭىزگە دولقۇن چۈشمەكتە، سىز پالوبىغا باغرىڭىزنى بېسىپ چىڭ چاپلاشقان. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك!

— خەپ، توختا سېنى، سەن كالانپاينى جومۇ!

خۇددى ئۇستۇمگە چىقىلغان چۈشكەندەك قاتتىق سىلكىندىم. ئەمدى قۇلىقىم هېچنېمىنى: ئوكيانىنىڭ نىمىدەپ هۆركىرىگىنىنى، دولقۇنلارنىڭ غەزەپلىك شاۋقۇنلىرىنى، ئادەملەرنىڭ پىچىرلىغاندەك سۆزلەشلىرىنى، هەممىسىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئەڭ بۇرۇن ئاڭلاش سېزىمىم ئۆلگەن ئوخشايدۇ. مەن نەدە، نېمە قىلىۋاتىمەن، هەممىسى قاراڭغۇ، بىرلا نەرسە ئېنىق — مەن تېخى هايات!

···پاراخوت چەكسىز دولقۇنلار ئارىسىدا تولىمۇ ئاستا، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۆكۈپ، بىر *سىڭايان بولۇپ، بىر تۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. چەكسىز دېڭىز، سانسىز دولقۇنلار ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا. ئۇ هەممىنى يىمىرىش-

كە، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھەم بالىسى، ھەم رەقىبى بولغان ئىنسانلارنى يۇتۇۋېتىشقا قادىر.

پالوبىغا دولقۇنلار كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلماقتا. ماتروسلار ياتىقىنىڭ پالوبا ئۇستىدىكى تۈڭلۈكلىرىنىڭ پولات قاپقىلىرى ھەم يېپىلغان. ئۇ بىچارىلەر تىنچىق ياتىقىدا قانداقمۇ چىداپ ياتقاندۇر... ھەي ئوپېراتور، دولقۇنلارنى سۈرەتكە ئېلىپ نېمىمۇ قىلارسەن. ئۇ، ئاپپاراتنى بىردە دېڭىزغا، بىردە ئۆز ئۇستىگە كېلىۋاتقان دولقۇنلارغا توغرىلىماقتا. مانا بىر پارچە سۇ ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇيۇلدى. ئەنە، ئۇ يەنە ئاپپاراتى بىلەن پەيدا بولدى: زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ زەمبىرەكلەر يېنىدا توم ئارقانلارنى تارتىشىپ يۈرگەن يالىڭاچ ماتروسلارنى سۈرەتكە ئالماقتا، ئۇ كەينىگە داجىدى، پولات شالاسۇنلار ئۇنى قوغدىيالامدىكىن. ئەنە دېڭىزدىن تولىمۇ چوڭ، ئۈچ قەۋەتلىك بىنادەك بىر سۇ تۇۋرۇكى كۆتۈرۈلدى، پاراخوت چۆككەندەك بولدى، پۈتۈن پالوبا سۇ بىلەن تولدى، ئوپېراتور كۆرۈنمىدى. ئىسىت، ئۇ ئاپپاراتى بىلەنلا ئۇچار بېلىقلارغا قېتىلىپ كەتكەن بولمىغىيدى. ئىسىت، ئىسىت، مەن كەتسەم بولاتتى. چۈنكى مەن جاندىن تويغان، ئۇ ھايات قالسا بولاتتى، ئۇ ھاياتنى تولىمۇ سۆيەتتى، ... لېكىن قانۇنىيەت رەھىمسىزكەن، كىشىگە تىلىگىنىنى بەرمەيدىكەن، تەتۈرىسىچە ئىش قىلىدىكەن.

يۇقىرىقىلار چۈشۈممۇ، كۆرگەنلىرىممۇ، خىيالىممۇ ياكى مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ كۆزلىگەن ئارالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىمۇ، بۇلارنى ئاڭقىرالمىدىم. بىرلا نەرسە ئېنىق: بىز ھاكتەك ئاق تۇپراقلىق ئارالغا كەلدۇق. بۇ گۈزەل ئارالدىكى مۆجىزىلەرنى سۈرەتكە ئالىدىغان ھېلىقى ئوپېراتور ئارىمىزدا يوق.

قەلبىم ئۇنى سېغىنماقتا، كۆز يېشىم ئۇنى ئىزدىمەكتە،

بەلكى ئۇ ئۆلمىگەن بولسا، قەلبىمدە ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئويغانمىغان بولاتتى. ئۇ راستىلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ.

مەن كۈن نۇرىدا يالتىراپ ئويناۋاتقان دولقۇنلارغا قارىدىم، دولقۇنلاردىن سادا كەلدى:

— ھەي ئىنسانلار، سىلەر تازا ئەخمەق، سىلەر تىرىكلەرگە دۇشمەن، ئۆلگەنلەرگە ئاشىق. سىلەر ھالاكەتنىڭ دوستى. تېزرەك ئوكيان قوينىغا كېلىشكە تەييارلىنىۋاتىسىلەر. يەر شارى سەككىز مىليارد ئادەمنى باقالايدۇ. سىلەر ئاز يىلدىن كېيىن بۇ ساننى تولدۇرىسىلەر، سىلەر بېلىقلار بىلەن بەسلىشىپ كۆپەيگەن بىلەن، ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ ياشىيالمايسىلەر!

بۇ گەپلەر ئوپېراتورنىڭ گەپلىرىغۇ؟ ئۇ ھايات بولسا كېرەك. دولقۇنلار ئۇنىڭ جىسمىنى ئېلىپ كەتكىنى بىلەن، ئۇنىڭ روھى دولقۇنلار ساداسىغا سىڭگەن، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

1991 - يىل 9 - سېنتەبىر، غۇلجا

# قۇياش ۋەھىمىسى

يوغان بۇرۇن، كىچىك كۆز، ساقىلى قىرىلغان، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بۇ ئادەم كۈندىن قېچىپ يەنە كۈنگە قاقلاندى، بۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىنىڭ كاساپىتى. تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ ھەتتا بالىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ پات - پات ئۇنتۇپ قالىدىغان بۇ ئادەم تاللىۋالغان ئورنىنىڭ ماشىنا غەربكە ماڭغاندا كۈن چۈشۈۋالىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟

كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، كۆزلىرىنى ياشاڭغىرىتىشقا، ئاجىزلاشقان ئەسەبىي نېرۋىلىرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ ئازابلاشقا باشلىدى.

— دوزاخ! — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ بىئارام بولۇپ، قۇياشنى تىللاپ ۋە: «بەلكى قۇياشنى تىللىغان بىرىنچى ئادەم مەندىمەن، بۇ مېنىڭ قەھرىمانلىقىممۇ ياكى رەزىللىكىممۇ؟» دېدى ئىچىدە غوتۇلداپ ۋە بۇ سۆزۈمنى بىرى ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ ئەتراپىغا تەشۋىش بىلەن قاراپ قويدى.

··· قۇياشسىز گۈزەللىك بولمايدۇ؛ يېشىللىق، يورۇقلۇق، ھارارەت، پارقىراق تاغلار، چەكسىز دالىلار ۋە مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە قۇياشتىن چەكسىز ھوزۇر — ھالاۋەت كۆرۈۋاتـ

قان سانسىز جانلىقلارۋە جانسىزلار ئۇنىڭ بايىقى تىلىنى ئاڭلىسا چوقۇم ئۇنى «قەھرىمان» دېمەيدۇ، «رەزىل» دەيدۇ.

— بوپتۇ، مەن رەزىل! — دېدى ئۇ ئۇزۇنلۇق سۆزلەپ، — رەزىللىك ئەيىبمۇ، ئارتۇقچىلىقمۇ؟

— كىمنى تىللاۋاتىسىز ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇنىڭغا ياندىش ئولتۇرغان ۋە ئۆزىنى ئىككى سائەتتىن بېرى تۆت قېتىم تونۇشتۇرغان تاقىر باش ئادەم غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، — ئۆيدىن رەنجىپ چىققان ئوخشايسىز - ھە؟ كەيپىڭىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. كۆن ئولتۇرۇشقا يەنە ئون سائەت بار ئەمەسمۇ، قاراڭ، ئاۋۇ موللام توختىماي تەسۋى سىيرىۋاتىدۇ، ئۇ ھېچبولمىسا يەتمىشتە بار، تەسۋىسى ھەرەمنىڭ ئىكەن، بەلكى ئۇ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنى ساناۋاتقاندۇر ياكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى! ھەپچۇش! «ئىلاھىم مۇشۇ چۇشكۇرۇك بىلەن زۇۋانىڭ تۇتۇلار!» دېدى بىزنىڭ «رەزىل» (ئۆز ئىقراسى) ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ.

— موللامغا يىگىرمە كويچەن بەرسەم ئورنىنى تېگىشىپ بېرەرمۇ؟

— نېمە دېدىڭىز ئەپەندىم، — دېدى ئۇ رەنجىش بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — ئاتمىش كويچەن خەجلەپ بۇ ئون ئالتە كىشىلىك مىنىبۇسقا ئولتۇردۇق، ئەمدى يەنە يىگىرمە سوم خەجلەپ ئورۇن تېگىشسىڭىز، ئويلاپ كۆرۈڭ. نېمىدىن بىزار بولغىنىڭىز، نېمىگە رەنجىگەنلىكىڭىزنى يا ئېيتمىسىڭىز، سىز بىلەن دوست بولماق تەس ئوخشايدۇ. بىلەمسىز، مەن سىزنى دەپ بۇ مىنىبۇسقا چۈشتۇم. سىز مېنى بىلمىگەن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن مەن سىزنىڭ دوستىڭىز، غايىبانە دوست دەڭلا. ھەر قېتىم دوستلىرىم يادىمغا كەلگەندە، تىزىملىكنىڭ خېلىلا بېشىدا سىز بولىسىز.

— ئەستاغپۇرۇللا.

— ھە، مانا بىزار بولغىنىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز. ئەپەندىم، بەلكى سىز مۇناسىۋەتشۇناسلىققا دائىر كىتابلارنى جىق ئوقۇغانسىز، ئەمما مەن سىزدىن رازى، بىز يەنە يىگىرمە ئىككى سائەت بىللە ماڭىمىز تېخى.

«يەنە ئون سائەت كۈنگە قاقلىنىدىكەنمەن، يىگىرمە ئىككى سائەت تېتىقسىز گەپ ئاڭلايدىكەنمەن، تووۋا، قايسى شەيتان كۆزۈمنى تېڭىپ، قاندداق ئېزىتقۇ ئەقلىمنى ئوغرىلاپ بۇنداق ماشىنىغا چىقىپ، مۇشۇنداق ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالغاندىمەن.»

ئۇ ھەتتا ماشىنىنى توختىتىپ چۈشۈپ قېلىپ كەينىگە قايتماقچى بولدى، لېكىن ماشىنىغا چىقىپ بولغاندا قايتىمەن دېسىمۇ قاملاشمايدۇ - دە.

ئۇ كۆز ياشلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا سۈرتۈپ، كۆزىنى تىنىمسىز چېقىپ، يۈزىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئىيۇن قۇياشىنى تىللاپ، ھەمراھىنىڭ ھايات خاتىرىلىرىدىن قىلىۋاتقان تېتىقسىز ھېكايىلىرىدىن بىزار بولغىنىچە غەربكە قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

...قۇياش بولمىسىمۇ يەر يۈزىدە ھاياتلىق بولۇۋېرەرمۇ؟ بولىدۇ، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە قۇياشنىڭ ئورنىدا ئېلېكتر نۇرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغۇ، مىسالى بالتىق بويلىرىدا، نورماندىيىدە قۇياش كەمدىن - كەم چىراي

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدىكەن، ئەمما ئىنسانلار ئۇ يەردىن كۆپرەك رازى...

— لەنەت!

— كىمنى تىللاۋاتىسىز ئەپەندىم، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تىللاشلىرىنى ئاڭلاشمۇ نېسىپ بولدى. ئېيتىڭا كىمنى؟

— قۇياشنى!

— پاھ، پاھ، پاھ! — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ «رەزىل»گە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — قۇياشقا لەنەت ئوقۇغان داڭلىق ئادەمنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولدى. قۇياش ھەقىقەتنىڭ، مېھىر - شەپقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ سىمۋولى، ئەپەندىم!

— خۇدانىڭ سىمۋولى بولسىمۇ ئىگەكىم!

— پاھ، پاھ، بەدىنىنى. ھەقىقەتتىن ئۈستۈن بىلىدىغان مەشھۇر شەخسنىمۇ بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. رەنجىمەڭ، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ ئەپەندىم. ياق، ئەمدى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاتايدىغان بولدۇم ئۇكام رەھىمى!

— رەھىمى مېنىڭ تەخەللۇسۇم!

— ئىسمىڭىز ئىبراھىم جالالىددىن ئەمەسمىدى، راست، سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلمىگەن بىلەن، مەن سىزنىڭكىنى بىلىمەن ئىبراھىم جالالىددىن، بىلىشنى خالىمىسىڭىزمۇ ئىسمىمنى دەپ قوياي: ئىسمىم چاۋار، يەنى ئەخلەت دېگەن سۆز، فامىلەم پاسار. ئىسمىم فامىلەم چاۋار پاسار. ئەخلەت - قوناق شېخى دېگەن بولىدۇ. ئىسمىم ئەرەبچە ئەمەس دەڭا، سىزنىڭ ئەرەبچە، ئىبراھىم جالالىددىن.

— تەخەللۇسۇم رەھىمى، مېنى تەخەللۇسۇم بىلەن ئاتاڭ

ئاكا!

رەھىمى بىزار بولۇپ كۆلۈپ قويدى: «جايىڭنى تاپماپسەن ئەخلەت، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — بىراق سەن بولمىساڭ ھاياتىنىڭ قىزىقى بولمايدۇ».

— مەن سىزنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا تەييار، — دېدى چاۋار رەھىمنىڭ تەرلىگەن، قىزارغان يۈزىگە قاراپ قويۇپ، — ئورۇن ئالماشتۇرايلى، سىز تىللىغان قۇياش نۇرىدىن مەن ھۇزۇرلىنىپ قۇياشنى مەدھىيىلىۋالاي.

— نېمە خىزمەت قىلىسىز ئاكا؟ — دەپ سورىدى رەھىمى نۇر چاقمايدىغان ئورۇندا راھەتلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن رازى بولۇپ، — تونۇشۇپ قويايلى.

— مەن تەرجىمان، قىرىق يىللىق تەرجىمان، ئەمما ئەدەبىيات ھەۋەسكارى. ئاتمىش ئىككى ياشلىق ھەۋەسكارمەن، پېنسىيىگە چىقتىم، ئەمما ھېسسىيات بايلىقىم ئون سەككىز ياشلىق قىزنىڭكىدەك! ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈز پارچىدىن كۆپ شېئىر، تۆت داستان، ئون يەتتە پارچە ھېكايە، تۆت پوۋېست، بىر رومان يازدىم. ئەمما ئېلان قىلىنغىنى بىر شېئىر بىر ھېكايە!

— ھا - ھا - ھا ... — رەھىمى قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، چاۋار پاسارمۇ ئەگىشىپ كۈلدى، مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ «دوسلۇقى» باشلاندى. چاۋار ئەسىرى ئاز ئېلان قىلىنغىنى بىلەن ئېپى بار ئادەم ئىكەن، بىردەمدىلا شوپۇرنى «قول بالىسى» قىلىۋالدى - دە، خالىغان يېرىدە توختىتىپ، خالىغان ئىشىغا سالالايدىغان بولۇۋالدى.

— قېنى، شوپۇر بالام، ئاۋۇ تاۋۇزلارنىڭ تازا تەملىكىدىن

بىرنى ئەكەلگىن. خوش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا تۇزلانغان تۇخۇمدىن ئون دانە، ئىككى يۈز ئەللىك گراملىق «ئىلى داچۇ» دىن ئىككىنى ئالغاچ كەلگىن، مانا پۇل!

جۇڭغار دالىسىنىڭ بۈك - باراقسان بوستانلىقلىرى، تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن چۆللىرى ئەمدى بىزنىڭ «رە-زىل» قەھرىمانىمىزغا زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ ئاخىرلاشمايدىغان «كەچمىش - كەچۈرمىشلەر ئىزاھاتى» دىنمۇ بىزار بولمايدىغان، ئەمدى ئورنىنى بىرى يە-گىرمە سوم. ئۇستەك بەرسىمۇ تېگىشمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئون ئالتە كىشىلىك مىنىبۇس خۇددى دائىم دوستلىرى بىلەن جەم بولغاندا كاۋاپ - هاراق، ئاخىرىدا نېرىن كەلتۈرۈلىدىغان «دىلئارامى» رېستورانىدەك كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ماشىنىدىكى ئون ئالتە ئادەمگە ئىجادكارنىڭ كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى.

موللام توختىماي تەسۋى سىيرىماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، لەۋلىرى رىتىملىق هەرىكەتتە. ئۇزۇن، يارىشىملىق چارلاشقان ساقىلى لەۋلىرى بىلەن تەڭ تىترىمەكتە. ئۇ بىرلىرى-نى مەدھىيىلەۋاتامدۇ ياكى تىللاۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ يېنىدىكى بومبا ساقال، كۆك كۆز چەت ئەللىك دەپتىرىگە نېمىلەرنى يېزىۋاتىدى-كىن، «نېفىتنىڭ ئۇستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتىمىز دەپ يازغانمى-دۇر ياكى كۆكەرگەن يېرىدىن قاقاس چۆللەر كۆپكەن، نېماندان قەدىمى ئاستا دۆلەت بۇ؟» دەپ يېزىۋاتامدىغاندۇر ... ئەنە سۆيدى-دى، قىز قىزىرىپمۇ قويمىدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، ئۇيغۇرلى-رىمىزمۇ جىنسىي - روھىي ئەركىنلىكتە چوڭ قەدەم تاشلىماقتا ... ئاۋۇ ئۇخلاۋاتقان سېمىز ئاداش قانداق چۈش كۆرۈۋاتىدى-

كىن؟ مۇنۇ ھەممە چىشىغا ئالتۇن قاپلىغاننىڭ گېپى نېمانچە تولا: «غۇلجىدا ئىككى دوكىنىم بار، ئايالىم بىلەن كىچىك ئوغلۇم ئاچىدۇ. چوڭ ئوغلۇم ئىككىمىز مال توشۇيمىز، قانچىلىك دەمسىز!؟ ئەلۋەتتە بىزمۇ «تۇمەن» بىلەن ھېسابلىشىمىز - دە. «تىيىن» بىلەن ھېسابلىشىدىغان چاغلار كەلمەسكە كەتتى ئاداش. يۇك باسقان ماشىنىلىرىمىز ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا بارغۇچە «تۇمەن، تۇمەن، تۇمەن» دەپ سايراپ ماڭىدىغان گەپ.» ... پاھ، ئۇنىڭ گەپچىلىكىنى، ھەقىقىي «پوچى» دىن ئىكەن - دە! لېكىن ھازىر زامان مۇشۇلارنىڭ. ئۇنىڭ يوغان گەپ قىلىشقا ھەققى بار. بىر سودىگەرنىڭ ئورنى ماڭا ئوخشاش ئۈمىدىنى قەلەمگە بېغىشلىغان ھەرقانداق «كىچىك يازغۇچى» نىڭ ئورنىدىن يۇقىرى. ئەنە، ساقاللىق تەسۋىچى چېغىدا ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قايرىلىپ قاراۋاتامدۇ؟ پۇلغا خوجايىنلىق قىلغۇچىلار بالدۇر ئېچىلىدىغان سەھرا گۈلىدەك تاتىلىق بولىدۇ. لېكىن بىزدەك بارلىق شۆھرەت ۋە ئۈمىدىنى كەلگۈسىگە تاپشۇرغان «غايە مەستانىلىرى» مۇ گۈلگە ئوخشايمىز، بىراق بىز گۈلنىڭ قەدىر - قىممىتى قالمىغان پەسلىدە ئېچىلىدىغانلاردىن ... بومبا ساقال چەت ئەللىك ئۆچكە ساقال تەسۋىچىگە بىر نېمىلەرنى دېدى، تەسۋىچى قاقاقلاپ كۈلدى، پاھ، ئۇنىڭ چىشلىرىمۇ ساپلا ئالتۇنكىنا! مەيلى، چىشى ئالماس بولسىمۇ مەيلى. ئۇ نېمىگە كۈلىدىكىن، چەت ئەللىك ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىكىن؟ ... ئاشۇ مۇز چىراي تەسۋىچى كۈلگەن بولغاندىكىن، چەت ئەللىك چوقۇم ئۇنىڭغا قىزىق گەپ قىلدى - دە، بولمىسا تەسۋىچى كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ يەنە كۈلەتتىمۇ؟

ـــ سىزچە ئۇ تەسۋىچىگە نېمە دېگەندۇ، قىممەتلىك ھە-
ۋەسكار، ھۆرمەتلىك تەرجىمان، يولداش چاۋار پاسار؟
ـــ يولداش دېمەك، ھازىر بۇ سۆز مودىدىن قېلىۋاتىدۇ.
«ئەپەندىم» دەڭ، بۇ سۆز «يولداش» نىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدى-
غان ئوخشايدۇ. ئەپەندىم. ھە، ئاۋۇ چەت ئەللىك ئاۋۇ
تەسۋىچىگە نېمە دېدىكىن، ئۇ نېمىگە كۈلدىكىن، بىلگۈم
كېلىۋاتىدۇ، دېمەكچىمۇ سىز ئەپەندىم، ئۇنى بىلمەك نان يې-
مەكتىنمۇ ئاسان، مەنمۇ مانا مۇشۇنداق نەرسىلەرگە قىزى-
قىمەن. تۇرمۇشنىڭ قىزىقى مانا مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ نا-
زۇك سىرلىرىنى بىلىۋېلىشتا. مېنىڭ بىر دەپتىرىم بار،
مەخسۇس مۇشۇنداق سىرلارنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان. مەسى-
لەن بىزنىڭ بىر باشقارما باشلىقى ئۆگەي قىزى بىلەن
ئۆيىدە يالغۇز قالدى. مەن بىزنىڭ بالكوندىن باشقارما
باشلىقىنىڭ تېمىغا يامىشىپ ئۆتۈپ ...
ـــ پاھ، پاھ ...
ـــ شۇنداق ئۆتۈپ، بالكوننىڭ دېرىزىسىدىن ئۆيگە كى-
رىپ، يان ئۆيدىكى رەزىللىكنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولىقىم
بىلەن ئاڭلاپ ... ساق - سالامەت قايتىپ چىقتىم ...
ـــ سىزنىڭ قىلىقىڭىز ئۇلارنىڭكىدىنمۇ رەزىل ...
ـــ نېمە؟ بەلكى شۇنداقتۇر، لېكىن ئەپەندىم، باشقىلار-
نىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان سىرلىرىنى بىلىۋېلىش تولىمۇ قىزىق،
تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش. ھېلىقى باشقارما باشلىقى ئۆگەي قىزى-
نى: «جېنىم، بەختىم ...» دەپ ئەركىلەتكەندە، قىز نېمىلەرنى
دېدى دەڭا؟
ـــ قويۇڭ، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ باشقىلارغا دې-

يىشنىڭ ئۆزى رەزىللىك!

— بەلكى شۇنداقتۇر. لېكىن قايسىبىر ئادەمنىڭ جىسمى بىلەن روھى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ئارىلاشمىسى ئەمەس-كەن ئەپەندىم. مەنمۇ، سىزمۇ، خېلى - خېلى كاتتىلارمۇ شۇنداق. ئۆزىلا بىلىدىغان، ئۆمۈر بويى يوشۇرىدىغان رەزىل ئىشلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نىسبىتىلا ئوخشىمايدۇ، خالاس.

— بۇ سىزنىڭ ھاياتقا بولغان بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىڭىز. بىلىپ قويۇڭ، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ۋىجدانسىزلىق قىلمىغان پاكى پۈتۈن ھاياتىنى گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىش-لىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇنى نەزەرىيە بىلەنمۇ، پاكىت بىلەنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

— نەزەرىيە ھېسسىيات ۋە سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئەپەندىم. پاكىت دېگىنىڭىز قوپال نەرسە، يەنى ئاشكارىلانغان ئىشلار. مېنىڭ دەۋاتقىنىم تىل بىلەن ئىپادىلىگى-لى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسىلەر. بۇ مەۋھۇم نەرسىلەر توغرا ھۆكۈمگە ئاساس بولالايدىغان ئەقلىي قىياس، يەنى گۇمان ۋە پەرەزدىن پەيدا بولىدۇ.

— لېكىن سىزنىڭ ھېلىقى باشقارما باشلىقى توغرىسىدى-كى خۇلاسىڭىز يەنىلا پەرەز ئەمەس، رەزىل قىلمىش، ئوغرىلىق-چە كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىش بىلەن پەيدا بولغان.

— سىز مېنى رەزىل دەپ ئۈچ قېتىم ھاقارەتلىدىڭىز، ئەمما ئۆزىڭىزنىمۇ ئۈچ قېتىم رەزىل دېدىڭىز، ئەمدى تەڭلەش-تۇق، شۇنداق قىلىپ بىز نازۇك سىرلار توغرىسىدىكى مۇنازى-رىگە قايتىمىز ياكى سىزگە، چەت ئەللىكنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى

بىلىش قىزىقارلىقمۇ؟

— بىر قېتىم قاتنىسىڭىز ئېقىم - چىقىمدىن باشقا نەچ-چىلىك پايدا ئالالايسىز لاۋبەن؟ — كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چىرايلىق يىگىت ئالتۇن چىشلىقتىن خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ سورىدى.

ئالتۇن چىشلىق چىشلىرىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك قاقاقلاپ يالغان كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— تۈمەن! ھا - ھا - ھا، تۈمەن - دە!

— ئايدا قانچە قاتنايسىز؟

— ئايدا ئۈچ قېتىم، بەزىدە تۆت قېتىم - دە!

— پاھ، پاھ، پاھ! ... ئايدا ئۈچ - تۆت تۈمەن تاپىسىز. كەندە ... ئەركەك، ئەركەك كۆردۈڭمۇ رەنا، قانداق ئادەم بىلەن بىللە سەپەر قىلىۋاتىمىز - ھە، ئايدا تۆت تۈمەن!

— مانا يېڭى بىر «رەزىل» پەيدا بولدى، — دەپ پىچىر-لىدى چاۋار قورۇق باسقان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ رەھىمىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — چوقۇمكى، ئاۋۇ چىرايلىق يىگىت سو-دىگەرگە ئاۋۇ چىرايلىق ئايالىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى-دىكى ئايالىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى پۇلغا بولغان مۇھەب-بەت ئىگىلەپ بولدى. پۇلنىڭ قۇلى بولغان ئادەم ھەممىدىن رەزىل، ھەممىمىز بىردىن نەرسىنىڭ قۇلى، بىرلىرىمىز ھە-ۋەسنىڭ، بىرلىرىمىز مەنسەپ — تەمە، يەنە بىرلىرىمىز ئىشق-ۋازلىق، يەنە بىرلىرىمىز پۇل - پۇچەكنىڭ! پۇلنىڭ قۇلى بولغان ھەممىدىن رەزىل، قانداق دېدىم ئەپەندىم؟

— ئاۋۇ چەت ئەللىك يەنە بىر نىمىلەرنى دەپ تەسۋىچىنى كۈلدۈرۈۋاتىدۇ!

— قىزىقى، ئاۋۇ چىرايلىق يىگىت ئايالى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ رەناسىنىڭ بەدىنى ئىككى ئەرنى تەرلىتىدىغان بولدى...

— بۇ بىر نورمال ئىش، ئۇنىڭ ئايالىمۇ كۈننىڭ چىقىشىدىن بىزار، شۇڭا ئۇ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئايالىنى خۇشاللىققا ئېرىشتۇردى.

— شۇنداق، ئۆزىنىمۇ، ئاۋۇ ئالتۇن چىشلىق سودىگەرنىمۇ ئېرىشتۇردى، بۇ بىر خاتىرىگە يازغۇدەك يېڭىلىق. بىلەمسىز، چىخوفنىڭ خاتىرىلىرى مۇشۇنداق دېتاللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. سىز بەلكى سوفىيەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ئوقۇغانسىز - ھە، شۇنداق، سېرىق ماۋزۇ، قوڭۇر تاشلىق كىتاب. مەن ئۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدۇم. 1901 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى خاتىرىسىگە: «بىز مۇشۇنداق تەنھا، ئۈن — تىنسىز ياشاۋاتىمىز...» دەپ يازىدۇ. ئاڭلاۋاتامسىز، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئايالىنىڭ نالىسى بۇ. مېنىڭ پاستىرناخ شېئىرىدىن قىلغان تەرجىمەمدىن مۇنداق بىر كۇپلېتنى ئوقۇپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

قارايمەن ئىشىككە تەنھا، پەرىشان،
تونۇغۇم كەلمەيدۇ ئۆيۈمنى زادى.
ئۇ كەتتى غەم - غۇسسە يادىكار ماڭا،
ھەم قالدى ھەر جايدا توپلەيىنىڭ ئىزى ...

«دوختۇر رىۋاگو» دىن ئېلىنغان مىسرالار دەڭا ئەپەندىم. مەن نېمىشقا ئۇلۇغلارنىڭ «تەنھالىقى» توغرىسىدا گەپ قىلدىمەن، سەۋەب ئاددىي، سىزنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلىك رەھىمى! سىز ھاياتتىن خىيالنى ئەۋزەل كۆرىسىز. ھايات سىزگە زېرد-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشلىك، خىيال كۆڭۈللۈك. بۇ هال ئەلۋەتتە داڭلىق يازغۇ-
چىلارنىڭ كۆپچىلىكىدىكى ئورتاقلىق. هاياتقا سوغۇق نەزەر بى-
لەن قاراش، خىيال دۇنياسىدىن شىپالىق روهىي دۇنيا ئىزدەش
بەلكى بىر گۈزەل پەزىلەت بولسا كېرەك، يازغۇچىلار، ئالىملار
شۇنىڭ ئۈچۈن ساددا خەلقلەرگە سىرلىق ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلى-
دۇ. ماكسىم گوركىنىڭ هاياتىدا ئىككىلا قېتىم قاقاقلاپ كۈل-
گىنى راستمۇ ئەپەندىم؟

— ئەنە تەسۋىچى يەنە قاقاقلاپ كۈلدى. پاھ، پاھ، چەت
ئەللىك ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىكىن؟

— مەن سىزگە هازىر بىلىپ كېلىپ دەپ بېرەي، چەت
ئەللىك گەپ ئەگىتىپ يۈرمەيدۇ، ئۇدۇللا گەپ قىلىدۇ. قېنى
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرەي: ئەلۇ گودمو-
نىڭ سە، ۋىدويۇكامپرام؟ كامپرام جۇمۇنى، هە، ئۇ گېرماند-
يىلىك ئىكەن. ۋۇت ئىزيۇنەيىم؟ هە، ئۇنىڭ ئىسمى ئېرك
ئىكەن. ۋۇت بىرىڭس يوخيە؟ هە، ئۇ ئۇيغۇرشۇناس ئالىم
ئىكەن. قالتىس ئادەملەر بىلەن سەپەرداش بوپتىمىز. ئاتاقلىق
يازغۇچى رەهىمى، ئالىم ئېرك، مىليونېر ئۇكام، دىندار مول-
لام، مەنمۇ بىر ئىلىم ئەهلى. ماشىنىدىكى ئون ئالتە كىشىنىڭ
ئون ئالتە خىل ئالاهىدىلىكى بولسا كېرەك، ها - ها- ها!

— ها - ها - ها!

— ها - ها - ها!

ماشىنا جۇڭغار دالاسىدا خۇددى بىر مۇزىكىغا ماس قەدەم
تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك رىتىملىق گۈركىرەپ ئۇچقاندەك كېتىپ
بارىدۇ. چاۋار ئەپەندىمۇ گويا ئون ئالتە ئادەمنىڭ ئەڭ «ئۇزۇك
سىرلىرى» نى بىلىپ بولغاندەك خۇشال، بىرلا رەهىمى خىيال

ۋە سوئال ئىچىدە.

كەچكى تاماق ئۈتەيدە يېيىلگەندىلا، بۇ سەپەرداشلار ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى.

— نېمانداق پاسكىنا يەر بۇ، ياق، ئاچ قالساممۇ بۇ يەرنىڭ تامىقىنى يېمەيمەن! — دەپ نازلاندى ھېلىقى ماشىنىدا ئاشكارا سۆيۈشكەنلەرنىڭ بىرى، يەنى گىرىم بىلەن چىرايلىق كۆرۈنگەن چوكان.

— ئالمۇتىدىنمۇ پاسكىنىمۇ؟ — دېدى بىزنىڭ پۇل بىلەن كېرىلىپ ھەممىگە يۇقىرىدىن قاراۋاتقان سودىگەر يىگىتىمىز ئالتۇن چىشلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ كۇلۇپ، - كولباسا، توڭگۇز گۆشى پاكىز - ھە؟

ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا ئالايدى:

— بىز توڭگۇز گۆشى يېگىنىمىز يوق! سىز مۇنۇ پاسكىنىچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، يەر، ئاشپەزلەر، قاچىلار!...

— توڭگۇز گۆشى بىلەن كالا گۆشىنى بىر پىچاقتا توغرايدۇ، بىر دۆشىدە، بىر پالتىدا چانايدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ ئەجەب ئېلىشمايدىكىنا؟

— بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئاكا!

— ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ يېرىمىزنى تىللايسەن مۇناپىق!

— مانا، سەن تىللىدىڭ، مەن تىللىغان يوق!

— توڭگۇز گۆشى يەيسەن، يۇندا ئىچىسەن، توڭگۇزنىڭ قېنى بىلەن خوتۇنلىرىڭ لەۋلىرىنى بويايدۇ، تېخى بىزنى كۆزگە ئىلماي ھەدەپ سۆيۈشىسىنا؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سەن نېمە قىلماقچى ئاكا!

— ئاناڭنى ... ھېچقىسىز!...

ئالتۇن چىش يۇگۇرۇپ كەلدى، ئالمۇتىلىق بوكسىيورچى ئوخشايدۇ، ئالتۇن چىش ئۆزىنى ئوڭشىغۇچە بىر مۇشت بىلەن ئۇنى ئوڭدا چۈشۈردى.

— پاھ، پاھ، تىلى گال، قولى چاققانكىنا!

چاۋار ئارىغا كىردى، شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى چىرايلىق يىگىت ياندىن كېلىپ ئالمۇتىلىقنى بىرنى ئۇردى.

— بىرگە بىر! — دەپ ۋاقىرىدى چاۋار چىرايلىق يىگىتنى قۇچاقلىۋېلىپ، — باشقىلارغا كۆلكە بولمايلى، ھەممىمىز بىر مىللەت، ئۇرۇشتۇرمايلى، ھەي ساقاللىق موللام، ھەي چەت ئەللىك دوست، ھەي رەھىمى، بۇلارنى ئۇرۇشتۇرمايلى!...

ئۇرۇشقانلار ئاسانلا جىمىپ قېلىشتى.

ماشىنا ئەينىكىدە يالت - يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان ئاخىرقى قۇياش نۇرىمۇ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. شىمالنىڭ يازلىرى ئۆز-زىنىڭ كەچكى سالقىن شاماللىرى بىلەنمۇ مەشھۇر: بۇ سالقىن شامال — ئارام ۋە ھېسسىيات بەرگۈچى شامال ھارغىن تەنلەر-گە قۇۋۋەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ئاتا قىلدى.

— ئۇلار نېمىشقا مۇشتلاشتى، راستىنلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇرۇشتى دەپ ئويلىمىسىز! ياق، مەن زەڭ قويۇپ ئولتۇردۇم. ئالتۇن چىشلىق سودىگەر چىراي-لىق ئايالغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ ئولتۇردى. لېكىن بۇ ئالمۇتىلىق جۇۋان ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم قاراپمۇ قويمىدى. تۇ-رۇپ - تۇرۇپلا ئېرى بىلەن سۆيۈشتى. مانا مۇشۇ كۆزگە ئىلماسلىق ئالتۇن چىشلىقنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ باھانە

تېپىپ ...

ماشىنىدا قىقاس كۆتۈرۈلدى. ماشىنا يولىدىن بىر ياۋايى ھايۋان ئۆتكەندى. چاۋار گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ:

— شۇنداق قىلىپ ... — دېۋىدى، رەھىمى ئۇنىڭ گېپىدىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— يەنە ئورۇن ئالماشتۇرساق قانداق، دېرىزە تۈۋى ياخشىدەك قىلىدۇ.

— قۇياشنى تىللىغان ئادەم شامالنى تىللىماسسىزمۇ؟ ھازىرلا سايرام بويىغا بارىمىز، سالقىن شامال سوغۇق شامالغا ئايلىنىدۇ، مەيلى ماقۇل، ئالماشتۇرايلى، ھە، ئەمدى بولدىمۇ، شۇنداق قىلىپ مۇشتلىشىش ھەرگىزمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ غورۇرىنى ھىمايە قىلىش سەۋەبىدىن ئەمەس، نەپسانىيەتنىڭ زەربە يېيىشىدىن بولدى، دەپ ھۆكۈم قىلساق بولىدۇ.

— سىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ نازۇك ئىشلىرىغا زەڭ قويۇپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟ ھا - ھا - ھا... سىزنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىڭىز مېنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ!

— سىز يازغۇچى بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە. ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەۋەس ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئەپەندىم. مەسىلەن مەن سىر بىلىشكە قىزىقىمەن، سىز جىم تۇرۇپ ئويلاشقا. تەسۋىچى ئۆز سىرىنى ئۆزى ئاشكارىلىدى. مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ئۇنىڭدىن ئابايا: قالتىس كۆلدىلىغۇ، چەت ئەللىك سىلىگە نېمە دېۋىدى، دەپ سورىدىم. ئۇ: ئۇ ئوغرى سىرىمنى بىلىۋاپتۇ، سېھىرگەر ئوخشايدۇ، دەپ كۈلدى. «قايسى سىرلىرىنى» دەپ سورىسام، ئۇ: «سىزنىڭ ئاشنىڭىز بارمۇ؟» دېمەمدا،

www.uyghurkitap.com

دەپ يەنە كۈلدى. مەن: «بارمىدى» دەپ سورىسام، ئۇ: «گۈل-ئايشەمچۇ!» دېدى. «قايسى گۈلئايشەم؟» دېسەم، تەسۋىچى قاقاقلاپ كۈلۈپ: «كىنوچى تۈدەكىنىڭ خوتۇنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم ماگىزىنىمغا كىرىدۇ، شۇڭا بەل ئاغرىقى بولۇپ قالدىم. باياندايي ئارىشىڭغا ماڭغان گەپ» دېدى. قاراڭ ئەپەندىم، ئۇ-نىڭ قولىدا تەسۋى، دىلىدا خوتۇن. دېمىمغۇ، ئادەملەرنىڭ ھەم-مىسىدىنلا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك تېپىلىدۇ.

— سىزچە ئۇنىڭ تەسۋىسى بىلەن ئاشنىسىنىڭ قايسىسى گۈزەللىك، قايسىسى رەزىللىك؟

— ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەسۋىسى گۈزەل، چىنلىق نۇقتى-سىدىن ئاشنىسى گۈزەل!

— ھا- ھا - ھا… سىززە، - دېدى رەھىمى سەپەردىنشى-نىڭ گەپلىرىدىن رازى بولۇپ، — چىنلىق راستىنلا گۈزەل، ئۇ گەرچە بەزىدە رەزىللىك بولۇپ كۆرۈنسىمۇ. مانا قاراڭ، جۇڭغارىيە دالاسىنى تۈن پەردىسى قاپلىدى. كېچە گۈزەللىكى باشلاندى. نۇرغۇن نەرسىلەر قاراڭغۇلۇقتا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ. قاراڭ، ئاۋۇ چىراغلارنىڭ گۈزەللىكىنى! كۈندۈزى سىز بۇ نۇرلاردىن ھۇزۇرلىنالمايسىز. ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى قاراڭغۇدا چىنلىقنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. بەزىدە يۇرۇقلۇق بېرەلمىگەن ھۇزۇر - ھالاۋەتنى قاراڭغۇلۇق سىزگە بېرەلەيدۇ!

— پەلسەپە، پەلسەپە! — دېدى چاۋار پاسار ئۇنىڭ قاراش-لىرىنى تەستىقلاپ، — مۇشۇ تۇرقىدا ماشىنىمىزدا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ؟ ھازىر كۆزنىڭ رولى قالمىدى، سەزگۇ ھەممىنى سېزەلەيدۇ، كۆرەلەيدۇ. بىرلىرى بەدىنىگە چاپلاشقان پۇللىرى-

نى تۇتۇپ بېقىۋاتىدۇ، ھازىر ئېغىدا يانچۇقى بار كىچىك ئىشتان-لارمۇ بار ئىكەن. جىنسىي قۇۋۋەت بېرىدىغان تورسىكمۇ بار ئىكەن. يەنە بىرلىرى يېنىدىكى ئايال جىنسلىقنىڭ بەدىنىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتىدۇ، يەنە بىرلىرى قىچىشقان يەرلىرىنى قورۇن-ماي تاتىلاۋاتىدۇ، يەنە بىرلىرى ھەتتا ... چەت ئەللىكلەر ھەر نېمە قىلالايدۇ - دە! قىسقىسى، چىنلىق بەزىدە قاراڭغۇدا ئۆز كۇچىنى كۆرسىتەلەيدۇ، ئەپەندىم.

— سىز ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلەل-مەيسىز، - دەپ پىخىلداپ كۈلدى رەھىمى ھەمراھىنىڭ چىشىغا تەگمەك بولۇپ، — ھەرگىز بىلەلمەيسىز.

— قىياس — پەرەز مانا مۇشۇنداق يەرگە ئىشلىنىدۇ، ئەپەندىم. مەن ئادەملەرنىڭ چىرايىنى قۇياش نورىدا ئوبدان كۆرۈۋالىمەن - دە، ئۇلارنىڭ تۈندە نېمىلەرنى قىلىشىنى توغرا پەرەز قىلالايمەن. مەسىلەن ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرى مۇشۇ تۇرقىدا چوقۇم يېنىدىكى چوكاننىڭ كۆكسىدە. ئالمۇتىلىقلار گىرەلىشىپ ئۇخلىماقتا. تەسۋىچى سومكىسىدىن ناۋات ئېلىپ شۇمۇۋاتىدۇ. چەت ئەللىك غەرەزسىز ئۇيقۇدا. سىز خىيال بىلەن، مەن بولسام قىياس - ھۆكۈم بىلەن ئاۋارە!

— قىياس - ھۆكۈملىرىڭىز سىزنى ھۇزۇرلاندۇرامدۇ يا-كى ئازابلامدۇ؟

— ھەر ئىككىسى بار. مەن قىرىق - ئەللىك يىلنى مۇشۇ كەسىپ بىلەن ئۆتكۈزدۈم، بۇ كەسىپنى دەپ تۆت قېتىم نىكاھ-دىن ئاجراشتىم. مېنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئايال تېپىلمىدى، ھەممىسىلا مېنى گۇمانخور، كۈنچى، پىتنىخور دېيىشتى. بىر قېتىم بۆلۈم باشلىقىنىڭ خاتىرىسىنى ئوغرىلاپ قويۇپ رەسۋا

www.uyghurkitap.com

بولدۇم. يەنە بىر قېتىم دوستۇمنىڭ ئايالىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالاي دەپ مېڭىپتىمەن. ئۇ بىر مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ چاندۇرماي كىرىپ ئۇنىڭ كىرىپ كەتكەن ياتىقىنى تاپتىم. ئايال ئۇ ياتاقتا بىر ئەر كىشى بىلەن ئەمدىلا پاراڭغا چۈشكەنىكەن. مەن دەرھال ئۆيىنىڭ نومۇرىنى يېزىپ مېڭىشىمغا ئۇستۇمگە ئاغىنەم كېلىپ قالدى ـ دە، مېنى مازاق قىلىپ:

ــ ئايالىمدىن بىر ئىش تاپاي دەمسىنا؟ بۇ دېگەن ئىنىم چۈشكەن ياتاق! ــ دېدى ئۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ئاغىنەمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم.

مېنىڭ باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىشىم ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى. نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن چاغلىرىممۇ بولدى. لېكىن خۇشاللىقىمۇ ئاز بولمىدى. بىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ مۆڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىدىغان نازۇك بىر سىرىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويساڭ، ئۇ ساڭا قانچىلىك يېلىنىدۇ، قانچىلىك چوقۇنىدۇ؟ بۇنى سىز ھېس قىلالمايسىز ئەپەندىم. يەنىچۇ تېخى، بەزىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىغا دائىر يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىۋېلىشنىڭ راھىتىچۇ؟ بىرى ئۆزىنى ئەللىك ئالتە ياش دېگىلى تۆت يىل بولدى. مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى پاكىت بىلەن دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ بىچارە ئەللىك ئالتە يېشىدىلا (ئەمەلىيەتتە ئاتمىش ئىككى ياش) پېنسىيىگە چىقتى دەڭا. يەنىچۇ تېخى، پازىل ماركس ئايالىنى قىز ئالدىم دەپ باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ يۈرەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان قىزى پەيدا بولۇپ قېلىپ، بىچارە

رەسۋالاشتى. بۇنىمۇ مەن قىلدىم دەڭا...

ــ باشقىلارغا ئازاب تېپىپ بېرىپ راھەتلىنەمسىز؟

ــ ھا - ھا - ھا... چىنلىق گۈزەللىك ئەمەسمۇ ئەپەندىم. گۈزەللىك نېمىشقا كۆڭۈلنى غەش قىلسۇن؟ سىر دېمەك چىنلىق دېمەك. ئېيتىڭا، سىز بىلەن بىز بىلمەيدىغان قانچىلىغان يالغان ئىشلار، قانچىلىغان نىقاب، پەرداز، رەڭ - بوياقلار بار - ھە؟ ھازىر ئادەملەر ئاشۇ يالغان نەرسىلەردىنمۇ ھۇزۇرلىنىدىغان بولدى. كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرغاندەك، ئادەملەرنىڭ قەلبىدىمۇ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك دائىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

تۈن ئۇلارنى تەبىئەت گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلغاچقا، ئادەملەر بىر كۈنلۈك تەۋرىنىشنىڭ ھارغىنلىقى بىلەن ئۇيقۇغا كېتىشتى. ماشىنىدا بىرلا چاۋار ئەپەندى ئويغاق. ئۇ شوپۇرنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى - دە، ئەمدى شوپۇرغا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ سەن بىر قاتنىساڭ مىڭ كويدەك پۇل تاپىدىكەنسەن، ئاۋۇ ئالتۇن چىش بولسا تۆت مىڭنى تاپىدىكەن. بىراق ئۇ ئون كۈندە شۇنچىلىك، بىر كۈندە تۆت يۈزنى تاپىدۇ دېگەن سۆز - دە. مېنىڭ يېنىمدىكى داڭلىق يازغۇچىنى بىلەمسەن، ئۇ يازغۇچى، ئەسەرلىرى ياخشى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاتمال. سېنىڭ ماشىناڭغا ئوخشاش تۈز يولدىلا ماڭالايدۇ. مۇھىمى، ئۇنىڭ ئايالىغا كۆڭلى يوق. ئەدىبلەر ھېسسىياتچان كېلىدۇ، ئۇ چوقۇم ئوتتۇز ياشقا كىرمىگەن بىر قېرى قىز بىلەن تېپىشىۋالغان. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر قىزنى قولتۇقلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ قوللىرى ئەرلەرنىڭ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدا مۇرادىغا يېتىشكەن، مەيلى ئۇ بىر كىچىك ئىش. سەن قول

چىرىغىڭنى بەرگىنە، مەن بىر نەرسە ئىزدەيتتىم.

رەھىمى ئويغانغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھى يوق، ماشىنا توختاپ قالغانىدى. ئۇ يەرگە چۈشتى. سۇ شارقىرايدۇ، قارىغايلار گۈركىرەيدۇ، ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتىدۇ، تۈن قاراڭغۇسىدا يىراقلاردا ماشىنا چىراغلىرى پارقىرايدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ سورىدى.

— بۇ قەيەر؟

— بۇ بىر سىرلىق دۇنيا، بىلەمسىز، ماشىنىنىڭ مېيى تۈگىگەن، شوپۇرمۇ ئۇخلىماقتا. ھازىر كېچە سائەت ئىككى. تاڭ يورۇغىچە مۇشۇ يەردە تۇرغۇدەكمىز. توپتوغرا ئۈچ سائەت.

بۇ چاۋار ئەپەندىنىڭ ئاۋازى.

— بۇ قەيەر زادى؟

بۇ يەر كەڭسايىنىڭ بىرىسى، لوسگۇڭنىڭ نېرىسى. كەڭساي ئېغىزىدىكى بىر گۈزەل دالا! قاراڭ، يولتۇزلار خۇشال، تاغ، دەل ـ دەرەخلەر شاد ـ خۇرام، يالغۇز بىزلا خاپا.

— سىز شېئىر ئوقۇۋاتامسىز نېمە؟

— مەن تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن. ئازراق ئىچىۋالدىم. شۇڭا مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە گۈزەل.

— قول چىرىغى بىلەن قىلغان رازۋېدكىڭىز سىزنى خۇشال قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەكسىچە، پاكىتلار قىياسلىرىمنى رەت قىلدى. چىرايلىق يىگىت ئايالىنى دېرىزە تەرەپكە ئېلىۋاپتۇ. ئالمۇتىلىق ئايالىغا تىزىنى ياستۇق قىلىپ بېرىپ ئۆزى شوپۇردەك ئولتۇرۇپ ئۇخلاپتۇ، تەسۋىچى ناۋات شورىماپتۇ، قاراڭغۇدىمۇ تەسۋى سىيرىۋېتىپتۇ. بىزنىڭ ئالتۇن چىشلىق نوچىمىز ئەڭ ئارقىغا

بىرىپ بەڭگە خوتۇننىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىۋاپتۇ.

— پات - پات سىناق قىلىپ تۇرسىڭىز پاكىتنىڭ كۆچىگە قايىل بولاتتىڭىز.

— نېمە بوپتۇ بۇ شوپۇرغا؟ — ئالتۇن چىش ماشىنىدىن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ چۈشتى، — قېنى ئۇ ھېجىقىز!

— ھاي، ھاي! ... — دېدى رەھىمى قاراڭغۇدا سودىگەر. نىڭ يالت - يۇلت قىلغان ئالتۇن چىشلىرى ئارىسىدىن چىققان سەت گەپتىن نومۇس قىلىپ، ئۇيات، ئۇيات!

— ئاكا ھوي، ئۇ ھەزىلەك ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بۇرۇن غۇلجا شەھىرىگە يەتكۈزىمەن دېمىگەن بولسا، مەن يۈك بىلەن بىللە ماڭاتتىم. يۈك كەتتى، مەن قالدىم، ھۇ ئاناڭنى مىڭنى! ... بىر كۈن كېچىكىش ماڭا قانچىلىك زىيان كەلتۈرى. دۇ، بىلەمسىز؟

— بىزمۇ ئەتىگەن سائەت ئالتىگىچە قورغاس ئېغىزىدا بولۇشىمىز كېرەك! — دېدى ئالمۇتىلىق يىگىت، — بىزنى ئۇ يەردە ماشىنا ساقلاۋاتىدۇ!

— نەدىن بولمىسۇن ماي تاپقۇزىمەن ئۇ ھەزىلەككە! — ئالتۇن چىش ۋارقىراپ كابىنكىدىن شوپۇرنى سۆرەپ چۈشتى. شوپۇر يىگىرمە تۆت - يىگىرمە بەش ياشلاردىكى مۇلايىم، ھار. ماس يىگىت كۆلۈپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى:

— كۆپچىلىك، ئەپۇ قىلىڭلار، داۋاندا ماي كۆپ كەتتى. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن چوقۇم ماڭىمىز. شەخسىي ماي ساتىدىغانلارمۇ بار. مەن ھازىرلا ئادەم بار يەرگە بېرىپ ماي ئەكېلىمەن!

— بول، چاققان ماي تاپ ھەزىلەك! — سودىگەر ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نوقۇشلىدى.

— ماشىنا توسۇپلى! — دېدى رەھىمى خالىسلىق قىلىپ ۋە يولدا توغرا تۇر ۋۇپلىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا توسىدى. ماشىنىلار زادىلا توختىمىدى.

— بىزنى بۇلاڭچى دەپ توختىمايۋاتىدۇ! — دېدى چاۋار كۇلۇپ .

— مانا مۇشۇ شوپۇرنىڭ ئۆزى بۇلاڭچى! — دېدى ئالتۇن چىش شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ، — ئاتمىش كويـ چەندىن بېلەت ساتقان ھەزىلەك ئېمىشقا بىزنى ئۆز قەرەلىدە جايىمىزغا يەتكۈزمەيسەن؟

— چوقۇم بىر سىر بار! — دېدى چاۋار ئۇنىڭغا دەرھال ماسلىشىپ، — بەلكى ئۇ مەقسەتلىك قوندۇرغان گەپ. مىسالى ياتاق پۇلى تېجەش ئۈچۈن...

— ھاي، ھاي! ... بۇ گەپلەر بولمىدى، — دېدى رەھىمى ۋە ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، — قويۇۋېتىڭ ئۇـ كام، بۇ بىچارە قەيسەر يىگىت ئىكەن، ماشىنىدا رول تۇتۇپ ئولتۇرغىلى ئون يەتتە - ئون سەككىز سائەت بولدى، كۆز يۇمماستىن ئولتۇردى - دە! ئۇمۇ ئادەم، قويۇۋېتىڭ، تەخىر قىلىڭ دەيمەن!

— ئەپەندىم، سىز ئاربلاشماڭ، — دېدى چاۋار رەھىمىنى تارتىپ، — ئۇلار پۇل بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار، بىر - بىرىنى چۈشىنىشىدۇ!

— شوپۇرنىڭ قەيسەرلىكى بىر پاكىت!

— قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، قەيسەرلىكمۇ سۈنئىي، چۈنكى بۇ بىر ناپاك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرىكەت!

ئەپەندىم، سىز ئارىلاشماڭ!

— كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكىتنى نېمىشقا رەت قىلىسىز، چاۋار ئاكا؟ بۇ يەردە چىنلىق بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ كۈچ ئېلىشىشى بار. رەزىللىككە زەربە بەرمىسەك بىز قانداق ئادەم بولالايمىز؟

— شوپۇرغا چېقىلماڭلار! — دېدى ئەسۋىچىمۇ ئارىغا كىرىپ، — بىز ئۇخلىدۇق، ئۇ ئۇخلىمىدى.

— ئۇخلىغان بولسىڭىز ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ ئۇخلىمىغان مانا مەن. مەن بىلىمەنكى، ئۇ سايرام بويىدا ماشىنىسىنى توختىتىپ بىرى بىلەن تاماكا چېكىپ خېلى سۆزلەشتى. چوقۇمكى، ئۇ ماينى شۇنىڭغا ساتتى.

— سىز كۆردىڭىزمۇ ئەپەندىم؟

— ھەممىنى كۆرۈش شەرتمىدى، كۆرمەيمۇ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ - دە، ئۇ ماينى ساتتى! مايدىن بىر پايدا، ياتاق پۇلىدىن بىر پايدا!

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا سودىگەر شوپۇرنىڭ كانىيىنى بوغۇپ ماشىنىغا ئۇستۇرۇشكە باشلىدى:

— راستىمۇ ھەزىلەك، راستنى راست دېمىسەڭ، ئەمدى ئۆلۈپ كېتىسەن!

— بۇ بىر رەزىللىك! — دېدى رەھىمى ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، — ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىڭ يىگىت!

— ئارىلاشما ئاكا! — دەپ ئۇنى سىلكىدى ئالتۇن چىش شوپۇرغا يامىشىپ، — بوغۇپ جېنىنى ئالىمەن!

— بىگۇناھ ئادەمنى بوغساڭ سېنىمۇ خۇدايىم بوغىدۇ! — دېدى غەزەپ بىلەن تەسۋىچى ئالتۇن چىشنىڭ

قوللىرىنى سىلكىپ، ــ رەھمەتنىڭ ئورنىغا زەربە بېرەمسىنا؟ ئىنساب دېگەننى بىلەمسەن يا؟

ــ رەھمەت؟ پۇلۇمغا رەھمەت دەيمەن، مەن تارتىدىغان زىياننى سەن تۆلەمسەن يا؟

ــ ھېسابلا، تۆلىسەم تۆلەي، ۋاي ـ ۋۇي ماۋۇنىڭ كۆرەڭلىكىنى، بىلىپ قوي، سەندەك ئوننى سېتىۋالالايمىناۋا!

ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرى بوشىدى. ئاۋازىمۇ پەسەيدى.

ــ ئىسمىلىرى نېمە ئاكا؟ ــ چىرايلىق يىگىت ئايالى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئىنتىلدى، ــ تونۇشۇپ قويايلى، قانداق تىجارەت بىلەن سىلى؟

ــ تىجارەت دېگەن نېمە ئۇ، مەن ئىبادەت ـ ئىستىقامەت بىلەن!

ــ ئۇنداقتا، بۇنداق لاۋبەنلەرنى قانداق سېتىۋالالايسىز؟

ــ تۆت ئوغلۇم تۆت دۆلەتتە، ــ دېدى تەسۋىچى كۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، ــ تۆتىلىسى مىليونېر!

شۇ چاغدا بىرلا ئادەم چۈشكەن بىر تاكسى پەيدا بولدى. تەسۋىچى ئۇنى توسىدى:

ــ قورغاس ئىغىزىغا ئاپىرىپ قوي، قانچە ئالساڭ ئال!

ــ بىزنىمۇ ئالغاچ ! ــ دېدى ئالمۇتىلىق دەرھال.

ــ مەيلى سىنىمۇ ئەكېتەي.

تەسۋىچى ھەممە ئادەم بىلەن بىرمۇبىر ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ خوشلاشتى. ئالمۇتىلىق بولسا باشقىلار بىلەن چالا ـ بۇلا كۆرۈشتى ـ دە، شوپۇرنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. ئالتۇن چىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇردى ـ دە، ئۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان سودىگەرنى بىردىنلا قۇچاقلىدى

ۋە يۈزىنى «دۈشمەن» نىڭ يۈزىگە يېقىپ:

— ئامان بول، ئالمۇتىغا بېرىپ قالساڭ ئۆيۈمگە كەل، كولباسا بىلەن مېھمان قىلىمەن! — دېدى، يولۇچىلار پاراق-قىدە كۈلۈشتى.

تاكسى يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئالتۇن چىش:

— بولىدىغان ھەزىلەككەن! — دەپ غودۇڭشىدى قوشۇ-مىسىنى تۈرۈپ.

— چوقۇمكى، تەسۋىچى چوڭ ئىشپىيون! — دېدى چاۋار ئەپەندى رەھىمىگە پىچىرلاپ.

— دۈرۈس ئادەم ئۇ، — دېدى رەھىمى خاپا بولۇپ، — پاكىت شۇنداق، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە سۇئىيلىك يوق.

— پاكىت؟ قىلىقلىرى، گەپلىرى سۇئىي! — دېدى چاۋار ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئۇنىڭ روھى رەزىل-لىك بىلەن بۇلغانغان. تەسۋى، پۇل، ئاشنا دېگەنلەر بىر-بىرىگە دۈشمەن نەرسىلەر، تەسۋى پاكلىقنى چۈشەندۈرىدۇ، پۇل ياۋۇزلۇقنى، ئاشنا بۇزۇقلۇقنى!

تەسۋى ئېتىقاد، پۇل ھەرىكەت ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلى. ئاشنا — چىنلىق — ئۇنىڭ روھي تەشنالىقىغا بېرىلگەن جاۋاب. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى تۇرمۇش چىنلىقى. دۈرۈس ئادەم-مۇ بۇ چىنلىقنى قوبۇل قىلالايدۇ، رەزىل ئادەممۇ قوبۇل قىلا-لايدۇ؛ ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقى نىيەتنىڭ قانداقلىقىدا.

ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئالتۇن چىشلىق سودىگەر بۇزدى، ئۇ يىراقتىن چېلىكنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان شوپۇرنى كۆ-رۈپ، ئوتقا چۈشكەن سۇلياۋدەك قورۇلدى - دە:

— ھەزىلەك! — دېدى سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — تۇرغىلى ئىككى سائەت بولدى، ماڭا قانچىلىك زىيان، بىلەمسىلەر؟ سىلەر ۋاقىتتىن زىيان تارتىسىلەر، مەن دېگەن پۇلدىن، پۇلدىن! بىز ئۈچۈن بىر كۈن مىڭ سوم، بىر سائەت يۈز سوم پۇل!

— مانا بۇ چىنلىق! — دېدى پاسار ئەپەندى ئۆزىدىن نېرىغا بېرىۋالغان رەھىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ شىۋىرلاپ، — بىردە سەپرا، بىردە ساددا، بىردە مەست ئادەملەر راست گەپ قىلىدۇ، ئەپەندىم. ئالتۇن چىشنىڭ گەپلىرى نەق پاكىت!

رەھىمى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى.

يەرگە غۇۋا يورۇق چۈشتى. قارا كۆرۈنگەن باغلار ئەمدى يېشىل رەڭگە كىردى. لېكىن تېخىچىلا مايدىن دېرەك يوق. كىشىلەردىكى جىددىيلىك، چەت ئەللىكنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك ـ تەبەسسۇم رەھىمىنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلدى: شوپۇر راستىنلا پايدا ئېلىش ئۈچۈن يولۇچىلارنى ئازابلاۋاتامدۇ؟ رېئاللىققا ماسلىشىش، رېئاللىقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش ھېسسىي قاچانمۇ بىزنىڭ مىللىي پسخىكا ئادىتىمىزگە ئايلىناركىن؟ تەبىئىي ئاپەتلەر ئالدىدا، ياكى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈتۈلمىگەن ئۇرۇشلار سادىر بولغاندا بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن رېئاللىققا ماسلىشىش تۇيغۇسى ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياج بىلەن بىر ئورۇندا تۇرالايدۇ. ماسلىشالىغانلار ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشالايدۇ. ماسلىشىش ئادىتى يوقلار ئۈركىگەن قويدەك پىتىراپ ھالاك بولىدۇ... ئاۋۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ ئۇخلاۋاتقان شوپۇر ئۆزىدىن باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان يىگىت بولۇپ قالسا ئەجەب

ئەمەس!

— ئۇكام، — دېدى رەھىمى مۇلايىم، سەممىمىي ئاۋاز بىلەن قارا ماشىنا كابىنكىسىدا ئۇخلاۋاتقان يىگىتكە، — بىزگە بىر ياخشىلىق قىلسىڭىز كەن.

— كۆرمىدىڭىزمۇ، مەن ئۇخلاۋاتىمەن.

— گېپىڭىزنى ئاڭلاۋاتىمەن. سىز ئويغاق، ئۇكام.

— نېمە دېمەكچى سىز؟

— بىزگە ئون كىلو، ھېچبولمىسا تۆت - بەش كىلو ماي سېتىپ بەرسىڭىز، مەن بىر ھەسسە يۇقىرى باھادا پۇل تۆلە-سەم.

— بىز بۇ يەردە سائەت ئىككىدىن تۆتكىچە ئىككى سائەت تۇردۇق، بىزغۇ مەيلى، ئالدىراش ئىشى بارلار رەللى بولۇپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ، سەن ياردەم قىلمىساڭ چوڭ ماجىرا چىقىد-غاندەك. ماقۇل دە، مەن چېلەك ئەكېلەي!

چاۋار ئەپەندى شوپۇرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چېلەككە ماڭ-دى. شوپۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ رەھىمىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— شوپۇرغا شوپـۇر غـەمخـورلـۇق قىلمـىسا، بۇ جا-ھان چاتاق، — دېدى رەھىمى ئاددىي تىل بىلەن نىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، — بىز ئون نەچچە ئادەم سىزگە موھتاج، ئۇكام.

شوپۇر يەرگە چۈشتى، كېرىلىپ قويۇپ يەنە كابىنكىغا چىقتى. ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن ئون نەچچە جۈپ ئۈيقۇسىرىغان، ھارغىن كۆزلەردە ئۈمىد ئۇچقۇنلىدى.

— ماي بېرىدىغان بولدى.

— مىلىڭ قاتلام شوكرى.
— ماشىنمىز، ماشىنىدىغان بولدۇق.
ئادەملەر قارا ماشىنىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن ماشىنىغا يېقىنلاشقاندا «گۇر» قىلدى - دە، تۇيۇقسىزلا قارا ماشىنا يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شوپۇرى ئادەملەرگە مازاق قىلغاندەك ئاچچىق كۇلۇپ قاراپ قويۇپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.
ئادەملەر ھەيران بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.
— مانا چىنلىق، مانا ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى!
— ئاشۇ شوپۇرنىڭ! — دېدى رەھىمى چاۋارغا ئەلەم بىلەن كۇلۇمسىرەپ قاراپ قويۇپ، — ئاشۇ شوپۇرغىلا خاس چىنلىق بۇ!
ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تىللاش - ۋارقىراش، يېلىنىش، نەسىھەت - كېلىشتۇرۇش... ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قوراللىرى بىر مىنۇت ئىچىدىلا ئىشقا چۇشتى. ئادەملەر ئالتۇن چىشقا ئېسىلىشقان، ئالتۇن چىش شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان، شوپۇرنىڭ بۇرنى قانىغان، كىيىملىرى يىرتىلغان. ئالتۇن چىش ۋارقىرىماقتا.
— ئۆلتۇرۇۋېتىمەن، قويۇۋېتىش ھەزىلەكلەر!
ئون نەچچە ئادەم بىردىنلا ئىككىگە بۆلۇندى. بۇ بۆلەكنىڭ بىرى، شوپۇرنى ئەيىبلىگۇچىلەر توپى، بۇلارنىڭ ئاتامانلىرى ئالتۇن چىش بىلەن چاۋار، يەنە بىرى، شوپۇرغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار توپى، بۇلارنىڭ ئاتامىنى رەھىمى.
— بۇ شوپۇر ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ بىزنى بۇ يەردە تۇنەتتى!

— ئۇنىڭ مەقسىتى يامان!

— بۇ بىر بۇزۇق ئادەم!

بۇلار ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ ساداسى.

— ئۇ بىزدىنمۇ بەك جاپا تارتتى. بىخەستەلىك قىلدى، لېكىن ئۇ ياخشى يىگىت!

بۇ رەھىمنىڭ گېپى. ئەيىبلەش بىلەن ھىمايە قىلىش تىل، ھەرىكەت ۋە قەلبلەردىكى تىل - ھەرىكەتكە ئايلانمىغان چۇشەنچىلەر بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ ئىككى بۆلەككە ھەممىلا ئادەم قاتناشتى. پەقەت ئاشۇ چەت ئەللىكلا بىر چەتتە قاراپ كۈلۈپ تۇردى. ئۇنىڭ كۈلكىسى سەمىمىي، قىزغىن بىلىنمە-سىمۇ، بۇ كۈلكىنى كۆرۈپ رەھىمى بىلەن چاۋار ئەپەندى ئىككى خىل چۇشەنچىگە ئىگە بولۇشتى:

— نادانلىقىمىزدىن كۈلۈۋاتىدۇ، بىكۆيۈملۈكىمىزدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىدۇ!

— ياق، يولداش رەھىمى، ئۇ بىزنى مازاق قىلىۋاتىدۇ. مازاق — ھاقارەت بىلەن تەڭ! مەن بۇ ئەجنەبىي ئەبلەخكە نازارلىق بىلدۈرىمەن!

— ياق، مەن ئەكسىچە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى بىزدىن بۇرۇن كۆردى!

بۇ تالاش - تارتىشمۇ بايىقى ماجىراغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئادەملەر ئىككى تەرەپكە ئايرىلىشتى، بىرلىرى چەت ئەللىكنى ئەيىبلىگۈچىلەر، بۇلار كۆپ سانلىق. يەنە بىرلىرى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇچىلار. بۇلار ئازراقلا.

— بىز بىر ئۆمۈر مانا مۇشۇنداق ياشايمىز! — دېدى رەھىمى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلاپ، — گۈزەللىك

بىلەن رەزىللىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىسىنى بىر خالتىغا قاچى-
لايمىز. چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىز-
نىڭ تۆۋەنلىكىنى ئەيىبىمىز دەپ قارىماي ئۇنى خاسلىقىمىز،
مىللىي پسخىكا دەپ ئەتىۋارلايمىز!

قۇياش سالام بىلەن تەبىئەتنى ئويغاتتى. شەرقتە ئوت شارى
پەيدا بولدى، ئۇپۇقتا نۇر دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ نۇرلار ئوت-
تىن شەپقەت، ھەقىقەت ۋە چەكسىز مەردلىك مەنبەسى ـــ ھايات
ھامىيسىغا ئايلاندى ـ دە، بىز ياشاۋاتقان بۇ يېرىم شاردىكى
ھەممىلا نەرسە ئۆز رەڭگىگە ئىگە بولدى. لېكىن بۇ قۇياش يەر
شارىغا نۇر ـ ھارارەت ۋە مۇھەببەت سىماسىنى چېچىش بىلەن
تەڭ كۆرۈنمەي ۋەھىمە ئۇرۇقىنىمۇ چاچتى.

ـــ تېزرەك ماڭساق بولاتتى! ـــ دېدى رەھىمى كۆزەينەك-
كىنى چېقىپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇۋاتقان قۇياش نۇرىدىن
نارازى بولۇپ.

ـــ ماڭمىسۇن ئىلاھىم، ـــ دېدى چاۋار ئەپەندى ھەمرا-
ھىنىڭ نالىسىدىن خۇش بولۇپ، ـــ قۇياشنى تىللىغىنىڭىزنى
يەنە بىر ئاڭلىۋالاي.

ـــ ئاڭلىغان بىلەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز ئاكا، ـــ
دېدى رەھىمى كۈلۈپ قويۇپ، ـــ بىلىپ قويۇڭ: تىل ـ
ئاھانەت ئىچىدىمۇ ساپ مۇھەببەت بولىدۇ. مىسالى ئانىلار بالى-
لىرىنى تىللىغىنىدەك. يەنە مەدھىيە ـ ھەشقاللا ساداسى ئىچى-
دىمۇ نەپرەت ـ ھاقارەت بولىدۇ. مىسالى لىن بياۋنىڭ شوئارلى-
رىدەك!

ـــ ئەمما ئۇنتۇماڭ، قۇياش ھەقىقەت، مېھىر ـ شەپقەت
ۋە مەردلىكنىڭ سىمۋولى.

— شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقـ
دۇ. بۇ ئادەملەر مەڭگۈلۈك تۇننى تىلەيدۇ. نېمىشقا دەمسىز!!
سۇنئىيلىك قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىلا چىنلىقنىڭ ئۈستىدىن غالىب
كېلەلەيدۇ!
ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. شوپۇر بىچارە كىيىملىرىدىكى قاذـ
لارنىمۇ سۈرتۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن. ئۇنىڭ تاتارغان، سولـ
غۇن چىرايىنى ئەتىگەنلىك قۇياش ئۆز شەپقىتى بىلەن يورۇتماقـ
تا. ئادەملەر ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدىن ئەكسىنى تاپقان چىرايىنى
ئۇدۇلىدىن كۆرگەن بولسا شۇنى بىلەتتى: ئۇ تېخى سەبىي بالا
ئىكەن. ھايات ئۇنىڭغا ساختىلىقنى ئەمەس، جاپاكەشلىكنى ئاۋـ
ۋال ئۆگەتكەن ئوخشايدۇ: كۆز قۇيرۇقلىرىدا ئىنچىكە سىزىقلار
پەيدا بوپتۇ.
— پاھ، قاچان يېتەرمىز ئەمدى، — دېدى رەھىمى بىر
كېچىلىك ئۇيقۇسىزلىق، مۇشەققەت بىلەن گەۋدىلەنگەن قىرىـ
لىق بەلگىلىرى — چوڭقۇر قورۇقلار، ئاقارغان ساقال، خۇـ
نۇكلەشكەن كۆزلىرىنى ئۆز نۇرلىرى بىلەن ئاشكارىلاۋاتقان قۇـ
ياشتىن نارازى بولۇپ، كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ، — نېمىشقا
قۇياش مېنىلا چاقىدۇ، ياۋاش، راستچىل بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟
ياكى ئورۇن تاللاشقا ئەقىل ئىشلەتمىگىنىم ئۈچۈنمۇ؟
شۇنداق، قۇياش ئادىل، مېھىر - شەپقەتلىك ۋە مەرد،
لېكىن ئۇمۇ بەزىدە ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرنى جازالاپ قويىدۇ.
خۇددى ھەقىقەت ئۆز مۇرىتلىرىنى جازالاپ قويغىنىدەك!
ماشىنا ئۈچقاندەك كېتىۋاتىدۇ، قۇياش ئۆرلەۋاتىدۇ. رەـ
ھىمى خاپا، لېكىن شېرىن خىيالغا ھەمراھ. ھەمراھى ئۇنىڭ
مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ خورەك تارتماقتا. ئۇ چۈشىدە كىملەرـ

گە قانداق سوئال بەلگىسى قويۇۋاتىدىكىن؟ قۇياش ئۇنى بىلمەي-
دۇ، بىلسىمۇ رەھىمىگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ. لېكىن رەھىمى —
يوغان بۇرۇن، كىچىك كۆز، قۇياشتىن قارايغان ئادەم ھېچكىم
ئېيتىپ بەرمىسىمۇ شۇنى بىلىدۇ: بۇ دۇنيا قۇياشقا موھتاج،
گەرچە ئۇ بەزىدە ۋەھىمىلىك بولسىمۇ. ۋەھىمە بولمىسا، شاد-
لىقنىڭ مەززىسى بولمىغىنىدەك، كۈن چۈشمەس خىلۋەتلىك
بولمىسا، قۇياش نۇرىنىڭ ھەم لەززىتى بولمايدۇ.

1993 - يىل 10 - نويابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

责任编辑:阿布都热合曼·艾白
责任校对:伊巴代提·亚森
外力·再丁
封面设计:夏迪耶·阿西木

图书在版编目(CIP)数据

债户:维吾尔文/祖尔东·沙比尔著.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,1999.10
ISBN 7—5371—3519—3

Ⅰ.俩… Ⅱ.祖… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 69556 号

# 债户 (维吾尔文)

## (短篇小说集)

礼尔东·沙比尔 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168 毫米 32 开 18.25 印张
1999 年 10 月第 1 版 1999 年 10 月第 1 次印刷
印数:1—5000

ISBN7—5371—3519—3/I·1341 精装本定价:24.80 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换